شىنجاڭدىكى يازغۇچىلارنىڭ نادىر ئەسەرلىرى

يالقۇن روزى



# لاي قەلئەنىڭ سىرى

شىنجاڭ پەن-تېخنىكا نەشرىياتى

يالقۇن روزى

لاي قەلئەنىڭ سىرى

شىنجاڭ پەن-تېخنىكا نەشرىياتى

مۇقاۋىنى لايىھەلىگۈچى: نۇرمۇھەممەد تۇمەر ئۇچقۇن
خەتتات: خەمدە تىيئالىم

## يالقۇن روزى ئەسەرلىرى

تەۋپىق يولى
لاي قەلئەنىڭ سىرى
ئويغىنىۋاتقان ئەجداد روھى
مەن نېمىشقا ئوبزور يازىمەن

ISBN 978-7-5466-1229-4
定价：54.00元

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



يالقۇن روزى

# The Works of Yalqun Rozi



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئامبىرى

يالقۇن روزى

# لاي قەلئەنىڭ سىرى

(ماقالىلەر)



شىنجاڭ پەن-تېخنىكا نەشرىياتى

**图书在版编目(CIP)数据**

古堡之谜：维吾尔文/牙里坤 • 肉孜著. —乌鲁木齐:新疆科学技术出版社，2012.4
（新疆名家名著丛书）
ISBN 978-7-5466-1229-4

I.①古…II. ①牙…III. ①社会科学—文集—维吾尔语（中国少数民族语言）IV.①C53

中国版本图书馆CIP数据核字(2012)第075100号

پىلانلىغۇچى: ئادىل مۇھەممەت
مەسئۇل مۇھەررىرى: ئادىل مۇھەممەت
تەكلىپلىك مۇھەررىرى: بەگمەت يۈسۈپ
مەسئۇل كوررېكتورى: ئابدۇرېھىم ئابلىمىت
مۇقاۋىسىنى لايىھەلىگۈچى: نۇرمۇھەممەت ئۆمەر ئۇچقۇن
بەت لايىھەلىگۈچى: دىلنۇر ئۆمەر

شىنجاڭدىكى يازغۇچىلارنىڭ نادىر ئەسەرلىرى

**لاي قەلئەنىڭ سىرى**

* * *

**شىنجاڭ پەن - تېخنىكا نەشرىياتى نەشر قىلىپ تارقاتتى**
(ئۈرۈمچى شەھىرى يەنئەن يولى №255 پوچتا نومۇرى: 830049)
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدا سېتىلىدۇ
شىنجاڭ شىنخۇا باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
فورماتى: 880mm×1230mm 1/32 باسما تاۋىقى: 15.375
2012 - يىلى 4 - ئاي 1 - نەشرى
2014 - يىلى 8 - ئاي 2 - بېسىلىشى
ISBN 978 - 7 - 5466 - 1229 - 4
باھاسى: 54.00 يۈەن

www.uyghurkitap.com

# نەشرىياتتىن

يالقۇن روزى 1966 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى ئاتۇشنىڭ تەبىئىي مەنزىرىسى گۈزەل تاغلىق يېزىسى ئاغۇدا تۇغۇلغان. باشلانغۇچ ۋە تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنى 1973 ـ يىلدىن 1980 ـ يىلغىچە ئاغۇ يېزىسىدا ئوقۇغان. 1980 ـ يىلدىن 1982 ـ يىلغىچە قىزىلسۇ ئوبلاستلىق 1 ـ ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇغان. 1982 ـ يىلى ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانىغا قاتنىشىپ، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ سىياسىي فاكۇلتېتىغا قوبۇل قىلىنغان. بىر يىلدىن كېيىن قىزىقىشى بويىچە ئەدەبىيات فاكۇلتېتىغا ئالماشقان. 1987 ـ يىلى ئوقۇشنى پۈتكۈزۈپ شىنجاڭ خەلق رادىيو ئىستانسىسىغا مۇخبىرلىققا تەقسىم قىلىنىپ، 1991 ـ يىلغىچە خەۋەرلەر بۆلۈمىدە مۇخبىرلىق قىلغان. 1991 ـ يىلى 1 ـ ئايدىن 2005 ـ يىلغىچە «شىنجاڭ مائارىپ گېزىتى» دە مۇھەررىر بولۇپ ئىشلىگەن. 2005 ـ يىلى 4 ـ ئايدىن بۇيان شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتىنىڭ دەرسلىك بۆلۈمىدە ئانا تىل ـ ئەدەبىيات دەرسلىكلىرىنى تۈزۈش، تەھرىرلەش خىزمىتىنى ئىشلەپ كېلىۋاتىدۇ.

يالقۇن روزىنىڭ نەتىجە ـ ئۇتۇقلىرىنى ئالتە جەھەتتىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ.

بىرىنچى، ئەدەبىيات ئوبزورچىلىقى جەھەتتە: يالقۇن روزىنىڭ ئەدەبىيات ئوبزورچىلىقى 1986 ـ يىلى «تارىم» ژۇرنىلىنىڭ 6 ـ سانىدا ئېلان قىلىنغان «ئاق رومالللىق پەرىزات، داستانى توغرىسىدا» دېگەن ئوبزورى بىلەن باشلانغان. ھازىرغىچە 60 پارچىدىن ئارتۇق ئوبزورى ئېلان قىلىنغان. ئۇنىڭ ئوبزورلىرى لوگىكىلىق قۇرۇلما جەھەتتىن پۇختا، پىكرى ئۆتكۈر، پوزىتسىيەسى قەتئىي،

تەنقىدىي روھقا باي، مۇستەقىللىققا ئىگە، مۇلاھىزە ـ رەددىيەلىرى
قايىل قىلارلىق بولغاچقا، ئۇ ئەدەبىيات مۇنبىرىدە لىللا، خاسلىقى
كۆچلۈك ئوبزورچى سۈپىتىدە تونۇلغان. ئۇنىڭ ئەدەبىي ئوبزورلىرى
ئىچىدە «زەئىپ روھ ۋە زەئىپ مۇھەببەت»، «ئەدىبلەر نېمە ئۈچۈن
پۇشايمان قىلىدۇ»، «ئەدەبىياتىمىزدىكى ئازغۇن روھ»، «‹چۇسا مىد-
جەز تەنقىدچىلىك› توغرىسىدا»، «‹ئانا يۇرت› تىن تەسىرات» قاتار-
لىقلار زور ئالقىشقا ئېرىشكەن. 1999 ـ يىلى شىنجاڭ خەلق نەشرد-
ياتى ئۇنىڭ «تەكلىماكاندىكى ئالتۇن كولدۇرما» ناملىق ئوبزورلار
توپلىمىنى نەشر قىلغان.

ئىككىنچى، پۇبلىستىك ماقالە جەھەتتە (پۇبلىستىكا ـــ سىيا-
سىي ياكى ئىجتىمائىي مەسىلىلەر مۇھاكىمە قىلىنىدىغان ئەدەبىي
ژانىر): يالقۇن روزىنىڭ پۇبلىستىك ماقالە ئىجادىيىتى ئالىم ئابد-
دۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىننىڭ ۋاپاتى مۇناسىۋىتى بىلەن 1995 ـ يى-
لى يازغان «ئۇيغۇرلاردا ئىجادىيەتنىڭ قىممىتى ۋە ئىجادكارنىڭ
قىممىتى» دېگەن ماقالىسى بىلەن باشلانغان. هازىرغىچە ئۇنىڭ 30
پارچىدىن ئارتۇق پۇبلىستىك ماقالىسى ئېلان قىلىنغان. بۇلارنىڭ
ئىچىدە «كامالتۇرك ۋە ئۇرۇمچى»، «بىز قانداقلارچە ‹ناخشا ـ ئۇس-
سۇل مىللىتى› ئاتىلىپ قالدۇق»، «زادى قانداق ئانىلار ئۇلۇغ»،
«بېكخام مۇھىممۇ، ئېشەكمۇ ـــ هوشۇر قارىيغا ئوچۇق خەت»، «لاي
قەلئەنىڭ سىرى»، «بىر پارچە خىشنىڭ سىرى»، «نەزەرىيە ئەمالىقى
ۋە ئىدىيە قاتماللىقىدىن قاچان قۇتۇلىمىز» قاتارلىقلارنىڭ تەسىرى
زور بولغان. ئۇنىڭ پۇبلىستىك ماقالىلىرى كۆتمىگەن مەسىلىلەرنى
ئوتتۇرىغا قويۇش، قىزىق تېما پەيدا قىلىش، مۇنازىرە دولقۇنى قوز-
غاشتەك ئارتۇقچىلىقلارغا ئىگە. يالقۇن روزىنىڭ پۇبلىستىك ماقا-
لىلىرى چېتىلىش دائىرىسىنىڭ كەڭلىكى، پىكىرىنىڭ جانلىقلى-
قى، مۇھاكىمىسىنىڭ ئىنچىكىلىكى، باش تېمىنى يورۇتۇش جەريا-
نىدا تېمىدىن تېمىغا، مەسىلىدىن مەسىلىگە تەبىئىي ئۆتۈشتەك
ئۇسلۇب ئالاھىدىلىكى بىلەن كىشىنى قىزىقتۇرىدۇ. ئۇنىڭ پۇب-

لىستىك ماقالىلىرى يۇقىرىقىدەك ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە بولغاچقا، يالقۇن روزى جەمئىيەتكە تەنقىد ئېغى كۆچلۈك بىر پۇبلىتسىسىۇ - پىتىدە تونۇلغان.

ئۈچىنچى، جەدىدىزم تەتقىقاتى جەھەتتە: يالقۇن روزىنىڭ تەتقى - قات ماقالىلىرى 20 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدىكى مىللىي ئويغىنىش ھەرىكىتى بولغان جەدىدلىك ھەرىكىتى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. ئۇ بۇ جەھەتتە ئاكا - ئۇكا مۇسابايېۋ، ئابدۇقادىر داموللام، مەخسۇت مۇ - ھىتى، مەمتىلى ئەپەندى، گۈلەندەم ئابىستاي قاتارلىق مەشھۇر جە - دىدچىلەرنىڭ زامانىۋى مىللىي سانائەت بەرپا قىلىش، يېڭى مائا - رىپنى يولغا قويۇش، يېڭى ئىدىيەنى ئومۇملاشتۇرۇش جەھەتتىكى ئىش - پائالىيەتلىرىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان كىتاب - ماقالىلەرنى يازغان. بۇلارنىڭ ئىچىدە مىرئەھمەد سېيىت ئەپەندىنىڭ ئەسلىمى - سى ئاساسىدا يېزىپ چىققان تارىخىي تەرجىمىھال ئەسىرى «مەمتى - لى ئەپەندى»، مەشھۇر جەدىدچى مۇتەپەككۇر ئابدۇقادىر داموللام ھەققىدىكى «20 - ئەسىردىكى تۇنجى ئىسلاھاتچى»، مەشھۇر كارخا - نىچى مۇسابايېفلار ھەققىدىكى «ئاكا - ئۇكا مۇسابايېفلارنىڭ توققۇز چوڭ تۆھپىسى» ۋە «ئۇيغۇر يېڭى مائارىپى قاچاندىن باشلانغان»، «گۈلەندەم ئابىستاينىڭ كۈندىلىك خاتىرىسى ئىزىدىن»، «ئۇيغۇر مەدەنىيەت ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى، قاچان، قانداق قۇرۇلغان» قاتار - لىق تەتقىقات ماقالىلىرىنىڭ قىممىتى يۇقىرى. بۇ ماقالىلەرنىڭ روشەن بىر ئالاھىدىلىكى شۇكى، ئۇلاردا ئىلگىرى مۇشۇ تېمىلاردا يېزىلغان ماقالە - ئەسەرلەردىكى زىددىيەتلىك بايانلار، خاتا قاراشلار ۋە ئىشەنچسىز پاكىتلار تەنقىدلەنگەن ۋە تۈزىتىلگەن.

تۆتىنچى، نۇتۇق - لېكسىيە جەھەتتە: يالقۇن روزى ئۇيغۇر جەم - ئىيىتىدىكى بىلىم قۇرۇلمىسى كەڭ، پىكىر - مۇلاھىزىلىرى لو - گىكىلىق، سۆز - جۈملىلىرى راۋان، قايىل قىلىش كۈچى كۈچلۈك ناتىقلارنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ. ئۇ 1990 - يىللارنىڭ ئوتتۇرىلى - رىدىن باشلاپ ئەدەبىيات سىمنارىيەلىرىدە، باشلانغۇچ مەكتەپتىن

ئالىي مەكتەپكىچە بولغان ھەر دەرىجىلىك مەكتەپلەردە، ھەرقايسى
تېلېۋىزىيە ۋە رادىيو ئىستانسىسىلىرىنىڭ سۆھبەت پىروگرامما-
لىرىدا 100 قېتىمدىن ئارتۇق مەخسۇس تېمىلىق نۇتۇق ـ لېكسىيە
سۆزلىگەن ھەم سۆھبەت بايان قىلغان. ئۇنىڭ نۇتۇق ـ لېكسىيەلى-
رىنىڭ مەزمۇنى ساپا مائارىپى، دەرس ئىسلاھاتى، تىل ـ ئەدەبىيات
ئوقۇتۇشى، ئەدەبىيات ئوبزورچىلىقى، ئىجتىمائىي ئەخلاق مەسىلى-
لىرى، ئائىلە تەربىيەسى قاتارلىق ساھەلەرگە چېتىلىدۇ. ئۇنىڭ
«مەدەنىيەت بوستانى» ۋە «چىن يۈرەكتىن چىن سۆزلەر» قاتارلىق
تېلېۋىزىيە سۆھبەت پىروگراممىلىرىدا ئۆتكۈزگەن سۆھبەتلىرىدىن
«بەخت ئىلكىڭىزدە»، «كىشىلىك ھاياتنىڭ چىرىغى — ئۈمىد»،
«نەغمە ـ ناۋا ۋە مىللەت ساپاسى»، «ئوقۇتقۇچى روھى» قاتارلىقلار
كۆرۈرمەنلەرنىڭ زور ئالقىشىغا ئېرىشكەن.

بەشىنچى، تىل ـ ئەدەبىيات مائارىپى جەھەتتە: يالقۇن روزى ئانا
تىل ـ ئەدەبىيات مائارىپىمىزنىڭ دەرسلىك، ئوقۇشلۇق ۋە قوللان-
مىلىرىنى تۈزۈش، تەھرىرلەش ئىشلىرىدا كۆرۈنەرلىك خىزمەت
ئىشلىگەن مۇتەخەسسىس ھېسابلىنىدۇ. ئۇ 2001 ـ يىلى باشلانغان
يېڭى دەرس ئىسلاھاتىنىڭ ئىدىيەسى ۋە تەلىپى بويىچە ئاساس مائا-
رىپ تىل ـ ئەدەبىيات تەجرىبە دەرسلىكلىرىنى تۈزۈش خىزمىتىگە
قاتناشقان. دەرسلىك تۈزۈش داۋام قىلغان ئون يىل جەريانىدا ئۇ
دەرسلىك كىتابلارنىڭ تېكىستلىرىنى يېڭىلاش، سەرخىللاشتۇرۇش
جەھەتتە كۆرۈنەرلىك تىرىشچانلىق كۆرسەتكەن. تولۇقسىز ئوتتۇرا
مەكتەپنىڭ ئىككى يۈرۈش، 12 پارچە دەرسلىك كىتابىنى تۈزۈشكە
بىۋاستە قاتناشقان. باشقىلار بىلەن ھەمكارلىشىپ تۈزگەن كى-
تابلاردىن سىرت، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى ئۈچۈن
تۆت پارچە «گۇمانىتار ئوقۇشلۇق» ۋە تىل ـ ئەدەبىيات ئوقۇتقۇچى-
لىرى ئۈچۈن توققۇز پارچە «ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئوقۇتۇش قوللانمى-
سى» دېگەن كىتابنى مۇستەقىل تۈزگەن. دوتسېنت ئابدۇللا مەتقۇر-
بان بىلەن بىللە يەنە «ئالىي مەكتەپ تىل ـ ئەدەبىياتى» دەرسلىكى-

نى تۈزگەن. تىل ـ ئەدەبىيات مائارىپىغا ئالاقىدار 90 پارچىدىن ئارتۇق دەرسلىك ۋە قوشۇمچە ماتېرىياللارنىڭ مەسئۇل مۇھەررىرلىكىنى ئۈستىگە ئالغان. تەكلىپ بويىچە ھەرقايسى ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەردىكى ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ تىل ـ ئەدەبىيات ئوقۇتقۇچىلىرىغا نەچچە ئون قېتىم دەرس ئۆتكەن.

ئالتىنچى، نەشرىياتچىلىق جەھەتتە: يالقۇن روزى نەشرىياتچىلىق كەسپىدە تەجرىبىسى بولغاچقا، شەخسلەرنىڭ مەبلەغ سېلىپ كىتاب نەشر قىلىشىغا يول ئېچىلغاندىن كېيىن، پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، بىر ـ بىرىدىن ياخشى كىتابلارنى پىلانلاپ، ئالىملىرىمىزدىن ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن بىلەن ئەسەت سۇلايماننىڭ كىتابلىرىنى نەشر قىلىشنى ئاساس قىلىپ جەمئىي 20 پارچىغا يېقىن كىتاب نەشر قىلدۇرۇپ، ئوقۇرمەنلەرنى ئىلمىي قىممىتى يۇقىرى، ئويلاندۇرۇش كۈچىگە ئىگە، سەرخىل كىتابلار بىلەن ئۇچراشتۇرغان. ئۇ نەشر قىلدۇرغان كىتابلارنىڭ مەزمۇنى دىن ۋە تارىخ، مەدەنىيەت ۋە مائارىپ، سىياسەت ۋە سىياسىيونلارغا مۇناسىۋەتلىك نادىر كىتابلار بولغاچقا ئوقۇرمەنلەرنىڭ پىكىر قىلىش ئۇسۇلىغا، دۇنيا قارىشىغا، ئىدىيەۋى تونۇشىغا ئالاھىدە ئاكتىپ تەسىر كۆرسەتكەن. مەسىلەن، ئۇ نەشر قىلدۇرغان «قەدىمكى مەركىزىي ئاسىيا»، «يىپەك يولىدىكى توققۇز ھېكمەت»، «تەكلىماكانغا دۆملەنگەن روھ»، «ئۇيغۇر تۇتېم مەدەنىيىتى»، «ئىدىقۇت ئوغلانلىرى ـــ مۇھىتلار جەمەتى»، «كىرورانىنىڭ سىرى»، «خەلقئارادىكى ئىسلام دولقۇنى»، «ھازىرقى زاماندىكى ئىسلامىزم»، «ئىسلام دىنىغا دائىر سوئال ـ جاۋابلار»، «بۈگۈنكى زامان ئەرەب ـ ئىسلام پەلسەپەسى»، «يەھۇدىيلارنىڭ قەد كۆتۈرۈش تارىخى»، «مۇستاپا كامال» قاتارلىق كىتابلار ئوقۇرمەنلەرنىڭ بىلىم قۇرۇلمىسىنى كۈچەيتىش، نەزەر دائىرىسىنى كېڭەيتىش، ئاڭ ـ چۈشەنچىلىرىنى يېڭىلاشقا ئالاھىدە تەسىر كۆرسەتكەن ياخشى كىتابلاردۇر.

ئومۇمەن، يالقۇن روزى تەنقىدىي روھقا باي ئوبزورچى، مەسئۇ-

لىيەت تۇيغۇسى كۈچلۈك پۈبلىست، ئىزدىنىش روھىغا باي تەتقى-
قاتچى، قايىل قىلىش كۈچىگە ئىگە ناتىق سۈپىتىدە بىزنىڭ ئەدەبى-
يات - سەنئەت، مەدەنىيەت - مائارىپ، رادىيو - تېلېۋىزىيە ساھە-
لىرىمىزدە كۆرۈنەرلىك نەتىجە - ئۇتۇق قازانغان، بۇرچىنى بىلىپ
ياشاۋاتقان بىر زىيالىينىڭ رولىنى ئوينىپ كەلمەكتە.

نەشرىياتىمىز يالقۇن روزىنىڭ ماقالە - ئوبزورلىرى ۋە تەتقى-
قات - نۇتۇقلىرىنى يۇرۇشلەشتۈرۈپ نەشر قىلىش مۇناسىۋىتى بى-
لەن ئۇنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى خىزمەت، ئۆگىنىش، ئىزدىنىش ۋە
ئىجادىيەت ئىشلىرىدا تېخىمۇ ئىلمىي ۋە ئەمەلىي قىممەتكە ئىگە نە-
تىجە - ئۇتۇقلارنى روياپقا چىقىرىشىغا تىلەكداشلىق بىلدۈرىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# مۇندەرىجە

«مۇھەببەت مەقبەرىسى» نىڭ سىرى ............................ 1
لاي قەلئەنىڭ سىرى ........................................ 13
كۆسەنلىك مەشھۇر سانغۇن قوشۇخان ........................... 43
ئاكا ـ ئۇكا مۇسابايېفلارنىڭ توققۇز چوڭ تۆھپىسى ............. 61
ئۇيغۇر يېڭى مائارىپى قاچاندىن باشلانغان .................... 111
گۈلەندەم ئابىستايىنىڭ كۈندىلىك خاتىرىسى ئىزىدىن ........... 153
«تاشاخۇنۇم مەكتىپى» قانداق ئىش ............................ 187
مەمتىلى ئەپەندىنىڭ سۈرىتىنى ئىزدەش ......................... 219
20 ـ ئەسىردىكى تۇنجى ئىسلاھاتچى ............................ 243
«ئۇيغۇر مەدەنىيەت ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى» قاچان، قانداق
قۇرۇلغان ................................................ 299
بىر پارچە خىشنىڭ سىرى ..................................... 317
پەخىرلەن دۇنياغا، مەھمۇد ۋەتىنى ............................ 355
نەغمە ـ ناۋا ۋە مىللەت ساپاسى .............................. 367
نەنجىڭدە نورۇز ............................................ 389
يۇلتۇزلار يالتىرىغاندا ... .................................. 403
ئامېرىكا مۇسۇلمانلىرى توغرىسىدا ............................ 419
قەشقەر ئادەتلىرى ھەققىدە ................................... 459

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# «مۇھەببەت مەقبەرىسى» نىڭ سىرى

بۈيۈك بىنالار كۆپ ھاللاردا بىر دۆلەت، بىر مىللەت، بىر رايون، بىر شەھەرنىڭ سىمۋولى بولۇپ قالىدۇ. بۈيۈك بىنالارنىڭ تۇرمۇشنى گۈزەللەشتۈرۈش رولى بولۇپلا قالماي، ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىنى ئەڭ روشەن ھەم جانلىق ئىپادىلەش رولىمۇ بولىدۇ. ۋىكتور ھېيۇگو بىناكارلىقنى «تاش بىلەن يېزىلغان تارىخ» دەپ ئاتىغان. بىناكارلىق بىر خىل كەڭ مەنىدىكى گۈزەل سەنئەت. ئۇ ھەر خىل ئىپادىلەش ۋاسىتىسى ۋە بېزەك ۋاسىتىسىنى قوللىنىپ، بىر ئومۇمىي روھ ھاسىل قىلىپ، كىشىگە ئەسلىمە بېغىشلايدۇ. شۇ ئارقىلىق بىناكارلىقنىڭ سەنئەت ئوبرازىنى ھاسىل قىلىدۇ. گېگېل «بىناكارلىق ئەڭ ئىپتىدائىي بىر خىل سەنئەت» دېگەن. بىناكارلىق ئىپادىلىگەن سەنئەت تىلى «سىمۋوللۇق» بولىدۇ. ئۇنىڭدا ئىپادىلەنگەن ھېسسىيات، مۇھەببەت، نەپرەت ۋە ئىدېئولوگىيە ئىنتايىن غۇۋا بولىدۇ. شۇنداق بولسىمۇ، بىناكارلىقنىڭ سەنئەت تىلىدىكى غۇۋالىقتا يەنە ئىنسانىيەتنىڭ ئىدېئولوگىيەسى ۋە ئۇنىڭ ئۆزگىرىشى ئېنىق بىلىنىپ تۇرىدۇ. دېمەك، بىناكارلىق سەنئىتى بىر قەدەر ئابستراكت شەكىل ئارقىلىق بىر دەۋرنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشىنى ئەكس ئەتتۈرەلەيدۇ. بىناكارلىقنىڭ دەۋر ئالاھىدىلىكى مەلۇم بىر دەۋردىكى كىشىلەرنىڭ پسىخىكىسىنى، مەدەنىيەت سەۋىيەسىنى، پەن – تېخنىكا تەرەققىياتىنى، گۈزەللىك چۈشەنچىسىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ. ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ بىناكارلىق تارىخى ئۇلارنىڭ مەدەنىيەت تارىخىنىڭ ئىنتايىن يارقىن خاتىرىسىدۇر. ئوخشاش بولمىغان مىللەت، ئوخشاش بولمىغان دۆلەت، ئوخشاش بولمىغان كىشىلەرنىڭ بىناكارلىق سەنئىتى ھەققىدىكى قارىشى تامامەن پەرقلىق

بولىدۇ. جۇڭگونىڭ ئەنئەنىۋى بىناكارلىقىدا بىناكارلىققا «ئىشلى-تىشكە باب بولۇش، تېجەشلىك بولۇشقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىش، ئىمكانىيەت يار بەرگەن شارائىتتا كۆركەم بولۇشقا دىققەت قىلىش» پرىنسىپىنى قوللىنىپ كەلگەن. ئەمما، ياۋروپا بىناكارلىقى بىلەن ئىسلام بىناكارلىقى بۈيۈك بىنالارنىڭ كۆركەم، سەنئەتلىك، ھەيۋەت-لىك بولۇشىنى ئەلا بىلىپ، ئۇنىڭغا مەدەنىيلىك ۋە غايىۋىلەشتۈ-رۈش پرىنسىپىنى سىڭدۈرۈپ كەلگەن. ھىندىستاندىكى «دۇنيا ئىسلام بىناكارلىقىنىڭ گۈل تاجى» دەپ تەرىپلىنىپ كېلىۋاتقان تاج مەھەل مەقبەرىسى مانا مۇشۇنداق يۈكسەك دەرىجىدە سەنئەتلىك خۇسۇسىيەتكە ئىگە، غايىۋىلەشتۈرۈش پرىنسىپى بويىچە بەرپا قى-لىنغان دۇنياۋى ئۇلۇغ قۇرۇلۇشتۇر.

ھىندىستان گەرچە دۇنيادىكى تۆت چوڭ مەدەنىيەتلىك قەدىمكى دۆلەتنىڭ بىرى بولسىمۇ، ئەمما غەزنەۋىيلەر خانلىقى (961 — 1187) دىن باشلانغان مۇسۇلمان تۈركلەرنىڭ ھەربىي ئىستېلاسى-دىن كېيىن ئاندىن ھىندىستاندا يۈكسەك مەنىدىكى بىناكارلىق سەنئىتى بارلىققا كەلگەن، بولۇپمۇ تۈرك موغۇل ئىمپېرىيەسى مەزگىلىدە ھىندىستاننىڭ بىناكارلىق سەنئىتى دۇنيانى ھاڭ - تاڭ قالدۇرغان ئۇتۇقلارغا ئېرىشكەن. 1526 - يىلى ھىندىستان ئىم-پېراتورى بولغان بابۇر مەشھۇر ئەسىرى «بابۇرنامە» دە مۇنداق ياز-غان: «ھىندىستان لاتاپەت كەم بىر يەر. خەلقىدە گۈزەللىك، ياخشى مۇئامىلە ۋە تەربىيە يوق»، «ھۈنەر ۋە ئىشلىرىدا ئۇسۇل، ئىنتىزام، قائىدە ۋە تەرتىپ يوق»، «ياخشى ئات ۋە ياخشى گۆش يوق، ئۈزۈم، قوغۇن ۋە ياخشى مېۋىلەر يوق. مۇز يوق. سوغۇق سۇ يوق. بازارلى-رىدا ياخشى تاماق، ياخشى نان يوق. ھامام يوق، مەدرىسە يوق»، «دەريا، يەر ئاستى سۈيى ۋە ئويمانلارغا يىغىلغان سۇلاردىن باشقا، باغ ۋە بىنالىرىدا ئېقىن سۇلار بولمايدۇ. ئىمارەتلىرىدە ساپ ھاۋا، تەر-تىپ - سىياق دېگەن نەرسىلەر يوق.»، «ھىندىستاننىڭ لاتاپىتى ئۇ-نىڭ چوڭ بىر ۋىلايەت بولغانلىقىدا. بۇ يەردە ئالتۇن ۋە ئاقچا

كۆپ»، «ئېقىن سۇ بولمىغاچقا، ئەل ئولتۇرۇشلۇق يەرلەردە چاق ئارقىلىق ئېقىن سۇ پەيدا قىلىپ، پىلانلىق ۋە سىياقلىق قۇرۇ-لۇشلارنى ئېلىپ بېرىش كېرەكلىكىنى دائىم ئويلايتتۇق»، كۆپ تىرىشىشلار ئارقىلىق «شۇنچە ساپاسىز ۋە رەتسىز بولغان ھىندىس-تاندا پىلانلىق ۋە رەتلىك قۇرۇلغان چىرايلىق باغلار پەيدا بولدى. دوقمۇشلار يارامىلىق چىمەنلىكلەر بىلەن، چىمەنلىكلەر مۇناسىپ گۈل - چېچەكلەر بىلەن بېزەندى.» «ھىندىستانلىقلار مۇنداق پىلان-لىق ۋە رەتلىك يەرلەرنى كۆرمىگىنى ئۈچۈن جۇن دەرياسىنىڭ بۇ تەرىپىدىكى چىرايلىق بىنالار چۈشكەن يەرنى كابۇل دەپ ئاتاشتى.»

ئۇلۇغ ئىمپېراتور بابۇرنىڭ ئەۋلادلىرى ھىندىستاننىڭ دېھلى، لاھور، ئەگرە قاتارلىق شەھەرلىرىدە «ئەگرە قەلئەسى»، «قىزىل قەلئە»، «ھۇمايۇن مەقبەرىسى»، «جاھان جامەسى»، «پادىشاھ مەسچىد-تى» قاتارلىق نۇرغۇن بۈيۈك قۇرۇلۇشلارنى ۋۇجۇدقا چىقارغان، كۆپلىگەن گۈزەل شەھەرلەرنى قۇرغان. دۇنيادىكى يەتتە چوڭ بىنا-كارلىق مۆجىزىسىنىڭ بىرى دەپ تەرىپلىنىپ كېلىۋاتقان تاج مە-ھەل مەقبەرىسىنى تۈرك موغۇل ئىمپېرىيەسىنىڭ بەشىنچى ئەۋلاد ئىمپېراتورى خۇررام ـــ شاھ جاھان بەرپا قىلدۇرغان. «ئەگرە تاج مەھەل مەقبەرىسى بىلەن دۇنياۋى شۆھرەت قازانغان شەھەر بولۇپ قالغان. تاج مەھەل مەقبەرىسى مۇھەببەت ۋە تەسەۋۋۇر كۈچى بىلەن دۇنياغا ھىندىستاننىڭ ئىسلام مەنزىرىسىنى نامايان قىلىپ بەر-گەن①.» بۇ مەقبەرىنىڭ ياسىلىشى ئاجايىپ رومانتىك مۇھەببەت ھېكايىسى بىلەن مۇناسىۋەتلىك.

1628 ـ يىلىنىڭ بىر كۆكلۈك ئاخشىمى يېڭىدىن تەختكە ئولتۇرغان پادىشاھ شاھ جاھان بىلەن ئۇنىڭ گۈزەللىكتە تەڭدىشى يوق ئامراق خانىشى تاج مەھەل پاراڭلاشقاچ بىر بېسىپ، ئىككى بې-سىپ تۈرك موغۇل ئىمپېرىيەسىنىڭ پايتەختى ئەگرەدىكى قىزىل

① ۋاڭ شىنشېڭ: «قۇرئان كەرىم، ۋە ئىسلام مەدەنىيىتى»، نىڭشيا خەلق نەشرىياتى، 2009 ـ يىلى نەشرى، خەنزۇچە، 337 ـ بەت.

قەلئە ئوردىسىنىڭ كەينىدىكى گۈلزارلىقتا سەيلىگە چىقىدۇ. بۇ شاھ جاھان دادىسى ئىمپېراتور سەلىم — جاھانگىر شاھنىڭ ئورنىغا يېڭىلا پادىشاھ بولغان كۈنلەر ئىدى. سەلتەنەتنىڭ پەيزىدىن ئۆزىنى جاھاندا بىر ھېسابلاپ، شانۇشەۋكەتلىرىدىن مەست بولغان ياش پادىشاھ ئىختىيارىي قەدەم تاشلاپ كېتىپ باراتتى. ئۇنىڭ ۋۇجۇدىنى ئەسىر قىلغان قايناق مۇھەببەت ھېسسىياتى ئۇنى تېخىمۇ شېرىن تۇيغۇلارغا غەرق قىلغانىدى. يېقىنلا يەردە سۇپسۈزۈك ئېملا دەرياسى ئاستا ئېقىپ تۇراتتى. بىپايان كۆك قەرىدىكى تولۇن ئاي جىمى جاھاننى سۈتتەك يورۇتۇپ تۇراتتى. مەيىن شامال ئوردىنىڭ گۈلزارلىقىدىن دىماقنى يارغۇدەك خۇش پۇراقلارنى ئېلىپ كېلەتتى. ھاۋا تولىمۇ ساپ ۋە ئارامبەخش بىلىنەتتى. بەختىيارلىق تۇيغۇسىغا چۆمگەن بۇ بىر جۈپ ياش ئەر - خوتۇن تەبىئەت دۇنياسىنىڭ گۈزەللىكىدىن مەستخۇش بولۇشقانىدى. بۇ چاغدا ھاياجانغا چۆمگەن خانىش پادىشاھقا يۆلىنىپ تۇرۇپ:

— بۇ گۈزەل مەنزىرە ئىچىدە مەڭگۈ ياشاشنى نەقەدەر ئارزۇ قىلىمەن - ھە، ئادەمنى مەپتۇن قىلىدىغان ئاي نۇرىدىن مەڭگۈ ھۇزۇرلانسام دەپ ئويلايمەن. مەيلى بۇ دۇنيادا بولسۇن ياكى ئۇ دۇنيادا بولسۇن، بۇلاردىن — مۇشۇ تاپتىكى گۈزەل مەنزىرىلەرنىڭ ھەممىسىدىن قانغۇچە بەھرىمەن بولۇشنى بەكمۇ ئارزۇ قىلىمەن، — دەيدۇ.

ھېسسىياتچان پادىشاھ بىردەم سۈكۈتتە تۇرغاندىن كېيىن:

— ئارزۇيىڭىزنى چوقۇم رېئاللىققا ئايلاندۇرىمەن، ئېملا دەرياسىنىڭ بويىدا سىز ئۈچۈن پۈتۈنلەي ئاق مەرمەر تاشتىن جاھاندا تەڭدىشى يوق مەقبەرە سالدۇرىمەن. ئۇ چاغدا تولۇن ئاي كېچىنى يورۇتقاندا ئاق مەرمەر تاشتىن ياسالغان مەقبەرە كىشىنى مەپتۇن قىلىدىغان ھالەتتە جىلۋىلىنىپ تۇرىدۇ. ھاياتلىقىمىزدا ئەگرە قەلئەسىدىكى ئوردىدا ياشايمىز. ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن ئاشۇ مەقبەرىگە دەپنە قىلىنىمىز، — دەيدۇ.

پادىشاھ شاھ جاھان ھەربىي ۋە سىياسىي ئىشلاردا ناھايىتى تالانتلىق پادىشاھ بولۇش بىلەن بىللە، تولىمۇ رومانتىك، ئەدەبىيات ـ سەنئەتكە، بولۇپمۇ بىناكارلىق سەنئىتىگە ئاجايىپ ھېرىسمەن كىشى ئىدى. ئۇنىڭ دادىسى جاھانگىر شاھمۇ ئادالەتپەرۋەرلىكى بىلەن داڭ قازانغا پادىشاھ بولۇش بىلەن بىللە، گۈزەللىككە ھېرىسمەن، رەسىم سىزىشقا ئامراق، رومانتىك مىجەز ـ خاراكتېرى كۈچلۈك ئىمپېراتور ئىدى. جاھانگىر شاھ مۇشۇنداق خاراكتېرى تۈپەيلى بىر گۈزەل قىز ئۈچۈن دادىسىغا قارشى ئىسيان كۆتۈرگەنىدى. ئۇ ئىككى ئايالى بار 30 ياشلىق شاھزادە تۇرۇپ خان بازىرىدا ئۇچراتقان مېھرىنىسا ئىسىملىك بىر قىزغا ئەقلىنى يوقاتقۇدەك دەرىجىدە ئاشىق بولۇپ قالغان. ئۇنىڭ دادىسى ئىمپېراتور ئەكبەر بۇ ئىشنى ئۇقۇپ، ئوغلىنى يىراقتا يۈرۈش قىلىدىغان قوشۇنغا قوماندان قىلىپ يولغا سېلىپ قويۇپ، مېھرىنىسا ئىسىملىك ھېلىقى قىزنى ئۆزىنىڭ بىر ئەمەلدارىغا نىكاھلاپ قويۇپ بېنگالغا ئەۋەتىۋەتكەن. كېيىن بۇ ئىش دادا بىلەن بالا ئوتتۇرىسىدىكى قانلىق ئۇرۇشقا سەۋەب بولغان. دادا ـ بالا ئىككىسى كېيىن مىڭ بالادا ئەپلىشىپ قالغان. شۇنىڭ بىلەن جاھانگىر شاھ 1605 ـ يىلى تەختكە ۋارىسلىق قىلغان. 1607 ـ يىلى مېھرىنىسا بىلەن ئۆيى تۇتۇۋاتقىنىغا سەككىز يىل بولغان ئېرى ئەلىقۇلنى پادىشاھقا ساداقەتسىز ئەمەلدار دەپ ئۆلتۈرگۈزۈۋەتكەن. مېھرىنىسانى بېنگالدىن ئېلىپ كېلىپ ئوردىسىدا تۇرغۇزۇپ ھىمايىسىگە ئالغان. مېھرىنىسانىڭ دادىسى غىياسىدىنغا ئاقسۆڭەكلىك مەرتىۋىسى بەرگەن. ئاكىسى ئەشرەفخاننى سەركەردىلىككە تەيىنلىگەن. شۇنداق قىلىپ، 1611 ـ يىلى 41 ياشلىق جاھانگىر شاھ سۆز ـ چۆچەكلەرگە پىسەنت قىلماي، ئوردا ئىچىدىكى قارشىلىقلارغىمۇ قارىماي 35 ياشلىق گۈزەل تۇل ئايال مېھرىنىسانى ئەمرىگە ئېلىپ «نۇرجاھان» دەپ ئاتاق بەرگەن. نۇرجاھان ئەگرەدە تۇرۇشلۇق پارس ئاقسۆڭەكنىڭ قىزى بولۇپ، زىيادە شۆھرەتپەرەسلىكىنى ھېسابقا ئالمىغاندا تۇغما ئەقىل-

لىك، ياخشى تەربىيە كۆرگەن ئايال ئىدى. يۈرەكلىك، ئىجتىمائىي ئالاقىگە ماھىر ئىدى. ئۇ شېئىر يېزىشنى، رەسىم سىزىشنى ياخشى كۆرەتتى. سىياسىيغا قىزىقاتتى. جاھانگىرمۇ ئەدەبىيات ـ سەنئەتكە ئامراق پادىشاھ ئىدى. رەسىم سىزىشنى بەك ياخشى كۆرەتتى. ئۇنىڭ زامانىدا تۈرك موغۇل ئىمپېرىيەسىنىڭ رەسساملىقى تەرەققىي قىلىپ يۇقىرى چوققىغا چىققانىدى.

تويدىن كېيىن، ئارزۇ ـ ھەۋەسلىرى ئوخشىشىپ كېتىدىغان بۇ ئەر ـ خوتۇنلار بىر ـ بىرىگە قاتتىق ئىچەركىشىپ كېتىدۇ. يېڭى ئالغان خوتۇنى نۇرجاھانغا ئامراقلىقتا چېكىگە يەتكەن پادىشاھ ئۇزاق ئۆتمەي ئۇنىڭغا خانىشلىق مەرتىۋىسىنى بېرىدۇ. ئۇنىڭ دادىسى، ئانىسى ۋە ئاكىسىنى مۇھىم ئەمەللەرگە تەيىنلەيدۇ. شاراب-خورلۇق ۋە ئىشرەتخورلۇق سەۋەبىدىن ياش تۇرۇپ سالامەتلىكى بار-غانسېرى ناچارلىشىۋاتقان، سىياسىيغا قىزىقماس بولۇپ قالغان جاھانگىر شاھ كۆڭلىرىنى ئارامخۇدا ئۆتكۈزۈشنى خالايدىغان بولۇپ قالىدۇ. بۇ زېھنىي كۈچى ئۇرغۇپ تۇرغان نۇرجاھاننى كۆڭلىدىكى پىلانلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرىدىغان پۇرسەت بىلەن تەمىنلەيدۇ. 1612 ـ يىلى ئاكىسى ئەشرەفخاننىڭ 19 ياشلىق قىزى تاج مەھەلنى 20 ياشلىق ۋەلىئەھدى شاھ جاھان ئىككىنچى خوتۇنلۇققا ئالىدۇ. شۇنداق قىلىپ ئۇنىڭ ئوردىدىكى تەسىر كۈچى يۇقىرى چەككە يې-تىدۇ. توي قىلىپ ئۈچ يىلدىن كېيىن، ئۇ ئەمەلىيەتتە ئىمپېراتور-نىڭ ۋەزىپىسىنى يۈرگۈزۈشكە باشلايدۇ: سىياسەت بەلگىلەيدۇ، پەر-مان جاكارلايدۇ، يارلىقلارغا ئىمزا قويىدۇ، ۋەزىر ـ ۋۇزرالارنى قو-بۇل قىلىدۇ، كۈندىلىك مەمۇرىي ئىشلارغا رىياسەتچىلىك قىلىدۇ. ھەتتا ئۆزىنىڭ نامىدا تىللا پۇل قۇيدۇرىدۇ. ھەربىي ئىشلاردا تەڭداشسىز قوماندان، سىياسىي ئىشلاردا قابىل شاھزادە شاھ جا-ھاننىڭ ئۇنىڭ ئاكىسى، ۋەزىر ئەشرەفخانغا كۈيئوغۇل بولۇشى ئۇ-نى ئوردا ئىچىدە ھەممىدىن كۈچلۈك ئورۇنغا ئىگە قىلغان.

1621 ـ يىلى نۇرجاھان ئىلگىرىكى ئېرىدىن بولغان قىزى لالە-

نى شاھزادە شەھرىيارغا بېرىدۇ. جاھانگىر شاھنىڭ سالامەتلىكى بۇ چاغدا بارغانسېرى ناچارلىشىپ كېتىدۇ. كەلگۈسىدە ئۆزىنىڭ كۈيئوغلىنى تەخت ۋارىسى قىلىشنى ئويلىغان نۇرجاھان ئاكىسى ئەشرەفخانىنىڭ كۈيئوغلى شاھ جاھاننىڭ ۋەلىئەھدىلىك ئورنىنى بىكار قىلىشنىڭ كويىغا چۈشىدۇ. بۇ ئىش شاھ جاھاننىڭ غەزىپىنى قوزغايدۇ. نەتىجىدە، ئىمپېرىيەنىڭ شىمالىدىكى راجپۇتلارنى ۋە جەنۇبىدىكى بۇرھانپۇر رايونىنى بويسۇندۇرۇش ئۇرۇشلىرىغا قوماندانلىق قىلىپ سۆڭەكى قاتقان شاھ جاھان تەۋەككۇلچىلىك قىلىپ ئىسيان كۆتۈرىدۇ. ئىچكى ئۇرۇش ئۈچ يىل داۋام قىلىدۇ. شاھ جاھان جەنۇبىي ھىندىستانغا قېچىپ كېتىدۇ ھەم ئاخىر تەسلىم بولىدۇ. دادىسى جاھانگىر شاھ ئۇنى ئەپۇ قىلىدۇ. تېنى ئاجىزلاپ كەتكەن جاھانگىر شاھ 1627 ـ يىلى 58 يېشىدا قازا قىلىدۇ. شاھ جاھان قېيىنئاتىسى ــ ۋەزىر ئەشرەفخاننىڭ ياردىمىدە ئىمپېراتورلۇق تەختىگە ئولتۇرۇپ ئولتۇرىدۇ. كۈچ ئېلىشالمىغان خانىش نۇرجاھان ئاخىرقى ئۆمرىنى لاھورغا كېتىپ ئۆتكۈزىدۇ.

شاھ جاھان جەڭ مەيدانىدا شىر يۈرەك قوماندان بولسىمۇ، تىنچ تۇرمۇشتا مۇھەببەت مەستانىسى ئىدى. رۇخسارىدىن نۇر ياغىدىغان ئىككىنچى ئايالى تاج مەھەلنى ئۆلگۈدەك ياخشى كۆرەتتى. تاج مەھەل ئۇنىڭ نەزىرىدە گۈزەللىك مەبۇدىسى ئىدى. قىسقىسى، توي قىلغىنىغا 15 يىل بولغان شاھ جاھان بىلەن تاج مەھەل بىر ـ بىرىگە چىداشمايدىغان ئەر ـ خوتۇنلاردىن ئىدى. تاج مەھەلنىڭ ئەسلىي ئىسمى ئاجۇمەند يانۇ بېگىم بولۇپ، ئۇ گۈلدەك چىرايى بىلەن داڭ چىقارغان. شۇ سەۋەبتىن ھەم ۋەزىرنىڭ قىزى بولغانلىقتىن خانىش بولغاندا ئۇنىڭغا «مۇمتاز مەھەل» دېگەن ئاتاق بېرىلگەن. بۇنىڭ مەنىسى «ئوردىدىكى ئەتىۋارلىق خانىش» دېگەنلىك ئىدى. ئۇ ئەينى چاغدا دۇنيادىكى ئەڭ كۈچلۈك، ئەڭ چوڭ، ئەڭ باي ئىمپېرىيەنىڭ خانىشى بولغاندىن كېيىن پۈتمەس ـ تۈگىمەس مەئىشەت، چەكسىز سەلتەنەت ۋە يالقۇنلۇق مۇھەببەتنىڭ نۇرىغا چۆمۈلۈپ،

تېخىمۇ جەلپكار، تېخىمۇ تەڭداشسىز گۈزەلگە ئايلانغان. ئۇ تارىخىي كىتابلاردا «تاج مەھەل» دەپ ئاتىلىدۇ.


1628 ـ يىلى ئاشۇ گۈزەل ئاخشامدىكى شېرىن سۆھبەت بولۇنۇپ تۆت يىلدىن كېيىن، يەنى 1631 ـ يىلى پادىشاھ شاھ جاھان جەنۇبىي ھىندىستانغا قوشۇن تارتىدۇ. ئىمپېرىيە زېمىنىنى كېڭەيتىش ھەۋىسى كۈچلۈك شاھ جاھاننىڭ بۇ قېتىمقى يۈرۈشىدە خانىش تاج مەھەل بىللە بارىدۇ. بۇرھانپور شەھىرىدە خانىش تاج مەھەل 14 ـ بالىسىنى يەڭگىيدۇ. بۇ قېتىمقى تۇغۇتى قىيىنغا توختىغان بۇ خانىش بۇرھانپور شەھىرىدە 38 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتىدۇ. ئامراق خانىشىنىڭ ئۆلۈمىدىن قاتتىق قايغۇغا چۆمگەن شاھ جاھان بىرمەھەل تەركىدۇنيا بولغان ئادەمدەك ئۆزىنى تاشلىۋېتىدۇ. كېيىن ئۇ خانىشىغا بەرگەن ۋەدىسى بويىچە ئېملا دەرياسىنىڭ بويىغا ئاق مەرمەر تاشتىن ھەشەمەتلىك مەقبەرە ياساشقا پەرمان چۈشۈرىدۇ. قۇرۇلۇشنى ئوسمان ئىمپېرىيەسىنىڭ داڭلىق ئارخىتېكتورى مەھمەد ئەيسا ئەپەندى لايىھەلەيدۇ.[①]

بۇ قۇرۇلۇشقا 1632 ـ يىلى ئىش باشلىنىدۇ. قۇرۇلۇشنى ئىستانبۇل ۋە باغداد قاتارلىق جايلاردىن كەلتۈرۈلگەن 20 مىڭ ئۇستىكار تىنىمسىز ئىشلەپ 22 يىلدا تاماملايدۇ. ئۇنىڭ كۆرۈنۈشى ئىنتايىن ھەيۋەتلىك ھەم گۈزەل بولۇپ، ئۇنىڭ مەركىزىدىكى چوڭ گۈمبەزنىڭ ئېگىزلىكى 65 مېتىر، مەقبەرىنىڭ تۆت تەرىپىدىكى ئىنچىكە مۇنارلارنىڭ ئېگىزلىكى 39 مېتىر كېلىدۇ. مەقبەرە ئۇزۇنچاق چاسا شەكىلدە بولۇپ شەرقتىن غەربكە ئۇزۇنلۇقى 580 مېتىر، جەنۇبتىن شىمالغا كەڭلىكى 305 مېتىر. مەقبەرىنىڭ ئالدىدا

---

① ئىران تارىخچىلىرى بۇ قۇرۇلۇشنى ئىرانلىق ئۇستا ئەھمەد خەلىل باش بولۇپ لايىھەلىگەن دەپ قارايدۇ، غەرب تارىخچىلىرى ئىتالىيەلىك گېرومىمو ۋېرونېي بىلەن فىرانسىيەلىك ئاۋستىن دې بوردېكسلارمۇ لايىھەلىگۈچىلەر قاتارىدا بار ئىدى، دەپ قارايدۇ. شەنشى پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى 2003 ـ يىلى نەشر قىلغان «دۇنيادىكى ئۆچمەس قۇرۇلۇشلار قامۇسى» ناملىق كىتابتا «لايىھەلىگۈچى شاھ جاھان» دەپ يېزىلغان.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



تاج مەھەل مەقبەرىسى

تار ھەم ئۇزۇن بىر كۆل بار. ئۇنى ياپيېشىل زىننەت دەرەخلىرى بىلەن رەڭگارەڭ گۈللەر ئوراپ تۇرىدۇ. كۆلنىڭ ئىككى تەرىپىدە ئازادە پىيادىلەر يولى بار. بۇ مەقبەرە «تارىخىي بىنالار ئورمىنى» بار شەھەر دەپ ئاتالغان ئەگرەدىكى ئەڭ كۆركەم قۇرۇلۇش بولۇپ قالغان.[1] مەقبەرىنى ياساشقا دۆلەت خەزىنىسىدىن 5 مىليون رۇپىيە (ئامېرىكا دوللىرىغا سۇندۇرغاندا 230 مىليون ئامېرىكا دوللىرى) چىقىم قىلىنغان. ئاخىرقى ھېسابتا تېخنىكا بىلەن سەنئەتنىڭ يۈكسەك دەرىجىدە بىرىكىشىنىڭ مەھسۇلى بولغان، ئىنسانىيەت بىناكارلىق تارىخىدا زىلزىلە پەيدا قىلغان، پۈتۈنلەي سىلىقلانغان ئاق مەرمەر تاشتىن ياسالغان بۇ تەڭداشسىز قۇرۇلۇش 1654 - يىلى پۈتۈپ چىقىدۇ. خانىش تاج مەھەلنىڭ جەسىتى بۇرھانپوردىن ئەگرەگە يۆتكەپ كېلىنىپ، بۇ گۈزەل مەقبەرە ئىچىگە دەپنە قىلىنىدۇ. بۇ قۇرۇلۇش تۈپەيلى ئىمپېرىيەنىڭ خەزىنىسى خېلىلا قۇرۇقدىلىدۇ،

① ۋاڭ شۈيىڭ: «دىن ۋە ھىندىستان جەمئىيىتى»، خەلق نەشرىياتى، 2009 - يىلى نەشرى، خەنزۇچە، 240 - بەت.

خەلقنىڭ يۈكى ئېشىپ كېتىدۇ. گەرچە پادىشاھ ئامراق خانىشىغا بەرگەن ۋەدىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ پىلانى تېخى تولۇق ئورۇنلانمىغانىدى.

شاھ جاھان رومانتىك ھېسسىياتقا باي، بىناكارلىق سەنئىتىگە ئىشتىياقى كۈچلۈك پادىشاھ بولغاچقا، ئېملا دەرياسىنىڭ قارشى قىرغىقىغا پۈتۈنلەي قارا مەرمەر تاشتىن ئۆزى ئۈچۈن تاج مەھەل مەقبەرىسىگە ئوخشاش قىلىپ يەنە بىر مەقبەرە ياسىتىش ئارزۇسى-نى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. ئۇ ئېملا دەرياسىنىڭ ئىككى قىرغىقىدا ئاق مەرمەر مەقبەرە بىلەن قارا مەرمەر مەقبەرە بىر - بىرىگە يۈزلەنگەن ھالدا قەد كۆتۈرۈپ تۇرسا نەقەدەر گۈزەل مەنزىرە ھاسىل بولاتتى، دەپ ئويلايدۇ. ئەمما ئوردىنىڭ ئىچى - سىرتىدا پادىشاھقا قارشى نارازىلىق كەيپىياتى كۈچىيىپ كېتىدۇ. گەرچە شاھ جاھانغا ئىم-پېرىيە تەۋەسىدىكى 22 ئۆلكە باج - سېلىق تۆلىسىمۇ، ئەمما 1630 - يىللاردىن ئېتىبارەن جەنۇبىي ھىندىستاننى بويسۇندۇرۇش، پارسلار بىلەن قەندەھارنى تالىشىش، پورتۇگالىيە مۇستەملىكچىلىرى بى-لەن بىرنەچچە قېتىم ئۇرۇش قىلىش، 30 يىل ئىچىدە كەينى - كەينىدىن يەتتە قېتىم قەھەتچىلىك يۈز بېرىش، پايتەختنى 1637 - يىلى ئەگرەدىن دېھلىغا كۆچۈرۈش، دېھلىدا قىزىل قەلئە، ئوردا، باغ، مەسچىت قاتارلىق قۇرۇلۇشلارنى سالدۇرۇش قاتارلىق بىر قاتار سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن پىلانى قارشىلىققا ئۇچرىغان ھەم تۆت ئوغلى-نىڭ بىر - بىرىگە قارشى ئۇرۇش قىلىپ تىنچىماسلىقىدىن ئىچى ئاچچىق بولغان پادىشاھ 1657 - يىلى ئاغرىپ قالىدۇ. نەتىجىدە، دۆ-لەتنىڭ مۇھىم ئىشلىرىغا كۆڭۈل بۆلەلمەس بولۇپ قالىدۇ. ئۇنىڭ ياۋروپا جاھانگىرلىرى بىلەن بولغان ئۇرۇشتا نامى چىققان ئۈچىن-چى ئوغلى ئەۋرەڭزىپ 1659 - يىلى تەختنى تارتىۋالىدۇ، ئەۋرەڭزىپ گۇمانخور، ۋەھشىي بولسىمۇ، تەدبىرلىك، باتۇر، كەسكىن ئىمپېرا-تور ئىدى. تۇرمۇشتا ئۆزىنى تۇتۇۋالغانىدى. ئاتا - بوۋىلىرىدەك ئەيش - ئىشرەتكە بېرىلمەيتتى. سىياسىيغا، ھەربىي ئىشلارغا سەل

قارىمايتتى. نەغمە ـ ناۋاغا، ئەدەبىيات ـ سەنئەتكە زىيادە ھېرىسمەن ئەمەس ئىدى. زادى ھاراق ئىچمەيتتى. ئىسلام دىنىغا چىن كۆڭلىدىن ئېتىقاد قىلاتتى.

دادىسىنىڭ ھېسسىيات جەھەتتىكى ئاجىزلىقىنى چۈشىنىدىغان ئەۋرەڭزىپ رومانتىك دادىسى شاھ جاھاننى كونا پايتەخت ئەگرەدىكى قىزىل ئوردا ئىچىدىكى تاج مەھەل مەقبەرىسى كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان راۋاق بار بىر بىناغا نەزەربەند قىلىپ قويغان. ئەينى چاغدا تۈرك موغۇل ئىمپېرىيەسىنى ھەر جەھەتتىن مىسلىسىز گۈللىنىشكە ئىگە قىلغان بۇ ئىمپېراتورنىڭ كۈنلىرى تولىمۇ مىسكىنلىكتە ئۆتكەن. كېسەلچان شاھ جاھان ئەتىگەندىن كەچكىچە راۋاقتىن تاج مەھەل مەقبەرىسىگە سائەت ـ سائەتلەپ قاراپ، مۆڭگۈپ ياتقان ھالدا خىيال سۈرۈپ ئولتۇرغان. ئاخىرقى كۈنلىرى دەرد ـ ئەلەم ئىچىدە ئۆتكەن شاھ جاھان 1666 ـ يىلى 74 يېشىدا ئۇ دۇنياغا سەپەر قىلغان. ئوغلى ئەۋرەڭزىپ ئۇنىڭ مېيىتىنى تاج مەھەلنىڭ مېيىتى يېنىغا دەپنە قىلغان.

شاھ جاھان سەلتەنەت سۈرگەن يىللار تۈرك موغۇل ئىمپېرىيەسى ھەر جەھەتتىن گۈللىنىپ ئەڭ يۇقىرى چەككە يەتكەن مەزگىل ھېسابلىنىدۇ. بۇ يىللاردا ئىمپېرىيەنىڭ يېزا ئىگىلىك، قول ھۈنەرۋەنچىلىك ۋە سودا ئىشلىرى زور تەرەققىياتلارغا ئېرىشكەن. ئەدەبىيات، ئاسترونومىيە، ماتېماتىكا، تېبابەتچىلىك ساھەسىدە ناھايىتى زور ئۇتۇقلار قولغا كەلتۈرۈلگەن. دېھلى بىلەن ئەگرەدىكى ئىككى مەشھۇر مەسچىتمۇ شۇ مەزگىلدە سېلىنغان. ھىندىستاندىكى ئىسلام بىناكارلىقىنىڭ نەمۇنىسى دەپ قارىلىۋاتقان تاج مەھەل مەقبەرىسىمۇ ئەنە شۇ يىللاردا بەرپا قىلىنغان.

بۇ مەقبەرىگە ھىندىستاننىڭ پايتەختى يېڭى دېھلىدىن چىقىپ شەرققە 200 كىلومېتىر ماڭغاندا يېتىپ بارغىلى بولىدۇ. دۇنياغا مەشھۇر تاج مەھەل مەقبەرىسى ھازىر ھىندىستاننىڭ سىمۋولى ۋە ئېپتىخارى. ئۇ دۇنيا بىناكارلىق تارىخىدىكى يەتتە مۆجىزىنىڭ بى-

-رى. ئۇنىڭ «مەرمەر تاشنىڭ چۈشى»، «ئاق مەرمەر تاش سىمفونىيە-سى» دېگەندەك چىرايلىق ناملىرى بار. كىشىلەر ئۇنى «ھىندىستاننىڭ مەرۋايىتى» دەپمۇ تەرىپلىشىدۇ. ھىندىستاننىڭ دۇنياغا داڭلىق شائىرى تاگور تاج مەھەل مەقبەرىسىنى «مۇھەببەتنىڭ بىر تامچە يېشى» دەپ تەسۋىرلىگەن.

گۈزەللىكتە تەڭدىشى يوق بۇ بىناكارلىق ئابىدىسى ھەم ھەيۋەت-لىك، ھەم كۆركەم ياسالغان. ئۇنىڭ ئەتراپىنى سۈپسۈزۈك كۆلچەك-لەر ئوراپ تۇرىدۇ. كۈندۈزلىرى مەرمەردىن قوپۇرۇلغان تاملارغا ئۈستىلىق بىلەن قويۇلغان ياقۇت تاشلار قۇياش نۇرىدا كۆزنى قا-ماشتۇرىدۇ. بۇ مەقبەرە ھەر ئاخشىمى بىر كۈندىكى ئەڭ گۈزەل پەيتنى كۈتۈۋالىدۇ. كەچكى شەپەقنىڭ يورۇقىدا بۇ ئاق مەرمەر مەق-بەرە كۆل رەڭ، سېرىق، ئالتۇن رەڭ ھالىتىدىن بارا - بارا سۇس قىزىل، تۇتۇق قىزىل، سۇس يېشىلغا ئۆزگىرىدۇ. ئاينىڭ ئاستا - ئاستا كۆتۈرۈلۈشىگە ئەگىشىپ كۈمۈشتەك ئاق تۈسكە كىرىدۇ. ئاي يورۇقىدا ئۇ ئاجايىپ سەلتەنەتلىك ۋە جەلپكار كۆرۈنىدۇ.

بۇ مەقبەرە 1983 - يىلى بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ ما-ئارىپ، پەن - مەدەنىيەت ئورگىنى تەرىپىدىن «دۇنيا مەدەنىيەت مىراسلىرى» تىزىملىكىگە كىرگۈزۈلگەن.

2008 - يىلى يېزىلدى

ئۇيغۇر كىتاب تورىيكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

# لاي قەلئەنىڭ سىرى


2007 ـ يىلى رۇسىيەنىڭ ئارخېئولوگىيە ساھەسىدىكى ئەڭ چوڭ خەۋەر پورباجىن ـــ لايدىن ياسالغان قەلئە توغرىسىدىكى خەۋەر بولدى. بۇ خەۋەر رۇسىيەنىڭ ئاخبارات ۋاستىلىرى ئارقىلىق دۇنياغا جاكارلانغاندىن كېيىن پۈتكۈل دۇنيانىڭ نەزىرى پورباجىنغا تىكىلدى. رۇسىيە ئاخبارات ۋاستىلىرى پورباجىننى «ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ 2 ـ قاغانى مويۇنچۇر سالدۇرغان بولۇپ، ئۇ قەدىمكى ئۇيغۇر قەلئەسىدۇر» دەپ جاكارلىغاندا، بۇنى ئۇققان دۇنيانىڭ جاي ـ جايىدىكى ئۇيغۇرلار بىر ـ بىرىگە ھاياجان ئىلكىدە خەۋەر يەتكۈزۈشتى. شىنخۇا ئاگېنتلىقىمۇ بۇ ھەقتە خەۋەر تارقاتتى. شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پروفېسسورى، خەنزۇ تارىخچى چىن شۆشۈن ئەپەندى «شىنجاڭ گېزىتى» نىڭ 2007 ـ يىلى 11 ـ ئۆكتەبىردىكى سانىدا «رۇسىيە پورباجىن قەدىمكى ئۇيغۇر قەلئەسىنى كەڭ كۆلەمدە تەكشۈرمەكتە» دېگەن ماقالىسىنى ئېلان قىلىپ، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئۇيغۇر قېرىنداشلارنى بۇ كاتتا ۋەقەدىن خەۋەردار قىلدى. ئارقىدىن «ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى» مۇ رەھىمجان ھاكىم خەنزۇچىدىن تەرجىمە قىلغان «رۇسىيەدىكى ئۇيغۇرلار سالغان يازلىق قەلئە ـــ پورباجىن» دېگەن ماقالىنى ئېلان قىلىپ، كىشىلەرنىڭ بۇ خەۋەرگە بولغان قىزىقىشىنى تېخىمۇ ئاشۇردى.

پورباجىن ھەققىدىكى ئۇچۇرلارنىڭ باش ـ ئاخىرى زادى قانداق؟ كىشىلەرنى شۇنچە ھاياجانغا سالغان بۇ قەلئە نېمە سەۋەبتىن، قاچان، قانداق سېلىنغان؟ بۇ، ئارخېئولوگىيە ساھەسىدىكى يېڭى بايقاشمۇ ياكى كونا ئىشمۇ؟ كىشىلەر بۇ قەلئەگە نېمە ئۈچۈن شۇنچە قىزىقىدۇ؟ دېگەن سوئاللار كىشىلەرنى قىزىقتۇردى.

پورباجىن رۇسىيە فېدېراتسىيەسىنىڭ تۇۋا جۇمھۇرىيىتىدىكى دېڭىز يۈزىدىن 1300 مېتىر ئېگىز جايدىكى تېرىخول كۆلىنىڭ قاق ئوتتۇرىسىدىكى تۆت گېكتار كېلىدىغان ئارالغا بەرپا قىلىنغان قەلئە. «پورباجىن» دېگەن سۆز تۇۋا تىلىدا «لايدىن ياسالغان قەلئە» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

تۇۋا جۇمھۇرىيىتى رۇسىيە بىلەن موڭغۇلىيەنىڭ چېگراسىغا جايلاشقان بولۇپ، يەر مەيدانى 170 مىڭ كىۋادرات كىلومېتىر، نوپۇسى 310 مىڭ، بۇنىڭ ئىچىدە تۇۋالارنىڭ نوپۇسى 200 مىڭ، رۇسلارنىڭ نوپۇسى 100 مىڭغا يېقىن، قالغانلىرى خاكاس، ئۇكرائىن قاتارلىق مىللەتلەردۇر. تۇۋالارنىڭ ئېتنىك مەنبەسى توغرىسىدا ن. ئا. باسكاكوف «تۈركىي تىللار»دېگەن كىتابىدا ئېنىق قىلىپ: «تۇۋا تىلى تۈركىي تىللارنىڭ ئۇيغۇر ـ ئوغۇز گۇرۇپپىسىغا كىرىدۇ ھەمدە بۇ گۇرۇپپىدىكى قەدىمكى ئوغۇز، قەدىمكى ئۇيغۇر ۋە توفا (قاراغاس) تىللىرى بىلەن قوشۇلۇپ، ئايرىم بىر ئۇيغۇر ـ تۈرك تارماق گۇرۇپپىسىنى تەشكىل قىلىدۇ» دېگەن. تارىخچى چىن شۆشۇن ئەپەندىمۇ تۇۋالارنىڭ ئېتنىك مەنبەسى ھەققىدە «گەپنى قىسقارتقاندا، ئۇلارنىڭ ئەڭ دەسلەپكى مەنبەسى تېلېلارغا تاقىلىدۇ»، «ئۇلارنىڭ تىلى ئالتاي تىل سىستېمىسى تۈركىي تىل ئائىلىسى — شەرقىي ھۇن تىل تارمىقى — ئۇيغۇر تىل گۇرۇپپىسى — ئۇيغۇر ـ تۈركىي تىللار ئىككىلەمچى تىللار گۇرۇپپىسىغا تەۋە» دەپ يازغان. تۇۋالارنىڭ كۆپ قىسمى لاما دىنىغا ئېتىقاد قىلىدۇ.

پورباجىن قەلئەسى بىر خارابە بولۇپ، ئۇنى ئەڭ دەسلەپ 1891 ـ يىلى رۇسىيەنىڭ مەشھۇر شەرقشۇناس ئالىمى دېمىترىي كلېمېنس بايقىغان. ئۇ كېيىن قارا بالغاسۇننى تەكشۈرۈپ بولغاندىن كېيىن پورباجىن قەلئەسىنىڭ ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ مەركىزىي شەھىرىنىڭ كىچىكلىتىلگەن ھالىتى ئىكەنلىكىنى ھەيرانلىق ئىچىدە بايقىغان. پورباجىننى «ئۇيغۇر قاغانىنىڭ يازلىق سارىيى» دېگەن قاراشنى تۇنجى قېتىم سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى دەۋرىدىكى مەشھۇر



پورباجىن قەلئەسى خارابىسى

ئالىم سېۋيان ئىزرايىلېۋىچ باينىپىشتېيىن 1957 - يىلى ئوتتۇرىغا قويغان. بۇ قاراشنى 1960 - ۋە 1970 - يىللاردا ل. ر. كىزلاسوف ۋە س. ۋ. كىسلېيېفلار ئىلمىي تەكشۈرۈشلەردىن كېيىن تەكىتلەشكەن. تۇۋا جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئايال رەھبىرى تامارا ماشالوۋنا نوربىي ئۆزد-نىڭ كىتابىدا پورباجىن قەلئەسىنىڭ ئۇيغۇر قاغانىنىڭ ساراي - سېپىلى ئىكەنلىكىنى ئېنىق كۆرسەتكەن. ئەمما باشقىچە قاراشتى-كى تەتقىقاتچىلارمۇ بولغان. ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى «ئۇيغۇر قاغانىنىڭ قەلئەسى» دەپ بېكىتىشكە پاكىت يېتەرلىك ئەمەس، دەپ قاراشقان. شۇنداقتىمۇ رۇسىيە ئالىملىرى بۇ قەلئەنىڭ ئارخېئولوگىيەلىك قىممىتىگە قىلچە سەل قارىمىغان. 1995 - يىلى رۇسىيە فېدېرات-سىيەسىنىڭ زۇڭتۇڭى بورىس يېلتسىن پورباجىننى دۆلەت دەرىجە-لىك تارىخىي ۋە مەدەنىيەت مىراسى، دەپ قارار چىقارغان. بۇ، پور-باجىن قەلئەسىنىڭ ھەر جەھەتتىن نەقەدەر يۇقىرى قىممەتكە ئىگە


ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ. قەدىمكىلەرنىڭ ئېگىز تاغدىكى خىلۋەت كۆلنىڭ قاق ئوتتۇرىسىغا بۇنداق مۇستەھكەم ۋە چوڭ قەلئەنى سال-مىقى ئىنتايىن مۇشكۇل ئىش ئىدى. چۈنكى بۇنداق قەلئەنى سېلىش ئۈچۈن نەچچە مىڭ توننا توپا، كېسەك ۋە ياغاچ - تاش كېتىدۇ. ئا-دەمنىڭ ئەقلى يەتمەيدىغان ئىش شۇكى، بۇ جاي ئادەم ناھايىتىمۇ كەمدىن - كەم كېلىدىغان تولىمۇ چەت رايون. شۇڭا زادى كىم بۇنداق خالىي جايغا بۇنداق چوڭ قورغاننى سېلىش كويىغا كىرىپ قالغان، ئۇنى كىم ئۈچۈن سالدۇرغان؟ دېگەندەك سىرلىق سوئاللارغا جاۋاب ئىزدەش كېرەك ئىدى.

دېمەك، ئەمدىكى ۋەزىپە پورباجىننى «سۆزلىتىش» ئىدى. 19 - ئەسىردە ياشىغان رۇس يازغۇچىسى گوگول «ھەرقانداق خەلقنىڭ ئۆتمۈشى توغرۇلۇق ھېكايە، ئەپسانە، چۆچەكلەرمۇ ئۈنتۇلغاندا، ئۇلار توغرۇلۇق شۇ خەلققە تەئەللۇق بىناكارلىق ۋە باشقا ماددىي بۇ-يۇملار كۆپلەپ ئۇچۇر يەتكۈزىدۇ» دەپ كۆرسەتكەنىدى. پورباجىندىن ئىبارەت بۇ سىرلىق قەلئە كىملەر توغرۇلۇق، قانداق ئۇچۇرلارنى يەتكۈزەر؟ بۇ سىرلىق تېپىشماقنى يېشىش، 1000 يىلدىن ئارتۇق ئۇيقۇدا ياتقان پورباجىن خارابىسىنى «سۆزلىتىش» ئۈچۈن رۇسىيە ھۆكۈمىتى 2007 - يىلى ئەتىيازدا مەخسۇس تەربىيەلەنگەن 600 نە-پەر ئىستۇدېنتتىن تەشكىللەنگەن نەچچە ئون داڭلىق ئارخېئولوگ، گېئولوگ، ئارختېكتور ۋە ئېكسپېدىتسىيەچى باش بولغان زور تەكشۈرۈش ئەترىتىنى تۇۋا جۇمھۇرىيىتىگە ئەۋەتىشنى قارار قىل-دى. بۇ زور «قوشۇن» 1000 يىلدىن ئاشقان تارىخىي سىر يوشۇرۇن-غان تېرىخول كۆلى بويىغا چېدىر تىكىپ تۆت ئايغا سوزۇلغان ئىن-چىكە تەكشۈرۈشنى باشلىغان.

تەكشۈرۈش ئەترىتىدىكىلەر تۆت ئايغا سوزۇلغان ئەتراپلىق، ئىنچىكە تەكشۈرۈش، تېپىلمىلارنى تەتقىق قىلىش، سۈنغان سا-پالاارنى بىر - بىرىگە زېرىكمەي جىپسىلاش، قەلئەنىڭ ئۇلىغا ئا-ساسەن ئومۇمىي قۇرۇلمىسىنى قىياسەن تۇرغۇزۇش، ماددىي بۇ-

www.uyghurkitap.com

يۇمىلارنى تۇرگە ئايرىش، سىلىشتۇرۇش ۋە يىل دەۋرىنى بېكىتىش قاتارلىق خىزمەتلەرنى ئىشلەش ئارقىلىق ئاخىر خىيلىلا ئىشەنچلىك يەكۇنگە ئېرىشكەن. قىدىرىپ تەكشۈرۈش ئەترىتىدىكىلەرنىڭ بۇ دەسلەپكى يەكۇننى رۇسىيە جىددىي ئەھۋاللار مىنىستىرلىقىنىڭ تۇۋا مىللىتىدىن بولغان مىنىستىرى سېرگىي شايگۇ مۇخبىرلارغا جاكارلاپ مۇنداق دېگەن: «ئارخېئولوگلارنىڭ خۇلاسىسىگە قارىغاندا، پورباجىن قەدىمىي قەلئەسىنى قەدىمكى ئۇيغۇرلار سالغان. ھازىر بۇ قەلئەنىڭ ئاساسىي بۆلىكى قېزىپ بولۇندى، قەغەز يۈزىدە يەنە قەلئەنىڭ ئەسلىي ھالىتى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى. بىز ئۇزاققا بارماي بۇ جاينى دۇنياغا ئېچىۋېتىپ، ئۇيغۇرلارنى دۇنياغا تونۇتىمىز!»



پورباجىن قەلئەسىدىن قېزىۋېلىنغان بىر قىسىم ئاسار ئەتىقىلەر

تەكشۈرۈشكە قاتناشقان ئالىم ـ مۇتەخەسسىسلەرنىڭ دوكلاتىدا مۇنداق دېيىلگەن: «بىز تۆت ئاي تەكشۈرۈش ئارقىلىق تېرىخول كۆلىنىڭ بويىدىن چوڭ تېپىتىكى قەبرىدىن 100 نەچچىنى تاپتۇق. پورباجىن قەلئەسىنىڭ ئارختېكتورىيەلىك تۈزۈلۈشى، لايىھە پىچىلىشىنىڭ ئالاھىدىلىكىنى بېكىتىپ، قەلئەنىڭ قەغەز يۈزىدىكى مودېلىنى ياساپ چىقتۇق. بۇ قەلئەنىڭ شەكلى جۇڭگونىڭ تاڭ سۇلالىسى زامانىدىكى پايتەختى چاڭئەن (شىئەن) دىكى ئوردىغا ئوخشايدىكەن. قەلئەنىڭ ئاساسىي قۇرۇلۇش بۆلىكى ئادەمگە بۇددا دىنى ئىبادەتخانىلىرىنى ئەسلىتىدۇ. قەلئەدىن تېپىلغان بىر تاش پۈتۈكتىن قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك مەنسەپدارى

بوقۇشنىڭ ئىمزاسىنى تاپتۇق. بىز شۇ دەۋرگە ئائىت تارىخنامىلەر ۋە پۈتۈكلەردىكى خاتىرىلەرگە ئاساسەن بۇ قەلئەنى ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ قاغانى مويۇنچۇر خوتۇنى نىڭگو مەلىكە ئۈچۈن سالدۇرغان بولۇشى ئېھتىمال، دەپ قارىدۇق.»

ئارخېئولوگىيەلىك تەكشۈرۈش خىزمىتى ئۈتۈقلۇق بولۇپ، زور ئۇنۇم قازانغاندىن كېيىن رۇسىيە فېدېراتسىيەسىنىڭ زۇڭتۇڭى ۋىلادىمىر پۇتىن 2007 - يىلى 13 - ئاۋغۇستتا رۇسىيەگە زىيارەتكە كەلگەن موناكو دۆلىتىنىڭ شاھزادىسى ئالبېرت II بىلەن تۇۋا جۇمھۇرىيىتىنىڭ مەركىزى قىزىل شەھىرىگە بېرىپ، ئۇ يەردىن تىك ئۇچار ئايروپىلانغا ئالمىشىپ پورباجىن قەلئەسى خارابىسى قېزىلىۋاتقان تېرىخول كۆلىگە بارغان ھەم خارابە ئىزىنى كۆزدىن كەچۈرگەن. پۇتىن مۇخبىرلارغا: «بۇ، رۇسىيە تارىخىدىكى كۆلىمى زور تەكشۈرۈش تۈرى. پورباجىن قەدىمكى ئۇيغۇرلار سالغان قەلئە» دەپ جاكارلىغاندىن كېيىن، بۇ خەۋەر كىشىلەرنىڭ ئالاھىدە دىققە-



پۇتىن پورباجىن قەلئەسى خارابىسىدە

www.uyghurkitap.com

تىنى تارتتى.

ئالىملار پورباجىندىن ئىبارەت بۇ لايدىن ياسالغان قەلئەنى نېمە ئۈچۈن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ ئىككىنچى ئەۋلاد خاقانى مويۇنچۇرنىڭ بۇيرۇقى بىلەن قۇرۇلغان دەپ قارىشىدۇ؟ بۇنىڭ سىرى نىڭگو مەلىكە بىلەن مۇناسىۋەتلىك، ئەلۋەتتە.

نىڭگو مەلىكە كىم، ئۇ قانداقسىگە مويۇنچۇر قاغانغا خوتۇن بولۇپ قالغان؟ بۇ سوئاللارغا بېرىلىدىغان جاۋاب پورباجىندىن ئىبارەت بۇ لاي قەلئەنىڭ سىرىنى يېشىپ بېرىدۇ.

مويۇنچۇر (بايانچۇر دەپمۇ ئاتىلىدۇ) قاغان ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ ئىككىنچى ئەۋلاد قاغانى بولۇپ، دادىسى قۇتلۇق بىلگە قاغان ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن 747 ـ يىلى قاغانلىق تەختىگە چىققان. «جەسۇر ھەيۋىسى ئالەمگە تارالغان بىلگە قاغان» مويۇنچۇر ھەم باتۇر، ھەم چېۋەر قوماندان بولۇپ، يېڭى قۇرۇلغان ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ ئاساسىنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن «گوبى چۆللۈكى ۋە موڭغۇل يايلاقلىرىنى زىلزىلىگە كەلتۈرگەن ئاتلىق قوشۇن» تەشكىللىگەن، ئۇزاققا سوزۇلغان شىددەتلىك ئۇرۇشلار ئارقىلىق ئەتراپىدىكى دۈشمەنلىرىنى بويسۇندۇرۇپ، خانلىقنىڭ تېررىتورىيەسىنى «ئىلگىرىكى ھۇن ۋە تۈرك ئىمپېرىيەلىرىنىڭ زېمىنى دائىرىسى»گىچە كېڭەيتكەن. رۇس تارىخچىسى كېلياشتورنىي «مويۇنچۇر نۇرغۇن قوۋمنى ئاتاق ـ دېڭى بىلەن مەغلۇپ قىلغانىدى» دەپ يازغان. قىرغىز تارىخچى ئەنۋەر بايتۇر ئەپەندى ئۆز كىتابىغا «تاڭنامە. ئۇيغۇرلار» دىن ئالغان نەقىلدە «ئۇلار كەلگەن چاغدا ھەر قانداق ئادەمنى تىترەك باساتتى» دېيىلگەن. بۇنداق بولۇشىدا ئۇيغۇر قوشۇنلىرى ئەينى چاغدا تەڭداشسىز قوشۇن ئىدى. قاغان مويۇنچۇرنىڭ ئۆزىلا باتۇر ھەم چېۋەر بولۇپ قالماستىن ئايالى ئېل بىلگە خاتۇنمۇ باتۇر ھەم پاراسەتلىك ئايال ئىدى. ئوغۇللىرى تاي بىلگە تۇتۇق يابغۇ ۋە ئېدىگەن مويۇيمۇ تەڭدىشى يوق باتۇرلاردىن ئىدى. شۇڭا ئۇيغۇرلار مويۇنچۇرنى «قارا قاغان» دەپ ئۇلۇغلايتتى.

ئومۇمەن، موyۇنچۇر قاغان سەلتەنەت سۈرگەن مەزگىلدە ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ كۈچ - قۇدرىتى ۋە شان - شۆھرىتى ناھايىتى يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرۈلگەن.

دەل شۇ يىللاردا، يەنى 750 - يىللاردا تاڭ سۇلالىسى مىسلى كۆرۈلمىگەن پاراكەندىچىلىكلەرگە دۇچ كەلگەن. 751 - يىلى ئەرەبلەر بىلەن تالاستا بولغان ئوتتۇرا ئاسىيانى تالىشىش ئۇرۇشىدا تاڭ سۇلالىسىنىڭ كورېيان مىللىتىدىن بولغان داڭلىق سەركەردىسى گاۋ شەنجى قاتتىق مەغلۇپ بولۇپ، تاڭ سۇلالىسى ئوتتۇرا ئاسىيادىن تامامەن چېكىنگەن. ئارقىدىنلا، يەنى 755 - يىلى ئۆڭلۈك - سۆيگۈن ئىسيانى يۈز بېرىپ قالايمىقانچىلىقنى چېكىگە يەتكۈزگەن.

ئۆڭلۈك (ئەن لۇشەن) ئەسلى يىڭجۇ (ھازىرقى لياۋنىڭ ئۆلكىسىنىڭ جىنجۇ شەھىرى) لۇق بولۇپ، دادىسى غۇز، ئانىسى تۈرك ئىدى، دېيىلىدۇ. تەيۋەنلىك يازغۇچى، داڭلىق تارىخچى بەي ياڭ ئەپەندى «جۇڭگولۇقلارنىڭ تارىخ تېزىسى» ناملىق كىتابىنىڭ 2 - توم «ئۆڭلۈك - سۆيگۈن ھەربىي ئۆزگىرىشى» دېگەن بۆلىكىدە ئۆڭلۈكنى «ئۇ ناھايىتى مەردانە ھەم قابىلىيەتلىك سەركەردە ئىدى» دەپ يازغان. ئەنگلىيەلىك تارىخ - مەدەنىيەت تەتقىقاتچىسى فىرانسېس ۋۇد (Frances Wood) «يىپەك يولىنىڭ 2000 يىلى» ناملىق كىتابىدا ئۆڭلۈكنى «ھىيلىگەر ھەم ئەقىللىق، چېگرا رايونىدىكى مىللەتلەرنىڭ تىللىرىنى پىششىق بىلەتتى» دەپ يازغان. دېمەك، ئۇ ئادەتتىكى ئادەملەردىن ئەمەس ئىدى. شۇنداق بولغانلىقتىن بولسا كېرەك، سەركەردە ئۆڭلۈك تاڭ سۇلالىسى پادىشاھى لى لۇڭجى، يەنى تاڭ شۈەنزۇڭنىڭ ئەتىۋارلاپ ئىشلىتىشىگە مۇيەسسەر بولغان. تاڭ شۈەنزۇڭ پۈتكۈل مەملىكەتنى ئون ھەربىي مەھكىمىگە بۆلۈپ ئىدارە قىلىش سىياسىتىنى يولغا قويغان بولۇپ، لەشكىرىي ھوقۇقنى ھەرقايسى ھەربىي مەھكىمە ھىراۋۇلىنىڭ قولىغا تاپشۇرۇپ بەرگەن. بۇ ھىراۋۇللارنىڭ ھوقۇقى ناھايىتى چوڭ ئىدى. ئۆڭلۈك پىڭلۇ، فەنياڭ، خېدۇڭ، يەنى ھازىرقى چاۋياڭ، بېيجىڭ، تەييۈەندىن

ئىبارەت ئۈچ ئايماقنىڭ ھەمراۋۇلى ئىدى. ئۇنىڭ ئىلكىدە 160 مىڭ كىشىلىك ئارىلاشما قوشۇن بولۇپ، ئاساسەن تۈركىي قەبىلىلەر ۋە قىتانلاردىن تەشكىللەنگەن باتۇر چەۋەندازلار ئىدى. ئۆگلۈك ھەربىي ئىشلاردا قابىلىيەتلىك، مىجەزى چۇس، ئاغزى ئىتتىك سەركەردە ئىدى. ئۇ كۆپ قېتىم چاغئەنگە كېلىپ خان بىلەن كۆرۈشكەن. مۇشۇ جەرياندا ئوردىنىڭ چىرىكلەشكەنلىكى، ۋەزىر ئەزەم باشلىق مەنسەپدارلارنىڭ قولىدىن ئىش كەلمەيدىغانلىقى ئۇنىڭدا چوڭقۇر تەسىر قالدۇرغان. پادىشاھ تاڭ شۈەنزۇڭ ناھايىتى قابىلىيەتلىك ھەم دانا پادىشاھ ئىدى. بىراق، سەلتەنەت تەختىدە ئولتۇرغىنىغا 40 يىلدىن ئاشقان بولغاچقا بارا ـ بارا بىخۇدلاشقان. ئۇ 61 ياشقا كىرگەن يىلى 18 ـ ئوغلى لى ماۋنىڭ گۈزەللىكتە تەڭدىشى يوق ئايالى ــ 26 ياشلىق ساھىبجامال ياڭ يۈخۈەن (ياڭ گۈيفېي) گە مەپتۇن بولۇپ قېلىپ، ئۇنى بىر ئاماللار بىلەن ئۆز ئەمرىگە ئېلىۋالغان. ياشانغان پادىشاھ بۇ ياش ساھىبجامالغا ناھايىتى ئامراق بولۇپ قالغان. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ساھىبجامالنىڭ نەۋرە ئاكىسى ياڭ گوجوڭنى ۋەزىر ئەزەملىككە تەيىنلىگەن، باشقا ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىغىمۇ مۇھىم ھوقۇقلارنى بەرگەن. ياڭ گوجوڭ ۋەزىرلىككە ناباب، پاسىق ئادەم بولغاچقا ئوردىدا چىرىكلىكنى يامرىتىۋەتكەن. بىر قېتىم ئۆگلۈك بېيجىڭدىن چاغئەنگە خان بىلەن كۆرۈشكىلى كەلگەندە ياڭ گوجوڭ ئۇنىڭدىن كۆپ پۇللۇق پارا سورىغان. ئۆگلۈك بىر ئېغىز گەپ بىلەنلا رەت قىلىۋەتكەن ھەمدە ئۇنىڭغا تېگىشلىك ھۆرمەتمۇ بىلدۈرمىگەن. ياڭ گوجوڭ بۇنداق كەمسىتىشكە چىدىماي ئۆگلۈكنى ئۆجۈقتۇرۇش نىيىتىدە بولغان. شۇنىڭ بىلەن «خانغا قارشى چىقىش سۈيىقەستىدە بولغان» دېگەن بەتنامنى ئويدۇرۇپ چىقىرىپ، پادىشاھقا كۆپ قېتىم چېقىمچىلىق قىلغان. ئەمما پادىشاھ ئىشەنمىگەن. بەي ياڭ ئەپەندىنىڭ «جۇڭگولۇقلارنىڭ تارىخ تېزىسى» ناملىق كىتابىدا يېزىلىشچە، ياڭ گوجوڭ 755 ـ يىلى «مەجبۇرلاپ توپىلاڭ كۆتۈرگۈزۈش» ۋاستىسىنى قوللىنىپ، ئۆگلۈكنىڭ چاغئەندىكى

قەسىرگە ئوردا ياساۋۇللار قوشۇنىنى ئەۋەتىپ ئۇنىڭ قەسىرىدىكى مۇلازىملار ۋە مېھمانلارنىڭ ھەممىسىنى قىلىچتىن ئۆتكۈزگەن. ئۇنىڭ مەقسىتى ئۆڭلۈكنى تېرىكتۈرۈپ، پادىشاھقا قارشى تىغ تارتىشقا قىستاش ئىدى. ئۆڭلۈك دېگەندەكلا بۇ قىرغىنچىلىقتىن قاتتىق چۆچۈگەن ھەم غەزەپلەنگەن. ئۇ، پادىشاھقا ئەرز قىلىشنىڭ ھېچقانداق پايدىسى يوقلۇقىنى بىلەتتى. چۈنكى بارلىق مەلۇماتنامىلەر ياڭ گۇجۇڭنىڭ ئالدىدىن ئۆتەتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۆڭلۈك ئىسيان كۆتۈرۈش قارارىغا كېلىپ، 160 مىڭ كىشىلىك قوشۇنغا ياڭ گۇجۇڭغا جازا يۈرۈشى قىلىمىز، دەپ بۇيرۇق چۈشۈرگەن. نەتىجىدە 755 - يىلى نويابىردا ئۇ قول ئاستىدىكى تۈرك سانغۇنى سۆيگۈن بىلەن بىرلىكتە ئىسيان كۆتۈرۈپ چاڭئەنگە قاراپ قوشۇن تارتقان. ياڭ گۇجۇڭ بۇنىڭدىن خەۋەر تېپىپ گۇلقەقەلىرى ئېچىلىپ كەتكەن. چۈنكى، ئۆڭلۈكنىڭ بۇ ئىشى ئۇنىڭ ئارزۇ قىلغىنىدەك بولغان. ئۇ ئەمدى ئۆڭلۈكنى ئۆز يولى بىلەن قولغا ئېلىپ ئۇجۇقتۇرغىلى بولىدىغان بولدى، دەپ ئويلىغان. بىراق، ئۆڭلۈكنىڭ جەڭگىۋار قوشۇنى جەنۇبقا قاراپ توسالغۇسىز يۈرۈش قىلىپ، 34 كۈن ئىچىدە 700 كىلومېتىر ئىچكىرىلەپ، خۇاڭخې ۋادىسىغا كەلكۈندەك بېسىپ كەلگەن. شەرقىي ئاستانە لوياڭ ئۆڭلۈكنىڭ قولىغا چۈشۈپ كەتكەن. تاڭ سۇلالىسىنىڭ داڭلىق سەركەردىلىرىدىن فېڭ چاڭچى، گاۋ شەنجى، لى گۇاڭبى قاتارلىقلار ئارقا - ئارقىدىن مەغلۇپ بولغان. تاڭ سۇلالىسىنىڭ پايتەختى چاڭئەن خەۋپتە قالغان. ئوردىنىڭ ئىچى - تېشى پاتىپاراقچىلىق — ۋەھىمىگە چۈشكەن. بىردىنبىر ئامال سەنشى ۋە خېنەننىڭ مۇھىم ئۆتكىلى بولغان تۇڭگۇەننى مەھكەم ساقلاش بولۇپ قالغان. تۇڭگۇەن ئۆتكىلى قولدىن كەتسە چاڭئەننىڭ قولدىن كېتىشى بىردەملىك ئىدى. پادىشاھ تاڭ شۇەنزۇڭ تاڭ سۇلالىسى ھاكىمىيىتى مىسلىسىز خەۋپتە قالغان مۇشۇنداق ھالقىلىق پەيتتە، چارىسىز قالغان سەركەردە - سانغۇنلىرىغا قاراپ قاتتىق ئۈمىدسىزلەنگەن. توڭگۇەننى زادى كىممۇ مۇستەھكەم

ساقلاپ تۇرالار؟ دېگەن سوئال ئۇنى قاتتىق قىينىغان. ئاخىر ئۇ ئۇمىدىنى چاڭئەندىكى قەسرىدە كېسىلىنى داۋالىتىۋاتقان «غەربنى تىنچىتقۇچى سەركەردە» دەپ نام ئالغان قوشۇخانغا باغلىغان.

قوشۇخان تاڭ سۇلالىسىنىڭ سەركەردىلىرى ئىچىدىكى ئەڭ داڭلىق سەركەردە بولۇپ، ئۇنىڭ دادىسى كۇسەنلىك، ئانىسى ئۇدۇنلۇق ئىدى. ئانىسى ئۇدۇندىكى كاتتا جەمەت بولغان ۋايجىرا جەمەتىدىن ئىدى. دادىسى كۇسەندىكى قوشۇ قەبىلىسىنىڭ ئاقساقىلى ئىدى. تاڭ سۇلالىسىدىكىلەر ئۇنى قەبىلىسىنىڭ نامى بىلەن ئاتاپ قوشۇخان (哥舒翰) دەپ ئۇلۇغلىغان. ئۇ ناھايىتى قابىل سەركەردە بولغاچقا قول ئاستىدىكىلەرنىڭ ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولغان. پادىشاھ تاڭ شۈەنزۇڭمۇ ئۇنى ئەتىۋارلاپ ئىشلەتكەن. چىڭخەيدىكى ئۇرۇشتا تۇبۇتلەرنى بىرنەچچە قېتىم قاتتىق مەغلۇپ قىلىپ لىنتاۋنىڭ ئۇ تەرىپىگە قوغلىۋەتكەندىن كېيىن ئۇنىڭ شۆھرىتى ئالەمنى بىر ئالغان. چىڭخەي ۋە گەنسۇدىكى پۇقرالار:

شىمال ئاسمىنىدا چاقنار ئۈكەر يۇلتۇزى،
قىلىچ ئېسىپ تۇرار بۇندا قوشۇخان ئۆزى.
تۇبۇتلەر يايلاقتىن ھېچ كېچەلمەيدۇ،
يېتىنىپ لىنتاۋدىن ھېچ ئۆتەلمەيدۇ.


دەپ قوشاق توقۇپ، قوشۇخاننىڭ تەڭداشسىز سەركەردە ئىكەنلىكىنى مەدھىيىلىگەن. ئۇنىڭ تاڭ سۇلالىسىنىڭ غەربىي قىسمىدىكى كۈچلۈك خانلىق بولغان تۇبۇتلەرنى باتۇرلۇق بىلەن توسۇپ تۇرۇشى تاڭ شۈەنزۇڭنى بەك خۇش قىلىۋەتكەن. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭغا «غەربنى تىنچىتقۇچى سەركەردە» دەپ نام بەرگەن. قىزىق يېرى شۇكى، قوشۇخان بىلەن ئۆڭلۈكنىڭ مىجەزى پەقەت كېلىشمەيتتى. ئىككىسى بىر يەرگە كەلسىلا گەپ تالىشىپ قالاتتى. پادىشاھ تاڭ شۈەنزۇڭ ئۇ ئىككىسىنى «دۆلەتنىڭ تۈۋرۈكى» دەپ قاراپ، دائىم

ئۇلارغا ئاغا ـ ئىنى بولۇپ قېلىشقىلار، دەپ نەسىھەت قىلاتتى. 752 ـ يىلى بۇ ئىككىسى تەڭلا ئوردىغا كەلگەن. بۇ چاغدا تاڭ شۈەنزۇڭ مەھرەمبېگى، ئاغۋات گاۋ لىشىنى مەخسۇس ئۇلار ئۈچۈن زىياپەت ھازىرلاپ، ئالاھىدە كۈتۈۋېلىشنى بۇيرۇغان. قوشۇخان ئۆتلۈكتىن نەچچە ئون ياش چوڭ ئىدى. شاراب زىياپىتىدە ئۆتلۈك قوشۇخانغا يېقىنچىلىق قىلىپ: «مېنىڭ دادام غوز، ئانام تۈرك، سېنىڭ ئاناڭ غوز، داداڭ تۈرك. دېمەك، ئىككىمىزنىڭ قېنىمىز بىر، يېقىنراق ئۆتۈشكىنىمىز ياخشى» دېگەن. قوشۇخان بۇنىڭغا جاۋابەن «قەدىمكىلەردە ‹تۈلكە ئۆز ئىنىگە قاراپ ئۇرسە قوتۇر بولۇر› دېگەن گەپ بار» دېگەن. ئۆتلۈك بۇ سۆزنى «قوشۇخان مېنى مەسخىرە قىلىۋاتىدۇ» دەپ چۈشىنىپ، قاتتىق غەزەپلىنىپ، بىگىز بارمىقىنى قوشۇخانغا تەڭلەپ تۇرۇپ، «سەندەك ياۋايى تۈرك مۇشۇنداق دېيىشكە قانداق پېتىندىڭ؟!» دەپ تىللىغان. نەتىجىدە، ئىككىسى ئەپلەشمەك تۈگۈل جېدەللىشىپ كەتكەن. كېيىن ئۆتلۈك ۋەزىر ئەزەم ياڭ گوجوڭ بىلەن زىددىيەتلىشىپ قالغاندا، ياڭ گوجوڭ قوشۇخاننىڭ مەنسەپ ـ دەرىجىلىرىنى ئۆستۈرۈپ ئۆتلۈك بىلەن روبىرو تۇرالايدىغان قىلىپ قويماقچى بولۇپ، 754 ـ يىلى ئۇنىڭ مەنسىپىنى يەنىمۇ ئۆستۈرگەن. كۈتمىگەن يەردىن مەي ـ شارابقا ئامراق قوشۇخان بىر قېتىم قوشۇنلارنى كۆزدىن كەچۈرگىلى بارغاندا، شارابتىن زەھەرلەنگەنلىكى تۈپەيلى ھامامدا يۇيۇنۇۋېتىپ ھوشىدىن كەتكەن. باشقىلار خەۋەرسىز قالغاچقا خېلىغىچە سوغۇقتا قالغان. شۇ سوغۇق تەگكەنچە قوشۇخاننىڭ بوغۇم يالللۇغى ئېغىرلاپ كەتكەن. ئامالسىزلىقتىن چاڭئەنگە قايتىپ قەسرىدە كېسىلىنى داۋالىتىپ، تالا ـ تۈزگە چىقماي ياتقان. دەل شۇ مەزگىلدە پادىشاھ تاڭ شۈەنزۇڭ قوشۇخانغا ئەڭ يۇقىرى ھەربىي مەنسەپنى بېرىپ، 200 مىڭ كىشىلىك قوشۇن بىلەن تۇڭگۈەننى ساقلاشقا بۇيرۇغان. كاتتا ئىنئام ئاتا قىلىنغان. ئوردىدىكى بارلىق ئەلەمدار، قەلەمدارلارنى شەھەر سىرتىغىچە ئۇزىتىپ چىقىشقا بۇيرۇغان. قوشۇخان چاڭئەندىن چىقىپ تۇڭگۈەن-

گە بارغىچە تىت ـ تىت بولغان پادىشاھ ئۇنىڭغا كەينى ـ كەينىدىن يېڭىدىن ـ يېڭى مەنسەپلەرنى بەرگەن. بىرىپ ـ بىرىپ ئاخىر ۋەزىر دەرىجىسىگە تەڭ ئالىي مەنسەپ بەرگەن.

قوشۇخان تۇڭگۇەنگە بارغاندىن كېيىن بىر مۇشاۋىرى ئۇنىڭغا «ئۆڭلۈكنىڭ تويىلاڭ كۆتۈرۈشتىكى شوئارى ياڭ گۇجۇڭنى جازالاش. دېمەك، ئۇ ياڭ گۇجۇڭنى يوقىتىشنى باھانە قىلىپ ئىسيان كۆتۈرگەن. ئەگەر بىز 30 مىڭ لەشكەرنى تۇڭگۇەننى ساقلاشقا قويۇپ، قالغان 170 مىڭ لەشكەر بىلەن چاڭئەنگە بىرىپ، ياڭ گۇجۇڭنى ئۆلتۈرۈۋەتسەك، ئۆڭلۈكنىڭ چاڭئەنگە باستۇرۇپ بېرىشقا باھانىسى قالمايدۇ» دەپ مەسلىھەت بەرگەن. قوشۇخان بۇ پىلانغا قايىل بولغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنداق قىلمىغان. لېكىن چېقىمچىلار بۇ مەخپىيەتلىكنى ياڭ گۇجۇڭغا يەتكۈزۈپ قويغان. ياڭ گۇجۇڭ بۇنى ئاڭلاپ ئىنتايىن قورقۇپ، تاڭ شۈەنزۇڭغا مەكتۇپ سۇنۇپ، توختىماي مەسلىھەت بىرىپ، قوشۇخاننى تۇڭگۇەننى ساقلاپ يېتىۋەرمەي ئۆڭلۈككە قارشى لەشكەر تارتىشقا دەۋەت قىلغان. پادىشاھ ياڭ گۇجۇڭنىڭ گېپىگە كىرىپ قوشۇخاندىن ئۆڭلۈككە تەشەببۇسكارلىق بىلەن ھۇجۇم قىلىشنى تەلەپ قىلغان. قوشۇخان پادىشاھقا «ئۆڭلۈكنىڭ قوشۇنى توختىماي يۈرۈش قىلىپ ئۇرۇش قىلىپ پىشىپ كەتتى. غەلىبىسىرى ئۇرۇش قىلىپ جەڭگىۋارلىقى ئېشىپ كەتتى. مەن قوماندانلىق قىلىۋاتقان 200 مىڭ كىشىلىك قوشۇن كۆپ يىلدىن بېرى جايلاردا تۇرۇپ مۇداپىئە كۆرۈشكە ئادەتلىنىپ كەتكەن. ئۇلار مۇداپىئەدە تۇرۇشقا پۇختا. شۇڭا بىز مۇداپىئەدە تۇرۇپ، تو-پىلاڭچىلارنى توسۇپ، ئىچكى قىسىمدا پارچىلىنىش كۆرۈلگەندە ھۇجۇم قىلغىنىمىز ئەۋزەل» دەپ، ئۆز پىكرىدە تۇرغان. ياڭ گۇجۇڭ توختىماي كۇشكۇرتۇۋەرگەچكە ئاخىر پادىشاھ قوشۇخانغا قوشۇننى باشلاپ ئۆڭلۈك قوشۇنىغا قارشى ھۇجۇم قىلىشقا يارلىق چۈشۈرگەن. قوشۇخان نائىلاج 756 ـ يىلى ئۆڭلۈكنىڭ قول ئاستىدىكى ناھايىتى ھىيلىگەر بىر سانغۇنىنىڭ قوشۇنىنى قوغلاپ زەربە بەر-

گەن. ئۆڭلۈكنىڭ بۇ سانغۇنى بىر تەرەپتىن ئۇرۇشۇپ، بىر تەرەپ-
تىن قېچىپ قوشۇخاننىڭ 200 مىڭ كىشىلىك قوشۇنىنى بىر تار-
چۇقىا باشلاپ كىرىپ، ئۆزى ئالدى تەرەپتىكى ئېگىزلىكنى ئىگەل-
لىۋالغان. قوشۇخان جەنۇب تەرەپتە چىلىيەنشەن تېغى، شىمال تەرەپ-
تە خۇاڭخې دەرياسى، ئالدىدىكى ئېگىزلىكتە دۈشمەن قوشۇنى تو-
سۇپ تۇرغانلىقىنى، ئارقىسىدىن بولسا زور قوشۇن ھېچنېمىدىن
خەۋەرسىز ھالدا ھەدەپ ئالغا ئىلگىرىلەۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ چۆچۈپ
كەتكەن. قوشۇخان قىلتاققا چۈشكەنلىكىنى، باشقىچە يول تۇتۇشقا
كېچىككەنلىكىنى بىلىپ، سالغا ئولتۇرۇپ، دەريانىڭ ئوتتۇرىسىدا
تۇرۇپ جەڭگە قوماندانلىق قىلغان. ئۇرۇش تولىمۇ دەھشەتلىك بول-
غان. ھەممە يەر ئۆلۈككە توشۇپ كەتكەن. قوشۇخان ئۇرۇشتا يېڭىل-
لىپ، تىرىپىرەن بولۇپ كەتكەن قوشۇنىنى تاشلاپ، نەچچە يۈز قابىل




ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ «تارىخ» دەرسلىكىگە كىرگۈزۈلگەن بۇ خەرىتە تاڭ
سۇلالىسى دەۋرىدىكى قوشنا دۆلەتلەرنىڭ خەرىتىسى بولۇپ، بۇنىڭدا ئورخۇن
ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ غەربىي شىمالىدىكى ھازىرقى تۇۋا جۇمھۇرىيىتى تەۋەسى
دائىرىگە ئېلىنمىغان.

چەۋەندازلىرى بىلەن قورشاۋنى بۆسۈپ قاچقان. يول ئۈستىدە ئارام ئېلىۋاتقان چاغدا قول ئاستىدىكى بىر سەركەردە ئۇنى باغلاپ ئۆڭلۈككە ئاپىرىپ بەرگەن.

قوشۇخاننىڭ ئېچىنىشلىق مەغلۇپ بولغانلىقىنى ئاڭلاپ قورقۇپ كەتكەن پادىشاھ لى لۇڭجى ئوردا ئەھلىنى ئېلىپ ئالدىراپ ـ تېنەپ چاڭئەندىن 60 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى ما گۈيپو (شەنشىنىڭ شىپىڭ ناھىيەسىدە) غا قېچىپ بېرىۋالغان. بۇ چاغدا بارلىق بالا ـ قازانىڭ سەۋەبكارى بولغان ۋەزىر ياڭ گوجۇڭغا قارشى كەيپىيات كۈچىيىپ كەتكەن. غەزەپلەنگەن ئوردا ياساۋۇللار قوشۇنى پادىشاھنىڭ ما گۈيپودىكى تۇرالغۇسىنى قورشاپ، ياڭ گوجۇڭ ۋە ئۇنىڭ ئائىلىسىدىكى بارلىق كىشىنى قىلىچتىن ئۆتكۈزگەن. ئۆلتۈرۈلگەنلەرنىڭ ئىچىدە يەنە خانىش ياڭ گۈيفېينىڭ چوڭ ھوقۇقتا ئىگە ساھىبجامال ئاچا ـ سىڭلىسىمۇ بار ئىدى. ئوردا ياساۋۇللار قوشۇنىدىكىلەر ھەممە چاتاقنى تېرىغان، ئوردىنى چىرىتىۋەتكەن مۇناپىق ۋەزىر ياڭ گوجۇڭنى يوقاتقان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ سىڭلىسى ياڭ گۈيفېينىڭ قىساس ئېلىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن پادىشاھ لى لۇڭجىدىن ياڭ گۈيفېينى ئۆلتۈرۈۋېتىشنى تەلەپ قىلغان. ئوردا ياساۋۇللىرىنىڭ بېسىمىغا چارىسىز قالغان پادىشاھ تاڭ شۈەنزۇڭ ئامالسىز ھالدا كۆزلىرىگە ياش ئېلىپ تۇرۇپ ئامراق خانىشى ياڭ گۈيفېينى بوغۇپ ئۆلتۈرگەن. پادىشاھ لى لۇڭجى ــ تاڭ شۈەنزۇڭ ئۆزىنىڭ ئىقتىدارسىزلىقى تۈپەيلى ئوردىنىڭ ئىچى ۋە سىرتىدا مىسلىسىز تەس كۈنگە قالغان مۇشۇنداق ئەھۋالدىمۇ، سەلتەنەت تەختىنى بوشىتىشنى خالىمىغان. ئۇنىڭ ئوغلى لى خېڭ ياشانغان دادىسىنىڭ بۇ قەدەر بولۇمسىزلىقىغا چىداپ تۇرالماي، چاڭئەننىڭ 500 كىلومېتىر غەربىدىكى لىڭۋۇ (نىڭشيانىڭ لىڭۋۇ ناھىيەسى) غا بېرىپ شىمالىي ئايماق لەشكەرلىرىنىڭ ھىمايىسىدە، سەركەردە گو زىيى بىلەن بىرلىكتە قالدۇق قوشۇنلارنى توپلاشقا كىرىشكەن.

756 ـ يىلى نويابىردا ئۇ لىڭۋۇدا ئۆزىنىڭ تاڭ سۇلالىسىنىڭ سەلتە -



www.uyghurkitap.com

نەت تەختىگە ۋارىسلىق قىلغانلىقىنى جاكارلىغان. لى خېڭنىڭ سەلتەنەتتىكى نامى تاڭ سۇزۇڭ دەپ ئاتالغان. ئۇ چىڭدۇغا قېچىپ بېرىۋالغان دادىسى لى لۇڭجىنى شاھىنشاھ دەپ جاكارلىغان. بۇ چاغدا ئۆگلۇك قوشۇنى غەربىي ئاستانە چاڭئەننى ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى جايلارنىمۇ ئىشغال قىلىۋالغان ھەم ئۆگلۇك ئۆزىنى پادىشاھ دەپ ئاتىغان. پۇقرالار جېنىنى ئېلىپ قاچ ـ قاچقا چۈشكەن. «تەيپىڭنىڭ كەڭ يازمىلىرى» دېگەن كىتابتا «تيەنباۋنىڭ ئاخىرقى يىللىرى ئەن لۇشەن توپىلاڭ چىقاردى، ئوتتۇرا ئىقلىم داڭقاندەك قايىنىدى، كىشىلەر جەنۇبقا قاراپ قاچتى» دېيىلگەن. ئۇرۇش خانىۋەيرانچىلىقى ئىچىدە جەنۇبقا قاراپ قاچقان ئاشۇ يۈز مىڭلىغان بىگۇناھ ئاۋام ـ پۇقرا ئىچىدە تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى داڭلىق ئۇچ شائىرنىڭ بىرى دۇ فۇ (712 ــ 770) مۇ بار ئىدى. ئۇ «يۇرەك سۆزۈم» دېگەن شېئىرىدا ئۆزىنىڭ ئېچىنىشلىق ھالىتىنى مۇنداق ئىپادىلىگەن:

يار كېلىپ باسقاندا يەرنى ئوت ـ گىياھ،
يول ئېلىپ قاچتىم بەدەر مەغرىب تامان.

پۇتتا كەندىر كەش، ئۇچام جۇل ـ جۇل ئىدى،
قىلدى قوبۇل مېنى شۇ تۇرقۇمدا خان.

ئوردا ھەم دوستلار ئېچىندى ماڭا بەك،
كەپتۇ دەپ گۆر ئاغزىدىن ئېسەن ـ ئامان.

شائىر دۇ فۇ ئىنتايىن خەلقپەرۋەر روھقا ھەم رېئال، ئەمەلىي مەسىلىلەرگە كۆڭۈل بۆلىدىغان ئىجادىيەت خاھىشىغا ئىگە شائىر بولۇش سۈپىتى بىلەن، ئۆگلۇك ـ سۆيگۇن توپىلىڭىنىڭ ئالدى ـ كەينىدە شۇ چاغدىكى تارىخىي رېئاللىقنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان نۇر-

غوٗن شىئىر يازغان. كىيىنكىلەر دوٗ فوٗنىڭ بوٗ خىلدىكى شىئىرلىـ-
رىنى تەرتىپلەپ «شىئىرىي تارىخ» دەپ ئاتاشقان. ئوٗ چاغئەن شەھىرى
قولدىن كەتكەندىن كىيىنكى ئىچىنىشلىق رىئاللىقنى ئەكس ئەتـ-
تۇرگەن «ماكانسىز قالغاندىكى جوٗدالىق»، «پالاق ئوٗروٗپ خەنياڭغا
بىرىش» دىگەن شىئىرلىرىدا موٗنداق مىسرالارنى يازغان:

تيەنباۋ يىلى ئوٚڭلوٗك ـ سوٚيگوٗن غوۋغا پەيتى،
چوڭ ـ كىچىكلەر پىتىراپ ھەريان قىچىپ كەتتى.

مەلىمىزدە يوٗز ئوٚيلوٗكتىن قالماي بىرى،
باغبارالىنى خوخا ـ يانتاق بىسىپ كەتتى.

ھاياتلارنىڭ ئىز ـ دىرىكى بولماي توٗگەل،
ئوٚلگەنلەرموٗ يەر تەكتىدە چىرىپ كەتتى.

قوشوٗنىمىز جەڭدە بولوٗپ تىرىپىرەن،
شوٗ قاچقانچە قەدىمىم ئوٚز يوٗرتقا يەتتى.

* * *

يىغا ـ جىدەل قايناپ كەتتى پوٗتكوٗل ئەلدە،
نەگە بارساڭ يول ـ جىلغىلار ئىس ـ توٗمانلىق.

تاپ ـ جەسەتلەر دوٚۋە ـ دوٚۋە، گىياھ بوٗسلوٗق،
قان ئاقمىغان يا توٗزلەڭ يوق، يا توقايلىق.

* * *

نە ھاياتلىق قالدى بۇندا ھەممىسى كەتتى ئۆچۈپ،
ئۆزاتقىلى چىقماس بىرەرسى ياتىدۇ قورقۇپ مۆكۈپ.
قالدى كىشىنەپ ئوتتۇرا ئىقلىمدا رۇڭلارنىڭ ئېتى،
قانچە كۆز تىكسەڭ يىراققا كۆرۈنمەس گىياھى ـ چۆپ.
بۇ سېرىق باش دى قوۋمىنىڭ پەرزەنتلىرى،
غەربىي قاسناقتىن كېلىپ قىلدى پاراكەندە ئەجەب.
ئات مىنىشسە توپ بولۇپ، غۇي قىلىپ ئۆتەر ئۇيان،
ئەگرى يادىن ئوق ئۈزەر، تۇرار قىلىچلارنى بىلەپ.

قالمىدى بۇ قىشلىقى ئون ئۆيدە بىرمۇ ياش يىگىت،
ئاقتى قان چىنتاۋ يېرىدە سۇ بولۇپ دولقۇنلىنىپ.
بىپايان ۋادا ياتار تىمتاس، يوق جەڭدىن دېرەك،
قىرىق مىڭ لەشكەر بىركۈن ئىچىدە كەتتى ئۆلۈپ.

تاڭ سۇلالىسى ئىككى پايتەختىدىن ئايرىلىپ، قوشۇنلىرى تىردپىرەن بولۇپ، خەلق خانىۋەيران كۇنگە قېلىپ، ئىسيانچىلارنىڭ ئاتامانى ئۆزىنى پادىشاھ دەپ ئاتىۋالغان مۇشۇنداق شارائىتتا، تاڭ سۇلالىسى ئىسمى بار، جىسمى يوق ھالغا چۈشۈپ قالغان. ئۇنىڭ ئۇستىگە تاڭ سۇلالىسى ئېغىر ھالدا قالغان مۇشۇنداق جىددىي پەيتتە، قوشۇخاندىن قۇتۇلغان تۇبۇتلەر پۇرسەتپەرەسلىك قىلىپ گەنسۇ تەرەپتىن ھۇجۇم قىلىپ زېمىن ئىگىلىۋېلىش كويىغا كىرگەن. تاڭ سۇلالىسى قاتمۇقات قىيىنچىلىققا دۇچ كېلىپ، تولىمۇ ئېغىر كۇنگە قالغاندا، يېڭىدىن خانلىق تەختىگە چىققان پادىشاھ لى خېڭ ۋەزىيەتنى ئوڭشاش ئۇمىدىنى سەددىچىنىنىڭ شىمالىدا دەۋران سۇرۇۋاتقان ئۇيغۇر خانلىقىغا باغلاپ، نائىلاج ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ قاغانى مويۇنچۇردىن ھەربىي ياردەم سوراپ گو زىيى باشلىق ئىككى سەركەردىنى ئەلچىلىككە ئەۋەتكەن. رۇسىيەلىك تارىخچى

گۇمىلېفنىڭ «قەدىمكى تۈركلەر» دېگەن كىتابىدا يېزىلىشىچە «مو-يۇنچۇر قاغان تاڭ سۇلالىسى سەركەردىسى گو زىيىنى ئاۋۋال بۆرە باشلىق بايراقتا تەزىم قىلدۇرۇپ، ئۇشبۇ مۇراسىمنى بېجىرگەندىن كېيىن ئۆزىگە يېقىنلاشتۇرغان.» نەتىجىدە، ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى بىلەن تاڭ سۇلالىسى ئوتتۇرىسىدا كېلىشىم تۈزۈلگەن. تارىخچى لىن گەن ئەپەندىنىڭ «تۈرك تارىخى» ناملىق كىتابىدا يېزىلىشىچە، كېلىشىمنىڭ مەزمۇنى: «شەھەر – يۇرتلار قايتۇرۇۋېلىنغاندىن كېيىن، يەر – زېمىن بىلەن پۇقرالار تاڭ سۇلالىسىگە قايتۇرۇلىدۇ، ئالتۇن – كۈمۈش، تاۋار – دۇردۇنلار بىلەن خوتۇن – قىزلار ئۇيغۇرلارغا تەۋە بولىدۇ» دەپ تۈزۈلگەن. كېلىشىمدە يەنە غەلىبىدىن كېيىن «تاڭ سۇلالىسى ھەر يىلى ئۇيغۇر خانلىقىغا 200 مىڭ توپ يىپەك سوۋغا بېرىش، تاڭ سۇلالىسى ئۇيغۇر ئاتلىرىنى سېتىۋېلىش» توغرىسىدىكى توختامنامىمۇ تۈزۈلگەن. كېلىشىم بويىچە مويۇنچۇر قاغان چوڭ ئوغلى تاي بىلگە تۇتۇق يابغۇ بىلەن ۋەزىر دىدي (دەدە) باشچىلىقىدا 4000 كىشىلىك خىللانغان ئاتلىق قوشۇننى تاڭ سۇلالىسىگە ياردەمگە ئەۋەتكەن. ئۇلارنى تاڭ سۇلالىسىنىڭ يېڭىدىن تەختكە چىققان پادىشاھى تاڭ سۇزۇڭ ئۆزى كۈتۈۋالغان. تاڭ سۇزۇڭ شۇ يەردىلا ئۆزىنىڭ ئوغلى لى يۈنى تاي بىلگە تۇتۇق يابغۇ بىلەن ئاكا – ئۇكا بولۇشقا دالالەت قىلغان. شائىر دۇ فۇ «قىرانلىقتىكى ساياھەتلىرىم» دېگەن ئۇزۇن شېئىرىدا بۇ ھەقتە مۇنداق مىسرالارنى يازغان:

خېبېي ياقتا ئۆكلۈك، سۆيگۈن توزان سورۇپ،
بۈيۈك پادىشاھ سىچۇەن تامان تىكىۋەتتى.

ئىككى ئوردا تۈمەن چاقىرىم يىراقلىقتا،
سۈرلۈك بولۇپ كۈنۈ تۈنلەر ھۆرپىيەتتى.

ئۇيغۇرلاردىن چەۋەندازلار چىللاپ كېلىپ،
يېڭى ۋارىس ئۆز ئالدىغا ئىش تەۋرەتتى.

ياردەمگە كەلگەن ئۇيغۇر ئاتلىق قوشۇنى سەركەردە گو زىيىنىڭ قوشۇنى بىلەن 757 ـ يىلى پايتەخت چاڭئەننىڭ غەربىدىكى فېڭشۇي دەرياسىنىڭ شەرقىدە ئۆڭلۈكنىڭ ئىسيانچى قوشۇنى بىلەن جەڭ قىلىشقا هازىرلانغان. ئامېرىكىلىق توماس بارفىلد بۇ توغرۇلۇق مۇنداق يازغان: «ئۇيغۇرلار 757 ـ يىلى 4000 كىشىلىك ئاتلىق قوشۇن بىلەن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە كەلدى. تاڭ سۇلالىسى بىلەن ئىسيانچى قوشۇننىڭ زور ئەسكىرىي كۈچىگە سېلىشتۇرغاندا، بۇ ناهايىتىمۇ ئاز ئەسكىرىي كۈچ ئىدى. لېكىن ئۇلارنىڭ بۇ ياردىمى غەلىبە ـ مەغلۇبىيەتنى بېكىتىشكە يېتەرلىك ئىدى.» ئۆڭلۈكنىڭ ئىككى سەركەردىسى 100 مىڭ كىشىلىك لەشكىرى بىلەن شىمال تەرەپتە سەپ تارتىپ تۇراتتى. سەركەردە گو زىيى باشچىلىقىدىكى تاڭ سۇلالىسى قوشۇنىنىڭ سېپى 30 چاقىرىمغا سوزۇلغانىدى. دەسلەپ ئۆڭلۈك قوشۇنىنىڭ سەركەردىسى لى گۈيرىن هەيۋە بىلەن كېلىپ تاڭ سۇلالىسى قوشۇنىغا هۇجۇم قىلىپ، قاتتىق ئەنسىزلىك پەيدا قىلغان. مۇشۇنداق ۋەزىيەتتە «ئۇيغۇر قوشۇنى تۇيۇقسىز ئارقىدىن هۇجۇم قىلىپ قاراقچىلار قوشۇنىنى يەر بىلەن يەكسان قىلغان. چۈشتىن تارتىپ قاراڭغۇ چۈشكىچە قاراقچىلاردىن 60 مىڭى ئۆلتۈرۈلگەن». بۇ قېتىمقى ئۇرۇشتا توپىلاڭچى قوشۇننىڭ شەنشى تەۋەسىدىكى كۈچى ئېغىر تالاپەتكە ئۇچرىغان، شۇنىڭ بىلەن تاڭ سۇلالىسىنىڭ پايتەختى قايتىدىن تاڭ سۇلالىسىنىڭ قولىغا ئۆتكەن. بۇ چاغدا چاڭئەندە ئۆزىنى پادىشاھ دەپ ئاتىۋالغان ئۆڭلۈكنىڭ ئىككى كۆزى قارىغۇ بولۇپ قالغان بولۇپ، شۇ سەۋەبتىن جىلىخور بولۇپ كەتكەن. كىچىككىنە ئىشلارغىمۇ تېرىكىپ ئادەم ئۆلتۈرىدىغان مۇتتەهەم ئادەتكە كۆنۈۋالغان. بىر قېتىم ئوغلى بىلەن ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا تالاش ـ تارتىش يۈز بېرىپ ئۇ ئوغلىنى ئۆلتۈرمەكچى بولغاندا ئوغلى ئەن چىڭشۇ تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن. فېڭشۇي دەرياسى بويىدىكى ئۇرۇشتا ئۆڭلۈك قوشۇنى ئېغىر تالاپەتكە ئۇچرىغاندىن كېيىن، چاڭئەننى تاشلاپ لوياڭغا قاچقان. توپىلاڭچىلارنىڭ

ھەش ـ پەش دېگۈچە مەغلۇپ بولۇپ چاڭئەننى تاشلاپ قېچىشى تاڭ سۈلالىسىنىڭ ئاۋام ـ پۇقرالىرىنى قاتتىق شادلاندۇرۇۋەتكەن. شائىر دۇ فۇ بۇ چاغدا «شىمالغا سەپەر» دېگەن مەشھۇر شېئىرىنى يېزىپ ئۇيغۇر قوشۇنلىرىغا ئاتاپ مۇنداق مىسرالارنى پۈتكەن:

كەپتۇ بەش مىڭ لەشكىرى سەپ ـ سەپ بولۇپ،
بىر تۈمەنچە ئارغىماقنى چاپتۇرۇپ.

لەشكىرى ئۇيغۇرلارنىڭ شۇڭقار ئىكەن،
ياۋ سېپىگە ئوقسىمان ئۇچار ئىكەن.

شاھ ئۈمىدىنى ئۇلارغا باغلىدى،
باشقىچە گەپكە قۇلاقمۇ سالمىدى.

بۇ چاغدا ئۇيغۇر قوشۇنلىرى باشتا تۈزۈشكەن كېلىشىمدىكى شەرت بويىچە چاڭئەن شەھىرىنى بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلماقچى بولغاندا، پادىشاھنىڭ ئۇيغۇر شاھزادىسى بىلەن ئاكا ـ ئۇكا بولۇشقان ئوغلى لى يۈ شەرقىي ئاستانە لوياڭنى قايتۇرۇۋېلىش ئۇرۇشىغا ياردەم قىلىپ، ئاندىن ئىككى ئاستانىنى خالىغانچە بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلىۋېلىش توغرۇلۇق تەكلىپ بەرگەن.

شائىر دۇ فۇ گەرچە ئىككى تەرەپ ئوتتۇرىسىدىكى ئىچكى كېلىشىمدىن خەۋەرسىز بولسىمۇ، ئەمما، ئۇيغۇر قوشۇنلىرىنىڭ لوياڭنى قايتۇرۇۋېلىش ئۇرۇشىغا قاتنىشىشىنى تازا خالىمىغان. ئۇ بۇ ئەندىشىلىك ھېسسىياتىنى تۆۋەندىكى مىسرالارغا پۈتكەن:

بىزگە شېرىكلىككە خان مايىل ئىكەن،
ئات مىنىشكە لەشكىرى قابىل ئىكەن.
بىلسىمۇ ئۇلارنى دەپ مىڭ قەيسەران،
قانچە ئاز كەلتۈرسە ئەۋزەل بىگۇمان.

ئالغىلى لوياڭنى كۈچ كەتمەس ئىدى،
بەلكى چاڭئەنگە ھۇجۇملا بەس ئىدى.

ئەمدىكى ئۇرۇش شەرقىي ئاستانە لوياڭنى قايتۇرۇۋېلىش ئۇرۇشى ئىدى. بۇ قېتىمقى ئۇرۇش مۇھىم ھەربىي بازا شىندىيەن قەلئەسىدە بولغان. ئۆڭلۈكنىڭ ئوغلى ئەن چىڭشۇ بۇ يەردە 100 مىڭ كىشىلىك لەشكەر بىلەن تاڭ سۇلالىسى قوشۇنىنىڭ شەرققە يۈرۈش قىلىشىنى توسماقچى بولغان. تارىخچى ليۇ زىشاۋ ئەپەندى كىتابىدا «ئەلنى ئىدارە قىلىشنىڭ ئۆرنەكلىرى» ناملىق مەشھۇر كىتابنىڭ 220 ـ جىلدىدە قالدۇرۇلغان بۇ قېتىمقى ئۇرۇش توغرىسىدىكى مۇنۇ خاتىرىنى نەقىل ئالغان: «گو زىيى سەردارلىقىدىكى تاڭ سۇلالىسى قوشۇنى شىندىيەندە باندىتلار بىلەن ئۇچراشقاندا، باندىتلار تاغ بويىدا سەپ تۈزگەنىدى. گو زىيى دەسلەپكى ئۇرۇشتا ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىدى. باندىتلار تاغدىن چۈشۈپ ھۇجۇمغا ئۆتتى. ئۇيغۇرلار تاغنىڭ جەنۇبىدىن باندىتلارنىڭ ئارقا تەرىپىگە ھۇجۇم قىلىپ، جاھاننى چاڭ ـ توزان قاپلاپ كەتكەن ئەھۋالدا، باندىتلارغا قارىتىپ يادىن ئون نەچچە تال ئوق ئۈزگەندىن كېيىن، باندىتلار ۋەھىمىگە چۈشۈپ، ‹ئۇيغۇرلار كەلدى› دەپ چۇقان سېلىشىپ تىرىپىرەن بولۇپ كەتتى. پادىشاھلىق قوشۇن بىلەن ئۇيغۇرلار باندىتلارنى ئىسكەنجىگە ئېلىپ، ئۇلارنى ئېغىر تالاپەتكە ئۇچراتتى. دۈشمەن جەسەتلىرى پۈتكۈل دالانى قاپلاپ كەتتى.» داڭلىق كلاسسىك ئەسەر «ئەلنى ئىدارە قىلىشنىڭ ئۆرنەكلىرى» دىكى بۇ خاتىرىدىن قىسمەن پەرقلىق ھالدا گۇمىلېف «قەدىمكى تۈركلەر» دېگەن كىتابىدا 4000 ئاتلىق ئۇيغۇر چەۋەندازلىرىنىڭ يەنە 4000 ئاتنىڭ قۇيرۇقىغا شاخ ـ شۇمبىلارنى چىگىپ يىراقتىن چاڭ توزۇتۇپ، سۈر ـ ھەيۋە پەيدا قىلىپ، دۈشمەننى قورقۇنچقا سالغانلىقىنى، ئارقىدىن ياۋ قوشۇنىغا بوراندەك باستۇرۇپ كەلگەنلىكىنى، ياۋ قوشۇنى ئۇيغۇرلارنىڭ ئە-

جەللىك زەربىسىگە ئۇچرىماي تۇرۇپلا «ئۇيغۇرلار كەلدى» دەپ قاچ-
قانلىقىنى قەيت قىلغان. بۇ قېتىمقى زەربە ئارقىلىق تاڭ سۇلالىسى
لوياڭنى قايتۇرۇۋالغان. ئۇيغۇرلارنىڭ ياردەمگە كەلگەن 4000 كىشى-
لىك قوشۇنىنىڭ تەڭداشسىز باتۇرلۇقى نەتىجىسىدە 20 كۈندە تاڭ
سۇلالىسىنىڭ ئىككى پايتەختى قايتۇرۇۋېلىنغان. تاڭ سۇلالىسى
ئۇيغۇر قوشۇنلىرىنىڭ توپىلاڭنى باستۇرۇش داۋامىدا كۆرسەتكەن
تۆھپىلىرىگە يۈكسەك باھا بېرىپ نەزم، خاتىرىلەر پۈتۈشكەن. تا-
رىخچى لىۇ زىشاۋ ئەپەندىنىڭ كىتابىدا «يېڭى تاڭنامە» ناملىق ئە-
سەرنىڭ 217 ـ جىلدىدىن ئېلىنغان مۇنداق ئىككى كۇپلېت شېئىر
مىسال قىلىنغان:

خەۋپ ـ خەتەر كەلگەندە باشقا بولدى ھەمدەم بىر نىيەت،
جەڭدە كۆرسەتتى جاسارەت، تۆھپىسى بولدى بىھەت.
گەرچە تۇرساقمۇ يىراقتا كۆڭلىمىز رىشتى تۇتاش،
تا ئەزەلدىن كۆرۈلۈپ باققان ئەمەس بۇنداق سۆپەت.

بىز ئۇچۇن چەكتى جاپا شەرتسىز كېرىپ كۆكرەكنى كەڭ،
ئالمىدى ئارتۇق نېسىۋە خىزمىتى ئۇچۇن پەقەت.
ئاي بىلەن كۈنگە ئۇلارنى بولىدۇ تەڭلەشتۈرۈپ،
ياشىغاي پەزىلىتى ئەۋلادتىن ـ ئەۋلادقا ئەبەت.

تارىخچى لىن گەن، گاۋ زىخۇ ئەپەندىلەر يازغان «قەدىمكى ئۇي-
غۇرلار تارىخى» ناملىق كىتابتا ئۇيغۇر قوشۇنلىرى بىلەن ئۇيغۇر
قاغانىنىڭ شاھزادىسى تاي بىلگە تۇتۇق يابغۇنى مەدھىيەلەپ «تاڭ
يارلىقلىرى» توپلىمىغا پۈتۈلگەن تۆۋەندىكى قەسىدە مىسال كەلتۈ-
رۈلگەن:

قەددى ـ قامەتتە كېلىشكەن، پاراسەتتە تەڭداشسىز،
ۋەدىسىدىن يانمايدىغان ئۇيغۇر قاغانى يابغۇ.

تۇمەنلىگەن ياۋ ئۈستىدىن كەلدى غالىب،
شۇڭا ئۇ بەگلەر سەردارى بولۇشقا لايىق...
ئۇ يەم ـ پاراسەت بىلەن ئاتلاندى جەڭگە،
قالدى ئۇنىڭ چاقىرىم مۇساپە يىراقتا،
قىلدى شىددەتلىك يۈرۈش.
توختىماي يۈرگەچكە شۇنچە جاسارەت بىلەن،
ياندى قولغا يىگىرمە كۈندە ئىككى پايتەختىمىز...
ئاي ـ كۈن كەبى ئۈچمەس تۆھپىسى شۇنچە نۇرانە،
ياشىغاي يەزىلىتى ئەۋلادتىن ـ ئەۋلادقا تائەبەد.

ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ ئاتلىق لەشكەرلىرى ئىككى خانلىقنىڭ ھەمكارلىق، دوستلۇق تارىخىغا زور تۆھپە قوشقان بولسىمۇ، ئەمما ئاخىرىدا ئەپسۇسلىنارلىق بىر سەھىپىنى پەيدا قىلغان. ئۇلار بۇنداق كۆڭۈلسىز سەھىپىنى پەيدا قىلىشتا باشتا تۈزۈشكەن كېلىشىمدىكى شەرتكە ئىسلىۋېلىشقان. ئۇلار كېلىشىم بويىچە «شەھەر ـ يۇرتلار قايتۇرۇۋېلىنغاندىن كېيىن يەر ـ زېمىن بىلەن پۇقرالار تاڭ سۇلالىسىگە قايتۇرۇپ بېرىلىدۇ، ئالتۇن ـ كۈمۈش، تاۋار ـ دۇردۇنلار بىلەن خوتۇن ـ قىزلار ئۇيغۇرلارغا تەۋە بولىدۇ» دەپ قاراپ، چاڭئەن بىلەن لوياڭ شەھىرىنى ئۈچ كېچە ـ كۈندۈز بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلغان. تاڭ سۇلالىسىنىڭ قوشۇنلىرى كۆرمەسكە سالغان. بۇنىڭدىن غەزەپلەنگەن شائىر دۇ فۇ چەكتىن ئاشقان بۇ قىلمىشقا نەپرەتلىنىپ كۆپلىگەن شېئىرلارنى يازغان. بۇ شېئىرلاردىكى مۇناسىۋەتلىك مىسرا، كۇپلېتلار تۆۋەندىكىچە:

«ئۇزۇملۇك ئايۋان سارايلار ئىچىدە
گۆش يېمەكتە ئۇيغۇرلار بەزمە قۇرۇپ.»
«ئاخىر نەشتەر سانجىيدىغان زەھەرلىك ھەرە»
«تا قەدىم ئەپيام بۇلار ئاپەت ئىدى،
شائىرلارنىڭ يازغىنى نەپرەت ئىدى.»

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

«غۇز دېگەن بۇ لەنتىنى بەك يېقىن تۇتساڭ ئەگەر،
بول پەخەس بىرىش ـ كېلىشتە چىققۇسى هامان خەتەر.»

«يېنىمىزدا بار ئىكەن ئۇلار هامان،
تۈگمەيدۇ دەرد ـ ئەلەم، دىلدا پىغان.»

«بەرھەقتۇر، بۇ قوشۇن دائىم،
جەڭدە جەسۇر، ئۇرۇشتا تەڭسىز.
لېكىن ۋەھشىيلىك بابىدا ئۇلار،
باندىتلاردىن قېلىشماس شەكسىز.
خەلقنىڭ نالىسى يىرتار قۇلاقنى،
ئەزىم دەريا ئۇززە ئاقار مۇردىلار.
تۇتقۇن بولغان قىز ـ جۇۋانلار پىغانى،
يۇرت ـ يۇرتلاردا پەلەككە ئۆرلەر.»

ئۇيغۇر قوشۇنلىرى چاڭئەن، لوياڭلارنى ھەددى ـ ھېسابسىز بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلغاچقا «شەھەر ئاقساقاللىرى ئۇيغۇر لەشكەرلىرىگە مۇراجىئەت قىلىپ: تەرتىپسىزلىك توختىتىلسا، سىلەرگە لازىم بولىدىغان يىپەك رەختلەرنى بىزلا بەرسەك، دەپ نۇرغۇن نەرسىنى سوۋغا قىلغان.»

پادىشاھ تاڭ سۇزۇڭ ئۇيغۇرلارنىڭ لەشكەر چىقىرىپ توپىلاڭنى تىنچىتىپ بەرگىنىگە جاۋاب قايتۇرۇش ئۈچۈن 758 ـ يىلى پەرمان چىقىرىپ مويۇنچۇر قاغانغا «تەڭرىدىن بولمىش ئەل ئەتمىش بىلگە قاغان» (تەڭرى تەرىپىدىن ئۇلتۇرغۇزۇلغان، دۆلەتنى تەشكىللىگەن دانىشمەن قاغان) دېگەن ئاتاقنى بەرگەن. ئۆزىنىڭ كىچىك قىزىغا «نىڭگو مەلىكە» (宁国公主 ـــ دۆلەتنى ئەمىن تاپقۇزغۇچى مەلىكە) دەپ نام بېرىپ، مويۇنچۇر قاغانغا ياتلىق قىلىپ ئەۋەتىپ بەرگەن.

تارىختا ئۆتكەن جۇڭگو خانلىرى يايلاق مىللەتلىرىنىڭ خاقانلىرىغا ئەزەلدىن ئۆزىنىڭ قىزىنى بېرىپ باقمىغان. ئوردىدىكى كېنىزەكلەرنى قىزى ئورنىدا ياتلىق قىلىپ كەلگەن. نىڭگو مەلىكە يايلاق خانلىقلىرىغا ياتلىق قىلىنغان تۇنجى ھەقىقىي مەلىكە ھېسابلىنىدۇ. پادىشاھ نىڭگو مەلىكىگە قوشۇپ ئۆزىنىڭ سىڭلىسىنى «كىچىك نىڭگو مەلىكە» دەپ نام بېرىپ مويۇنچۇر قاغاننىڭ ئوغلى، ياردەمچى قوشۇنىنىڭ سەركەردىسى تاي بىلگە تۇتۇق يابغۇغا ياتلىق قىلغان. «سۇي ـ تاڭ سۇلالىلىرىدە ئۆتكەن مەشھۇر ئۇيغۇر تارىخىي شەخسلەر» ناملىق كىتابتا «كونا تاڭنامە 195 ـ جىلد» «ئۇيغۇرلار ھەققىدە قىسسە» دىن ئېلىنغان نەقىلدە مۇنداق دېيىلگەن: «پادىشاھ تاڭ سۇزوڭ زىياپەتتە تاي بىلگە تۇتۇق يابغۇنى يۇزتۇرا مەدھىيەلەپ دۆلىتىمىزدە مۇشۇنداق زور ئىشنىڭ ۋۇجۇدقا چىقىشى پۈتۈنلەي سىلەر ئۇيغۇرلارنىڭ پىدائىيلارچە كۈچ چىقارغانلىقىڭلاردىن بولدى. ئۇيغۇر يابغۇسى جاپالىق شارائىتتا تۆھپە يارىتىپ قوشنا دۆلەتنى مەردلىك بىلەن ساقلاپ قالدى. ئارىمىزدا ھازىرغىچە بۇنداق ئىشنى بىراۋ ئاڭلاپ باققان ئەمەس... ئۇيغۇر يابغۇسى تالانتتا تەڭداشسىز، مەرتىۋىدە ئەڭ ئۇستۇن تۇرغۇسىدۇر. جاھان بۇزۇلۇپ، يامانلىق ئەۋج ئالغان، ئوتتۇرا ئىقلىم قولىمىزدىن كېتىش ئالدىدا تۇرغان بىر پەيتتە، خاقانىمىز قوشۇن تارتىپ چىقىپ، پەم ـ پاراسەت بىلەن ياۋۇز دۈشمەنلەرنى جازالىدى. بىرلا غەيرەت بىلەن تۈمەن چاقىرىملاپ جايلارنى تازىلاپ، 20 كۈن ئىچىدە ئىككى پايتەختنى قايتۇرۇۋالدى» دەپ كۆككە كۆتۈرگەن. پادىشاھ تاڭ سۇزۇڭ ئۇلارغا قوشۇپ نۇرغۇن زىبۇ ـ زىننەت، تاۋار ـ دۇردۇندىن تىكىلگەن ھەر خىل كىيىم ـ كېچەك سوۋغا قىلغان. نەۋرە ئىنىسى لى يۇ بىلەن جىيەنى لى شۇننى مويۇنچۇر قاغانغا نام بەرگۈچى ئەلچى، نىڭگو مەلىكىنىڭ توي مۇراسىم بېگى قىلىپ تەيىنلەپ ئۇيغۇر خانلىقىغا ئەۋەتكەن. ئەلچىلەر ئۆمىكى سەپەرگە چىققاندا تولىمۇ داغدۇغىلىق ئۇزىتىلغان. لى يۇ قاتارلىقلار ئۇزۇن مۇساپىنى بېسىپ، كېلىنچەك

بىلەن بىر تالاي سوۋغا ـ سالامنى ئېلىپ ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى-نىڭ پايتەختى ئوردۇبالىققا يېتىپ بارغاندا، دەسلەپ مويۇنچۇر قاغان ئۆز تۆھپىسىنى پەش قىلىپ، تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئەلچىلىرىنى كۆزگە ئىلمىغان. كېيىن ئەلچىلەر تاڭ سۇزۇڭىنىڭ مەكتۇپىنى كۆرسەتكەندىن كېيىن، مەكتۇپتىكى «ساداقەتمەنلىكىڭىزگە تەشەككۈر ئېيتىش ئۈچۈن سۇلالىمىزنىڭ مەلىكىسىنى ياتلىق قىلدۇق. مەن ئۆز قىزىمنى يىراق تامانغا ياتلىق قىلىپ، ئۆزۈمنىڭ مېھرىمنى ئىزھار قىلدىم. ئۇ چەت ـ يىراق يۇرتقا باردى، ئۇنى قەدىرلىگەيسىز...» دېگەن مەزمۇنلارنى ئوقۇغاندىن كېيىن پوزىتسىيەسىنى ئۆزگەرتكەن. ئىككىنچى كۈنى چوڭ توي ئۆتكۈزۈپ نىڭگو مەلىكىنى ئەمرىگە ئالغان. نىڭگو مەلىكە ئۈچۈن تېرىخول كۆلىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى دۆڭگە تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئوردىسىغا ئوخشىتىپ قەلئە سالدۇرغان. سوغدىلار بىلەن تاڭ سۇلالىسىدىن كەلگەن ھۈنەرۋەنلەرگە سېلىنغا دەرياسى بويىدا بايبالىق دېگەن شەھەرنى سېلىشقا بۇيرۇق بەرگەن. مويۇنچۇر قاغان بۇ تارىخىي ۋەقەلەرنى «مويۇنچۇر مەڭگۈ تېشى» دا مۇنداق خاتىرىلەتكەن: «توخۇ يىلى (757 ـ يىلى) دا ... ئىككى قىزىنى (سوۋغات قىلىپ) بەردى. سۆزىڭىزنى يىرماي دېدى، خاتا ئىش قىلماي دېدى ... سوغدىلار ۋە تابغاچلارغا سېلىنگا دەرياسى بويىدا بايبالىقنى سالدۇردۇم ...»

تاڭ سۇلالىسى ھالاكەت خاراكتېرلىك خەۋپكە دۇچ كېلىپ، ھەربىي كۈچى مىسلىسىز دەرىجىدە ئاجىزلاپ، ياتلارغا تاقابىل تۇرغۇدەك ماجالى قالمىغان قىيىن ئەھۋالدا، قۇدرەتلىك ھەربىي كۈچكە ئىگە ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى پۇرسەتپەرەسلىك قىلىپ تاڭ سۇلالىسىنىڭ زېمىنلىرىنى ئىگىلىۋېلىش كويىدا بولماستىن، مەردانىلىك بىلەن ياردەم قولىنى سۇنۇپ، تاڭ سۇلالىسىنى يوقىلىش خەۋپىدىن قۇتقۇزۇپ قالغان. ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ بۇنداق ئۆچمەس تۆھپىسى ئەينى ۋاقىتتىكى نوپۇزلۇق كىتابلارغىلا مەدھىيەلەر

بىلەن پۈتۈلۈپ قالماستىن، كېيىنكى كۈنلەردىمۇ بىر قىسىم تەتقى-
قاتچىلارنىڭ ئەسەرلىرىدە كۆككە كۆتۈرۈلۈپ ماختالغان. مەسىلەن،
«بۆرە توتېمى» ناملىق داڭلىق ئەسەرنىڭ ئاپتورى جياڭ رۇڭ يۈقى-
رىقى كىتابىنىڭ ئاخىرىدىكى «ئىدراكىي ئىزدىنىش» دېگەن بۆلە-
كىدە مۇنداق يازغان: «بىز خەنزۇلار يايلاق مىللەتلىرىنىڭ پۈتكۈل
جۇڭخۇا مىللىتىگە قوشقان ئۇلۇغۋار تۆھپىسىنى تولۇق تونۇشىمىز
ۋە تولۇق مۇئەييەنلەشتۈرۈشىمىز، يايلاق بۆرىلىرىگە ۋە يايلاق مىل-
لەتلىرىگە رەھمەت ئېيتىشىمىز، ئۇلاردىن ئۆگىنىشىمىز كېرەك.
يايلاققا، يايلاق بۆرىلىرىگە ۋە يايلاق ئادەملىرىگە ئەڭ زور مىقداردا
قەرز تۆلىشىمىز كېرەك.»

«تاڭ دۆلىتىگە ئەمىنلىك ئېلىپ كەلگۈچى مەلىكىلەر» دەپ ئا-
تالغان چوڭ - كىچىك نىڭگو مەلىكىلەر مويۇنچۇر ئاتا - بالىغا يات-
لىق بولۇپ، ئورخۇن ئۇيغۇر قاغانلىقىغا كەلگەندىن كېيىن، بىر يىل
بولا - بولمايلا دادا بىلەن ئوغۇل ئوتتۇرىسىدا ئېغىر زىددىيەت كۆ-
رۈلۈپ، مويۇنچۇر قاغان ئوغلى تاي بىلگە تۇتۇق يابغۇنى نامەلۇم
سەۋەب تۈپەيلى جازالاپ ئۆلتۈرگەن. ئۆزىمۇ ئارقىدىنلا ئۇ ئالەمگە
سەپەر قىلغان. مويۇنچۇر قاغاننىڭ ئىككىنچى ئوغلى ئىدىگەن مويۇي
«بۆگۈ قاغان» دېگەن نام بىلەن 759 - يىلى تەختكە ئولتۇرۇپ 779 -
يىلىغىچە 20 يىل دەۋران سۈرگەن.

ئاجايىپ قىزىقارلىق ھەم مۇرەككەپ سۇژىتقا ئىگە كىنو - تې-
لېۋىزىيە تىياتىرلىرىنى ئىشلەشكە، تىراگېدىيەلىك مەزمۇنغا ئىگە
رومان - قىسسىلەرنى يېزىشقا ماتېرىيال بولىدىغان بۇ ۋەقە - ھا-
دىسىلەر دەل پورباجىن قەلئەسىنىڭ ياسىلىشىدىكى سىرنى چۈشەن-
دۈرۈپ بېرىدۇ.

رۇسىيەلىك ئارخېئولوگلار قىدىرىپ تاپقان تېپىلمىلار ۋە ئۈچ
پارچە تاش پۈتۈكنىڭ مەزمۇنى تەتقىق قىلىنىپ كىتاب بولۇپ چىق-

قاندىن كېيىن، پورىاجىندىن ئىبارەت بۇ لاي قەلئەنىڭ سىرى تېـ-
خىمۇ روشەن ئېچىلغۇسى.

2008 ـ يىلى 6 ـ ئايدا يېزىلدى.

## پايدىلانغان ماتېرىياللار:


① ن. ئا. باسكاكوف: «تۈركىي تىللار»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1986 ـ يىلى نەشرى، پەرھات جىلان تەرجىمىسى.

② «تۈركىيلەر ۋەتىنى»، ئالمۇتا 2004 ـ يىلى نەشرى، رۇسچە.

③ ل. ن. گۇمىلېۋ (رۇسىيە): « قەدىمكى تۈركلەر»، تاشكەنت پەن نەشـ-رىياتى 2007 ـ يىلى نەشرى، ئۆزبېكچە.

④ ئەھمەد سۇلايمان قۇتلۇق: «ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ قىسقىچە تا-رىخى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2005 ـ يىلى نەشرى.

⑤ بەي ياڭ (تەيۋەن): «جۇڭگولۇقلارنىڭ تارىخ تېزىسى»، «دەۋر» ئەدەبىيات ـ سەنئەت نەشرىياتى 1987 ـ يىلى نەشرى، خەنزۇچە.

⑥ ليۇ زىشاۋ: «ئۇيغۇر تارىخى»، بېيجىڭ مىللەتلەر نەشرىياتى 1987 ـ يىلى نەشرى، ئابلەت نۇردۇن تەرجىمىسى.

⑦ «ئۇيغۇرلار ۋە غەربىي يۇرتتىكى باشقا تۈركىي خەلقلەرنىڭ قىسقىچە تارىخى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2000 ـ يىلى نەشرى، ئۇيغۇر سايرانى تەرجىمىسى.

⑧ لىن گەن، گاۋ زىخۇ: «قەدىمكى ئۇيغۇرلار تارىخى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2000 ـ يىلى نەشرى، ئابلەت نۇردۇن قاتارلىقلار تەرجىمىسى.

⑨ «ئۇيغۇرلارنىڭ قىسقىچە تارىخى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1990 ـ يىلى نەشرى.

⑩ ئەنۋەر بايتۇر، خەيرىنىسا سىدىق: «شىنجاڭدىكى مىللەتلەرنىڭ تارى-خى»، بېيجىڭ مىللەتلەر نەشرىياتى 1991 ـ يىلى نەشرى.

⑪ «دۇ فۇ ۋە شېئىرىي تارىخ»، «قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 1982 ـ يىلى 3 ـ، 4 ـ (قوشما) سان.

⑫ «تاڭ دەۋرى شېئىرلىرىدىن 300»، ياسىن هاۋازى تەرجىمىسى، بېيجىڭ مىللەتلەر نەشرىياتى نەشرى.

⑬ ئابلىز مۇھەممەت سايرامى: «سۇي، تاڭ سۇلالىلىرىدە ئۆتكەن مەشھۇر ئۇيغۇر تارىخىي شەخسلەر»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1999 ـ يىلى نەشرى.

⑭ جياڭ رۇڭ: «بۆرە توتېمى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2008 ـ يىلى نەشرى، ئىمىن ئەھمىدى تەرجىمىسى.

⑮ «شىنجاڭ تارىخ ـ مەدەنىيىتى» ناملىق ژۇرنال، 2008 ـ يىللىق سان (ئومۇمىي 42 ـ سان).

⑯ لىن گەن: «تۈرك تارىخى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2002 ـ يىلى نەشرى، يۇنۇسجان ئىبلى تەرجىمىسى.

⑰ توماس بارفېلد (ئامېرىكا): «خەۋپكە تولغان چېگرا — كۆچمەنلەر ئىمپېرىيەسى بىلەن جۇڭگو»، سۇمۇرغ نەشرىياتى تاراتقۇ گورۇھى جياڭسۇ خەلق نەشرىياتى، 2001 ـ يىلى 7 ـ ئاي 2 ـ نەشرى، خەنزۇچە.

⑱ فىرانسىس ۋۇد: «يىپەك يولىنىڭ 2000 يىلى»، شەندۇڭ رەسىملىك ژۇرنىلى نەشرىياتى، 2008 ـ يىلى نەشرى، خەنزۇچە.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بىكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىكى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

# كۆسەنلىك مەشھۇر سانغۇن قوشۇخان

ياپونىيەلىك ئالىم مائىجىما شىنجى تەرىپىدىن «يىپەك يولىدىكى كىشىنى ئەڭ جەلپ قىلىدىغان شەھەر» دەپ تەرىپلەنگەن كۇچا شەھرىگە 2009 ـ يىلى 6 ـ ئايدا لېكسىيە سۆزلەش مۇناسىۋىتى بىلەن كېلىپ بىرنەچچە كۈن تۇرۇشقا مۇيەسسەر بولدۇم. قەدىمدە كۈسەن دەپ ئاتالغان كۇچا دىيارى مەدەنىيەت تارىخى ئۇزاق، مەدەنىيەت مىراسلىرى مول، يىپەك يولىدىكى تەسىرى چوڭ شەھەر بولغاچقا، يېقىنقى بىر ئەسىردىن بۇيان بارغانسېرى جاھانغا تونۇلۇپ، جۇڭگو ۋە چەت ئەللىك كۈسەنشۇناسلار، ساياھەتچىلەر ئايىغى ئۈزۈلمەي كېلىپ ـ كېتىپ تۇرىدىغان جاي بولۇپ قالغانىدى. مەن كۈسەنشۇناس ياكى ساياھەتچى بولمىساممۇ، ۋەتەنگە باغرى قانمايدىغان بىر قەلەمكەش بولۇش سۈپىتىم بىلەن بۇ قەدىمىي تۇپراقنىڭ قۇچىقىغا ئۆتتەك ئىشتىياقىم بىلەن ئاياغ باستىم. بۇ مېنىڭ كۇچاغا تۇنجى قېتىم كېلىشىم بولمىسىمۇ، ئەمما قىزغىنلىقىم تۇنجى قېتىم كېلىۋاتقان چاغدىكىدەكلا يۇقىرى ئىدى. ئەلۋەتتە، بۇ ۋەتەنگە بولغان ئىخلاسمەن قەلبىمنىڭ ھارارىتى ئىدى. سەپەرداشلىرىم پىروفېسسور ئابدۇقادىر جالالىدىن، جەمئىيەتشۇناس زۇلپىقار بارات، يازغۇچى ئەنۋەر تاشتۆمۈر، كارخانىچى ئابدۇللا ئېرپانلار ئىدى. بىز كۇچا ناھىيەلىك مەدەنىيەت ـ تەنتەربىيە ئىدارىسىنىڭ تەكلىپى بىلەن كۇچادىكى مەدەنىيەت خىزمەتچىلىرىگە لېكسىيە سۆزلەشكە تەكلىپ قىلىنغانىدۇق. مەن 2004 ـ يىلى كۇچادىكى ئوقۇتقۇچىلارغا دەرس ئىسلاھاتىنىڭ ئىدىيەسى ۋە دەرس ئىسلاھاتىدا ئۆزگىرىدىغان نىشانلار ھەققىدە لېكسىيە سۆزلەش مۇناسىۋىتى بىلەن كەلگەندىن بۇ-

يان تۇنجى قېتىم كېلىشىم ئىدى. ئارىدا 5 ـ 6 يىل ئۆتكەچكە كـوـ چانى سېغىنىپمۇ قالغانىدىم. كۇچا ئۆزىمۇ مېھرى ئىسسىق يۇرت. بولۇپمۇ تارىختىكى كۇچا ــ كۇسەن تېخىمۇ جەلپكار ماكان. ئۇنىڭ شۆھرىتى تالاي ئادەملەرنى ھاياجانغا سالغان. ياپونىيە چۇاڭجىيا ئىلـ ـمىي جەمئىيىتىنىڭ باشلىقى، بۇددا دىنى مۇتەپەككۇرى چىتىيەن دازۇ ئەپەندى بىر قېتىم دۇنياغا مەشھۇر ئەنگلىيەلىك تارىخشۇناس تويىنبى(A. I. Toynbee) ئەپەندىدىن: «مۇبادا ئىنسانلار قايتا تۆرىلـ ـدىغان ئىش بولسا، سىز قايسى جايدا تۆرىلىشنى خالايسىز؟» دەپ سورىغاندا، تويىنبى ئەپەندى بىردەم تۇرۇۋېلىپ: «مەن 2000 يىل بوـ رۇنقى شىنجاڭدىكى كۆپ خىل مەدەنىيەت توپلانغان كۇسەن رايونىدا تۇغۇلۇشنى خالايمەن» دەپ جاۋاب بەرگەنىكەن. چىتيەن دازۇ بىلەن تويىنبى 20 ـ ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا ئۆتكەن خەلقئارالىق تەسىرگە ئىگە ئالىملاردۇر. قەدىمكى كۇسەن ئۆز زامانىسىدا دۇنياۋى مەدەنىيەتلىك شەھەر بولۇپ شۆھرەت قازانمىغان بولسا، بۈگۈنكى كۈندە ھەرگىزمۇ ئۇنداق جەلپكار ماكان بولالمىغان بولاتتى. ئەلۋەتـ ـتە، كۇسەننىڭ شۆھرىتىنى جاھانغا يايغانلار باشقىلار بولماستىن، بەلكى ھازىرقى كۇچالىقلارنىڭ پاراسەتلىك ئەجدادلىرىدۇر. ئالىم ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن «كۇسەن مەدەنىيىتىنىڭ تارىخىي قىممىتى» ناملىق ماقالىسىدە «قەدىمكى كۇسەنلىكلەر چېۋەر ۋە ئەـ قىللىك ئىدى. ئۇلار بىر قولىدا مائارىپنى، بىر قولىدا خەلقئارا سودىنى چىڭ تۇتۇپ، بۇ ئىككى قانات بىلەن ئۇيغۇر مەدەنىيەت تاـ رىخىدىكى ئالتۇن سۇمۇرغقا ئايلانغان ۋە يىپەك يولىدا ئۇزاق يىللار پەرۋاز قىلغان. ئۇلار مائارىپسىز بايلىقنىڭ ئاپەتلىكىنى، بايلىقسىز مائارىپنىڭ كۆلپەتلىكىنى چۈشەنمەيدىغان خامۇشلاردىن ئەمەس ئىدـ ـدى» دەپ كۇسەنلىكلەرنىڭ دۇنياۋى ئۇتۇقىنى نەزەرىيە جەھەتتىن ئىخچام يەكۈنلىگەن. سېھرىي كۇچكە باي بۇنداق ماكاننى كۆرۈش ۋە چۈشىنىش پۇرسىتى، ئەلۋەتتە، مەندەك بىر قەلەمكەشنى ھاياجانغا سالماي قالمايتتى. مەن ئەسلىي كۇچادا تۇرغان بىرنەچچە كۈندىكى

تەسىراتلارنى تولۇق يېزىپ چىقىشنى خىيال قىلغانىدىم. چۈنكى، قەدىمكى زاماندا مەدەنىيەت تارقاتقۇچى سۈپىتىدە تارىخ سەھنىسىدە جەۋلان قىلغان كۇسەن بىلەن، بۈگۈنكى زاماندا مەدەنىيەت قوبۇل قىلغۇچى سۈپىتىدە رايىش قىياپەتتە تۇرۇۋاتقان كۇچا ھەققىدە ئويلىغان ئويلىرىم خېلى بار ئىدى. لېكىن، بىر مويسىپىت كىتابخاننىڭ پاراڭ ئارىلىقىدا ماڭا دېگەن گېپى كۇچا ھەققىدىكى يېزىقچىلىق پىلانىمنى ئۆزگەرتىۋەتتى.

كۇچادىكى كۈنلەرنىڭ بىرىدە يېشى 60 ياشلاردىن ھالقىغان، كىتاب ئوقۇشقا تولىمۇ ھېرىسمەن بىر مويسىپىت مائارىپچى ماڭا مۇنداق بىر تەلەپنى ئېيتتى: «يالقۇن ئەپەندىم، مەن ئۆتكەن يىلى سىزنىڭ ‹شىنجاڭ مەدەنىيىتى› ژۇرنىلىدا ئېلان قىلىنغان ‹لاي قەلئەنىڭ سىرى› ناملىق ماقالىڭىزنى ئوقۇپ، كۇسەنلىك مەشھۇر سانغۇن قوشۇخانغا قىزىقىپ قالدىم. ئىمكانىيەت بولسا، قوشۇخان ھەققىدە مۇكەممەلرەك بىر مەلۇمات بەرگەن بولسىڭىز.»

مەن بۇ مويسىپىت مائارىپچىنىڭ تەلىپى بىلەن بۇ قېتىم قوشۇخانغا ئائىت توپلىغان ماتېرىياللىرىم ئاساسىدا مۇكەممەلرەك مەلۇمات بېرىپ قويۇشنىڭ زۆرۈرىيىتىنى تونۇپ يېتىپ كۇچادىن قايتىپ كېلىپلا قولۇمغا قەلەم ئېلىپ، بۇ ماقالىنى يېزىپ چىقتىم. مەن بۇ ماقالىنى تەتقىقات ماقالىسى دېيىشتىن كۆرە قوشۇخان ھەققىدىكى مەلۇمات دېيىشنى مۇۋاپىق كۆرىمەن. ئوقۇرمەنلەرنىڭ تۈزىتىشى ۋە تولۇقلىشى، قوشۇخان ھەققىدىكى مەلۇماتلارنى تېخىمۇ موللاشتۇرۇپ، ئۇ توغرىسىدىكى تەتقىقاتنى چوڭقۇرلاشتۇرىدىغانلىقىغا ئىشىنىمەن.

مەن قوشۇخان توغرۇلۇق ئەڭ دەسلەپكى ئۇچۇرنى ئالىم ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىننىڭ 1980 ـ يىلى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان «شىنجاڭنىڭ تاڭ دەۋرىدىكى ناخشا ـ ئۇسسۇل سەنئىتى» دېگەن كىتابىدا كۆرگەنىدىم. ئالىم كىتابىدا تاڭ سۇلالىسى زاماندا ئۆتكەن يۈەن جېن ئىسىملىك شائىرنىڭ «غەربىي

لياڭ ئويۇنلىرى» دېگەن شېئىرىنى مىسال كەلتۈرگەنىدى. ئۇ شې-ئىر مۇنداق ئىدى.

«قوشۇخان ئاچتى بوگۇن ئېسىل زىياپەت داستىخان،
نازۇنېمەت، مەي ـ شاراب تۆگەل تەييار ئەيلىبان.
ئالدىدا ئويناپ تۇرار بەس ـ بەستە يۈز تۈرلۈك ئويۇن،
قىلىچۋازلار تاقلىشار پىرقىرىغان قارسىمان.
شىر ئوينايدۇ ئىرغاڭلاپ قۇيرۇقىنى يالتىرىتىپ،
تاقلىما ئۇسسۇلچى غوزلار ئوينار ئەۋرىشىم ھەريان.»

بۇ شېئىردىن قوشۇخاننىڭ مىجەز ـ خاراكتېرىنى ۋە ئارزۇ ـ ھەۋەسلىرىنى مەلۇم دەرىجىدە چۈشىنىۋالغىلى، شۇنداقلا ئابرۇي ـ ئىناۋىتىنى ھېس قىلغىلى بولىدۇ. «قوشۇخان» دېگەن ئىسىم يەنە ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىننىڭ «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» نىڭ 1989 ـ يىللىق 4 ـ سانىدا ئېلان قىلىنغان «شەر-قىي تەڭرىتاغ ئېتىكىدە قەدىمكى مەدەنىيەت ئىزلىرىنى تەكشۈرۈش-تىن دوكلات» ناملىق ماقالىسىدىمۇ ئۇچرايدۇ. ئالىم قەدىمكى غوز، ھۇن ۋە تۈرك قەبىلىلىرىنىڭ شىمالىي قۇملۇقتىن غەربىي دىيارغا ئۆتۈشتىكى يايلاق يولى بولغان بارىكۆلدە تەكشۈرۈشتە بولغاندا تا-رىخىي تۇيغۇلىرى ئۆركەشلەپ، شېئىرىي ھاياجانغا چۆمۈلۈپ مۇنداق نەزم پۈتكەن:

تەڭرىتاغ ـــ تەسكەيتاغ بىر تىزما تاغدۇر ئەسلىدە،
چۆپكە مۇنبەت يول ئىدى باتۇر ئوغوزنىڭ نەسلىگە.
بۆرەكۆلنىڭ بويىدا ئۆسكەن يېتىم ئۈيسۈن ئوغۇل،
باتىس تۆرە، قوشۇخان سۈرگەن زامان ئۆز پەسلىدە.

جۇڭگو تارىخىدا شائىرلارنىڭ قوشۇخاننى تىلغا ئېلىپ نەزم پۈ-

تۇشى تاڭ سۇلالىسى دەۋرى بىلەنلا چەكلەنگەن ئەمەس. 1932 - يىلى شائىر ۋېي خەنجاڭ كىلاسسىكلارنىڭ ئەسەرلىرى ئاساسىدا يېزىپ چىققان «پۇتمەس ئەلەم» دېگەن داستاندىمۇ قوشۇخان تىلغا ئېلىنىدىغان. شۇ يىلى كومپوزىتور خۇاڭ زى (1904 — 1938) بۇ داستانغا ئاساسەن يېزىپ چىققان 10 بابلىق ئوراتورىيو 20 - ئەسىر جۇڭگو مۇزىكا تارىخىدىكى ۋەكىل خاراكتېرلىك ئەسەر بولۇپ قالغان. بۇ ئوراتورىيودىكى:

> كەتتى تۇڭگۇەن قوۋۇقى ھەش - پەش دېگۈچە قولدىن،
> توپىلاڭچىلار ھەيۋىتىدىن چۆچۈپ كەتتى قوشۇخان.
> ئىس - تۈتەككە تولدى ئەتراپ، تۈرلاردا ئوت يېلىنجار،
> كەتكەيمۇ دەپ چاڭئەن قولدىن كۆڭۈللەردە جىق گۇمان.

دېگەن مىسرالاردىن قوشۇخاننىڭ تاڭ سۇلالىسى ھاكىمىيىتىنىڭ مەۋجۇتلۇقى ياكى ھالاكىتىگە ھەل قىلغۇچ تەسىر كۆرسەتكەندىغان ھەربىي قوماندان ئىكەنلىكىنى ھېس قىلغىلى بولىدۇ.

قىسقىسى، قوشۇخان جۇڭگو تارىخىدىكى تەسىرى زور مەشھۇر سەركەردە ئىكەنلىكىنى ئەدەبىيات - سەنئەت ئەسەرلىرىدىكى مۇشۇ ئۇچۇرلاردىنمۇ ئېنىق تونۇۋالغىلى بولىدۇ. شۇڭا، كۆسەنلىك بۇ بۈيۈك ساڭغۇننىڭ تارىخىي پائالىيىتىنى بىلىۋېلىش ئىنتايىن مۇھىم ئىش.

قوشۇخان (哥舒翰) تاڭ سۇلالىسىنىڭ تۆھپىسى زور مەشھۇر سەركەردىسى، ھەربىي ئالىم. ئۇنىڭ قاچان تۇغۇلغانلىقى ئېنىق ئەمەس، ئەمما، كۆسەندە تۇغۇلغانلىقى ئېنىق. ئۇنىڭ ئاتىسى قوشۇ قەبىلىسىنىڭ باشلىقى، ئەنشى باش تۇتۇق مەھكىمىسىنىڭ ياندىش تۇتۇقبېگى بولغان، ئانىسى ۋايجىرا خېنىم ئۇدۇن خانىنىڭ مەلىكىسى. تۈركلەرنىڭ ئادىتى بويىچە ئۇ قەبىلىسىنىڭ نامى بىلەن قوشۇخان دەپ ئاتالغان. قوشۇخان ياش چاغلىرىدا ئويۇن - تاماشىغا ئامراق، ھاراق - شارابقا ھېرىسمەن، قىمار ئويناشقا خۇشتار بەگ-

باش بەگزادە ئىدى. ئەمما، مەردىمەردانە، ۋەدىسىدە مەھكەم تۇرىدىغان
ئېسىل خىسلەتلىرى بىلەن كىشىلەر ئارىسىدا ئابرۇي ـ ئىناۋەتلىك
ئىدى. قوشۇخاننىڭ ئاتا ـ بوۋىسى غەربىي تۈركلەرنىڭ مەشھۇر
ئاقساقاللىرى بولۇپ، ئەنشى دەپ ئاتالغان، كۇسەن دىيارىدا ئۇزاق ـ
تىن بېرى ئولتۇراقلىشقلىق ئىدى. باياشاتلىق، بەڭباشلىق ئىچىد ـ
دە ئەركە ئۆسۇپ يېتىلگەن قوشۇخان ياشلىق مەزگىلىنى بىكار
ئۆتكۇزۇۋەتكەن. ئۇ 40 ياشقا قەدەم قويغاندا ئاتىسى چاڭئەندە ئالەم ـ
دىن ئۆتكەن. تاڭ سۇلالىسىنىڭ قائىدە ـ يوسۇنى بويىچە ئۇ چاڭ ـ
ئەنگە بېرىپ ئۇچ يىل ماتەم تۇتقان. ئۇ كۇنلىرىنى بىكار تەلەپلىك
بىلەن ئۆتكۇزگەنلىكى ئۇچۇن چاڭئەننىڭ ئەمەلدارى ئۇنى كۆزگە
ئىلماي مۇئامىلە قىلغان. بۇ ئىش قوشۇخاننىڭ غۇرۇرىغا تەگكەن.
تومۇرىدا يايلاق مىللەتلىرىنىڭ قېنى ئېقىپ تۇرغان، تۇغما ھەربىي
خاراكتېرگە ئىگە قوشۇخان بىرەر خىزمەت كۆرسىتىپ ئۆزىنى تو ـ
نۇتۇپ قويۇش ئىرادىسىگە كېلىپ خىشىغا بېرىپ ھەربىي بولۇشنى
ئويلىغان. قوشۇخان گەرچە ياشلىقىنى كەيپ ـ ساپا ئىچىدە ئۆت ـ
كۇزگەن بولسىمۇ، ئەمما ئۇ، كىتاب ئوقۇشقا ئامراق بولغاچقا،
«زوچيۇمىڭ تەپسىرى»، «خەننامە» قاتارلىق كىتابلارنى بەك پىششىق
ئوقۇغان. شۇڭا، ئىشنىڭ يولىنى بىلەتتى. ئاتىسىنىڭ تونۇشلىرد ـ
نىڭ ياردىمى بىلەن خېشىدىكى لياڭجۇۋنىڭ ھىراۋۇلى ۋاڭ چۇينىڭ
قول ئاستىدا خىزمەت قىلغان. 742 ـ يىلى 12 ـ ئايدا ۋاڭ چوي
قوشۇن باشلاپ شىنچېڭ (ھازىرقى چىڭخەينىڭ مىنيۇەن دېگەن يې ـ
رى) نى ئىشغال قىلغاندىن كېيىن بۇ يەرنى قوشۇخاننىڭ باشقۇرۇ ـ
شىغا تاپشۇرغان. قوشۇخان تۇغما ھەربىي ساپاغا ئىگە ھەم ئۆزىمۇ
باھادىر ئەزىمەت بولغاچقا قوشۇننى قاتتىق باشقۇرغان. قوشۇندا ئۇ ـ
نىڭ ھەيۋىسىدىن چۆچۇمەيدىغان بىرەرسى يوق ئىدى. شۇڭا، ئۇنىڭ
نامى بارا ـ بارا تونۇلۇشقا باشلىغان. 746 ـ يىلى يىل بېشىدا ۋاڭ
جۇڭسى لياڭجۇۋنىڭ ھىراۋۇللۇقىنى قوشۇمچە ئۇستىگە ئالغان، ئۇ
ئۇزاق ئۆتمەيلا قوشۇخاننى ھەربىي دورغىلىققا ئۆستۇرگەن. قوشۇ ـ

خان مەردىمەردانە، دوستلۇققا ساداقەتمەن ئادەم بولغاچقا ئەسكەرلە-
رىنىڭ ھىمايىسىگە ئېرىشكەن. 747 ـ يىلى ۋاڭ جۇڭسى قوشۇخاد-
نىڭ ھەربىي مەرتىۋىسىنى يەنە ئۆستۈرگەن، شۇنىڭ بىلەن بىللە
قىتان مىللىتىدىن كېلىپ چىققان لىۇ گۇاڭبى بىلەن ئىككىسىنى
تۇبۇتلەرگە تاقابىل تۇرۇشقا بۇيرۇغان. تاڭ سۇلالىسىنىڭ مىللەتلەر
سىياستى خېلى ياخشى بولغاچقا مەمۇرىي ئەمەلدارلار، بولۇپمۇ
ھەربىي ئەمەلدارلار ئىچىدە تۈرلۈك مىللەتلەردىن كېلىپ چىققان
قابىلىيەتلىك سەركەردىلەر كۆپ بولغان. خاس مىللىي قوشۇنلارنىڭ
سانىمۇ ناھايىتى كۆپ بولغان. قوشۇخانمۇ مانا مۇشۇنداق ئەۋزەل
سىياسىي مۇھىتتا قابىلىيىتىگە يارىشا قەدىرلىنىشكە ئېرىشكەن.
ئۇ شۇ يىلى سول قول ياندىاش كەپتاۋۇللۇققا ئۆستۈرۈلگەن. ئەينى
چاغدا تاڭ سۇلالىسىنىڭ قوشنىلىرى ئىچىدە ئۇيغۇر خانلىقى بىلەن
تۇبۇت خانلىقى ناھايىتى كۈچلۈك ئىدى. شۆھرىتى جاھاننى بىر
ئالغان ئۇيغۇر خانلىقى بۇ چاغدا تېخى يېڭىدىن قۇرۇلغانىدى. تۇ-
بۇتلەر بولسا تاڭ سۇلالىسى بىلەن بولغان چېگرا رايونلاردا پاراكەن-
دىچىلىك قىلىپ تۇراتتى. ئۇلارنىڭ ھەرىكىتى چەبدەس، جەڭگىۋار-
لىقى كۈچلۈك بولغاچقا تاڭ سۇلالىسى ئۇچۇن باش قاتۇرىدىغان رە-
قىب ھېسابلىناتتى. قوشۇخان بىر قېتىم قوشۇنىنى باشلاپ چىڭ-
خەيدىكى كۆبا كۆلى بويىدا ئۇلار بىلەن جەڭ قىلغان. جەڭدە تۇبۇت-
لەر ئۈچ بۆلەككە بۆلۈنۈپ ئارقا ـ ئارقىدىن ھۇجۇمغا ئۆتكەن. جەڭ
تولىمۇ دەھشەتلىك بولغان. جەڭدە قوشۇخاننىڭ نەيزىسىنىڭ سېپى
سۇنۇپ كەتكەن بولسىمۇ، ئۇ يېرىم نەيزىسى بىلەن داۋاملىق جەڭ
قىلغان. ئۇدۇل كەلگەننى يەر چىشلەتكەن. ئۇ جەسۇرلۇق بىلەن
جەڭ قىلىپ ئۈچ بۆلەك تۇبۇت قوشۇنىنى مەغلۇپ قىلغان. بۇ جەڭ-
دىن كېيىن ئۇنىڭ داڭقى جاھانغا پۇر كەتكەن ھەم خېيەن (ھازىرقى
چىڭخەيىنىڭ مەركىزى شىنىڭ شەھىرى) نىڭ ھەربىي ئەمەلدارلى-
قىغا تەيىنلەنگەن.

تۇبۇتلەر ھەر يىلى دىگۇدەك بۇغداي پىشقان مەزگىلدە زور قو-

شۇ ئەۋەتىپ تاڭ قوشۇنىنىڭ جىشجۇن (ھازىرقى چىڭخەيىنىڭ گۇيدې دېگەن يېرى) دىكى بۇغدايلىقلارغا كېلىپ بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلاتتى. تۇبۇتلەرنىڭ كۈچى زور، جەڭ قىلىشقا ماھىر بولغانلىقتىن تاڭ قوشۇنى سەركەردىلىرىدىن ئۇلارغا تاقابىل تۇرىدىغان بىرەرسى چىقىپ باقمىغانىدى. شۇڭا، تۇبۇتلەر كۆرەڭلەپ بۇ يەرنى «تۇبۇتلەرنىڭ بۇغدايلىقى» دېيىشىۋالغانىدى.

قوشۇخان خېيەنىنىڭ ھەربىي ئەمەلدارى بولغاندىن كېيىن بۇ خىل ناچار ئەھۋالنى ئۆزگەرتىشكە ئىرادە باغلىغان. ئۇ قول ئاستىدىكى ۋاڭ نەندې، ياڭ جىڭخۇي قاتارلىق سەركەردىلىرىنى قوشۇن باشلاپ شەرقىي جەنۇبتىكى جىلغىدا بۆكتۈرمە قىلىشقا بۇيرۇغان. دەل شۇ ئايدا تۇبۇتلەر 5000 كىشىلىك ئاتلىق قوشۇن بىلەن ئاشلىق بۇلىغىلى كەلگەن. ئىلگىرى ئۇلار ئاشلىق بۇلىغاندا تاڭ قوشۇنى شەھەرگە مۆكۈنۈۋېلىپ جەڭ قىلىشقا پېتىنالمايدىغان بولغاچقا، تۇبۇتلەر ساۋۇتلىرىنى يېشىۋېتىپ، ئاتلىرىنى قويۇۋېتىپ بەخىرامان ئاشلىق يىغىۋالاتتى. بۇ قېتىممۇ دەل شۇنداق قىلغان. مۇشۇنداق ئەھۋالدا قوشۇخان شەھەردىن تۇيۇقسىز قوشۇن تارتىپ چىققان. تۇبۇتلەر تەييارلىقسىز بولغانلىقى ئۈچۈن تەڭ كېلەلمەي ئالمان ـ تالمان قاچقان. ئۇلار قېچىپ شەرقىي جەنۇبى جىلغىغا كەلگەندە بۆكتۈرمە قوشۇن تەرەپ ـ تەرەپتىن قاپساپ كېلىپ تۇبۇتلەرنى پاك ـ پاكىز قىرىپ تاشلىغان. بۇ جەڭدىن كېيىن تۇبۇتلەر ئاشلىق بۇلاش ئادىتىنى تاشلىغان.

تۇبۇتلەر بىلەن كۆپ جەڭ قىلىپ شۆھرىتى جاھاننى بىر ئالغان قوشۇخاننىڭ ھەيۋىسى ۋە تۆھپىسى پۇقرالارنىڭ قەلبىدىن چوڭقۇر ئورۇن ئالغان. شۇ چاغدا ئىسمى نامەلۇم بىر شائىر قوشۇخان توغرۇلۇق مۇنداق بىر كۇپلېت شېئىر يازغان:

چاقنار شىمال ئاسمىنىدا ئۈكەر يۇلتۇز،
قىلىچ ئېسىپ تۇرار بۇندا قوشۇخان ئۆزى.

www.uyghurkitap.com



تۇبۇتلەر يايلاقتىن يا كېچەلمەي،
پېتىنىپ لىنتاۋدىن ھېچ ئۆتەلمەيدۇ.

بۇ شېئىر تا ھازىرغا قەدەر تارقىلىپ كەلگەن، چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى خېڭتاڭ تۈيشى تاللاپ تۈزگەن «تاڭ شېئىرلىرىدىن 300 پارچە» گە كىرگۈزۈلگەن. بۇ شېئىرنىڭ مەزمۇنى لوڭيۇ ئەتراپىدىكى ئاۋام خەلقىنىڭ قوشۇخانغا بولغان ئىشەنچىسى ۋە مەدھىيەسىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ.

ھەقىقەتەنمۇ، قوشۇخان تۇبۇتلەرگە قاقشاتقۇچ زەربە بېرىپ، ئۇلار بىلەن بولغان چېگرا توقۇنۇشىدا ئۇستۇنلۇك قازىنىپ مەيلى ئوردا ئەھلى، مەيلى ھەربىي قوشۇن، مەيلى ئاۋام پۇقرا ئارىسىدا بولسۇن قىزغىن تەرىپلىنىدىغان داڭلىق سانغۇن بولۇپ قالغان.

تۇبۇتلەرمۇ سەل چاغلىغىلى بولمايدىغان بۇ رەقىبكە ئەستايىدىل مۇئامىلە قىلىشقا باشلىغان.

ماتېرىياللاردا يېزىلىشىچە، قوشۇخان نەيزىۋازلىقتا بەك ماھىر ئىكەن. ئۇنىڭ 15 ـ 16 ياشلاردىكى بىر خاس خىزمەتكارى بولۇپ، كۆچتۆڭگۈرلۈكى بىلەن تونۇلغانىكەن. بۇ ئىككىسى جەڭ مەيدانىدا بەك ماسلىشىدىكەن. قوشۇخان ھەر قېتىمدا دۈشمەننى قوغلاپ نەيزىسى يەتكۈدەك ئارىلىق قالغاندا نەيزىسىنى جان ـ جەھلى بىلەن قېچىۋاتقان دۈشمەننىڭ مۈرىسىگە قويۇپ قاتتىق ۋارقىرايدىكەن. جان ـ پېنى چىققان دۈشمەن ئارقىسىغا شۇنداق قارىشىغىلا قوشۇخان نەيزىسى بىلەن ئۇنىڭ ئېڭىكىدىن ئىلىپ بىرلا كۆچەپ ئات ئۈستىدىن تىك موللاق ئاتقۇزىدىكەن. قوشۇخانغا ئەگىشىپ ئات چاپتۇرۇپ كېلىۋاتقان خىزمەتكارى ئاتتىن ئوقتەك ئېتىلىپ چۇشۇپ شارتلا قىلىپ دۈشمەننىڭ بېشىنى كېسىۋالىدىكەن. بۇ ئىككىسىنىڭ بۇنداق ماسلىشىپ جەڭ قىلىشى ئادەتكە ئايلانغانىكەن. قوشۇخاننىڭ شىردەك ھۆركىرەپ جەڭ قىلىدىغان ئادىتى بىر قېتىم ئۇنىڭ جېنىنى قۇتۇلدۇرۇپ قالغانىكەن. بىر قېتىملىق جەڭدە قوشۇخان دۈشمەننى قوغلاپ كېتىۋاتقاندا ئېتى ئۆركۈپ كېتىپ پاتقاقتا پېتىپ قالغان. بۇ چاغدا تۇبۇتلەرنىڭ ئۈچ سەركەردىسى ئۇنى ئۆلتۈرمەكچى بولۇپ ئات چاپتۇرۇپ كەلگەن. قوشۇخان قاتتىق بىر ۋارقىراپ ئۇلارنى مەڭدىتىپ قويغان. شۇ ئارىدا ياردەمچى قوشۇن كېلىپ ئۇلارنى ئۆلتۈرگەن.

747 ـ يىلى ۋەزىر ياڭ گوجۇڭ چوڭ ھوقۇق تۇتقان ۋاڭ جۇڭسىنىڭ ئۆزىگە تەھدىت شەكىللەندۈرۈشىدىن ئەنسىرەپ بىرەيلەننى خانغا ۋاڭ جۇڭسىغا تۆھمەت قىلىشقا خۇپىيانە ئەۋەتكەن. تاڭ شۈەنزۇڭ بۇ تۆھمەتكە ئىشىنىپ ۋاڭ جۇڭسىنىڭ ئەمىلىنى ئېلىپ يۇقىرالىق دەرىجىسىگە چۈشۈرۈۋەتكەن. كېيىن پادىشاھ تاڭ شۈەنزۇڭ قوشۇخاننى قوبۇل قىلىپ ئۇنىڭغا خوڭلۇ بېگى (مەخسۇس ئاز سانلىق مىللەت ئىشلىرىنى باشقۇرىدىغان ئەمەل نامى بولۇپ، دەرىجىسى ھازىرقى دۆلەت مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ مۇدىرلىقىغا باراۋەر) دېگەن ئەمەلنى بەرگەن ھەم ئۇنىڭغا يەنە ۋاڭ جۇڭسى-

نىڭ خېشىدىكى ھوقۇقىنى ئۆتكۈزۈپ بەرگەن. ئەمما، قوشۇخان خانىنىڭ ئالدىدا ۋاڭ جۇڭسىنى پۈتۈن كۈچى بىلەن ئاقلىغان، تاڭ شۈەنزۇڭ ئۇنىڭ گېپىنى ئاڭلىماي شاھلىق كۇرسىدىن تۇرۇپ كەينى ئوردىغا قاراپ ماڭغان. قوشۇخان «خانغا دەخلى ـ تەرۇز قىلىش جىنايىتى» ئۆتكۈزۈپ قويۇش خەۋپىگە قارىماي خانىنىڭ كەينىدىن قوغلىشىپ مېڭىپ توختىماي ئۆتۈنگەن. پادىشاھ ئۇنىڭ مەردانىلىك بىلەن قىلغان باياناتلىرىدىن تەسىرلىنىپ، ۋاڭ جۇڭسىغا بېرىلگەن جازانى يېنىكلىتىپ ئۇنى خەنياڭنىڭ ۋالىيلىقىغا تەيىنلىگەن. ئوردىكى ۋەزىرلەرنىڭ ھەممىسى قوشۇخانىنىڭ ساداقەتمەنلىكىگە ئاپىرىن ئېيتىشقان. ۋاڭ جۇڭسىنىڭ ئورنىغا تەيىنلەنگەن قوشۇخان ھازىرقى گەنسۇ ئۆلكىسىدىكى لىيۇ پەنشەنىنىڭ غەربىدىن خۇاڭخېنىڭ شەرقىدىكى كۆپ جايلارغا ھوقۇقى ئۆتىدىغان مەمۇرىي ئەمەلدار بولغان. ئۇ بۇ جايلارنى باشقۇرۇشنى ئۈستىگە ئالغاندىن كېيىن ھەربىي ئىشلارنى تەرتىپكە سېلىپ قالماي، مالىيەنى تەرتىپكە سېلىش، پۇقرالارنىڭ دەردىگە دەرمان بولۇش، قاتناش، باج ئىشلىرىنى ئوردىنىڭ بەلگىلىمىسىگە لايىقلاشتۇرۇش جەھەتلەردە نۇرغۇن ياخشى ئىشلارنى قىلغان.

748 ـ يىلى تۇبۇتلەر بۇگۇنكى چىڭخەي ئۆلكىسىگە ھۇجۇم قىلىپ، بىر قىسىم جايلارنى تارتىۋالغان ھەمدە داۋاملىق ئىچكىرىلەپ جىددىي ھۇجۇم قوزغىغان. مۇشۇنداق جىددىي پەيتتە قوشۇخان پادىشاھ تاڭ شۈەنزۇڭنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن 20 مىڭ كىشىلىك قوشۇننى باشلاپ چىڭخەيگە بېرىپ تۇبۇت قوشۇنلىرىغا قاتتىق زەربە بەرگەن ھەم ئۇلارنى چىڭخەيدىن قوغلاپ چىقارغان. ئۇزاقنى كۆزلىگەن قوشۇخان كۆكنۇر كۆلىدە شېنۋېي قورغىنىنى قۇرغان. لېكىن بۇ قورغان تۇبۇتلەرنىڭ بىر قېتىملىق تۇيۇقسىز ھۇجۇمىدا ئىشغال قىلىنغان. شۇنىڭ بىلەن قوشۇخان قايتا جەڭ قىلىپ بۇ قورغاننى قايتۇرۇۋالغان ھەم كۆكنۇر كۆلىدىكى لوڭجۇۋ ئارىلىدا يىڭلوڭ قورغىنىنى قۇرغان. يىڭلوڭ قورغىنى بىلەن شېنۋېي قورغىنى بىر ـ

بىر يەرگە ماسلىشىپ مۇداپىئە قىلغان. شۇنىڭدىن كېيىن تۇبۇتلەر يې-قىنلىشىشقا پېتىنالمىغان. تۇبۇت قوشۇنى تاڭ قوشۇنى بىلەن رو-بىرو تۇرالايدىغان ئورنىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن شىباۋ (تاش قور-غان) قورغىنىغا چېكىنىپ بېرىپ قوغدىنىپ تۇرغان. تاڭ قوشۇن-لىرى تۇرغان يەردىن بۇ قورغان بار يەرگىچە بولغان ئارىلىق يىراق، يول خەتەرلىك بولغىنى ئۈچۈن كۆپ قېتىم ھۇجۇم قىلىنغان بول-سىمۇ، ئۈنۈمى بولمىغان.

749 ـ يىلى قوشۇخانىنىڭ ھەربىي ئىشلاردىكى تالانتىغا قايىل بولغان تاڭ شۈەنزۇڭ خۇاڭخېنىڭ شەرقىدىكى ئاز سانلىق مىللەت-لەردىن تەشكىل تاپقان 100 مىڭ كىشىلىك (يەنە بىر مەنبەدە 47 مىڭ كىشىلىك دېيىلگەن) قوشۇننى قوشۇخانىنىڭ قوماندانلىقىغا ئۆتكۈزۈپ بەرگەن. شۇنىڭ بىلەن قوشۇخان 10 كۈن ئۆتمەيلا شىباۋ (تاش قورغان) قورغىنىنى ئىشغال قىلغان. پادىشاھ ئۇنىڭ بۇ تۆھ-پىسىنى تارتۇقلاش ئۈچۈن قوشۇخاننى يەنە ئۆستۈرۈپ يېڭى ئەمەل بەرگەن. 752 ـ يىلىغا كەلگەندە ئۇنىڭ مەنسىپى يەنە ئۆستۈرۈلگەن. بۇ قېتىمقى ئەمەلنىڭ دەرىجىسى يۇقىرى بولۇپ، بۇنداق ئەمەل خان-لىق تەۋەسىدىكى پەقەت ئۈچلا كىشىگە بېرىلىدىغان، ئۆز ئالدىغا ئورگان تەسىس قىلىش ئىمتىيازى بار ئەمەل ئىدى.

نېمە سەۋەبتىنكىن، قوشۇخان بىلەن تاڭ سۇلالىسىنىڭ تۇرك-لەردىن كېلىپ چىققان يەنە بىر داڭلىق سەركەردىسى ئەنلۇك بىر يەرگە كەلسىلا غىجىرىشىپ قالىدىكەن. ئۇلارنىڭ مىجەزى پەقەت كېلىشمەيدىكەن. ئەنلۇك ھازىرقى بېيجىڭ، خېبېي، لياۋنىڭ قا-تارلىق جايلارنىڭ ئالىي قوماندانى ئىكەن. تاڭ شۈەنزۇڭ ئۇ ئىككى-سىنى «دۆلەتنىڭ تۈۋرۈكلىرى» دەپ قاراپ، دائىم ئۇلارغا ئاغا ـ ئى-نى بولۇپ قېلىشلار دەپ نەسىھەت قىلىدىكەن. 752 ـ يىلى بىر ئىش بىلەن بۇ ئىككىسى تەڭلا ئوردىغا كېلىپ قالغان. پادىشاھ ھەرەمئا-غىسى گاۋ لىشىنى خانىنىڭ كۈيۈ ئوغلى سۈي خۇيتۇڭنىڭ سارىيى-دىكى راۋاقتا زىياپەت تەييارلاپ بۇ ئىككىيلەننى كۈتۈۋېلىپ ئەپ-

لەشتۇرۇپ قويۇشقا بۇيرۇغان.

ئاغزى ئىتتىك ئۆڭلۈك ياشتا قوشۇخاندىن كىچىك بولغاچقا ئۇ-نىڭغا يېقىنچىلىق قىلىش مەقسىتىدە، سىزنىڭ ئاتىڭىز تۈرك، ئا-نىڭىز ئۇغۇز، مېنىڭ دادام غۇز، ئانام تۈرك، مۇشۇنداق بولغاندىكىن يېقىن ئۆتسەك بولاتتى، دېگەن. قوشۇخان بۇ چاغدا گەپنى ئۇدۇللا قىلماي، «قەدىمكىلەر ‹تۈلكە ئۆز ئىنىگە قاراپ ئۇرسە قوتۇر بولۇر› دەپ ئېيتقان. ئەلۋەتتە، بۇنداق قىلىش ئەسل - ۋەسلىنى ئۇنتۇپ قالغانلىقتۇر» دېگەن. قوشۇخاننىڭ بۇ سۆزىنى خاتا چۈشىنىپ قال-غان چۈس مىجەزلىك ئۆڭلۈك «قوشۇخان مېنى هاقارەتلەۋاتىدۇ» دەپ چۈشىنىپ: «ئەي تۈركنىڭ چۈپرەندىسى، نېمانچە ئۆزۈڭنى بىلمەي-سەن!» دەپ تىل سالغان. قوشۇخان جاۋاب قايتۇرماقچى بولغاندا گاۋ لىشى ئالمان - تالمان ئۇلارنى توسۇۋالغان.

753 - يىلى قوشۇخان لەشكەر تارتىپ چىڭخەيدىكى ئەسلىدە تاڭ سۇلالىسىگە تەۋە بىر قىسىم جايلارنى قايتۇرۇۋالغان ھەم تۈبۈتلەر-نىڭ شەرققە قوشۇن تارتىشىدىكى ئارقا سەپ بازىلىرىنى تارتىۋېلىپ ئۇلارغا ئەجەللىك زەربە بەرگەن. ئۇ قايتۇرۇۋېلىنغان كەڭ زې-مىنلاردا تاۋ ياڭ ۋە جاۋخېدىن ئىبارەت ئىككى ئايماق تەسىس قى-لىپ، ۋەنشۇ قوشۇنى ۋە شېنسې قوشۇنى (خىسلەتلىك قوشۇن دېگەن مەنىدە) دېگەن ئىككى قوشۇننى قۇرغان.

شېنسې قوشۇنىنىڭ قۇرۇلۇشى جۇڭگونىڭ تارىخىي تەرەققىيا-تىدا مۇھىم رول ئوينىغان. بۇ قوشۇن كېيىنكى كۈنلەردە ئوردا مۇ-ھاپىزەتچى قوشۇنىنىڭ ئاساسى بولغان ھەم بارا - بارا كۈچىيىپ مەركەزنىڭ بىۋاستە كونتروللۇقىدىكى ئاساسىي قىسىمغا ئايلان-غان. بۇ قوشۇن ھەرىكەتچان، جەڭگىۋار، ساداقەتمەن بولۇشتەك خىسلەتلىرى بىلەن تونۇلغان.

753 - يىلى تاڭ شۈەنزۇڭ قوشۇخاننى خېشى قورۇقچىبېگى قى-لىپ رەسمىي تەيىنلىگەن. كېيىن يەنە تىنچىتقۇچى ئىناچى خان-لىققا ئۆستۈرگەن. شۇ كۈنلەردە باش ۋەزىر ياڭ گوجۇڭنىڭ ئۆڭ-

لۇككە بولغان ئۆچمەنلىكى راسا كۈچەيگەن. ئۇ قوشۇخاننىڭ ئەمەـ
لىنى ئۆستۈرۈش ئارقىلىق ئۆڭلۈكنى جىلە قىلماقچى ۋە ئۇنىڭغا
تاقابىل تۇرماقچى بولغان. شۇڭا، پادىشاھتىن قوشۇخاننى ئۆستۈـ
رۈشنى ئۆتۈنگەن. 754 ـ يىلى پادىشاھ قوشۇخاننىڭ ئەمەلىنى باش
تەپتىش بېگىلىكىگە ئۆستۈرگەن. بۇ ئەمەلىيەتتە ۋەزىر دەرىجىلىك
ئەمەل ئىدى. كۈتمىگەندە مەي ـ شارابقا ئامراق قوشۇخان بىر قېـ
تىم لەشكەرلەرنى كۆزدىن كەچۈرگىلى بارغاندا، شارابتىن زەھەرـ
لەنگەنلىكى سەۋەبىدىن هامامدا يۇيۇنۇۋېتىپ هوشىدىن كەتكەن.
باشقىلار خەۋەرسىز قالغاچقا خېلىغىچە سوغۇقتا قالغان. شۇ سوغۇق
تەگكەنچە قوشۇخاننىڭ بوغۇم ياللۇغى ئېغىرلاپ، ماڭالمايدىغان دەـ
رىجىگە چۈشۈپ قالغان. ئامالسىزلىقتىن ئۇ چاڭئەنگە قايتىپ ئۆز
قەسرىدە كېسىلىنى داۋالىتىپ، تالا ـ تۈزگە چىقماي ياتقان.

ياڭ گۈجۇڭنىڭ خىلمۇخىل ئۇسۇل بىلەن زەربە بېرىۋېرىشىگە
چىدىماي سەۋر قاچىسى تاشقان ئۆڭلۈك 755 ـ يىلى 155 مىڭ كىـ
شىلىك قوشۇننى باشلاپ «ياڭ گۈجۇڭغا جازا يۈرۈشى قىلىش» شوـ
ئارىنى توۋلاپ چاڭئەنگە قاراپ يۈرۈش قىلغان. تاڭ شۈەنزۇڭ ئۇـ
نىڭغا توسۇپ زەربە بېرىش ئۈچۈن كۈرېيان مىللىتىدىن بولغان
داڭلىق سەركەردە گاۋ شەنجى بىلەن سەركەردە خېڭ چاڭچىڭنى ئارـ
قا ـ ئارقىدىن ئەۋەتكەن. ئۇلار ئۆڭلۈك قوشۇنى تەرىپىدىن پاجىئەـ
لىك مەغلۇپ قىلىنغان. غەزەپلەنگەن پادىشاھ بۇ ئىككى سانغۇننىڭ
كاللىسىنى ئالغان. ئۆڭلۈكنىڭ قوشۇنى 700 كىلومېتىرلىق مۇساـ
پىنى 34 كۈندە بېسىپ، خۇاڭخېدىن چاقماقتەك تېزلىكتە ئۆتۈپ،
شەرقىي ئاستانە لوياڭنى ئىشغال قىلغان. تاڭ سۇلالىسىنىڭ پايـ
تەختى چاڭئەن خەۋپتە قالغان. ئوردىنىڭ ئىچى ـ تېشى ۋەھىمىگە
چۆمگەن. بىردىنبىر ئامال سەنشى، شەنشى ۋە خېنەننىڭ مۇھىم
ئۆتكىلى بولغان تۇڭگۇەننى مەھكەم ساقلاش بولۇپ قالغان. تۇڭگۇەن
ئۆتكىلى قولدىن كەتسە چاڭئەننىڭ قولدىن كەتمىكى بىردەملىك
ئىدى. پادىشاھ تاڭ شۈەنزۇڭ تاڭ سۇلالىسى هاكىمىيىتى مىسلىـ

سىز خەۋپتە قالغان مۇشۇنداق ھالقىلىق پەيتتە، باشلىرىنى ساڭگىلاتقىنىنچە چارىسىز قالغان سەركەردە ـ سانغۇنلىرىغا قاراپ بەك ئۈمىدسىزلەنگەن. تۆڭگۈەننى زادى كىم مۇستەھكەم ساقلاپ تۇرالايدۇ، دېگەن مەسىلە ئۇنى قاتتىق قىيىنىغان. ئاخىر ئۇ ئۈمىدىنى چاڭئەندىكى قەسىردە كېسىلىنى داۋالىتىۋاتقان «تىنچىتقۇچى ئىنانچى خان» ــ قوشۇخانغا باغلىغان. قوشۇخان پادىشاھنىڭ تەلپىنى ئورۇنلاشقا ۋەدە بەرگەن. ئۇ پادىشاھقا «بىز 200 مىڭ كىشىلىك قوشۇن بىلەن تۆڭگۈەن ئۆتكىلىنى ساقلاپ تۇرۇشىمىز كېرەك. جەڭ قىلساق دۈشمەن قوشۇنى ئۇستۇن كېلىشى تەبىئىي. ئۇلار كۆپ جەڭ قىلىپ، ئۇزۇكسىز غەلىبە قىلىپ جەڭگىۋارلىقى ئېشىپ كەتتى. بىزنىڭ قوشۇنىمىز خېلىدىن بېرى جەڭ قىلىپ باقمىدى. ئەمما، بىر ئورۇندا تۇرۇپ مۇداپىئە كۆرۈش جەھەتتە ئۇستۇنلۈككە ئىگە. بىز بىر مەزگىل مۇداپىئەدە تۇرۇۋالساق، ئۆكتۈك قوشۇنىنىڭ جەڭگىۋارلىقى بوشىشىپ كېتىدۇ. ئۇ چاغدا ئۇلارنىڭ ئىچكى قىسمىدا زىددىيەت كۆرۈلمەي قالمايدۇ. ئەنە شۇ چاغدا تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلساق زەپەر قۇچىمىز» دېگەن. پادىشاھ ئۇنىڭ لايىھەسىنى توغرا تاپقان. كۆڭلى ئەنسىنچكە تولغان پادىشاھ تاڭ شۈەنزوڭ ئۆزى چىڭجىڭ راۋىقىدا قوشۇخان ئۈچۈن كاتتا زىياپەت ھازىرلىغان. ئوردىدىكى بارلىق قەلەمدار، ئەلەمدارلارنىڭ ھەممىسىگە قوشۇخاننى شەھەر سىرتىغىچە ئۇزىتىپ چىقىشقا پەرمان بەرگەن. تەرەپ ـ تەرەپتىن توپلانغان 200 مىڭ كىشىلىك قوشۇنغا قوماندان بولغان قوشۇخان پادىشاھنىڭ ئۈمىدىنى ئاقلاش ئۈچۈن تۆڭگۈەنگە قاراپ يولغا چىققان. جىددىيلىشىپ كەتكەن پادىشاھ قوشۇخان تۆڭگۈەنگە يېتىپ بارغىچە ئۇنىڭ ئەمىلىنى توختىماي ئۆستۈرۈپ، ئاخىرىدا ۋەزىرگە ئويمۇئوخشاش ئەمەل يۈرگۈزەلەيدىغان دەرىجىدىكى يۇقىرى مەنسەپنى بەرگەن.

قوشۇخان تۆڭگۈەنگە يېتىپ بارغاندىن كېيىن بىر مۇشاۋىرى ئۇنىڭغا «ئۆكتۈكنىڭ توپىلاڭ كۆتۈرۈشتىكى شوئارى ياڭ گۇجۇڭنى

جازالاش. دېمەك، ئۇ، ياڭ گۇجۇڭنى يوقىتىشنى بىردىنبىر باھانە قىلغان. ئەگەر بىز 30 مىڭ لەشكەرنى تۇڭگۇەننى ساقلاشقا قويۇپ، قالغان 170 مىڭ لەشكەر بىلەن چاڭئەنگە بېرىپ، ياڭ گۇجۇڭنى ئۆلتۈرۈۋەتسەك، ئۆڭلۈكنىڭ چاڭئەنگە باستۇرۇپ بېرىشقا باھانىسى قالمايدۇ» دەپ مەسلىھەت بەرگەن. قوشۇخان بۇ مەسلىھەتنى توغرا تاپقان بولسىمۇ، لېكىن، ئۇنداق يول تۇتۇشنى مۇۋاپىق كۆرمىگەن. لېكىن، ئايغاقچىلار بۇ خەۋەرنى ياڭ گۇجۇڭغا يەتكۈزۈپ قويغان. ياڭ گۇجۇڭ بۇنى ئاڭلاپ دەككە - دۈككىگە چۈشۈپ، خانغا مەلۇمات يوللاپ 10 مىڭ كىشىلىك قوشۇن توپلاپ پايتەخت چاڭئەننىڭ سىرتىدا ئېھتىيات ئۈچۈن تۇرغۇزغان. بۇ قوشۇنغا ئۆزىنىڭ يېقىنى دۇ چەنيۈننى قوماندان قىلغان. قوشۇخان ياڭ گۇجۇڭنىڭ غەرىزىنى سېزىپ پادىشاھتىن دۇچەنيۈننىڭ قوشۇنىنى ئۆزىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىشنى ئىلتىماس قىلغان. خان ئىلتىماسنى تەستىقلىغاندىن كېيىن قوشۇخان دۇ چەنيۈننى مەسلىھەتلىشىدىغان ئىش بار دەپ تۇڭگۇەنگە چاقىرىپ ئەكېلىپ ئۆلتۈرۈپ تاشلىغان. بۇ ئىشتىن كېيىن ياڭ گۇجۇڭنىڭ ئارامى بۇزۇلۇپ، پۇتى كۆيگەن توخۇدەك بولۇپ كەتكەن.

شۇ كۈنلەردە ئۆڭلۈكنىڭ قول ئاستىدىكى ناھايىتى پاراسەتلىك سەركەردە سۇي چەنچۈن ئۆزىنىڭ جەڭگىۋار قوشۇنىنى يوشۇرۇپ قويۇپ، بولا - بولماس قوشۇنلىرىنى ئۆز مەيلىگە قويۇۋېتىپ تۇڭگۇەن ئۆتكىلىنىڭ سىرتىدا تەييارلىقسىز ھالەتتە تۇرغان. ياڭ گۇجۇڭ قوشۇخاننى نەيزىنى كەينىگە قارىتىپ سانجىپ قالمىغىيدى، دەپ ئەنسىرەپ، دۈشمەن بىلەن تۇتۇشتۇرۇپ قويۇشقا ئالدىراپ، يۇقىرىقى ئەھۋالنى خانغا مەلۇم قىلىپ، تاڭ شۈەنزۇڭنى قوشۇخانغا پەرمان چۈشۈرۈپ، قوشۇن تارتىپ دۈشمەنگە ھۇجۇم قىلىشقا ئالدىراتقان. قوشۇخان پادىشاھقا ئەھۋالنى چۈشەندۈرۈپ: «ئۆڭلۈك نۇرغۇن جەڭلەرنى بېشىدىن ئۆتكۈزگەن سەركەردە تۇرۇقلۇق، قانداقمۇ قول ئاستىدىكىلەرنىڭ تەييارلىقسىز تۇرۇشىغا يول قويى-

سۇن؟ سۇي چەنچۇننىڭ بۇنداق قىلىشىنىڭ ھىيلە ئىكەنلىكى ئېنىق. بىز ھەرگىز ئۇنىڭ قىلتىقىغا چۈشمەسلىكىمىز كېرەك. توپىلاڭچى قوشۇن يىراقتىن كەلگەنلىكى ئۈچۈن ئوزۇق ـ تۈلۈك زاپىسى يېتەرسىز، شۇڭا تېز جەڭگە ئاتلىنىپ، تېز ئاخىرلاشتۇرۇشنى خالايدۇ. بىزنىڭ قوشۇنىمىز تېخى تۇڭگۇەندىن چىقىپ باقمىدى. بىز مۇداپىئەدە تۇرۇۋالساق پايدىلىق. ئۇلارنىڭ مەقسىتى تېزرەك جەڭ قىلىش، تېز جەڭ قىلىۋالسا ئۇلارغا پايدىلىق، شۇڭا ھۇجۇمغا چىقمىغىنىمىز تۈزۈك» دېگەن، لېكىن ياڭ گوجۇڭ ھەدەپ خاننى كۈشكۈرتۈپ ھۇجۇمغا چىقىشقا پەرمان چۈشۈرۈشكە ئۈندىگەن. ئۇزاق زامان ئوردىدىكى ئەيش ـ ئىشرەتلىك راھەت تۇرمۇشتا ياشاپ ھەربىي ئىشلاردىن خەۋەرسىز قالغان پادىشاھ ياڭ گوجۇڭنىڭ گېپىگە ئىشىنىپ قوشۇخانغا پەرمان چۈشۈرگەن.

756 ـ يىلى قوشۇخان نائىلاج 200 مىڭ كىشىلىك زور قوشۇننى باشلاپ ھۇجۇمغا ئۆتكەن. ئۆڭلۈكنىڭ قوشۇنى بىر تەرەپتىن ئورۇشۇپ، بىر تەرەپتىن چېكىنگەن. شۇنداق قىلىپ ئۇلار قوشۇخاننىڭ زور قوشۇننى بىر تارچۇققا ئالداپ ئېلىپ كىرگەن ھەم ئۆزلىرى ئالدى تەرەپتىكى ئېگىزلىكنى ئىگىلىۋالغان. قوشۇخان جەنۇب تەرەپتە چىلىيەنشەن تېغى، شىمال تەرەپتە خۇاڭخې دەرياسى، ئالدىدىكى ئېگىزلىكتە دۈشمەن قوشۇنى توسۇپ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ چۆچۈپ كەتكەن. ئارقىسىغا قاراپ زور قوشۇننىڭ ھەدەپ ئالدىغا سىلجىپ كېلىۋاتقانلىقىنى، بۇنداق ئەھۋالدا چېكىنىش بۇيرۇقى چۈشۈرۈشنىڭ زور قالايمىقانچىلىق پەيدا قىلىدىغانلىقىنى پەملىگەن، نەتىجىدە قوشۇخان سالغا ئولتۇرۇپ، دەريانىڭ ئوتتۇرىسىدا تۇرۇپ جەڭگە قوماندانلىق قىلىشقا مەجبۇر بولغان. جەڭ تولىمۇ دەھشەتلىك بولغان. ئۆلگەنلەرنىڭ جەسەتلىرى ھەممە يەرنى قاپلاپ كەتكەن، دەريا سۈيى قان بىلەن بويىلىپ كەتكەن. قوشۇخاننىڭ قوشۇنى پايدىسىز ئەھۋالدا تولىمۇ ئېچىنىشلىق مەغلۇپ بولغان. ئاخىر قوشۇخان دۈشمەننىڭ قولىغا چۈشۈپ قالغان. ئەسىرگە چۈشكەن قو-

شۇخاننى كۆرگەن ئۆچكىلۈك قاقاھلاپ كۈلۈپ تۇرۇپ: «ھەي، تەكەببۇر قېرى، بۇگۈنكى كۈندە سەن يەنە مېنى كەمسىتەلەمسەن؟» دېگەن. قوشۇخان: «ئەي ئۆچكىلۈك، نوچى بولساڭ قېنى مېنى ئۆلتۈرگىن» دېگەن، ئۆچكىلۈك ھىيلىگەرلىك بىلەن: «ياق، سەن ئۆلسەڭ بولمايدۇ، سەن قول ئاستىمدا ئىشلەپ مەن ئۈچۈن خىزمەت قىلغىن» دېگەن. ئېيتىلىشچە، كېيىن قوشۇخان ئۆچكىلۈكنىڭ ئوغلى تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈۋېتىلگەن. قوشۇخاننىڭ پاجىئەلىك مەغلۇبىيىتى بىلەن تەڭ تاڭ سۇلالىسىنىڭ پايتەختى چاڭئەن ھەش ـ پەش دېگۈچە قولدىن كەتكەن. پادىشاھ باشلىق بارلىق ئوردا ئەھلى جېنىنى ئېلىپ سىدـ چۈەنگە قاراپ قاچقان. مۇشۇنداق ھەل قىلغۇچ پەيتتە تاڭ سۇلالىـ سىنىڭ يېڭى خاقانى نائىلاج ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىغا ئەلچى ئەۋەـ تىپ ئۇلارنىڭ ياردىمىنى تەلەپ قىلغان.

مانا بۇ تاڭ سۇلالىسىدىكى تۈرك قېنىدىن بولغان كۆسەنلىك مەشھۇر سەركەردە قوشۇخاننىڭ بىزگە مەلۇم بولغان تارىخىي تەرـ جىمىھالى.

2009 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ ئاخىرى يېزىلدى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



# ئاكا ـ ئۇكا مۇسابايېفلارنىڭ توققۇز چوڭ تۆھپىسى

1909 ـ يىلى كۈز كۈنلىرىنىڭ بىر ئەتىگىنى غۇلجا شەھىرىنىڭ سىرتىدىكى غۇچچىدە ئۆسكەن چىغ، شىۋاقلار بىلەن قاپلىنىپ تۇ- رىدىغان ئۇنۇمسىز يەرگە تالاي مۇشەققەتلەرنى يېڭىپ، تۆت يىل ۋاقىت، 350 مىڭ سەر سەرمايە سەرپ قىلىپ قۇرۇلغان «مۇسابايېف تېرە زاۋۇتى» دىن «ۋۇ... ۋۇ... ۋۇت!» قىلىپ ياڭرىغان كۈچلۈك سادا غۇلجا ئاسمىنىنى لەرزىگە كەلتۈرۈپ، يىراق ـ يىراقلارغا تار- قىلىپ كەتتى. غەرب زامانىۋى سانائىتىنىڭ بەلگىسى بولغان بۇ ياڭراق گۈدۈك ساداسىنىڭ لەرزىسى بىلەن نەچچە ئەسىرلەردىن بې- رى جاھالەت تۈتەكلىرى قاپلاپ كەلگەن تارىم ۋە جۇڭغارىيە ۋادىسى- نىڭ قاراڭغۇ ئاسمىنىدا نۇرانە يۇلتۇزلار چاراقلاشقا، تەڭرىتاغ ئانى- نىڭ گىگانت گەۋدىسى بىلىنەر ـ بىلىنمەس مىدىرلاشقا، ئۇن ـ

تىنىسىز ئېقىپ كېلىۋاتقان ئىلى دەرياسى قايتىدىن دولقۇنلاشقا، غەپلەت ئۇيقۇسىدا پۇشۇلداپ ياتقان بۇ قەدىمىي تۇپراق ئاستا ـ ئاستا سىلكىنىشكە باشلىدى. چۈنكى، 20 ـ ئەسىرنىڭ يېتىپ كېلىشى بىلەن ياڭرىغان بۇ خاسىيەتلىك سادا ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ ساناائەتلىشىشكە تاشلىغان دادىل قەدىمى ۋە يېڭى مەدەنىيەت ھەم يېڭى مائارىپ ھەرىكىتىنىڭ پەردىسىنى ئاچقان خاسىيەتلىك گۈدۈك ئاۋازى بولدى. ئەنە شۇنىڭدىن كېيىن شىنجاڭنىڭ كۆپلىگەن جايلىرىدا يېڭى مائارىپ ۋە يېڭى مەدەنىيەت ھەرىكىتى ئارقىمۇئارقا بارلىققا كەلدى. جەدىدىزملىق ئىدىيە ئۇلغايدى، مىللىي ئاڭ ئويغىنىشقا باشلىدى، غۇلجا، قەشقەر، خوتەن، ئاتۇش، كۇچا، كېرىيە، قاغىلىق، تۇرپان، چۆچەك، گۇچۇڭلاردا يېڭىچە مەكتەپلەر قۇرۇلدى. بىر قىسىم دىنىي مەكتەپلەر جەدىدچە ئوقۇتۇشنى يولغا قويدى. قەشقەردە ئۆمەر باينىڭ پاختا زاۋۇتى، تۇرپاندا مۇھىتىللارنىڭ پاختا زاۋۇتى، يەكەندە تاشاخۇنۇمنىڭ سەرەڭگە زاۋۇتى ۋە مەسئۇدنىڭ رەخت توقۇش كارخانىسى قۇرۇلدى...

ساناائەتلىشىش ئىقتىسادنىڭ گۈللىنىشى ۋە جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ مۇقەررەر يولى، ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىي قىلىپ مۇئەييەن باسقۇچقا يەتكەنلىكىنىڭ بەلگىسى. ئىنسانىيەت تارىخىدىن ئايانكى، ساناائەتلىشىش مۇساپىسى ئىنتايىن زور مۇشكۇلاتلار بىلەن تولغان بولىدۇ. ئەمما، ساناائەتلىشىشنى ئەمەلگە ئاشۇرالمىغان مىللەتلەر زامانىۋى مىللەتلەر قاتارىدىن ھەرگىز ئورۇن ئالالمايدۇ. شۈبھىسىزكى، ئاكا ـ ئۇكا مۇساباييېفلار شىنجاڭ مىللىي ساناائىتىنىڭ ۋەكىلى بولغان «مۇسابايېف تېرە زاۋۇتى» نى قۇرۇش ئارقىلىق مىللىي ھاياتىمىزدا يېڭى بۇرۇلۇش ياسىدى، يېڭى تارىخ ياراتتى. ئۇلار بۇ زاۋۇتنى ھۆكۈمەت تەرەپنىڭ ساناائەتلەشتۈرۈش پىلانىدىن ئېغىز ئاچقىلى بولمايدىغان زاماندا رويapqa چىقاردى. ئۇ چاغدا يېڭىدىن گۈللىنىۋاتقان خۇسۇسىي كارخانىلارنى يۆلەش، ئوتتۇرا، ئۇزاق مۇددەتلىك قەرز پۇل بېرىش ئارقى-

لىق ئۇلارنىڭ مالىيەسىنى كاپالەتلەندۇرۇش، ئۇلارنى قۇرۇلۇش مەبلىغى بىلەن تەمىنلەش دىگەندەكلەردىن ئەسلا ئېغىز ئاچقىلى بولمايتتى. جەمئىيەتنىڭ تۇپ خاراكتېرى قالاق فېئودالىق جەمئىيەت ئىدى. ئىگىلىك شەكلى تولىمۇ قالاق ئىدى. ئىقتىسادىي ئەھۋالى بەكمۇ نامرات ئىدى. ئىجتىمائىي قاتلىمى ئاددىي ھەم تۆۋەن ھالەتتە ئىدى. رۇسىيە ئىمپېرىيەسىنىڭ ھىمايىسى ئاستىدا شىنجاڭدا باج تاپشۇرماي، يۇقىرى ئىمتىياز بىلەن تالان ـ تاراج خاراكتېرلىك سودا قىلىۋاتقان رۇسىيە سودىگەرلىرىنىڭ سودا زومىگەرلىكىگە تاقابىل تۇرۇش ئەڭ قىيىن مەسىلە ئىدى. قىسقىسى، ئۆزىنىڭ تۇرلۇك ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي، سىياسىي مەسىلىلىرىنى ھەل قىلىشقا قۇربى يەتمەيدىغان، مۇكەممەل بولمىغان بىر جەمئىيەتتە بۇنداق بىر زامانىۋى زاۋۇتنىڭ قۇرۇلۇشى، بۇنداق بىر يېڭى كارخانىنىڭ بارلىققا كېلىشى مۆجىزە ھېسابلىناتتى. گەرچە بىرەر زاۋۇتنىڭ قۇرۇلۇشى بىلەن مىللىي سانائەتنىڭ تەرەققىياتىغا ۋە مىللىي ئىگىلىكنىڭ كۆپ مەنبەلىشىشىگە ئاساس سالغىلى بولمىسىمۇ، ئەمما بۇ ئىلھامبەخش يېڭى ھادىسە تېخىمۇ كۆپ كارخانا ـ شىركەتلەرنىڭ بارلىققا كېلىشىگە تۇرتكە بولماي قالمايتتى. مىللىي كارخانىلارنىڭ كۆپلەپ قۇرۇلۇشى، مىللىي سانائەتنىڭ تەرەققىي قىلىشى تەبىئىي ھالدا مىللىي بۇرژۇئازىيە قاتلىمىنىڭ شەكىللىنىشىگە، تېخنىك خادىملارنىڭ بارلىققا كېلىشىگە، باشقۇرغۇچىلار ھەم مەلىكىلىك ئىشچىلار قوشۇنىنىڭ يېتىلىشىگە ئاساس بولاتتى. بۇنىڭ نەتىجىسىدە جەمئىيەتنىڭ يۇقىرى قاتلىمىغا مەنسۇپ بولغان، ئىقتىسادنىڭ ۋە جەمئىيەتنىڭ ئايلىنىش قانۇنىيىتىنى چۈشىنىدىغان، سىياسىي تەپەككۇرى يېتىلگەن، مىللىي ئېڭى ئويغانغان كىشىلەر توپى شەكىللىنەتتى. شۇڭا، ئاكا ـ ئۇكا مۇساباييېفلارنىڭ زاۋۇت قۇرۇشىنى 20 ـ ئەسىر ئۇيغۇر تارىخىدىكى ئەھمىيىتى ئەڭ زور، ئىنقىلاب خاراكتېرلىك ۋەقەلەرنىڭ بىرى، دەپ ئېيتىشقا بولىدۇ. مۇشۇ نۇقتىدىن ئېيتقاندا، بۈگۈنكى كۈندە بۇ ئۇلۇغ قۇرۇ-

لۇشنىڭ بارلىققا كەلگەنلىكىنىڭ 100 يىللىقىنى داغدۇغىلىق خا- تىرىلەپ تۈرلۈك پائالىيەتلەرنى ئۆتكۈزۈش، تارىخىي، ئەدەبىي كى- تابلارنى يېزىپ نەشر قىلدۇرۇش، كىنو - تېلېۋىزىيە فىلىملىرىنى ئىشلەش تامامەن زۆرۈر ئىدى. بىز ئاكا - ئۇكا مۇسابايېفلارنىڭ زاۋۇت قۇرۇش جەريانىنى قىسقىچە ئەسلەپ باقساق، ئۇلارنىڭ ئەينى شارائىتتا نەقەدەر زور جاسارەت ۋە پاراسەت بىلەن، قاتمۇقات مۇش- كۈلچىلىكلەرنى يېڭىپ بۇ ئۇلۇغ قۇرۇلۇشنى ئەمەلگە ئاشۇرغانلى- قىنى ھېس قىلالايمىز.

مەلۇمكى، 20 - ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە ئانا دىيارىمىز شىنجاڭ يەنىلا ئىنتايىن قالاق ھالەتتە ئىدى. ياكى بىرەر زاۋۇت، ياكى بىرەر شىركەت، ياكى بىرەر مەكتەپ، ياكى بىرەر دوختۇرخانا، ياكى بىرەر گېزىت - ژۇرنال يوق ئىدى. كىشىلەر ئات، تۆگە، قېچىر، ئۆكۈز ۋە ئېشەكنى قاتناش قورالى قىلاتتى. ئېتىز - ئېرىقنىڭ ئىشلىرىنىمۇ ھايۋان كۈچىگە تايىنىپ تاماملايتتى. ناتۇرال ئىگىلىككە تايىنىپ تۇرمۇشىنى قامدايتتى. قارا قىشنىڭ ئۇزاق كېچىلىرىدە سۇماي بى- لەن ياندۇرۇلىدىغان قارا چىراغنى پىلىلدىتىپ، تۈگىمەس ھېكايە - چۆچەكلەرنى ئېيتىپ زېرىكىشلىرىنى بېسىشاتتى.

ئەكسىچە، شۇ يىللاردا باشقا ئەللەر، بولۇپمۇ ياۋروپا دۆلەتلىرى بەس - بەستە سانائەتلىشىپ كۈنسايىن تەرەققىي قىلماقتا ئىدى. زاۋۇت، فابرىكىلار، ماشىنا، پاراخوتلار، مەكتەپ، دوختۇرخانىلار، گېزىت - ژۇرناللار، رادىيو، پاتېفونلار، ئېلېكتىر چىراغلار جەمئى- يەتتە ئادەتتىكى نەرسىگە ئايلىنىپ، خەلق تۇرمۇشىدا مىسلىسىز قولايلىقلارنى ياراتماقتا ئىدى. ئۇلار جاھانگىرلارغا خاس ئىدىيە ۋە تەپەككۇر بىلەن بايلىق مەنبەلىرىنى قولغا كەلتۈرۈش ئارقىلىق مىللىي مەنپەئەتلىرىگە ئۇزاق مۇددەت كاپالەتلىك قىلىش، يەر شارى مىقياسىدا يېتەكچى مىللەتلەردىن بولۇش مەقسىتىدە تەخىرسىز ئىزدىنىۋاتاتتى.

دۇنيادىكى ئەڭ كۈچلۈك ئىمپېرىيە بولغان بىرىتانىيە ئىمپېرى-

يەسى بىلەن رۇسىيە ئىمپېرىيەسىنىڭ مۇستەملىكىسىگە ۋە مەنپەئەت تالىشىش كۆرىشى ئوتتۇرا ئاسىيادا ئەڭ كەسكىن بولغان. ئوتتۇرا ئاسىيا زېمىنى رۇسىيەگە تۇتاش بولغاچقا رۇسىيە رىقابەتتە تەبىئىي ئەۋزەللىككە ئىگە ئىدى. ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىنىڭ چارۋىچىلىق ۋە دېھقانچىلىق ئىشلىرى تەرەققىي قىلغان بولۇپ، ماددىي بايلىقلىرى مول ئىدى. بۇ رايون ئەنگلىيە بىلەن زومىگەرلىك تالىشىشتىكى ئىستراتېگىيەلىك ئورۇن ھېسابلىناتتى، شۇڭا رۇسىيە ئۈچۈن ناھايىتى مۇھىم ئىدى. 1861 ـ يىلى رۇسىيە سانائەتنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن يانچىلىق تۈزۈمىنى بىكار قىلدى. بۇ ھال سانائەتنىڭ يەنىمۇ راۋاجلىنىشىغا يېڭى يول ئېچىپ بەردى. ھەقىقەتەنمۇ يانچىلىق تۈزۈمى بىكار قىلىنغاندىن كېيىن، رۇسىيەنىڭ سانائەت كاپىتالىزمى ناھايىتى تېز تەرەققىي قىلدى. «ھالبۇكى، سانائەت كاپىتالىزمىنىڭ تەرەققىياتى تاۋار بازىرى ئېچىشنى ۋە خام ئەشيا مەنبەسى تېپىشنى تەلەپ قىلاتتى. ئەمما، رۇسىيە سانائەتتە ياۋروپا ئەللىرىدىن ئارقىدا قالغانىدى. مەھسۇلاتلىرىنىڭ سۈپىتى ناچار بولغانلىقتىن ياۋروپا بازىرىدا پۇت تىرەپ تۇرالمايتتى. شۇڭا، پەقەت ئوتتۇرا ئاسىيا بازارلىرىنى ئىگىلىمىسە بولمايتتى[①].» قارا نىيەت رۇسىيە ئىمپېرىيەسى ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ تاۋار بازىرىنى ئېچىش ۋە خام ئەشيا مەنبەسىنى ئىگىلەش ئۈچۈن ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە مۇستەملىكە قىلىش، بولمىغاندا سىياسىي جەھەتتە تىزگىنلەشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش تەدبىرىنى قوللاندى.

ئوتتۇرا ئاسىياغا قارىتا كېڭەيمىچىلىك قىلىشنى تېزلەشتۈرگەن رۇسىيە ئىمپېرىيەسى ھەقىقەتەن زور مۇۋەپپەقىيەت قازاندى. ئوتتۇرا ئاسىيا بويسۇندۇرۇلغاندىن كېيىن، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ھەر قايسى خانلىقلار مۇستەقىل دۆلەت بەھرىمەن بولىدىغان ھەر خىل ھوقۇقلاردىن مەھرۇم بولدى. ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ھەر مىللەت خەل-

① ۋاڭ جىلەي: «ئوتتۇرا ئاسىيا ئومۇمىي تارىخى — يېقىنقى زامان قىسمى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2010 ـ يىلى نەشرى، ئۇيغۇرچە، 412 ـ بەت.

قى ھەر خىل خورلۇق ۋە زۇلۇمغا يەتكۈچە ئۇچرىدى. بۇ يىللاردا تۈنجى قېتىملىق سانائەت ئىنقىلابىنى باشتىن كەچۈرۈۋاتقان رۇسىيە ئوتتۇرا ئاسىيادا قاتناشنى ياخشىلاپ، تۆمۈريوللارنى كۆپلەپ ياسىدى. ئىچكى رايونلاردىن كۆپلەپ ئاھالە كۆچۈردى. يول ياقىلىرىغا يېڭى شەھەر - بازارلارنى قۇردى. ئىلگىرىكى كىچىك شەھەرلەرنى كېڭەيتتى. قاتناشنىڭ راۋانلىشىشى ۋە تۆمۈريوللارنىڭ كۆپلەپ ياسىلىشى بىلەن، قەدىمىي شەھەر - بازارلار ۋە يېڭىدىن قۇرۇلغان شەھەر - بازارلارنىڭ سودا - تىجارەت ئىشلىرى ناھايىتى تېز جانلاندى. ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى، مەسىلەن، ئاشلىق، پاختا، يىپەك، مېۋە - چېۋە، كۆن - خۇرۇم قاتارلىق مەھسۇلاتلىرىنىڭ تاۋارلىشىشى كۈنسايىن كېڭىيىپ باردى.

ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ بىر قىسمى بولغان شىنجاڭ رايونىمۇ رۇسىيە ئىمپېرىيەسىنىڭ ئىستراتېگىيەلىك مەنپەئەتى دائىرىسىدىكى مۇھىم جاي ئىدى. شۇڭا، چار رۇسىيە ھۆكۈمىتى تۈرلۈك باھانە - سەۋەبلەر بىلەن زەئىپلەشكەن چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنى شىنجاڭغا مۇناسىۋەتلىك ئىشلاردا يول قويۇشقا قىستايتتى. مەسىلەن، 1881 - يىلى ئىمزالانغان «جۇڭگو - رۇسىيە ئىلى شەرتنامىسى» بۇنىڭ تىپىك پاكىتى. بۇ تەڭسىز شەرتنامە بويىچە رۇسىيە ئىلى، چۆچەك، قەشقەر، ئۈرۈمچى قاتارلىق بىرنەچچە شەھەردە كونسۇلخانا قۇرغان. شۇنىڭ بىلەن بىللە يەنە شىنجاڭنىڭ ئىلى، ئۈرۈمچى، گۇچۇڭ، قۇمۇل، تۇرپان قاتارلىق شەھەرلىرىدە رۇسىيە سودىگەرلىرى ئۈچۈن سودا رايونى بەلگىلەپ بېرىلگەن. شىنجاڭدا سودا - تىجارەت بىلەن شۇغۇللىنىدىغان رۇسىيە سودىگەرلىرى جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ قانۇن - تۈزۈملىرىنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرىمايتتى. ئۇلارنىڭ قىلمىشىغا رۇسىيە كونسۇلى كېسىم چىقىراتتى. ئۇلار باج تۆلىمەي سودا قىلاتتى. ئۇلار رۇسىيەنىڭ كۈندىلىك سانائەت بۇيۇملىرىنى ئېلىپ كېلىپ كەڭ كۆلەمدە ساتقاندىن باشقا، شىنجاڭدىن سانائەت خام ماتېرىياللىرىنى ئەرزان باھادا سېتىۋېلىپ، پىش-

شىقلاپ ئىشلىگەندىن كېيىن ھەسسىلەپ پايدا ئالاتتى. ئۇلارنىڭ خام ماتېرىيال سودىسىدا يۇڭ، تېرە ئاساسلىق ئورۇننى ئىگىلىگەندى. رۇسىيە سودىگەرلىرىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا، جۈملىدىن شىنجاڭغا تۈركۈملەپ كېلىشى ئۆز نۆۋىتىدە سودىغا ماھىر، سودا ئەنئەنىسى كۈچلۈك ئۇيغۇر سودىگەرلىرىگىمۇ پۇرسەت ئېلىپ كەلگەن. ئۇلار يۇرت ئارىلاپ، چېگرا ئاتلاپ «ئال ـ سات» شەكلىدە سودا قىلىشقا باشلىغان. كارۋانچىلىق، سارايۋەنلىك كەسپى بىلەن شۇغۇللانغان. چار رۇسىيە بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيانى تالىشىشتا ئۇزاقتىن بېرى بەسلىشىپ كېلىۋاتقان ئەنگلىيەمۇ 1895 ـ يىلى قەشقەردە ئالاھىدە ۋەكىل تۇرغۇزغان. 1909 ـ يىلى بۇ ئالاھىدە ۋەكىل مەھكىمىسىنى باش كونسۇلخانىغا ئۆزگەرتكەن. ئەنگلىيەگە قارام ھىندىستانلىق سودىگەرلەرمۇ قەشقەر، يەكەن قاتارلىق جايلاردا سودا ـ تىجارەت بىلەن كەڭ كۆلەمدە شۇغۇللانغان. نەتىجىدە، 19 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرى ۋە 20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرى شىنجاڭدا ساراي تىجارىتى يۇقىرى دولقۇنغا چىققان. جايلاردا كارۋانلار ۋە سودىگەرلەر ئۈچۈن تۈركۈم ـ تۈركۈم سارايلار قۇرۇلغان. «مەسىلەن، قەشقەرنى مىسالغا ئالساق، مەخسۇس چەت ئەل سودىگەرلىرى ئىجارىگە ئېلىپ قۇرغان خام بازىرىدىكى ‹ھىندى سارىيى› (ھىندىستانلىق سودىگەرلەر قۇرغان)، ‹تۆگە سارىيى› (دورغا بەگ سارىيى دەپمۇ ئاتالغان، ئۇنى ئافغانىستانلىق سودىگەرلەر قۇرغان)، ‹پەرەڭ سارىيى›، (ھازىرقى چىنىباغ مېھمانخانىسىنىڭ ئورنىدا) قاتارلىق چەت ئەللىكلەر قۇرغان سودا سارايلىرىدىن باشقا، يەرلىكلەر تەرىپىدىن 50 تىن ئارتۇق مەخسۇس سودا سارايلىرى قۇرۇلۇپ، ھەرقايسى سارايلاردا ئوخشىمىغان مال تۈرى بويىچە تاۋار ئوبوروتى يولغا قويۇلغان. شەھەر ئىچىدە قۇرۇلغان يۇقىرىقى سودا سارايلاردىن باشقا، قەشقەرنىڭ توققۇز ناھىيە، 26 يېزىسىدا 140 تەك سودا بازىرى بولۇپ، بۇ بازارلاردا يەرلىك خام ئەشيا، پىششىقلانغان قول سانائەت بۇيۇملىرى سودىسى ۋە چەت ئەل تاۋارلىرىنى توپ ۋە پارچە سېتىش سودىسى ئېلىپ بې-

رىلغان[1].» قەشقەر، يەكەن، ئىلى، چۆچەك، ئۈرۈمچى، گۇچۇڭ، قومۇل، تۇرپان سودا ـ تىجارەت جانلانغان ئورۇنلار بولۇپ قالغان. قىسقىغىنا 10 ــ 20 يىل ئىچىدە قەشقەر، ئاتۇش، تۇرپان ۋە ئىلىنىڭ سودىگەرلىرى ئانا دىيارىدىن ھالقىپ ئىچكى ئۆلكىلەرگە ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا ئۆلكىلىرىگە قاتنايدىغان سودىگەرلەر توپىنى شەكىللەندۈرگەن. شۇ يىللاردا بىر قىسىم ئۇيغۇر بايلىرى تىجارەت ئېھتىياجى بىلەن ياۋروپاغا قەدەر بارغان. ئۇلار ياۋروپا ئەللىرىنىڭ تەرەققىيات مەنزىرىسىنى كۆرگەندە، ئۆز يۇرتىنىڭ قالاق قىياپىتى بىلەن سېلىشتۇرۇپ، ئىچ ـ ئىچىدىن ئۆرتەنگەن. بۇ يىللاردا يەنە ئوتتۇرا ئاسىيا ئۆلكىلىرىدە «تاتار جەدىدچىلىكى» نىڭ تەسىرى كۈنسايىن كۈچىيىپ مىللىي ئاڭ ئويغىنىشقا، يېڭىلىققا، تەرەققىياتقا ئىنتىلىدىغان كەيپىيات ئومۇملىششقا باشلىغان. يەنە بىر جەھەتتىن، رۇسىيە، ياۋروپا ۋە تۈركىيە قاتارلىق جايلار بىلەن باردى ـ كەلدى مۇناسىۋەتلەر قويۇقلىشىش نەتىجىسىدە، يىراقنى كۆرەر سودىگەرلەر ۋە ئاز ساندىكى ياش ئۆلىما ـ زىيالىيلارنىڭ كۆزى ئېچىلىشقا باشلىغان. شۇڭا، ئۇلار ئانا دىيارىنىڭ ياۋروپادەك تەرەققىي قىلغان مەنزىرىسىنى كۆرۈشنى تولىمۇ ئارزۇ قىلغان، ھەمىشە بۇ ئارزۇسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنىڭ يوللىرى ئۈستىدە ئىزدەنگەن. شۇلارنىڭ ئارىسىدا 1890 ـ يىللارنىڭ ئالدى ـ كەينىدە رۇسىيەلىك سودىگەرلەر بىلەن كۆپ سودا قىلىپ، تىجارەتتىكى پاراستى ۋە ماھارىتى بىلەن داڭ چىقىرىپ «مۇسابايىفلار» دەپ تونۇلغان ھۈسەن باي (?1865 ــ 1926) ۋە باھاۋۇدۇن باي (?1870 ــ 1928) ئىسىملىك ئاكا ـ ئۇكا سودىگەرلەرمۇ بار ئىدى. ئۇلار سودا كاپىتالىنىڭ كۆپلۈكى ۋە رۇس تىلىغا ماھىرلىقى بىلەن رۇسىيەلىك سودىگەرلەرنىڭ ئىنتايىن ئىشەنچىسىگە ئېرىشكەن. بۇ ئىككىيلەن ئاتۇش ئىكساقلىق داڭلىق سودىگەر مۇسابايىنىڭ چوڭ ئائىلىدىن

① ئابدۇكېرىم راخمان بۇچى: «20 ـ ئەسىر ئۇيغۇر سودا مەدەنىيىتى ۋە ئۇنىڭ تەرەققىياتى»، «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 2005 ـ يىلى 2 ـ سان.

بولغان بالىلىرى ئىدى. ئۇلار غەيرەت ـ جاسارەتلىك، پەم ـ پاراسەتلىك، ئىنساب ـ دىيانەتلىك قىران يىگىتلەر بولۇپ، دادىسى مۇسابايىنىڭ ياخشى تەربىيەسىدە ئۆسۈپ يېتىلگەنىدى. مۇساباي ھاجىم ئوغۇللىرىغا دائىم «پۇلنىڭ خوجىسى بولماي، بىلىمنىڭ خوجىسى بولۇڭلار» دەپ نەسىھەت قىلاتتى.

مۇسابايېف جەمەتى ئانا دىيارىمىزدا مىللىي سانائەتنىڭ بايرىقىنى تۇنجى قېتىم تىكلىگەن ۋە يېڭىچە مائارىپنىڭ مەشئىلىنى تۇنجى قېتىم ياندۇرغان ئاۋانگارت جەمەت بولۇپ، ئۇلارنىڭ جاسارەتلىك ھەم پاراسەتلىك ئوغلانلىرى بىز بۈگۈنكى كۈندە ئىپتىخار بىلەن تىلغا ئېلىۋاتقان تارىخىي تۆھپىلىرى بىلەن تارىخىمىزنىڭ شانلىق سەھىپىلىرىدىن ئورۇن ئالدى.

مەن 10 نەچچە يىلدىن بۇيان چامىمنىڭ يېتىشىچە ماتېرىيال توپلاش، ئۆگىنىش، ئىزدىنىش ۋە تەتقىق قىلىش ئارقىلىق، «مۇسابايېف تېرە زاۋۇتى» قۇرۇلغانلىقىنىڭ 100 يىللىقىنى خاتىرىلەش مەقسىتىدە ئاكا ـ ئۇكا مۇسابايېفلارنىڭ ئۇنتۇلماس توققۇز چوڭ تۆھپىسىنى يەكۈنلەپ چىقتىم. مېنىڭ «مۇسابايېف تېرە زاۋۇتى»نىڭ 100 يىللىقىنى خاتىرىلەشنى تۇتقا قىلىشىمدىكى سەۋەب شۇكى، بۇ زاۋۇتنىڭ قۇرۇلۇشى ۋە تەرەققىياتى شىنجاڭدا 20 ـ ئەسىردە يۈز بەرگەن زور تارىخىي ۋەقەلەر بىلەن بىرىكىپ كەتكەن. خۇددى ۋېي چاڭخۇڭ ئېيتقاندەك «مۇسابايېف تېرە زاۋۇتىنىڭ تارىخىي ئۆزگىرىشىنى تەتقىق قىلىش شىنجاڭ مىللىي بۇرژۇئازىيەسىنىڭ بارلىققا كېلىشى ۋە تەرەققىي قىلىشىنى تەتقىق قىلىشتىكى ئاچقۇچلۇق مەسىلە بولۇپلا قالماستىن، يەنە يېقىنقى زامان شىنجاڭ جەمئىيىتىنىڭ ئالاھىدىلىكى ۋە قانۇنىيىتىنى بىلىشكىمۇ ئىنتايىن پايدىلىق[1].» شۇڭا، ئاكا ـ ئۇكا مۇسابايېفلارنىڭ ھاياتىدىكى ئەڭ

---

① «شىنجاڭ يېقىنقى ۋە ھازىرقى زامان ئىقتىسادىغا دائىر ماقالىلەر توپلىمى»غا كىرگۈزۈلگەن، ۋېي چاڭخۇڭ يازغان « يېقىنقى زامان شىنجاڭ مىللىي سانائىتىنىڭ ۋەكىلى — ئىلى ھۈسەن باي تېرە زاۋۇتى» ناملىق ماقالىگە قاراڭ. شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 2002 ـ يىلى، خەنزۇچە نەشرى، 43 ـ بەت.

شانلىق ئۇتۇقلىرىنىڭ بىرى بولغان «مۇسابايېف تېرە زاۋۇتى» نىڭ 100 يىللىقىنى خاتىرىلەش مۇناسىۋىتى بىلەن بۇ ماقالەمنى يازدىم.

20 - ئەسىر ئۇيغۇر تارىخىدىكى «مۇسابايېف جەمەتى»، «مۇھەتىلار جەمەتى» ۋە «تاشاخۇنوم جەمەتى» دىن ئىبارەت داڭلىق ئۈچ جەمەتنىڭ بىرى بولغان «مۇسابايېف جەمەتى» نىڭ ئەڭ مەشھۇر ۋەكىللىرى ئاكا - ئۇكا مۇسابايېفلارنىڭ بىزنى ئىپتىخارلاندۇرىدىغان، ئۇنتۇلماس توققۇز چوڭ تۆھپىسى تۆۋەندىكىچە:

## بىرىنچى تۆھپە: «مۇسابايېف تېرە زاۋۇتى» نى قۇرۇش

جۇڭگو يېقىنقى زامان تارىخىدا ھۆكۈمەت تەرەپنىڭ سانائەت بىلەن شۇغۇللىنىشى بىرقەدەر بالدۇر بولسىمۇ، ئەمما سودىگەرلەرنىڭ سانائەت بىلەن شۇغۇللىنىشى جياۋۇ يىلىدىكى، يەنى 1894 - يىلىدىكى جۇڭگو - ياپونىيە ئۇرۇشىدىن كېيىن باشلانغان. ئىلگىرى ھۆكۈمەت سودىگەرلەرنىڭ سانائەت بىلەن شۇغۇللىنىشىنى چەكلەپ كەلگەن. ياپونىيە بىلەن بولغان ئۇرۇشتا چىڭ سۇلالىسىنىڭ شۇنچە چوڭ دۆلەت تۇرۇپ يېڭىلىپ قېلىشى جۇڭگولۇقلارنى قاتتىق خورلۇقتا قويغان. شۇنىڭ بىلەن قۇدرەت تېپىش ئۈچۈن جەزمەن ياپونىيەگە ئوخشاش «ئەجنەبىيلەردىن ئۆگىنىش» نىڭ زۆرۈرلۈكى يەنە بىر قېتىم تونۇپ يېتىلگەن. 1895 - يىلى جياڭسۇلۇق جاڭ جيەن (张謇 1853 — 1926) دېگەن سودىگەر تۇنجى بولۇپ بوياقچىلىق زاۋۇتى قۇرغان. ئۇزاق ئۆتمەي پاختا توقۇمىچىلىق فابرىكىسى قۇرغان. 1901 - يىلى «يېڭى سىياسەت» يولغا قويۇلغاندىن كېيىن سودىگەرلەرنىڭ سانائەت بىلەن شۇغۇللىنىشى ئاشكارا رىغبەتلەندۈرۈلگەن. نەتىجىدە، زاۋۇت - كارخانا قۇرۇش دولقۇنى شەكىللەنگەن. شىنجاڭنىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى ھوقۇقى ئەڭ زور ئەمەلدارى ئىلى گېنېرالى چاڭ گېڭ «يېڭى سىياسەت» نى قىزغىن قوللىغۇچىلارنىڭ بىرى ئىدى. شۇ سەۋەبتىن شىنجاڭدىمۇ سودىگەرلەرنىڭ ئەنئەنىۋى «ئال - سات» شەكلىدىن ھالقىپ «ئىشلە - ياسا - سات» شەكلىدە سودا قىلىشقا ئىمكانىيەت ھازىرلانغان.

شىنجاڭنىڭ ئەينى چاغدىكى ۋەزىيىتىدە ئالاھىدە ئىمتىيازغا ئىگە رۇسىيەلىك سودىگەرلەردىن قالسا ئۇيغۇر سودىگەرلەرنىڭ مالىيە كۈچى ۋە رىقابەت كۈچى ئەڭ كۈچلۈك ئىدى. بۇ خىل ئەمەلىيەت «غۇلجىنىڭ سودا تارىخىدىن قىسقىچە بايان» دېگەن ماقالىدە مۇنداق ئىپادىلەنگەن: «1890 - يىلىنىڭ ئالدى - كەينىدە ئىلىنىڭ مىللىي سودىسى رۇسىيە سودىگەرلىرى ۋە رۇسىيە مەھسۇلاتلىرى بىلەن بولغان رىقابەتتە تەرەققىي قىلىشقا باشلىغان. ھەر مىللەت خەلقى ئىمپورت - ئېكسپورت شىركەتلىرى ۋە ۋاستىچىلەر ئارقىلىق ئۆزگە خوجا ھالدا چېگرا سودىسى يولىنى ئېچىپ رۇسىيە سودىگەرلىرى بىلەن تىركەشكەن. بۇنىڭدا ھۈسەن باي باشلامچى بولغان. ئۇ، تۇرلۇك تېرە، خۇرۇم، يۇڭ، پاختا قاتارلىق يەرلىك مەھسۇلاتلارنى ئېكسپورت قىلىپ باش كۆتۈرگەن. رۇسىيە ئىمپېرىيەسى بىلەن ئىمپورت - ئېكسپورت سودىسىنى يولغا قويغان[1].»

ماتېرىياللاردا يېزىلىشىچە 1901 — 1903 - يىللار ئارىلىقىدا ھۈسەن باي موسكۋادا ئۆتكۈزۈلگەن بىر قېتىملىق خەلقئارالىق سودا يەرمەنكىسىگە قاتنىشىپ بولۇپ، ياۋروپانى ئايلىنىپ تۈركىيەگە بارغان. بۇ چاغدا زەئىپلەشكەن ئوسمان ئىمپېرىيەسى غەربتىن ئۆگىنىپ ئۆزىنىڭ قالاق قىياپىتىنى ئۆزگەرتىشكە ئۇرۇنۇۋاتقان چاغلار ئىدى. تۆمۈريول ياساش، يېڭىچە مەكتەپلەرنى بەس - بەستە ئېچىش، ئارمىيەنى ئىسلاھ قىلىش يولغا قويۇلۇۋاتاتتى. ھۈسەن باي تۈركىيەدە تۇرغان مەزگىلدە ئىستانبۇلدىن باغدادقا بارىدىغان تۆمۈريول ياسىلىۋاتاتتى. ئۇ پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ ئىستانبۇلدىن باغدادقا بارىدىغان باغداد تۆمۈريولىنى ياساشنى ھۆددىگە ئالغان گېرمانىيە تۆمۈريول شىركىتىنىڭ 400 مىڭ تىللالىق پېيىنى سېتىۋېلىپ، بۇ شىركەتنىڭ پايچېكى بولۇپ قالغان. تۈركىيەدىكى ئىشلىرىنى تۈگەتكەندىن كېيىن خەلقئارالىق سودىگەر سۈپىتىدە تونۇلغان ھۈسەن باي رۇسىيە ئارقىلىق ئانا يۇرتىغا قايتىپ كەلگەن.

① «غۇلجا شەھەر تارىخ ماتېرىياللىرى»، 2 - سان، 1994 - يىلى، 60 - بەت.

ئەينى چاغدىكى يېڭىدىن شەكىللەنگەن ئۇيغۇر سودىگەرلەرنىڭ باشلامچىسى بولغان ئاكا - ئۇكا مۇسابايېفلار كۈنسايىن كۈچىيىۋاتقان سودا كاپىتالىغا ۋە سودا - تىجارەت ئەمەلىيىتى جەريانىدا پىشىپ يېتىلگەن دىتىغا تايىنىپ چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى يولغا قويغان «يېڭى سىياسەت» ئېلىپ كەلگەن پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، 1905 - يىلى مەبلىغىنى بىرلەشتۈرۈپ «مۇسابايېف بۇرادەرلەر شىركىتى[1]» نى قۇرغان ھەم گېرمانىيەدىن ئۇسكۈنە ۋە تېخنىك ئەكېلىپ، زامانىۋى كۆن - خۇرۇم زاۋۇتى قۇرۇشنى پىلانلىغان. چۈنكى، ئۇلار ئۇن نەچچە يىللىق سودا - تىجارەت ئەمەلىيىتى جەريانىدا ياۋروپانىڭ زامانىۋى زاۋۇتلىرىدا ئىشلەنگەن خۇرۇم مەھسۇلاتلىرىنىڭ تولىمۇ سىپتا، پارقىراقلىقىنى كۆرۈپ، ئۆزلىرىنىڭ غۇلجا كۇرەدىكى تېرە ئاشلاش كارخانىسىدا يەرلىك ئۇسۇلدا ئىشلەنگەن كۆن - خۇرۇملىرىغا سېلىشتۇرۇپ ئۆكۈنگەن. ئۇلار بازار رىقابىتىدە باشقىلار بىلەن تەڭ تۇرۇش ئۈچۈن چوقۇم شۇلارغا ئوخشاش زامانىۋى زاۋۇت قۇرۇش زۆرۈرلۈكىنى تونۇپ يەتكەن.

شىنجاڭ چارۋا بايلىقى مول رايون بولغاچقا رۇسىيەلىك سودىگەرلەر ئەينى چاغدا شىنجاڭدا سانائەت خام ماتېرىياللىرىنى تالان - تاراج قىلغاندا، يۇڭ - تېرىنى ئاساسلىق ئورۇنغا قويغانىدى. ئۇلار شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا مويكا، كۆن - خۇرۇم تەييارلاش

---

① بۇ شىركەتنىڭ قۇرۇلغان ۋاقتى ۋە ئەينى چاغدىكى نامىنى بىز ھۆسەن باينىڭ چار پادىشاھقا 1905 - يىلى يازغان خېتىدىن ھېس قىلالايمىز. خەتتە مۇنداق يېزىلغان: «جانابى ئالىيلىرىغا مەلۇم بولغاي. كەمىنىلىرى ھۆسەيىن ھەم باھاۋۇدۇن مۇسابايېفلار بۇ ۋاقىتقىچە ھۆسەيىن مۇسابايېف نامىدا بولۇپ كېلىنگەن سودىمىزنى 1323 - يىلى ھىجرىيە تومۇز ئېيىدىن باشلاپ ھەر ئىككىمىز شېرىك بولۇشۇپ، ئەھدە ۋە شەرتلەر باغلاپ تىجارەت ۋە سانائەت كارخانا ئىشلىرىنى كامىل ئازادىلىك ئىلە يۈرگۈزمەك بولۇپ، سودىمىزنىڭ نامىنى ‹تىجارەتخانا ھۆسەيىن مۇسابايېف ۋە بۇرادىرى› قويۇپ، ئەھدە ۋە شارائىت كاغدىلىرىمىزدىن پادىشاھلىقنى گۇۋاھلاندۇرۇپ، ئىشىمىزنى بىر داۋام قىلدۇق.

ھەر ئىشنىڭ بېشىدا مۇدىر ھۆسەيىن مۇسابايېف بولۇپ ھەم ئۇنىڭ ئورنىدا بۇرادىرى، ھەم شېرىكى باھاۋۇدۇن مۇسابايېف قول قويغانلىرىگە (ئىمزالىرىنى) ئىلتىپات قىلماقلىرىڭىزنى رەجا قىلىپ، تەۋەججۇھاتىڭىزنىڭ داۋامىنى تەمەننى قىلىمىز.»

مەيدانى تەسىس قىلىپ، يىرىك پىششىقلاپ، رۇسىيەگە توشۇپ ئىن-
چىكە پىششىقلاپ ئىشلىگەندىن كېيىن خەلقئارا بازاردا سېتىپ ئۈچ
ھەسسىدىن كۆپرەك پايدا ئالاتتى. ئۇلارنىڭ يۇڭ – تېرە سودىسىدىن
ئالغان زور پايدىسىغا باشقىلار كۆزلىرىنى قىزارتقان ھالدا قاراپ
تۇرۇشقا مەجبۇر ئىدى. ئەمما سودا – تىجارەتنى ئىلگىرى سۈرۈشنى
تەشەببۇس قىلغان «يېڭى سىياسەت» نىڭ يولغا قويۇلۇشى بىلەن
ھۆكۈمەت تەرەپمۇ، سودا كاپىتالى كۈچلۈك سودىگەرلەرمۇ يەنىلا
پاسسىپلىق بىلەن قاراپ تۇرۇشنىڭ ئورنىغا داددىللىق بىلەن رىقا-
بەتكە ئاتلىنىشنى تاللىغان. ئاكا – ئۇكا مۇسابايېفلارنىڭ 1905 –
يىلى غۇلجىدا «مۇسابايېف بۇرادەرلەر شىركىتى» نى قۇرغانلىقى
ئۇلارنىڭ ئۇششاق بۇرژۇئازىيەدىن مىللىي بۇرژۇئازىيەگە ئايلىنىش
يولىدا تاشلىغان دادىل بىر قەدىمى ئىدى. 20 – ئەسىر ئۇيغۇر سودا
تارىخىدىكى بۇ تۇنجى شىركەت قۇرۇلغان چاغدا ئىشلەتكەن ئىش
قەغىزىنىڭ ئوڭ تەرىپىدىكى ئۈچۈرلاردىن، بۇ شىركەتنىڭ خەلقئارا
ئۆلچەمدىكى شىركەت ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. رۇس ۋە
ئۇيغۇر تىل – يېزىقىدا ئايرىم – ئايرىم ئىشلەنگەن مەخسۇس ئىش
قەغىزىنىڭ بېشىدا شىركەتنىڭ نامى، تۆۋىنىدە شىنجاڭ، ئوتتۇرا
ئاسىيا ۋە رۇسىيەدىكى سودا ئورۇنلىرى بار شەھەرلەر نامى، شىر-
كەتنىڭ تىجارەت تۈرلىرى، مەكتۇپ ئادرېسى، تېلېگراف ئادرېسى،
بانكا ھېسابات نومۇرى قاتارلىقلار تەپسىلىي يېزىلغان. بۇ شىركەت
قۇرۇلغاندىن كېيىن 1906 – يىلى ئىلى گېنېرالى چاڭ گېڭ چاڭ
سۇلالىسى ھۆكۈمىتىگە ئىلتىماس سۇنۇپ، ئىجازەت ئالغاندىن كې-
يىن ئاكا – ئۇكا مۇسابايېف، ياقۇپ باباشوف قاتارلىق سودىگەرلەر
بىلەن ھۆكۈمەت بىرلىشىپ پاي قوشۇپ «ئىلى يۇڭ – تېرە شىركى-
تى» نى قۇرغان. شىركەتكە ئۇيرات موڭغۇللىرىدىن بولغان ئاغلاقچى
ئامبال مۇ تېچۈەننى باش نازارەتچى قىلغان. بۇ شىركەت ئاساسلىقى
موڭغۇل، قازاق چارۋىچىلار بىلەن يۇڭ – تېرىنى چاي قاتارلىق
تاۋارلارغا ئالماشتۇرۇش تىجارىتىنى قىلغان. توپلانغان يۇڭ – تېرى-

نى جۇڭگو ۋە چەت ئەللىك سودىگەرلەرگە ساتقان. بۇ شىركەتنىڭ قۇرۇلۇشى ھۆكۈمەت بىلەن شەخسلەر ئورتاق ئۇرتاق ئىقتىسادىي ھەمكارلىقنىڭ ئۆرنىكى بولۇپ قالغان. بۇ ئۆرنەك ئاكا - ئۇكا مۇسا - بايېفلارنىڭ كۆن - خۇرۇم زاۋۇتى قۇرۇش ھەققىدىكى پىلانىغا يېڭى مەزمۇن قوشقان. كۆن - خۇرۇم كەسپى بىلەن پىششىق تونۇشلۇقى بار ئاكا - ئۇكا مۇسابايېفلار ئۆزلىرىنىڭ كۈچلۈك كاپىتالى ۋە چىۋەر كاللىسىغا تايىنىپ، دادىللىق بىلەن سودا كاپىتالىنى سانائەت كاپىتالىغا ئايلاندۇرۇپ، زامانىۋى كۆن - خۇرۇم زاۋۇتى قۇرۇشنى پىلانلىغاندا، تارىخىي تەجرىبە - ساۋاقلارنى نەزەردە تۇتۇپ زاۋۇت قۇرۇشتا، ھۆكۈمەتنىڭ مەلۇم دەرىجىدىكى مەبلىغىنى پاي سۈپىتىدە قېتىش ئارقىلىق، كېيىنكى ئىشلاردا دۇچ كېلىش مۇمكىن بولغان توسالغۇ ۋە خېيىم - خەتەرنى ئازايتىشنى ئويلىغان. شۇنىڭ بىلەن ئاكا - ئۇكا مۇسابايېفلار ئىلى گېنېرالى چاڭ گېڭغا بىرلىشىپ كۆن - خۇرۇم زاۋۇتى قۇرۇش توغرۇلۇق ھۆكۈمەتكە ئىلتىماس سۇنۇپ بېقىشنى تەۋسىيە قىلغان. بۇنى بىز ئەينى يىللاردا شاڭخەيدە ئىنگلىزلارنىڭ باشقۇرۇشىدا نەشر قىلىنىدىغان، جۇڭگودىكى ئەڭ داڭلىق گېزىت «شېنباۋ» گېزىتىگە 1909 - يىلى بېسىلغان بىر خەۋەردىن ئېنىق ھېس قىلالايمىز. بۇ خەۋەردە مۇنداق دېيىلگەن: «ئۇيغۇر بايلاردىن ھۇسەن باي مەبلەغ چىقىرىپ پاي قوشۇپ كۆن - خۇرۇم زاۋۇتى قۇرۇشنى خالايدۇ، تۈرلۈك كۆن تەييارلىنىپ، جۇڭگو ۋە رۇسىيەنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا سېتىلىدۇ، دەسمايىسى 250 مىڭ سەر بولۇپ، ھۆكۈمەت دەسمايىنىڭ يېرىمىنى چىقىرىدۇ، مەزكۇر سودىگەر يېرىمىنى چىقىرىدۇ[1].»

تارىخىي ئۇچۇرلاردىن ئايانكى، 1909 - يىلى كۈزدە پۈتۈپ ئىشقا


① ۋېي چاڭخۇڭنىڭ « يېقىنقى زامان شىنجاڭ مىللىي سانائىتىنىڭ ۋەكىلى — ئىلى ھۈسەن باي تېرە زاۋۇتى» ناملىق ماقالىسىدە كەلتۈرۈلگەن بۇ نەقىل «شېنباۋ» («申报») گېزىتىنىڭ 1909 - يىلى 11 - ئاينىڭ 23 - كۈنىدىكى سانىدىن ئېلىنغانلىقى كۆرسىتىلگەن. مەلۇمكى، گېزىتتە تىلغا ئېلىنغان دەسمايىنىڭ سوممىسى خاتا بولۇپ قالغان. ئەمەلىيەتتە زاۋۇت قۇرۇشقا كەتكەن دەسمايە سوممىسى ئۇنىڭدىن خېلىلا كۆپ ئىدى.

كىرىشتۈرۈلگەن بۇ زاۋۇت گېرمانىيەدىن سېتىۋېلىنىپ، ئىلىغا ئېلىپ كېلىنگىچە مىسلىسىز قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ روياپقا چىققان ئۇلۇغ قۇرۇلۇشتۇر. ئاكا ـ ئۇكا مۇسابايېفلار 1905 ـ يىلىدىن باشلاپ بۇ زاۋۇتنى سېتىۋېلىش يولى ئۈستىدە ئىزدىنىپ، گېرمانىيەگە ئايرىم ـ ئايرىم بارغان. ئۇ يىللاردا ياۋروپادىن غۇلجىغا تۇتىشىدىغان تۈز يول يوق ئىدى، زاۋۇتنىڭ ئۈسكۈنىلىرى ئېغىر بولغاچقا، ئۇلارنى پەقەت پويىز، پاراخوت بىلەنلا يۆتكىگىلى بولاتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئىلىدا بۇنداق زاۋۇتلارنى باشقۇرىدىغان تېخنىكمۇ، ئىنژېنېرمۇ يوق ئىدى، تېخىمۇ مۇھىمى توك يوق ئىدى. ئېلېكتىر ئىستانسىسى يوق يەرگە بۇنداق چوڭ زاۋۇت قۇرۇش ھەقىقەتەن بىر خام خىيال ئىدى. لېكىن ئاكا ـ ئۇكا مۇسابايېفلار قەتئىي ئىرادىگە كەلگەنىدى. 1906 ـ يىلى ھۈسەن باي ئالدى بىلەن ھەج پەرزىنى ئادا قىلىش ئۈچۈن ئەرەبىستانغا بارغان. ھۈسەن باينىڭ ئانا باشقا ئىنىسى ئوبۇلھەسەن مۇسابايېف مەككە شەھىرىنىڭ شەبىكە مەھەللىسىدىن ئۈچ يۈرۈش ئۆي سېتىۋالغانىدى. شەبىكە كوچىسى ھىندى تېغىدىن ھەرەم مەسچىتىگە بارىدىغان چوڭ يولغا تۇتىشاتتى. ھۈسەن باي مەككىدە تۇرغان مەزگىللىدە بۇ ئۈچ يۈرۈش ئۆيىنى قەشقەردىن چىققان كەمبەغەل ھاجىلارنىڭ ھەج مەزگىلىدە پايدىلىنىشى ئۈچۈن ھىجاز ۋىلايىتىنىڭ گۇۋاھلىقىدىن ئۆتكۈزۈپ ۋەخپە قىلىۋەتكەن. بۇ ئورۇننى كىشىلەر «ھۈسەن باينىڭ تەككىخانىسى» دەپ ئاتاشقان. كېيىن «قەشقەر رابات» دەپ ئاتالغان.

ھۈسەن باي ھەج پەرزىنى ئادا قىلىپ بولۇپ كۆن ـ خۇرۇم زاۋۇتىنىڭ ماشىنا ـ ئۈسكۈنىلىرىنى سېتىۋېلىش ئۈچۈن سانائەت ئاساسى كۈچلۈك گېرمانىيەگە بارغان. ئۇ مۇناسىۋەتلىك كىشىلەرنىڭ ياردىمى بىلەن كۆپ ئىزدىنىش، كۆپ سۆزلىشىش ئارقىلىق، ئاخىر فرانكفورتتىكى «موئىنۇس توقۇمىچىلىق ۋە كۆن ـ خۇرۇم شىركىتى» دىن كۆن ـ خۇرۇم زاۋۇتى بىلەن ئاياغ زاۋۇتىنىڭ ئۈسكۈنىلىرىنى سېتىۋېلىشقا پۈتۈشكەن. توختام تۈزىدىغان چاغدا قارشى تە-


رەپ «قولىڭىزدا ياكى ھۆكۈمىتىڭىزنىڭ ئالاقىسى يوق ئىكەن، ياكى چەت ئەلدە شىركىتىڭىز يوق ئىكەن، توختاملىشىشقا سالاھىيىتىڭىز توشمايدىكەن» دەپ توختاملىشىشقا ئۇنىمىغان. ئاسان بەل قويۇۋەتمەيدىغان ھۇسەن باي بۇ قىيىن مەسىلىنى ھەل قىلىشنىڭ يولى ئۈستىدە ئىزدەنگەن. ئۇ گېرمانىيە تۆمۈريول شىركىتىنىڭ پايچېكى بولغاچقا، ئۇنىڭغا بۇ شىركەت ئىسپات ۋە گۇۋاھنامە چىقىرىپ بەرگەن. شۇ ئارقىلىق توختام تۈزۈش سالاھىيىتىنى ھازىرلىغان.

ھۇسەن باي ھاجىم بۇ قېتىمقى ياۋروپا سەپىرىدىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، 1907 ـ يىلى ئىنىسى باھاۋۇدۇن باينى گېرمانىيەگە زاۋۇتنىڭ ئۈسكۈنىلىرىنى ئېلىپ كېلىش ئۈچۈن ئەۋەتكەن.




بۇ رەسىم زاۋۇتنىڭ ماشىنا ـ ئۈسكۈنىلىرىنى ئىشلىتىش قوللانمىسىنىڭ بىر بېتى. ئون نەچچە ۋاراقتىن ساقلىنىپ قالغان بۇ قوللانمىنى ھۇسەن باينىڭ كېلىنى، 82 ياشلىق دىلئارام ئاپپاي 2008 ـ يىلى ئاپتورغا بەرگەن. رەسىمدىكى بۇ ئۈسكۈنىنىڭ ئېگىزلىكى 2.10 مېتىر، ئۇزۇنلۇقى 5.95 مېتىر. بۇ ئۈسكۈنە ھازىر ئىلى ئوبلاستلىق مۇزېينىڭ ئارقا ھويلىسىدا ساقلاقلىق.

www.uyghurkitap.com



بۇ 2004 ـ يىلى «مۇسابايېف تېرە زاۋۇتى» ۋەيران بولغاندىن كېيىن ئىلى ئوبلاستلىق مۇزېينىڭ ئارقا ھويلىسىغا يۆتكەپ كېلىنىپ مۇقىملاشتۇرۇپ قويۇلغان ئىككى ماشىنىنىڭ سۈرىتى.

زاۋۇتنىڭ ماشىنا ـ ئۈسكۈنىلىرىنى گېرمانىيە تەرەپ سېتىپ بەرگەن بولسىمۇ، لېكىن چار رۇسىيە ھۆكۈمىتى بۇ ماشىنا ـ ئۈسكۈنىلەرنى ئۆز زېمىنى ئارقىلىق يۆتكەشكە رۇخسەت قىلمىغان. ياخشى يېرى ھۈسەن باي گېرمانىيە تۆمۈريول شىركىتىنىڭ پايچىسى بولغاچقا، بۇ شىركەت ئۈسكۈنىلەرنى ئومىسكى شەھىرىگە پويىزدا يەتكۈزۈپ بېرىش توغرۇلۇق رۇسىيە تەرەپ بىلەن سۆزلىشىپ، رۇخسەت ئېلىپ بەرگەن.

چار رۇسىيە ھۆكۈمىتى ئۈسكۈنىلەرنى ئۈچ ئاي ئىچىدە رۇسىيە زېمىنىدىن توشۇپ ئېلىپ چىقىپ كېتىشكە قوشۇلغان. ئۇنداق بولمىسا مۇسادىرە قىلىدىغانلىقىنى ئۇقتۇرغان. ماشىنا ـ ئۈسكۈنىلەر پويىز بىلەن 3000 ـ 4000 كىلومېتىردەك مۇساپىنى بېسىپ،

قاتموقات تەكشۈرۈشلەردىن ئۆتۈپ 15 كۈن بولغاندا رۇسىيەنىڭ سىبىرىيەدىكى ئومىسكى شەھىرىگە يەتكۈزۈلگەن. ئەمما چار رۇسىيە ھۆكۈمىتىنىڭ ھەربىي ئەمەلدارلىرى پادىشاھ ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ ئىمزا قويغان ياكى باش قوماندان جانابلىرى قول قويغان بۇيرۇق بولمىسا بولمايدۇ، دەپ باھاۋۇدۇن باينىڭ قولىدىكى «چار رۇسىيە قاتناش ــ ترانسپورت شىركىتىنىڭ توختامنامىسى» نى ۋە «چار رۇسىيە سانائەت كومبىناتىنىڭ رۇخسەتنامىسى» نى ئىناۋەتكە ئالغىلى ئۇنىمىغان.

كۆپنى كۆرگەن، قەيسەر ئىرادىلىك، تەدبىرلىك باھاۋۇدۇن باي رۇسىيە تەرەپنىڭ قەستىنى پەملەپ، دەرھال كەينىگە قايتىپ، ھەپتىلەپ يول يۈرۈپ پېتېربۇرگقا بېرىپ چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنىڭ كونسۇلىغا ئەھۋالنى مەلۇم قىلىپ، 1881 ــ يىلى ئىمزالانغان «جۇڭگو ــ رۇسىيە ئىلى شەرتنامىسى» دا بەلگىلەنگەن «جۇڭگونىڭ چەت ئەللەردىن ئىمپورت قىلغان ماللىرى رۇسىيە زېمىنى ئارقىلىق ئۆتۈشكە، رۇسىيەنىڭ چەت ئەللەردىن ئىمپورت قىلغان ماللىرى جۇڭگو زېمىنى ئارقىلىق ئۆتۈشكە رۇخسەت قىلىنىدۇ» دېگەن ماددىسى بويىچە ئوتتۇرىغا چىقىپ، رۇخسەت ئېلىپ بېرىشنى تەلەپ قىلغان. ھەپتىلەپ سۆزلىشىش نەتىجىسىدە، چار رۇسىيە ھۆكۈمىتى ئاخىر نائىلاج ئالاھىدە رۇخسەتنامە يېزىپ بەرگەن.

ماشىنا ــ ئۈسكۈنىلەر ئومىسكى شەھىرىدىن پاراخوتقا قاچىلىنىپ ئېرتىش دەرياسى ئارقىلىق 1000 كىلومېتىرغا يېقىن يول يۈرۈپ، قازاقىستاننىڭ جەنۇبىي سىبىرىيە تەرەپتىكى مۇھىم شەھىرى شەمەيگە يەتكۈزۈلگەن. شەمەيدىن ئىلىغا يېقىن ياركەنت شەھىرىگە بارىدىغان 1000 كىلومېتىرچە مۇساپە ئېگىز ــ پەس، ئەگرى ــ توقاي بولغاچقا، ئېغىر ئۈسكۈنىلەرنى باسقان چوڭ تىپتىكى ئاپتوموبىللار بۇ يولدا ماڭالمايتتى. شۇ سەۋەبتىن باھاۋۇدۇن باي ئېغىر ئۈسكۈنىلەرنى يۆتكەشكە بولىدىغان 50 نەچچە مەخسۇس ھارۋا ياساتقان. ئۈسكۈنىلەرنى ھارۋىغا بېسىپ، ھارۋىكەش ۋە ياردەمچى

ياللاپ يولغا چىققان. گېرمانىيەدىن بىللە كەلگەن تېخنىك ماكس ۋىگنېر قاتارلىق 20 چە ئادەم بىلەن بىرەر يۈزدەك هارۋىكەشتىن تەشكىل تاپقان بۇ زور كارۋان دالالاردا تۈنەپ، يامغۇر ـ يېغىن، بوران ـ چاپقۇنلاردا قىينىلىپ، بىر ئايدىن ئارتۇق يول يۈرۈپ مىڭ بىر جاپادا ياركەنت شەھىرىگە يېتىپ كەلگەن.

ياركەنت شەھىرىدە ئۇلارنى غۇلجىدىن كەلگەن هۈسەن باي بىلەن ياركەنت ۋالىيسى ۋېلىباي يولداشوف ۋە بۇ شەھەردىكى مىڭلىغان ئۇيغۇر قېرىنداشلار قىزغىن كۈتۈۋالغان.

ياركەنت بىلەن غۇلجا شەھىرى ئارىلىقىدىكى 100 نەچچە كىلو- مېتىرلىق يول تولىمۇ ناچار ئىدى. توپىلىق، كاتاڭ هارۋا يولى ھەر قانداق هارۋىنىڭ جۈلىقىنى چىقىرىۋېتەتتى. يۈزلىگەن ئورۇنغا كۆۋرۈك سېلىشقا توغرا كېلەتتى. ئەل ئىچىدە يۈقىرى ئابرۇيغا ئىگە ياركەنت ۋالىيسى ۋېلىباي يولداشوف يەركەنت خەلقىنى بۇ يولنى تۈزلەپ ۋە كەڭرىتىپ، ئاكا ـ ئۈكا مۇساباييېفلارنىڭ بۇ خەيرلىك ئىشىغا ياردەم قىلىشقا سەپەرۋەر قىلغان. مىڭلىغان ئۇيغۇر ئىش- لەمچىلەر بىرەر ئايچە جاپالىق ئىشلەپ قورغاسقىچە بولغان يولنى پۈتكۈزگەن. قورغاس بىلەن غۇلجا ئارىلىقىدىكى يولنى هۈسەن باي ئىلى دېهقانلىرىنى ياللاپ ئىشلىتىپ تۈزلىگەن.

1907 ـ يىلىنىڭ ئاخىرى ۋە 1908 ـ يىلىنىڭ باشلىرى كۆن ـ خۇرۇم زاۋۇتىنىڭ 40 تىن ئارتۇق ماشىنا ـ ئۈسكۈنىسى ئىلگىرى ـ كېيىن غۇلجا شەھىرىگە هارۋا ۋە ئالاھىدە ياسالغان چوڭ چانىلار بىلەن تولۇق توشۇلۇپ بولغان. غۇلجا شەھىرىنىڭ سىرتىدىكى چىغ، شىۋاقلار بىلەن قاپلىنىپ تۇرىدىغان 167 مىڭ 600 كىۋادرات مېتىر كۆلەمدىكى ئورۇنغا زاۋۇت قورۇشقا تۇتۇش قىلىنغان. بۇ ئو- رۇن «زاۋۇت قورۇ» دەپ ئاتالغان. قۇرۇلۇش ئىشچىلىرىنى رۇسىيە تەۋەسىدىن تەكلىپ قىلىش بىلەن بىللە، يەنە زاۋۇتقا كېرەكلىك خىشلارنىمۇ رۇسىيە تەۋەسىدىن يۆتكەپ كەلگەن. «مۇساباييېف تېرە زاۋۇتى» ئانا دىيارىمىزدىكى تۇنجى سانائەت كارخانىسى بولغاچقا،

ئىشلەپچىقىرىش تېخنىكىسى ۋە باشقۇرۇش بىلىملىرىنى ئىگىلەش مۇھىم مەسىلە ئىدى. گېرمانىيەلىك تېخنىكلار «زاۋۇت قورۇ» دىن 200 — 300 مېتىرچە يىراقتىكى «مەكتەپ قورۇ» دا ئۈچ قاراردا 500 گە يېقىن ياشنى تەربىيەلىگەن. كېيىن ئۇلاردىن 200 دىن ئارتۇق ئىشچى تاللىنىپ تارىخىمىزدىكى تۇنجى ئىشچىلار قوشۇنى بولۇپ قالغان.

ئىككى يىل ئۆتۈپ 1909 - يىلىنىڭ كۈز كۈنلىرىگە كەلگەندە زور كۆلەمدىكى زاۋۇت قۇرۇلۇشى پۈتكەن، 25 مېتىر ئېگىزلىكتىكى «1909» دېگەن سان كۆرۈنەرلىك قىلىپ گەۋدىلەندۈرۈلگەن تۇرخۇن كۆكتە قەد كۆتۈرۈپ يىراق - يىراقلاردىن كۆزگە تاشلىنىپ تۇرغان. بۇ تۇرخۇن يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن غۇلجا شەھىرىدىكى بەلگە خاراكتېرلىك قۇرۇلۇش بولۇپ قالغان ھەم زامانىۋى سانائەتنىڭ سىمۋولىغا ئايلىنىپ قالغان. 75 كىلوۋات توك چىقىرالايدىغان بىر گېنېراتورى ۋە يۇرۇشلەشكەن ماشىنا - ئۈسكۈنە، ئىشلەپچىقىرىش بۆلۈملىرى بار زامانىۋى «مۇسابايېف تېرە زاۋۇتى» رەسمىي ئىش باشلىغان. ئەللىك لامپۇچكا يورۇتۇلغان، سېخلار ئارا تېلېفون ئالاقىسى ئورنىتىلغان. 10 خىلغا يېقىن مەھسۇلات ئىشلەپچىقىرىلغان. كۈنىگە ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 120 كالا تېرىسى پىششىقلاپ ئىشلەنگەن. ئىلى خەلقى بۇ زاۋۇتنى ئۆزلىرىنىڭ تىل ئادىتى بويىچە ئاددىيلاشتۇرۇپ «ھۈسەن باي تېرە زاۋۇتى①» دەپ ئاتاشقان.

بۇ زاۋۇت قۇرۇلۇپ ئىككى يىلدىن كېيىن چىڭ سۇلالىسى ئاغدۇرۇلۇپ، جۇڭخۇا مىنگو قۇرۇلغان. 1912 - يىلى 1 - ئايدا ئىلىدا شىنخەي ئىنقىلابى پارتلاپ ئۆز ئالدىغا ھۆكۈمەت قۇرۇلغان. 1912 - يىلى 3 - ئايدا ياڭ زېڭشىن شىنجاڭغا باش مۇپەتتىش بولغان. 1913 - يىلى ياڭ زېڭشىن ئىلىدىكى شىنخەي ئىنقىلابىنىڭ رەھ-

① 1951 - يىلى 11 - ئاينىڭ 1 - كۈنى بۇ زاۋۇتنىڭ نامى «ئىلى لىچۈن كۆن - خۇرۇم زاۋۇتى» (伊犁利群皮革厂) دەپ ئۆزگەرتىلگەن. ئەل ئارىسىدا يەنىلا «ھۈسەن باي تېرە زاۋۇتى» دەپ ئاتىلىۋەرگەن.

بەرلىرىنى تۈرلۈك ئامىللار بىلەن پاك ـ پاكىز تازىلاپ بولغاندىن كېيىن، چاڭ گېك زامانىدا قېتىلغان «مۇسابايېف تېرە زاۋۇتى» دى-كى ھۆكۈمەت پېيىنى ياندۇرۇۋېلىپ، ئۆزىنىڭ مالىيە قىيىنچىلىد-قىنى ھەل قىلماقچى بولغان. نەتىجىدە، 1913 ـ يىلى جاڭ شۈەيچىڭ دېگەن كىشىنى غۇلجىغا ئەۋەتىپ ھۆكۈمەت پېيىنى قايتۇرۇۋالغان. ئاكا ـ ئۇكا مۇسابايېفلار ھۆكۈمەتنىڭ پېيىنى سېتىۋېلىپ، زاۋۇتنى مۇستەقىل باشقۇرغان. 1914 ـ يىلى بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشى پارت-لىغاندىن كېيىن، ئۇرۇشقا قاتناشقان رۇسىيەنىڭ كۆن ـ خۇرۇمغا بولغان ئېھتىياجى تېخىمۇ ئاشقان. نەتىجىدە، زاۋۇتنىڭ تىجارىتى بىرنەچچە يىل بەكلا جانلىنىپ كەتكەن. ئاكا ـ ئۇكا مۇسابايېفلارنىڭ تىجارەت دائىرىسى تېخىمۇ كېڭەيگەن، بايلىقى ھەيران قالارلىق دە-رىجىدە ئاشقان. ۋېي چاڭخۇڭ ماقالىسىدە «شىنجاڭنىڭ كونا ئار-خىپلىرى» دىن كەلتۈرگەن نەقىلدە ئاكا ـ ئۇكا مۇسابايېفلارنىڭ مال ـ مۈلكى توغرۇلۇق مۇنداق ئۇچۇر بەرگەن: «ئۇلارنىڭ 1917 ـ يىلى ئىلىدىكى كاپىتالى 2 مىليون سەردىن ئارتۇق ئىدى، قەشقەر ۋە خوتەندىكى كاپىتالى 1 مىليون سەردىن ئارتۇق ئىدى. غۇلجىدىلا 15 جايدا قورۇ ـ جايى بار ئىدى. ئىلى، تارباغاتاي، بورتالا، قاراشە-ھەر قاتارلىق جايلاردا نۇرغۇن چارۋىلىرى بار ئىدى. ئۈرۈمچى، چۆ-چەك، ماناس، كۇچا، ئاقسۇ، قەشقەر، يەكەن قاتارلىق جايلاردا سودا ـ تىجارەت نۇقتىلىرى بار ئىدى. چەت ئەلدە ۋاكالەتخانىلىرى، تۈركى-يەدە تۇرالغۇسى بار ئىدى. قىسقىسى، ئۇلار شۇ چاغدا شىنجاڭدىكى بىردىنبىر مىليونېر بولۇپلا قالماستىن، ئوتتۇرا ئاسىيادىمۇ ساناق-لىقلا بايلارنىڭ بىرى ئىدى.»

«مۇسابايېف تېرە زاۋۇتى» نىڭ باشقۇرۇش، ئىشلەپچىقىرىش، سېتىش ھالقىلىرى ناھايىتى ئۈنۈملۈك، بازار ئېھتىياجى يۇقىرى بولغاچقا، يىلسېرى گۈللەنگەن. يىللىق تىجارەت كىرىمى 1920 ـ يىلىنىڭ ئالدى ـ كەينىدە 700 ــ 800 مىڭ سەرگە يەتكەن. «ئۆلكى-لىك تەمىرات نازارىتى بۇ ئىشنىڭ پايدىسى كۆپ ئىكەنلىكىنى كۆ-



www.uyghurkitap.com

رۇپ، 1922 ـ يىلىدىن 1923 ـ يىلىغىچە ئۈرۈمچىدىكى نەنمېننىڭ
سىرتىدا بىر كۆن ـ خۇرۇم زاۋۇتى قۇرۇپ، رۇسلارنى تېخنىكلىققا
تەكلىپ قىلغان. لېكىن ماشىنا ـ ئۈسكۈنىلەر كەم، ئىگىلىك باش ـ
قۇرۇشقا ماھىر بولمىغانلىقى ئۈچۈن، مەھسۇلات زادىلا ئاشمىغان،
شۇڭا ئاخىر زىيان تارتىپ ئىشتىن توختىغان[①].» تەتقىقاتچىلارنىڭ
يېزىشىچە، ئاكا ـ ئۇكا مۇسابايېفلار قۇرغان بۇ كۆن ـ خۇرۇم زاۋۇ ـ
تى 1906 ـ يىلى شاڭخەيدە ياپونلار مەبلەغ سېلىپ قۇرغان «جياڭ ـ
نەن» كۆن ـ خۇرۇم زاۋۇتىدىن ئۈچ يىل كېيىن قۇرۇلغان، 1913 ـ
يىلى جۇڭخۇا مىنگو ئۆزى قۇرغان 11 تېرە زاۋۇتىنىڭ ئومۇمىي كا ـ
پىتالى 4 مىليون 608 مىڭ يۈەن بولۇپ، «مۇسابايېف تېرە زاۋۇتى»
نىڭ كاپىتالىدىن 1 مىليون يۈەنلا كۆپ بولغان. «مۇسابايېف تېرە
زاۋۇتى» مەھسۇلاتلىرىنىڭ كۆپ قىسمىنى ئوتتۇرا ئاسىيا شەھەر ـ
لىرىگە ۋە موسكۋا، پېتىربورگ قاتارلىق شەھەرلەرگە چىقارغان.
مەھسۇلاتلىرىنىڭ تۈرى 10 نەچچە خىلغا يەتكەن.

شىنجاڭدىكى مىللىي بۇرژۇئازىيەنىڭ ۋەكىللىرى بولغان ئاكا ـ
ئۇكا مۇسابايېفلار خەلقئارا نەزەرگە ۋە سىياسىي ئاڭغا ئىگە كارخا ـ
نىچىلار بولۇش سۈپىتى بىلەن 1911 ـ يىلى 3 ـ ئايدىن باشلاپ
غۇلجىدا خەنزۇ، ئۇيغۇر، مانجۇ، موڭغۇل تىل ـ يېزىقىدا نەشر قى ـ
لىنغان «ئىلى ۋىلايىتى گېزىتى» (خەنزۇچىسى «ئىلى بەيخۇا گېزى ـ
تى» دەپ ئاتالغان) گە ئىئانە بەرگەن ۋە 1912 ـ يىلى 1 ـ ئايدا
غۇلجىدا پارتلىغان «شىنخەي ئىنقىلابى» غا ئېگەر، جۇۋا، ئۆتۈك قا ـ
تارلىق مەھسۇلاتلارنى ياردەم قىلىپ، بۇ ئىنقىلابنى قىزغىن قوللى ـ
غان. ئاكا ـ ئۇكا مۇسابايېفلار ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن زاۋۇتنى
ئۇلارنىڭ ئوغۇللىرى باشقۇرغان. 1944 ـ يىلىدىن 1949 ـ يىلىغى ـ
چە بولغان «ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى» مەزگىلىدە بۇ زاۋۇت مىللىي
ئارمىيەنىڭ كىيىم ـ كېچەك، ئۆتۈك، پىيما، ھەربىي ئېگەر ـ جاب ـ

---

① «شىنجاڭنىڭ قىسقىچە تارىخى» (3)، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2000 ـ يىلى نەش ـ
رى، ئۇيغۇرچە، 55 ـ بەت.

www.uyghurkitap.com

دۇقلىرىنى يەتكۈزۈپ بېرىدىغان مۇھىم بازا بولۇپ خىزمەت قىلـ-
غان، بۇ زاۋۇت 2004 - يىلى چېقىلغىچە خەلق ئۈچۈن خىزمەت
قىلغان ھالدا مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان.

«مۇسابايېف تېرە زاۋۇتى» نىڭ قۇرۇلۇشى بىلەن ئاكا - ئۇكا مۇ-
سابايېفلار شىنجاڭ مىللىي سانائىتىنىڭ باشلامچىلىرى، مىللىي
بۇرژۇئازىيەنىڭ مۇنەۋۋەر ۋەكىللىرى سۈپىتىدە تارىخ بېتىدىن ئو-
رۇن ئالغان.

## ئىككىنچى تۈركۈم: چەت ئەلگە ئوقۇغۇچى چىقىرىش

تەرەققىي تاپقان غەرب ئەللىرىگە ياكى غەربتىن ئۆگەنگەن دۆلەت-
لەرگە ئوقۇغۇچى چىقىرىش ھەرىكىتى شەرق خەلقلىرىنىڭ ئەڭ
مۇھىم تاللىشى بولۇپ قالغان. جۇڭگو تارىخىدا چەت ئەلگە ھۆكۈمەت
خىراجىتى بىلەن ئوقۇغۇچى چىقىرىش ھەرىكىتى تۇنجى قېتىم
گۇاڭدۇڭلۇق روڭ خوڭ (容闳 1828 — 1912) ئىسىملىك كىشىنىڭ
چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئابرۇيلۇق ۋەزىرلىرى زېڭ گوفەن ۋە لى خوڭ-
جاڭلارغا تەكرار ئىلتىماس قىلىشى ئارقىلىق ئەمەلگە ئېشىپ
1872 - يىلى باشلانغان. شۇ يىلى تۇنجى تۈركۈمدە 12 ياشتىن 16
ياشقىچە بولغان 30 ئۆسمۈر ئامېرىكىغا ئوقۇشقا ئەۋەتىلگەن. كېيىن
يەنە ئىككى تۈركۈم ئوقۇغۇچى ئەۋەتىلىپ، بۇ ھەرىكەت توختاپ قال-
غان. شۇنىڭ بىلەن 1901 - يىلى سىشى تەيخۇ «يېڭى سىياسەت» نى
يولغا قويغاندىن كېيىن ئاندىن چەت ئەلگە چىقىپ ئوقۇش ھەرىكى-
تى ئىزچىل ھەم كەڭ كۆلەمدە داۋاملاشقان.

شىنجاڭنىڭ مائارىپ تارىخىدا 20 - ئەسىردە چەت ئەلگە ئوقۇ-
غۇچى چىقىرىش ھەرىكىتى تۆت قېتىم بولغان. تۇنجى قېتىملىق
چەت ئەلگە ئوقۇغۇچى چىقىرىش ھەرىكىتىنى دەل ئاكا - ئۇكا مۇ-
سابايېفلار باشلىغان. ئەلۋەتتە، تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدىكى
مەدرىسەلەردە ئوقۇپ ئىسلامىيەت ئەللىرىگە، يەنى بۇخارا، مىسىر،
ئەرەبىستان، ھىندىستان قاتارلىق جايلاردىكى مەدرىسەلەرگە بېرىپ
ئوقۇپ كېلىش ئادىتى ئۇزاقتىن بېرى داۋاملىشىپ كەلگەن. لېكىن



1872 ـ يىلى ئامېرىكىغا ئوقۇشقا ئەۋەتىلگەن گۇاڭدۇڭلۇق ئۆسمۈرلەر

يېڭى مائارىپتا ئوقۇش، يېڭى مەدەنىيەت بىلەن ئۇچرىشىش مەقسىد-
تىدە چەت ئەلگە چىقىپ ئوقۇش ھەرىكىتىنى ئاكا ـ ئۇكا مۇسابا-
يېفلار باشلىغان. ئۇلار تۇنجى قېتىم، يەنى 1898 ـ يىلى ئاتۇشتىن
كېرىم ئاخۇن دېگەن كىشىنى رۇسىيەنىڭ ئورېنبۇرگ دېگەن تاتار
شەھىرىگە جەدىدچە ئوقۇتۇش ئۇسۇلىنى ئىگىلەپ كېلىشكە ئەۋەت-
كەن. ئارقىدىن غۇلجىدىن مەسۇم ئەپەندىنى قىرىمغا جەدىدچە ئوقۇ-
تۇش ئۇسۇلىنى ئۆگىنىپ كېلىشكە ئەۋەتكەن. ئاكا ـ ئۇكا مۇسابا-
يېفلار 1901 ـ يىلى يولغا قويۇلغان «يېڭى سىياسەت» نىڭ ئىلھامى
بىلەن تىل ۋە مەدەنىيەت جەھەتتە مۇئەييەن ئورتاقلىقى ئىگە تۈر-
كىيەگە ئوقۇغۇچى چىقىرىش مەقسىتىدە 1904 ـ يىلى ئوسمان
ئىمپېرىيەسىنىڭ سۇلتانى ئابدۇلھەمىدكە ئوقۇغۇچى تەربىيەلەپ
بېرىش ئارزۇسىنى ئىپادىلەپ ئىلتىماس يازغان ھەم تۇنجى قېتىمدا
تۆت نەپەر ئوقۇغۇچىنى ئىستانبۇلغا ئەۋەتكەن. شۇنىڭدىن كېيىن
ئاكا ـ ئۇكا مۇسابايېفلارنىڭ ئىقتىسادىي ياردىمى بىلەن چەت ئەل-

www.uyghurkitap.com



ھۈسەن باي بىلەن باھاۋۇدۇن باينىڭ ئىنىسى ئوبۇلھەسەن مۇسابايېفنىڭ 1914 ـ يىلى تۈركىيەدە ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچىلار بىلەن چۈشكەن سۈرىتى. ئولتۇرغان ئىككىيلەننىڭ سول تەرەپتىكىسى ئوبۇلھەسەن مۇسابايېف، ئوڭ تەرەپتىكىسى ئىستانبۇللۇق ئوقۇتقۇچى ئەھمەد كامال ھەببىزادە.

لەردىكى بىلىم يۇرتلىرىدا ئوقۇغان كىشىلەر 30 غا يەتكەن. بۇلار موسكۋا، قاھىرە، ئىستانبۇل، بېرلىن، پارىژ، بېيرۇت، تاشكەنت قاتارلىق شەھەرلەردە ئوقۇغان. ئۇلار غۇلجىدىن جىرجىس ھاجى، نەسۇھا ئىمىن، مەسئۇد ئەپەندى، مەسۇم ئەپەندى، ئابدۇراخمان ئەپەندى (شادى)، سابىت ئەپەندى، تۇرسۇن ئەپەندى، ئابدۇقادىر ئەپەندى، سىپىت ئەپەندى، بۇتابايېف، ئەمرۇللا بەگ، ئەخمەت ئەپەندى قاتارلىقلار. قەشقەردىن كامىل ئەپەندى، مويدىن ئەپەندى، قادىر ئەپەندى، زۇنۇنباي، ھەسەن ئەپەندى قاتارلىقلار. ئاتۇشتىن كېرىم ئەپەندى، تۇرسۇن ئەپەندى، شاۋۇدۇن دوختۇر، ئابلىز ئەپەندى، ئىمىن ئىمام، غوپۇر ئەپەندى، مەمتىلى ئىمىنوف قاتارلىقلار. مۇسابايېفلار جەمەتىدىن ئوقۇشقا ئەۋەتىلگەنلەر سابىت ئەپەندى، ئابلىھەق ئەپەن-

دى، ئابدۇقەييۇم ئەپەندى، تەلئەت ئەپەندى، ئىسمائىل ئەپەندى، مىدجىت ئەپەندى، ئېلىخان ئەپەندى، ئابلەت ئەپەندى، فۇكرات ئەپەندى قاتارلىقلار. ئاكا - ئۇكا مۇسابايېفلار ئوقۇشقا چىقارغان بۇ ئوقۇغۇچىلار پېداگوگىكا، دوختورلۇق، باشقۇرۇش، تېخنىكا، دىن، تەنتەربىيە، ئىنگلىز تىلى، فىرانسۇز تىلى، رۇس تىلى، تۈرك تىلى، ئەرەب تىلى قاتارلىق كەسىپ ۋە تىللارنى ئىگىلىگەن. ئۇلار تۈرلۈك كەسىپلەردە ئوقۇغاندىن كېيىن ۋەتەنگە قايتىپ كېلىپ تۇنجى ئەۋلاد ئۇيغۇر زىيالىيلىرى سۈپىتىدە ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە ئاكتىپ رول ئوينىغان. ياپونىيەلىك ئويشى شىنىيچىرونىڭ يېزىشىچە، ئاكا - ئۇكا مۇسابايېفلار 1910 - يىللىرىنىڭ بېشىدا «چەت ئەللەردە ئوقۇشنى خالايدىغانلار ئۆزىنى مەلۇم قىلسا، ئوقۇش خىراجىتىنى ئۆزلىرى ئۈستىگە ئېلىپ، ئوقۇتۇشقا كاپالەتلىك قىلىدىغانلىقى ھەققىدە ئۇقتۇرۇش تارقاتقان.» ئاكا - ئۇكا مۇسابايېفلار قازا قىلغانغا قەدەر، يەنى 1920 - يىللىرىنىڭ ئاخىرىغىچە ئۇلارنىڭ ياردىمىدە چەت ئەلدە ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچىلار بولغان.

ئىككىنچى قېتىم چەت ئەلگە ئوقۇغۇچى چىقىرىش ھەرىكىتىنى شېڭ شىسەي ھۆكۈمىتى بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتى مەسلىھەتلىشىپ يولغا قويغان. 1931 - يىلى قومۇل تاغلىرىدا خوجىنىياز ھاجىنىڭ ئىنقىلاب قوزغىشى بىلەن 1934 - يىلى ئەتىيازغىچە پۈتكۈل شىنجاڭ مىقياسىدا جىن شۇرىن، شېڭ شىسەي، جاڭ پېييۈەن، خوجىنىياز ھاجى، ما جۇڭيىڭ، سابىت داموللام، مۇھەممەتئىمىن بۇغرا قاتارلىق ئوخشاشمىغان مۇددىئا - مەقسەتتىكى لىدىرلار باش بولغان تۈرلۈك ھەربىي ۋە سىياسىي گۇرۇھلار ئوتتۇرىسىدىكى ئېلىشىش كەسكىن داۋاملاشقان. سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتىنىڭ ئارىلىشىشى بىلەن 1934 - يىلى 8 - ئاينىڭ 1 - كۈنى شېڭ شىسەي بىلەن خوجىنىياز ھاجى كېلىشىپ شىنجاڭدا تىنچلىقنىڭ ئەمەلگە ئاشقانلىقىنى جاكارلىغان. شۇنىڭ بىلەن «1934 - يىلىدىن باشلاپ شېڭ شىسەي ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ ئۈچ تۈر-

كۆمدە 257 نەپەر ھەر مىللەتتىن بولغان ئوقۇغۇچىنى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ تاشكەنت، ئالمۇتا، سەمەرقەنت، ئەنجان قاتارلىق جايلىرىغا ئەۋەتكەن[1].» بۇ قېتىمقى چەت ئەلگە ئوقۇغۇچى چىقىرىش ھەرىكىتىدە سەيپىدىن ئەزىزى، سەيدۇللا سەيپۇللايوف، ئابلىمىت مەخسۇتوف، ئابلىمىت ھاجىيوف، ئابدۇللا زاكىروف قاتارلىق بىر تۈركۈم ماركسىزمچى ئۇيغۇر زىيالىيلىرى يېتىشىپ چىققان. مۇشۇ ئۈچ تۈركۈمدە چىقىرىلغان 257 نەپەر ئوقۇغۇچىنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇر 140، خەنزۇ 74، خۇيزۇ 16، موڭغۇل 11، قازاق ۋە قىرغىز 10، باشقا مىللەت 6 ئىدى. 1935 ـ يىلى شېڭ شىسەي ھۆكۈمىتى يەنە ئىچكى ئۆلكىلەرگە ئوقۇغۇچى ئەۋەتىشنى يولغا قويۇپ 1935 ـ يىلى نەنجىڭگە بىر تۈركۈم مىللىي ئوقۇغۇچىلارنى ئەۋەتكەن.

ئۈچىنچى قېتىم ھۆكۈمەت خىراجىتى بىلەن چەت ئەلگە ئوقۇغۇچى چىقىرىش ھەرىكىتى جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن يولغا قويۇلغان. «1950 ـ يىلىدىن 1959 ـ يىلىغىچە شىنجاڭدىن 200 نەچچە كىشى سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئوقۇشقا ئەۋەتىلگەن[2].» بۇ قېتىم ئەۋەتىلگەن ئوقۇغۇچىلار ئەينى ۋاقىتتىكى شىنجاڭنىڭ ئىشلەپچىقىرىش، قۇرۇلۇش ئېھتىياجى نەزەردە تۇتۇلۇپ ئاساسەن پەن ـ تېخنىكا كەسىپلىرىدە تەربىيەلەنگەن. ئاپتونوم رايون رەھبەرلىرىدىن مىجىت ناسىر، قېيۇم باھاۋۇدۇن، مائارىپ نازارىتىگە نازىر بولغان سادىر قادىر، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پىروفېسسورلىرى ئۆمەر موللا ۋە شەرىپىدىن ئۆمەر قاتارلىق كىشىلەر شۇ قېتىمدا تەربىيەلەنگەنلەرنىڭ ۋەكىللىرىدۇر.

شىنجاڭنىڭ 20 ـ ئەسىر مائارىپ تارىخىدا تۆتىنچى قېتىم ھۆكۈمەت خىراجىتى بىلەن چەت ئەلگە ئوقۇغۇچى چىقىرىش ھەرىكى-

---

① شۇ جيەنيىڭ: «مىنگو دەۋرىدىكى ئەنگلىيە بىلەن جۇڭگو شىنجاڭ» (1912 — 1949)، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2008 ـ يىلى نەشرى، خەنزۇچە، 159 ـ بەت.

② «شىنجاڭ ئېنسىكلوپېدىيەسى» (2)، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2005 ـ يىلى نەشرى، ئۇيغۇرچە، 1361 ـ بەت.

تى 1985 - يىلى باشلانغان. چۈنكى 60 - ۋە 70 - يىللاردىكى ئىدىشنى تاقىۋېلىشتەك بىكىنمە سىياسەت تۈپەيلى چەت ئەلگە ئوقۇغۇچى چىقىرىش ھەرىكىتى ئۈزۈلۈپ قالغان. 1980 - يىلىنىڭ باشلىرى جۇڭگو مىقياسىدا ئىسلاھات، ئىشىكنى سىرتقا ئېچىۋېتىش سىياسىتىنىڭ كۈچىيىشى بىلەن «1985 - يىلىدىن باشلاپ ئاپتونوم رايون ھەر يىلى پۇل ئاجرىتىپ چەت ئەلگە ئالىي مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇتقۇچىلىرىنى ئوقۇشقا ئەۋەتىشنى، ياپونىيەگە بېرىپ، خۇسۇسىي ئۇنىۋېرسىتېت جەمئىيىتىگە ئوقۇغۇچى ئەۋەتىشنى نۇقتىلىق قوللىدى①.» شۇنىڭ بىلەن دەسلەپكى قەدەمدە شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى، شىنجاڭ تېببىي ئۇنىۋېرسىتېتى، شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك ئۇنىۋېرسىتېتى، قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى قاتارلىق ئالىي مەكتەپلەر ئۆمىدلىك ياش ئوقۇتقۇچىلارنى تۈركۈمگە بۆلۈپ ياپونىيەگە ئوقۇشقا ئەۋەتتى. بۇ ھەرىكەت بارا - بارا كېڭىيىپ باشقا دۆلەتلەرگىمۇ ئەۋەتىشكە تەرەققىي قىلدى ھەم ئۆز خىراجىتى بىلەن ئوقۇشقا چىقىدىغانلار يىلسېرى كۆپىيىشتەك ئەھۋال شەكىللەندى.

## ئۈچىنچى تۆھپە: جەدىدچە مەكتەپ ئېچىش

تۈركىي تىللىق مىللەتلەر تارىخىدا 1884 - يىلى قىرىمنىڭ باغچەساراي شەھىرىدە تاتار ئىسلاھاتچى ئىسمائىل غاسپىرالى (1851 — 1914) تەرىپىدىن تۇنجى جەدىدچە مەكتەپ بارلىققا كەلگەندىن كېيىن، 1890 - يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن باشلاپ بۇ خىل مەكتەپلەرنى ئېچىش قىزغىنلىقى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى سەمەرقەنت، تاشكەنت قاتارلىق شەھەرلەردە شەكىللىنىشكە باشلىغان. جەدىدچە ئوقۇتۇش ئۇسۇلى (ئۇسۇلى سەۋتە) تېز ساۋات چىقىرىشتەك ئالاھىدە ئۈنۈمى بىلەن كىشىلەرنى جەلپ قىلغان. تەرەققىيپەرۋەر سودىگەر ئاكا - ئۇكا مۇساباييېفلار 1899 - يىلى ئانا يۇرتى ئاتۇش ئىكساقتا جەدىدچە مەكتەپ ئېچىپ، شىنجاڭ تارىخىدا تۇنجى بولۇپ يې-

① «شىنجاڭ ئېنسىكلوپېدىيەسى» (2)، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2005 - يىلى نەشرى، ئۈيغۇرچە، 1362 - بەت.

www.uyghurkitap.com



1920 ـ يىلىنىڭ ئالدى ـ كەينىدە باھاۋۇدۇن مۇسابايېفنىڭ غۇلجىدىكى مائارىپچىلار ۋە ئوقۇغۇچىلار بىلەن چۈشكەن سۈرىتى (ئارقا رەت ئوڭدىن ئىككىنچى كىشى باھاۋۇدۇن باي).

ڭى مائارىپنى يولغا قويغان. سەمەرقەنتتە مەھمۇد خوجا بەھبۇدىي، تاشكەنتتە مۇنەۋۋەر قارىي، قوقەنتتە موللا سالاھىدىن جەدىدچە ئوقۇتۇشنى يولغا قويغان شۇ يىللاردا ئاكا ـ ئۇكا مۇسابايېفلارمۇ ئىك-ساقتا جەدىدچە ئوقۇتۇشنى باشلىغان. ئۇزاق ئۆتمەي غۇلجىدىمۇ جە-دىدچە مەكتەپ ئاچقان. شۇنداق بولغاچقا، ئاكا ـ ئۇكا مۇسابايېفلار ئۇيغۇر يېڭى مائارىپىنىڭ ئۇل سالغۇچىلىرى، جاھالەتلىك يىللاردا مەرىپەت مەشئىلىنى ياتۇرلۇق بىلەن يېلىنجاتقان قەيسەر ئەزىمەتلەر ھېسابلىنىدۇ. ياپونىيەلىك تەتقىقاتچى ئويىشى شىنىيچىرو غۇلجا شەھرىدە ئېچىلغان جەدىدچە مەكتەپنىڭ ئەھۋالى توغرۇلۇق رۇسىد-يەدە تاتارچە چىقىدىغان «ۋاقىت» گېزىتىدىكى خەۋەر ئاساسىدا مۇنداق يازىدۇ: «1909 ـ يىلى 23 ـ ئىيۇندىكى ‹ۋاقىت› گېزىتىگە بېسىلغان غۇلجىدىن بېرىلگەن خەۋەردە: ‹مۇساباي جەمەتى ئوقۇ-تۇۋاتقان 27 نەپەر يېتىم بالىدىن ئىمتىھان ئالدى. بۇلتۇرقىدەكلا

مۇئەللىم سارا خانىم ئۇلارنى ياخشى تەربىيەلەپ، ھەر خىل ھۈنەر، ھېساب، جۇغراپىيە ئۆگىتىلدى، دېيىلگەن. بۇنىڭدىن قارىغاندا كېچىككەندىمۇ 1907 ــ 1908 ـ يىللىرى ئارىلىقىدا غۇلجىدا مۇسابايېفلار ئىلكىدىكى مەكتەپ مەۋجۇت ئىدى①.»

ئاكا ـ ئۇكا مۇسابايېفلار ئۇيغۇر مائارىپ تارىخىدىكى تۇنجى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنى 1920 ـ يىلى غۇلجىدا قۇرغان بولۇپ، بۇ مەكتەپ «روشتى مەكتەپ» دەپ ئاتالغان. بۇ مەكتەپنى ئابدۇراخمان ئەپەندى (شادى) باشقۇرغان. تۇرسۇن ئەپەندى، مەسۇم ئەپەندى، خىلمۇخىل ئەپەندىلەر ئوقۇتقۇچى بولغان.


**تۆتىنچى تۆھپە: كەسپىي مائارىپنى يولغا قويۇش**

ئاكا ـ ئۇكا مۇسابايېفلار سېتىۋالغان زاۋۇت ئۇسكۇنىلىرى 1907 ـ يىلىنىڭ ئاخىرى ۋە 1908 ـ يىلىنىڭ باشلىرى غۇلجىغا تولۇق توشۇلۇپ بولغاندىن كېيىن، ئۇلار گېرمانىيەلىك ماكس ۋېگنېر دېگەن تېخنىكنىڭ ياردىمىدە 1908 ـ يىلىنىڭ ئوتتۇرىلىرى «زاۋۇت قورۇ» نىڭ ئېقىنىدا، هازىرقى ئىلى پېداگوگىكا ئىنستىتۇتىنىڭ ئورنىدا تېخنىك ۋە ئىشچىلارنى تەربىيەلەيدىغان مەكتەپ ئاچقان. چۈنكى زامانىۋى زاۋۇتنىڭ تەلىپىگە لايىق ئىشلەپچىقىرىش تېخنىكىسىنى ۋە باشقۇرۇش بىلىملىرىنى ئىگىلىگەن ئىشچىلار قوشۇنى بولمىسا، زاۋۇتنى ئۈنۈملۈك ماشدۇرغىلى بولمايتتى. غۇلجا خەلقى يېڭى قۇرۇلغان بۇ كەسپىي مەكتەپنى «مەكتەپ قورۇ» دەپ ئاتىغان. مەكتەپتە ماكس ۋېگنېردىن باشقا ئىمىر داموللا، نىزامىدىن ۋە بىرنەچچە تاتار مۇئەللىم دەرس ئۆتكەن. ھۈسەن باي «ھەممە ئىش ئۆز ئادەملىرىمىزنىڭ قولىدىن چىقىدىغان بولسۇن» دەپ تاپىلىغان. زاۋۇت ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلگىچە بولغان بىر يېرىم يىل ۋاقىتتا ئۈچ قارار ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىنىپ 500 دىن ئارتۇق ئوقۇغۇچى تەربىيەلىنىپ، تېخنىك، ماستېر، توكچى، باش-

① ئويىشى شىنيېچىرو: «قەشقەردە يېڭىلىققا كۆچۈش ھەرىكىتى ــ مۇساباي جەمەتى ۋە يېڭىچە مائارىپ»، «شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى» ژۇرنىلى 2000 ـ يىلى 2 ـ سان.

قۇرغۇچى، كاسسىر، ئىشچى يېتىشتۈرۈلگەن، بۇلاردىن 200 نەپىرى
دەسلەپكى قەدەمدە ئىشچىلىققا تاللانغان.

ماكس ۋېگىنېر بىلەن يەنە بىر تېخنىك ئەسلىي يەتتە ئايلىق
توختام بىلەن كەلگەن بولسىمۇ، كېيىن ئائىلىسىنى كۆچۈرۈپ كې-
لىپ مۇقىم تۇرغان. 1917 - يىلى 2 - ئايدا جۇڭگو ھۆكۈمىتى
گېرمانىيە ھۆكۈمىتى بىلەن دىپلوماتىك مۇناسىۋەتنى ئۈزۈپ، ئا-
تانتا دۆلەتلىرى سېپىدە گېرمانىيە قاتارلىق ئىتتىپاقداش دۆلەت-
لەرگە ئۇرۇش ئېلان قىلغان. قائىدە بويىچە دۈشمەن دۆلەتنىڭ مۇ-



1930 - يىلىنىڭ ئالدى - كەينىدە غۇلجىدىكى ھۈسەن باينىڭ قورۇسىدا
تارتىلغان بۇ سۈرەتنىڭ 1 - رەت ئوڭ تەرەپتە تۇرغان ئىككىيلەن ۋە 2 - رەت-
نىڭ ئوڭ تەرىپىدە تۇرغان شىلەپىلىك كىشى گېرمانىيەلىك تېخنىكلار. 1 -
رەتنىڭ ئوتتۇرىدىكى ساقال - بۇرۇتلۇق كىشى ھۈسەن باينىڭ 3 - ئايالى نۇ-
رىمان خېنىمنىڭ دادىسى مەھمۇد بەگ. ئۇنىڭ سول تەرىپىدە ئولتۇرغان يى-
گىت زاۋۇتنىڭ شۇ يىللاردىكى باشلىقى سابىت مۇسابايېف. 1 - رەت سول تە-
رەپتىكى 1 - كىشى زاۋۇتنىڭ ھېساباتىغا مەسئۇل مەخسۇت ھاجى (1892 —
1980). قالغانلىرى مۇسابايېفلارنىڭ تۇغقانلىرى ۋە خىزمەتچىلىرىدۇر.

هاجىرلىرى چېگرادىن قوغلاپ چىقىرىلاتتى.

ياڭ زېڭشىننىڭ «ئىستىغپار ھۆجرىسى خاتىرىلىرى» ناملىق ئەسىرىدە يېزىلىشىچە، ھۆسەن باي ياڭ زېڭشىن ھۆكۈمىتىگە «مەز - كۇر گېرمانىيەلىك تېخنىكلار ئىنتايىن ئىشەنچلىك، ئەگەر پەرمان بويىچە ئۇلارنى ۋەتىنىگە قايتۇرۇۋەتسەك شىركەت ئىشتىن توختاپ قالىدۇ. ئەگەر بۇ ئىشتا قولايلىق يارىتىپ بېرىلىپ، گېرمانىيەلىك تېخنىكلارنىڭ قېلىشىغا رۇخسەت قىلىنسا كېيىنكىلىك خېتى بېر - رىشكە رازىمىز» دەپ ئىلتىماس سۇنغان. شۇنىڭ بىلەن گېرمانىيە - لىك بۇ تېخنىكلار خېلىغىچە تۇرۇپ قالغان. ماتېرىياللاردا يېزىلى - شىچە، بۇ تېخنىكلار 1930 - يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە بۇ زاۋۇتتا تېخنىكا جەھەتتىكى يېتەكچىلىكنى ئۈستىگە ئالغان.

1912 - يىلىغا كەلگەندە، ئىشلەپچىقىرىش كۆلىمىنىڭ كېڭەي - يىشىگە ئەگىشىپ، زاۋۇت ئىشچىلىرى كۆپىيىپ 500 دىن ئاشقان. شۇ چاغدا ئاكا - ئۇكا مۇساباييېۋلار رۇسىيەنىڭ قازان شەھىرىدىن خەلىچە ئابىستاي قاتارلىق تۆت ئايال ئوقۇتقۇچىنى تەكلىپ قىلىپ، غۇلجىدا «ئاياللار ھۈنەر مەكتىپى» دېگەن مەكتەپنى ئاچقان. بۇ مەكتەپتە مەدەنىيەت دەرسلىرىدىن تاشقىرى، تىككۈچىلىك، كې - سىمچىلىك، يۇڭ پوپايكا، شارپا، ياغلىق ۋە پەلەي توقۇش، رېشىلىيە ئىشلەش، كەشتىچىلىك قاتارلىق ھۈنەرلەر ئۆگىتىلگەن. بۇ مەكتەپ 1950 - يىللىرى تاقىلىپ قالغانغا قەدەر 10 مىڭغا يېقىن ئايال ھۈ - نەرۋەننى تەربىيەلەپ يېتىشتۈرگەن.

**بەشىنچى تۆھپە: دارىلمۇئەللىمىن قۇرۇش**

يېڭى مائارىپنى يولغا قويۇشتا ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنى هازىرلاش ئەڭ مۇھىم خىزمەت ئىدى. ئەينى ۋاقىتتا ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە ئو - قۇتقۇچىلار قوشۇنى يوق ئىدى. 1913 - يىلى ئاكا - ئۇكا مۇسابا - يېۋلارنىڭ ئانا باشقا ئىنىسى ئوبۇلھەسەن مۇساباييېۋ ھەج قىلىش مۇناسىۋىتى بىلەن مەككىگە بارىدۇ. قايتىشىدا ئاكىلىرىنىڭ تاپشۇ - رۇقىغا ئاساسەن ئوسمان ئىمپېرىيەسىنىڭ مەركىزى ئىستانبۇلدىن

ئەھمەد كامال ئىسمىلىك 24 ياشلىق بىر ئوقۇتقۇچىنى بىللە ئېلىپ كېلىدۇ. ئۇلار 1914 ـ يىلى ئەتىيازدا ئاتۇشقا يېتىپ كېلىدۇ. باھاۋۇدۇن باي ئۇنى قىزغىن قارشى ئالىدۇ. ئۇلار مەسلىھەتلىشىپ قەشقەر شەھىرىدە مەخسۇس ئىپتىدائىي مەكتەپلەر ئۈچۈن ئوقۇتقۇچى تەربىيەلەيدىغان دارىلمۇئەللىمىن قۇرماقچى بولىدۇ. لېكىن قەشقەر شەھىرىدىكى ئۆمەرباي قاتارلىق مۇتەئەسسىپ كۈچلەر قاتتىق قارشى تۇرۇپ دارىلمۇئەللىمىن مەكتىپىنى ئېچىشقا يول قويمايدۇ. ئاخىر ئامال بولمىغاندا شۇ يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە ئۇستۇنئاتۇشنىڭ ئىكساق كەنتىدە ئۆلچەملىك زامانىۋى مەكتەپ سېلىپ، قەشقەر ۋە ئاتۇش تەۋەسىدىن باشلانغۇچ تەربىيە كۆرگەن زېرەك ياشلاردىن بىرەر يۈزنى تاللاپ ئوقۇتقۇچىلىققا تەربىيەلەيدۇ. ئۇستۇنئاتۇش خەلقى بۇ مەكتەپنى «ھەبىبزادە دارىلمۇئەللىمىن» دەپ ئاتاشقان. چۈنكى ئەھمەد كامالنىڭ تولۇق ئىسمى ھەبىبزادە ئەھمەد كامال ئىدى. باھاۋۇدۇن باينىڭ خىراجىتى بىلەن بۇ مەكتەپنىڭ 1915 ـ يىلى رۇسىيەنىڭ ئورېنبۇرگ شەھىرىدە باستۇرۇلغان «ئېلىببەيى تۈركى» ناملىق ئېلىپبە كىتابىنىڭ مۇقاۋىسىغا «قەشقەر دارىلمۇئەللىمىنىنىڭ دەرسلىكى» دەپ يېزىلغان. ئەھمەد كامال ئۆز ئەسلىمىسىدە «ئاتۇش دارىلمۇئەللىمىن» (120 ـ بەت) دەپ ئاتىغان. بۇ دارىلمۇئەللىمىن پۈتۈشگە تۈركىيەدىن ئەمرۇللا بەي، ھېكمەت بەي قاتارلىق 40 ياشلار چامىسىدىكى بىرنەچچە زىيالىي قەشقەرگە كېلىپ قالغان. ھېكمەت بەينىڭ «ئاسىيادا بەش تۈرك» دېگەن كىتابىدىكى مەلۇماتلاردىن قارىغاندا، ئۇلار 24 — 25 ياشلاردىكى ئەھمەد كامالنىڭ بۇ مەكتەپنى باشقۇرۇش جەھەتتە ھېسسىياتقا بېرىلىپ بالىلارچە سۆز ـ ھەرىكەتلەرنى سادىر قىلغانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭغا كۆپ يول ئۆگەتكەن. بەزى ئىشلارنى ئاشۇرۇۋەتمەسلىك ھەققىدە نەسىھەت قىلغان. بولۇپمۇ ئېتىقاد بىلەن سىياسىيغا تاقىلىدىغان مەسىلىلەردە ئېھتىياتچان بولۇشنى ئېيتقان. ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى ئەمرۇللا بەي پېداگوگىكىلىق پاراستى يۇقىرى، بىلىمى مول كىشى



www.uygurkitap.com

بولۇپ، قەشقەر بىلەن ئاتۇشتا يېرىم يىلچە تۇرۇپ يېڭىدىن ئېچىلغان بۇ دارىلمۇئەللىمىن ئۈچۈن ئۇنتۇلغۇسىز خىزمەت قىلغان. مۇشۇ مەزگىلدە يەنە ئاكا - ئۇكا مۇسابايېفلار تۈركىيەگە ئوقۇشقا ئەۋەتكەن ياشلاردىن تۇرسۇن ئەپەندى، ئابدۇراخمان شادى، مەسئۇد ئەپەندى، قادىر ئەپەندى قاتارلىقلار ئوقۇشنى پۈتكۈزۈپ قايتىپ كەلگەن. ئۇلارمۇ بۇ مەكتەپتە مۇئەللىملىك قىلغان. ئەمرۇللا بەي قاتارلىق تۈركىيەلىك زىيالىيلار ئۇستۇنئاتۇش بىلەن قەشقەردە يېرىم يىلچە تۇرۇش جەريانىدا كىشىلەرنىڭ يېڭىچە مائارىپقا بولغان تونۇشىنى ۋە مۇھەببىتىنى ھەسسىلەپ كۈچەيتكەن. ئۇلارنىڭ تەسىرى بەك زور بولغان. ئۇلار 1915 - يىلى ئەتىيازدا ئافغانىستانغا چىقىپ كەتكەن. شۇ يىلى 6 - ئاينىڭ ئاخىرى دارىلمۇئەللىمىن ئوقۇغۇچىلىرىدىن ئىمتىھان ئېلىنىپ، 27 سى ئىمتىھاندىن ئۆتۈپ ئىپتىدائىي مەكتەپلەردە ئوقۇتقۇچىلىق قىلىش سالاھىيىتىگە ئېرىشكەن. قالغان 60 تىن ئارتۇق ئوقۇغۇچى تەتىلدىن كېيىن داۋاملىق ئوقۇيدىغان بولغان. ئۇلارغا باھاۋۇدۇن باي مەخسۇس مەكتەپ فورمىسى تارقىتىپ بەرگەن. قەشقەردىكى تەرەققىيپەرۋەر ياشلار بىلەن يېڭىدىن ئوقۇش پۈتكۈزگەن 27 ئوقۇغۇچىنىڭ ئىچىدىكى قەشقەرلىك ياش مۇئەللىملەر قەشقەردە يېڭىچە مەكتەپلەرنى قۇرۇشقا نىيەت باغلىغان. ئۇلار قەشقەردىكى ئوبۇلھەسەن مۇسابايېفنىڭ قورۇسىدا ئەھمەد كامال باشچىلىقىدا مەكتەپ ئېچىشنىڭ كونكرېت پىلانىنى تۈزگەن. ئەمما ئۇلارنىڭ تىرىشچانلىقى قاتتىق قارشىلىققا ئۇچرىغان. ئۇلارنى مۇتەئەسسىپ كۈچلەر ھۆكۈمەت دائىرىلىرىگە «تەشكىلات قۇرۇپ پائالىيەت قىلىۋاتىدۇ» دەپ چاققان. نەتىجىدە، ئەھمەد كامال باشلىق بىرنەچچەيلەن تۈرمىگە سولانغان. ئۈچ ئايدەك تىركىشىش ئارقىلىق ئاخىر تەرەققىيپەرۋەر كۈچلەر ھۆكۈمەتنىڭ قوللىشىنى قولغا كەلتۈرۈپ يېڭى مەكتەپ ئېچىشقا رۇخسەت ئالغان. بۇ توغرۇلۇق ئەھمەد كامال ئۆزىنىڭ ئەسلىمىسىدە مۇنداق يازغان: «1915 - يىلى 11 - ئاينىڭ 3 - كۈنى

كەچتە باھاۋۇدۇن باي ھەزرەتلىرىنىڭ رىياسەتچىلىكىدە بىر مۇزا-
كىرە يىغىنى ئېچىلىپ، نەتىجىدە مەكتەپ مۇدىرلىقىغا بۇرادىرىمىز
قادىر ئەپەندى، يۇقىرى سىنىپلارنىڭ مۇئەللىملىكىگە ئەھمەد ئىنجا-
تى ئەپەندى، تۆۋەن سىنىپلارنىڭ مۇئەللىملىكىگە ئاتۇش دارىلمۇ-
ئەللىمىن بىرلەشمىسىنى پۈتكۈزگەن شاگىرتلىرىمىدىن قاسىم
سىدىقى، ھۇسەيىن ھۇسنۇ ئەپەندىلەرنى تەيىنلەش قارار قىلىندى.
شۇنىڭدىن بىر كۈن ئۆتۈپلا دەرسلەر باشلاندى. جانابى ئاللانىڭ ئى-
جازىتى ۋە ئىنايىتى، قەشقەر ياشلىرىنىڭ غەيرەت - شىجائىتى نە-
تىجىسىدە ‹ھىلالىيە›، ‹رەشادىيە› دېگەن ۋۇۋۇسكىلار مەكتەپلىرى-
مىزنىڭ ئۈستىگە ئېسىلدى. شەھەردىكى مەكتەپلەرنىڭ ئېچىلىشى
بىلەن سەھرادىكى مەكتەپلىرىمىزدىمۇ دەرسلەر باشلىنىپ، كۆڭلى-
مىزدىكى قايغۇ - ھەسرەتلەر كۆتۈرۈلۈپ بەختكە، خۇشاللىققا چۆم-
دۈق[1].»

قەشقەردە تۇرۇشلۇق رۇسىيە كونسۇلخانىسى بىلەن ياڭ زېڭشىن
ھۆكۈمىتى قەشقەر، ئاتۇشلاردا جەدىدچە مەكتەپلەرنىڭ ئېچىلىشىغا
سوغۇق پوزىتسىيە تۇتاتتى. لېكىن توسۇپ قويۇشقا بىرەر باھانە تا-
پالماي تۇراتتى. كۈتمىگەندە، 1916 - يىلى 7 - ئاينىڭ 7 - كۈنى
ئورېنبۇرگدا نەشر قىلىنغان «ۋاقىت گېزىتى» نىڭ 2037 - سانىدا
بېسىلغان بىر ماقالە مۇناسىۋىتى بىلەن، قەشقەردە يېڭىلىق تە-
رەپدارلىرىنىڭ ۋەكىلى باھاۋۇدۇن باي بىلەن كونىلىق تەرەپدارلى-
رىنىڭ ھامىيسى ئۆمەر باي ئوتتۇرىسىدا ئېغىر زىددىيەت كېلىپ
چىققان. مەشھۇر تاتار مۇخبىر نۇشرىۋان يائۇشوف تەرىپىدىن يې-
زىلغان بۇ ماقالىدە دارىلمۇئەللىمىن مەكتىپىنى قەشقەر شەھىرىدە
ئېچىشقا ئۆمەر باينىڭ توسقۇنلۇق قىلغانلىقى، شۇ سەۋەبتىن ئىك-
ساقتا قۇرۇلغانلىقى مەسىلىسىنى چۆرىدەپ تەنقىد ۋە مۇلاھىزە
يۈرگۈزۈلگەن. بۇ تەنقىد ۋە مۇلاھىزىلەر ئۆمەر باينىڭ تىتاڭ تومۇ-

① ئەھمەد كامال (تۈركىيە): «چىن — تۈركىستان خاتىرىلىرى»، ئۆتۈكەن نەشرىياتى، 1999 - يىلى ئىستانبۇل نەشرى، تۈركچە، 137 - بەت.

رىغا تەگكەن. نەتىجىدە، ياڭ زېڭشىن ھۆكۈمىتى ئالدىدا ئالاھىدە ئىمتىيازغا ئىگە ئۆمەر باي قورساق كۆپۈكىنى چىقىرىش ئۈچۈن جەدىدچە مەكتەپلەرنى تاقىۋېتىشنى، ئۇنداق قىلمىسا ئاقىۋىتىنىڭ بەكمۇ خەتەرلىك بولىدىغانلىقىنى ئەسكەرتىپ ھۆكۈمەتكە جىددىي ئەرز سۇنغان. يېڭىچە مەكتەپلەرنى توسۇشنىڭ باھانىسىنى تاپالماي تۇرغان ياڭ زېڭشىن ھۆكۈمىتى بۇيرۇق چۈشۈرۈپ بارلىق يېڭىچە مەكتەپلەرنى تاقاتقۇزۇۋەتكەن ھەم ئەھمەد كامالنى قايتىدىن قولغا ئالغان. ئەھمەد كامال قولغا ئېلىنغاندىن كېيىن ئۈرۈمچىگە يالاپ ئاپىرىلىپ ئىككى يىل تۈرمىگە قامالغان. 1919 ـ يىلى شاڭخەي ئارقىلىق تۈركىيەگە قايتىپ كەتكەن. شۇنىڭ بىلەن ئىكساقتا قۇ ـ رۇلغان ئۇيغۇر يېڭى مائارىپ تارىخىدىكى تۇنجى دارىلمۇئەللىمىن تاقىلىپ قالغان. قەشقەر ۋە ئاتۇشتا يېلىنجىغان يېڭى مائارىپ مەشئەللىرى ۋاقىتلىق ئۆچكەن. شۇنداقتىمۇ، بۇ مەكتەپتە تەربىيە ـ لەنگەن ئوقۇغۇچىلار كېيىنكى يىللاردا ئۆزلىرىنىڭ تېگىشلىك رو ـ لىنى جارى قىلدۇرغان.

ناۋادا ئىكساقتا قۇرۇلغان ئاشۇ دارىلمۇئەللىمىن 10 يىل ئىز ـ چىل ئوقۇتقۇچى يېتىشتۈرەلىگەن بولسا ئىدى، شىنجاڭنىڭ، بولۇپمۇ جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ يېڭى مائارىپ ئىشلىرىدا 1930 ـ يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرى شەكىللەنگەن داغدۇغىلىق مەنزىرە شۇ چاغدىلا شەكىللەنگەن بولاتتى.

## ئالتىنچى تۆھپە: ئېلېكتىر، تېلېفون ۋە كىنونى ئېلىپ كىرىش

ئېلېكتىر، تېلېفون ۋە كىنو ئاۋامنى ئەڭ قىزىقتۇرىدىغان يېڭى مەدەنىيەت ھادىسىسى ھېسابلىنىدىغانلىقىدا شەك يوق.

نوپۇزلۇق قامۇسلاردا يېزىلىشىچە، «جۇڭگودا ئەڭ دەسلەپكى ئې ـ لېكتىر ئېنېرگىيەسى يورۇتۇشقا ئىشلىتىلگەن ئېلېكتىر مەنبە ـ سىدىن ئىبارەت بولۇپ، 1879 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى شاڭ ـ خەي شەھىرى خۇڭكۇ رايونىدىكى ئەنگلىيە سودا شىركىتىنىڭ

7.46 كىلوۋاتلىق (10 ئات كۈچىگە تەڭ) دىزېل گېنېراتورلار گۇرۇپپىسى سىناق تەرىقىسىدە يۈرگۈزۈلۈپ مۇۋەپپەقىيەت قازانغان. 5 ـ ئاينىڭ 17 ــ 18 ـ كۈنلىرى بۇ گېنېراتورلار تەمىنلىگەن توك بىلەن چىراغلار ۋەيتەننى يورۇتقان①.»

ئانا دىيارىمىز شىنجاڭدا ئېلېكتىر ئېقىمى ۋە تېلېفون تۇنجى قېتىم 1909 ـ يىلى «مۇسابايېف تېرە زاۋۇتى» دا ئىشلىتىلىشكە باشلىغان. ئۇلار 120 ئات كۈچىگە تەڭ پارۋاي قازان ۋە 120 ئات كۈچىگە تەڭ پارۋاي ماشىنا بىلەن 75 كىلوۋات توك چىقىرىدىغان ئېلېكتىر موتورنى ھەرىكەتلەندۈرۈش ئارقىلىق زاۋۇت ئۇسكۇنىلىرىنى ئىشلەپچىقىرىش ھالىتىگە كىرگۈزگەن. 50 لامپۇچكا يورۇتقان. بۇ ھال ئۇزاق ئەسىرلەردىن بېرى نادانلىق ۋە خۇراپاتلىق ئاسارىتىدە تۇرۇپ كەلگەن خەلققە پەن ـ تېخنىكىنىڭ ئەۋزەللىكىنى تونۇتىدىغان ئالاھىدە يېڭى ھادىسە بولغان. 11 يىلدىن كېيىن شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ مەبلىغى بىلەن «1920 ـ يىلى ئۈرۈمچىدە بىر ئېلېكتىر ئىستانسىسى قۇرۇلغان. ئۇنىڭ قۇۋۋىتى ئاجىز بولغاچقا، پەقەت ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت بىناسى ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى ئورگانلارنىلا توك بىلەن تەمىنلىگەن. ئۇزاق ئۆتمەي، گېنېراتوردىن چاتاق چىققاچقا، ئىشتىن توختىغان②.»

ئاكا ـ ئۇكا مۇسابايېفلار يەنە زاۋۇت ئىچىدە سىخلار ئارا تېلېفون ئورناتقان ھەم «غۇلجا شەھىرىدە 36 ـ نومۇرلۇق كامىتاتور ئورنىتىپ، شۇ ۋاقىتتىكى دوتەي، شەنگەن قاتارلىق ھۆكۈمەت ئورۇنلىرىنىڭ ۋە شەخسلەرنىڭ ئۆيلىرىگە تېلېفون ئورنىتىپ، كىشىلەرنى تېلېفون بىلەن سۆزلىشىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلغان. بۇ تېلېفونلار ئۈچ ـ تۆت يىل ئىشلىگەندىن كېيىن، شۇ ۋاقىتتىكى ئەك-

---

① «جۇڭگو ئېنسىكلوپېدىيەسى (中国大百科全书)» (ئېلېكتىر قىسمى)، جۇڭگو قامۇس نەشرىياتى، بېيجىڭ / شاڭخەي، 1992 ـ يىلى 6 ـ ئاي نەشرى، خەنزۇچە، 638 ـ بەت.

② «شىنجاڭنىڭ قىسقىچە تارىخى» (3)، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2000 ـ يىلى نەشرى، ئۇيغۇرچە، 56 ـ بەت.

سىيەتچى ھاكىمىيەت يول قويمىغانلىقتىن، ئېلىپ تاشلىنىپ، پەقەت مۇسابايېفلارنىڭ باش ئىدارىسى بولغان «كانتور قورۇ» (تىجارەتخانىسى)، يۇڭ يۇيىدىغان «مويكا قورۇ»، مۇسابايېف تېرە زاۋۇتى جايلاشقان «زاۋۇت قورۇ» ۋە ئاكا ـ ئۇكا مۇسابايېفلارنىڭ تۇرالغۇسى جايلاشقان «باغ قورۇ» دىن ئىبارەت تۆت ئورۇندىكى تېلېفونلار 1935 ـ يىلىغا قەدەر ئىشلەپ كەلگەن. «1935 ـ يىلى شېڭ شىسەي دەۋرىدە غۇلجىدا تېلېفون ئورناتقاندىن كېيىن ئەمەلدىن قالغان[1].» بۇ ۋەقە شىنجاڭ ئېلېكتىر تەزكىرىسى بىلەن تېلېگراف تەزكىرىسىنىڭ تۇنجى بېتىنى تەشكىل قىلىدۇ، ئەلۋەتتە.

كىنوغا كەلسەك، كىنو ئاپپاراتىنى گېرمانىيەلىك ئوسكار ماستېر 1893 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى تەتقىق قىلىپ ياساپ مۇۋەپپەقىيەت قازانغان. 1896 ـ يىلى ئوسكار ماستېر 64 كىنو قويۇش ئاپپاراتى ياساپ، مەملىكەت ئىچىگە 44 ئاپپارات، ئاۋستىرىيە، ئىتالىيە ۋە رۇسىيەگە 20 ئاپپارات ساتقان. شۇ يىلى ئۇ بېرلىننىڭ راندىنبورگ دېگەن يېرىدە كىنو ئىشلىگەن.

ئاكا ـ ئۇكا مۇسابايېفلار گېرمانىيەدىن ئىمپورت قىلغان تېرە زاۋۇتىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ھالقىلىرىنى چۈشەندۈرىدىغان ھۆججەتلىك كىنو فىلىمىنى ئېلىپ كىرىپ، تېخنىك ۋە ئىشچىلارغا تەكرار قويۇپ بېرىش ئارقىلىق، ئۇلارنى تەربىيەگە ئىگە قىلغان. ئاكا ـ ئۇكا مۇسابايېفلار بۇ ھۆججەتلىك فىلىمنى ئېلىپ كىرگەندە يەنە تەبىئەت بىلىملىرى تەسۋىرلەنگەن بىرنەچچە چاس ھۆججەتلىك


---

① «شىنجاڭ تارىخ ـ مەدەنىيىتى» (ئىچكى ژۇرنال)، 2008 ـ يىللىق سان (ئومۇمىي 42 ـ سان). ئەينى ۋاقىتتا غۇلجا شەھىرىدە ئاكا ـ ئۇكا مۇسابايېفلارغا تەۋە بەش قورۇ بولغان. بۇلار «زاۋۇت قورۇ» (مۇسابايېف تېرە زاۋۇتى)، «مەكتەپ قورۇ» (ھازىرقى ئىلى پېداگوگىكا ئىنستىتۇتىنىڭ ئورنى بولۇپ، زاۋۇتقا ئىشچى تەربىيەلىگەن كەسپىي مەكتەپ)، «كانتور قورۇ» (ھازىرقى غۇلجا شەھەرلىك خەلق مەيدانىنىڭ ئورنىدا بولۇپ، مۇسابايېفلارنىڭ باش تىجارەتخانىسىنى كۆرسىتىدۇ)، «مويكا قورۇ» بىلەن «باغ قورۇ» بىرتۇتاش بولۇپ، ھازىرقى ئىلى ئوبلاستلىق پارتكومىنىڭ ئورنىغا توغرا كېلىدۇ. بۇ يەرگە ئاكا ـ ئۇكا مۇسابايېفلارنىڭ ئۆيلىرى جايلاشقان ھەم يېنىغا يۇڭ يۇيىدىغان مويكا ئورۇنلاشتۇرۇلغان.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
فىلىمنىمۇ بىللە ئېلىپ كىرگەن. بۇ فىلىملەرنى گېرمانىيەلىك تېخنىكلار كىنو ئاپپاراتى ئارقىلىق كىشىلەرگە قويۇپ بەرگەن. ئېيتىلىشىچە، كىنو ئاپپاراتى ۋە ھۆججەتلىك فىلىملەرنى ئېلىپ تېخنىك خادىملار بىلەن بىللە ئاۋۋال قەشقەرگە كەلگەن. بۇ ھۆججەتلىك فىلىملەر قەشقەر، ئاتۇشتا بىرنەچچە نۆۋەت قويۇلغاندىن كېيىن غۇلجىغا ئېلىپ بېرىلىپ غۇلجىدا ئاممىغا قويۇپ بېرىلگەن. بۇ يېڭى مەدەنىيەت ھادىسىسى ئەينى ۋاقىتتىكى نادان ئاۋامنىڭ تەرەققىياتقا بولغان تونۇشىنى كۈچەيتىشتە مۇھىم رول ئوينىغان. لېكىن كىنو تېخنىكىسى شىنجاڭدا شۇ باشلانغان پېتى ئىزچىل داۋاملاشمىغان. بۇنداق بولۇشىدا نېمە سەۋەب بولغانلىقىنى بىلگىلى بولمايدۇ. 1930 ـ يىللاردىن باشلاپ ئاندىن كىنو قويۇش ئىشلىرى شىنجاڭدا ئىزچىللىققا ئىگە بولغان.

## يەتتىنچى تۆھپە: پۇتبول ھەرىكىتىنى باشلاش

2006 ـ يىلى مەركىزىي تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ 1 ـ يۇ- رۇش قانىلىنىڭ «جۇڭخۇا مىللەتلىرى» پىروگراممىسىدا 85 ياشلىق مۇھەممەت زۇنۇننىڭ ئائىلىسى ئاساس قىلىنىپ ئۈچ قىسىمغا بۆ- لۈپ تونۇشتۇرۇلغان «100 يىللىق پۇتبول كەنتى» دېگەن مەخسۇس فىلىم بىلەن ئىكساق كەنتى پۈتكۈل جۇڭگو مىقياسىغا مەشھۇر «پۇتبول كەنتى» بولۇپ تونۇلدى. ھەر ئايدا ئىككى سان چىقىدىغان «تەنتەربىيە رەسىملىك ژۇرنىلى» نىڭ 2011 ـ يىللىق 10 ـ سانى- نىڭ مۇقاۋىسىدا يۈز ـ كۆزى ئاپتاپتا كۆيۈپ قارىداپ كەتكەن، قىن ـ قىنىغا پاتماي ۋارقىراپ سەكرەپ كەتكەن ئىكساقلىق پۇت- بولچى باللارنىڭ شوخ، تېتىك قىياپىتى نامايان قىلىندى ھەم ژۇرنال ئىچىدە 16 بەت ئاجرىتىلىپ، «شىنجاڭدىكى 100 يىللىق پۇتبول كەنتىنى زىيارەت ـــ ئىكساق رىۋايەتلىرى» دېگەن ماۋزۇدا ئىكساق پۇتبولچىلىقىنىڭ ئۆتمۈشى ۋە بۈگۈنى مەزكۇر ژۇرنالنىڭ مۇخبىرى ياڭ نىڭ تەرىپىدىن سۈرەت بىلەن مەزمۇن گىرەلەشتۈرۈ- لۈپ تونۇشتۇرۇلۇپ، جۇڭگونىڭ تەنتەربىيە ساھەسىدىكىلەرنىڭ




ھەيرانلىقىنى قوزغىدى. بۇ تەبىئىي ھالدا ئىكساقنىڭ پۇتبول جەھەتتىكى نامىنى تېخىمۇ كەڭ ئەھمىيەتكە ئىگە قىلدى. بۈگۈنكى كۈندە ئىكساقنى جۇڭگو بويىچە نامى مەشھۇر «پۇت-بول كەنتى» شەرىپىگە مۇ-يەسسەر قىلغان تۆھپىكار شەخسلەر يەنىلا ئاكا - ئۇ-كا مۇسابايېفلاردۇر.

تەنتەربىيە تارىخىدىن مەلۇمكى، ھازىرقى زامان پۇتبول ھەرىكىتى 1860 - يىللاردا ئەنگلىيەدە بارلىققا كەلگەن. ئۇزاققا قالماي پۇتكۇل ياۋروپادا پۇتبول ھەرىكىتى ئومۇملىشىپ دۇنياغا تارقالغان. 20 - ئەسىرنىڭ باشلىرى تۈركىيەدە پۇتبول كۇ-لۇبلىرى بارلىققا كەلگەن. ئاكا - ئۇكا مۇسابايېفلار 1905 - يىلى تۈركىيەگە ئوقۇشقا چىقارغان تۇرسۇن ئەپەندى بىلەن ئابدۇراخمان ئەپەندى (شادى) شىنجاڭدا پۇتبول ھەرىكىتىنى تۇنجى قېتىم بارلىق-قا كەلتۈرگەن ئەزىمەتلەر ھېسابلىنىدۇ.

تۇرسۇن ئەپەندى بىلەن ئابدۇراخمان ئەپەندى 1915 - يىلى تۈركىيەدىكى ئوقۇشىنى تۈگىتىپ ۋەتەنگە قايتقاندىن كېيىن ئاتۇش ئىكساقتا ئوقۇتقۇچى، ئوقۇغۇچىلارغا پۇتبول ئويناشنى ئۆگەتكەن. ئابدۇراخمان ئەپەندى 1920 - يىلى غۇلجىدا روشتى (تولۇقسىز) مەكتەپكە مۇدىر بولغاندا غۇلجىدا تۇنجى قېتىم پۇتبول مۇسابىقىسى ئۇيۇشتۇرغان. تۇرسۇن ئەپەندىنىڭ 1920 - يىلىدىن باشلاپ «ھۇ-سەينىيە مەكتىپى» دەپ ئاتالغان ئۇستۇنئاتۇشتىكى ئىكساق مەك-تەپتە پۇتبول ھەرىكىتىنى زور قىزغىنلىق بىلەن ئومۇملاشتۇرغاد-

لىقىنى نامايان قىلىدىغان تارىخىي ۋەقەلەر ۋە رېئال ھادىسىلەر ئاز ئەمەس. مەسىلەن، ئىكساق پۇتبولچىلىقىنىڭ يۈكسەلگەن ھالىتىنى قەشقەردە تۇرۇشلۇق ئەنگلىيە كونسۇلخانىسىدىكى خادىملار ۋە ئەسكەرلەر بىلەن مۇسابىقىلەشكەندە ئۇتۇۋالغانلىقىدىن كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. ماتېرىياللاردا بۇ مۇسابىقە 1927 - يىلى قەشقەرنىڭ ھازىرقى خەلق مەيدانى بىلەن تۇمەنكۆل ئارىلىقىدىكى ئۇزۇن يوللۇق ئاپتوبۇس بېكىتى جايلاشقان ئورۇندا بىر دېھقاننىڭ بېدىلىكىدە ئۆتكۈزۈلگەنلىكى يېزىلغان. بۇ ۋاقىت تارىخىي چىنلىقتا خېلىلا ئويغۇن. چۈنكى بۇ مۇسابىقىدە سوۋېت ئىتتىپاقى كونسۇلخانىسىنىڭ ئادەملىرى ئۈچىنچى تەرەپ سۈپىتىدە مەيداندىكى تەرتىپكە كاپالەتلىك قىلغان ۋە رېپېرلىق قىلغان. 1917 - يىلى ئۆكتەبىر ئىنقىلابى غەلىبە قىلغاندىن كېيىن، رۇسىيەنىڭ قەشقەردىكى كونسۇلخانىسى تېز خارابلاشقان. ياڭ زېڭشىن ھۆكۈمىتى يېڭى قۇرۇلغان بولشېۋىكلار ھۆكۈمىتىدىن قاتتىق ئەنسىرەپ كوممۇنىزم ئىدېئولوگىيەسىنىڭ شىنجاڭغا تارقىلىشىدىن قاتتىق ھەزەر ئەيلىگەن. بۇ 30 يىلغا يېقىن ۋاقىتتىن بېرى قەشقەردە رۇسىيە بىلەن ئۈستۈنلۈك تالىشىپ كېلىۋاتقان ئەنگلىيە كونسۇلخانىسى ئۈچۈن تېپىلغۇسىز پۇرسەت بولغان. بىراق، ئۇزاق ئۆتمەي ۋەزىيەتتە ئۆزگىرىش بولغان. يەنى بولشېۋىكلار ھۆكۈمىتى ھاكىمىيىتىنى مۇستەھكەملەپ ئەينى ۋاقىتتىكى گومىنداڭ ھۆكۈمىتى بىلەن يېقىن مۇناسىۋەت شەكىللەندۈرگەن. 1923 - يىلىدىن باشلاپ سوۋېت ئىتتىپاقى تەرەپ شىنجاڭنىڭ ئالىي رەھبىرى ياڭ زېڭشىن ھۆكۈمىتىگە ئۆز ئارا كونسۇل تۇرغۇزۇش توغرۇلۇق ئەلچى ئەۋەتكەن. نەتىجىدە «1925 - يىلى 9 - ئاينىڭ 1 - كۈنى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ باش كونسۇلى ماكس دومپىس (Max Doumpiss) توققۇز نەپەر كونسۇل خادىمىنى ئېلىپ قەشقەرگە كەلگەن. 10 - ئاينىڭ 10 - كۈنى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ قەشقەردە تۇرۇشلۇق باش كونسۇلخانىسى رەسمىي ھالدا ئىشقا كىرىشكەن. ئورنى ئىلگىرىكى چار رۇسىيە باش كونسۇلخانى-

...سى بولغان[1].» سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ قەشقەردە باش كونسۇلخانىسىنىڭ قۇرۇلۇشى جۇڭگو، ئەنگلىيە، سوۋېت ئىتتىپاقى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى تېخىمۇ مۇرەككەپلەشتۈرۈۋەتكەن. ياڭ زېڭشىن ھۆكۈمىتى يەنىلا ئەنگلىيە تەرەپنى ھىمايە قىلىپ، سوۋېت ئىتتىپاقى كونسۇلخانىسىنىڭ تەسىرىنى چەكلەپ تۇرغان. ئەنگلىيە كونسۇلخانىسى ئۆزىنىڭ ئۇستۇن ئورنىغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن ھىندىستاندىن 30 ئەتراپىدا ئەسكەر ئەكېلىپ كونسۇلخانىدا تۇرغۇزغان. بۇ ئەسكەرلەر كونسۇلخانا خادىملىرى بىلەن بوش ۋاقىتلاردا پۇتبول ئوينايتتى. شۇنىڭ بىلەن تۇرسۇن ئەپەندى باشچىلىقىدىكى ئۇستۇن ئاتۇشلۇق پۇتبولچىلار ئوتتۇرىسىدا قەشقەرنى زىلزىلىگە سالغان مۇسابىقە شەكىللەنگەن. چۈنكى مۇسابىقىدە ئۇستۇنئاتۇش پۇتبولچىلىرى يۇقىرى ماھارەت ھەم جان پىدالىق بىلەن ئويناپ ئەنگلىيە كونسۇلخانىسىنىڭ ئەترىتىنى يېڭىۋالغان. كۆپ يىللاردىن بېرى ھېچبىر ئىشتا غەلىبە مېۋىسىنىڭ تەمىنى تېتىپ باقمىغان قەشقەر خەلقى ئۆز ئوغلانلىرىنىڭ ھاكاۋۇر ھەم زوراۋان ئەنگلىيەلىكلەر ئۈستىدىن قازانغان غەلىبىسىدىن ئالەمچە شادلىققا تولغان.

ئابدۇراخمان شادى ئەپەندىنىڭ تىرىشچانلىقى بىلەن غۇلجىدا باشلانغان پۇتبول ھەرىكىتى 1930 - يىللاردا ئەۋجىگە چىققان. شۇ يىللاردا يېڭىچە مەكتەپلەر كەينى - كەينىدىن ئېچىلغاچقا پۇتبول ھەرىكىتى ئوقۇتقۇچى، ئوقۇغۇچىلار ئەڭ قىزىقىپ ئوينايدىغان تەنتەربىيە تۈرى بولۇپ قالغان. ماتېرىياللاردا يېزىلىشىچە، غۇلجا شەھەر ئىچىدىكى ۋاڭ قادىرنىڭ بېغىدا ھەر ھەپتىدە دېگۈدەك پۇتبول مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈلۈپ تۇرغان. شىنجاڭنىڭ پۇتبولچىلىقى ئەنە شۇ ئاساستا تەرەققىي قىلىپ 1950 - يىللارغا كەلگەندە كەڭ ئاممىۋى تەنھەرىكەتكە ئايلانغان. 1951 - يىلى 10 - ئايدا مۇرات، جاپپار،

① شۇ جيەنيىڭ: «مىنگو دەۋرىدىكى ئەنگلىيە بىلەن جۇڭگو شىنجاڭ» (1949 — 1912)، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2008 - يىلى نەشرى، خەنزۇچە، 88 - بەت.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
ئۇيغۇر كىتابلىرىنىڭ يېڭى ئادرېسى



ئىكساقتىكى پېشقەدەم پۇتبول ھەۋەسكارلىرىنىڭ بۇ سۈرىتى 1985 ـ يە-لى ئۇيغۇر يېڭى مائارىپى يولغا قويۇلغانلىقىنىڭ 100 يىللىقىنى خاتىرىلەش مۇناسىۋىتى بىلەن ئۇستۇنئاتۇشنىڭ ئىكساق كەنتىدە ئۆتكۈزۈلگەن ياشاۋ-غانلار پۇتبول مۇسابىقىسىدە تارتىلغان. شۇ قېتىمدا مۇسابىقىگە قاتناشقانلار-نىڭ ئەڭ چوڭىنىڭ يېشى 82 ياش.

ئېرىز، ھەمدۇل قاتارلىق 18 كىشىدىن تەشكىللەنگەن شىنجاڭ پۇت-بول كوماندىسى جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن تۇنجى قېتىم ئۆتكۈزۈلگەن غەربىي شىمال پۇتبول مۇسابىقىسىگە قاتنىشىپ چېمپىيون بولغان. كېيىنكى قېتىملاردىمۇ ياخشى نەتى-جىلەرنى قولغا كەلتۈرگەن. «دېمەك، ئازادلىقنىڭ دەسلەپكى ۋاقىت-لىرىدىلا شىنجاڭ پۇتبول كوماندىسىنىڭ يۇقىرىقىدەك ياخشى نەتى-جىلەرگە ئېرىشىشى ۋە داڭلىق پۇتبولچىلار يېتىشىپ چىقىپ، دۆ-لىتىمىز پۇتبول ھەرىكىتىنىڭ راۋاجلىنىشىغا كۈچ قوشۇپ تۆرتكە بولۇشى، دۆلەتلىك تەنتەربىيە كومىتېتىنىڭ ئاتۇش ئىكساق ۋە غۇلجىنى ‹پۇتبول يۇرتى› دەپ تىلغا ئېلىشى ــ پۇتبولنىڭ شىن-جاڭدا ئۇزۇن تارىخقا ھەم كۈچلۈك ئاممىۋى ئاساسقا ئىگە ئىكەنلى-

كىنى ئىسپاتلايدۇ[1].»

ئىكساق كەنتىدە 1990 ـ يىللارغىچە 60 ـــ 70 ياشلاردىكى بوۋايلارنىڭ ئۆزئارا مۇسابىقىلىشىپ پۇتبول ئويناش ئادىتى دائىم كۆرۈلۈپ تۇرىدىغان ئەھۋال ئىدى. 1990 ـ يىللارنىڭ بېشىدا شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى ئىشلىگەن «ئاتۇش سەيلىسى» دېگەن سەنئەت فىلىمىدە بىرنەچچە بوۋاينىڭ ئۆزىنى ئۇنتۇغان هالدا پۇتبول تېپىۋاتقان هەم سەكرەپ توپنى ئۇسۇۋاتقان كۆرۈنۈشى هېلىمۇ كىشىلەرنىڭ ئېسىدە. هازىرمۇ ئىكساقلىقلار پۇتبولنى بارلىق تەنتەربىيە تۈرلىرىدىن ئۈستۈن قويۇپ مۇئامىلە قىلىدۇ. ئىكساقلىق ياش ـ ئۆسمۈرلەر پۇتبول ئويناشنى يىگىتلىكنىڭ ئەڭ روشەن بەلگىسى، دەپ قارىشىدۇ.

## سەككىزىنچى تۆھپە: چارۋا نەسلىنى يېڭىلاش

ئىلى چارۋىچىلىق رايونى بولۇش سۈپىتى بىلەن چارۋىچىلىق ئىشلىرى كۆلەملەشكەن هەم تەرەققىي قىلغان. ئىلى چارۋىچىلىقىنىڭ تەرەققىياتى ۋە چارۋىلارنىڭ نەسلىنى ياخشىلاشتا ئاكا ـ ئۇكا مۇسابايېفلارنىڭ گەۋدىلىك تۆھپىسى بار، دەپ ئېيتىشقا بولىدۇ. ئاكا ـ ئۇكا مۇسابايېفلارنىڭ تىجارىتى چارۋىچىلىق بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغاچقا، ئۇلارنىڭ تاغلاردا ۋە يايلاقلاردا چارۋا ماللىرى ناهايىتى كۆپ بولغان. مۇسابايېفلار جەمەتىنىڭ 1909 ـ يىلى 80 مىڭ تۇياق قويى، 10 مىڭ تۇياق كالىسى، 2000 تۇياق يىلقىسى بارلىقى جا ئېنخي بىلەن جاڭ جياڭ بىرلىكتە يازغان «ئىلى مۇسابايېف تېرە زاۋۇتى هەققىدە سۆز» دېگەن ماقالىدە تىلغا ئېلىنغان. ئاكا ـ ئۇكا مۇسابايېفلار 20 ـ ئەسىرنىڭ بېشىدىن باشلاپ يىلىغا 100 مىڭ تۇياقتىن ئارتۇق چارۋا مالنى رۇسىيەگە ئېكسپورت قىلىپ تۇرغان. يىلدا بىر ـ ئىككى قېتىم بولىدىغان چارۋا سودىسىدا قورغاستىكى سودا ئېغىزىدا ئەڭ باشتا مۇسابايېفلار جەمەتىنىڭ بىر ـ بىرىدىن

① تۇرسۇن يۇسۇپ: «هازىرقى زامان ئىس ـ تۈتەكسىز ئۇرۇشى ـــ پۇتبول»، شىنجاڭ پەن ـ تېخنىكا ـ سەهىيە نەشرىياتى، 2002 ـ يىلى نەشرى، 9 ـ بەت.»


سىمىز ئاتلىرى چېگرادىن ئۆتكۈزۈلەتتى. دېمەك، چارۋا ئىگىلىكى ھەم چارۋا سودىسى جەھەتتە ئالدىنقى ئورۇندا تۇرىدىغان مۇساباييفلار جەمەتى ئىلىنىڭ چارۋا نەسلىنى يېڭىلاش جەھەتتە ئالاھىدە تىرىشچانلىق كۆرسەتكەن. ئۇلارنىڭ بۇ جەھەتتىكى پائالىيىتى 20 - ئەسىرنىڭ 20 - يىللىرى باشلانغان. دەسلەپ ئاكا - ئۇكا مۇساباييفلار چار رۇسىيەنىڭ غۇلجىغا قېچىپ كەلگەن ئاقلار ئارمىيەسىنىڭ ئەسكىرى ئارلوۋىسكىدىن بىر نەسىللىك ئايغىرنى سېتىۋېلىپ نەسىللەندۈرگەن بولسىمۇ، ئېلىنغان نەسىل شالغۇت چىقىپ ساپ نەسىلگە ئېرىشەلمىگەن. ماتېرىياللاردا يېزىلىشىچە، باھاۋۇدۇن باي ئۇكرائىنانىڭ ئودېسسا شەھىرىدىن 15 تۇياق نەسىللىك ئايغىر، قازاقىستاننىڭ ئەۋلىيا ئاتا شەھىرىدىن 29 تۇياق نەسىللىك سىيىرنى ئىلىغا ئېلىپ كەلگەن. باھاۋۇدۇن باي ئېلىپ كەلگەن بۇ نەسىللىك ئايغىرلارنىڭ تۈرلىرىنى كىشىلەر ئانگىلو - ئەرەب، ئادگىلىسكى پاررودا ۋە بەدەخشانىسكى پاررودا دەپ پەرقلەندۈرۈپ ئاتاشقان. نەسىللىك سىيىرلارنى سىممىنتال پاررودا، گوللاندىنىسكى پاررودا، شىۋېتسكى پاررودا دەپ پەرقلەندۈرۈپ ئاتاشقان. بۇ نەسىللىك ئايغىر ۋە سىيىرلارنى بېقىشقا سوۋېت ئىتتىپاقىدىن ئىككى مۇتەخەسسىس تەكلىپ قىلىنغان. ئۇلارغا 30 چە ياردەمچى سەپلەپ بېرىلگەن. بۇ ئايغىر ۋە سىيىرلاردىن ساپ نەسىل ئېلىش ئۈچۈن ئۇلارنىڭ ئېغىل، بوغۇزلىرى ئالاھىدە تەييارلانغان. ئوت - چۆپ بېرىش ئىلمىيلاشتۇرۇلغان. ئۇلارنى دەم ئالدۇرۇش، يۇيۇندۇرۇش ئورۇنلىرى ھازىرلانغان. نەسىللەندۈرۈش ناھايىتى ئۈنۈملۈك بولغان. ئاكا - ئۇكا مۇساباييفلار تېكەس، موڭغۇلكۈرە، كۈنەس، يۇلتۇز قاتارلىق ئورۇنلاردىن تاللانغان سىيىر، بىيەلەرنى ئېلىپ كېلىپ مەزكۇر نەسىللىك ئايغىر ھەم بىيەلەر بىلەن نەسىللەندۈرگەن. مۇساباييفلار جەمەتىگە مەنسۇپ چارۋامال ئىچىدە نەسىللىك ئايغىر ۋە بىيەلەرنىڭ سانى 1952 - يىلىغا كەلگەندە 2000 تۇياقتىن ئېشىپ كەتكەن. ئۇلار يەنە رومبولىيە بىرىكوس نەسىللىك قوشقارلىرىدىن

40 تۇياق ئەكىلىپ قازاق قويلار بىلەن چېتىشتۇرغان. 1952 ـ يىد-
لىغا كەلگەندە مۇسابايېفلار ئىلكىدىكى ساپ نەسىللىك رومبولىيە
قويى 10 مىڭ تۇياقتىن ئېشىپ كەتكەن.

**توققۇزىنچى تۆھپە: «مۇسابايېفلار روھى» نى يارىتىش**

مەشھۇر سودا ـ سانائەتچى، تەرەققىيپەرۋەر كارخانىچى ئاكا ـ
ئۇكا مۇسابايېفلار ئۆزلىرىنىڭ ئۆچمەس تۆھپىلىرى ۋە تەسىرلىك
ئىش ئىزلىرى بىلەن مۇسابايېف جەمەتىنىڭ نامىنى مەشھۇر قىد-
لىپلا قالماي، بەلكى پۈتكۈل ئۇيغۇر خەلقىنىڭ سودا ـ سانائەت، مە-
دەنىيەت، مائارىپ تارىخىدا شانلىق سەھىپە ياراتقان تۆھپىكار ئەزد-
مەتلەردۇر. بۈگۈنكى ئەۋلادلار ئۇلارنىڭ بىر قولىدا مىللىي سانائەتد-
نىڭ بايرىقىنى لەپىلدەتكەن، بىر قولىدا يېڭى مائارىپنىڭ مەشئىد-
لىنى يېلىنجاتقان نۇرانە ئوبرازىغا قەلب قەسرىدىن ھۆرمەت بىلەن
ئورۇن بەردى.

ئاكا ـ ئۇكا مۇسابايېفلار بۇ ئۆچمەس ئۇتۇقلارنى قانداق ياراتد-
قان؟ بۇ يەردىكى سىر زادى نەدە؟ بىز بۇ ئۇتۇقلارنىڭ بارلىققا كېد-
لىشىدە رول ئوينىغان مۇھىم ئامىلنىڭ نېمە ئىكەنلىكى ئۈستىدە
ئەستايىدىل ئويلىنىشىمىز زۆرۈر. نەزەر دائىرىسى تار بەزى كىشىد-
لەر پۇلى كۆپ بولغاچقا شۇنداق قىلالىغان، دەپ بەكمۇ يۈزە ئويلىشى
مۇمكىن. ھەقىقەتەن ئاكا ـ ئۇكا مۇسابايېفلار ئەينى چاغدا كاتتا
بايلاردىن ئىدى. لېكىن ئەينى ۋاقىتتا غۇلجا، قەشقەر ۋە ئاتۇشلاردا
ئۇلارغا يېتىپ قوپىدىغان باي سودىگەرلەر يوق ئەمەس ئىدى. 18 ـ
ئەسىردە باشلانغان ئىچكى ئۇرۇش ۋە سىرتىنىڭ تاجاۋۇزى نەتىجد-
سىدە 100 يىللاپ ھالسىرىغان ئانا دىيارىمىز 1884 ـ يىلى «ئۆلكە»
بولۇپ قۇرۇلغاندىن كېيىن نىسپىي مۇقىم ھالەتكە قەدەم قويغان.
چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىن بۇيان شىنجاڭدا ھەربىي مەھكىمە تۈزۈمى يولغا
قويۇلغانىدى. ھەربىي مەھكىمە تۈزۈمىدە، «لەشكەرلەرنى باشقۇرىدد-
غان ئەمەلدارلار كۆپ، ئاۋامنى باشقۇرىدىغان ئەمەلدارلار ئاز ئىدى»،
ئىلىدا تۇرىدىغان ئەڭ ئالىي ھۆكۈمران ئىلى سانغۇنى ۋە جايلاردىكى



www.uyghurkitap.com

هەر دەرىجىلىك ئامباللارنىڭ ئاساسلىق باشقۇرۇش فۇنكسىيەسى لەشكەر باشقۇرۇش بولۇپ، يەرلىكنىڭ مەمۇرىيىتىنى باشقۇرۇش ئىشىنى ھەرقايىسى يەرلىك خەلقلەردىن بولغان بەگ ـ تۆرىلەر ۋە ھاكىمبەگلەر باشقۇراتتى. جەنۇبىي شىنجاڭ رايونىدا ئاساسلىقى ئۇيغۇرلار ئولتۇراقلاشقان بولۇپ، خەلق ئىشلىرىنى يەنىلا ئەسلىدىكى چوڭ ـ كىچىك بەگلەر باشقۇراتتى. «1884 ـ يىلى 9 ـ ئايدا، شىنجاڭدا ئۆلكە تۈزۈمى تەسىس قىلىنىپ، ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى بەگلىك تۈزۈمى ئەمەلدىن قالدۇرۇلغانلىقى جاكارلىنىپ، پەقەت مەرتىۋە ـ نامىلا ساقلىنىپ قېلىندى[1].» ئۆلكە قۇرۇلۇپ بەگلىك تۈزۈم ئەمەلدىن قالدۇرۇلغاندىن كېيىن ئەزەلدىن خەلق ئىشلىرىنى باشقۇرۇش ھوقۇقىغا ئىگە بولۇپ كەلگەن «بەگلەر قاتلىمى» تېزلا ئاجىزلاپ كەتكەندى. ئۇ چاغدا قالاق، نادان ھالەتتىكى ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ ئىجتىمائىي قاتلىمى تولىمۇ ئاددىي ئىدى. بەگلەر قاتلىمى، موللا ـ خەلپەتلەر قاتلىمى، ھۈنەرۋەنلەر قاتلىمى، دېھقانلار

① سەي مېيبياۋ قاتارلىقلار يازغان «جۇڭگو ئومۇمىي تارىخى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2009 ـ يىلى نەشرى، ئۇيغۇرچە، 11 ـ توم، 660 ـ بەت.

قاتلىمىدىن ئىبارەت تۆتلا ئىجتىمائىي قاتلام بار ئىدى. 1880 ـ يىللاردىن كېيىن شىنجاڭ ھەم ئوتتۇرا ئاسىيا ئۆلكىلىرىدە چار رۇ ـ سىيە بىلەن بىرىتانىيە ئىمپىرىيەسىنىڭ بازار ئېچىش، ھەم خام ئەشيا مەنبەسىنى ئىگىلەش ئۈرۈنۈشلىرى نەتىجىسىدە سودا ـ تىجا ـ رەت ئىشلىرى جانلىنىپ ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە يېڭى ئىجتىمائىي قاتلام بولغان «بايلار قاتلىمى» رەسمىي شەكىللەنگەن. نەتىجىدە، بايلار قاتلىمى بەگلەر قاتلىمىنىڭ ئورنىنى ئېلىپ ئەمەلىي كۈچكە ئىگە يېڭى قاتلام سۈپىتىدە كۆزگە كۆرۈنگەن. بايلار قاتلىمى ئەينى ۋاقىتتىكى ئۇيغۇر جەمئىيىتىنى تەشكىل قىلغۇچى دېھقانلار قاتـ ـ لىمى، ھۈنەرۋەنلەر قاتلىمى، موللا ـ خەلپەتلەر قاتلىمىغا قارىغاندا، ئەمەلىي كۈچى كۈچلۈك، پائالىيەت دائىرىسى كەڭ قاتلام بولغان. لېكىن بۇ بايلار قاتلىمىنى تەشكىل قىلغۇچى بايلارنىڭ مۇتلەق كۆ ـ پىدە ئاكا ـ ئۇكا مۇساباييفلاردا بولغاندەك يۈكسەك روھ بولمىغان. بولغان تەقدىردىمۇ يېتەرلىك بولمىغان. مەلۇمكى، بىر ئادەم پەقەت پۇل ـ مېلى كۆپ بولۇش بىلەنلا ھەقىقىي باي ھېسابلانمايدۇ. بۇنداق بايلىققا روھىي بايلىق قوشۇلمىسا، ئۇنداق نادان بايلار پەقەت «پۇل ـ نىڭ خوجىسى» بولۇش بىلەنلا كۇپايىلىنىدۇ. غايىسىز، نادان بايلار مال ـ دۇنياسىنى ئاۋۇتۇش، بالىلىرىغا مىراس قالدۇرۇشنىڭلا كو ـ يىدا تېپىرلاپ يۈرۈشتىن ھالقىيالمايدۇ.

ئاكا ـ ئۇكا مۇساباييفلار مال ـ دۇنياسىنى ئاۋۇتۇشنىڭلا كويىدا يۈرگەن ئەمەس، بەلكى ئەلنىڭ غېمىنى يېگەن، بالىلىرىنىڭ قىس ـ مىتىگىلا كۆڭۈل بۆلگەن ئەمەس، بەلكى خەلقنىڭ تەقدىرىگە كۆڭۈل بۆلگەن، تەرەققىياتنى نادانلىقتىن قۇتۇلۇشنىڭ ھەم خەلقنى مۇش ـ كۈل قىسمەتتىن قۇتۇلدۇرۇشنىڭ يولى دەپ بىلگەن يۈكسەك ئاڭغا ئىگە ئاقسۆڭەكلەشكەن بايلار ئىدى. ئۇلارنىڭ نەزەر دائىرىسى كەڭ، ئېنىق غايىسى بار ئىدى. ئۇلار يەنە ئۆز غايىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن بوشاشماي ئالغا ئىنتىلىدىغان ۋە بەدەل تۆلەشتىن قاچمايدى ـ غان قىممەتلىك روھقا ئىگە ئىدى.

ئۇلاردا ئۆزىدىن ھالقىيدىغان جاسارەت بار ئىدى. ئۇلارنىڭ ھاياتى ئىزدىنىش، تەۋەككۇل قىلىش، ئالغا ئىنتىلىش، ئۆزىگە خاس مۇستەقىل يول تۇتۇش بىلەن خاراكتېرلەنگەن ھايات ئىدى.

ئۇلار خەلق ئۈچۈن ياشاشنى ھاياتىنىڭ مىزانى قىلغانىدى. خەلق ئۈچۈن سەرپ قىلىنمىغان بايلىق ئەسلا قىممىتىنى تاپالمايدىغانلىقىدىن ئىبارەت ھەقىقەتنى چوڭقۇر چۈشەنگەن ئاكا ـ ئۇكا مۇسابايېفلار بايلىقىنى بار ئاماللار بىلەن جەمئىيەتلەشتۈرۈشكە ئالدىرىغانىدى. يەنى زاۋۇت قۇرۇش، مەكتەپ سېلىش، ئوقۇغۇچى تەربىيەلەش، يېڭى مەدەنىيەتنى ئومۇملاشتۇرۇش ئىشلىرىغا سەرپ قىلغانىدى. ئاكا ـ ئۇكا مۇسابايېفلارغا ئوخشاش يول تۇتقان بايلار ئەينى ۋاقىتتىكى بايلار قاتلىمى ئىچىدە ئانچە كۆپ بولمىغان. بىر قىسىم مەسئۇلىيەتچان، ساخاۋەت روھى كۈچلۈك بايلارلا جەمئىيەت ئۈچۈن تېگىشلىك تۆھپە قوشقان. شۇڭا ئۇلار كېيىنكى كۈنلەردە پۇشايمانلىق ئاقىۋەتكە قالمىدى. چۈنكى ئۇلار مال ـ دۇنياسىنى ئىمكانىيىتىنىڭ بارىچە خەلق ئىشلىرىغا سەرپ قىلىۋالغانىدى. باشقا بايلارنىڭ مۇتلەق كۆپى بايلىقىنى جەمئىيەتلەشتۈرۈشنىڭ ئورنىغا خوتۇن ـ بالىلىرىغا مىراس قالدۇرۇشنىڭلا غېمىدە بولۇپ، تاپقان ـ تەرگىنىنى ئالتۇن ـ تىللاغا ئايلاندۇرۇپ يەرگە كۆمۈپ «خەزىنىلەشتۈردى»، ئاخىرقى ھېسابتا جاللات شېڭ شىسەي «باي» دەپ سانىلىش ۋە «ھاجى» دەپ ئاتىلىش بىلەن كۆپلەپ خوتۇن ئېلىشنىلا ئالىي مەقسەت بىلىپ ياشاشقا ئادەتلەنگەن بۇ نادان بايلارنىڭ نەچچە ئون يىللاردىن بېرى توپلىغان ئالتۇن ـ تىللالىرىنى ئىسسىق جېنى بىلەن قوشۇپ بۇلاپ ئېلىپ ھەممىنى ئۆزىنىڭ قىلىۋالدى. نەتىجىدە، مال ـ دۇنيا توپلاشتىن باشقىنى بىلمەيدىغان مىڭلىغان، ئون مىڭلىغان بۇ نادان بايلارنىڭ ئۇرۇق ـ ئەۋلادى مەڭگۈلۈك ھەسرەت ـ نادامەتتە قالدى. ئۇلارغا دادىلىرىدىن قۇرۇق ناملا قالدى. بۇلارنىڭ ئىچىدە ئەڭ تىپىك بولغىنى جەنۇبىي شىنجاڭدا داڭقى مەشھۇر ئۆمەر باي ئىدى. تۇرلۇك ھەق ـ ھوقۇقلار قانۇن ئارقىلىق كاپالەتلەن-

www.uyghurkitap.com

دۇرۇلىدىغان بىر ئىشەنچلىك جەمئىيەتتە ياشىماي تۇرۇپ، ئەسەبىيلىك بىلەن مال ـ دۇنيا توپلاشقا بېرىلگەن ئۆمەر بايغا ئوخشاش كالتا پەم، ئىجتىمائىي مەسئۇلىيەت ئېڭى يوق مىڭلىغان نادان بايلارنىڭ پاجىئەلىك تەقدىرىگە ئېچىنماقتىن باشقا ئامال يوق. ئۇلاردىن ئەۋلادلارغا ئېچىنىشلىق ئاچچىق ساۋاقلا مىراس قالدى، خالاس!

نەزەر دائىرىسى كەڭ ئاكا ـ ئۇكا مۇساباييېفلار بۇرنىنىڭ ئۇچىنىلا كۆرىدىغان نادان بايلاردىن پەرقلىنەتتى. ئۇلار يېڭىلىقتا، تەرەققىياتتا، ئىلغارلىقتا ھېرىسمەن ئىدى، جاھالەتكە، نادانلىققا، قالاقلىققا قارشى ئىدى. ئۇلار نەزىرىنى دۇنياغا تىككەنىدى. بارلىقىنى ۋەتەنىنىڭ كۆلپەتلىك تەقدىرىنى ئوڭشاشقا ئاتىغانىدى. ئۇلار ئىقتىسادنى تۈۋرۈك، مائارىپنى مەشئەل، تەرەققىياتنى بىردىنبىر توغرا يول قىلىپ تاللىغانىدى. مانا بۇ ئاكا ـ ئۇكا مۇساباييېفلارنىڭ روھى! جاسارەت ۋە پاراسەت نۇرلىرى بىلەن چاقناپ تۇرغان بۇ ئالىيجاب روھ ئۇلاردىن ئەۋلادلارغا مىراس قالغان قىممەتلىك بايلىق! بىز ئەۋلادلارنى ئىزدىنىش، تەۋەككۇل قىلىش روھىغا باي، قىيىنچىلىقتىن قاچمايدىغان، غۇرۇرنى ساتمايدىغان، بارلىقىنى ۋەتەن ۋە خەلق ئۈچۈن بېغىشلايدىغان روھتا تەربىيەلەشتە مانا مۇشۇ قىممەتلىك روھقا ھەر ۋاقىت مۇراجىئەت قىلماي تۇرالمايمىز. شۈبھىسىزكى، ئاكا ـ ئۇكا مۇساباييېفلارنىڭ روھى بىزگە ھەر زامان پاراسەت ۋە جاسارەت بېغىشلايدۇ. ئۇلارنىڭ ئۆچمەس تۆھپىلىرى بىزنى مەڭگۈ غۇرۇرلاندۇرۇپ، قەددىمىزنى تىك تۇتۇپ ياشاشقا ئىلھاملاندۇرىدۇ.

2008 ـ يىلى نويابىردا يېزىلدى

2011 ـ يىلى ئىيۇندا تۈزىتىپ تولۇقلاندى

ئۇيغۇر كىتاب تورى يىغلىشى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىغلى تادرىسى

# ئۇيغۇر يېڭى مائارىپى قاچاندىن باشلانغان

ئۇيغۇر يېڭى مائارىپ ھەرىكىتى قاچان، قانداق باشلانغان؟ دېگەن مەسىلە ھازىرغىچە مۇجمەل ھالەتتە تۇرماقتا. تەتقىقاتچىلارنىڭ زىددىيەتلىك بايانلىرى ۋە گۇمانىي قاراشلىرى بۇ ھەقتە ئىزدىنىپ تارىخىي چىنلىقتا ئۇيغۇن يەكۈننى چىقىرىش زۆرۈرىيىتىنى تەقەززا قىلماقتا. ئىلمىي تارىخ يېزىش ئېڭى ۋە مېتودى شەكىللەنمىگەن ئەھۋالدا — قېتىرقىنىپ ئىزدەنمەي، پاكىتلارنى سېلىشتۇرۇپ دەلىللىمەي، ئىنچىكە تەتقىق قىلماي، ئادەتتىكى كىشىلەرنىڭ ئەسلىمىسى، ئاڭلىۋېلىپ دەپ بەرگەنلىرىگىلا ئاساسلىنىپ، ھېسسىياتقا بېرىلىپ، تەسەۋۋۇرغا تايىنىپ، كەمتۈك يەرلىرىگە كەلگەندە يالغان ـ ياۋىداق قىستۇرمىلارنى قوشۇپ يېزىلغان ئەسەرنىڭ قايىل قىلىش كۈچى بولمايدىغانلىقى ئېنىق. شۇڭا، تەتقىقاتچى ئالدى بىلەن ھەربىر سۆزىگە ئىگە بولىدىغان، ئېنىق چۈشەنچە بېرەلەيدىغان ئىلمىي پوزىتسىيە ۋە مەسئۇلىيەتچان روھ تۇرغۇزۇش بەك مۇھىم. بۇنداق شەرتنى ھازىرلىمىغان ئەھۋالدا يېزىلغان ئەسەرلەرگە مۇنتىزىم تەربىيە كۆرگەن تارىخ تەتقىقاتچىلىرى ئېتىبارسىز مۇئامىلە قىلىدۇ. ئىشەنچلىك ئىلمىي مەنبە سۈپىتىدە قارىمايدۇ. بىزنىڭ تەتقىقاتچىلىرىمىز ئارىسىدا ئىلمىي تارىخ يېزىش ئېڭى ۋە مېتودىنى شەكىللەندۈرۈشكە سەل قاراش خاھىشى خېلىلا ئېغىر دېيىشكە بولىدۇ. تەتقىقات ساھەسىدە ئىلمىي تارىخ يېزىش ئېڭى ۋە مېتودىنىڭ بولماسلىقى ئىلىم ساھەسى كۆرۈشنى قەتئىي خالىمايدىغان مەسىلىدۇر. ئۇيغۇر يېڭى مائارىپ ھەرىكىتى قاچان، قانداق باشلانغان، دېگەن مەسىلىنىڭ ئوتتۇرىغا قويۇلۇشى مانا مۇشۇنداق ئارقا كۆرۈ-

نۇشكە ئىگە.

نۇرغۇن كىشىلەر ئۇيغۇر يېڭى مائارىپ ھەرىكىتىنىڭ قاچان ۋە
قانداق باشلانغانلىقىنى ئاكا - ئۇكا مۇسابايېفلار ئانا يۇرتى ئۇستۇز-
ئاتۇشنىڭ ئىكساق كەنتىدە مەكتەپ ئېچىپ 1885 - يىلى باشلى-
غان، دەپ تونۇيدۇ. بۇ قاراش ھازىر ئاپتونوم رايونىمىز تەۋەسىدە ئى-
لىم ئەھلىلىرى ۋە ئادەتتىكى ئاۋام ئىچىدە ئومۇملاشقان ئادەتتىكى
ساۋات بولۇپ قالدى. كۆپلىگەن نوپۇزلۇق ئەسەرلەرگىمۇ، خېلى نا-
مى بار تارىخ تەتقىقاتچىلىرىنىڭ كىتاب - ماقالىلىرىگىمۇ ئاشۇ ھا-
لەتتە كىرگۈزۈلدى. ھەتتا «شىنجاڭ ئېنسىكلوپېدىيەسى» ناملىق
كىتابقىمۇ «شىنجاڭنىڭ زامانىۋى مەكتەپ مائارىپى ئەڭ دەسلەپ
19 - ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا بارلىققا كەلگەن»، «ئىكساق باشلان-
غۇچ مەكتىپى 1885 - يىلى 10 - ئايدا ئۇيغۇر سودىگەر ھۈسەيىن
مۇسابايېف ۋە باھاۋۇدۇن مۇسابايېف ئاكا - ئۇكىلار قۇرغان، ئۇيغۇر
مائارىپ تارىخىدا ئەڭ بۇرۇن قۇرۇلغان زامانىۋى مەكتەپ»، «قۇرۇل-
غان ۋاقتىدا تۆت ئوقۇتقۇچى، ئۈچ سىنىپ، 105 ئوقۇغۇچى بولغان.
1936 - يىلى بۇ مەكتەپ ھۆكۈمەت باشقۇرۇشىغا ئۆتكەن①» دەپ يې-
زىلغان.

مەن ئۇيغۇر يېڭى مائارىپ تارىخىغا قىزىققۇچى ۋە بۇ ساھەدە
تەتقىقات ئېلىپ بارغۇچى بولۇش سۈپىتىم بىلەن ئۇيغۇر يېڭى مائا-
رىپ ھەرىكىتىگە ئالاقىدار ماتېرىياللارنى كۆپ ئوقۇيمەن ۋە توپلاي-
مەن. مېنىڭ ئۇيغۇر يېڭى مائارىپ ھەرىكىتى قاچان، قانداق باشلان-
غان؟ دېگەن مەسىلە ئۈستىدە گۇمانىمنىڭ شەكىللىنىپ، شۇ مەز-
مۇندىكى ئەسەرلەرگە تەنقىدىي پوزىتسىيەدە مۇئامىلە قىلىشقا باش-
لىشىمغا شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيەسى 1997 - يىلى
بېسىپ تارقاتقان، ياڭ فارىن باش مۇھەررىرلىكىدىكى بىر ئىچكى
ماتېرىيال سەۋەب بولغان. 1999 - يىلى قولۇمغا چۈشكەن بۇ ماتې-

① «شىنجاڭ ئېنسىكلوپېدىيەسى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2005 - يىلى نەشرى، ئۇيغۇرچە، 1347 - ، 1383 - بەتلەر.

ـرىيالدا «ئەھمەد كامال 1914 ـ يىلى 3 ـ ئايدا ساياھەت پاسپورتى
بىلەن قەشقەرگە كەلگەن، شۇ يىلى ئۇ 25 ياشتا ئىدى» دەپ يېزىلـ
غان. بۇ ماتېرىيالدا يەنە «1915 ـ يىلى، قەشقەر كوناشەھەر ئامبىلى
شياۋ جيەنجاڭ تۈركىيەلىك ئەھمەد كامال دېگەن ئادەمنىڭ بىر ئالاـ
ھىدە سىنىپ ئېچىپ، ئۇنىڭغا دىنىي مەكتەپلەردە ئەرەب، پارس
تىللىرىنى ئۆگەنگەن ئوقۇغۇچىلارنى مەخسۇس قوبۇل قىلىپ، ئاـ
تۇشتا مۇئەللىملىك قىلىۋاتقانلىقىنى ياڭ زېڭشىنغا مەلۇم قىلغان،
ياڭ زېڭشىن دەرھال بۇ ئادەمنىڭ ئەھۋالىنى سۈرۈشتۈرگەن ھەمدە
شىمالىي رايون ھۆكۈمىتى خارجى ئىشلار ۋازارىتىگە مەلۇم قىلىپ،
بۇ مەكتەپنى تارقىتىۋەتكەن ۋە مۇناسىۋەتلىك خادىملارنى تەقىب
قىلغان، ئەھمەد كامالنى ئۈرۈمچىگە ئىككى يىل قاماپ، 1919 ـ
يىلى شاڭخەي ئارقىلىق تۈركىيەگە قايتۇرۇۋەتكەن» دېگەن ئىنچىكە
ئۇچۇرمۇ بار ئىدى. بۇ ئىنچىكە ئۇچۇرلار مەن ئىلگىرى ئوقۇغان
ئەسەرلەردىكى مۇشۇ ھەقتىكى تومتاق بايانلار بىلەن بىردەك ئەمەس
ئىدى. شۇ كەمگىچە مەن ئوقۇغان ئالاقىدار ماقالە ـ ئەسەرلەردە
«ئەھمەد كامال 1907 ـ يىلىدىن 1909 ـ يىلىغىچە ئىكساقتا دارىلـ
مۇئەللىمىن مەكتىپى ئاچقان، 1909 ـ يىلى داغدۇغىلىق ئوقۇش
پۈتكۈزۈش مۇراسىمى ئۆتكۈزگەن» دەپ يېزىلغانىدى. بۇنىڭغا قوشۇپ
يەنە خېلى كۆپ ھاياجانلىق قىستۇرمىلارمۇ بار ئىدى. شۇنىڭدىن
باشلاپ مەندە 1914 ـ يىلىدىكى ۋەقەنى توغرا بايان قىلالمىغىنىـ
مىزغا قارىغاندا، ئۇنىڭدىن 30 يىل ئىلگىرى بولغان دېيىلىۋاتقان
1885 ـ يىلىدىكى مەكتەپ ئېچىش ۋەقەسىنىمۇ توغرا يازالمىدۇقـ
مۇ ـ قانداق؟ دېگەن سوئال تۇغۇلدى. 2000 ـ يىلى ياپونىيەلىك ئوـ
يىشى شىنىيچىرونىڭ «قەشقەردىكى يېڭىلىققا كۆچۈش ھەرىكىتى»
ناملىق ماقالىسىنىڭ ئىزاھات قىسمىدىكى «1885 ـ يىلى 11 ـ
ئايدا ئۇستۇنئاتۇش يېزىسىنىڭ ئىكساق كەنتىدە تۇنجى باشلانغۇچ
مەكتەپ قۇرۇلغانلىقىنىڭ 100 يىللىقىنى خاتىرىلەش مۇراسىمى
ئۆتكۈزۈلگەن ھەم ئەسلىمىلەر نەشر قىلىنغان. بۇنىڭغا ئاساسلاندـ

غاندا مۇساباي جەمەتىدىن باھاۋۇدۇن باي 1885 ـ يىلى شىنجاڭدا تۇنجى يېڭىچە ئۇسۇلدىكى باشلانغۇچ مەكتەپنى ئاچقان، دېيىلگەن. بۇ ئەمەلىيەت بولغاندا، ئىسمائىل غاسپىرالى تۇنجى ئۇلگىلىك مەكتەپ ئېچىپ، ئارقىدىنلا قەشقەردىمۇ مۇشۇنداق مائارىپ يولغا قويۇلغان بولىدۇ. بۇنىڭدىن ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆزلىرى ئېچىدىمۇ شۇ. ھىلەنگۇچىلەر بار. شۇ يىلنى بېكىتىدىغان تارىخىي ماتېرىيال تېخى ئاشكارا بولماي تۇرغاندا، بۇنى ئەمەلىيەت دەپ بېكىتىشكە بول. مايدۇ. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» دىن كېيىن ئېتىقاد ۋە مىللىي مەدەنىيەت ھوقۇقى ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەنلىكىنى كۆرگەن ئۇيغۇرلار ئۆز مىللىتىنىڭ مەدەنىيىتىنى كۆككە كۆتۈرۈش، 1985 ـ يىلى خا. تىرىلەش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈش ئۇچۇن تۇنجى مەكتەپ ئاچقان ۋاقىتنى 1885 ـ يىلغا ئۇلاشتۇرۇپ ‹تارىخىي ھەقىقەت› قىلىۋال. غانمىدۇ، دەپ ئويلايمەن[1]» دېگەن قاراشلىرىنى ئوقۇپ، شەك ـ شۈبھىسىز ھالدا، بۇ ھەقتىكى تەتقىقاتتا خاتاغا ئېنىق يول قويۇپ. تۇق، دەپ ئىشەندىم.

2002 ـ يىلىغا كەلگەندە ئەھمەد كامالنىڭ ئەينى يىللاردىكى ئەھۋاللارنى، يەنى 1914 ـ يىلدىن 1920 ـ يىلغىچە ئىستانبۇل، قەشقەر، ئۇرۇمچى، شاڭخەيدىكى سەرگۈزەشتلىرىنى خاتىرە شەكل. دە يازغان كىتابىنى ئوقۇشقا مۇيەسسەر بولدۇم. ئىستانبۇلدىكى ئۆ. تۈكەن نەشرىياتى 1997 ـ يىلى نەشر قىلغان بۇ كىتابتا ناھايىتى قىممەتلىك بايانلار بار ئىدى. لېكىن، ئۇيغۇر يېڭى مائارىپ ھەرىكى. تى قاچان، قانداق باشلانغان، دېگەن مەسىلىگە ئالاقىدار جاۋاب يوق ئىدى. شۇنداقتىمۇ مەن بۇ قىممەتلىك ئەسەردىن «قەشقەر ئادەتلىرى ھەققىدە» دېگەن ماۋزۇ ئاستىدىكى مەزمۇننى تەييارلاپ، «مىراس» ژۇرنىلىنىڭ 2003 ـ يىللىق 3 ـ سانىدا ئوقۇرمەنلەر بىلەن يۈز

[1] ئويىشى شىنىيچىرو (ياپونىيە): «قەشقەردىكى يېڭىلىقتا كۆچۈش ھەرىكىتى — مۇساباي جەمەتى ۋە يېڭىچە مائارىپ»، «شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى» 2002 ـ يىلى 2 ـ سان، 30 ـ بەت.

كۆرۈشتۈردۈم. قىسقىسى، بۇ كىتابنى ئوقۇغاندىن كېيىن، نۇرغۇن ئېنىقسىز مەسىلىلەرگە جاۋاب تاپقان بولسام، ئەمما، «قاچان، قانداق باشلانغان» دېگەن مەسىلىگە يېپىشىپلا قالدىم. بۇ مەسىلە ئۈستىدە توپتوغرا 10 يىل ئىزدەندىم. تۈگۈن ئاخىر يېشىلدى!

ئۇيغۇر يېڭى مائارىپ ھەرىكىتى قاچان، قانداق باشلانغان؟ دېگەن مەسىلە ھەققىدىكى پاكىتلىق ئىلمىي يەكۈننى ئۇدۇللا ئوتتۇرىغا قويسام بارلىق ئىشتا قارىغۇلارچە ھالدا يەرلىك ئۈستۈنلۈك ياكى مىللىي ئۇلۇغلۇق ئىزدەيدىغان ھېسسىيات تېپىدىكى ساددا كىشىلەرگە زەربە بولۇشى مۇمكىن. ئىلمىي روھى كەم زىيالىيلار تەرىپىدىن «ئاتىكارچى» ئاتىلىشىم تۇرغانلا گەپ. ئەمما، مەن ئىلمىي ھەقىقەتنى ياقلايمەن، تارىخىي پاكىتنى ھۆرمەت قىلىمەن. ئىزدەنگۈچى بولۇش سۈپىتىم بىلەن ماڭا شۇ نەرسە ئايانكى، پۈتكۈل غەرب ۋە شەرق دۇنياسىدا، شۇنداقلا تۈركىي تىللىق مىللەتلەر تارىخىدا يېڭى مائارىپ ھەرىكىتى قاچان، قانداق باشلانغان، دېگەن مەسىلە ئىنتايىن چوڭ مەسىلە ھېسابلىنىدۇ. بۇنداق چوڭ ھەرىكەتنىڭ ۋۇجۇدقا كېلىشى بىر تالاي ئىچكى ـ تاشقى سەۋەبلەرگە باغلانغان بولىدۇ. ئادەتتىكى ئوقۇرمەنلەرگە ھەم نەزەر دائىرىسى تار زىيالىيلىرىمىزغا بۇ توغرۇلۇق مۇئەييەن چۈشەنچە بەرمەي تۇرۇپ، تۈپ مەسىلىنى ئوتتۇرىغا قويۇش بىلەنلا ئۇلارنى قانائەتلەندۈرگىلى بولمايدۇ. شۇنداقلا، ئۇلارغا بۇ ھەقتىكى ئىزدىنىشنىڭ ئىلمىي ئەھمىيىتىنى ھېس قىلدۇرغىلى بولمايدۇ. چۈنكى بۇ خىلدىكى كىشىلەر ئىلىمگە ياتىدىغان مەسىلىلەرگىمۇ مەھەللىۋى ئاڭ بىلەن مۇئامىلە قىلىدىغان بولغاچقا، ھەقىقەت بىلەن سەپسەتىگە ئىلمىي پوزىتسىيە بىلەن مۇئامىلە قىلماستىن، مەنپەئەتپەرەسلىك، شۆھرەتپەرەسلىك تۇيغۇسى بىلەن مۇئامىلە قىلىدۇ. شۇڭا، ئەتراپلىق چۈشەنچە بېرىشنىڭ زۆرۈرىيىتى بار، دەپ قارايمەن.

ئوتتۇرا ئەسىردىكى ياۋروپادا مەكتەپلەر دىنىي جەمئىيەتلەر بىلەن فېئودال پادىشاھلىقلارنىڭ ئىلكىدە بولۇپ، باللارغا «ئىنجىل»

نى يادلىتىش، پەرۋەردىگارغا تائەت ـ ئىبادەت قىلدۇرۇش مائارىپ ـ
نىڭ ئاساسلىق مەقسىتى قىلىنىپ، ئادەم تەربىيەلەش، ئىلىم ـ
مەرىپەت ئۆگىتىش بىر چەتكە قايرىپ قويۇلغانىدى. «ئەدەبىيات ـ
سەنئەتنىڭ قايتا گۈللىنىشى» (ئەدەبىي ئويغىنىش) مەزگىلىدىكى
يازغۇچى فىرانكوس رايىلايس «گىگانت ئادەم» دېگەن ئەسىرىدە ئادەم
ئەخمەق قىلىدىغان بۇنداق مەكتەپلەرنى قاتتىق مەسخىرە قىلغان.
بۇنداق مەكتەپلەردە بىرنەچچە يىل ئوقۇغان ئادەم بىر قىسىم ئەنئە ـ
نىۋى تەربىيەنى ۋە ۋاقتى ئۆتكەن چىرىك تەلىماتلارنى قوبۇل قىد ـ
لىپ، ئاخىرىدا تولۇق ساۋاتى چىقمىغان چالا بىلىمدان بولۇپ قالات ـ
تى. ئىتالىيەلىك مۇتەپەككۇر، پېداگوك ۋىتتورىنو (1378 ــ
1446) كونىچە مەكتەپلەرنىڭ بالىلارنى ئاجىز، قېرى مىجەز قىلىپ
قويىدىغان، ئۆلۈك ئىش قىلىدىغان، «كىتاب غاجىلايدىغان قۇرت»
قىلىپ تەربىيەلەپ چىقىشىغا قارشى تۇرۇپ، يېڭىچە ئوقۇتۇش
شەكلىنى ھەم ئىلغار پەن ـ مەدەنىيەت بىلىملىرىنى ئۆگىتىشنى
تەشەببۇس قىلغان. ئۇ بۇ تەشەببۇسلىرىنى ئۆزى قول سېلىپ ئەمە ـ
لىيەتتىن ئۆتكۈزۈپ، مۇتەئەسسىپ كۈچلەر بىلەن روبىرو تۇرۇپ
ئېلىشقان. ياۋروپادا فېئوداللىق جەمئىيەت يىمىرىلىشكە باشلىغان،
كاپىتالىزم تازا گۈللىنىۋاتقان دەۋردە ياشىغان چېخلىق ئۇلۇغ
پېداگوك كومېنسكىي (1590 ــ 1670) دېموكراتىيە ۋە تەرەققىيات
مەيدانىدا تۇرۇپ، ئوتتۇرا ئەسىردىكى كونا مائارىپنى دادىللىق بىلەن
تەنقىد قىلغان ھەمدە بىر يۈرۈش يېڭىچە مائارىپ ئىدىيەسىنى
ئوتتۇرىغا قويغان. ئۇ «بارلىق قىز ـ ئوغۇللار مەكتەپتە ئوقۇشى
شەرت»، «پۇلدارلار، مەرتىۋىلىكلەرنىڭ بالىلىرىلا مەكتەپتە ئوقۇپ
قالماي، بەلكى يەنە شەھەر ـ بازارلاردىكى بارلىق بالىلار باي ـ كەم ـ
بەغەل، ئەزىز ـ پەس بولۇشىدىن قەتئىينەزەر مەكتەپتە ئوقۇشى
كېرەك»، «مەكتەپلەر ئۇلارغا ھازىر ۋە كەلگۈسىدىكى تۇرمۇشقا كې ـ
رەك بولىدىغان بارلىق ئىلىم ـ پەن بىلىملىرىنى ئۆگىتىشى كې ـ
رەك»، «بالىلار ياش قۇرامىغا قاراپ تەربىيەلىنىشى كېرەك» دەپ

ئوتتۇرىغا قويغان. كومېنسكىي مەكتەپلەر سىنىپ، يىللىقلار بويىچە دەرس ئۆتۈش تۈزۈمىنى ۋە ئوقۇش يىلى تۈزۈمىنى يولغا قويۇشى كېرەك، دېگەن قاراشنى دۇنيا بويىچە ئەڭ بۇرۇن ئوتتۇرىغا قويغان ئادەم. ئۇ ئوقۇتۇش ئىشلىرىنى ئوڭ ـ ئاي، ئۇزۇن ـ كېسەل، چاققان قىلىشنى مۇراجىئەت قىلغان. ئۇنىڭ ئوتتۇرا ئەسىردىكى كونىچە مائارىپنى ئاخىرلاشتۇرۇش، بۇرژۇئازىيە يېڭى مائارىپىنى بارلىققا كەلتۈرۈش ئۈچۈن قوشقان تۆھپىلىرى تارىختىن بۇيان تىللاردا داستان بولۇپ كەلمەكتە.

ياۋروپادا فېئوداللىق كونا مائارىپنىڭ ئورنىنى بۇرژۇئازىيەچە يېڭى مائارىپنىڭ ئىگىلەش جەريانى ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ قايتا گۈللىنىشى سەۋەبى بىلەن بارلىققا كەلگەن مەنىۋى مۇھىتتا قانلىق كۈرەش شەكلىدە ئەمەلگە ئاشۇرۇلماستىن، بەلكى ئىدىيەۋى تالاش ـ تارتىش شەكلىدىن سەل ھالقىغان ھالەتتە ئەمەلگە ئاشۇرۇلغان. ئەنئەنىۋى ھايات شەكلىگە مەستانە بولغان ھالدا، كونا قاراشلىرىنى دەستۇر قىلىپ ياشاپ كېلىۋاتقان شەرقتە بولسا، يېڭى مائارىپ ھەرىكىتىنىڭ يولغا قويۇلۇشى قانلىق كۈرەشلەر ئارقىلىق ۋۇجۇدقا چىققان.

تارىخ 19 ـ ئەسىرگە قەدەم قويۇش بىلەن سانائەت مەدەنىيىتى دۇنيانى بىر گەۋدە قىلىپ تۇتاشتۇرۇۋاتقان پەيتتە، شەرقتىكى ياپونىيە ھۆكۈمرانلىرى يەنىلا بېكىنمىچىلىك سىياسىتىدە چىڭ تۇرۇپ، تاشقى كۈچلەرنىڭ ياپونىيەگە تاجاۋۇز قىلىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن ياپونىيەلىكلەرنىڭ چەت ئەللىكلەر بىلەن سودا قىلىشىنى قاتتىق چەكلىگەن. چەت ئەللىك سودىگەر ۋە دىن تارقاتقۇچىلارنى چېگرادىن قوغلاپ چىقارغان. پۇقرالارنىڭ پەقەت جۇڭگو ۋە كورېيەلىكلەر بىلەنلا سودا قىلىشىغا يول قويغان. بۇ خىل يول قويۇشمۇ چەكلىمە ئىچىدە بولۇپ، ئۇلار بىلەن پەقەت ياپونىيەدە، يەنە كېلىپ ناگاساكى شەھىرىدىلا سودا قىلىشقا يول قويغان. ياپونىيەلىكلەرنىڭ چەت ئەلگە چىقماسلىقىنى بەلگىلىگەن. لېكىن، مىستوي، مىتسۇ-

بىشى قاتارلىق چوڭ سودىگەرلەر غەرب مەدەنىيىتىنى كۆرۈش جەر-
يانىدا قانداق قىلغاندا ياپونىيەنى باي، قۇدرەتلىك بولۇش يولىغا
باشلىغىلى بولىدىغانلىقىنى تونۇپ يەتكەن. شۇنداق قىلىپ ياپون-
يە جەمئىيىتىدە بارا - بارا بېكىنمىچىلىك بىلەن قارشىلىشىدىغان
يېڭى ئىدىيەۋى ئېقىم شەكىللەنگەن. 1853 - يىلى ئامېرىكا دېڭىز
ئارمىيەسىنىڭ كوممودورى پېررى باشچىلىقىدىكى فىلوت ياپون-
يەگە كېلىپ، ئامېرىكا زۇڭتۇڭىنىڭ ياپونىيە تېننوسىغا يازغان
خېتىنى شوگۇنات ھۆكۈمىتىگە تاپشۇرۇپ، ياپونىيەدىن دىپلوماتىك
مۇناسىۋەت ئورنىتىشنى ۋە سودا قىلىشنى قاتتىق تەلەپ قىلغان.
شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ياپونىيەنىڭ 200 يىلدىن ئارتۇق تاقالغان دۆ-
لەت دەرۋازىسى ئېچىۋېتىلىپ، دۇنياغا يۈزلىنىشكە مەجبۇر بولغان.
كۈچلۈك، تەرەققىي قىلغان دۆلەتلەرنىڭ ياپونىيەنى ئىقتىسادىي
جەھەتتە قاقتى - سوقتى قىلىشى نەتىجىسىدە جەمئىيەتتە تەبىئىي
ھالدا ئىجتىمائىي كىرىزىس كۆچىيىپ كەتكەن. مىستويغا ئوخشاش
ئوقۇمۇشلۇق سودىگەرلەر سانائەت مەدەنىيىتىنىڭ ئەۋزەللىكىنى
كۆرۈپ يېتىپ، چەت ئەللەردىن ماشىنا سېتىۋېلىپ زاۋۇت قۇرغان.
ھۆكۈمرانلار قاتلىمىدىكى بىر قىسىم كىشىلەرمۇ ئۆز ئالدىغا ئىش
كۆرۈپ ئۆزىنى قۇدرەت تاپقۇزىدىغان ئىسلاھات تەدبىرلىرىنى قول-
لىنىشقا كىرىشىپ ئۆز جايىنىڭ ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي تەرەققى-
ياتىنى ئىلگىرى سۈرگەن. 1868 - يىلى يېڭىدىن پادىشاھلىق تەخ-
تىگە چىققان 16 ياشلىق تېننو يارلىق ئېلان قىلىپ، 50 مىڭ كى-
شىلىك زور قوشۇن تەشكىللەپ، بېكىنمىچى شوگۇنات ھۆكۈمىتىگە
جازا يۈرۈشى قىلىپ، شوگۇناتنى تەسلىم قىلىپ، ياپونىيە تارىخىدى-
كى ئەڭ شانلىق دەۋر — مېيجى يېڭىلىقىغا كۆچۈش دەۋرىگە قەدەم
قويغان. شۇ يىلى 4 - ئاينىڭ بىر كۈنى تېننو خان سارىيىدا ۋەزىر -
ۋۇزرالىرى بىلەن بىرلىكتە مەشھۇر «بەش ماددىلىق قەسەمنامە» نى
ئوقۇغان. ئۇنىڭدا ئېنىق قىلىپ: «دۇنيادىكى ھەرقايسى ئەللەردىن
بىلىمگەننى ئۆگىنىپ، خانىدانىمىزنى زور كۈچ بىلەن گۈللەندۈرۈ-

مىز» دەپ جاكارلانغان. مېيجى ھۆكۈمىتى يېڭىلىققا كۆچۈشنى جا-
كارلىغاندا «سودا ـ سانائەتنى جانلاندۇرۇش» سىياسىتىنى يولغا قوي-
غان. «مەرىپەتچىلىك» نى تەشەببۇس قىلىپ «ياماتولارغا خاس روھ،
غەربچە ئىستىبدات بولۇش» تەك مائارىپ پىرىنسىپى تۇرغۇزۇپ، ئو-
قۇغۇچىلارنى ياپونىيەنىڭ ساماۋى خانغا سادىق بولۇش، ۋەتەننى سۆ-
يۈشتەك ئەنئەنىۋى ئىدىيەسىگە ئىگە قىلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، يە-
نە غەربنىڭ ئىلغار پەن ـ تېخنىكا بىلىملىرىگىمۇ ئىگە قىلىشنى
تەلەپ قىلغان. 1871 ـ يىلى، مېيجى ھۆكۈمىتى مەدەنىيەت ۋازارىتى
قۇرۇپ، مەملىكەت مائارىپىنى بىر تۇتاش باشقۇرۇپ، باشلانغۇچ مەك-
تەپ، ئوتتۇرا مەكتەپ ۋە ئالىي مەكتەپتىن ئىبارەت ئۈچ دەرىجىلىك
مائارىپ تۈزۈلمىسىنى تۇرغۇزۇشقا باشلىغان. يېڭىلىققا كۆچۈش
ھۆكۈمەت ھەرىكىتى ئارقىلىق ئېلىپ بېرىلغاچقا، غەربتىن ئۆگە-
نىش ئۇزۇل ـ كېسىل ھەم نەتىجىلىك بولغان. قىسقىغىنا 20 يىل
ئىچىدە ياپونىيە كاپىتالىستىك سانائەتلىشىشنى دەسلەپكى قەدەمدە
ئىشقا ئاشۇرۇپ، ئاسىيادىكى كاپىتالىستىك ئىگىلىكى ئەڭ تەرەق-
قىي قىلغان دۆلەتكە ئايلىنىپ، كىچىككىنە بىر ئارال شەرقتىكى
قۇدرەتلىك دۆلەت سۈپىتىدە قەد كۆتۈرگەن. قۇدرەت تاپقان ياپونىيە
تەبىئىي ھالدا چەت ئەللەرگە كېڭەيمىچىلىك قىلىش يولىغا قەدەم
قويغان. ئۇلار تاجاۋۇزچىلىق نەزىرىنى بىپايان زېمىنغا ئىگە يېقىن
قوشنىسى جۇڭگوغا تىككەن. 1894 ـ يىلى، ياپونىيە جياۋۇ يىلىدى-
كى جۇڭگو ـ ياپونىيە ئۇرۇشىنى قوزغاپ، جۇڭگونى مەغلۇپ قى-
لىپ، چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنى «سىمونوسكىي شەرتنامىسى» نى
ئىمزالاشقا مەجبۇرلىغان. بۇ ئىش ئۇزاقتىن بېرى ئۆزىنى شەرقىي
ئاسىيا مەدەنىيىتىدىكى يېتەكچى دەپ تونۇپ، پەخىرلىنىپ كې-
لىۋاتقان جۇڭگونى مىسلى كۆرۈلمىگەن دەرىجىدە زىلزىلىگە سال-
غان. جۇڭگولۇقلار ئىچىنىشلىق مىللىي مەغلۇبىيەتتىن ئازاب ۋە
خورلۇق تارتىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، سەۋەبى ئۈستىدە قايتا ـ قايتا
ئويلىنىشقا باشلىغان. جۇڭگو جەمئىيىتىدىكى ئوقۇمۇشلۇق زاتلار

ياپونىيەگە ئوخشاش غەربتىن ئۆگىنىپ، قانۇن ئۆزگەرتىپ يېڭىلىققا كۆچۈشنى كۈچلۈك تەشەببۇس قىلغان. «سودا ـ سانائەت ئارقىلىق دۆلەتنى قۇتقۇزۇش»، «مائارىپ ئارقىلىق دۆلەتنى قۇتۇلدۇرۇش» ئىدىيەسى ئوتتۇرىغا قويۇلغان. «مائارىپ ئارقىلىق دۆلەتنى قۇتۇلدۇرۇش» پىكىر ئېقىمىدىكى زىيالىيلار مائارىپنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنىڭ مۇھىم ئەھمىيىتىنى مىللىي خەۋپتىن ساقلىنىش يۈكسەكلىكىدە تونۇغان. ئۇلار مائارىپ رىقابىتى 20 ـ ئەسىردىكى ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ ھايات ـ ماماتلىق رىقابىتىنىڭ ئاچقۇچى، ھەربىي رىقابەت، ئىقتىسادىي رىقابەت، يېزا ئىگىلىك رىقابىتى ۋە سانائەت رىقابىتىدە غەلىبە قىلىش ياكى مەغلۇپ بولۇشنىڭ مەركىزىي تۈگۈنى، دەپ قارىغان[①]. يېڭىلىققا كۆچۈش تەرەپدارلىرىنىڭ داھىيسى كاڭ يۇۋېي 1895 ـ يىلى 8 ـ ئايدا بېيجىڭدا سىياسىي تەشكىلات ــ قۇدرەت تېپىش ئىلمىي جەمئىيىتىنى قۇرغان. بۇ جەمئىيەت غەربنىڭ ئىلىم ـ پەن بىلىملىرىنى قېتىرقىنىپ ئۆگىنىپ، قانۇن ئۆزگەرتىشنى مەقسەت قىلغان. لياڭ چىچاۋ 1896 ـ يىلى شاڭخەيدە «ئوقۇشنى كۈچەيتىش ھەرىكىتى» بىلەن شۇغۇللىنىپ جۇڭگو قانۇن ئۆزگەرتىپ قۇدرەت تاپماقچى بولىدىكەن، غەربتىكى كاپىتالىستىك دۆلەتلەرنىڭ سىياسىي تۈزۈمى ۋە مەدەنىيەت ـ مائارىپ تۈزۈمىنى ئۆگىنىشى كېرەك، دەپ ئېنىق ئوتتۇرىغا قويغان. ھۆكۈمەتنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارلىرى ئارىسىدىكى بىر تۈركۈم تەرەققىياتقا مايىل كىشىلەرمۇ يېڭىلىققا كۆچۈش تەرەپدارلىرىنىڭ تەشەببۇسىنى قوللاپ قۇۋۋەتلىگەن. خۇنەن ـ خۇبېي ۋالىيسى جاڭ جىدوڭ 1898 ـ يىلى «ئىلىمگە دالالەت» دېگەن ماقالىسىنى ئېلان قىلىپ زور تەسىر پەيدا قىلغان. ھۆكۈمەت تەرەپ ھەرىكەتكە كەلمىگەن ئەھۋالدا مىللىي مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى كۈچلۈك كىشىلەر قول سېلىپ ئىشلەپ، يېڭىلىققا كۆچۈش غايىسىنى

① جاڭ خەيپىڭ، لى شيەنجۇ: «جۇڭگو يېقىنقى زامان ئومۇمىي تارىخى»، 5 ـ توم، جياڭسۇ خەلق نەشرىياتى، 2006 ـ يىلى نەشرى، 102 ـ بەت.

رېئاللىقتا ئايلاندۇرۇشقا تۇتۇش قىلغان. تولۇقسىز ئىستاتىستىكىغا ئاساسلانغاندا، 1895 ـ يىلىدىن 1898 ـ يىلىغىچە، يېڭىلىقتا كۆچۈش تەرەپدارلىرى قۇرغان ئىلمىي جەمئىيەت، مەكتەپ، نەشرىيات (كىتابخانا)، گېزىتخانا قاتارلىقلار 300 دىن ئېشىپ كەتكەن. هازىرقى بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئاساسى بولغان بېيجىڭ دارىلئۇلۇم 1898 ـ يىلى ئاشۇ دولقۇندا قۇرۇلغان. كونسېرى زاۋاللىققا يۈزلىنىۋاتقان چىڭ سۇلالىسىنى قۇتقۇزۇپ قېلىشنى ئارزۇ قىلىدىغان ياش پادىشاھ گۇاڭشۈي يېڭىلىققا كۆچۈش تەرەپدارلىرىنىڭ تەسىرى بىلەن ئوردا ئىچىدىكى مۇتەئەسسىپ كۈچلەرنىڭ غالجىرانە قارشىلىقىغا قارشى يول تۇتۇپ، 1898 ـ يىلى 6 ـ ئايدا يارلىق ئېلان قىلىپ قانۇن ئۆزگەرتىپ، يېڭىلىققا كۆچۈشنى جاكارلىغان. بۇ بۇرژۇئاچە ئىسلاھات كونا كۈچلەرنىڭ پاسبانى بولغان خان ئانىسى ــ سىشى تەيخۇنىڭ قارشىلىقىغا ئۇچراپ ئاران دېگەندە 100 كۈنچە داۋام قىلىپ پاجىئەلىك مەغلۇپ بولغان. ياش پادىشاھ گۇاڭشۈي نەزەربەند قىلىنغان. يېڭىلىققا كۆچۈش تەرەپدارلىرىنىڭ قېچىشقا ئۈلگۈرەلمىگەن باشلامچىلىرىدىن نەچچە ئونىنىڭ كاللىسى ئېلىنغان.

1900 ـ يىلى سەككىز دۆلەت بىرلەشمە ئارمىيەسى بېيجىڭنى بېسىۋالغان مەزگىلدە، گۇاڭشۈي خاننى ئېلىپ شىئەنگە قېچىپ كەتكەن سىشى تەيخۇ جۇڭگو زېمىنىنى قاپلىغان غەزەپلىك چۇقان ـ سادالارغا بەرداشلىق بېرەلمەي، 1901 ـ يىلى 1 ـ ئايدا گۇاڭشۈي خاننىڭ نامىدا پەرمان جاكارلاپ، ئىككى يىل بۇرۇن چىش ـ تىرنىقىغىچە قارشى تۇرغان «قانۇن ئۆزگەرتىش، يېڭىلىققا كۆچۈش» بايرىقىنى كۆتۈرۈپ چىقىپ «يېڭى سىياسەت» نى يولغا قويىدىغانلىقىنى ئۇقتۇرغان. ئارقىدىنلا تۈرلۈك ئىسلاھات تەدبىرلىرىنى ئېلان قىلغان. بۇ تەدبىرلەرنىڭ ئىچىدە ئوقۇش تۈزۈمىنى ئىسلاھ قىلىش، يېڭى مەكتەپلەرنى ئېچىش، خۇسۇسىيلارنىڭ مەكتەپ ئېچىشىنى قوللاش تەدبىرىمۇ ئوتتۇرىغا قويۇلغان. شۇنداق قىلىپ جۇڭگونىڭ

كۆڭۈلنى ئىدىيەسى يېتەكچى قىلىنىدىغان، ئەنئەنىۋى ئەدەپ - ئەخلاق دەستۇرلىرى بولغان «تۆت ئەركان»، «بەش ئەھكام» قاتارلىق ۋاقتى ئۆتكەن كىتابلار قارىغۇلارچە يادلىتىلىدىغان كونا مائارىپنى، زامانغا ماس پەن - مەدەنىيەت بىلىملىرىنى ئۆگىتىشنى ئاساس قىلىدىغان غەرب مائارىپىغا ئورۇن بوشىتىشقا باشلىغان. نەتىجىدە، يېڭى مائارىپ ھەقىقىي رەۋىشتە بارلىققا كېلىشكە باشلىغان①.

چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى «يېڭى سىياسەت» ئارقىلىق يولغا قويغان مائارىپ ئىسلاھاتىنىڭ ئۇنۇمى كۆرۈنەرلىك بولغان. 1300 يىللىق تارىخقا ئىگە ئەمەلدارلىق (كىجۇ) ئىمتىھان تۈزۈمى بىكار قىلىنغان. يېڭىچە شۆتاڭلار تەسىس قىلىنىپ، چەت ئەللەرگە ئوقۇغۇچى چىقىرىشقا ئىلھام بېرىلگەن. 1904 - يىلى مەكتەپلەرنى ياپونىيە ئەندىزىسى بويىچە دەرىجىگە ئايرىپ ئوقۇتۇش ۋە باشقۇرۇش بەلگىلەنگەن. 1905 - يىلى مەركىزىي مائارىپ مەمۇرىي ئورگىنى بولغان «شۆبۇ» نى تەسىس قىلغان. 1904 - يىلى شۆتاڭلار 4222 گە، ئوقۇغۇچىلار 92 مىڭغا يەتكەن②. ئەپسۇسلىنارلىقى، مۇئەللىملەرنىڭ يېتىرىمى دېگۈدەك يېڭى مائارىپنى قىلچە چۈشەنمەيدىغان ئەنئەنىۋى خەلپەتلەر ئىدى. شۇنداقتىمۇ جۇڭگو جەمئىيىتى ئۇزاققا قالمايلا ئومۇمىيۈزلۈك ئىنقىلاب قىلىش ۋە ئويغىنىش باسقۇچىغا كىرىپ، دەۋرنى ئالغا يېتەكلەيدىغان مۇنەۋۋەر زىيالىيلار قوشۇنىغا ئېرىشكەن.

ياپونىيەدە 1860 - يىللارنىڭ ئاخىرىدىن، جۇڭگودا بولسا 1890 - يىللارنىڭ ئاخىرىدىن ئېتىبارەن مىسلىسىز كۆرەشلەر ئارقىلىق شەكىللىنىشكە باشلىغان يېڭى مائارىپ ھەرىكىتىنىڭ ئەينى چاغدا «مەدەنىيەت قۇياشىدىن پۇتۇنلەي مەھرۇم قېلىپ جاھ-

① چېن چىڭجى (1891 — 1943): «جۇڭگو مائارىپ تارىخى»، جۇڭگو ئىجتىمائىي پەن نەشرىياتى، 2009 - يىلى نەشرى، 508 - بەت.

② فېي جىڭچىڭ، ليۇ گاڭجىڭ (ئامېرىكا) تۈزگەن: «كامبرىج جۇڭگو چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى تارىخى» (1800 — 1911 - يىللار). ئىككىنچى توم، جۇڭگو ئىجتىمائىي پەن نەشرىياتى، 2007 - يىلى 12 - ئاي 4 - باسمىسى، 372 - بەت.

سىز ۋە ھەرىكەتسىز ياتقۇچىلار كىملەر، ئۇلار قەيەردە؟ بۇلار چىندا، ئالتە شەھەر مۇسۇلمانلىرىدۇر. دۇنيادا بۇلاردىنمۇ تۆۋەن يەنە بىر خەلق بولمىسا كېرەك[1].» دەپ تەرىپلەنگەن ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە بارلىققا كېلىشكە ماددىي ۋە مەنىۋى شەرتلەر ئاززاقمۇ ھازىرلانمىغانىدى. يۇقىرىقى تەرىپتىكى ھالەت دەل 20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدىكى ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ كۆرۈنۈشىدۇر. بۇنى يازغان تاتار ئالىمى نۇشىرۋان يائۇشېف تېخىمۇ ئېچىنغان ھالدا «ھاۋا تۇپرىقىنىڭ ئېسىللىكى بىلەن يەر يۈزىدە بىرىنچى ئورۇندا تۇرىدىغان، تارىختا ئىلىم ـ مەرىپەت نۇرى بىلەن يەر ـ كۆك ئارىسىنى نۇرغا چۆمۈلدۈرگەن يەرلەر بۈگۈنكى كۈنلۈكتە ئالتە شەھەر دېيىلىدۇ» دەپ يازغان. يېڭىسارلىق بىر ئاقسۆڭەكنىڭ تەرەققىيپەرۋەر ئاڭغا ئىگە ئوغلى ھاجى مۇھەممەد ئەلىمۇ «ۋاقىت» گېزىتىنىڭ 1914 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنىدىكى سانىدا «قەشقەر» ماۋزۇلۇق ماقالىسىنى ئېلان قىلىپ، ئۇنىڭدا: «ئۆتمۈشتە ئىلىم ۋە مەدەنىيەتنىڭ مەركىزى بولغان ئانا يۇرتۇم نۇرسىز، يولسىز، سۇسىز قېلىپ خارابلىشىۋاتىدۇ» دەپ، ئانا ۋەتىنىدىكى ئوتتۇرا ئەسىرگە خاس جاھالەت مۇھىتىدىن زارلانغان.

ئۇنداقتا، ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە يېڭى مائارىپ ھەرىكىتى قانداق ئارقا كۆرۈنۈش ئىچىدە، قانداق شەكىلدە، قانچىلىك كۆلەمدە، قايسى مەزگىلدە بارلىققا كەلگەن؟ دۇنيادىكى ئۆزگىرىش ۋە يېڭىلىقلاردىن خەۋەرسىز، ئوتتۇرا ئەسىرنىڭ غەپلەت ئۇيقۇسىغا غەرق بولغان ھالدا ئۇخلاۋاتقان، مىللىي مەۋجۇتلۇقى ھەققىدە ئاززاقمۇ كىرىزىس تۇيغۇسى شەكىللەندۈرمىگەن بىر جەمئىيەتتە يېڭى مائارىپ ھەرىكىتى تاسادىپىي ھەم شۇنچە ئاسان شەكىللىنىپ قالامدۇ؟ تارىخنىڭ بىزگە يەتكۈزگەن ھەقىقىتى شۇكى، ئۇيغۇرلاردا يېڭى مائارىپ ھەرىكىتىنىڭ شەكىللىنىشى تامامەن 19 ـ ئەسىرنىڭ كېيىنكى يې-

---

① نۇشىرۋان يائۇشېف: «ئۇيغۇرلار يۇرتىغا زىيارەت» (1914 ــ 1917 ـ يىللار)، «مىراس» ژۇرنىلى، 2005 ـ يىللىق 1 ـ سان.

رىمىدا تاتار جەدىدچىلىرى قوزغىغان مەرىپەتچىلىك ھەرىكىتىنىڭ تەسىرى ئاستىدا بولغان!

تاتارىستانلىق ئاكادېمىك، قازان ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ مۇدىرى مىرقاسىم گوسمانوف زامانىمىزدىكى ئۇيغۇر تەتقىقاتچىلىرىنىڭ ئۇيغۇرلاردا يېڭى مائارىپنىڭ شەكىللىنىش سەۋەبى ھەققىدىكى پە-لىپەتىش قاراشلىرىنى تەنقىد قىلىپ يازغان «شىنجاڭدىكى ئۇيغۇر يېڭى مائارىپى ۋە ئىسمائىل غاسپىرالى» دېگەن ماقالىسىدە روشەن قىلىپ مۇنداق دېگەن: «ئۇيغۇر يۇرتلىرىغا جەدىدچە ئوقۇتۇش ئۇسۇ-لى، زامانىۋى مەكتەپ ئېچىش ئىدىيەسى ئوتتۇرا ئاسىيا ئۆلكىلىرى ئارقىلىق، ئالدى بىلەن رۇسىيەدىن، ئېنىقراق ئېيتقاندا قىرىم ۋە ئىدىل بويلىرىدىن، تېخىمۇ ئوچۇق قىلىپ ئېيتساق باغچە ساراي-دىن، كۆپىنچە ھاللاردا قازان، ئۇفا ۋە ئورېنبۇرگلاردىن كەلگەنىدى. چۈنكى قىرىمدا نەشر قىلىنغان، مەرىپەتچىلىك ئىدىيەسىنى كۆتۈ-رۈپ چىققان ۋە كەڭ تارقالغان «تەرجىمان» گېزىتىمۇ ئۇيغۇر يۇرت-لىرىغا ئىدىل دەرياسىنى كېچىپ كېلەر ئىدى①.»

ئۇنداقتا، تاتار ئويغىنىش ھەرىكىتى دەپ ئاتالغان «جەدىدلىك» رۇسىيەدىكى تاتارلار ئارىسىدا قاچان، قانداق شەكىللەنگەن؟

مەلۇمكى، تاتارلار تۈركىي خەلقلەر ئىچىدە رۇسلارنىڭ تۆمۈر چاڭگىلىغا ئەڭ بۇرۇن چۈشكەن، رۇس زۇلۇمىنى ئەڭ بالدۇر، ئەڭ ئېغىر تېتىغان خەلقتۇر. تاتارلارنىڭ ۋولگا (ئىدىل) دەرياسى ۋادى-سىدىكى قازان، ئاستراخان (ئەشتەرخان) ۋە قىرىم قاتارلىق خانلىق-لىرى يېڭىدىن كۈچەيگەن، كېڭىيىشكە يۈزلەنگەن رۇسىيەنىڭ تۇن-جى ئىشغالىيەت نىشانى بولغان. «1552 ـ يىلى سۇر ـ ھەيۋەتلىك ئىۋان قازاننى ئىشغال قىلغان. ئارىدىن 10 يىل ئۆتە ـ ئۆتمەيلا ئاستراخاننىمۇ رۇسلار ئۆز دۆلىتىگە قوشۇۋالغان. قىرىم خانلىقى ئوسمانىيلار ئىمپېرىيەسىنىڭ ھامىيلىقىدىكى دۆلەت بولغانلىقى

① «ئىسمائىل غاسپىرالى» (تارىخىي ـ دوكۇمېنتال توپلام)، قازان، «جىيىن» نەشرىيا-تى، 2006 ـ يىلى، (تاتارچە)، 44 ـ بەت.

ئۈچۈنلا، سەكراتتىكى ھالەتتە ئىككى ئەسىرنى ئۆتكۈزگەن. كېيىن يېكاتېرىنا II ئەڭ ئاخىرقى قەدەمنى ئېلىپ، قىرىم خانلىقىنى ئىشغال قىلغان ۋە يوقاتقان[1].» ئامېرىكىلىق داڭلىق تارىخچى گاۋىن ھامبلى رۇسىيە ھۆكۈمرانلىقىدىكى قازان تاتارلىرى توغرۇلۇق مۇنداق بايانلارنى يازغان: «رۇسلار ئىككى ئەسىر داۋامىدا قازان رايونىدا ئەسلىدىكى قازان خانلىقىنى ئۈزۈل - كېسىل رۇسلاشتۇرۇۋېتىش ھەمدە مۇسۇلمانلارنىڭ بۇ تۇپنى ئۆز جەمئىيىتىگە قوشۇۋېلىش مەقسىتىدە بىر خىل ۋەھشىي سىياسەتنى يۈرگۈزدى.

رۇسلار ۋولگا دەرياسىنىڭ ئوتتۇرا ئېقىنىدىكى رايونلاردا ‹تاتارسىزلاشتۇرۇش› سىياسىتىنىڭ تۈنجى قەدىمىنى ئىجرا قىلىپ تاتارلارنى بارلىق مۇھىم شەھەرلەردىن، بولۇپمۇ قازان شەھىرىدىن قوغلاپ چىقاردى. بۇنىڭ بىلەن رۇس دېھقانلىرى ۋولگا دەرياسىنىڭ ئوتتۇرا ئېقىنىدىكى رايونلارغا كەلكۈندەك يامراپ كەلدى. بۇ يەردىكى يەرلىك مۇسۇلمانلار ۋە ئانىمىزمچىلار ناھايىتى تېزلا ئاز سانلىق مىللەت بولۇپ قالدى. ئىسلام دىنى خادىملىرىنىڭ ھوقۇقلىرى بىكار قىلىندى، ۋەخپە يەرلەر تارتىۋېلىندى، مەسچىت - مەدرىسەلەر بۇزۇپ تاشلاندى ياكى تاقىۋېتىلدى. ئەڭ ئاخىرىدا رۇسلار ئۆز نەزىرىدە خەتەرلىك دەپ قارالغان تاتار ئاقسۆڭەكلەر قاتلىمىنى يوقىتىشقا كىرىشتى. شۇنىڭ بىلەن تاتار فېئودال ئاقسۆڭەكلىرى ئۈچۈن ياكى خىرىستىيان دىنىغا ئېتىقاد قىلىش، ياكى پەۋقۇلئاددە ئىمتىيازدىن ئايرىلىشتىن بىرىنى تاللاشقا توغرا كەلدى.

تاتارلار ئۇزاق مەزگىللەرگىچە قاتتىق قارشىلىق كۆرسەتتى. قوزغىلاڭلارنىڭ ھەممىسى بەكمۇ ۋەھشىيانە رەۋىشتە باستۇرۇۋېتىلدى. مانا مۇشۇ جەرياندا تاتار ئاقسۆڭەكلەر قاتلىمى ئاساسەن دېگۈدەك يوقىتىلدى.

تاتارلارنىڭ ئۈمىدسىز قارشىلىقىنىڭ تولۇقلىمىسى سۈپىتىدە

① گاۋىن ھامبلى (ئامېرىكا): «ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخى تېزىسلىرى»، بېيجىڭ، مىللەتلەر نەشرىياتى، 2008 ـ يىلى نەشرى، 226 ـ بەت.

تاتار مىللىتىمۇ چوڭقۇر ئىجتىمائىي قۇرۇلما ئۆزگىرىشىنى باش-تىن كەچۈردى. شەھەرلەردىن قوغلاپ چىقىرىلغان ئاقسۆڭەكلەر ۋە قول ھۈنەرۋەنلەر يېزا ــ قىشلاقلارغا بېرىپ ئەڭ ئاخىر يېڭى بىر قاتلام ـــ سودىگەرلەر قاتلىمى بولۇپ شەكىللەندى. بۇ قاتلام پۇختا قەدەملەر بىلەن شەرققە سىلجىپ، ھەرقايسى جايلاردا ئاۋات سودا مەركەزلىرىنى قۇرۇپ چىقتى. تاتارلارنىڭ ئۆز يۇرتىدىكى مۇھىم ئورنىنىڭ ئاجىزلىشىشىغا ئەگىشىپ، ئۇلار تەدرىجىي يوسۇندا يېڭى سودا ئوتتۇرا قاتلام بۇرژۇئازىيە يېتەكچىلىكىدىكى سەرگەردان قوۋم بولۇپ قالدى.

1762 ــ يىلى يېكاتېرىنا II نىڭ تەختكە چىقىشى بىلەن رۇسىيەنىڭ تاتارلارغا قاراتقان سىياسىتىدە تۈپتىن ئۆزگىرىش بولدى. ئۇ تاتار سودىگەرلەر توپىنىڭ چار رۇسىيە چېگراسىدىكى پايدىلىق ئورنىنى تولۇق تونۇپ يەتتى. شۇڭا بۇ ئايال پادىشاھ تاتارلارنىڭ ئىجتىمائىي ئورنىنى ياخشىلاش ئۈچۈن تۈرلۈك تەدبىرلەرنى قوللاندى. ئۇ دىنىي زىيانكەشلىككە خاتىمە بېرىپ، رۇسىيە ۋە سىبىرىيەدىكى مۇسۇلمانلارنىڭ پايدىلىنىشى ئۈچۈن ئورېنبۇرگدا «دىنىي ئۇيۇشما» تەسىس قىلدى. يېكاتېرىنا II يەنە قالدۇق تاتار ئاقسۆڭەكلىرىگە رۇس ئاقسۆڭەكلىرىگە ئوخشاش ھوقۇق بەردى. تاتار سودىگەرلىرىنىڭ ئالاھىدە ئىمتىيازغا ئىگە بولۇشىغا قوشۇلدى، ئۇلارنىڭ تېز راۋاجلىنىۋاتقان رۇسىيە سانائىتى بىلەن تۈركىستان بازىرى ئوتتۇرىسىدىكى سودىدا ۋاسىتىچى بولۇشىغا ئىجازەت بەردى. 1800 ــ يىللارغىچە تۈركىستان بازىرى ياتلار ئۈچۈن يەنىلا تاقاق ئىدى. مانا مۇشۇنداق ۋەزىيەتتە تاتار ئوتتۇرا بۇرژۇئازىيەسى ھېچقاچان كۆرۈلۈپ باقمىغان ئىقتىسادىي گۈللىنىش ۋەزىيىتىگە قەدەم قويدى، بۇ ھالەت بىر ئەسىردىن ئۇزاقراق داۋاملاشتى. تاتارلار چار رۇسىيە ئىمپېرىيەسى سىياسىتىنىڭ «ھەمكارلاشقۇچىلىرى» بولۇپ قالدى. لېكىن، ئۇلارنىڭ كۆڭۈل رىشتىسى يەنىلا ئىسلامغا چىڭ باغلانغانىدى. پاكىتلار شۇنى ئىسپاتلىدىكى، ئەگەر ئاشۇ سودىگەرلەر

بولمىغان بولسا، جەدىدلىك ھەرىكىتى، يەنى 19 ـ ئەسىردىكى ‹تاتار ئويغىنىشى› يۈز بەرمىگەن ۋە راۋاجلانمىغان بولاتتى[1].»

1855 ـ يىلى چار رۇسىيەگە پادىشاھ بولغان ئالېكساندىر II مۇسۇلمانلارنى، جۈملىدىن تاتارلارنى قاتتىق بېسىش سىياسىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرگەن. تاتارلارنى ئېتىقادىنى ئۆزگەرتىشكە مەجبۇرلاپ 200 مىڭغا يېقىن تاتارنى خىرىستىيان دىنىغا كىرگۈزگەن. تاتار سودىگەرلىرىنى چەكلەش توغرىسىدىكى قانۇن ـ تەدبىرلەرنى تۈزۈپ ئۇلارنى ئاجىزلاشتۇرغان.

1850 ـ يىللاردىكى قىرىم ئۇرۇشى قىرىم تاتارلىرىغا چوڭ ئاپەت بولۇپ قالغان. شۇ چاغدا قىرىمدا 300 مىڭدىن ئارتۇق تاتار بار ئىدى. ئالېكساندىر II تاتارلارنى ئوسمان ئىمپېرىيەسىگە كۆچۈپ كېتىشكە قىستاپ 1859 ـ يىلدىن 1863 ـ يىلغىچە بولغان تۆت يىل ئىچىدە يېرىمدىن كۆپرەك تاتارلارنى كەتكۈزۈۋەتكەن. تاتارلار ئۆز ۋاقىتتا قالمايلا قىرىمدىكى ئاز سانلىق مىللەتكە ئايلىنىپ قالغان.

ئالېكساندىر II دەۋرىدىكى تاتار مىللىتىنىڭ بىر پۈتۈنلۈكى ۋە ماددىي مەنىۋىيىتىگە قوشلاپ زەربە بېرىدىغان خىلمۇخىل ياۋۇز سىياسەت تاتارلاردا كۈچلۈك ئىنكاس قوزغىغان. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ مىللىي كىملىكىنى ۋە دىنىي كىملىكىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن، ئۆزلىرىنىڭ قالاق مەدەنىيىتىنى ئۆزگەرتىش، غەربنىڭ ئىلىم ـ پەن مەدەنىيىتى بىلەن ئىسلام قىممەت قارىشىنى تەڭ يولغا قويۇش نىشان قىلىنغان ئىسلاھاتچىلىق ھەرىكىتىنى باشلىغان. تاتار تارىخىنى نۇرلاندۇرغان، جەدىدلىك ھەرىكىتى دەپ ئاتالغان بۇ شانلىق ئىسلاھاتنى باشلىغان كىشى ئىسمائىل غاسپىرالى (1851 — 1914، ئىسمائىل بەي گاسپىرالى، ئىسمائىل گاسپىرىنسكى دەپمۇ ئاتىلىدۇ) ئىدى.

ئىسمائىل غاسپىرالى 1851 ـ يىلى قىرىمدا ئاقسۆڭەك ئائىلىدە

[1] گاۋىن ھامبلى (ئامېرىكا) «ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخى تېزىسلىرى»، بېيجىڭ مىللەتلەر نەشرىياتى، 2008 ـ يىلى نەشرى، 350 — 354 ـ بەتلەر.

تۇغۇلغان. ئۇ قىرىم تاتارلىرىنىڭ قىرىم ئۇرۇشىدىن كېيىنكى پا-جىئەسىنى كۆرۈپ چوڭ بولغان. كىچىكىدە ئەنئەنىۋى تەربىيە ئال-غان. كېيىن رۇس مەكتەپتە ئوقۇغان. موسكۋا قۇرۇقلۇق ئارمىيە ئوفىتسېرلار مەكتىپىدە ھەربىي ئىلىم ئۆگەنگەن. موسكۋادا داڭلىق يازغۇچى تۇرگېنېف بىلەن دوستلاشقان. مەشھۇر پانئىسلاۋىيانچى زىيالىي كاتانوف بىلەن ئۇچراشقان. رۇسىيە ئىدىيە ساھەسىدىكى ئەڭ يېڭى تەشەببۇس ۋە قاراشلار بىلەن يېقىندىن تونۇشقان. مەك-تەپنى پۈتكۈزگەندىن كېيىن قىرىمدىكى بىر مەدرىسەدە ئوقۇتقۇچى-لىق قىلغان. كېيىن، فىرانسىيەدە تۆت يىل، تۈركىيەدە ئىككى يىل ئوقۇپ فىرانسىيەدىكى لىبېرالىزمچىلار ۋە تۈركىيەدىكى ياش تۈركچىلەر ھەرىكىتى بىلەن تونۇشقان. رۇسىيەگە قايتقاندىن كېيىن ئىككى يىل ئۆتۈپ 1877 - يىلىدىن 1882 - يىلىغىچە يۇرتى باغچە سارايىنىڭ شەھەر باشلىقى بولغان. مۇشۇ يىللاردا كېڭەيمىچى چار رۇسىيە ئوتتۇرا ئاسىيا ئۆلكىلىرىنى پىلە قۇرتى غازاڭ يېگەندەك يەپ «1865 - يىلى تاشكەنتنى، 1868 - يىلى بۇخارانى، 1873 - يى-لى خىۋەنى، 1881 - يىلى غازى تۆپەنى، 1884 - يىلى مەرۋەنى ئىل-كىگە ئالغان[①].» چار رۇسىيەنىڭ بىپايان ئوتتۇرا ئاسىيا زېمىنىدىكى تۈركىي خەلقلەرنىڭ تەقدىرىنى ئالىقىنىغا ئېلىۋالغانلىقى دۇنيانى زىلزىلىگە سالغان. دۇنيا قارىشى پىشىپ يېتىلىۋاتقان يۈكسەك غا-يىگە ئىگە ئىسمائىل غاسپىرالىنىڭ ۋۇجۇدىنىمۇ لەرزىگە سالماي قالمىغان. ئۇ بۇ تاجاۋۇزچىلىقنىڭ كەلگۈسىدە قانداق ئاقىۋەتلەرگە ئېلىپ بارىدىغانلىقىنى ئېنىق كۆرۈپ يەتكەن.

زاماندىشلىرىغا نىسبەتەن ئىدىيە جەھەتتە ئالاھىدە يۈكسەكلىككە يەتكەن ئىسمائىل غاسپىرالى 1881 - يىلى 30 يېشىدا مەشھۇر ئە-سىرى «رۇسىيە مۇسۇلمانلىرى» نى نەشر قىلدۇرغان. رۇس تىل - يېزىقىدا نەشر قىلىنغان بۇ كىتاب ئەينى ۋاقىتتا زور تەسىر پەيدا

① ل. س. ستاۋرايىنوس (ئامېرىكا): «يەر شارىنىڭ ئومۇمىي تارىخى»، بېيجىڭ ئۇنى-ۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 2005 - يىلى نەشرى، 551 - بەت.

قىلغان. چار رۇسىيە ھۆكۈمرانلىرى ئەزەلدىن رۇسىيە تەۋەسىدىكى رۇس بولمىغان خەلقلەرنىڭ، بولۇپمۇ خىرىستىيان بولمىغان خەلقلەرنىڭ ئۆز ئانا تىلىدا گېزىت - ژۇرنال چىقىرىشىنى قاتتىق چەكلەش سىياسىتىنى يۈرگۈزۈپ كەلگەنىدى. پولاتتەك مۇستەھكەم ئىرادىگە ئىگە ئىسمائىل غاسپىرالى زور تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ مانا مۇشۇنداق رەزىل سىياسەتتىن ئۆز غايىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا ئىمكانىيەت ھازىرلىغان. «ئۆز خەلقى، قېرىنداش خەلقلەر ئۈچۈن بىرەر مۇھىم چارە كۆرۈلمىسە، ئۇلارنىڭ پۈتۈنلەي قۇللۇققا چۈشۈپ قالىدىغانلىقى ياكى باشقا خەلقلەر ئارىسىغا سىڭىپ ئىزسىز يوق بولۇپ كېتىدىغانلىقىنى چۈشەنگەن ئىسمائىل غاسپىرالى، بۇنداق چارىلەرنىڭ ئەڭ مۇھىمى سۈپىتىدە، ئەڭ ئالدى بىلەن مىللىي مەتبەئە يارىتىش ۋە ئوقۇ - ئوقۇتۇش ئىشلىرىنى ئىسلاھ قىلىشنى تاللىۋالغان①.» ئىسمائىل غاسپىرالى ئۆزىنىڭ ئىسلاھاتىنى ھەقىقىي تۈردە باشلاشتىن ۋە گېزىت چىقىرىشتىن ئىلگىرى قازانغا ئالاھىدە بېرىپ، ئۇ يەردە تاتارلارنىڭ ئۆز زامانىسىدىكى ئابرۇيلۇق ئۆلىماسى ۋە تارىخچىسى شىھابىددىن مارجانىي (1818 — 1889) قاتارلىق ئىلغار زىيالىيلىرى، ئوچۇق پىكىرلىك بايلىرى بىلەن كۆرۈشۈپ ئۆزىگە مەسلەكداش تاپقان. 1883 - يىلىنىڭ بېشىدا ئايدا ئىككى سان چىقىدىغان «تەرجىمان» (تەرجىمەن) ناملىق گېزىتنى نەشر قىلغان. «تىلدا، پىكىردە، ئىشتا بىرلىك» دېگەن پىروگرامما خاراكتېرلىك شوئارنى يېتەكچى ئىدىيە قىلغان ئىسمائىل غاسپىرالى گېزىتنىڭ تارقىلىش دائىرىسىنى كېڭەيتىش، كەڭ تۈركىي خەلقلەرنىڭ ئاڭ - پىكرىگە تەسىر كۆرسىتىش مەقسىتىگە يېتىش ئۈچۈن بۇ گېزىتنى «بوسفور كېمىچىلىرىدىن قەشقەر كارۋانچىلىرىغىچە» چۈشىنىشلىك بولغان بىر ئورتاق تۈركىي تىلدا نەشر قىلغان. بۇ ئورتاق تىل ئىسمائىل غاسپىرالىنىڭ تىرىشچانلىقى ئارقى-

① مىرقاسىم گوسمانوف (رۇسىيە): «ئەسىردىن ئەسىرگە»، قازان، تاتارىستان نەشرىياتى، 2004 - يىلى (تاتارچە)، 165 - بەت.

لىق يارىتىلغان ئورتاق ئەدەبىي تىل بولۇپ، ئۇ بۇ تىلنى قىرىم تا -
تار شېۋىسىنى ئاساس قىلغان ھالدا باشقا تۈركىي شېۋىلەردىنمۇ
سۆز - ئىبارە ئېلىپ ياراتقان. تىل تەتقىقاتچىلىرى بۇ يېڭى ھادى -
سىنى كېيىن «غاسپىرالى تىلى» دەپ چىرايلىق ئاتاشقان.

«يېزىقچىلىق ۋە نەشرىياتچىلىق پائالىيەتلىرى بىلەن قانائەتلەن -
مىگەن ئىسمائىل غاسپىرالى دۇنيا باشلانغۇچ مەكتەپ مائارىپىنىڭ
ئاتىسى، شىۋېيتسارىيەلىك داڭلىق پېداگوك ھېنرىخ پېستالوززى
(1746 — 1827) نىڭ پېداگوگىكىلىق تەلىماتى بويىچە كونىچە
مەكتەپلەردە يېڭى — «ئۇسۇلى جەدىد» ئوقۇتۇش مېتودىنى ئو -
مۇملاشتۇرۇش مەقسىتىدە مائارىپ ئىسلاھاتىنى باشلىغان. 1884 -
يىلى يۇرتى باغچە ساراي شەھىرىدە ئۇنىڭ يېڭى ئوقۇتۇش ئۇسۇلىغا
ئۇيغۇن تۇنجى ئېلىپبە كىتابى تارقىتىلغان[1].»

كونا مەكتەپ ئومۇمەن مەسچىت ھويلىسىغا ئورۇنلاشتۇرۇلغان
بولاتتى. بۇنداق مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇش باشلاش ۋاقتى ۋە ئوقۇش يې -
لى بەلگىلەنمىگەن بولاتتى. ئادەتتە بەش يىلدىن يەتتە يىلغىچە ئو -
قۇيتتى. يېشى، قابىلىيىتى ئوخشاش بولمىغان بالىلارنى بىر سى -
نىپقا يىغىپ ئەرەبچە، پارسچە قەدىمكى كىتابلارنى يادلاشقا ئو -
رۇنلاشتۇراتتى. دەرس مەزمۇنى تۆت كىتابتىن تەشكىل تاپقان چار -
نامە (جامەئىي ھەق، كۇللىيات، مۇھىممات ئەل مۇسلىمىن ۋە پەند -
نامەئىي ئەتتار)، ھەپتىيەك، ئەخلاقنامە قاتارىدىكى كىتابلار بىلەن
بەزى شائىرلارنىڭ دىۋانلىرىدىن تەشكىل تاپاتتى. مەدرىسە ئوقۇتۇ -
شى جەريانىدا (يەتتە يىل ئەتراپىدا) دىنىي قائىدىلەر ئۆگىتىلەتتى.
مەزمۇنىنى چۈشىنىش، ھەرپلەرنى يېزىشقا ئەھمىيەت بەرمەيتتى.
شۇڭا ئون يىللاپ ئوقۇپ ئوقۇش پۈتكۈزگەنلەرنىڭ كۆپىنچىسى دې -
گۈدەك ئوقۇشنى بىلىپ، يېزىشنى بىلمەي چىقىپ كېتەتتى. مەد -
رىسە مائارىپىنىڭ ئوقۇتۇش ئۇسۇلىدىكى ئىلمىي بولماسلىق ۋە

[1] «تۈركلەر»، ئەنقەرە، يېڭى تۈركىيە نەشرىياتى، 2002 - يىلى نەشرى، 18 - توم
(تۈركچە)، 485 - بەت.

قاتماللىق ئۇنىڭ ئۈنۈمىنىڭ تۆۋەن بولۇشىنى بەلگىلىگەن. ئوقۇتۇلىدىغان مەزمۇنلارنىڭ بەكلا چەكلىك بولۇشى، يەنى كىشىلەرگە نوقۇل ئەخلاق ۋە تۇرمۇش ئۇسۇلى جەھەتتىن بەلگىلىك چۈشەنچە بېرىشى، ئەمما نۆۋەتتىكى ئىجتىمائىي مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشقا، جەمئىيەت ئىشلىرىنىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇرۇشقا ماجالى يەتمەي قالغانلىقىنى كۆرسىتىپ بەرگەن. شۇڭا، ئوقۇتۇش ئۇسۇلى ئىلمىي، ئۈنۈمى تېز، دىنىي دەرسلەر بىلەن دۇنياۋى پەنلەرنى ئاساس قىلغان يېڭى مائارىپ ھەرىكىتى بېسىشقا تېگىشلىك تارىخىي قەدەم بولۇپ قالغان.

ئىسمائىل غاسپىرالى ئۆزىنىڭ مەرىپەتچىلىك ئىدىيەسىنى، ئوقۇتۇش ئۇسۇلى ھەققىدىكى نەزەرىيەۋى تەشەببۇسلىرىنى ماقالە ـ ئەسەرلەرنى يېزىپ تەشۋىق قىلىش بىلەن بىللە، ئەمەلىيەتنىڭ سىنىقىدىن ئۆتكۈزۈپ ئۈلگە تىكلەش يولىنى تۇتقان. ئۇ مەكتەپ، مەدرىسەلەردىكى ئوقۇتۇش پائالىيىتىدە ئۆز قاراشلىرىنى سىناقتىن ئۆتكۈزگەن. «ئۇ بالىلارنى يېزىشقا ئۆگىتىشتە بۇرۇندىن كېلىۋاتقان كونا ئۇسۇلدىن، يەنى ھەرپلەرنى سۆز تومۇرى ۋە مورفېما ـ قوشۇمچىلارنى بىلدۈرىدىغان ‹قېلىپ› تىن — ھەرپلەر كومبىناتسىنى يادلىتىش ئۇسۇلىدىن ۋاز كېچىپ، يېزىشتا ھەرپ ـ تاۋۇش سىستېمىسى ئارقىلىق ئۆگىتىشنى يولغا قويغان. ئۇ بۇ يېڭى مېتودىغا ‹ئۇسۇلى سەۋتىيە›، يەنى ‹تاۋۇش ئۇسۇلى› دەپ ئات قويغان. شۇنىڭدىن چىقىپ، ‹ئۇسۇلى سەۋتىيە› مېتودىنىڭ يېڭىلىقى ھېسابقا ئېلىنىپ ‹ئۇسۇلى جەدىد› (يېڭى ئۇسۇل) دەپ ئاتىلىش بارلىققا كەلگەن. ئۇ ئەنئەنىۋى كونا مېتودقا — قەدىمىيچىلىككە قارشى قويۇلغان ۋە شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ‹ئۇسۇلى قەدىمىيە› (قەدىمىيچە ئۇسۇل) دېگەن چۈشەنچىمۇ پەيدا بولۇپ، ئوقۇتۇش ئۇسۇلى ۋە بىلىم مەزمۇنى جەھەتتىكى يېڭىلىققا قارشى چىققۇچىلار ھەرىكىتىنى بىلدۈرىدىغان بولغان. بۇ ئاتالغۇلار بارغانسېرى ئاددىيلىشىپ، جەدىدچە ئوقۇتۇش قەدىمچە ئوقۇتۇشقا ئۆزگەرتىلىپ، ئاخىرىدا ئو-

مۇمىلاشتۇرۇلۇپ «جەدىدچىلىك» ۋە «قەدىمچىلىك» دېگەن خاس ئاتالغۇلار تۇراقلاشقان[1].» جەدىدچە ئوقۇتۇش ئۇسۇلىنىڭ ئۇنۇمى كۆرۈلۈپ، بالىلار ئۈچ - تۆت ئاي ئىچىدىلا يېزىشنى ئۆگىنەلىگەن بولسىمۇ، مۇتەئەسسىپ روھانىيلار ۋە ئۇلارغا ئەگەشكەن نادان كىشىلەر قەتئىي قارشى تۇرۇش مەيدانىنى ئۆزگەرتمىگەن. ئۇلار «بىدئەت» دەپ پەتىۋا چىقىرىپ جەدىدلىكنى قاتتىق چەكلىگەن. ئەمما، تاتار خەلقى ئىچىدە مۇتەئەسسىپلەرگە قارىغاندا بۇرژۇئاچە قاراشقا ئىگە ئىلغار كۈچلەرنىڭ سانى كۆپ بولغاچقا، ئىسمائىل غاسپىرالىنىڭ بۇ ئىسلاھاتى قىرىمدا تېز ئومۇملىشىش بىلەن بىللە، قازان تاتارلىرى ئارىسىدىمۇ تېز ئومۇملاشقان. چۈنكى ئۇلار كونا مەكتەپلەرنىڭ ئۆزلىرىنىڭ مىللىي ئېھتىياجلىرىنى ھەرگىز قاندۇرالمايدىغانلىقىنى چۈشىنىپ يەتكەن. ئۇلار ئىسمائىل غاسپىرالى تىكلىگەن ئۈلگە بويىچە يېڭىچە مەكتەپلەرنى ئاچقان. بۇ يېڭىچە مەكتەپتە، ئانا تىلدا ئوقۇتۇشقا ئەھمىيەت بېرىلىپ، دىن دەرسىگە قوشۇپ، ئالگېبرا، تارىخ، جۇغراپىيە قاتارلىق دۇنياۋى پەنلەرنى كىرگۈزگەن. ئىلگىرىكى كونىچە مەكتەپلەر بىلەن ئوخشىمايدىغىنى، ئوقۇغۇچىلارنى ئىقتىدارى بويىچە سىنىپلارغا ئايرىپ دەرس ئۆتۈش يولغا قويۇلۇپ، يىللىق ۋە ھەپتىلىك دەرس جەدۋىلى تۈزۈلۈپ ئوقۇتۇش ئېلىپ بېرىلغان.

ئىسمائىل غاسپىرالى 1892 - يىلى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى كونىچە مەكتەپ ۋە مەدرىسەلەرنى ئىسلاھ قىلىش ۋە «ئۇسۇلى سەۋتىيە» (ئۇسۇلى جەدىد) چە ئوقۇتۇشنى يولغا قويۇش توغرۇلۇق چار رۇسىيە ھۆكۈمىتى تۈركىستانغا بەلگىلىگەن گېنېرال گۇبېرناتور روزېنباخقا مۇراجىئەت قىلغان. ئىسمائىل غاسپىرالىنىڭ بۇ مۇراجىئىتىدىن نەتىجە چىقمىغاندىن كېيىن پاسسىپ ھالدا كۈتۈپ تۇرۇۋەرمەي كۆڭلىگە يېڭى پىلانلارنى پۈكۈپ 1893 - يىلى تاشكەنتكە

① مىرقاسىم گوسمانوف (رۇسىيە) «ئەسىردىن ئەسىرگە»، قازان، تاتارىستان نەشرىياتى، 2004 - يىلى (تاتارچە)، 171 - بەت.

www.uyghurkitap.com

كەلگەن. سەمەرقەنت ۋە بۇخارالارغا بارغان[1]. سەمەرقەنتتە جەدىدچە مائارىپنىڭ داڭقىنى كۆپ ئاڭلىغان تاتار مىليونېر غەنىباي بىلەن ئۇچرىشىپ قالغان. سەمەرقەنتتىكى مېھماندارچىلىقلاردا تەبىئىي ھالدا جەدىدچە ئوقۇتۇش ئۇسۇلىنىڭ ئەۋزەللىكى ھەققىدە سۆھبەتلەر بولغان. سۆھبەت نەتىجىسىدە ئىسمائىل غاسپىرالى «ئۇسۇلى سەۋتىيە» نى سىناق قىلىپ باقماقچى بولغان. غەنىباي خىراجەتنى ئۈستىگە ئالىدىغان، ئىسمائىل غاسپىرالى بولسا ئېلىپبە ۋە ئوقۇتقۇچى مەسىلىسىنى ھەل قىلىدىغان بولغان. شۇنداق قىلىپ باكۇلۇق ئوقۇتقۇچى سۇلتان مەجىد غەنىزاتنى ئوقۇتقۇچىلىققا تەكلىپ قىلغان. تەييارلىق پۈتكەندىن كېيىن سەمەرقەنت شەھىرىدىن 30 غا يېقىن بالىنى يىغىپ بىر سىنىپ قىلىپ ئوقۇش باشلىغان. ئېلىپبە ئۆتۈلۈپ 40 كۈنگىچە ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئالدىنىڭ ساۋاتى چىققان. سىناق مۇۋەپپەقىيەتلىك بولغان. كىشىلەر ئاپىرىن ئوقۇشقان[2]. لېكىن، مۇتەئەسسىپ روھانىيلارنىڭ «ئۇسۇلى جەدىد هارام، ئۇنى ئوقۇچى دەھرىي» دېگەن پەتىۋاسىنىڭ كاساپىتىدىن جەدىدچە ئوقۇتۇشنى يولغا قويۇش خېلىلا كېچىككەن. ئەمما، ئۇنىڭ ھەپتىدە بىر سان چىقىشقا ئۆزگەرتىلگەن «تەرجىمان» گېزىتى ئوتتۇرا ئاسىيا شەھەرلىرىدە كەڭ تارقالغان. ئىلغارلىققا مايىل، ئەمەلىيەتچى ياشلار «تەرجىمان» گېزىتىدىكى ئاكتۇئال سىياسىي، ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىي، مىللىي ۋە دىنىي خەۋەر ـ مۇلاھىزىلەرنى ئوقۇپ بارا ـ بارا جەدىدىزملىق ئاڭغا ئىگە بولغان. 1897 ـ يىلى ئىسمائىل غاسپىرالى ئوتتۇرا ئاسىياغا يەنە بىر قېتىم سەپەر قىلىپ مەھمۇد خوجا بەھبۇدى بىلەن كۆرۈشكەن. دەل مۇشۇ مەھمۇد خوجا بەھبۇدى ئارىدىن ئون يىللار ئۆتكەندە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى جەدىد-

① «تۈركلەر» ناملىق 18 توملۇق قامۇسنىڭ 18 ـ تومىغا كىرگۈزۈلگەن، بەرچىناي جۇدايىۋا يازغان «ئىسمائىل غاسپىرالى ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى جەدىدلىك ھەرىكىتى» ناملىق ماقالە.

② مالىك چانىشېف (تاتار) «جۇڭگو تاتار مائارىپ تارىخى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2001 ـ يىلى نەشرى.

چىلەرنىڭ داھىيسى سۈپىتىدە رول ئوينىغان. ئۇلار ئوتتۇرىسىدا
ئۇستاز ـ شاگىرتلىق مۇناسىۋەت ئورنىتىلغان. بەرچىناي جۇدايىۋا ـ
نىڭ «ئىسمائىل غاسپىرالى ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى جەدىدلىك ھەرى ـ
كىتى» ناملىق ماقالىسىدىكى مەلۇماتتىن قارىغاندا، ئوتتۇرا ئاسى ـ
يادا تۇنجى جەدىدچە مەكتەپ 1898 ـ يىلى قوقەنتتە موللا سالاھىدىن
تەرىپىدىن قۇرۇلغان. شۇ يىلى توقماق شەھىرىدە ئوخشاش بىر
مەكتەپ ئېچىلغان. 1899 ـ يىلى تاشكەنتتە مۇنەۋۋەر قارىي، ئەن ـ
جاندا شەمسىدىن دامولla جەدىدچە مەكتەپلەرنى ئاچقان. 1900 ـ يى ـ
لىدىن ئېتىبارەن ئوتتۇرا ئاسىيادا جەدىدچە مەكتەپلەرنىڭ سانى
كۆپىيىشكە باشلىغان. مەھمۇد خوجا بەھبۇدى 1903 ـ يىلى سەمەر ـ
قەنتتە مەكتەپ ئاچقان. جەدىدچە مەكتەپلەرنىڭ مۇئەللىمى «خوجا»
دەپ ئاتالغان. تۈركىيە تەۋەلىكىدىكى داڭلىق ئۆزبېك ئالىمى ئەھەد
ئەنجانى «چەت ئەللەردە جەدىدلىكتىن ئىستىقلالىيەتكىچە» دېگەن
ئەسىرىدە «مۇنەۋۋەر قارىي 1901 ـ يىلىدا تۇنجى قېتىم ئۇسۇلى
جەدىد مەكتىپى ئاچقىنىدىن كېيىن، بۇنىڭغا ئوخشاش مەكتەپلەر ـ
نىڭ سانى تېز سۈرئەتتە كۆپىيىشكە باشلىغان» دەپ يازغان.

ئوتتۇرا ئاسىيا جەدىدچىلىرىمۇ جەمئىيەتنى ئۆزگەرتىش، مىل ـ
لىي ئويغىنىشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئاۋۋال ئاۋامنىڭ ئاڭ ـ
سەۋىيەسىنى ئىسلاھ قىلىش لازىملىقىنى تونۇپ يەتكەن. شۇڭا بەس ـ
بەستە يېڭىچە مەكتەپلەرنى ئاچقان. گېزىت چىقارغان، قىرائەتخانا
قۇرغان، دەرسلىكلەرنى نەشر قىلىشقا كىرىشكەن. غەربنىڭ پەن ـ
تېخنىكىسىنى ئۆگىنىش زۆرۈرىيىتىنى نەزەرگە ئېلىپ ياۋروپا مە ـ
دەنىيىتىگە قىزىقىشقا باشلىغان. شۇ ئارقىلىق مىللىي كىملىك تە ـ
پەككۇرىنى يۈكسەلدۈرۈشكە زېمىن ھازىرلىغان. ئىسمائىل غاس ـ
پىرالى باشلىغان جەدىدلىك ھەرىكىتىنىڭ تەسىرىدە 20 ـ ئەسىر ـ
نىڭ باشلىرىغا كەلگەندە ئوتتۇرا ئاسىيا ئۆلكىلىرىدە ئالاھىدە تە ـ
سىرگە ئىگە تۇنجى ئەۋلاد جەدىدچىلەر بارلىققا كەلگەن. بۇلاردىن
مەشھۇرلىرى مۇنەۋۋەر ئابدۇرېشىت (مۇنەۋۋەر قارىي)، سەدرىدىن

www.uyghurkitap.com

ئەينى، مەھمۇد خوجا بەھبۇدى، ئابدۇللا ئەۋلانى، زەكى ۋەلىدى توغان، تاشپولات ناربوتابەك، ئابدۇررەئوف فىترەت، ئابدۇلھەمىد سۇلايمان چولپان قاتارلىق مىللىي زىيالىيلاردۇر. بۇلار كېيىنكى كۈنلەردە ئوتتۇرا ئاسىيانى قاپلىغان مىللىي ھەرىكەتلەردە باشلامچىلىق رول ئويناپ ئۆزلىرىنىڭ ئاجايىپ مىللىي قىممىتىنى نامايان قىلغان.

ئۇنداقتا، ئوتتۇرا ئاسىيادا جەدىدلىك ھەرىكەتلىرى تازا جانلانغان، چوڭ يۈزلىنىش ھاسىل قىلغان شارائىتتا، تەڭرىتاغنىڭ شىمالى ۋە جەنۇبىدىكى ئۇيغۇر يۇرتلىرىدا جەدىدلىككە يېقىندىن كۆڭۈل بۆلۈپ نەزەر سالغان ھوشيار كىشىلەر بارلىققا كەلگەنمۇ ـ يوق؟ ئاكا ـ ئۇكا مۇسابايېفلار جەدىدچە مەكتەپنى زادى قاچان بارلىققا كەلتۈرگەن؟

مىرقاسىم گوسمانوفنىڭ «شىنجاڭدىكى ئۇيغۇر مائارىپى ۋە ئىسمائىل غاسپىرالى» ناملىق ماقالىسىدىكى بايانلارغا ئاساسلانغاندا، قازانلىق ۋەلىشاھ غالىئەكبەرىېف دېگەن بىرەيلەن «تەرجىمان» گېزىتىنىڭ 1899 ـ يىلى 10 ـ دېكابىردىكى سانىغا بىر خەۋەر يازغان. خەۋەرنىڭ مەزمۇنىدىن مەلۇم بولۇشىچە، ھۈسەيىن مۇسابايېف 1898 ـ يىلىدا «ئۇسۇلى سەۋتىيە» مېتودىنى ئۆگىنىپ كېلىش ئۈچۈن رۇسىيەنىڭ ئورېنبۇرگ شەھىرىدىكى جەدىدچە تاتار مەدرىسەسىگە ئابدۇلكەرىم ئەپەندى دېگەن ئۇيغۇر كىشىنى ئەۋەتكەن. مانا شۇ كىشى ئورېنبۇرگدا بىر يىلدىن ئارتۇق تۇرۇپ «ئۇسۇلى سەۋتىيە» بويىچە تەجرىبە ھاسىل قىلىپ، شۇ كۈنلەردە غۇلجا ئارقىلىق قەشقەرگە قايتىپ كەلگەن. بۇ خەۋەرنى يازغان ۋەلىشاھ «تەرجىمان» گېزىتىنىڭ 1900 ـ يىلى 16 ـ يانۋار كۈنىدىكى سانىدا يەنە ماقالە يېزىپ ھۈسەيىن مۇسابايېفنىڭ بۇ ئىشىغا يۇقىرى باھا بەرگەن. شۇنىڭدىن كېيىن كۆپ ئۆتمەي ھۈسەيىن مۇسابايېف يەنە بىر كىشىنى ـــ ھاجى سوپى ئوغلى مەخسۇم ئەپەندى دېگەن ئۇيغۇرنى جەدىدچە ئۇسۇلنى تېخىمۇ ئوبدانراق ئۆگىنىپ كېلىش ئۈچۈن باغچە

ساراي شەھىرىگە ئەۋەتكەن. ئەنە شۇ مەخسۇم ئەپەندى قەشقەر ۋە غۇلجا شەھەرلىرىدە جەدىدچە توققۇز مەكتەپنىڭ دائىمىي رەۋىشتە ئىشلەپ تۇرغانلىقىنى مەلۇم قىلغان. «تەرجىمان» گېزىتىمۇ ئۆز نۆۋىتىدە ھۈسەيىن مۇسابايېفنىڭ بۇ جەھەتتىكى تىرىشچانلىقلىرىنى ئالاھىدە خەۋەر قىلىپ تۇرغان («تەرجىمان» 1902 - يىلى 3 - ئاۋغۇست). شۇنىڭدەك ئىمتىھانلارنىڭ جامائەتچىلىك ئالدىدا ئوچۇق ۋە تەنتەنىلىك يوسۇندا ئېلىنغانلىقى خەۋەر قىلىنغان («تەرجىمان» 1901 - يىلى 29 - ئاپرېل).

بۇ قىممەتلىك ئىشەنچلىك ئۇچۇردىن بىز ئابدۇلكەرىم ئەپەندى دەپ ئاتالغان كېرەم ئەپەندى (ئۇستۇنئاتۇش خەلقى يەنە كېرەم خەلپىتىم، كېرىماخۇن چوڭ خوجىكام دەپمۇ ئاتايتتى) نىڭ ئۆگىنىشكە ۋە بېرىش - كېلىشكە سەرپ قىلغان ۋاقتىنى چىقىرىۋېتىپ ۋە پەسىل ئامىلىنى نەزەردە تۇتۇپ ھېسابلىغاندا 1899 - يىلى كۈز ئايلىرىدا ئىكساقتا «ئۇسۇلى سەۋتىيە»، يەنى جەدىدچە ئۇسۇل بويىچە بالىلارنى ئوقۇتۇشقا باشلىغانلىقىنى ئېنىق بىلەلەيمىز. مانا بۇنى بىز ئۇيغۇر يېڭى مائارىپ ھەرىكىتى باشلانغان تۇنجى يىل دەپ قارايمىز. كېرەم ئەپەندىنى ئۇيغۇر يېڭى مائارىپ تارىخىدىكى «بىرىنچى مۇئەللىم» (خوجائىي ئەۋۋەل) بولۇش شەرىپى بىلەن قۇتلۇقلايمىز. قەيسەر، پاراسەتلىك زات ھۈسەيىن مۇسابايېف (ھۈسەن باي) نى مىللىي ھاياتىمىزدىكى بۇ ئۇلۇغ باشلىنىشقا يول ئاچقان تارىخىي شەخس سۈپىتىدە سۆيۈنۈپ تونۇپ تىلغا ئالىمىز. ئۇنىڭ ئىسمائىل غاسپىرالى باشلىغان جەدىدلىك ھەرىكىتىگە ئوتتۇرا ئاسىيا جەدىدچىلىرى بەس - بەستە مەكتەپ ئېچىپ ئاۋاز قوشۇۋاتقان يىللاردىلا تەڭ قەدەم ئېلىپ قاتناشقانلىقىدىن چەكسىز پەخىرلىنىش ھېس قىلىمىز.

ئاكا - ئۇكا مۇسابايېفلارنىڭ زامانىۋى زاۋۇت قۇرۇپ، جەدىدچە مەكتەپ ئېچىپ، چەت ئەللەرگە تۈركۈملەپ ئوقۇغۇچى چىقىرىپ ئۇيغۇر خەلقىنى زامانىۋى مەدەنىيەت ۋە يېڭى مائارىپ بىلەن

ئۇچراشتۇرغان شانلىق ئىش ئىزلىرىنى، ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە يېڭى يۈزلىنىش ھاسىل قىلغان تارىخىي تۆھپىسىنى مەڭگۈ ياد ئېتىمىز.

بىز ئۇيغۇر يېڭى مائارىپ ھەرىكىتىنىڭ باشلانغان ۋاقتىنى توغرا خاتىرىلىمىسەك، بارلىققا كېلىشىگە تۈرتكە بولغان مۇھىم سەۋەبىنى ئېنىق شەرھلىمىسەك، تارىخ تەتقىقاتىدا ئېنىق پاكىتنى ۋە لوگىكىغا ئۇيغۇن ئىلمىي يەكۈنىلا ھۆرمەت قىلىدىغان ئىلمىي روھقا ئىگە تەتقىقاتچىلارنىڭ شۈبھىلىك قاراشلىرىغا ۋە ئاچچىق تەنقىدلىرىگە دۇچ كېلىشتىن ساقلىنالمايمىز. بىزنىڭ ئۇيغۇر يېڭى مائارىپىنىڭ قاچان ۋە قانداق باشلانغانلىقىغا ئائىت يازمىلىرىمىزدا تارىخىي پاكىتلار ئوبيېكتىپ تەھلىل قىلىنىپ، ئۇنىڭدىن ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن ئىلمىي يەكۈن چىقىرىلمىغاچقا باشقىلارنىڭ ئېتىبار بىلەن قارىشىغا ئېرىشەلمەي كېلىۋاتىدۇ. بۇ ئەھۋالنى مۇشۇ ساھەدىكى ماتېرىياللارنى ئەستايىدىل پوزىتسىيەدە ئوقۇپ ئۆگىنىۋاتقان تەتقىقاتچىلار خىجىللىق ئىچىدە كۆرۈپ تۇرماقتا. مىسال ئۈچۈن ئالساق، ياپونىيەلىك ئويىشى شىنيىچىرو «ئۇيغۇرلار ئارىسىدىكى يېقىنقى زامان جەدىدلىك ھەرىكىتىنىڭ گۈللىنىشى ۋە ئوقۇغۇچىسىز-لىقلىرى» ناملىق ماقالىسىدە: «جۇڭگودىكى تەتقىقاتلارغا قارىغاندا، ئاكا - ئۇكا مۇساباييېفلار 1885 - يىلى ئۇستۇنئاتۇشتا ئەڭ دەسلەپتە يېڭىچە مەكتەپنى ئاچقان، دەپ ئېيتىلغان. بىراق، بۇ غاسپىرالى ئۆلگە مەكتەپنى ئاچقاننىڭ ياندۇرقى يىلى بولۇپ، بۇنى مۇقىملاش-تۇرۇش ئۈچۈن تەكشۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ. ماتېرىياللاردا ئېنىق قەيت قىلىنمىغاچقا، ئىشەنمەي ئامال يوق» دەپ يازغان. شۈبھە-سىزكى، ئويىشى شىنيىچىرو ۋەلىشاھنىڭ «تەرجىمان» گېزىتىدىكى خەۋىرىنى كۆرۈش پۇرسىتىگە ئېرىشەلمىگەن. بىز تاتارىستانلىق مىرقاسىم گوسمانوف ئەپەندىنىڭ ئابدۇللا تالىپنىڭ «ئۇيغۇر مائارىپ تارىخىدىن ئوچېرىكلار» ناملىق كىتابىدىكى سەۋەنلىك توغرۇلۇق يازغان «شىنجاڭدىكى ئۇيغۇر مائارىپى ۋە ئىسمائىل غاسپىرالى» دې-گەن ماقالىسىدىكى ئاچچىق تەنقىدنى كۆرۈپ باقايلى: «ئاكا - ئۇكا

مۇساپايېۋلار ھەقىقەتەن ئۇيغۇر خەلقىگە كۆپ پايدىلىق ئىشلارنى قىلغان پېداكار ـ جان كۆيەر زاتلار ئىكەنلىكىدە شەك يوق»، «ئابـ ـدۇللا تالىپ كىتابىنىڭ يېڭىلىق، يەنى جەدىدلىك دەۋرىگە بېـ ـغىشلانغان خېلى چوڭ بۆلىكىدە گۇمانلىق، ھەتتا خاتا پاكىتلارمۇ ئورۇن ئالغان. مەسىلەن، تارىختىكى ‹ئۇسۇلى سەۋتىيە› ھەم ‹ئۇسۇـ ـلى جەدىد› چە — يېڭى ئوقۇتۇش دېگەن چۈشەنچىلەرنىڭ ئىسمائىل غاسپىرالى تەرىپىدىن تەقدىم ئېتىلگەنلىكى ۋە ئەمەلگە ئاشۇرۇلغاـ ـنلىقى خەلقئالەمگە مەلۇم پاكىت. شۇنىڭ بىلەن مائارىپ مەسىلەـ ـسىدىكى بۇ يېڭىلىقنىڭ ئالدى بىلەن قىرىمدا بارلىققا كەلگەنلىكى، كېيىن ئىدىل بويلىرىدا، كاۋكازدا تارالغانلىقى، ئۇنىڭدىن كېيىن ئوتتۇرا ئاسىيا ئۆلكىلىرىگە تارالغانلىقى ۋە ئۇنىڭدىن كېيىن شىنـ ـجاڭغا بېرىپ يەتكەنلىكى كۆپچىلىككە مەلۇم. لېكىن، ئابدۇللا تالىپ بولسا مائارىپتىكى جەدىدلىك تەلىماتىنىڭ ۋە جەدىدچە ئوقۇتۇش ئۇسۇلىنىڭ باشلىنىشىنى، ئۇيغۇرلاردا جەدىدچە مەكتەپلەرنىڭ ئېـ ـچىلغانلىقىنى بايان قىلغاندا، ئىسمائىل غاسپىرالىنىڭ ئىسمىنى بىرەر قېتىممۇ تىلغا ئېلىپ قويمايدۇ، گويا ئۇنداق كىشى تارىختا ھېچقاچان بولمىغاندەك!»

مىرقاسىم گوسمانوف بۇ ماقالىسىنى ئاۋۋال، يەنى 2001 ـ يىلى 27 ـ ئۆكتەبىردە ئەنقەرەدە ئىسمائىل غاسپىرالى تۇغۇلغانلىقىنىڭ 150 يىللىقىغا بېغىشلانغان خەلقئارالىق يىغىندا ئوقۇغان. كېيىن، يەنى 2006 ـ يىلى «ئىسمائىل غاسپىرالى» دېگەن تارىخىي ـ دوكۇـ ـمېنتال توپلامغا كىرگۈزۈپ تاتارىستاننىڭ مەركىزى قازان شەھەـ ـرىدە نەشر قىلدۇرغان.

دېمەك، چەت ئەلدىكى تەتقىقاتچىلار مۇشۇنداق ماقالىلەرنى يېـ ـزىپ، بىزنىڭ پاكىتسىز ھەم لوگىكىسىز بايانلىرىمىزنى ئەيىبلەـ ـسە، بىز بىغەرەزلىك قىلىپ خاتالىقىمىزنى تەكرارلاۋەرسەك، نورمال ئىنسان ھېسابلانمايمىز!

ئۇنداقتا، ئانا دىيارىمىزدا يېڭى مائارىپ ھەرىكىتىنىڭ قاچان ۋە

قانداق باشلانغانلىقى ھەققىدىكى تۇنجى خاتالىق كىمنىڭ ئەسىرىدە ئوتتۇرىغا قويۇلغان؟ تەتقىقات ساھەسىدە كىملەر بۇ خاتالىقنى تەكشۈرۈپ، تەتقىق قىلىپ باقماستىن تەكرارلاۋەرگەن؟ مېنىڭ بۇ ماقالەم ئۇيغۇر يېڭى مائارىپ ھەرىكىتىنىڭ قاچان، قانداق باشلانغانلىقى مەسىلىسىدىكى تەتقىقات بولغاچقا، بۇ مەسىلىنىمۇ كۆرسىتىپ قويمىسام، مەسئۇلىيەتسىزلىككە يول قويغان بولۇپ قالىمەن. شۇڭا، ئىخچام شەكىلدە، تېپىكلىرىنى كۆرسىتىپ ئۆتۈشنى مۇۋاپىق كۆرىمەن.

تەكشۈرۈشۈمچە، سەۋەنلىك تۇنجى قېتىم قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتىنىڭ تارىخ ئوقۇتقۇچىسى ئىبراھىم نىياز ئەپەندىنىڭ «قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ئىلمي ژۇرنىلى» نىڭ 1983 ـ يىللىق 2 ـ ساندا ئېلان قىلىنغان «ئىكساق كەنتىدە يېقىنقى زامان پەننىي مائارىپى» دېگەن ماقالىسىدە كۆرۈلۈشكە باشلىغان. بۇ ماقالە 1984 ـ يىلى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلغان «شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى» (13 ـ سان) دىمۇ ئېلان قىلىنغان. ئىككى ماقالىنىڭ ئاز ـ كۆپلۈكىدە پەرق بولسىمۇ نېگىزلىك خاتالىق ئوخشاش ئىدى. ماقالىدە مۇنداق دېيىلگەن: «سودا ـ تىجارەتنىڭ يەنىمۇ گۈللىنىشى بىلەن ئىلىم ـ مائارىپقا بولغان تەلەپ ۋە ئېھتىياج ئېشىپ باردى. نەتىجىدە، ئىكساقلىق تەرەققىيپەرۋەر سودىگەر، مىللىي بۇرژۇئاز باھاۋۇدۇن مۇسابايېف قەشقەر خانلىق مەدرىسەسىدە بۇ خىل پەننىي ئوقۇتۇشنى يولغا قويدى. بۇ خىل مەكتەپ بىرقانچە يىل داۋاملاشقان بولسىمۇ، ھۆكۈمران دائىرىلەر بىلەن يەرلىك مۇتەئەسسىپ كۈچلەرنىڭ قارشىلىقىغا ۋە بۇزغۇنچىلىقىغا ئۇچرىدى. شۇنىڭ بىلەن باھاۋۇدۇن مۇسابايېف بۇ مەكتەپنى ئۆز يۇرتى ئىكساق كەنتىگە 1872 ـ يىللىرى يۆتكەپ كېتىپ، شۇ جايدا باشقۇردى. 1883 ـ يىلىغا كەلگەندە ھۇسەيىن مۇسابايېف يۇرت خەلقى بىلەن كېڭىشىپ، شۇ ۋاقىتتىكى ئىلغار كۈچلەرنىڭ قوللىشى ئارقىسىدا، يېقىنقى زامان پەننىي مەكتىپىنى قۇرۇپ چىقتى. بۇ مەكتەپ، ئىل-

گىرىدىن داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان پەن بىلەن دىن بىللە ئوقۇلىدىغان مەكتەپتىن تۈپتىن پەرقلىنىپ، ياۋروپا، ئوتتۇرا شەرقچە يېڭى مەكتەپ بولۇپ قالدى. بۇ، پۈتكۈل شىنجاڭدىن ئېلىپ ئېيتقاندا شۇ چاغدىكى تۇنجى مەكتەپ بولۇپ، ئۆلكىمىز شىنجاڭغا ئىلىم ـ پەن باھارىنىڭ يېتىپ كېلىشكە باشلىغانلىقىدىن دېرەك بەرگەنىدى. 1907 ـ يىلى باھاۋۇدۇن مۇسابايېفنىڭ تەكلىپىگە ئاساسەن ئەھمەد كامال قاتارلىقلار ئىكساقتا 40 ئوقۇغۇچىلىق دارىلمۇئەللىمىن سىنىپى ئاچتى. بۇ سىنىپ ئوقۇغۇچىلىرى ئىككى ئاتۇش، قەشقەر قاتارلىق ۋىلايەت، ناھىيەلەردىن قوبۇل قىلىنىپ دەرس باشلاندى. مەكتەپنىڭ مۇددىتى ئۈچ يىل قىلىپ بېكىتىلدى. ئوقۇش پۈتكۈزگەنلەر ھەرقايسى جايلاردىكى خەلق باشقۇرۇشىدىكى مەكتەپلەرگە تەقسىم قىلىنغانىدى. دېمەك، 1883 ـ يىلى قۇرۇلغان ئىكساق باشلانغۇچ مەكتەپ شىنجاڭ دائىرىسىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا تۇنجى باشلانغۇچ مەكتەپ بولغىنىدەك، 1907 ـ يىلى قۇرۇلغان دارىلمۇئەللىمىن مەكتىپىمۇ شىنجاڭدا تۇنجى ئوتتۇرا دەرىجىلىك تېخنىكوم ئىدى.»

ئىبراھىم نىياز ئەپەندىنىڭ يازغانلىرىنى پاكىت ۋە ئىلمىيلىك يېقىدىن تامامەن ئىنكار قىلماي ئامالىمىز يوق. ماقالىدىكى يەنە بىر قاتار تەپسىلىي ئويدۇرمىلارنى مىسال كەلتۈرۈش بىھاجەت.

ئىبراھىم نىياز ئەپەندىنىڭ ماقالىسى بىلەن ئوخشاش ۋاقىتتا شەۋكەت ئابدۇرېھىمنىڭ «قەشقەردە پەننىي مەكتەپلەرنىڭ شەكىللىنىشى ۋە تەرەققىياتى توغرىسىدا» دېگەن ماقالىسى ئېلان قىلىنغان. بۇ ماقالە دەسلەپ «قەشقەر مائارىپى» ژۇرنىلىنىڭ 1983 ـ يىللىق 2 ـ سانىدا ئېلان قىلىنىپ، ئارقىدىن ئىبراھىم نىياز ئەپەندىنىڭ يۇقىرىقى ماقالىسى بىلەن بىللە «شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى» (13 ـ سان) دا ئېلان قىلىنغان. بۇ ماقالىدە مۇنداق يېزىلغان: «قەشقەر شەھىرى ئۆز تارىخىدا يۈسۈپ خاس ھاجىپ، مەھمۇد كاشغەرىي، ئابدۇرېھىم نىزارىي، غېرىبىي، ھىرقىتى قاتارلىق مەشھۇر

ئالىم، يازغۇچى، شائىر ۋە باشقا مۇتەپەككۇرلارنى يېتىشتۈرگەن قەدىمىي مەرىپەت ئۇچىقى بولسىمۇ، ھەر خىل تارىخىي سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن تاكى 20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە بىرەرمۇ يېڭىچە مەكتەپ بولمىغانىدى. 1913 ـ يىلى تۈركىيەدىن ئەھمەد كامال، ئەمرۇللا بەگ، سامى بەگ، نەسرۇللا بەگ قاتارلىق بەش كىشى قەشقەرگە كېلىپ شۇ يىلى جانان كوچىسىدىكى يۈسۈپ ئاخۇننىڭ ھويلىسىدا 26 نەپەر ئوقۇغۇچىنى ئىشىكتىكى باي بالىلىرىدىن تەركىب تاپقان بىر سىنىپلىق يېڭىچە باشلانغۇچ مەكتەپ ئېچىپ ئوقۇتۇشنى يېرىم يىل داۋاملاشتۇرىدۇ. بۇ ۋاقىتتا مەكتەپ خىراجىتى بالىلاردىن يىغىپ ئېلىنىدۇ. بۇ بەش نەپەر ئەپەندى جانان كوچىسىدىكى مەكتەپتە ئوقۇتۇش ئېلىپ بارغاندىن تاشقىرى، كېيىن ئۇستۇنئاتۇشنىڭ ئىكساق يېزىسىدا ئىككى سىنىپلىق مەكتەپ ئېچىپ، نۆۋەت بىلەن مەكتەپلەر ئارا ئوقۇتۇش ئىشلىرىنى ئېلىپ بېرىپ، بىر تۈركۈم ياشلارنى تەربىيەلەيدۇ.»

كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇكى، ئوخشاش ۋاقىتتا، ئوخشاش ئورۇندا، ئوخشاش مەتبۇئاتتا ھەم ئاساسى يوق، ھەم بىر ـ بىرىگە زىت كېلىدىغان زىددىيەتلىك بايان ئوتتۇرىغا چىققان. ئىلىم ساھەسىدىكىلەر مەتبۇئاتلاشتۇرغان بۇ خاتالىق 1985 ـ يىلى ئاتۇشتا بېسىپ تارقىتىلغان «مەشئەل» ژۇرنىلىدا يەرلىك قىزغىنلىقنىڭ كۈچى بىلەن يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا بېيىتىلغان ھەم مۇقىملاشتۇرۇلغان. ئابدۇللا تالىپ ئەپەندىمۇ 1986 ـ يىلى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلغان «ئۇيغۇر مائارىپ تارىخىدىن ئوچېركلار» ناملىق كىتابىدا «مەشئەل» ژۇرنىلىدىكى بايانلار ئاساسىدا بىر قاتار خاتالىقلارنى يېزىپ، ئۇيغۇر يېڭى مائارىپ تارىخىغا مۇناسىۋەتلىك خاتا قاراش، ئاساسسىز پاكىت، توقۇلما تەپسىلاتلارنى تېخىمۇ مۇستەھكەملىۋەتكەن. شېرىپ خۇشتار ئەپەندىمۇ 1990 ـ يىلى نەشر قىلىنغان «شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى» (28 ـ سان) دا ئېلان قىلغان «ئۇيغۇر يېڭى مائارىپى ۋە تەنتەربىيەسىنى تارقاتقۇچى ئاكا ـ

ئۇكا مۇسابايېفلار»ناملىق ماقالىسىدە «ئەينى ۋاقىتتا، قەشقەر خاذ-لىق مەدرىسەسىدە پەننىي مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇتۇلۇشىغا مۇتەئەسسىپ كۈچلەر توسقۇنلۇق قىلىدۇ. بۇ چاغدا باھاۋۇدۇن باي ئاكىسى ھۈسەن باي بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، پەننىي مەكتەپنى ئۆز يۇرتى ئىكساققا يۆتكەيدۇ. بۇ، 1872 - يىلى بولۇپ، ئۇيغۇر يېڭى زامان مائارىپ تا-رىخىدا ئۆز دەۋرىگە لايىق تۇنجى زامانىۋى بىنا قىلىنغان 1885 - يىلقى ئىكساق پەننىي مەكتەپنىڭ ئاساسى بولىدۇ» دەپ كونا گەپنى تەكرارلىغان. شېرىپ خۇشتار ئەپەندى يۇقىرىقى ماقالىسى ئېلان قىلىنىپ ئارىدىن 10 يىل ئۆتكەندە شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلغان «ئۈرۈمچى تارىخ ماتېرىياللىرى» (11 - سان) دا ئېلان قى-لىنغان «ئۈرۈمچى سودىسى توغرىسىدا بايانلار» دېگەن ماقالىسىدە ئىلگىرىكى يالغان - ياۋىداق بايانلارغا تېخىمۇ يېڭى مەزمۇن قوشۇپ مۇنداق يازغان: «1870 - يىلى باھاۋۇدۇن باي چەت ئەلدىن قايتىپ كېلىپ، ئىلىدىكى بەيتۇللا، قەشقەردىكى خانلىق مەدرىسەلىرىدە پەننىي دەرس ئوقۇتۇشنى يولغا قويغان. شىنجاڭدىكى بۇ تۇنجى ما-ئارىپ ئىسلاھاتى ياخشى نەتىجە بەرگەنلىكتىن، 1883 - يىلى ئۆز يۇرتى ئاتۇش ئىكساقتا سەككىز سىنىپلىق پەننىي مەكتەپ ئاچقان. ئۇلارنىڭ بۇ خىل پەنگە يۈرۈش قىلىشى شىنجاڭ سودا - سانائەت تەرەققىياتىنىڭ راۋاجلىنىشى ئۈچۈن ئىدى. شۇڭا ئۇزاق ئۆتمەي ئۇلار ئىلى، تارىم ۋادىسىدا مىللىي سودا - سانائەتنىڭ مۇنارلىرىنى تىكلىگەن. شۇنىڭ بىلەنلا قالماي، ئۇلار چەت ئەلگە ئۈچ نۆۋەت ئو-قۇغۇچى چىقىرىپ، چەت ئەلنىڭ زامانىۋى پەن - تېخنىكا مەدەنى-يىتىنى ئۆگەنگەن. ئاكا - ئۇكا مۇسابايېفلارنىڭ بۇ پائالىيىتى جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ 1898 - يىلىدىكى ‹غەربتىن ئۆگىنىش، سا-نائەت بىلەن ۋەتەننى قۇتقۇزۇش، مائارىپ بىلەن ۋەتەننى قۇتقۇزۇش› دېگەن تەشەببۇسىدىن 20 يىل بالدۇر ئىدى.»

دېمەك، ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن بولمىغان يالغانلارغا ئۇ بىرنى، بۇ بىرنى قوشۇپ بېيىتىپ، ئاخىر ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن «يە-

پەك يولىدىكى بىر چوڭ ئىللەت» ناملىق ماقالىسىدە تەنقىدلىگەن «خاموشلارچە لاپ ئۇرۇش» دەرىجىسىگە بېرىپ يەتكەن. ھېچكىم باھاۋۇدۇن باي 1870 ـ يىللاردىكى جاھالەت تۇتەكلىرى ئىچىدە قەشقەردىكى خانلىق مەدرىسەسى، غۇلجىدىكى بەيتۇللا مەدرىسەسىدەك ئورۇنلارغا غەربنىڭ پەن ـ مەدەنىيەت بىلىملىرىنى دەرس قىلىپ كىرگۈزەلىشى مۇمكىنمۇ، ئەينى ۋاقىتتىكى شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي شارائىتى قانداق ئىدى؟ شىنجاڭدا مەدرىسەلەرگە كىرىپ ئوقۇتقۇچى بولۇپ غەربنىڭ پەن ـ مەدەنىيەت بىلىملىرىنى ئۆگەتكۈدەك ئىختىساسلىق كىشى بارمىدى؟ دەپ ئويلاپ باقمىغان. ئەقەللىيسى 1851 ـ يىلى تۇغۇلغان باھاۋۇدۇن باينىڭ 19 يېشىدا، يەنى 1870 ـ يىلىدا قەشقەر، غۇلجىدىكى شۇ قەدەر داڭلىق مەدرىسەلەرگە خىرىستىيان دۇنياسىدا بارلىققا كەلگەن پەن ـ مەدەنىيەت بىلىملىرىنى دەرس قىلىپ كىرگۈزۈشكە قۇربى يېتەمتى؟ شۇنچىلىك نوپۇز 20 ياشقىمۇ كىرمىگەن بالىدا ھازىرلىنىشى مۇمكىنمۇ؟ دېگەنلەرنى خىيالىغا كەلتۈرۈپ باقمىغان. ئابدۇقادىر داموللامدەك نوپۇزلۇق ئۆلىمانىڭ 1910 ـ يىللاردىن كېيىنمۇ جەدىدلىكنى تەشەببۇس قىلغانلىقى ئۈچۈن قەشقەردە مۇتەئەسسىپ قەدىمچىلەرگە تەڭ كېلەلمەي مۇرەسسە قىلىشقا مەجبۇر بولغانلىقىنى ئۇنتۇپ قالغان. نۆۋەتتە كەلگەندە شۇنى نەقىل كەلتۈرۈپ ئۆتۈش كېرەككى، ئابدۇقادىر داموللام 1912 ـ يىلى قەشقەر شەھىرىدە جەدىدچە مەكتەپ ئاچقانلىقى ئۈچۈن بۇ مەكتىپى دەرھال تاقىۋېتىلگەن. بۇنى ئۇققان نۇشرىۋان يائۇشېف «شۇرا» ژۇرنىلىنىڭ 1916 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنىدىكى سانىغا يازغان ماقالىسىدە ئابدۇقادىر داموللامنىڭ مەكتەپ ئاچقانلىقى ئۈچۈن ئاڭسىز موللىلار تەرىپىدىن ھاقارەتكە ئۇچرىغانلىقىنى، شۇڭا مەكتەپنى تاقاپ، بۇخارا ئۇسۇلىدا كونىچە دەرس ئۆتۈشكە مەجبۇر بولغانلىقىنى، شۇنىڭدىن كېيىنلا ئىززەت ـ ھۆرمىتىنىڭ جايىغا چۈشكەنلىكىنى بايان قىلغان. ئۇ ماقالىسىنىڭ ئاخىرىدا «داموللا ئابدۇقادىر ئەپەندىنىڭ مەكتىپىنى تىرىلدۈرۈپ

يېڭىدىن ئوقۇتقۇچىلىق قىلىشقا باشلىشىنى ئۈمىد قىلىمەن. مەن شۇنى كۈتىمەن» دەپ يازغان. 1910 - يىللاردىكى ئەھۋال مۇشۇنداق تۇرۇقلۇق 1870 - يىللاردا ئۇنداق بولغان، مۇنداق بولغان دەپ يېزىش ئادەمنى ھەقىقەتەن ئەپسۇسلاندۇرىدۇ. بۇنداق يالغان ئويدۇرمىلارغا مېنى ئۆز ئىچىگە ئالغان خېلى - خېلى ئىزدەنگۈچىلەر ۋە تەتقىقاتچىلار خېلى بىر مەزگىلگىچە قارىغۇلارچە ئىشىنىپ كەلدۇق. پىروفېسسور غەيرەتجان ئوسمان ئۇتغۇرمۇ مەنبەسى ئىشەنچلىكمۇ - ئەمەسمۇ، تارىخىي ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇنمۇ - ئەمەسمۇ دەپ، تەكشۈرۈپ، تەتقىق قىلىپ باقمايلا، 1983 - يىلىدىن باشلىنىپ، يىللار ئۆتكەنسېرى «سەمرىپ» بىمەنىلىشىپ كەتكەن يالغان - ياۋىداق بايانلارنى 2008 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا يازغان «10 - ئەسىردىن كېيىنكى ئۇيغۇر مەدرىسە مائارىپى ھەققىدە قىسقىچە بايان» ناملىق ماقالىسىدە يەنىمۇ بېيىتىپ ۋە مۇتلەقلەشتۈرۈپ مۇنداق ئوتتۇرىغا قويغان: «ئىلى رايونىنىڭ يېڭىچە پەننىي مائارىپىمۇ 19 - ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا باشلانغان. ئاتۇشلۇق ھۈسەيىن مۇسابايېف ۋە باھاۋۇدۇن مۇسابايېفلار 1870 - يىللىرىلا ‹بەيتۇللا جامەسى› دە يېڭىچە پەننىي دەرسلەرنى ئوقۇتۇشنى تەشەببۇس قىلىپ، ئۇنىڭ ئەمەلىيىتى كۆرۈلگەن. باھاۋۇدۇن مۇسابايېف ياركەنتتىكى تاتار پەننىي مەكتىپىنى پۈتكۈزگەن بولۇپ، ئىلىغا كەلگەندىن كېيىن 1870 - يىلى نوپۇزلۇق ئۆلىما ناسىر ئەلەم ئاخۇنىنىڭ قوللىشى ئارقىسىدا ‹بەيتۇللا مەسچىتى› يېنىدىكى دىنىي مەكتەپلەردە ھېساب، ئانا تىل، ئەدەبىيات، تارىخ، جۇغراپىيە، تەنتەربىيە، رەسىم، شېئىر قاتارلىق دەرسلەرنىڭ قوشۇمچە ئۆتۈلۈشىگە تۈرتكە بولغان. 1889 - يىلى ئىلىدا ئاممىباب پەننىي مەكتەپ قۇرۇپ، ئۇنى ‹ھۈسەينىيە مەكتىپى› دەپ ئاتىغان[1].»

غەيرەتجان ئوسمان ئۇتغۇر «باھاۋۇدۇن مۇسابايېف ياركەنتتىكى تاتار پەننىي مەكتىپىنى پۈتكۈزگەن بولۇپ»، «ئىلىغا كەلگەندىن

① «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» ژۇرنىلى 2008 - يىلى 4 - سان، 74 - بەت.

www.uyghurkitap.com

كېيىن 1870 ـ يىلى» دېگەن بايانلارنى يېزىشتا، ئەينى ۋاقىتتا ياركەنتتە تاتار پەننىي باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ بار ـ يوقلۇقىنى دەلىللەپ باقمىغان. مەلۇمكى، 1884 ـ يىلى ئىسمائىل غاسپىرالى جەدىدچە مەكتەپ ئېچىشتىن بۇرۇن، ئوتتۇرا ئاسىيا شەھەرلىرىدە ئەمەس، قازان ۋە قىرىمدەك تاتار يۇرتلىرىدىمۇ پەننىي باشلانغۇچ مەكتەپ يوق ئىدى. قازاقىستانلىق ئۇيغۇر ئالىمى مۇراد ھەمرايېفنىڭ يېزىشىچە، «1895 ـ يىلى ئانتروپولوگ پايسېل ياركەنت شەھىرىدىكى 300 ئۇيغۇرنى تەكشۈرۈپ چىققان ۋە ئىچىدە بىرمۇ ساۋاتلىق ئادەمنى ئۇچراتمىغان①.» مۇشۇنداق بىر ئورۇندا 1870 ـ يىللاردىن ئىلگىرى پەننىي باشلانغۇچ مەكتەپ بولغان، دەپ قاراش، قانداقمۇ ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن بولسۇن؟! غەيرەتجان ئوسمان ئۇتغۇرنىڭ «باھاۋۇدۇن مۇسابايېف ... 1889 ـ يىلى ئىلىدا ئاممىباب پەننىي مەكتەپ قۇرۇپ، ئۇنى ‹ھۇسەينىيە مەكتىپى›، دەپ ئاتىغان» دېگەن بايانىغا كەلسەك، بۇنىمۇ ئوخشاشلا پاكىت ئاساسى يوق ياكى ۋاقىت جەھەتتىن خاتا دېيىلگەن بايان دەپ قارايمىز. ياپونىيەلىك ئويىشى شىنيېچىرو غۇلجىدا جەدىدچە مەكتەپنىڭ قاچان بارلىققا كەلگەنلىكى توغرۇلۇق مۇنداق يازىدۇ: «1909 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنىدىكى ‹ۋاقىت› گېزىتىگە بېسىلغان غۇلجىدىن بېرىلگەن خەۋەردە: ‹مۇساباي جەمەتى ئوقۇتۇۋاتقان 27 نەپەر يېتىم بالىدىن ئىمتىھان ئالدى. بۇلتۇرقىدەكلا مۇئەللىم سارا خانىم ئۇلارنى ياخشى تەربىيەلەپ ھەر خىل ھۈنەرلەر، ھېساب، جۇغراپىيە ئۆگىتىلدى›، دېيىلگەن. بۇنىڭدىن قارىغاندا كېچىككەندىمۇ 1907 — 1908 ـ يىللىرى ئارىلىقىدا غۇلجىدا مۇسابايېفلار ئىلكىدىكى مەكتەپ مەۋجۇد ئىدى②.» كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇكى، ئويىشى شىنيېچىرو ھۆججەتلىك دەلىل ئار-

---

① مۇراد ھەمرايېف: «دەۋر سەھىپىلىرى» (ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ گۈللىنىشى توغرىسىدا)، قازاقىستان، ئالمۇتا، 1972 ـ يىلى نەشرى (كىرىل يېزىقىدا نەشر قىلىنغان)، 9 ـ بەت.

② ئويىشى شىنيېچىرو: «قەشقەردە يېڭىلىققا كۆچۈش ھەرىكىتى — مۇساباي جەمەتى ۋە يېڭىچە مائارىپ»، «شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى» ژۇرنىلى، 2000 ـ يىلى 2 ـ سان.

قىلىق ئاندىن يەكۈن چىقارغان. ئەمما، بىزنىڭ تەسەۋۋۇرغا باي تەت-
قىقاتچىلىرىمىز ھۆججەتلىك دەلىل ـ پاكىتسىزلا دېگۈسى كەلگەن-
نى دەۋەرگەن. ساقلانغىلى بولمايدىغان يېرى شۇكى، ئىلىم ئەھلى-
لىرى ئارىسىدا ئومۇملاشقان ھەم خەلق تەرىپىدىن قوبۇل قىلىنىپ
بولغان يالغان ـ ياۋىداق بايان ـ تەپسىلاتلار تەبىئىي ھالدا باشقا
مىللەت تەتقىقاتچىلىرىنىمۇ يۇقۇملاندۇرىدۇ. بىز بۇ ھادىسىنى
داڭلىق تارىخچى ليۇ زىشاۋ ئەپەندىنىڭ خەنزۇچىسى 1996 ـ يىلى،
ئۇيغۇرچىسى 2003 ـ يىلى نەشر قىلىنغان «ئۇيغۇر تارىخى» 2 ـ
قىسىم كىتابىدا ئۇچرىتىمىز. ليۇ زىشاۋ ئەپەندى مۇنداق يازغان:
«1905 ـ يىلى باۋۇدۇن باي تۈركىيەدىن ئەھمەد كامال باشچىلىقى-
دىكى يەتتە ئوقۇتقۇچىنى ئاتۇشقا ئوقۇتقۇچى تەربىيەلەپ بېرىشكە
تەكلىپ قىلىپ كەلدى. بىر مەزگىللىك تەييارلىقتىن كېيىن،
1907 ـ يىلى ئۇيغۇر مائارىپ تارىخىدىكى مەخسۇس ئوقۇتقۇچى تەر-
بىيەلەيدىغان تۇنجى پېداگوگىكا مەكتىپى ‹ھەبىبزادە دارىلمۇئەللى-
مىن› قۇرۇلدى. ئەھمەد كامال بۇ مەكتەپنىڭ مۇدىرى بولدى.
1909 ـ يىلى بۇ مەكتەپنىڭ داغدۇغىلىق ئوقۇش پۈتكۈزۈش مۇرا-
سىمى ئۆتكۈزۈلدى[1].»

ئۇيغۇر يېڭى مائارىپ ھەرىكىتى تارىخىدىكى ئېنىقلىنىشقا تېگىش
ئىنتايىن زۆرۈر بولغان يەنە بىر مەسىلە «ھەبىبزادە دارىلمۇئەللى-
مىن» مەسىلىسىدۇر. بۇمۇ ئومۇملاشقان يالغانلارنىڭ بىرى.

ئۇنداقتا، ئەھمەد كامال كىم، ئۇ قەشقەرگە قاچان، قانداق كەل-
گەن؟ «ھۇسەينىيە مەكتىپى» دەپ ئاتالغان ئىكساق مەكتەپ قانداق-
سىگە «ھەبىبزادە دارىلمۇئەللىمىن» دەپ ئاتىلىپ قالغان؟ مەكتەپ
داغدۇغىلىق ئوقۇش پۈتكۈزۈش مۇراسىمى ئۆتكۈزگەنمۇ ـ يوق؟ دې-
گەن مەسىلىلەرگە جاۋاب بېرىشكە توغرا كېلىدۇ.

بۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك ئەڭ ئىشەنچلىك ماتېرىيال 1914 ـ يىلى

---

① ليۇ زىشاۋ: «ئۇيغۇر تارىخى» 2 ـ قىسىم، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، خەنزۇچە 407 ـ
بەت، ئۇيغۇرچە 761 ـ بەت.



الفباى تركى

كچيك بالالرغه عملى روشده اوقومق و يازمق طرزينى اويراتا دورغان ... بيلان
كورولمك صورتى ايله اشيا حيوانات و نباتات توغريسيداكى ايضاحاتنى و كيچيك
مكالمه لرنى بيلدورا دورغان، اصول جديد اوزره ترتيب قيلنغان الفباى تركى كتابيدور.

طابع و ناشرى: بهاء الدين موسى بايف.

1915 ـ يىلى قازان مىللەت مەتبەئەسىدە باستۇرۇپ كېلىنگەن
ئېلىپبە كىتابىنىڭ مۇقاۋا سۈرىتى


3 ـ ئايدا قەشقەرگە كېلىپ ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان ئىستانبۇللۇق ئەھمەد كامالنىڭ ئۆز كەچۈرمىشلىرى يېزىلغان كىتابى بىلەن 1914 ـ يىلدىن 1920 ـ يىلغىچە سېلىم سەمى بەي، ئەمرۇللا بەي، ھۈسەيىن بەي، ئىبراھىم بەي قاتارلىق ساۋاقداشلىرى بىللە ھىندىستان، ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە جۇڭگونى ئايلانغان ئادىل ھېكمەت بەينىڭ «ئاسىيادا بەش تۈرك» ناملىق كىتابىدۇر. ئەھمەد كامال ئۆز كىتابىدا دارىلمۇئەللىمىننى قەشقەردە ئېچىشقا پەقەت ئىمكانىيەت قىلالمىغانلىقى ئۈچۈن ئاخىر باھاۋۇدۇن باي بىلەن مەسلىھەتلىشىپ ئىكساقتا ئېچىش نىيىتىگە كەلگەنلىكىنى، شۇنداق قىلىپ 1914 ـ يىلى 19 ـ ئاپرېل كۈنى باھاۋۇدۇن باي ئەل ـ يۇرتقا كاتتا داستىخان راسلاپ مەكتەپ قۇرۇشقا يۇرت كاتتىلىرىدىن ئىجازەت ئالغانلىقىنى، «قەشقەرنىڭ باش قازىسى ھاجى ئىسلام داموللام، قەشقەرنىڭ ئىقتىدارلىق ئالىملىرىدىن بەيساقلىق ماھمۇد داموللام، مەشھەتلىك پەزىلەت ئىگىسى ئابدۇقادىر داموللام ئەپەندىلەرمۇ مەكتەپنىڭ قۇرۇلۇشىغا تەكلىپ» قىلىنغانلىقىنى، «ئىكساقتىكى مەھبۇددىن ئەجەمى دېيىلىدىغان شۆھرەتلىك بىر زات دەپنە قىلىنغان گۈمبەزنىڭ كەڭرى مەيدانىغا تەكلىپ قىلىنغان خەلق يىغىلىپ، بۇ گۈمبەزنىڭ ئەتراپىغا مەكتەپ ئۈچۈن سېلىنىدىغۇسى ئۆيلەرنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈشكەن» لىكىنى، باھاۋۇدۇن باينىڭ تەسىرلىك نۇتقىدىن ھاياجانلانغان خەلقنىڭ قۇرۇلغۇسى مەكتەپنى ماددىي ۋە مەنىۋى جەھەتتىن قىزغىن قوللاشقا ئىپادە بىلدۈرۈشكەنلىكىنى يازغان. شۇ كۈننىڭ ئەتىسى باھاۋۇدۇن باي مەكتەپ قۇرۇشقا جىددىي ئىش باشلىغان. ئادىل ھېكمەت بەي قاتارلىقلار 1914 ـ يىلى نويابىرنىڭ ئاخىرى قەشقەرگە كېلىپ دورغا بەگنىڭ سارىيىغا چۈشۈپ ئارام ئېلىۋاتقاندا، ئەھۋال سورىغىلى كەلگەن ئىسمائىل ئەپەندى دېگەن تۈركىيەلىك بىر ئوقۇمۇشلۇق جاھانكەزدى كىشىدىن قەشقەردىكى يېڭىلىقلار ھەققىدە كۆپ مەلۇمات ئاڭلىغان. ئادىل ھېكمەت بەي كىتابىدا «بىز بۇ زاتتىن ئۇقتۇقكى، قەشقەر

شەھىرىگە ئۈچ سائەت كېلىدىغان مۇساپىدىكى ئۇستۇنئاتۇش مەھەللىسىدە باھاۋۇدۇن باي ئىسىملىك بىر كىشى گۈزەل بىر مەكتەپ سالدۇرۇپتۇ. مەكتەپتە ئىستانبۇلدىن كەلگەن بىر مۇدىر ۋە ئەسلىي مۇشۇ يەرلىك بولۇپ، ئىستانبۇلدا ئوقۇغان مۇئەللىملەر ئىشلەۋېتىپتۇ. بىز بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ بىرئاز ھەيران بولدۇق. ئىستانبۇلدا ئوقۇغان شىنجاڭلىق مۇئەللىملەرنى بىلەتتۇق. بىز مەملىكىتىمىزدىن ئايرىلىش ۋاقتىدا ئۇلار تېخى ئىستانبۇلدا ئىدى. ئۇلار رۇسىيە ئارقىلىق كەلگەن بولغاچقا بىزدىن ئاۋۋال يېتىپ كەلگەنلىكىنى پەرەز قىلدۇق. قەشقەردە ئويغانغان كىشىلەر خېلى بار ئىدى. باھاۋۇدۇن باي شۇلاردىن بىرى ئىدى. بۇ زات ئىستانبۇلغا كۆپ قېتىم بارغانىدى. ئۇ يەردە بىرلىك ۋە تەرەققىيات باشلىقلىرىنى زىيارەت قىلغانىدى. ئىستانبۇلنى زىيارەت قىلغان مەزگىلدە قۇرغان مەكتىپىگە بىر مۇدىر ئەۋەتىشنى تەلەپ قىلغانىكەن[①].»

ئادىل ھېكمەت بەي كىتابىدا ئۇستۇنئاتۇشتىكى بۇ مەكتەپنى كۆرۈش ئۈچۈن ئاتايىن ئېكساقىقا چىققانلىقىنى، مەكتەپنى كۆرۈپ قاتتىق زوقلانغانلىقىنى ئېيتىپ مۇنداق يازىدۇ: «بىرنەچچە كۈن ئۆتۈپ مەكتەپنى زىيارەت قىلدۇق. رېستوراندەك گۈزەل بىر بىنانى كۆردۇق. ئەتراپى ياغاچ بىلەن رېشاتكىلانغان، دەرسخانىلىرى ئازادە، ياتاقلىرى پاكىز ھەم ھاۋالىق، كىچىك بىر مەسچىتمۇ بار ئىدى[②].»

ئادىل ھېكمەت بەيلەرنىڭ نېمە ئۈچۈن شۇنچە ھەيران قالغانلىقىنى چۈشىنىشكە بولىدۇ. چۈنكى، شىنجاڭنىڭ قەشقەر، ئاتۇش، غۇلجا، چۆچەك، كۇچا قاتارلىق جايلىرىدا جەدىدچە مەكتەپلەرنىڭ ئېچىلغىنىغا شۇ چاغدا ئون يىللاردىن ئاشقان بولسىمۇ، بۇ ئاتالمىش مەكتەپلەرنىڭ شارائىتى تايىنلىق ئىدى. بۇنى شۇ يىللاردا دىياردىمىزنى ئايلانغان نۇشرىۋان يائۇشېف ئەپەندى ئېنىق قىلىپ مۇنداق

① ② ئادىل ھېكمەت بەي (تۈركىيە): «ئاسىيادا بەش تۈرك»، ئىستانبۇل، ئۆتۈكەن نەشرىياتى، 1999 ـ يىلى نەشرى (تۈركچە)، 116 ـ بەت، 118 ـ بەت.



1914 ـ يىلى سېلىنغان مەكتەپنىڭ ئەسلەپ سىزىلغان رەسمى

يازغان: «مەكتەپلەرنىڭ تىلغا ئالغۇچىلىكى يوق، قەيەردە تاشلاندۇق ئۆي بولسا مەكتەپ شۇ. قەيەردە بىرەر سوپى ـ دەرۋىش بولسا شۇ ئوقۇتقۇچى. بالىلار تۆت ئەتراپىدىن شامال ئۆتۈشۈپ تۇرىدىغان ئۆيلەردە لاي ـ توپىنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرۇپ ئوقۇيدۇ. بايۋەچچىلەر ئوقۇيدىغان سەل ياخشىراق مەكتەپلەرنىڭ تېگىگە پاخال سېلىنغان بولۇپ، بالىلار تۇخۇم باستۇرۇۋاتقان توخۇدەك پاخال ئۈستىدە ئولتۇرۇپ نېمىلەرنىدۇر ئوقۇشىدۇ.» نۇشىرۋان يائۇشېف سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان مازىرىنى زىيارەت قىلىش ئۈچۈن قەشقەردىن ئاستىنئاتۇشقا چىققاندا كۆرگەن ئەھۋاللىرى توغرۇلۇق «شۇرا» غا يازغان ماقالىسىدىمۇ دەل مۇشۇنداق ئەھۋالنى يازغان. ئۇ «ئاتۇش خەلقىنىڭ كۆپىنچىسى سىرتتا تىرىكچىلىك قىلىدۇ. بۇلارنىڭ ئارىسىدا خېلى چوڭ بايلار بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارمۇ ئۆز پايدىسى ئۈچۈنلا ياشايدۇ. مائارىپ ۋە ياخشى ئىشلارغا بىر تىيىنمۇ بەرمەيدۇ. ھەتتا ئۆز بالىلىرىنىمۇ تەربىيەلىمەيدۇ، كەلگۈسى بىلەن كارى يوق.

www.uyghurkitap.com

تىرىكلەرگە قارىغاندا ئۆلۈكلەرگە بەكرەك ئەھمىيەت بىرىدۇ. مەكتەپ سېلىش ئورنىغا پىششىق خىشتىن چوڭ ۋە ھەيۋەتلىك گۈمبەزلەرنى ياسىتىدۇ. ئاتۇشتا ئوتتۇزلاپ گۈمبەز بار، ئەمما كۆزگە كۆرۈنگۈدەك بىرمۇ مەكتەپ يوق» دەيدۇ.

مۇشۇنداق ئەھۋالدا باھاۋۇدۇن مۇسابايېف سالدۇرغان شارائىتى ئالاھىدە ياخشى، كۆركەم مەكتەپنى كۆرگەن ھەرقانداق ئادەم ئاپىرىن ئېيتماي قالمايدۇ، ئەلۋەتتە. ئىكساقتىكى بۇ مەكتەپ مەيلى شارائىت يېقىدىن، مەيلى ئوقۇتۇش مەزمۇنى جەھەتتىن، مەيلى باشقۇرۇلۇشى جەھەتتىن، مەيلى ئوقۇتقۇچى، ئوقۇغۇچىلار قوشۇنى جەھەتتىن بولسۇن، ئۇيغۇر مائارىپ تارىخىدىكى تۇنجى مۇنتىزىم مەكتەپتۇر. بۇ مەكتەپتە ئەھمەد كامال باشلىق يېڭى ئوقۇتقۇچىلار شۇ چاغدىكى مائارىپ ئەھۋالىمىزدا ئەڭ قىيىن مەسىلە بولۇۋاتقان ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنى بولماسلىق كىرىزىسىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن قەشقەر ۋە ئاتۇش تەۋەسىدىن مۇئەييەن بىلىم ئاساسى بار 15 ياشلاردىكى بالىلارنى تاللاپ ئوقۇتقان. بۇ جەرياندا شىنجاڭدا پۈقرالارنى نادانلىقتا قالدۇرۇپ باشقۇرۇش سىياسىتىنى يۈرگۈزۈپ كېلىۋاتقان ياڭ زېڭشىن ھۆكۈمىتى مەكتەپنى ئىككى قېتىم تاقاپ قويغان. ئەھمەد كامالنى بىر قېتىم قاماپ قويغان. ئەمما باھاۋۇدۇن باينىڭ كۆپ تىرىشچانلىق كۆرسىتىشى بىلەن بۇ مەكتەپ ئۇيغۇر يېڭى مائارىپ ھەرىكىتى تارىخىدىكى تۇنجى ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنىنى بارلىققا كەلتۈرۈشكە مۇۋەپپەق بولالىغان. بۇ مەكتەپكە مۇدىر بولغان ئەھمەد كامال ئەپەندىمۇ شۇنچە ياش بولۇشىغا قارىماي زور بەدەللەرنى تۆلەپ ئۇنتۇلغۇسىز ئەجىر سىڭدۈرگەن. قولغا ئېلىنىپ ئۈرۈمچى تۈرمىسىدە ئىككى يىل ياتقان. ئۇنىڭ تولۇق ئىسمى ھەبىبزادە ئەھمەد كامال بولغاچقا، ئۇستۇنئاتۇش خەلقى ئۇ باشقۇرۇۋاتقان بۇ مەكتەپنى «ھەبىبزادە دارىلمۇئەللىمىن» دەپ ئاتاشقان. ئەھمەد كامال ئۆز كىتابىدا بولسا بۇ مەكتەپنى «ئىتتاھاتى دارىلمۇئەللىمىن» دەپ ئاتىغان. باھاۋۇدۇن باي 1915 ـ يىلى ئورېنبۇرگدا باستۇرغان «ئېلىپبەيى

تۈركىي» ناملىق ئېلىپبە كىتابىنىڭ مۇقاۋىسىدا بولسا «قەشقەر دارىلمۇئەللىمىن» دەپ يېزىلغان. «ھۇسەينىيە مەكتىپى» دەپ ئاتاش ئۇنىڭدىن كېيىنكى ئىش.

ئومۇملاشتۇرۇپ ئېيتقاندا، ئىشەنچلىك تارىخىي پاكىتلار ئۇيغۇر يېڭى مائارىپ ھەرىكىتى تارىخىغا مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەردىن ئىسمائىل غاسپىرالىچە مەكتەپنىڭ دىيارىمىزدا ئاكا ـ ئۇكا مۇسا ـ يېفلار تەرىپىدىن 1899 ـ يىلى كۆزدە بارلىققا كەلگەنلىكىنى، ئۇيـ ـ غۇر يېڭى مائارىپ تارىخىدىكى تۇنجى مۇنتىزىم جەدىدچە مەكتەپ ۋە دارىلمۇئەللىمىننىڭ 1914 ـ يىلى بارلىققا كەلگەنلىكىنى ئىسـ ـ پاتلايدۇ. شۇڭا مەن ماقالەمنىڭ ئاخىرىدا ئاكا ـ ئۇكا مۇسابايېفلار ـ نىڭ بىر قولىدا يېڭى مائارىپنىڭ مەشئىلىنى يېلىنجاتقانلىقىنى، يەنە بىر قولىدا مىللىي سانائەتنىڭ بايرىقىنى لەپىلدەتكەنلىكىنى خاتىرىلىگەندە 1899 ـ يىلىنى ئانا دىيارىمىزدا يېڭى مائارىپ ھەرىـ ـ كىتىنىڭ باشلىنىش يىلى، 1909 ـ يىلىنى كاپىتالىستىك زامانىۋى مىللىي سانائەتنىڭ بارلىققا كەلگەن يىلى سۈپىتىدە خاتىرىلەشنى، تەتقىقاتچىلارنىڭ ماقالە ـ ئەسەر يازغاندا مۇشۇ بويىچە يېزىشىنى تەۋسىيە قىلىمەن.

2010 ـ يىلى يانۋارنىڭ باشلىرى يېزىلدى

ئۇيغۇر كىتاب تورپىكىتى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# گۈلەندەم ئابىستايىنىڭ كۈندىلىك خاتىرىسى ئىزىدىن

تاتار مائارىپچىلىرىنىڭ ئۇيغۇر يېڭى مائارىپى شەكىللىنىش باسقۇچىدا ئوينىغان باشلامچىلىق رولى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مائارىپ تارىخىدا مەڭگۈ ھۆرمەت بىلەن تىلغا ئېلىنىپ تۇرىدۇ. بولۇپمۇ غۇلجا، چۆچەك ۋە تۇرپاننىڭ يېڭى مائارىپ تارىخىدا، يەنى جەدىدچە مەكتەپلەرنىڭ ئېچىلىشىدا تاتار مائارىپچىلىرى ئۆچمەس ۋە ئۆزـ تۈلماس تۆھپىلەرنى قوشقان.

تاتارلار تۈركىي مىللەتلەر ئىچىدە شانلىق تارىخقا ۋە پارلاق مەـ دەنىيەتكە ئىگە ئۇلۇغ مىللەت. ئۇلار 19 ـ ئەسىرنىڭ 80 ـ يىللىـ رىدىن باشلاپ قىرىم ۋە ئورال ـ ئىدىل بويلىرىدا جەدىدلىك ھەرىـ كىتىنى قوزغاپ، تۈركىي خەلقلەرنىڭ ئىدېئولوگىيە ھاياتىدا زور يېڭىلىنىش پەيدا قىلغان. ئۇلارنىڭ مۇشۇ دەۋردىكى بىر تۈركۈم ئىسلاھاتچى مۇتەپەككۇرلىرى ئۆزلىرىنىڭ كاتتا ئەسەرلىرى ۋە جاپـ لىق پائالىيەتلىرى بىلەن قېرىنداش تۈركىي مىللەتلەرنىڭ مىللىي ئويغىنىش، يېڭى مەدەنىيەت، يېڭى مائارىپ ھەرىكىتىگە كۈچلۈك تەسىر كۆرسەتكەن. ئەنە شۇ جەدىدلىك ھەرىكىتىدە كۆپلىگەن تاتار ئوقۇتقۇچىلار ئاتا ۋەتىنىدىن ئايرىلىپ غۇلجا، ئۈرۈمچى، قەشقەر، تۇرپانلارغا كېلىپ جەدىدچە ئوقۇتۇش بىلەن شۇغۇللانغان. پېشقەدەم زىيالىي ئابدۇللا تالىپ ئەپەندى «ئۇيغۇر مائارىپ تارىخىدىن ئوچېـ رىكلار» دېگەن كىتابىدا ئاتا دىيارىمىزغا كېلىپ «ئۇسۇلى جەدىد» ئوقۇتۇشى بىلەن شۇغۇللانغان پىداكار تاتار مائارىپچىلىرى توغرۇـ لۇق توختالغاندا «بۇ ئۆزۈن تارىخىي جەرياندا ئۇيغۇر يېڭى مائارىپى ئۈچۈن قېرىنداش تاتار ئەر ـ ئايال ئوقۇتقۇچى زىيالىيلىرىنىڭ ۋە

بىر تۈركۈم ئۆزبېك مائارىپچىلىرىنىڭ قوشقان تۆھپىسى ھەمدە
ئاققۇزغان قان ـ تەرلىرى ئاز ئەمەس. ئۇلارنىڭ ئۆچمەس تۆھپىسى
ئۇيغۇر مائارىپ تارىخىنىڭ ئالتۇن سەھىپىسىدە مەڭگۈ چاقناپ تۇ ـ
رىدۇ. ئۇيغۇر ئەۋلادلىرى ئۇلارنىڭ شانلىق ئەمگىكى ئۈچۈن ھېساب ـ
سىز مىننەتدارلىق بىلدۈرىدۇ» دەپ يازغان. بۇنى بىز بىر پۈتۈن
مىللەتنىڭ مىننەتدارلىق ھېسسىياتىنىڭ بىر زىيالىينىڭ قەلىمى
ئارقىلىق ئىپادىلەنگەن رەھمىتى، دەپ تونۇيمىز. تاتار خەلقى بىز ـ
نىڭ 20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدىكى مەدەنىيەت، مائارىپ ئىشلىرى ـ
مىزدا ھەقىقەتەن زور بۇرۇلۇش پەيدا قىلغان ئۇستاز خەلق. ئۇلارنىڭ
بىزنىڭ مەدەنىيەت، مائارىپ ئىشلىرىمىزغا قوشقان تارىخىي تۆھ ـ
پىسىگە ھاكىم جاپپار، تۇرسۇن ھوشۇر ئىدىقۇتى، ئابدۇۋەلى مۇقە ـ
ييت قاتارلىق ئۇيغۇر زىيالىيلىرىمۇ ئۆز ئەسەرلىرىدە ئوبيېكتىپ
ۋە چىن باھالىرىنى، سەممىي تەشەككۇرلىرىنى بىلدۈرگەن.

ئۇيغۇر زىيالىيلىرى تاتار مەرىپەتچىلىرىنىڭ تارىخىي تۆھپى ـ
سىگە رەھمەت ئېيتقىنىغا ئوخشاش، تاتار تەتقىقاتچىلىرىمۇ ئۇيغۇر
ئەدىب ـ ئالىملىرىنىڭ ئالتۇن ئوردا خانلىقىدا تاتار مەدەنىيىتى
ئۈچۈن قوشقان تارىخىي تۆھپىسىگە ئالاھىدە تەشەككۇر ئېيتىدۇ.

ئالتۇن ئوردا خانلىقى چىڭگىزخاننىڭ نەۋرىسى باتۇخان تەرىپى ـ
دىن 1243 ـ يىلى ئىدىل (ۋولگا) دەرياسى ۋادىسىدا قۇرۇلغان. بۇ
خانلىق 15 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە دەۋران سۈرگەن بولۇپ، ئا ـ
ساسىي ئاھالىسى تاتارلار ئىدى. خىۋە خانى ئەبۇلغازى باھادىرخان
(1603 — 1663) تەرىپىدىن يېزىلغان «شەجەرەئى تۈرك» ناملىق تا ـ
رىخىي ئەسەردە ئۇيغۇرلارنىڭ چىڭگىزخاننىڭ ئەۋلادلىرى قۇرغان
خانلىقلاردا ئوينىغان مەدەنىيەت جەھەتتىكى رولى توغرۇلۇق مۇنداق
يېزىلغان: «ئۇيغۇر خەلقى ئارىسىدا تۈركچە ئوقۇغان كىشىلەر ناھا ـ
يىتى كۆپ ئىدى. ئۇيغۇرلار دەپتەردارلىقنى ۋە دىۋان ھېسابلىرىنى
ناھايىتى ياخشى بىلەر ئىدى. چىڭگىزخاننىڭ نەۋرىلىرىنىڭ زامانى ـ
غا كەلگەندە ماۋەرەئۇننەھرىدە، خۇراساندا ۋە ئىراقتا مەجلىس سا ـ

ھېبلىرى ۋە دەپتەردارلارنىڭ ھەممىسىنى ئۇيغۇرلاردىن قويغاندى». مانا مۇشۇنداق تارىخىي ئەمەلىيەتتىن خەۋەردار تاتار تەتقىقاتچى مالىك چانىشېف ئەپەندى «جۇڭگو تاتار مائارىپى تارىخى» دېگەن كىتابىدا «ئالتۇن ئوردا خانىدانلىقىدا قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى ئاساسىي دۆلەت يېزىقى قىلىپ قوللىنىلغان. خان ئەۋلادلىرى، ئۇنىڭ جامائىتى، يۇقىرى قاتلامدىكى بەگلەرنىڭ پەرزەنتلىرى، ئوردا ئەمەلدارلىرى ۋە خادىملار مەخسۇس ئۇيغۇر تىلىدا دەرس ئالغان.

قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىنى ئۆگىتىدىغان مۇئەللىملەر ئاساسەن ئۇيغۇرلار بولۇپ، دەرس كونا ئۇيغۇر تىلىدا ئۆتۈلەتتى. ئالتۇن ئوردىغا بارغان كۆپلىگەن ئۇيغۇرلار ئۆزلىرىنىڭ تىل - يېزىقىدىنلا دەرس بېرىپ قالماي، يەنە بۇ زېمىندىكى تاتار مىللىتىنى تەشكىل قىلغۇچى قەبىلىلەرگە ئۆزلىرىنىڭ مەدەنىيەت، پەن، سەنئەت، ئەدەبىيات، پەلسەپە، بىناكارلىق، رەسساملىق جەھەتلەردىكى مۇۋەپپەقىيەتلىرىنىمۇ تەقدىم قىلىپ، تاتارلارنىڭ مىللىي مەدەنىيىتىنىڭ تېخىمۇ تەرەققىي قىلىشىغا ئۆچمەس تۆھپىلەرنى قوشقان. ئۇزۇن تارىخ، تۈرلۈك ۋەقەلەر بۇ ھۆرمەتلىك ئۇستازلارنىڭ بۈيۈك تۆھپىلىرىنى ھەم نام - شەرىپىنى بۇ دەۋرگە يەتكۈزۈپ كېلەلمىگەن بولسىمۇ، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مەرىپەتپەرۋەر ئەدىب - ئالىملىرىنىڭ تۆھپىلىرىگە تاتار خەلقى يۈكسەك دەرىجىدە يۇقىرى باھا بېرىدۇ ۋە ئۇلارنى مەڭگۈ ياد ئېتىدۇ» دەپ يازغان.

شۈبھىسىزكى، مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ مۇئەييەن باسقۇچىنىڭ مەھسۇلى. مەيلى قېرىنداش مىللەتلەر ياكى يات مىللەتلەر بولسۇن تارىختا ھەر خىل مۇناسىۋەتلەردە بولۇش جەريانىدا بىر - بىرىگە كۆپ ھاللاردا ئىجابىي ياكى سەلبىي تەسىراتلارنى قالدۇرۇپ كەلگەن.

تارىخ سەھىپىسىدىن كۆرىمىزكى، ئۇزاق تارىختا بىر مىللەت يەنە بىر مىللەتنىڭ مەدەنىيەت ۋە تەرەققىيات ئىشلىرىغا قوشقان تۆھپىسى بىلەن تىللاردا داستان قىلىنىپ ئۇلۇغلانسا، بىر مىللەت

يەنە بىر مىللەتكە كۆرسەتكەن زۇلۇم ـ خورلۇقلىرى بىلەن مەڭگۇ كەچۈرۈپ بولماس لەنەت ـ نەپرەتكە دۇچار بولغان. تاتار خەلقى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ تارىختىكى ئالاھىدە تۆھپىسىگە رەھمەت ئېيتسىمۇ، لېكىن چار رۇسىيە زامانىدىكى رۇس زۇلۇمىغا مەڭگۈ نەپرەت ياغدۇردى. چۈنكى 1552 ـ يىلى قازان خانلىقى چار رۇسىيە تەرىپىدىن بېسىۋېلىنغاندىن كېيىن، تاتار خەلقى ئۇلارنىڭ زۇلمەتلىك ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدا ئۇزاق ياشىغان. بولۇپمۇ چار پادىشاھ پېتىر I زامانى (1682 — 1725) دىن يېكاتېرىنا II زامانى (1762 — 1796) غىچە بولغان دەۋرلەردە، تاتار خەلقى سىياسىي، ئىقتىسادىي، پەن ـ مەدەنىيەت، مائارىپ ۋە دىنىي ئېتىقاد جەھەتتىكى ھوقۇقلىرىدىن تامامەن مەھرۇم قىلىنغان. ئۇلارنىڭ سانائەت بىلەن شۇغۇللىنىشى چەكلەنگەن. ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىشى چەكلىنىپلا قالماستىن، مەسچىت، مەدرىسەلىرى ۋەيران قىلىنغان ياكى چېركاۋغا ئۆزگەرتىلگەن. شۇنىڭ بىلەن بىللە تاتار مىللىي مائارىپىمۇ يوقىلىش گىردابىغا بېرىپ قېلىپ، خېلىلا يۈكسەلگەن تاتار مائارىپى ئىلاجسىز ئاتا ـ ئانىلار بالىلىرىنى ئەقىدە ـ ئېتىقاد، ئانا تىل ـ يېزىق جەھەتتە تەربىيەلەشتەك ئىپتىدائىي ئائىلە مائارىپى دەرىجىسىگە چۈشۈپ قالغان.

19 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىغا كەلگەندە، تاتارلارنىڭ تەرەققىي تاپقان ياۋروپا مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان قىرىم يېرىم ئارىلى ۋە ئىدىل ـ ئورال بويلىرىدىكى بىر قىسىم زىيالىيلىرى ھەم سودىگەرلىرى ئۆزلىرىنىڭ كۈلپەتلىك تەقدىرىنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن جەدىدلىك ھەرىكىتىنى قوزغىغان. بۇ ھەرىكەت ئارقىلىق ئۇلار ئۆز خەلقىنى ئويغىتىپلا قالماستىن، ئوتتۇرا ئاسىيا ئۆلكىلىرىدىكى تىل ۋە مەدەنىيەت جەھەتتە قېرىنداش خەلقلەرگىمۇ تەسىر كۆرسىتىشكە باشلىغان. ئۇلارنىڭ نەشر بۇيۇملىرى ۋە چاقىرىق كۈچىگە باي تەشەببۇسلىرى قېرىنداش خەلقلەرنىڭ مەرىپەتچىلىك ئىدىيەسىنىڭ شەكىللىنىشىگە ۋە مىللىي ئېڭىنىڭ ئويغىنىشىغا

زور تەسىر كۆرسەتكەن. ئەنە شۇلارنىڭ تەسىرى بىلەن 20 ــ ئەسىرنىڭ باشلىرىغا كەلگەندە قەشقەرنى مەركەز قىلغان ھالدا غۇلجا، تۇرپان، ئاتۇش، كۇچا، خوتەن رايونىدىكى تەرەققىيپەرۋەر سودىگەرلەر ۋە ئۆلىما ـ زىيالىيلار جەدىدچە مەكتەپلەرنى ئېچىپ، يېڭى مائارىپنى يولغا قويۇپ، خەلقنى ئويغىتىپ، تەرەققىيات ۋە قەد كۆتۈرۈش يولىغا باشلاشقا تۇتۇش قىلغان. شۇ مەزگىلدە يەنە بىر قىسىم پىداكار تاتار مائارىپچىلىرى بىزنىڭ جەدىدچە ئوقۇتۇش ئىشلىرىمىزنىڭ شەكىللىنىشىگە ئۇنتۇلغۇسىز تۆھپىلەرنى قوشقان. 20 ــ ئەسىرنىڭ باشلىرىدىكى جەدىدچە مائارىپىمىزدا ئالاھىدە تۆھپىسى بار تاتار مائارىپچىلىرى ئىچىدە سەيپىدىن ئەزىزى «چۆچەك زىيالىيلىرىنىڭ ئانىسى» دەپ تەرىپلىگەن مەشھۇر مۇئەللىم گۇلەندەم ئابىستاي ئالاھىدە گەۋدىلىك بولۇپ، ئۇ ئۆزىنىڭ كىشىنى سۆيۈندۈرىدىغان ئىش ـ پائالىيەتلىرى بىلەن تۇرپان ۋە چۆچەك خەلقى ئارىسىدا ھازىرغىچە شۆھرەتلىنىپ كەلمەكتە.

گۇلەندەم ئابىستاينىڭ ھاياتى ۋە مائارىپچىلىق پائالىيىتى توغرۇلۇق ھازىرغىچە ئابلىمىت ھاجىيوفنىڭ «چۆچەك مائارىپىنىڭ 40 يىلى» دېگەن ئەسلىمىسىدە، تاھىر تاشبايېف بىلەن ياڭ رېنجىننىڭ «تارباغاتاي ئاياللار مائارىپىنىڭ پېشۋاسى ــ گۇلەندەم خەبىبۇللىنا» دېگەن ماقالىسىدە، كېرەم تۇرسۇننىڭ «گۇلەندەم ئابىستاينىڭ تۇرپان مائارىپى ئۈچۈن قوشقان تۆھپىسى» دېگەن ماقالىسىدە، ئۆمەرجان سىدىق يازغان «ئىدىقۇت ئوغلانلىرى» ناملىق كىتابتا، مالىك چانىشېف يازغان «جۇڭگو تاتار مائارىپى تارىخى» ناملىق كىتابتا، مەھمۇد ئىلياس ئىدىقۇتلۇق يازغان «تۇرپان ئاستانىدە يېڭى مائارىپنىڭ بارلىققا كېلىشى ۋە تەرەققىياتى»، ئىبراھىم نىياز يازغان «ئۇيغۇر ئەنئەنىۋى مائارىپى ۋە يېقىنقى زامان پەننىي مائارىپى ھەققىدە خاتىرىلەر»، ئابدۇراخمان ئابدۇللا يازغان «مەشھۇر مەرىپەتپەرۋەر، ئىنقىلابچى مەخسۇت مۇھىتى» دېگەن ماقالىلەردە قىسمەن مەلۇماتلار بار. بۇ ماتېرىياللاردىكى گۇلەندەم ئابىستايغا مۇناسىۋەتلىك


گۇلەندەم ئابىستاي

بايانلارنىڭ بىر قىسمى بىر - بىرىگە ئۇيغۇن ئەمەس، شۇنداقلا يىل دەۋرى بىر - بىرىگە زىت كېلىدىغان ئەھۋال مەۋجۇت. بولۇپمۇ گۇلەندەم ئابىستايىنىڭ تۇرپانغا قاچان، قانداق بارغانلىقى، چۆچەككە قاچان، قانداق قايتقانلىقى توغرىسىدىكى بىر قاتار بايانلار تارىخىي ئەمەلىيەتكە تازا ئۇيغۇن ئەمەس.

بەختىمىزگە يارىشا، يېقىندا گۇلەندەم ئابىستايىنىڭ كۈندىلىك خاتىرە دەپتىرىنىڭ 3 - قىسمى، يەنى 1919 - يىلدىن 1924 - يىلىغىچە بولغان ۋاقىتتىكى ئىش - پائالىيەتلىرى يېزىلغان قىسمى تېپىلدى. بۇ شىنجاڭ يېڭىچە، يەنى جەدىدچە مائارىپىنىڭ دەسلەپكى چاغلىرىدىكى، جۈملىدىن گۇلەندەم ئابىستايىنىڭ ئىش - پائالىيىتى توغرىسىدىكى تەپسىلاتلارنى ئېنىقلىشىمىزدا ئەڭ ئىشەنچلىك بىرىنچى قول ماتېرىيال سانىلىدۇ. بۇ كۈندىلىك خاتىرىنىڭ قىممەتلىك يېرى شۇكى، گۇلەندەم ئابىستايىنىڭ يازمىسىدىن بىز ئىدىقۇت دىيارىدىن چىققان داڭلىق خاندان — مۇھىتىلار جەمەتىنىڭ تۇرپان ئويمانلىقىدا يېڭىچە مەكتەپلەرنى قاچان ئاچقانلىقى ۋە مەكتەپ ئېچىشتا قانچىلىك جان كۆيەرلىك قىلغانلىقى توغرىسىدىكى ئىشەنچلىك ئۇچۇرغا ئېرىشەلەيمىز.

مەلۇمكى، ئۇيغۇرلار 1000 يىل ئىلگىرى خۇددى رۇسىيەلىك ئاكادېمىك بارتولد ئېيتقاندەك، «تۈركىي خەلقلەر ئىچىدە مەدەنىيەت جەھەتتە يۈكسەك ئورۇندا تۇرىدىغان» ئاھالە ئىدى. ئۇ زاماندا «ئىدىقۇت مەدەنىيىتى» مۇ «خاقانىيە مەدەنىيىتى» گە ئوخشاشلا ھەيران

قالارلىق دەرىجىدە گۈللەنگەن مەدەنىيەت ئىدى. «خاقانىيە مەدەنىيىتى» گە ئوخشاشلا، تارىختا بىرمەھەل پارلاق نۇر چاچقان «ئىدىقۇت مەدەنىيىتى» چىڭگىزخاننىڭ دۇنيانى بويسۇندۇرۇش مەقسىتىدىكى ھەربىي يۈرۈشلىرىدىن كېيىن، ئاستا - ئاستا پارلاقلىقىنى يوقىتىپ، چۈشكۈنلىشىشكە قاراپ يۈزلىنىپ ئوتتۇرا ئەسىرنىڭ قاراڭغۇ زۇلمىتى ئىچىگە غەرق بولۇپ كەتكەن. مەدەنىيەت، مائارىپ ۋە تەرەققىيات جەھەتتە كۈنسېرى كەينىگە چېكىنگەن بۇنداق زۇلمەتلىك دەۋر 500 — 600 يىللار داۋام قىلىپ، كېيىنكى كۈنلەرگە كەلگەندە، ئىدىقۇت ئەۋلادلىرى ھەتتا ئۆزلىرىنىڭ ئاتا - بوۋىلىرى ياراتقان پارلاق مەدەنىيەتنىڭ ۋە يۈكسەك تەرەققىياتنىڭ شان - شۆھرىتىگە ئىشىنىشكە پېتىنالمايدىغان دەرىجىدىكى مەنىۋى زەئىپلىككە مۇپتىلا بولۇشقان.

ئەلۋەتتە، پەقەت ئىدىقۇت ۋادىسىلا ئەمەس، قەدىمكى دەۋرلەردە نى - نى سەلتەنەتلىك شەھەرلەر قۇرۇلۇپ، يۈكسەك دەرىجىدە تەرەققىي قىلغان مەدەنىيەت نەمۇنىلىرى مەيدانغا كەلگەن ئانا دىيارىمىز شىنجاڭ كۆپ ئەسىرلەردىن بېرى خەلقنى قۇل قىلغۇچى زالىم ھۆكۈمرانلارنىڭ تىنىمسىز تالان - تاراج قىلىشلىرى، سوپى - ئىشانلارنىڭ تەپرىقىچىلىق تالاشلىرى سەۋەبىدىن 20 - ئەسىرنىڭ باشلىرىغا كەلگەندە زۇلۇم - جاھالەتنىڭ، ئېزىلىش - خورلۇقنىڭ، نادانلىق - خۇراپاتلىقنىڭ، نامراتلىق - بىقۇۋۋۇللۇقنىڭ ئوچىقى بولۇپ قالغان. شىنجاڭدا «مۇستەقىل پادىشاھ» بولۇۋېلىشقان، رەزىللىكتە بىر - بىرىدىن ئېشىپ چۈشىدىغان مۇستەبىت ھۆكۈمران ياڭ زېڭشىن، جىن شۇرېن، شېڭ شىسەي قاتارلىقلار ۋە ئۇلارنىڭ قولچوماقلىرى بولغان ئامبال - دارىنلار، يەرلىك بەگ - تۆرىلەر بىچارە خەلقنى ھەر خىل قەبىھ ئۇسۇللار، قاتمۇقات سېلىق، بويۇنتۇرۇقلار بىلەن دەھشەتلىك تۈردە ئېزىپ، ياشاش ئىمكانىيەتلىرىنى ئەڭ تۆۋەن چەككە چۈشۈرۈپ قويغان. ئۇلار يەرلىك خەلقنى نادانلىقتا قالدۇرۇپ باشقۇرۇشتەك ئەكسىيەتچى سىياسەتنى يۈرگۈزۈپ،

روھىي قۇللۇققا گىرىپتار قىلىپ، قەلبىنى قاراڭغۇ زىندانغا مەھكۇم قىلغان. مۇشۇنداق قەبىھ ئىجتىمائىي، سىياسىي مۇھىتتا چېچىلاڭغۇلۇق، قاشاڭلىق، خۇراپاتلىق، چۈشكۈنلۈك ئىللەتلىرى بۇ خەلقنىڭ ۋۇجۇدىنى يىلاندەك چىرمىۋالغان. بۇ مۇقەددەس تۇپراقنىڭ ھەممىلا جايىدا زۇلۇم ـ سىتەم، تەقىب، نادانلىق ھۆكۈم سۈرۈپ، ئاھۇ پەريادلار، يىغا ـ زارىلەر، قان ـ ياشلار خەلقنىڭ كۈندىلىك قىسمىتىگە ئايلانغان.


مەخسۇت مۇھىتى

20 ـ ئەسىر تارىخىمىزدىكى ئۈچ مەشھۇر جەمەتنىڭ بىرى بولغان مۇھىتىلار جەمەتىنىڭ خەلقپەرۋەر پەرزەنتلىرى جەدىدچە مەكتەپلەرنى ئېچىپ «مۇسابايىفلار جەمەتى»، «تاشاخۇنۇم جەمەتى» گە ئوخشاشلا خەلقنى ئويغىتىش دولقۇنىغا ئاكتىپ ئاۋاز قوشقان، ئۇلار مىللەتنىڭ تەقدىرى ۋە گۈللىنىشىگە چېتىلىدىغان، زور تارىخىي ئەھمىيەتكە ئىگە جەدىدلىك ھەرىكىتىنىڭ شەرقىي شىنجاڭ رايونىدىكى ئاۋانگارتلىرىغا ئايلانغان. بۇ ئائىلىنىڭ موسۇل مۇھىتى، مەخسۇت مۇھىتى، مەھمۇت مۇھىتى، گوسۇل مۇھىتى قاتارلىق تۆت ئوغلانى ئۇيغۇرلارنىڭ سودا ـ تىجارەت جەھەتتىكى تۇغما ئەۋزەللىكىگە ۋارىسلىق قىلىپ، ئۆز تىجارىتىنى ئىچكى جۇڭگو شەھەرلىرى ۋە رۇسىيە شەھەرلىرىگىچە كېڭەيتكەن. ئۇلار تۆگە كولدۇرمىلىرىنى جاراڭلىتىپ، شەرقتە لەنجۇ، تيەنجىن ۋە بوخەي دېڭىزى بويلىرىغىچە؛ شىمالدا گۇچۇڭ، چۆچەك شەھەرلىرىنى بېسىپ ئۆتۈپ شەمەي، قازان، تاشكەنت، ھەتتا موسكۋا، پېتىربۇرگلارغىچە بېرىپ، ئۇيغۇر مىللىي سانائىتى ۋە مىللىي سودىسىنىڭ گۈللىنىشىگە ئۆچمەس تۆھپە قوشقان. ئۇلار يەنە ئىدىقۇت دىيارىنى ئاساس قىلغان ھالدا

ئۈرۈمچى، چۆچەك، گۇچۇڭ قاتارلىق جايلاردا جەددىچە مائارىپ بىلەن شۇغۇللىنىپ، مەرىپەت مەشئىلىنى يېلىنجىتىپ، ئەۋلادلارنىڭ قەلبىنى ئىلىم نۇرى بىلەن يورۇتۇپ، مائارىپ تارىخىمىزدا يېڭى سەھىپە ئاچقان. مۇھىتىلار جەمەتىنىڭ بۇ ئەزىمەت ئوغۇللىرى 1931 ـ يىلى قومۇل تاغلىرىدا خوجىنىياز ھاجى ۋە سالىھ دورغىلار قوزغىغان ئىنقىلابقا قىزغىن ئاۋاز قوشۇپ، ئىدىقۇت ئوغلانلىرىغا، جۇملىدىن ئاستانىلىككلەرگە خاس باتۇرلۇق ۋە قەيسەرلىك بىلەن خەلقنى زۇلۇمدىن قۇتقۇزۇش ئۈچۈن تۇرپاندا قولىغا قورال ئېلىپ، ئىنقىلاب قىلىشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى تونۇپ يېتىپ، ئىسسىق جىنىدىن ۋە تالاي مۇشەققەتلەر بەدىلىگە توپلىغان مىلىدىن كېچىپ، ئېزىلگەن خەلقنى باشلاپ، زۇلۇمغا، تەڭسىزلىككە قارشى ئىسيان تۇغىنى كۆتۈرگەن. ئۇلار يۇگۇرۇك ئاتلارغا مىنىپ، ئەگرى قىلىچلارنى مەھكەم تۇتۇپ، ئابدۇخالىق ئۇيغۇر يازغان جەڭگىۋار ناخشا — «ئاچىل» نى توۋلاپ، ئىنقىلاب يالقۇنىنى تەڭرىتاغ، قاراقۇرۇم ئېتەكلىرىگىچە، تارىم بويلىرىغىچە تۇتاشتۇرغان. مۇھىتىلار پەرزەنتلىرىنىڭ كۆپىنچىسى جەڭ مەيدانلىرىدا، جاللات شېڭ شىسەينىڭ تۈرمىلىرىدە قىممەتلىك ھاياتىدىن ئايرىلغان. مۇھىتىلار جەمەتىنىڭ ئارسلاندەك ئەزىمەت ئوغۇللىرى 20 ـ ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا ئانا دىيارىمىزدا يۈز بەرگەن تارىخىي ۋەقەلەرنىڭ، سىياسىي بوران ـ چاپقۇنلارنىڭ، ئاقارتىش ھەرىكەتلىرىنىڭ مۇھىم ئىجابىي ئىشتىراكچىسى، باشلامچىسى بولۇش سۈپىتى بىلەن خەلقىمىزنىڭ قەلب تۆرىدىن ئورۇن ئالدى، ئۇلارنىڭ ئىش ـ پائالىيەتلىرى تارىخىمىزنىڭ ئالتۇن بەتلىرىگە يېزىلدى.

مەشھۇر تاتار مائارىپچى گۈلەندەم ئابىستايمۇ تۇرپان ئاستانىگە ئەنە شۇ مۇھىتىلار ئوغۇللىرىنىڭ تەكلىپى بىلەن كەلگەن. گۈلەندەم ئابىستاي ئۆزى ھايات ۋاقتىدا ئېلان قىلىنغان، يەنى چۆچەكتە چىقىدىغان «ئىنقىلابىي شەرقىي تۈركىستان گېزىتى» نىڭ 1949 ـ يىلى 19 ـ مارتتىكى سانىغا بېسىلغان، مۇنىرە ئابدۇلېتىپوۋا تەرد-

پىدىن يېزىلغان «جەمئىيەتىمىزدە 38 يىل ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان گۈلەندەم ئانا» دېگەن ماقالىدىكى ئۇچۇر بويىچە ئېيتقاندا 1889 ـ يىلى ھازىرقى قازاقىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ تالدىقورغان ئوبلاستىغا قاراشلىق باقتى دېگەن يەردە قازانلىق تاتار ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. ئۇ ئائىلىسى بىلەن 1897 ـ يىلى چۆچەك شەھىرىگە كۆچۈپ كېلىپ ئولتۇراقلاشقان. 1910 ـ يىلى مۇھىببۇللا ئەپەندىگە ياتلىق بولغان. مۇھىببۇللا ئەپەندى چۆچەكتىكى «ئەلمىسباخ» مەكتىپىدە ئوقۇتقۇچىلىق قىلىدىغان جەدىدچە ئوقۇتۇش مېتودىغا پىششىق ياش مۇئەللىم ئىدى. گۈلەندەم ئايىستاي تۇرمۇشلۇق بولۇپ مۇھىببۇللا ئەپەندىدىن جەدىدچە ئوقۇتۇشنىڭ ئۇسۇللىرىنى ئۆگەنگەن. ياندۇرقى يىلى كۈزدە ئۇ ئۆز ئۆيىدە قىزلارنى تەربىيەلەشكە تۇتۇش قىلىپ، مائارىپچىلىق ھاياتىنى باشلىغان. ئوقۇغۇچىلىرى 60 ~ 70 تىن كەم بولمىغان. ئۇ بۇ قىز ئوقۇغۇچىلارنى 1 ـ سىنىپتىن 4 ـ سىنىپقىچە ئايرىپ ئوقۇتقان. چۆچەكنى مۇھىم بازا قىلىپ سودا ـ تىجارەت قىلىش جەريانىدا ئاڭ ـ پىكرى ئويغانغان، جاھان كۆرۈپ جەدىدچە ئوقۇتۇشقا ئۈمىد باغلىغان ئانا يۇرتى تۇرپان ئاستانىدە مەكتەپ ئاچقان مەخسۇت مۇھىتى ئوقۇتقۇچى ئىزدەپ بۇ ياش ئەر ـ خوتۇنلارغا نەزىرى چۈشكەن. چۆچەكتە جەدىدچە ئوقۇتۇش بىلەن شۇغۇللىنىپ تونۇلغان بۇ ياش ئەر ـ خوتۇن 1919 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ ئاخىرى مەخسۇت مۇھىتىنىڭ تەكلىپى بىلەن 7 ~ 8 ياشلارغا كىرگەن ئوغلى فاتىخنى ئېلىپ، تۇرپاننىڭ ئاستانە يېزىسىغا يېتىپ كەلگەن.

مۇھىتىلار جەمەتىنىڭ تۇرپان ئاستانىدە جەدىدچە مەكتەپنى قاچان ئاچقانلىقى توغرىسىدا مالىك چانىشېۋ، مەھمۇد ئىلياس ئىدىقۇتلۇق، ئابدۇراخمان ئابدۇللا، ئىبراھىم نىياز، تاھىر تاشبايېۋ، ئۆمەرجان سىدىق قاتارلىقلارنىڭ كىتاب ۋە ماقالىلىرىدە ۋە باشقا بىر قىسىم گېزىت ـ ژۇرناللاردا بىردەك «1913 ـ يىلى مەخسۇدىيە مەكتىپىنى ئاچقان» دەپ يېزىلىپ كەلگەن. ئابدۇللا تالىپنىڭ «ئۇيـ

غۇر مائارىپ تارىخىدىن ئوچېرىكلار» ناملىق كىتابىدا ۋە كېرەم تۇرسۇننىڭ «گۇلەندەم ئابىستاينىڭ تۇرپان مائارىپى ئۈچۈن قوشقان تۆھپىسى» دېگەن ماقالىسىدە «1914 ـ يىلى» ئىكەنلىكى تىلغا ئېلىنغان. شۇنىڭ بىلەن بىللە يەنە كوللېكتىپ تەرىپىدىن تۈزۈلگەن «تۇرپان تارىخ ماتېرىياللىرى» نىڭ 1 ـ سانىدا «مەخسۇت مۇھىتى ئالدى بىلەن خەلقنى ئاقارتىش نىيىتىگە كېلىپ، يېڭىچە مەكتەپ ئېچىشقا بەل باغلاپ، 1914 ـ يىلى رۇسىيەدىكى تاتار زىيالىيلىردىن ھەيدەر سايراننى تۇرپان ئاستانىگە تەكلىپ بىلەن ئېلىپ كېلىپ مەخسۇت مۇھىتىنىڭ ئىنىسى گوسۇل مۇھىتىنىڭ قورۇسىدا بىر سىنىپلىق يېڭى پەننىي مەكتەپنى تۇنجى قېتىم تەشكىل قىلغان. مەكتەپنىڭ ئىسمىنى ‹مەخسۇدىيە مەكتىپى› دەپ ئاتىغان» دەپ يېزىلغان. دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك تەرىپى شۇكى، مەيلى 1913 ـ يىلىنى ياكى 1914 ـ يىلىنى مەكتەپنىڭ ئېچىلغان يىلى دەپ تىلغا ئالغۇچىلار بولسۇن، ھېچكىم بىرەر پاكىت ئاساسىنى كۆرسەتمىگەن. ئەمما گۇلەندەم ئابىستاي خاتىرىسىدە: «ھەيدەر ئەپەندى بىزلەردىن بۇرۇن ئاستانىدە ئۈچ ـ تۆت يىل ئوقۇتقۇچىلىق قىلغاندى» دەپ ئېنىق يازغان. ناھايىتى ئېنىقكى، مۇھىبۇللا ئەپەندى بىلەن گۇلەندەم ئابىستاي تۇرپان ئاستانىگە 1919 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ ئاخىرى يېتىپ كەلگەن. گۇلەندەم ئابىستاينىڭ خاتىرىسىدىكى يۇقىرىقى ئۇچۇردىن قارىغاندا تۇرپان ئاستانىدە تۇنجى جەدىدچە مەكتەپ 1915 ـ يىلى ئېچىلغان بولۇپ، بۇ مەكتەپتە تۇنجى قېتىم مەشھۇر تاتار زىيالىي ھەيدەر سايرانى ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان. ھەيدەر سايرانى 1919 ـ يىلىغىچە بۇ مەكتەپتە ئوقۇتقۇچىلىق قىلىپ، مۇھىبۇللا ئەپەندى بىلەن گۇلەندەم ئابىستاي كەلگەندىن كېيىن لۈكچۈندىكى تاھىربەگ ئاچقان جەدىدچە مەكتەپتە ئوقۇتقۇچىلىق قىلىشقا كەتكەن. مۇھىتىلارنىڭ جەدىدچە مەكتەپنى 1915 ـ يىلى ئاچقانلىقىنى دەلىللەيدىغان يەنە بىر ئۇچۇر بۇرھان شەھىدۇللىن تەرىپىدىن يېزىلغان «ئۆتمۈشتىن ئۇچۇرلار» ناملىق ماقالىدۇر. ئەي-

نى ۋاقىتتا ئۈرۈمچىدە تۇرۇپ سودا-تىجارەت بىلەن شۇغۇللانغان بۇرھان شەھىدۇللىن ئەپەندىنىڭ ئورېنبۇرگدا چىقىدىغان «ۋاقىت» گېزىتىنىڭ 1914-يىلى 10-ئاينىڭ 7-كۈنىدىكى 1602-سانىغا بېسىلغان «ئۇيغۇر مۇسۇلمانلار» دېگەن ماقالىسىدىكى مەزمۇنلاردىن مۇھىتلارنىڭ 1915-يىلىدىن ئىلگىرى تېخى جەدىدچە مائارىپ بىلەن شۇغۇللىنىش يولىغا قەدەم قويۇپ ئۈلگۈرمىگەنلىكىنى بىلگىلى بولىدۇ. بۇ ماقالىدە مۇنداق يېزىلغان: «ئۈرۈمچى مۇسۇلمانلىرى بۈگۈنگىچە ئۆگىنىدىغان نەرسىگە دىققەت قىلمىغان. ئۆگىنىدىغان نەرسە يوقمۇ ئەمەس. ئەمما تولىمۇ قەدىمىي ئۇسۇلنى قوللىنىدىكەن. ئۆتمۈشتىكى رۇسىيە مۇسۇلمانلىرىدەك ‹شەرىئەتۇل ئىمان› بىلەن ئىنشادا نەچچە يىل ئوقۇتۇپ بالىلارنىڭ كاللىسىنى زەھەرلەيدۇ. بۇ تېخى ئۆگىنىش دەپ قارىلىدۇ. بۇنداق ئۆگىنىشتە توغرا تەرەققىيات يۈنىلىشى يوق. بۇنداق نېمىلەردىن ياخشىراق بىر نېمە ئۆگەتسە، رولى بولاتتى، ئۇمۇ يوق. قۇدرىتى بار قەشقەرلىك، تۇرپانلىق سودىگەرلەر قوزغىلىپ مۇنتىزىم مەكتەپ ئاچسا، ئارقىدىن باشقىلارمۇ قوشۇلۇپ بالىلىرىنى ئوقۇتسا، مائارىپ يۇقىرى كۆتۈرۈلەتتى ئەمەسمۇ! يول باشلايدىغان ئادەم يوق. تەرتىپلىك مۇنتىزىملاشتۇرۇلغان مەكتەپ بولسا بۇ كىشىلەر تولىمۇ ئىقتىدارلىق بولغاندىكىن، تېزلا تەرەققىي قىلدۇرالايدۇ ئەمەسمۇ! بۇ يەردىكى كىشىلەر ئەڭ زۆرۈر دەپ قارايدىغىنى شۇ ئىشنى باشلاپ كۈچىنىڭ بارىچە چۈشەندۈرىدىغان كىشىنىڭ يوقلۇقى. چۈشەندۈرەلىسە ھېچكىممۇ قارشى تۇرمايدۇ ئەمەسمۇ! ئۇلار ئەگىشىدىغانلا كىشىلەردىن تۇرسا.»

مانا بۇ ئۇچۇردىنمۇ 1915-يىلىدىن ئىلگىرى تېخى تۇرپان ئاستانىدە جەدىدچە مەكتەپنىڭ ئېچىلمىغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. «تۇرپان ئاستانىدە 1913-يىلى يېڭىچە مەكتەپ ئېچىلغان» دېگەن قاراش ئەينى يىللىرى ھەيدەر سايرانى ئەپەندىدە ئوقۇغان بىر قىسىم ئوقۇغۇچىلارنىڭ 50 — 60 يىللار ئۆتكەندىن كېيىنكى ئەس-

www.uyghurkitap.com

لەشلىرى ئاساسىدا ئوتتۇرىغا چىقىپ مۇقىملىشىپ قالغان. ھالبۇ-
كى، ئەسلىمە كۈندىلىك خاتىرىنىڭ ۋە ئەينى چاغدىكى گېزىتكە
بېسىلغان ئۆچۈرنىڭ ئورنىنى باسالمايدۇ. شۇڭا، بۇ توغرۇلۇق ئې-
نىقلىقى يۇقىرى ئۆچۈرنى ئاساس قىلىش مۇۋاپىق، دەپ قارايمەن.

* * *

مۇھەببۇللا ئەپەندى بىلەن گۈلەندەم ئابىستاي تۇرپان ئاستانىگە
يېتىپ بارغاندىن كېيىن ئۇلارنى تەكلىپ بىلەن ئاستانىگە كەلتۈر-
گەن مۇھەببەتلار جەمەتى بۇ ئىككى ياش مائارىپچىغا ماددىي ۋە مەنىۋى
ياقتىن ناھايىتى ياخشى مۇئامىلە قىلغان. گۈلەندەم ئابىستاي خاتىد-
رىسىدە بۇ توغرۇلۇق مۇنداق يازغان: «چوڭ دەرۋازىدىن كىرگەندە
مەسچىت، ئۇنىڭ ئارقىسىدا چىرايلىق مەكتەپ بىناسى بار بولۇپ،
ئۇنىڭ يېنىدا بىزگە ئاجرىتىلغان ئۆيلەر بار ئىكەن»، «تەبىئىي
شارائىتى، مەئىشەت جەھەتتىن چۆچەكتىكە سىلىشتۇرغاندا نەچچە
ھەسسە ياخشى، گۈزەل تۇرمۇشتا ياشاشقا باشلىدۇق. ئەتراپ ياپىي-
شىل يېمىشلىك باغلار، گۈزەل كۆرۈنۈشلەر، سارايدەك ئۆيلەر...»
دېمەك، ئۇلار تۇرپان ئاستانىدە مۇھەببەتلارنىڭ كۆرسەتكەن ھۆرمەت
ۋە شەرت - شارائىت جەھەتتىكى ئورۇنلاشتۇرۇشلىرىدىن ئالاھىدە
مەمنۇن بولغان.

شىنجاڭدىكى جەدىدچە مائارىپنىڭ دەسلەپكى ئاۋانگارتلىرىدىن
بىرى بولغان گۈلەندەم خەبىبۇللىنا پۈتكۈل مائارىپ - ئاقارتىش پا-
ئالىيىتىنىڭ ئەڭ يارقىن ۋە ئەڭ دەرد - ئەلەملىك ئېغىر كۈنلىرى-
نى تۇرپان ئاستانىدە ئۆتكۈزگەن، ئەڭ يارقىن دېيىشىمىزدىكى سە-
ۋەب شۇكى، ئۇ مۇھەببەتلارنىڭ تۈرتكىسى ۋە ئۆتۈنۈشى ھەم ئۆزىنىڭ
تۇغما ئوقۇتقۇچىلىق قابىلىيىتى بىلەن چەك ئىرادىگە كېلىپ، ئۆز
يۇرتى، ئورۇق - تۇغقان، تونۇش - بىلىشلىرىدىن ئايرىلىپ تۇرپان
ئاستانىگە كەلگەن ۋە ئۇ يەردە تۇنجى بولۇپ قىزلار سىنىپى تەسىس

قىلىپ، قالاقلىق ۋە نادانلىق ئىسكەنجىسىدە ئىڭراۋاتقان بىر خەلقنىڭ كەلگۈسىدە ئانا بولىدىغان قىزلىرىنى زامانىۋى بىلىملەر بىلەن تەربىيەلىگەن. بۇنى بىر يارقىن قەدەم ۋە زور پىداكارلىق دېمەي مۇمكىن ئەمەس، ئەڭ قايغۇلۇق ئىش كۈنلىرىنى ئۆتكۈزگەن دېيىدىشىمىزدىكى سەۋەب شۇكى، گۈلەندەم ئابىستاي تۇرپان ئاستانىدە تۇرغان قىسقىغىنا ئىككى يىل ئىچىدە ئاتىسى، ئۇماق قىزى فاكىھە ۋە قەدىردان ئېرى ھەم ئىلمىي ھەمراھى مۇھىببۇللا خەببۇللىنىدىن مەڭگۈلۈك ئايرىلىپ قالغان. بۇ ئاچچىق قىسمەتلەرنى بىر ئايالنىڭ بېشىغا كەلگەن ئەڭ ئېغىر مۇسىبەت دېمەي مۇمكىن ئەمەس. گۈلەندەم ئابىستاي ئۆزىنىڭ كۈندىلىك خاتىرىسىدە مۇنداق يازىدۇ: «... شۇ ئېغىر قايغۇلۇق قارا كۈن ـ تۈنلەرنى قانداق تەسۋىرلىسەممۇ، تولۇق ئىپادىلەپ بېرەلمەيمەن، ئاخىر سۆيگەن دوستۇڭدىن، 12 يىل بەخت ـ سائادەت ئىچىدە بىللە ياشىغان سىردىشىڭدىن، شۇ رەھىمسىز ئۆلۈم پاجىئەسى تۈپەيلى، چەت ـ يات يەردە ئايرىلىپ، ئىككى كىچىك بالا بىلەن قارا يازمىشىنىڭ ئىختىيارىدا قېلىشتىنمۇ ئېغىر ئەھۋال بولمىسا كېرەك بۇ دۇنيادا! ... » شۇنداق بولسىمۇ، بۇ پىداكار مۇئەللىم قىز ئوقۇغۇچىلىرىغا بىلىم بېرىشنى، ھۈنەر ئۆگىتىشنى يەنىلا ھەممىدىن ئۈستۈن بىلىپ، شۇ مۇسىبەتلىك كۈنلەردىمۇ دەرس ئۆتۈشنى توختىتىپ قويمىغان.

دېمەك، گۈلەندەم ئابىستاي ئائىلىسى بىلەن تۇرپان ئاستانىگە كەلگەندىن كېيىن دەسلەپ مۇھىببۇللا ئەپەندى ئاستانىدىكى مەكتەپتە 50 تىن ئارتۇق ئوغۇل ئوقۇغۇچىنى ئوقۇتقان. گۈلەندەم ئابىستاي ئۆزلىرى ئۈچۈن تەييارلانغان ئىككى ئېغىزلىق ئۆينىڭ بىرىگە ئۇستەل ـ ئورۇندۇقلارنى تىزىپ دەسلەپكى قەدەمدە ئونغا يېقىن قىز ئوقۇغۇچىغا ئېلىپبە، ھېساب، ئەخلاق، ناخشا ۋە دىن دەرسلىرىنى ئۆتۈش بىلەنلا قالماستىن، يەنە تىككۈچىلىك، كەشتىچىلىك ۋە باشقا خىلدىكى يىڭنە، قول ئىشلىرى دەرسى ئۆتۈپ، تۇرپاندىكى ئۇيغۇر خانىم ـ قىزلىرىنىڭ باشلانغۇچ ساۋاتقا ئىگە بولۇشىغا ۋە

قىزلارغا خاس ھۈنەر ـ سەنئەتلەرنى ئىگىلىشىگە يېتەكچىلىك قىلغان. گۈلەندەم ئابىستاي ئىپادىلىگەن بۇنداق يۈكسەك روھ شۇ زاماندىلا ئەمەس، بەلكى بۈگۈنكى كۈندىمۇ ئادا قىلىشقا تېگىشلىك قىممەتلىك پەزىلەتتۇر. بۇنداق ئالىيجاناب روھ ۋەتەن، مىللەتنىڭ بۈگۈنى ۋە كېلەچىكى ھەم بۇنىڭ تۈپ نېگىزى بولغان مائارىپ ئۈچۈن جان كۆيدۈرۈۋاتقان ھەربىر شەخسنىڭ ئۆگىنىشىگە ئەرزىيدۇ. گۈلەندەم ئابىستاي خاتىرىسىدە ئۆزلىرىنىڭ ئاستانىدىكى مائارىپچىلىق ھاياتىنىڭ قانداق باشلانغانلىقى توغرۇلۇق مۇنداق قۇرلارنى يازغان: «قاراڭغۇ يەردە چىراغ يورۇقراق يانۇر، دېگەن بىر ھېكمەتلىك سۆز بار. بىز ياققان ‹چىراغ› نىڭ يورۇقى يىراقلاردا كۆرۈنۈشكە باشلىدى. بىر ـ ئىككى ئايدىن سوڭ ئاستانە يېزىسى ئەتراپىدىكى باشقا يەرلەر — قارىغوجا، تۇيۇق، ئاۋات، چوڭكارىز قاتارلىق يېزىلاردىن باللار ئوقۇشقا كېلىپ ئوقۇغۇچىلار سانى 70 كە يەتتى.»، «مەن بولسام ئۆيدە ئۆزۈمگە تېگىشلىك توققۇز نەپەر قىز ئوقۇغۇچىنى ئوقۇتار ئىدىم. چۆچەكتىكى چېغىمدا 60 — 70 ئوقۇغۇچىنى ئوقۇتۇپ چېنىققان مېنىڭدەك بىر ئوقۇتقۇچى ئۈچۈن ھازىرقى خىزمىتىم تولىمۇ يەڭگىل ئىدى. شۇڭا ئۇلارغا خالىغانچە دەرس بېرەر ئىدىم. يەنە قول ھۈنەرلىرىدىن تىكىش، توقۇش، كەشتىلەش قاتارلىقلارنىمۇ ئۆگىتەر ئىدىم. ئۆزئارا پاراڭلىشىپ ئولتۇرىمىز، چۈش ۋاقىتلىرىدا ئاش پىشۇرىمەن، كۆپىنچە ئۇلار بىللە ئاش پىشۇرىمەن. ئۇلار بىزنىڭ غىزالىرىمىزنى بەك قىزىقىپ ئۆگىنەر، ماڭا بولسا ئۆزلىرىنىڭ مىللىي تاماقلىرىدىن بولغان مانتا، يۇتازا، پوم (موما)، تۇگرە (بەڭشە)، لەڭمەن قاتارلىقلارنى ئېتىشنى ئۆگىتەر. كۈنلىرىمىز ئەنە شۇنداق ئۆتەر ئىدى.»

گۈلەندەم ئابىستاي ئاستانىگە كېلىپ ياندۇرقى يىلى، يەنى 1920 ـ يىلى فاكىھە ئىسىملىك قىزنى تۇغقان، ئەمما بۇ قىزى كېسەل سەۋەبى بىلەن 1922 ـ يىلى يانۋاردا ئۆلۈپ كەتكەن. 1921 ـ يىلى فەرىد دېگەن ئوغلىنى تۇغقان، گۈلەندەم ئابىستاي بىر تەرەپ-

تىن ئانىلىق بۇرچىنى ئادا قىلسا، يەنە بىر تەرەپتىن قىزلارنى ئوقۇتۇشنى ھەرگىز ئاقسىتىپ قويمىغان. 1921 - يىلى ئۇنىڭدا ئوقۇيدىغان قىزلارنىڭ سانى 20 گە يەتكەن. ئېرى مۇھىببۇللا ئەپەندى ئىزچىل ھالدا ئوغۇللارنى ئوقۇتقان. گۈلەندەم ئابىستاينىڭ يېزىشىچە، مۇھىببۇللا ئەپەندى بۇلاردىن تاشقىرى يەنە كەچلىرى چوڭ كىشىلەرنىڭ ساۋاتىنى چىقارغان. 1915 - يىلدىن 1919 - يىلى 5 - ئايغىچە ھەيدەر سايرانىنىڭ قولىدا ئوقۇپ، 4 - سىنىپ مەلۇماتىنى ئالغان ئابدۇللا پەرسا، مۆمىن ئەخمەت، شاۋۇدۇن ئەپەندى، لېتىپ ئەپەندى، مۆمىن ئىمىنباي، دۇگامەت خۇدىيارى، قۇربان سەئىدى، ئەبەيدۇل توختىھاجى، ئابباس نەجىبى، ئەخمەت نەزەر قاتارلىق 40 چە ئوقۇغۇچىنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ يارامىلىق ئوقۇغۇچى ئابدۇرەسۇل ئابدۇقەييۇمى، ئابدۇللا ۋە ھەمدۇللالار ئۇلارغا ياردەمچى ئوقۇتقۇچى سۈپىتىدە ياردەملىشىپ، ئۇلارنىڭ يۈكىنى خېلىلا يەڭگىللەتكەن.

مۇھىببۇللا ئەپەندى بىلەن گۈلەندەم ئابىستاي ئاستانە خەلقىگە ئۆرپ - ئادەت ۋە مەدەنىيەت جەھەتتىمۇ ئۇنتۇلغۇسىز تەسىرات قالدۇرغان. ئاستانە خەلقىمۇ ئۇلارغا ئىنتايىن ياخشى تەسىرلەرنى بەرگەن. گۈلەندەم ئابىستاي خاتىرىسىدە مۇنداق يازغان. «بىزنىڭ ئاسما (پۇرژىنىلىق) بۆشۈكىمىز ئۇلارغا بەك قىزىق تۇيۇلدى. ئومۇمەن، بىزنىڭ ئۆزىمىزمۇ، تۇرمۇشىمىزمۇ، كىيىم - كېچەكىمىزمۇ، ئاش - تامىقىمىزمۇ — ھەممىسى بۇ يەرلىك خەلق (ئۇيغۇرلار) ئۈچۈن تولىمۇ قىزىق ۋە ئۆزگىچە — تاماشا كۆرۈنەر ئىدى. بەك ساددا خەلق، ئەمما ياخشى سۈپەتلىرى كۆپ. ئۇلار بىزلەردىن ئۈلگە ئالىدۇ، تۇرمۇشتا كېرەكلىك ھەربىر يېڭىلىقنى تېز ئۆزلەشتۈرۈۋېلىشقا تىرىشىدۇ. كىيىم - كېچەككە دەزمال سېلىشنى بىلمەس ئىدى، بىزدىن كۆرۈپ تېز ئۆگىنىۋالدى. ئوقۇغۇچى بالىلار كىتاب - دەپتەرلىرىنى ياغلىقلارغا، لاتىلارغا يۆگەپ كېلىشەر ئىدى، بىز بىر - ئىككى ئوقۇغۇچىغا سومكا (بوغچا) تىكىپ بەرگەنىدۇق، ئاردىن

بىر ـ ئىككى ئاي ئۆتمەيلا، بارلىق ئوقۇغۇچىلار سومكا تۇتىدىغان بولۇشتى ...»، «مەن قىز ئوقۇغۇچىلارنى قولۇمدىن كېلىشىچە ئۆز دەرىجىمىزگە يەتكۈزۈشكە تىرىشتىم. ئۇلارنىڭ ھەممىسىگە كۆڭلەك تىكىپ بېرىپ چۆچەك قىزلىرىغا ئوخشاش كىيىندۈردۈم. ئۇلار ئوقۇش ـ يېزىش، ھېساب دەرسلىرىنى تىرىشىپ ئۆگەندى. سۆزگە، ئىشقا، قول ھۈنەرگە ئۆگەتتىم. پايپاق، چىلتەك، باش كىيىم كىيىشكە ئادەتلەندى.» ئۇزاق تارىختا ئاجايىپ پارلاق مەدەنىيەت ياراتقان بىر مىللەتنىڭ پۈشتى بولغان ئاستانە خەلقى ئەجدادلىرىدىن قالغان ئىرسىي گېنىنىڭ ئەۋزەللىكى سەۋەبىدىن نامرات بولسىمۇ غۇرۇرلۇق، قالاق بولسىمۇ ئىنتىلىشچان بولغاچقا يېڭىلىق، تەرەققىيات ھېسابلىنىدىغان ئامىللارغا ئالاھىدە ھېرىسمەن ئىدى. شۇڭا پايدىلىقلا نەرسىلەرنى كۆرگەندە قىزغىن قوللىغان، كەمتەرلىك بىلەن ئۆگەنگەن.

گۈلەندەم ئابىستاي ئاستانە خەلقى توغرۇلۇق توختالغاندا مۇنداق يازغان: «شۇنى ئېيتىپ ئۆتۈشكە تېگىشلىككى، بىز بۇ ئۇيغۇرلارنى قالاق، مەدەنىيەتتە ئارقىدا قالغان خەلق ھېسابلىساقمۇ، بۇ يەردە ياشاش داۋامىدا بۇلاردىن بىرەر قېتىممۇ ئەدەپسىزلىك، تەربىيەسىزلىك، قوپاللىق كۆرمىدۇق. ئەكسىچە، ئۇلار مەدەنىيەتكە تەلپۈنۈش، بىلمىگەنلىرىنى ئۆگىنىشكە تىرىشىش، ئۆگەتكۈچى ـــ ئۇستازلارنى ھۆرمەتلەش، ئۆزلىرىدىكى نادانلىق، خۇراپاتلىقلارغا يىرگىنىش قاتارلىق كۆركەم خۇلقلىرىنى ھەر كۈنى دېيەرلىك ئىپادە قىلار ئىدى.»

شۇنداق قىلىپ مۇھەببۇللا ئەپەندى بىلەن گۈلەندەم ئابىستاي ئىككىيلەن پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن ئوقۇتۇش خىزمىتىگە كىرىشىپ كەتكەن. ئۇلار بۇ جەرياندا خېلىلا رىيازەت چەككەن. مۇھەببۇللا ئەپەندىنى بىر قېتىم چايان چېقىۋېلىپ ھاياتىدىن ئايرىلغىلى تاس قالغان. ھاۋاسى سالقىن جايلاردا ئۆسۈپ چوڭ بولغان بۇ ئىككىيلەننى تۇرپاننىڭ ياز پەسلىدىكى تونۇردەك ئىسسىق ھاۋاسى بەكمۇ بى-

ئارام قىلغان. ئەمما، پەزىلەتلىك بۇ مائارىپچىلار ئارتۇقچە ۋايىسىمى-
غان. گۈلەندەم ئابىستاي خاتىرىسىدە يېزىشىچە گاھىدا ئۇ، بالىلىرى
بىلەن ئىسسىقتىن، چاياندىن زارلىنىپ سۆزلىسە، مۇھىببۇللا ئەپەن-
دى ئۇلارغا كۈلۈپ تۇرۇپ: «بىز ئەمدى ئۇ دۇنياغا بارغاندا، ھەرگىز
دوزاخ ئازابىنى كۆرمەيمىز. چۈنكى مائارىپ نۇرىنى تارقىتىش يو-
لىدا تارتقان بۇ ئازابلىرىمىز، ئەلۋەتتە ھېسابقا ئېلىنغۇسى!» دەپ
تەسەللى بېرىپ، ئۇلارنىڭ كۆڭلىنى كۆتۈرۈپ، ئىرادىسىنى چىڭىد-
تىپ تۇرغان. جاپا ـ مۇشەققەتنى كۆرۈپ ئەقىدىسىنى ئۆزگەرتمەي-
دىغان، ئوقۇتۇش، ئاقارتىش ئىشلىرىنى مۇقەددەس بۇرچ دەپ چۈ-
شىنىدىغان بۇ بىر جۈپ مائارىپچى ئاستانە يېزىسىدا تۇرغان مەز-
گىلدە چايان ۋەھىمىسى بىلەن ئىسسىقنىڭ جاپاسىدىن باشقا ھېچ-
قانداق مۇشەققەت كۆرمىگەن ياكى كۆڭۈل ئاغرىقى تارتمىغان.
شەرت ـ شارائىتى توغرۇلۇق توختالغاندا گۈلەندەم ئابىستاي مۇنداق
يازغان: «مەكتەپ ۋە بىز تۇرغان ئۆيلەرنىڭ ھەممە يېقى چوڭ باغ بو-



مۇھىببۇللا ئەپەندىنىڭ ئاستانىدىكى قەبرىسى

لۇپ، يېمىش دەرەخلىرى بىلەن قاپلانغان، مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى ئىشىكىمىز ئالدىغىچە ھەر تۈرلۈك گۈل ـ چېچەكلەرنى تىرىۋەتكەندى. ئىشىكتىن چىقساڭ ئۆزۈڭنى نەق جەننەتتە تۇرغاندەك ھېس قىلىسەن. ھازىر مانا يېمىشلەرنىڭ ــ ئۆرۈك، ناك، ئانار، نەشپۈت، شاپتۇل، قوغۇن، تاۋۇزلارنىڭ پىشقان ۋاقتى بولۇپ، بۇ نازۇ نېمەتلەر كۈنبويى ئالدىمىزدا تۇرىدۇ ...»

1922 ـ يىلى 5 ـ مارت كۈنى مۇھىببۇللا ئەپەندىنىڭ 42 يېشىدا جىددىي كېسەل بىلەن قازا قىلغانلىقى گۈلەندەم ئابىستايىنىڭ بېشىغا كەلگەن زور كۈلپەت بولغان. بۇ ئېغىر مۇسىبەت گۈلەندەم ئابىستايىنى بەكمۇ ھەسرەتتە قويغان. ئۇ قەدىناس ئېرى ۋە ئىلمىي ياردەمچىسى مۇھىببۇللا ئەپەندىدىن ئايرىلغان ئەھۋالدا ئىككى ئوغلى بىلەن ئاستانىدە داۋاملىق ئوقۇتقۇچىلىق قىلىشقا كۆزى يەتمەي چۆچەكتىكى تۇغقانلىرىنىڭ يېنىغا قايتىپ كېتىش ئۈچۈن مۇھىتلارنىڭ چوڭلىرىدىن رۇخسەت سورىغان. ئۇزاق ئۆتمەي بىر كۈنى «چوڭ ئاپا» (گۈلەندەم ئابىستاي مۇھىتلارنىڭ ئانىسىنى خاتىرىسىدە باشتىن ـ ئاخىر شۇنداق ئاتىغان) ئابىستايغا «ئاۋۇستەي بالام، ئەمدى بىز مۇشۇ ئۈچ ـ تۆت كۈن ئىچىدە ئۇرۇمچىگە ماڭىدىغان بولدۇق، خۇدا خالىسا ئۆزۈم بىللە چىقىپ يولغا سېلىپ قويىمەن. سىزنى كېتىدۇ، دەپ ھەممىمىز خاپا، شۇنداقتىمۇ، ئەپەندىم بولمىغاندىن كېيىن سىزنى بۇ يەرلەردە تۇتۇپ قېلىش يەنىلا توغرا ئەمەس. يەنىلا ئۆز يۇرتىڭىزغا يېنىپ كەتكىنىڭىز سىز ئۈچۈن ئوبدانراق چېغىۋا. ئەمدى سىزنى يولغا سېلىپ قويۇش ــ بىزلەرگە پەرز. بىزلەردىن رازى بولۇڭ! بىزلەر سىزنى قانداق رازى قىلىشنى بىلەلمەي خىجىل ...» دېگەن.

گۈلەندەم ئابىستاي ئاستانىدىن قايتىش ھارپىسىدىكى ئىشلارنى خاتىرىسىدە مۇنداق يازغان: «ئەتىلىككە كېتىمىز، دېگەن كۈنى مەن ئوقۇغۇچىلىرىمنى ئېلىپ قەدىرلىك دوستۇمنىڭ ــ مەرھۇمنىڭ قەبرىسىگە خوشلىشىشقا باردىم. ئۇ يەردە ئەلپەتتە غوجام مازىرىدا

تۇرغۇچى قارىي قۇرئان ئوقۇدى. ئۇنىڭغا سەدىقە بەردىم ۋە ئۇنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنمۇ ھېيت ـ ئايەم كۈنلىرىدە مۇئەللىمگە ئاتاپ دۇئا ئوقۇپ تۇرۇشنى ئۆتۈندۈم. ئۇنىڭدىن كېيىن مەرھۇمنىڭ قەبرىسىگە كۆز ياشلىرىمنى ئېقىتىپ يىغلىدىم. يىراقتىكى يۇرتقا ئىككى بالامنى ئەگەشتۈرۈپ، قانىتى سۇنغان قۇش ئوخشاش كېتىدىغانلىقىمنى زارلىنىپ ـ مۇڭلىنىپ سۆزلىدىم، مەڭگۈگە خوشلاشتىم ... مەن يىغلاپ ـ قاقشاپ ئۆيگە يېنىپ كەلگەندە، ئۇ يەرگە خوتۇن ـ قىزلار، ئوقۇغۇچىلار توشۇپ كېتىپتۇ. داستىخان سېلىپ تۈرلۈك تائاملارنى تىزىپ، چاي ھازىرلاپ مېنى كۈتۈپ تۇرغانىكەن. ئۇلارنىڭ بۇنچىلىك كۆركەم مۇئامىلىسىگە بىر ياقتىن ھەيران قېلىپ ئەجەبلەنگەن بولسام، يەنە بىر ياقتىن ئوڭايسىزلىنىپ ئۇيىلىپ كەتتىم.»

مۇھەتىلار جەمەتىنىڭ چوڭلىرىدىن چوڭ ئانا، مەھمۇد مۇھەتى بىلەن ھەيدەر سايرانى ئەپەندى قاتارلىقلار كېڭىشىپ گۈلەندەم ئابىستايىنى ئىززەت ـ ئىكرام بىلەن 1922 ـ يىلى 8 ـ ئىيۇن كۈنى ئىككى ھارۋىدا ئۈرۈمچىگىچە ئۇزىتىپ داۋانچىڭ يولى بىلەن ماڭغان. گۈلەندەم ئابىستايىنىڭ كۈندىلىك خاتىرىسىدىن مەلۇم بولۇشىچە، ئۇ مۇھەتىلارنىڭ ئۆزىگە تۇتقان ئىنسانىي مۇئامىلىلىرىدىن قاتتىق تەسىرلىنىپ، بەرگەن ئىش ھەققىدىن مەمنۇن بولۇپ ئۇلارغا كۆپ تەشەككۇر بىلدۈرگەن. ئۇلار بەش كۈن يول يۈرۈپ ئۈرۈمچىگە يېقىنلاشقاندا گۈلەندەم ئابىستايىنىڭ ئىككىنچى ئوغلى فەرىدكە چېچەك چىقىپ قالغان. ئۇلار ئۈرۈمچىدە «چوڭ ئاپا» نىڭ قۇدىسى ئابدۇجەلىل بايىنىڭ قورۇسىدا بىرنەچچە كۈن تۇرغان. فەرىدنىڭ چېچەكلىرى ئۆچۈپ ساقايغان. گۈلەندەم ئابىستايىنىڭ ئۈرۈمچىگە كەلگەنلىكىنى ئۇققان بىر قىسىم تاتارلار ئۇنى يوقلاپ ئەھۋال سوراپ كەلگەن. چۆچەكتىكى چاغدا قىزلىرى گۈلەندەم ئابىستايىدا ئوقۇغان رەھىمجان باي (رەھمانباييېف) نىڭ ئائىلىسىدىكىلەر گۈلەندەم ئابىستايىنى كونسۇل كوچىسىدىكى ھەشەمەتلىك قورۇسىغا

چۆچەككە ماڭىدىغان كىراكەش تېپىلغۇچە تۇرۇشقا تەكلىپ قىلىپ ئېلىپ كەتكەن. گۈلەندەم ئابىستاي رەھىمجان باينىڭ ھەشەمەتلىك قورۇسىنى ۋە ئۇلارنىڭ راھەت ـ پاراغەتلىك تۇرمۇشىنى كۆرگەن چاغدىكى ھەيرانلىق ھېسسىياتىنى ئۆز خاتىرىسىدە مۇنداق يازغان:

«ئۇرۇمچىنىڭ ياڭخاڭ دېگەن كوچىسىدىكى چوڭ ھويلا، چىرايلىق سېلىنغان ئۆيلەر، ياسىداق جاھازلانغان بۆلمىلەر، ئۆي ئارقىسىدا كاتتا باغ، باغ ئوتتۇرىسىدا شىرىلداپ ئېقىۋاتقان ئۆستەڭ، شۇ ئۆستەڭ بويىدا چىرايلىق شىپاڭلار. بايلارنىڭ بايلارچە باياشات، ئازادە، كۆڭۈللۈك تۇرمۇشلىرى. تېخى يېقىندىلا شۇ يەردە چوڭ قىزى تاجى خانقىزنى ئەمىنجان باينىڭ سالىھجان ئىسىملىك ئوغلىغا بېرىپ، توي ئۆتكۈزگەنىكەن. توي تېخى تۈگىمىگەن بولۇپ، مېھماندارچىلىق، ئويۇن ـ كۈلكە داۋاملاشماقتا ئىدى. ئومۇمەن، شاد ـ راھەت ياشايدىكەن. بۇ دۇنيادا پېقىرلىق، مۇساپىرلىق، قايغۇلۇق قارا كۈنلەرنىڭ بولۇشىنى بۇ ئائىلە كىشىلىرى ئويلاپمۇ قويمايدۇ ۋە بىلمەيدۇ. بۇ كۈنلەردە ئۇلار بەختلىك ياشىشىدۇ.

ئۇلار كېچىچە ئويناپ ـ كۈلۈشۈپ، يەپ ـ ئىچىشىپ ئۇزاق ئولتۇرۇپ كەچ ياتقانلىقتىن، ئەتىسى بۇ ئائىلىدىكىلەرنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك قاتتىق ئۇيقۇدا ياتىدۇ. مەن بولسام ئورنۇمدىن تۇرۇپ يۇيۇنۇپ، كىيىنىپ بولغاندىن كېيىن، فەرىدنى كۆتۈرۈپ باغقا چىقىمەن. ئۇنى باغرىمغا بېسىپ، ئۇنىڭ تىرىك قالغانلىقىغا شۈكرانىلىك بىلدۈرۈپ، ئۆزۈمگە تەسەللى تاپىمەن. سائەت توققۇزلاردا ئائىلىدىكىلەر بىر ـ بىرلەپ ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشىدۇ، كېيىن كۆركەم شىپاڭلاردا چاي ئىچىشىدۇ. يەنە يېيىش ـ ئىچىش باشلىنىپ، مېھمانلار كېلىشكە باشلايدۇ، كۈنلەر يەنە ئويۇن ـ كۈلكە بىلەن ئۆتىدۇ ...

‹بۇ دۇنيادا بۇنداق تۇرمۇشلارمۇ بار ئىكەن ـ ھە!› دەپ، ھەيران بولۇپ قاراپ قالىمەن. ئاھ، بايلار شۇنداق ياشار ئىكەن! ...

بەزى كۈنلىرى مېنى ئەمىنجان باينىڭ ئايالى، ئايشاخان تەتەلەر چاقىرىپ كېلىدۇ، ئۇلارنىڭكىگە بېرىپ 2 ــ 3 كۈن تۇرۇپ يېنىپ

كېلىمەن. ئۇلارمۇ ئاشۇنداق ‹بايلارچە تۇرمۇش› كەچۈرىدۇ!»

كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇكى، يارقىن غايىگە، ئۆچمەس ئەقىدىگە ئىگە مائارىپچى گۈلەندەم ئابىستاي ئۆزىنىڭ مائارىپچىغا خاس قىممەت ئۆلچەملىرى بىلەن بۇ بايلارنىڭ راھەت ـ پاراغەتلىك چۈشكۈن تۇرمۇشىغا تەنقىدىي نەزەر تاشلىغان.


گۈلەندەم ئابىستاي ئۈرۈمچىدە بىرەر ئايچە تۇرۇپ، چۆچەكلىك گەرەي چانىشېف دېگەن كىراكەشكە 300 سەر كىرا ھەققى بېرىپ ھارۋا بىلەن چۆچەككە قاراپ يول ئالغان. گۈلەندەم ئابىستايلارنىڭ ئۈرۈمچىدىن چۆچەككىچە بولغان بۇ سەپىرى تولىمۇ مۇشەققەتلىك بولغان. بۇ توغرۇلۇق ئۇ ئۆزىنىڭ كۈندىلىك خاتىرىسىدە مۇنداق يازغان: «سەپىرىمىز تولىمۇ مۇشەققەتلىك بولدى. يۈكلىرىمىز ئېغىر، ئاتلار ئورۇق، قۇتۇبى، ماناس، شىخۇ دەريالىرىنىڭ سۈيى ئۇلغىيىپ تاشقىن كەلگەن چاغ؛ ماناس دەرياسىدىن يوغان ئىككى چاقلىق پىڭلىق، سۇدا ئۈزەلەيدىغان ئالتە ـ يەتتە ئات قېتىلغان ‹خاڭلىق› ھارۋىغا ئولتۇرۇپ ئۆتتۇق. بۇ دەريالارنىڭ بىرەرسىدىمۇ كۆۋرۈك يوق ئىكەن. سەھەر سۇ ئازايغان چاغدىلا ئۆتۈشكە مۇمكىن بولۇپ، چۈشتىن كېيىن سۇ ئۇلغايغان ۋاقىتتا دەريادىن ئۆتكىلى بولمايدىكەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە بىز ئولتۇرغان ھارۋىنىڭ ھارۋىكىشى ئاۋبەكىر دېگەن 14 — 15 ياشلاردىكى قازاق مالاي بولۇپ، تەجرىبىسىز، دىتسىز ئىكەن. ئۆمرىدە ئات ھارۋا دېگەننى ھەيدەپ كۆرمىگەن ئوخشايدۇ. ھارۋىمىزنى نەچچە قېتىم ئاغدۇرۇۋەتتى ...» ئۇلار 1922 ـ يىلى 4 ـ ئاۋغۇست، يەنى قۇربان ھېيتنىڭ 2 ـ كۈنى چۆچەك شەھىرىگە يېتىپ كەلگەن. چۆچەكتىكى تاتار جامائىتى گۈلەندەم ئابىستاينى بەكمۇ قىزغىن كۈتۈۋالغان. چۈنكى گۈلەندەم ئابىستاي تۇرپانغا كەتكەن يىللاردا چۆچەكتىكى تاتارلار قىزلىرىنى تەربىيەلىگۈدەك بىرەر ياراملىق ئايال مۇئەللىمگە ئېرىشەلمىگەن. گۈلەندەم ئابىستاي بۇ ئەھۋالنى ئۆز خاتىرىسىدە مۇنداق يازغان: «بىزلەر كېتىپ شۇ كۈنگە قەدەر چۆچەك قىزلىرى بىرەر مۇئەللىمدىن

www.uyghurkitap.com

تۈزۈككىنە تەلىم ـ تەربىيە ئالالماپتۇ. ئەكرەم ھەزرەتنىڭ قىزى جەننەت خانقىز شەمەيدىن كېلىپ بىر قىش ئوقۇتقان بولسىمۇ، لې- كىن كېيىنكى يىلى ئۇ ۋاپات بولۇپتۇ. مۇراد ئەپەندىنىڭ قىزى فا- تىمەمۇ ئوقۇتماقچى بولغانىكەن، بىراق نېمە سەۋەبتىندۇر قىزلار- نىڭ ئوقۇغۇسى كەلمەي، دەرسكە كەلمەپتۇ. مۇراد ئەپەندىدىن قورققان ناھايىتى ئاز ساندىكى كىشىلەرنىڭ قىزلىرىلا ھازىرغا قەدەر ئوقۇۋېتىپتۇ. گۈلسۇم ئابىستاي ئىسىملىك بىر خانىممۇ ئازراق قىزلارنى ئوقۇتۇۋېتىپتۇ. يەنە رۇسىيەدىن كەلگەن بىر تاتار قىزى مۇئەللىمە بولۇپ قىزلارنى بىرەر يىل ئوقۇتقانىكەن، كېيىن ئاغرىپ ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قاپتۇ. ساقىيىشىدىن ئۈمىد يوق ئىكەن ...»

گۈلەندەم ئابىستاي چۆچەككە كەلگەندىن كېيىن چۆچەكتىكى تا- تار بايلىرىدىن مىرىيۇسۇف بىلەن فەيزراخمان گۈلەندەم ئابىستايغا قىزلارنى ئوقۇتۇش ھەققىدە تەكلىپ بەرگەن. شۇنىڭ بىلەن مائارىپ- قا بولغان ئەقىدىسى زىيادە كۈچلۈك تۇغما مۇئەللىم گۈلەندەم ئا- بىستاي بىر كىشىنىڭ ئۆيىنى ئىجارىگە ئېلىپ 60 — 70 تەك قىز- نى مەلۇماتىغا قاراپ 1 ـ سىنىپتىن 4 ـ سىنىپقىچە ئايرىپ ئوقۇ- تۇشنى باشلىغان. شۇ يىلى ئۇنىڭ چوڭ ئوغلى فاتىخ رۇس مەكتەپكە ئوقۇشقا كىرگەن. 1923 ـ يىلى 5 ـ ئايدا گۈلەندەم ئابىستاي بۇ ئو- قۇغۇچىلىرىدىن چۆچەك جامائىتىنىڭ ئالدىدا ئاشكارا ئىمتىھان ئېلىپ، كىشىلەرنى بەكمۇ قايىل قىلغان. شۇ يىلى كۈزدە خەسەن ئاقساقال دېگەن تاتار باي «خەسەن ئاقساقال مەكتىپى» دېگەن مەك- تەپنى قۇرۇپ، بۇنى مەخسۇس قىزلارنى ئوقۇتىدىغان مەكتەپ قىل- غان. بۇ مەكتەپكە گۈلەندەم ئابىستاينى ئوقۇتقۇچىلىققا تەكلىپ قىلغان. مەكتەپنىڭ پۈتۈن تەمىناتى خەسەن ئاقساقال تەرىپىدىن تەمىنلەنگەن. گۈلەندەم ئابىستاي بۇ مەكتەپتە 15 ياشلىق ياردەمچى- سى گۈلسۇم بىلەن 70 تەك قىزنى بىللە ئوقۇتۇشقا باشلىغان. گەر- چە خەسەن ئاقساقال ئادەمنىڭ يۈرىكىنى سىقىدىغان تارچىلىقلارنى

پەيدا قىلىپ، گۈلەندەم ئابىستاينىڭ نورمال ئوقۇتۇشقا تەسىر يەت-كۈزگەن بولسىمۇ، ئەمما بۇ مەكتەپ مەشھۇر تاتار مائارىپچى ئاب-دۇللا بوبى 1914 ـ يىلى غۇلجا شەھىرىدە قۇرغان «مەكتەپى نۇر» ناملىق قىزلار مەكتىپىدىن كېيىن قۇرۇلغان ئۆلچەملىك قىزلار مەكتىپى ئىدى. خەسەن ئاقساقال 1927 ـ يىلى مەكتەپ بىناسىنىڭ




گۈلەندەم ئابىستاينىڭ 1926 ـ يىلى ئوقۇغۇچىسى غايىشە چانىشىۋانىڭ ئالبومىغا يېزىپ قالدۇرغان خاتىرىسى

www.uyghurkitap.com

بوشتىلىشىنى تەلەپ قىلىپ، بارلىق ئۆيلەرنى قايتۇرۇۋالغان. گۈلەندەم ئابىستاي بۇ ئىش توغرۇلۇق بەزى ئاقساقاللارنى ئىزدىگەن بولسىمۇ، ئۈنۈمى بولمىغان. سىنتەبىر ئېيىنىڭ يېتىپ كېلىشى بىلەن گۈلەندەم ئابىستاي ئوقۇغۇچىلىرىنى قەيەردە ئوقۇتۇش مەسىلىسى ئۈستىدە تېخىمۇ باش قاتۇرغان. ئىلاجسىز ئىلگىرىكىدەكلا ئىجارە ئولتۇرۇۋاتقان ئۆيىنى سىنىپ قىلىپ، تەلىم ـ تەربىيە ئىشلىرىنى نورمال ئېلىپ بېرىشنى نىيەت قىلغان. لېكىن خەسەن ئاقساقال پارتا ـ ئورۇندۇقلارنىمۇ ئېلىپ قالغاچقا، پارتا ـ ئورۇندۇق تەييارلاش مەسىلىسى بىر قىيىن مەسىلە بولغان. تىرىشچان گۈلەندەم ئابىستاي ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئاتا ـ ئانىلىرىنى ھەرىكەتلەندۈرۈپ يۈرۈپ، پارتا ـ ئورۇندۇق مەسىلىسىنىمۇ ھەل قىلغان. باشتىن ئۆتكەن تەجرىبە ـ ساۋاقلار ۋە كۈندىن ـ كۈنگە ئوقۇش ئارزۇسىدا چوڭ بولۇۋاتقان قىزلار مۇنتىزىم مەكتەپ ئېچىشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى تېخىمۇ كۈچلۈك ھېس قىلدۇرغان. ئاخىر ۋىجدانلىق، مائارىپ ئەقىدىسى كۈچلۈك گۈلەندەم ئابىستاي ئۆزى مەكتەپ قۇرۇش قارارىغا كېلىپ ئەينى ۋاقىتتا يولدىشى مۇھەببۇللا ئەپەندىدىن قالغان 1000 سەر پۇلغا ئۆزى ئىقتىساد قىلىپ توپلىغان 2000 سەر پۇلنى قوشۇپ، 1928 ـ يىلى چۆچەك شەھىرىدىكى كۆك كۆۋرۈكنىڭ غەربىي جەنۇبىدىكى ئۆستەڭ بويىدىن بىر پارچە يەر سېتىۋېلىپ مەكتەپ سېلىشقا تۇتۇش قىلغان. بۇنىڭدىن تەسىرلەنگەن مۇھەببۇللا ئەپەندىنىڭ شاگىرتلىرى 1000 سەر پۇل ئىئانە توپلاپ ياردەم قىلغان. نەتىجىدە، گۈلەندەم ئابىستاي بۇ مەكتەپنى 1928 ـ يىلى 9 ـ ئايدا پۈتكۈزۈپ ئوقۇش باشلىغان. چۆچەك خەلقى بۇ مەكتەپنى گۈلەندەم ئابىستاينىڭ نامىدا «مەكتەپى گۈلەندەمىيە» دەپ ئاتىغان. لېكىن، گۈلەندەم ئابىستاي ئۆزى بولسا باشقىلارنىڭ ئۆيىنى ئىجارىگە ئېلىپ ئولتۇرۇۋەرگەن. شۇ يىللاردا ئۇنىڭ تۇرپاندا تۇغۇلغان ئىككىنچى ئوغلى فەرىد قازا قىلىپ كەتكەن.

گۈلەندەم ئابىستاي بۇ مەكتەپنى بەكمۇ ياخشى باشقۇرغان. بۇ

مەكتەپنىڭ داڭقى ئۇزاق ئۆتمەي ئەتراپقا تارالغان. 1934 ـ يىلىنىڭ ئاخىرى پۈتكۈل شىنجاڭ بويىچە ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ «مەدەنىيەت ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى» قۇرۇلۇپ، مائارىپ ئىشلىرى يېڭى گۈللىنىش باسقۇچىغا كىرگەن. نەتىجىدە، چوڭ چەكتە يېڭى باشلانغۇچ مەكتەپلەرنى سېلىشقا تۇتۇش قىلىنغان. لېكىن سېلىنىۋاتقان بۇ مەكتەپلەرگە ئوقۇتقۇچى كەمچىل ئىدى. شۇ ۋاقىتتا مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلار گۈلەندەم ئابىستايغا ئوقۇتقۇچى يېتىشتۈرۈپ بېرىشنى ھاۋالە قىلغان. گۈلەندەم ئابىستاي يىللاردىن بېرى ئۆزى تەربىيەلىگەن قىزلاردىن دەسلەپكى قەدەمدە 20 چە قىزنى تاللاپ، جەمئىيەتتىن تەجرىبىلىك ئوقۇتقۇچىلاردىن بىرنەچچىنى تەكلىپ قىلىپ، ئىككى يىل تىرىشىش ئارقىلىق، بۇ ئوقۇغۇچىلارنى ئوقۇتۇش لاياقىتىگە ئىگە ئوقۇتقۇچىلارغا ئايلاندۇرغان. بۇ نەتىجە يېڭى مەكتەپلەرگە ئوقۇتقۇچىسى يوق بولۇشتەك قىيىنچىلىقنى دەسلەپكى قە-



بۇ سۈرەت 1939 — 1940 ـ يىلىدا چوڭ چەكتە ئوقۇتقۇچى يېتىشتۈرۈش كۇرسىدىكى ئوقۇتقۇچى، ئوقۇغۇچىلارنىڭ سۈرىتى، ئالدىنقى رەت ئوڭدىن 4 ـ كىشى گۈلەندەم ئابىستاي، 5 ـ كىشى چوڭ چەك ۋالىيسى جاۋ چەنخىڭنىڭ ئايالى.

دەمدە ھەل قىلغان. شۇ قاتاردا «مەھمۇدىيە ئۇيغۇر قىزلار مەكتىپى»، «مەقسۇدىيە قىزلار مەكتىپى» مۇ يېڭى ئوقۇتقۇچىلارغا ئېرىشكەن. شۇ چاغدا يېڭىدىن ئېچىلغان قىزلار مەكتەپلىرىنىڭ ھەممىسىگە گۈلەندەم ئابىستاي يېتەكچىلىك قىلغان. ئۇ ھەرقايسى قىزلار مەكتەپلىرىنىڭ ئوقۇش - ئوقۇتۇش ئىشلىرىغا يوليورۇق كۆرسىتىپ تۇرغان. ئۆز مەكتىپىدە بولسا مۇدىرلىق ۋەزىپىسىنى ئىزچىل ئۆتەپ كەلگەن. گۈلەندەم ئابىستاي چۆچەكتىكى يېزا - قىشلاقلاردا ئېچىلغان قىزلار مەكتەپلىرىگىمۇ ئۇزۇكسىز ھالدا ئوقۇتقۇچى يېتىشتۈرۈپ بەرگەن. ئۇنىڭ ئۆيى شۇ چاغقىچە مەكتەپ قىلىنغاچقا ئۆزىنىڭ تۇرمۇشى تولىمۇ قولايسىزلىق ئىچىدە ئۆتكەن. 1937 - يىلى مۇھەتىلار جەمەتىنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئوقۇپ شىنجاڭغا قايتقان باللىرى چۆچەكتە گۈلەندەم ئابىستاينىڭ ئىجارە ئۆيدە ئولتۇرۇپ، ئۆز ئۆيىنى سىنىپ قىلىپ مائارىپ بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئۆزلىرىنىڭ چۆچەكتىكى سودا كانتورىنى گۈلەندەم ئابىستاينىڭ قىزلار ئۈچۈن مەكتەپ ئورنى قىلىپ ئىشلىتىپ تۇرۇشىغا تاپشۇرۇپ بەرگەن. شۇنىڭ بىلەن گۈلەندەم ئابىستاينىڭ توققۇز يىل مەكتەپ قىلغان ئۆيى ئۆزىگە قالغان. مۇھەتىلار جەمەتىنىڭ ئوغۇللىرى گۈلەندەم ئابىستاينىڭ مەكتەپ قىلىشى ئۈچۈن بوشىتىپ بەرگەن كانتور قورۇ باغلىرى بار، 14 ئېغىز ئۆيى بار ئازادە قورۇ ئىدى. گۈلەندەم ئابىستاي بۇ يېڭى مەكتەپتە 14 مۇئەللىم، سەككىز سىنىپ، 255 ئوقۇغۇچى بىلەن خۇشال ھالدا مائارىپچىلىق ھاياتىنى باشلىغان. 1938 - يىلى شىنجاڭ ئۆلكىلىك مائارىپ نازارىتىنىڭ مۇئاۋىن نازىرى قۇربان سوۋېت ئىتتىپاقىغا زىيارەتكە بېرىپ قايتىشىدا چۆچەككە چۈشۈپ، مەكتەپلەرنى كۆزدىن كەچۈرگەندە «گۈلەندەمىيە مەكتىپى» نى ئالاھىدە ماختىغان. شۇ يىلى كۈزدە شېڭ شىسەي ھۆكۈمىتى مۇھەتىلارنىڭ كانتور قورۇسىنى «خائىنىنىڭ مۈلكى» دەپ مۇسادىرە قىلغان. شۇنىڭ بىلەن بۇ مەكتەپ ھۆكۈمەت قارىمىقىغا ئۆتكۈزۈلگەن. مەكتەپنىڭ نامى



1939 ـ يىلى تارتىلغان بۇ سۈرەتتىكى خانقىزلار چۆچەك ۋىلايەتلىك 1 ـ قىزلار مەكتىپىنىڭ ئوقۇتقۇچىلىرى

«چۆچەك 1 ـ قىزلار مەكتىپى» قىلىپ ئۆزگەرتىلگەن. ئەمما چۆچەك خەلقى بۇ مەكتەپنى يەنىلا «گۈلەندەمىيە مەكتىپى» دەپ ئاتاشقان. 1939 ـ يىلى چۆچەك دارىلمۇئەللىمىن مەكتىپىنى پۈتكۈزگەن يەتتە نەپەر ئوقۇغۇچى بۇ مەكتەپكە تەقسىم قىلىنغان. تۇرمۇشتا ئاددىي ـ ساددا، مىجەزى مۇلايىم، ئېسىل خىسلەتكە، ئوقۇتۇش جەھەتتە ئالاھىدە مېتودقا ئىگە گۈلەندەم ئابىستاي بۇ مەكتەپنىمۇ ناھايىتى ياخشى باشقۇرۇپ، چۆچەك خەلقىنىڭ ھۆرمىتى ۋە قايىللىقىغا ئېرىشكەن.

1944 ـ يىلى يازنىڭ ئاخىرلىرى ئىلقا تاغلىرىدا ئىنقىلاب پارتلىغان. 1944 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت قۇرۇلغان. ئەنە شۇ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى مەزگىلىدە ھەرقايسى ئۈچ ۋىلايەت تەۋەسىدىكى مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيەت ـ مائارىپ ئىشلىرى جۇش ئۇرۇپ راۋاجلىنىشتەك ئىمكانىيەتكە ئېرىشكەن. 1945 ـ يىلى دېكابىر ئېيىدىكى تەكشۈرۈشتە «گۈلەندەمىيە مەكتىپى» دە 170 نە-



گۈلەندەم ئابىستاينىڭ 1942 ـ يىلى چۆچەكتە ئوقۇغۇچىلىرى بىلەن چۈشكەن خاتىرە سۈرەت (ئىككىنچى رەت ئوتتۇرىدىكى ئايال گۈلەندەم ئابىستاي)

پەر ئوقۇغۇچى بارلىقى خاتىرىلەنگەن. 1946 ـ يىلى تارباغاتاي ۋىلا-يىتى بويىچە مەكتەپلەرنى ھەر تەرەپتىن باھالاشتا «گۈلەندەمىيە مەكتىپى» نىڭ نەتىجىسى چۆچەك شەھىرى بويىچە بىرىنچى بول-غان. شۇ يىلى ۋىلايەتلىك مائارىپ ئىدارىسى گۈلەندەم ئابىستاي قا-تارلىق مائارىپچىلارنى مۇكاپاتلىغان. ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتى شىڭ شىسەي ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن مۇسادىرە قىلىنغان يەر ـ زېمىن، مال ـ مۈلۈكلەرنى ئىگىلىرىگە قايتۇرغاندا، مۇھتىلارنىڭ كانتور قورۇسىمۇ قايتۇرۇلغان. ئەمما، مۇھتىلارنىڭ تەرەققىيپەرۋەر، پىداكار ئوغۇللىرى بۇ قورۇنى داۋاملىق مەكتەپ قىلىپ ئىشلە-تىشكە بەرگەن. بۇ ئىش شۇ چاغدا گېزىتلەردە خەۋەر قىلىنغان. گۈلەندەم ئابىستاي مۇشۇ مەزگىلدە يەنە ۋىلايەتلىك قىز ـ ئاياللار جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى بولۇپ سايلىنىپ، ھەر مىللەت قىز ـ ئا-

يالىلىرىنىڭ جەمئىيەتتىكى ئورنىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش جەھەتلەردە نۇرغۇن خىزمەتلەرنى ئىشلىگەن. ئۇ ئۆزىنىڭ ھەر مىللەت خەلق مائارىپىنىڭ تەرەققىياتىغا قوشقان زور تۆھپىسى ئارقىلىق، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى ھۆكۈمىتىنىڭ كۆرەش ئوردېنى، ساداقەت مېدالىغا ئېرىشكەن ۋە باشقا مۇكاپاتلار بىلەن مۇكاپاتلانغان. تارباغاتاي «ئىنقىلابىي ياشلار» ژۇرنىلىنىڭ 1947 - يىلىدىكى 3 - سانىغا گۈلەندەم ئابىستاينىڭ تۆھپە - ئەمگەكلىرى تونۇشتۇرۇلغان «بىزنىڭ ياخشى ئانىمىز» دېگەن ماقالە بېسىلىپ، ئۇنىڭ ھاياتى ۋە تۆھپىلىدرىگە يۇقىرى باھا بېرىلگەن. 1949 - يىلى 3 - ئايدا چۆچەكتىكى نوپۇزلۇق گېزىتتە مۇنىرە ئابدۇلېتىپوۋانىڭ بىرنەچچە سانغا بېسىلغان ماقالىسى ئېلان قىلىنىپ، گۈلەندەم ئابىستاي بىرقەدەر تەپسىلىي تونۇشتۇرۇلغان.

1949 - يىلى جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغان. 1952 - يىلى «ئۈچكە قارشى» ھەرىكەتتە كېڭەيتىۋېتىش خاتالىقى كۆرۈلگەندە سەيپىدىن ئەزىزى مەركەز ئەۋەتكەن يۇقىرى دەرىجىلىك رەھبەر شى جۇڭشۈن بىلەن بىللە خىزمەت گۇرۇپپىسىنى باشلاپ خاتالىقلارنى تۈزىتىش ئۈچۈن ئاۋۋال غۇلجىغا بارغان. غۇلجىدا بىر قاتار خىزمەتلەرنى ئىشلەپ بولغاندىن كېيىن شى جۇڭشۈن بېيجىڭغا قايتىپ كەتكەن. كېيىن سەيپىدىن ئەزىزى خىزمەت گۇرۇپپىسىغا باش بولۇپ چۆچەككە بارغان. شۇ چاغدا «ئۈچكە قارشى» ھەرىكەت بەك كېڭەيتىلىپ ئېلىپ بېرىلغاچقا، چۆچەكتە 11 ئادەم ئېتىپ تاشلانغان ھەم ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ 20 — 30 دەك مەشھۇر كىشىسى قاماپ قويۇلغان. شۇ قاتاردا مەشھۇر مائارىپچى گۈلەندەم ئابىستايمۇ تۈرمىگە قاماپ قويۇلغانىدى. بۇ ئىش چۆچەك خەلقىنىڭ قاتتىق نارازىلىقىنى قوزغىغان. سەيپىدىن ئەزىزى 1940 - يىللاردا بىرنەچچە يىل چۆچەكتە خىزمەت قىلغاچقا، گۈلەندەم ئابىستاينىڭ تۆھپىسىنى، پەزىلىتىنى ئېنىق بىلەتتى، خەلق ئىچىدىكى تەسىرىنى چوڭقۇر چۈشىنەتتى. شۇڭا سەيپىدىن ئەزىزى گۈلەندەم ئابىس-

www.uyghurkitap.com



سۈرەتتىكىلەر چۆچەكنىڭ 1943 - يىلىدىن ئاۋۋالقى زىيالىيلىرى، ئالدىن-
قى رەت ئوڭدىن ئابدۇللا زاكىروف، مۆيدىنبەگ، ئابلىز مەھمىدوف، ئابلىمىت
ھاجىيوف، ئارقا رەت سولدىن 2 - كىشى سەيپىدىن ئەزىزى

تاينى «چۆچەك زىيالىيلىرىنىڭ ئانىسى» دەپ قارايتتى. ئۇ گۈلەن-
دەم ئابىستايغا قىلىنغان مۇئامىلىگە قاتتىق نارازى بولغان. سەيپى-
دىن ئەزىزى باشچىلىقىدىكى خىزمەت گۇرۇپپىسى شۇ قېتىمدا باش-
باشتاقلىق بىلەن ئىش كۆرگەن بەزى مەسئۇل رەھبەرلەرنى ۋەزى-
پىسىدىن ئېلىپ تاشلىغان. ئۇۋالچىلىقتا ئۇچرىغان كىشىلەرنى
ئاقلىغان. شۇ قاتاردا گۈلەندەم ئابىستايمۇ ئاقلانغان. ياندۇرقى يىلى،
يەنى 1953 - يىلى گۈلەندەم ئابىستاي شىنجاڭ ئۆلكىلىك سىياسىي
كېڭەشكە ئەزالىققا سايلانغان. 1955 - يىلى سوۋېت ئىتتىپاقىغا
قايتىپ قازاقىستاننىڭ ئۆلجار (ئوغرىيار) شەھىرىگە ئورۇنلاشقان.
1973 - يىلى 84 يېشىدا ۋاپات بولغان.

گۈلەندەم ئابىستاينىڭ كۈندىلىك خاتىرىسىنىڭ 3 - دەپتىرى
1980 - يىللارنىڭ بېشىدا بالىسى فاتىخ تەرىپىدىن ئۈرۈمچىگە ئې-
لىپ كېلىنگەن. قايتىدىغان چاغدا بۇ خاتىرە تاموژنا خادىملىرى تە-

رىپىدىن تۇتۇپ قېلىنغان. كېيىن شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ
پىروفېسسورى، تاتار زىيالىي زارىف دولات ئەپەندىنىڭ مۇناسىۋەت-
لىك ئورۇنلار بىلەن ئالاقىلىشىپ تىرىشچانلىق كۆرسىتىشى نەتى-
جىسىدە تاموژنا ئىدارىسىدىن قايتۇرۇپ چىقىلغان. 2009 - يىلى
زارىف دولات ئەپەندى قازا قىلغاندا، ئايالى بۇ خاتىرىنى ئىبراھىم
مۇتىئى ئەپەندىگە بەرگەن. ئىبراھىم مۇتىئى ئەپەندى قازا قىلغاندىن
كېيىن بۇ خاتىرە دەپتەر ئۇنىڭ شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادې-
مىيەسىنىڭ ماتېرىيال بۆلۈمىدە ئىشلەپ پېنسىيەگە چىققان قىزى
خالىدە خانىمنىڭ قولىدا قالغان. خالىدە خانىمنىڭ ئانىسى ئەنۋەرە
ئىسمائىلىۋانى گۈلەندەم ئابىستاي 1930 - يىللىرىنىڭ باشلىرى
چۆچەكتە ئوقۇتقان بولغاچقا، خالىدە خانىم گۈلەندەم ئابىستاي ھەق-
قىدە خېلى پىششىق تونۇشقا ئىگە ئىدى. خالىدە خانىم ئۆزىنىڭ
مىنكاۋخەن (خەن تىللىق) بولۇشىغا قارىماي بۇ قول يازمىنى غەيرەت
ۋە مۇھەببەت بىلەن تاتارچىدىن ئانا تىلىمىزغا ئۆرۈپ چىققان. مەن
2010 - يىلى 9 - ئايدا، يەنى روزا ھېيتتا بۇ قول يازمىنىڭ خالىدە
خانىمنىڭ قولىدا ئىكەنلىكىنى ئۇقۇپ، ئالاقىلىشىپ سوراپ ئېلىپ
ئوقۇپ چىقتىم ھەمدە تىل - يېزىق تەتقىقاتچىسى ۋە تەرجىمان يۇ-
نۇس ئىلياس ئىدىقۇتلۇق ئەپەندى بىلەن كۆرۈشۈپ، خالىدە خانىم-
نىڭ تەرجىمىسىنى پىششىقلاپ ئىشلەپ بېرىشنى ئىلتىماس قىل-
دىم. يۇنۇس ئىلياس ئىدىقۇتلۇق ئەپەندى زور ئەجىر بىلەن بۇ خىز-
مەتنى تاماملاپ پۇتكۈزۈپ بەردى. بىزنى ئەپسۇسلاندۇرىدىغان يېرى
شۇكى، گۈلەندەم ئابىستاينىڭ كۈندىلىك خاتىرىسىنىڭ 3 - دەپتى-
رىدىن باشقىسى تېخى بىزگە مەلۇم ئەمەس.

گۈلەندەم ئابىستاي يازغان كۈندىلىك خاتىرىنىڭ تېپىلىشى
شىنجاڭ يېڭىچە مائارىپىنىڭ ئەڭ دەسلەپكى شەكىللىنىش دەۋرىدى-
كى ئەھۋاللارنى چۈشىنىشتە چوڭ ئەھمىيەتكە ئىگە. چۈنكى بۇ چاغ-
قىچە مىللىي مائارىپ — ئاقارتىش ھەرىكىتىگە دائىر بۇنداق ئىن-
چىكە، تەپسىلىي يېزىلغان خاتىرە تېپىلغانلىقى مەلۇم ئەمەس. بۇ

خاتىرە دەپتەرنىڭ ئىملاسىدىن قارىغاندا ھەم مەلۇم جايدا بىرىلگەن ئىزاھاتنىڭ ئارقىسىغا يېزىپ قويۇلغان «ف، خ» دېگەن ھەرپتىن قارىغاندا بۇ كۈندىلىك خاتىرە گۈلەندەم ئابىستاينىڭ خاتىرىسى ئاساسىدا ئوغلى فاتىخ خەبىبۇللىن تەرىپىدىن كۆچۈرۈلگەنلىكىنى بىلىۋالغىلى بولىدۇ.

گۈلەندەم ئابىستاي يازغان كۈندىلىك خاتىرىنىڭ تېپىلىشى بىز ئۈچۈن چوڭ خۇشاللىق، لېكىن كۆپ ئەپسۇس، ئۇشبۇ كۈندىلىك خاتىرىنىڭ 1 ـ ، 2 ـ ، 4 ـ دەپتەرلىرى ۋە بەلكى ئۇنىڭدىنمۇ كېيىنكى بۆلۈملىرى توغرىسىدا ھېچبىر ئۇچۇرغا ئىگە ئەمەسمىز. مۇبادا بۇ دەپتەرلەر تېپىلىپ قالسا ئىدى، بىز ئۈچۈن تېخىمۇ خۇشاللىق ئىش بولاتتى.

2010 ـ يىلى 10 ـ ئاي، ئۈرۈمچى

## پايدىلانغان ماتېرىياللار:


① ئاكادېمىك ۋ. ۋ. بارتولد: «ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تۈركىي خەلقلەر تارىخى توغرىسىدا ئون ئىككى لېكسىيە»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 2010 ـ يىلى (ئۇيغۇرچە) نەشرى.

② مالىك چانىشېف: «جۇڭگو تاتار مائارىپ تارىخى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2001 ـ يىلى (ئۇيغۇرچە) نەشرى.

③ ئابدۇللا تالىپ: «ئۇيغۇر مائارىپ تارىخىدىن ئوچېرىكلار»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1986 ـ يىلى نەشرى.

④ گۈلەندەم خەبىبۇللىنا: «كۈندىلىك خاتىرە» (3 ـ دەپتەر)، خالىدە ئىبراھىم مۇتىئى بىلەن يۇنۇس ئىلياس ئىدىقۇتلۇق تاتارچىدىن ئۇيغۇرچىلاشتۇرغان قول يازما نۇسخا.

⑤ ئابلىمىت ھاجىيوف: «چۆچەك مائارىپىنىڭ 40 يىلى»، بۇ ماقالە «ئىلى تارىخ ماتېرىياللىرى» نىڭ 3 ـ سانىدا ئېلان قىلىنغان.

⑥ تاھىر تاشبايېف، ياڭ رىنجى: «تارباغاتاي ئاياللار مائارىپىنىڭ پېشىۋاسى ــ گۈلەندەم خەبىبۇللىنا». بۇ ماقالە «ئىلى تارىخ ماتېرىياللىرى»

نىڭ 5 ـ سانىدا ئېلان قىلىنغان.

⑦ ئۆمەرجان سىدىق: «ئىدىقۇت ئوغلانلىرى — مۇھىتىلار جەمەتى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2000 ـ يىلى نەشرى.

⑧ مەھمۇد ئىلياس ئىدىقۇتلۇق: «تۇرپان ئاستانىدە يېڭى مائارىپنىڭ بار ـ لىققا كېلىشى». بۇ ماقالە «شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى» ژۇرنىلىنىڭ 1999 ـ يىللىق 3 ـ سانىدا ئېلان قىلىنغان.

⑨ ئىبراھىم نىياز: «ئۇيغۇر ئەنئەنىۋى مائارىپى ۋە يېقىنقى زامان پەننىي مائارىپى ھەققىدە خاتىرىلەر»، بۇ ماقالە «قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى» نىڭ 1993 ـ يىللىق 3 ـ سانىدا ئېلان قىلىنغان.

⑩ ئابدۇراخمان ئابدۇللا: «مەشھۇر مەرىپەتپەرۋەر، ئىنقىلابچى مەخسۇت مۇھىتى». بۇ ماقالە «تۇرپان تارىخ ماتېرىياللىرى» (3)، 1995 ـ يىلى بېسىپ تارقىتىلغان نۇسخا.

⑪ «تۇرپاندا يېقىنقى زامان مەدەنىيەت ـ مائارىپىنىڭ بارلىققا كېلىشى ۋە تەرەققىيات ئەھۋالى». بۇ ماقالە كوللېكتىپ تەرىپىدىن يېزىلغان بولۇپ، «تۇرپان تارىخ ماتېرىياللىرى» (1) نىڭ 1988 ـ يىلى بېسىپ تارقىتىلغان نۇسخىسىغا كىرگۈزۈلگەن.

⑫ ئابدۇراخمان ئابدۇللا: «تاشكەنتچىلەر» (ئۈچ قىسىم)، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2002 ـ، 2003 ـ، 2006 ـ يىلى نەشرى.

⑬ بۇرھان شەھىدۇللىن: «ئۆتمۈشتىن ئۇچۇرلار». بۇ ماقالە تارىخچى ئۆ ـ مەرجان نۇرىنىڭ تاتارچىدىن تەرجىمە قىلىپ تەييارلىشى بىلەن «مىراس» ژۇرنىلىنىڭ 2004 ـ يىللىق 4 ـ سانىدا ئېلان قىلىنغان.

⑭ كېرەم تۇرسۇن: «گۈلەندەم ئابىستاينىڭ تۇرپان مائارىپى ئۈچۈن قوش ـ قان تۆھپىسى»، «تۇرپان تارىخ ماتېرىياللىرى» (5 ـ قىسىم)، 1999 ـ يىلى بېسىپ تارقىتىلغان.

# «تاشاخۇنوم مەكتىپى» قانداق ئىش

20 ـ ئەسىرنىڭ دەسلەپكى يېرىمىدا ئانا دىيارىمىزنىڭ سودا ـ سانائەت، مائارىپ ـ مەدەنىيەت، سىياسىي ـ ئىنقىلاب ئىشلىرىدا ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدە ئاكتىپ رول ئوينىغان ئۈچ مەشھۇر جەمەت ئۆتكەن. بۇلار «مۇساباييېفلار جەمەتى»، «مۇھىتىلار جەمەتى» ۋە «تاشاخۇنوم جەمەتى» دىن ئىبارەت. بىز ئانا دىيارىمىزنىڭ 20 ـ ئەسىرنىڭ دەسلەپكى يېرىمىدىكى سودا ـ سانائەت تارىخىنى، مەدەنىيەت ـ مائارىپ تارىخىنى ۋە سىياسىي ـ ئىنقىلاب تارىخىنى تەسەۋۋۇر قىلىپ باقساقلا، بۇ ئۈچ جەمەتنىڭ مىللىي ھاياتىمىزدىكى تەسىرىنى قايىللىق بىلەن تەن ئېلىشقا مەجبۇر بولىمىز.

مۇساباييېفلار جەمەتى، مۇھىتىلار جەمەتى توغرۇلۇق يېزىلغان ماقالە ۋە كىتابلار، تاشاخۇنوم جەمەتى توغرۇلۇق يېزىلىپ نەشر قىلىنغان «تاشاخۇنوم ۋە ئۇنىڭ تۆھپىكار ئەۋلادلىرى» دېگەن كىتاب ھەم باشقا مۇناسىۋەتلىك ماقالە ـ ئەسەرلەر بۇ ئۈچ جەمەتنىڭ تۆھپىسى ۋە شۆھرىتىنى ھېس قىلىشىمىزغا يېتەرلىك.

مەن ئۇيغۇر يېڭى مائارىپ ھەرىكىتىنىڭ قاچان، قانداق باشلانغانلىقىنى ئايدىڭلاشتۇرۇش توغرىسىدا يازغان ماقالىلىرىمدە مۇساباييېفلارنىڭ ئاتۇشتا، مۇھىتىلارنىڭ تۇرپاندا جەدىدچە مەكتەپلەرنى قاچان، قانداق يولغا قويغانلىقىنى پاكىت ھەم تارىخىي جەريان ئارقىلىق ئىلمىي نۇقتىدىن ئايدىڭلاشتۇرۇپ چىقتىم. «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىنىڭ 2010 ـ يىللىق 1 ـ سانىدا ئېلان قىلىنغان «ئۇيغۇر يېڭى مائارىپى قاچان باشلانغان» ماۋزۇلۇق ماقالەمدە مۇساباييېفلار جەمەتىنىڭ 1884 ـ يىلى قىرىم يېرىم ئارىلىدا بارلىققا كەلگەن «ئۇسۇلى سەۋتە» مېتودى بويىچە ئوقۇتۇش ئېلىپ بارىدىغان

جەدىدچە مەكتەپنىڭ ئۆرنىكىنى ئانا يۇرتى ئاتۇش ئىكساقتا 1885 ـ يىلى ئەمەس، بەلكى 1899 ـ يىلى كۇزدە بارلىققا كەلتۈرگەنلىكىنى، ئۇيغۇر يېڭى مائارىپ تارىخىدىكى ئۆلچەملىك، تۇنجى مۇنتىزىم يېڭىچە مەكتەپ ۋە دارىلمۇئەللىمىننى 1914 ـ يىلى كۇزدە بارلىققا كەلتۈرگەنلىكىنى ئىسپاتلاپ، ئۇيغۇر مائارىپ تارىخىنىڭ باشلانغان ۋاقتى ۋە سەۋەبىگە مۇناسىۋەتلىك خاتا، گۇمانلىق، مۇجمەل مەسىلىنى تۇزىتىشكە مۇۋەپپەق بولغانىدىم. ئارىدىن بىر يىل ئۆتكەندە، «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىنىڭ 2011 ـ يىللىق 1 ـ سانىدا ئېلان قىلىنغان «گۈلەندەم ئابىستايىنىڭ كۈندىلىك خاتىرىسى ئىزىدىن» ماۋزۇلۇق ماقالەمدە، مۇھىتىلار جەمەتىنىڭ تۇرپان ئاستانىدە تەسىس قىلغان جەدىدچە مەكتىپىنىڭ 1915 ـ يىلى ئىكەنلىكىنى قايىل قىلارلىق پاكىتلار بىلەن ئىسپاتلاپ چىقىشقا مۇۋەپپەق بولدۇم. نەتىجىدە، ئاستانىدە قۇرۇلغان «مەقسۇدىيە مەكتىپى» نىڭ ئىلگىرى تۇرلۇك ماتېرىياللاردا يېزىلغاندەك 1913 ـ يىلى ياكى 1914 ـ يىلى ئەمەس، بەلكى 1915 ـ يىلى قۇرۇلغانلىقى ئايدىڭلاشتى. بۇ مەكتەپنىڭ دەسلەپكى ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ كىملەر ئىكەنلىكى، مەكتەپنىڭ كۆلىمى، ئوقۇتۇش ئۇسۇلى ۋە مەزمۇنىغا مۇناسىۋەتلىك ئىشلارمۇ ئېنىقلىققا ئىگە قىلىندى.

مۇساباييېفلار جەمەتى ۋە مۇھىتىلار جەمەتىنىڭ جەدىدچە، يەنى يېڭىچە مەكتەپلەرنى تەسىس قىلغان يىلى توغرۇلۇق خاتالىق، مۇجمەللىك ساقلىنىپ كەلگەندەك «تاشاخۇنۇم مەكتىپى» نىڭ زادى قانداق ئىش ئىكەنلىكى، ئۇنىڭ قاچان، قانچىلىك كۆلەم ۋە سۈپەتتە ئېچىلغانلىقى توغرۇلۇقمۇ خاتالىقلار ۋە ئېنىقسىزلىقلار ساقلىنىپ كەلمەكتە. كۆپلىگەن تەتقىقاتچىلار ئۇيغۇر يېڭى مائارىپ تارىخىنى يېزىشتا بۇ مەسىلىلەرنى ئايدىڭلاشتۇرماي تۇرۇپ، ئۇچرىغانلا ماتېرىيالنى تۇپلاپ، دۆۋىلىۋېلىپ، سەۋەب ـ نەتىجىلەرنى ئاستىن ـ ئۇستۈن قىلىپ، ۋەقە ـ ھادىسىلەرنى بىر ـ بىرىگە زىت ھالدا بايان قىلىپ، يىلنامىلەرنى قارىسىغا قوللىنىپ ماقالە، كىتاب يېزىپ

ئېغىر مەسئۇلىيەتسىزلىك ھەم ئىلمىيسىزلىك سادىر قىلىنىۋاتىدۇ. تارىخشۇناسلىقنىڭ ئىككى ئاساسىي مېتودىنىڭ بىرى بولغان تېخنىكىلىق مېتود بىزدىن تۈرلۈك تارىخىي ماتېرىياللارنى توپلاش، رەتلەش ۋە پەرقلەندۈرۈشنى تەلەپ قىلىدۇ. بىزنىڭ كۆپىنچە قەلەمكەشلىرىمىز توپلاش ۋە رەتلەش باسقۇچىنىلا چامىنىڭ يېتىشىچە ئادا قىلىپ، پەرقلەندۈرۈش باسقۇچىغا ئاجىزلىق قىلىۋاتىدۇ. شۇڭا، يازغان ماقالە، كىتابلىرىدا مۈجمەللىك، ئېنىقسىزلىق، خاتالىق ۋە زىتلىق ئېغىر دەرىجىدە كۆرۈلۈۋاتىدۇ. بېيجىڭ مىللەتلەر نەشرىياتى 1999 ـ يىلى نەشر قىلغان «تاشاخۇنۇم ۋە ئۇنىڭ تۆھپىكار ئەۋلادلىرى» دېگەن كىتابتىمۇ يۇقىرىقىدەك ئەھۋال كۆرۈلگەن. مەن بۇ كىتابتا كۆرۈلگەن خاتالىق ۋە ئويدۇرما بايانلارنىڭ ھەممىسىگە ئوبزور يازماقچى ئەمەس. ئۇيغۇر يېڭى مائارىپ تارىخىنى تەتقىق قىلغۇچى بولۇش سۈپىتىم بىلەن ئاساسلىقى، ئۇيغۇر يېڭى مائارىپى تارىخىغا ئالاقىدار مەزمۇنلاردىكى خاتالىقلارغىلا ئوبزور يېزىپ تۇزىتىش پىكرىمنى ئوتتۇرىغا قويماقچى.

مېنىڭ تاشاخۇنۇم جەمەتىنى 20 ـ ئەسىرنىڭ دەسلەپكى يېرىمىدا ئانا دىيارىمىزدا ئۆتكەن تەسىرى زور ئۈچ جەمەتنىڭ بىرى سۈپىتىدە تىلغا ئېلىشىم، بۇ جەمەتنىڭ مىللىي ھاياتىمىزدىكى تۆھپىسى ۋە شۆھرىتىنى خېلى ئەتراپلىق ۋە چوڭقۇر چۈشىنىدىغانلىقىمنى، ئۇلارغا يۇقىرى باھا بېرىدىغانلىقىمنى كۆرسىتىدۇ، ئەلۋەتتە. لېكىن، ئاساسى يوق ئويدۇرمىلار، يالغان ـ ياۋىداق بايانلار، كۆپتۈرمە سۈپەتلەر قەتئىي رەت قىلىنىشى كېرەك. تاشاخۇنۇمنىڭ تەرەققىيپەرۋەر سودا ـ سانائەتچى، يېڭىلىقپەرۋەر تەرغىباتچى، ئۇقۇمۇشلۇق جەمئىيەت مۆتىۋىرى ئىكەنلىكىدە شەك يوق. ئەمما، «1894 ـ يىلى چار رۇسىيەنىڭ ئاخىرقى پادىشاھى رومانوف بىلەن كۆپ قېتىم سۆزلىشىپ، چار رۇسىيە ھۆكۈمىتىنىڭ شىنجاڭدا تۇنجى قۇمچىلىق فابرىكىسى قۇرۇشقا ياردەم بېرىشىنى ئۆتۈنگەن» (13 ـ بەت)، «تاشاخۇنۇم ئۆز زامانىسىنىڭ دىنىي ئالىمى بولۇپلا قالماس-

تىن، بەلكى خېلى يۇقىرى سەۋىيەدىكى ئاسترونومىيە تەتقىقاتچىسى ئىدى» (29 ـ بەت)، «تاشاخۇنۇمنىڭ شىنجاڭ ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ھۆكۈمەت، خەلق ئارىسىدىكى ئىناۋىتى خېلىلا يۇقىرى ئىدى. ئۇنىڭ ئۆتكۈر قەلىمى ۋە جانلىق، ئاممىباب سۆزلىرى كىشىلەرنىڭ چوڭقۇر ئىشەنچىسىگە، ئالقىشىغا ئىگە بولغان» (43 ـ بەت) دېگەندەك ئاساسسىز بايانلار ۋە كۆپتۇرمە تەرىپلەر كىشىنى ئەجەبلەندۈرىدۇ. بۇنداق بايانلار پەرق ئېتىش ئىقتىدارىغا ئىگە، بىلىملىك كىشىلەرنىڭ كاللىسىنى قايمۇقتۇرالمىغان بىلەن «ئاساسى بولمىسا كىتابتا يازامدۇ» دەپ ئويلايدىغان ساددا كىشىلەرنىڭ كاللىسىنى قايمۇقتۇرۇپ، پۇچەك ئېپتىخار تۇيغۇسىنى قوزغاپ قويىدۇ. روشەنكى، يۇقىرىقى بايانلاردا تىلغا ئېلىنىغان «كۆپ قېتىم سۆزلىشىپ»، «دىنىي ئالىم»، «ئاسترونومىيە تەتقىقاتچىسى»، «ئۆتكۈر قەلىمى» دېگەن سۆزلەر قىلچە ئاساسى يوق ئورۇنسىز تەرىپلەر ھېسابلىنىدۇ. ئۆزىنى جاھاندا بىر چاغلايدىغان چار رۇسىيە پادىشاھىنىڭ ھېچقانداق ئالاھىدە ئىمتىيازى يوق ئادەتتىكى بىر ئۇيغۇر تىجارەتچى بىلەن «كۆپ قېتىم سۆزلىشىشى» ئەقىلگە سىغمايدۇ. چۈنكى، ئۇ چاغدا، يەنى 1894 ـ يىلى تاشاخۇنۇم ھېچقانچە تەسىرى يوق، 30 ياشقىمۇ كىرمىگەن بىر كىچىك باي ئىدى. ئەلۋەتتە، پەقەت كۆرۈشۈپ باقمىغان، دەيدىغانغىمۇ ئاساسىمىز يوق. لېكىن «كۆپ قېتىم سۆزلىشىپ» دېگەندەك ئاشۇرۇۋېتىلگەن بايانلارغا قەتئىي ئىشەنگىلى بولمايدۇ. ئەسكەرتىپ قويۇشقا تېگىشلىكى شۇكى، 1894 ـ يىلى 10 ـ ئايدا چار پادىشاھ ئالېكساندىر Ⅲ كېسەل سەۋەبى بىلەن ئۆلۈپ، ئورنىغا 26 ياشلىق ئوغلى نىكولاي Ⅱ رۇسىيە رومانوف خاندانلىقىنىڭ 16 ـ پادىشاھى بولۇپ تەختكە ئولتۇرغان. مۇشۇنداق جىددىي بىر يىلدا تاشاخۇنۇم بىلەن بۇ يېڭى پادىشاھ «كۆپ قېتىم سۆزلەشكەن» بولغىيمىدى؟ تاشاخۇنۇم توغرىسىدىكى «ئاسترونومىيە تەتقىقاتچىسى»، «دىنىي ئالىم»، «ئۆتكۈر قەلىمى» دېگەن تەرىپلەرمۇ زىيادە ئاشۇرۇۋېتىلگەن تەرىپلەردۇر. تەتقىقاتچى، ئالىم ياكى «قەلىمى

www.uyghurkitap.com



تاشاخۇنۇم

ئۆتكۈر» كىشى بولغان بولسا مەدەنىيەت تارىخىمىزدىن ئورۇن ئالغان
ياكى مىراس قالدۇرغان ئەسەرلىرى بولغان بولاتتى. سەيپىدىن ئە-
زىزى «ئۈمۈر داستانى» ناملىق كىتابىنىڭ 1 - قىسىم 21 - بېتىدە
تاشاخۇنۇم توغرۇلۇق توختىلىپ: «دادام مەن بىلگەن چاغلاردا ساقى-
لىغا ئاق كىرىپ قالغان، كېلىشكەن ئادەم ئىكەندۇق. ئۇنىڭ كى-
چىكلىكىدە قانداق مەكتەپلەردە ئوقۇغانلىقىنى بىلمەيمەن، ھەرھالدا
ئۇ ئوتتۇرا دەرىجىلىك ياكى ئۇنىڭدىن يۇقىرىراق دىنىي بىلىم ئال-
غان بولسا كېرەك. ئۇنىڭ زامانىۋى پەن - بىلىملەردىنمۇ خەۋىرى
بار ئىدى. بۇنى ئۆزلۈكىدىن ئوقۇپ بىلىۋالغانمۇ ياكى ‹قۇلاق مول-
لىسى› بولۇپ باشقىلاردىن ئاڭلاپ بىلىۋالغانمۇ، ئىشقىلىپ، ئاس-
ماندىن، يەردىن، دۇنيادىن، ھېسابتىن، تارىختىن جىق نەرسىلەرنى
بىلەتتى ۋە سۆزلەپ بېرەتتى» دەپ تەرىپلىگەن. بۇ تەرىپنىڭ جەۋ-
ھىرى پەقەت «ئۇقۇمۇشلۇق» دېگەن سۈپەتكىلا مۇجەسسەملىنىدۇ.
شۇڭا، زىيادە ئاشۇرۇپ، ئۆزىدە يوق نەرسىلەر بىلەن كۆپتۈرۈپ تە-
رىپلەش تارىخىي ئەمەلىيەتكە خىلاپ.

«تاشاخۇنۇم مەكتىپى» توغرىسىدىكى ھەم تاشاخۇنۇمنىڭ يېڭى
مائارىپقا مۇناسىۋەتلىك ئىش - پائالىيەتلىرى توغرىسىدىكى با-
يانلارمۇ يۇقىرىقىدەك ئويدۇرمىچىلىق ۋە كۆپتۈرمىچىلىكتىن خا-
لىي ئەمەس. «تاشاخۇنۇم ۋە ئۇنىڭ تۆھپىكار ئەۋلادلىرى» دېگەن
كىتابتا «تاشاخۇنۇم ئەزىزىنىڭ ئىجتىمائىي پائالىيەتلىرى ئىچىدى-
كى ئەڭ گەۋدىلىكى ۋە تەسىرى زورراقى مائارىپچىلىق پائالىيىتى
بولۇپ، ئۇنىڭ ئۆز يۇرتى ۋاقۋاقتا قۇرغان ‹تاشاخۇنۇم مەكتىپى›
ئۇيغۇر يېڭى مائارىپىنىڭ تۇنجى نامايەندىسى ‹ھۇسەينىيە› مەكتى-
پىدىن كېيىن شىنجاڭدا بارلىققا كەلگەن يەنە بىر نامايەندە بولۇپ
ھېسابلىنىدۇ.» (5 - بەت)، «ئۇ خەلقنى ئويغىتىشنىڭ ئاساسى يې-
ڭىچە مائارىپنى يولغا قويۇش ئىكەنلىكىنى تونۇپ يېتىپ، يېڭىلىققا
قارشى مۇتەئەسسىپ كۈچلەرنىڭ زىيانكەشلىكى ۋە بېسىمىغا تاقابىل
تۇرۇپ، ئۆز يۇرتى ۋاقۋاقتا بىر سىنىپلىق باشلانغۇچ مەكتەپ قۇ-

www.uyghurkitap.com

رۇپ، يېڭى مائارىپ ئىشلىرىنى يولغا قويغان، شۇنداقلا تۇنجى قېتىم ئۆزى ئاچقان مەكتەپتە ئەرەب، پارس تىللىرىنى ئوقۇتۇشنى يولغا قويۇش بىلەن بىللە، خەنزۇ مۇئەللىم تەكلىپ قىلىپ بالىلارغا خەنزۇچە ئۆگىنىشنى ئالاھىدە يولغا قويغان» (10 ـ بەت)، «1894 ـ يىلى يۇرتى ۋاقۋاقتا بىر سىنىپلىق مەكتەپ سېلىپ، مەكتەپنىڭ ئومۇمىي ئوقۇتۇش راسخوتىنى ئۆزى ئۈستىگە ئېلىپ، شۇ يۇرتتىكى ياشلارنىڭ ئوقۇش مەسىلىسىنى ھەل قىلدى» (24 ـ بەت) دېگەندەك ئاساسسىز ھەم خاتا بايانلار ئوتتۇرىغا قويۇلغان.

ھېچقانداق ھۆججەت ئاساسى، پاكىت ئاساسى بولمىغان بۇ بايانلار پۈتۈنلەي ئويدۇرما. بۇ خىل ئويدۇرما بايانلار ئاكا ـ ئۇكا مۇسابايېفلار 1885 ـ يىلى مەكتەپ ئاچقان دېيىلگەندىكىن، تاشاخۇنۇمنى 1894 ـ يىلى مەكتەپ ئاچقان دەپ يازمايلىمۇ، دېگەن بىمەنە تەپەككۇرنىڭ تۈرتكىسىدە كېلىپ چىققان بولسا كېرەك. چۈنكى، تاشاخۇنۇمنىڭ 1929 ـ يىلى 63 يېشىدا غۇلجىدا ئالەمدىن ئۆتكەنلىكىنى ئەۋلادلىرى ئېنىق بىلىدىغان بولغاچقا، 1894 ـ يىلى مەكتەپ ئاچقان دېيىلسە يېشى 30 غا يېقىنلاشقاندا ئاچقان بولاتتى ـ دە، ئانچە چانمايتتى[1].

«تاشاخۇنۇم ۋە ئۇنىڭ تۆھپىكار ئەۋلادلىرى» دېگەن كىتابتا تاشاخۇنۇمنى «ئۇيغۇر يېڭى مائارىپىنىڭ باشلامچىسى» (33 ـ بەت)

---

① تاشاخۇنۇمنىڭ تۇغۇلغان ۋە ۋاپات بولغان يىلى توغرىسىدا ھەم «تاشاخۇنۇم مەكتىپى» ئېچىلغان دەپ بېكىتىلگەن يىل توغرىسىدا بىردەكلىك يوق. سەيپىدىن ئەزىزى «ئۆمۈر داستانىدا» «1929 ـ يىلى» قازا قىلغان دېسە، «تاشاخۇنۇم ۋە ئۇنىڭ تۆھپىكار ئەۋلادلىرى» دېگەن كىتابتا بىر يەردە «1928 ـ يىلى»، يەنە بىر يەردە «1927 ـ يىلى» دەپ ئىككى خىل بايان قىلىنغان. بۇ كىتابتا ئۇنىڭ ئاتالمىش «تاشاخۇنۇم مەكتىپى» نى قۇرغان يىلى 1894 ـ يىلى دەپ تىلغا ئېلىنغان بولسا، ليۇ زىشاۋ يازغان «ئۇيغۇر تارىخى» ناملىق كىتابنىڭ 2 ـ قىسىم 1 ـ كىتاب 762 ـ بەتتە «1897 ـ يىلى ئۆز كەنتىدە بىر جەدىدچە مەكتەپ ئاچتى» دەپ يېزىلغان. ليۇ زىشاۋنىڭ بۇ كىتابىدا تاشاخۇنۇمنىڭ تۇغۇلغان يىلى «1866 ـ يىلى» دەپ تىلغا ئېلىنغان. دېمەك، پەرق خېلى بار. مۇجمەللىك مەۋجۇت. ئەمما، تاشاخۇنۇمنىڭ 63 يېشىدا غۇلجىدا ھەسرەت ـ نادامەت ئىچىدە قازا قىلغانلىقى ئېنىق. چۈنكى، سەيپىدىن ئەزىزى شۇنداق يازغان. بۇ بىزگە خېلى كۆپ مەسىلىلەرنى ئايدىڭلاشتۇرۇشقا ئىمكان بېرىدۇ.

دەپ ئالاھىدە تەرىپلەش بىلەن بىللە، نامى بار، جىسمى يوق «تاشاخۇنۇم مەكتىپى» نى يەنە مۇنداق تەرىپلىگەن: «ئۇيغۇر يېڭى مائارىپى توغرىسىدا سۆز بولغاندا، يۇرتىمىزدىكى مەرىپەتپەرۋەر زاتلاردىن ... تاشاخۇنۇم ئاتۇش ۋاقۋاقتا ئاچقان بىر سىنىپلىق (كېيىن تەرەققىي قىلىپ 12 سىنىپ بولغان) ‹تاشاخۇنۇم مەكتىپى› نى ھۆرمەت بىلەن تىلغا ئالماي تۇرالمايمىز»، «بۇ مەكتەپلەر شۇنىڭ ئۇچۇن ئۆچمەس تارىخ بولۇپ كىشىلەر قەلبىدىن چوڭقۇر ئورۇن ئالغانكى»، ئۇ «يۇزمىڭلىغان كەلگۈسى ئەۋلادلارنىڭ بۈيۈك ئىستىقبالىنى يورۇتۇپ بەرگەن ۋە مەڭگۈ يېنىپ تۇرۇۋاتقان ئۆچمەس مەشئەل» بولغان، «بىز بۇ شانلىق ئۈلگە، ئۆچمەس مەشئەل ئۇچۇن مەدھىيە ئوقۇماي، ئۇنى ئىپتىخارلىق بىلەن تىلغا ئالماي ۋە پەخىرلىنىش بىلەن ئەسلىمەي تۇرالمايمىز» (33 - ۋە 34 - بەتلەر).

مەلۇمكى، مىللىي كۆپتۈرمىچىلىك مىللىي ئىنكارچىلىققا ئوخشاشلا خەتەرلىكتۇر. مىللىي كۆپتۈرمىچىلەر يوقنى بار قىلىپ، تۈگمىنى تۆگە كۆرسىتىپ خامۇشلارچە لاپ ئۇرسا، مىللىي ئىنكارچىلار مىللىي مەدەنىيەتنىڭ قىممىتىنى چۆكتۈرىدۇ، ئېسىل مىللىي ئەنئەنىلەرنىمۇ تەرك ئېتىدۇ ھەم مىللىي ئەقىل - پاراسەتنى كەمسىتىدۇ. مىللىي كۆپتۈرمىچىلەرگە مەنسۇپ بولغان ئىدىيەسى نامرات، غايىسى ئاددىي، نەزەر دائىرىسى تار، ساپاسى تۆۋەن، نادان يۇرتۋازلارمۇ تار دائىرىدىكى تەۋەلىك تۇيغۇسى[1] نىڭ ۋەسۋەسىگە سېلىنىشى بىلەن، يەرلىك ئۇستۇنلۇك قوغلىشىپ ئىلمىي ئەخلاقنى ۋە ئىدراكىي پىرىنسىپنى بىر چەتكە چۆرۈۋېتىپ، ئاغزىغا كەلگەننى جۆيلۈپ تارىخ ياسايدۇ، پاكىت ئويدۇرىدۇ. ئۇلار مەيلى تارىخقا، مەيلى

① تەۋەلىك تۇيغۇسى جەمئىيەتشۇناسلىق ۋە پىسخولوگىيەسىدىكى بىر خاس ئاتالغۇ. بۇ نەزەرىيەنى گېرمانىيەلىك شائىر ۋە پەيلاسوپ ھېردېر (1744 — 1803) ئوتتۇرىغا قويغان. ئۇ تەۋە تەشكىلاتى بولمىغان ئادەم ئۆزىنى يۆلەنچۈكى يوق، يېگانە، كەمسىنگەن، غەمكىن ھېس قىلىدۇ. شۇڭا مۇساپىرلىق ئەڭ ئېچىنىشلىق ئازاب تۇيغۇسىدۇر، دېگەن. ھېردىرنىڭ بۇ نەزەرىيەسى كېيىنچە جەمئىيەتشۇناسلىق ۋە پىسخولوگىيە نەزەرىيەسىنى بېيىتقان بىر خاس قاراش بولۇپ قالغان.

هازىرغا مۇناسىۋەتلىك ئىشلار ۋە شەخسلەرگە چېتىلىدىغان مەسىلىلەردە تارىخىي پاكىتقا ياكى ئوبيېكتىپ ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن بولۇش ــ بولماسلىقىدىن قەتئىينەزەر مەھەللىۋى ئېپتىخار تۇيغۇسىغا غەرق بولغان ھالدا كەلسە ــ كەلمەس ئۇچۇرۇپ ماختاش يولىنى تۇتقان بولىدۇ. ئۇلار «يۇرت قوغدىساڭ ئۆسەرسەن، قوغدىمىساڭ ئۆچەرسەن» دېگەن ماقالنى خاتا سۇيىئىستېمال قىلىپ، نادانلارچە يۇرت سۆيگۈسىنى بازارغا سېلىپ، بۇ خىل ساغلام بولمىغان مۇھەببەتنى پىرىنسىپ بىلىپ ياشاۋېرىدۇ. ئۇلار بۇنداق بىنورمال مۇھەببەتنىڭ كۈچىنى ئىلمىي ھەقىقەتنىڭ كۈچىدىنمۇ ئۈستۈن كۆرىدۇ. ئارزۇسىنى پاكىتتىن ئۈستۈن قويىدۇ. ماختاش ۋە ماختىنىشنى زىيادە چوڭ بىلىدۇ. ماختانچاقلىقنىڭ بىر خىل پىسخىكىلىق كېسەللىك ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭ قۇرۇق شۆھرەتپەرەسلىك ئىكەنلىكىنى، ماختىنىشقا ھېرىسمەن كىشىلەرنىڭ خاراكتېرىنىڭ زەئىپ، ئۆزگە بولغان ئىشەنچىنىڭ تۆۋەن بولىدىغانلىقىنى بىلمەيدۇ. مەنىۋى دۇنياسى ئاددىي بۇنداق كىشىلەر ئوبيېكتىپ باھاغا، ئىلمىي تەلەپكە پەرۋا قىلمايدۇ. نەتىجىدە، يالغان، ئاساسسىز بولسىمۇ ماختاشلا بولسا خۇشاللىق بىلەن قوبۇل قىلىۋېرىدۇ. بۇ خىل ماختاشلارنىڭ پاكىت ئاساسى بارمۇ ــ يوق، ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن كېلەمدۇ ــ يوق، دېگەننى تامامەن ئەستىن چىقىرىدۇ. ئىلمىي ھەقىقەتكە، ئوبيېكتىپ ئەمەلىيەتكە پەرۋا قىلمايدىغان نادانلارچە يۇرت سۆيگۈسىگە غەرق بولغان بۇنداق ئەسەبىي كىشىلەردە ھەممىلا ئىشتا يەرلىك ئۈستۈنلۈك ئىستەيدىغان خاھىش زىيادە كۈچلۈك بولىدۇ. ئۇلار ئۆز يۇرتىدىن چىققان شەرەپلىك كىشىلەر بىلەن شەرەپسىز كىشىلەرنى قاتتىق پىرىنسىپ بويىچە پەرقلەندۈرۈپ قارىماستىن، قارىقويۇق ئۇچۇرۇپ، ساختىپەزلەرچە بېزەپ كۆرسىتىۋېرىدۇ. بۇنداق نادان يۇرتپەرۋەرلەر ئاخىرقى ھېسابتا يۇرتىنىمۇ، يۇرتداشلىرىنىمۇ، ئۆزىنىمۇ مەسخىرە كۈلكىسىگە دۇچار قىلىدۇ. شۇڭا، ئالىمىش يۇرتپەرۋەرلەرنىڭ قەلبىدىكى يۇرت مۇھەببىتى سۈپىتى

تۆۋەن ئىدراكسىز مۇھەببەتمۇ ياكى سۈپەتتى يۇقىرى ئىدراكىي مۇھەببەتمۇ، ئىلمىي ئەخلاقتا ئۇيغۇنمۇ ياكى ئۇيغۇن ئەمەسمۇ، ھەقىقەتكە مۇخالىپمۇ ياكى مۇخالىپ ئەمەسمۇ؟ دېگەنلەرنى تەكشۈرۈش زۆرۈر. چۈنكى يۇرتپەرۋەرلىك ھەرىكىتىنىڭ ھەممىسى توغرا بولۇۋەرمەيدۇ. يۇرت مۇھەببىتىنىڭ ھەممىسى قەدىرلىك بولۇۋەرمەيدۇ. ئۇنىڭ ئىچىدە خاتا، نورمالسىز ۋە سۈپەتسىزى نىسبەتەن كۆپ بولىدۇ. بۇنداق ساغلام بولمىغان نادانلارچە يۇرت سۆيگۈسى ئۆزىنىمۇ، ئۆزگىلەرنىمۇ زەھەرلەيدۇ، خالاس.

تاشاخۇنۇم ئۇلار تەرىپلىگەندەك ھەقىقەتەن «ئۇيغۇر يېڭى مائارىپىنىڭ باشلامچىسى» مۇ؟ ئۇ ئاچقان مەكتەپ ھەقىقەتەن «يۈزمىڭلىغان كەلگۈسى ئەۋلادلارنىڭ بۈيۈك ئىستىقبالىنى يورۇتۇپ بەرگەن ۋە مەڭگۈ يېنىپ تۇرۇۋاتقان ئۆچمەس مەشئەل» بولغانمۇ، دېگەن مەسىلىگە بىز تارىخىي پاكىت ئارقىلىق ئېنىقلىق بېرىمىز.

تاشاخۇنۇمنىڭ 20 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدىكى تەرەققىيپەرۋەر سودا - سانائەتچى، يېڭىلىقپەرۋەر تەرغىباتچى، ئوقۇمۇشلۇق جەمئىيەت مۆتىۋىرى ئىكەنلىكىدە شەك يوق. ئەمما «ئۇيغۇر يېڭى مائارىپىنىڭ باشلامچىسى» دېگەن تەرىپ ئارتۇقچە. بۇنى بىز سان پېتېربۇرگ شەھىرىدە 1905 - يىلى 11 - دېكابىردىن 1907 - يىلى 9 - نويابىرگە قەدەر تاتار تىلىدا 85 سان نەشر قىلىنغان سىياسىي ۋە پەننىي گېزىت «ئۇلپەت» نىڭ 38 - سانىنىڭ 5 - ۋە 6 - بەتلىرىدە ئېلان قىلىنغان «كاشغەر مۇسۇلمانلىرى» دېگەن ماقالىنىڭ مەزمۇنىدىن ھېس قىلالايمىز. بۇ ماقالە ئابدۇراخمان ئىبراھىموف دېگەن كىشى نەشر قىلىپ، ئۆزى مۇھەررىرلىك قىلىۋاتقان بۇ گېزىتنىڭ 1906 - يىلىدىكى سانىدا ئېلان قىلىنغان. ماقالىنى س. خ. مەھمۇدوف دېگەن كىشى يازغان. ماقالىدە مۇنداق مەزمۇنلار بار:

«چىن تۈركىستاندىكى كاشغەر شەھىرى مۇسۇلمانلىرىنىڭ مۆتىۋەر كىشىسى موللا تاشاخۇن بىن شەيخ ئەزىزى ئەپەندى بىلەن پېرېژېۋالسكى (قارا قول) لىق سودىگەر ھەمزە ئەپەندى ئابدۇلۋەلىيېف

uyghurkitap.com

جانابلىرى مۇھىم بىر خىزمەت مۇناسىۋىتى بىلەن پېتېربۇرگقا كەلگەنىكەن. ئۇلار بىلەن بىر ـ ئىككى قېتىم كۆرۈشۈپ پاراڭلىشىش جەريانىدا ئۇ يەردىكى يەرلىك مۇسۇلمانلارنىڭ هال ـ ئەھۋالى ۋە يەرلىك ھۆكۈمەت دائىرىلىرىنىڭ ئىش يۈرگۈزۈشى توغرىسىدا سوراپ بەزىبىر مەلۇماتلارغا ئېرىشتۇق. مۇسۇلمان قېرىنداشلىرىمىزغا هال ئېيتىپ ئاخۇن جانابلىرى مۇنداق دەيدۇ:

قەشقەر شەھىرىدە بىرنەچچە مەكتەپ بار بولسىمۇ، ئۇلار باشلانغۇچ سەۋىيەدە بولۇپ، تېخىچە مۇكەممەل تۈزۈم ۋە پىروگراممىسى يوقتۇر. شۇڭا بىزنىڭ بۈگۈنكى كۈندە چوڭ ۋە مۇنتىزىم مەكتەپلەرگە ھەم ئىقتىدارلىق ئوقۇتقۇچىلارغا ئېھتىياجىمىز باردۇر. ھالبۇكى، ئۆلىما ـ پازىللىرىمىز بۇ زۆرۈرىيەتنى چوڭقۇر ھېس قىلىپ بۇ توغرىدا سۆز قىلىشساقمۇ، لېكىن پۇلدار بايلىرىمىز، مەسىلەن، قەشقەرلىك مۆتىۋەر باي كېرىم ئاخۇنغا ئوخشاش بايلىرىمىز ھىممەت قوللىرىنى سۇنمىغاچقا، تا ھازىرغىچە زۆرۈر ۋە مۇھىم ئىشلىرىمىز توغرىسىدا تۈزۈك چاقىرىق قىلالمايۋاتىمىز. غۇلجا شەھىرىدە ياشاۋاتقان باھاۋۇدۇن مۇسابايېف جانابلىرى خېلى زور تىرىشچانلىق كۆرسىتىۋاتسىمۇ، ئېھتىياجىمىزنى قاندۇرالمايۋاتىدۇ. بۈگۈنكى كۈنلەردە بىرلا قەشقەر شەھىرىنىڭ چوڭ ـ كىچىك مەھەللىرىنىڭ مۇھىم خىزمەتلىرى، ئىدارە ئىشلىرىغا ھەر دەرىجىدىكى مەمۇرلار لازىم بولغانلىقتىن، ئۆز ئارىلىرىمىزدىن ۋە مۇسۇلمانلاردىن مۇشۇنداق كىشىلەرنى يېتىشتۈرمەك ئۈچۈن دوتەي تەرىپىدىن تەشەببۇس قىلىنىشقا ئاقات ـ تەۋسىيە ئىشلىرى ئېلىپ بېرىلماقتا. لېكىن ئارىمىزدا بۇ پىكىر ۋە ئىشلارغا قىزىققۇچىلار يوق دېيەرلىك. مەملىكىتىمىز تەقدىرىگە مۇناسىۋەتلىك مۇشۇنداق ئىشنى تەشەببۇس قىلىشقا ئاجىزلىق قىلماقتىمىز ۋە بۇرۇنقىدەك ھالەتتە ياشىماقتىمىز. ھالبۇكى، كېيىنكى كۈنلەردە خەنزۇ ئاھالىسىنىڭ كۆزلىرى ئېچىلىشقا باشلاپ، ئىقتىساد ۋە باشقا جەھەتلەرگە ئېتىبارىنى كۈچەيمەكتە. مۇبادا بىزلەر بۈگۈنكى پۇرسەتلەردىن پايدىلانماي غەپلەتتە ياتساق،

ئەجنەبىيلەرگە تونۇش ۋە مەھكۇم بولمىقىمىز شۈبھىسىزدۇر. يېپىقىندىن بىرى، ھۆكۈمەت تەرەپتىن بىر بۆلۈك ئادەملەر كۆندۈرۈلۈپ مەلۇمات ئېلىنىپ تىزىملانغان بولسىمۇ، نەتىجىسىنىڭ قانداق بولۇشى بىزگە نامەلۇم.

ھۆكۈمەتنىڭ باشقۇرۇشىدىن مۇسۇلمانلار ئومۇمەن مەمنۇن. ئوقۇش ـ ئوقۇتۇش، ئىبادەت ـ دىيانەت ئىشلىرىدا ئەركىنلىك بېرىلگەن بولۇپ، شەرىئەت ئەھكاملىرىنى ئىجرا قىلىشتا ئىسلام قازىلىرىغا مۇختارىيەت بېرىلگەندۇر. بۈگۈنكى قەشقەر دوتەيى جانابلىرى غايەت ئىنسانپەرۋەر ۋە مائارىپپەرۋەر كىشى بولۇپ، يەرلىك ئاھالە بىلەن بولغان مۇئامىلىسى مۇلايىم ۋە ناھايىتى گۈزەلدۇر. ئۇ ۋەتەن ۋە ئەۋلاد تەلىم ـ تەربىيەسى توغرىسىدا ھەر دائىم تەرغىبات ۋە تەشۋىقات ئېلىپ بارماقتا.

ئاخۇن جانابلىرى بىزلەرگە جىق مەلۇماتلارنى بېرىش بىلەن بىللە، ئۆزلىرىنىڭ مۇنتىزىم ۋە مۇكەممەل مەكتەپلەر ھەم ئىقتىدارلىق ئوقۇتقۇچىلارغا ئېھتىياجلىق ئىكەنلىكىنى ئۈستە ـ ئۈستىلەپ تەكىتلەپ سۆزىنى تۈگەتتى.»

بىز «ئۈلپەت» گېزىتىگە بېسىلغان ماقالىدىكى بۇ مەزمۇنلاردىن تاشاخۇنۇمنىڭ تەرەققىيپەرۋەر، ئىلغار پىكىرلىك كىشى ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىش بىلەن بىللە، «ھالبۇكى، يەرلىك ئۆلىما ـ پازىللىرىمىز بۇ زۆرۈرىيەتنى چوڭقۇر ھېس قىلىپ بۇ توغرىدا سۆز قىلىشساقمۇ، لېكىن پۇلدار بايلىرىمىز» دېگەن جۈملىلەردىن ئۇنىڭ ئۆزىنى ئۆلىمالار تەبىقىسى ئىچىگە قويۇپ سۆز قىلغانلىقىنى كۆرۈۋالالايمىز. بۇ ئۇچۇر بىزگە تاشاخۇنۇمنىڭ قول سېلىپ، باش بولۇپ يېڭىچە مەكتەپ ئاچقان باشلامچى كىشى ئەمەس، يېڭىچە مەكتەپ ئېچىشنى تەشەببۇس قىلغۇاتقان يېڭىلىقپەرۋەر جەمئىيەت مۆتىۋەرى ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ.

بۇ ماقالىدىكى ئۇچۇرلاردىن يەنە قەشقەرنىڭ شۇ چاغدىكى دوتەيى يۈەن خۇڭيۇنىڭ 1901 ـ يىلى جۇڭگو بويىچە يولغا قويۇلغان

«يېڭى سىياسەت» نىڭ روھى بويىچە ئىش تۇتۇشقا كىرىشىپ خەلقتە ئىجابىي تەسىر پەيدا قىلغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. شىشى تەيخۇ يولغا قويغان «يېڭى سىياسەت» ئارمىيەنى مەشىق قىلدۇرۇش، سودا ـ سانائەتنى ۋە مائارىپنى گۈللەندۇرۇشنى ئاساسىي نىشان قىلغانىدى. مانا مۇشۇ سىياسەتنىڭ روھى بويىچە يۈەن خۇڭيۇمۇ قەشقەر تەۋەسىدە خەلققە مايىل بولۇپ، مائارىپنى تەشەببۇس قىلىدىغان يولنى تۇتقان بولسا كېرەك. ئەمەلىيەتتىمۇ يۈەن خۇڭيۇ شىنجاڭدا ئەينى ۋاقىتتىكى دوتەيلەر ئىچىدە خېلى تەسىرى بار دوتەي ئىدى. ئۇ 1906 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى قەشقەرگە كەلگەن مەشھۇر ئېكسپېدىتسىيەچى مانېرھېيىمنىڭ يول خېتىگە تەستىق سالغاندا ئۇنىڭ ئىسمىنى «马达汉» (خەنزۇلارنىڭ دىيارىغا ئات بىلەن كەلگەن كىشى دېگەن مەنىدە) دەپ يېزىپ، تارىختا نام قالدۇرغان. شىنجاڭنىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى باش مۇپەتتىشى يۈەن داخۇا ئەمەلىدىن ئايرىلىپ ئىچكى جۇڭگوغا قايتىش مەزگىلىدە چىڭ ھۆكۈمىتىگە يۈەن خۇڭيۇنى شىنجاڭغا باش مۇپەتتىش قىلىپ بەلگىلەش تەكلىپىنى بەرگەن بولسىمۇ، بۇ ئىش ئەمەلگە ئاشقىچە، شىنخەي ئىنقىلابىنىڭ تەسىرىدە جانلىنىپ كەتكەن گېلاۋخۇيچىلار ئۇنى 1912 ـ يىلى قەشقەردە ئۆلتۈرۈۋەتكەن. نەتىجىدە، ياڭ زېڭشىن باش مۇپەتتىشلىككە بەلگىلەنگەن.

تاتار تىلىدا نەشر قىلىنىدىغان «ئۇلپەت» گېزىتىدە بېسىلغان يۇقىرىقى ماقالىدە ئىسمى تىلغا ئېلىنغان كېرىم ئاخۇن دېگەن كىشى قەشقەرنىڭ ئەينى يىللاردىكى داڭدار بايلىرىدىن ئىدى. ئۇنىڭ دادىسى «ئىسمائىل پاختا» دېگەن نام بىلەن تونۇلغان. ئوغۇللىرى كېرىم باي بىلەن ئۆمەر باي قەشقەردىكى داڭلىق بايلار سۈپىتىدە تونۇلغان. ئۆمەر باي بىلەن كېرەم باي ئاكا ـ ئۇكا 1904 ـ يىلى قەشقەردىكى ھېيتگاھ جامەسىنى رېمونت قىلدۇرغانىدى. ئۇلارنى رۇسلار «ئاخۇنبايوفلار» دەپ ئاتىشاتتى.

1902 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى ئەتىگەندە قەشقەر ۋە ئاتۇش

تەۋەسىدە قاتتىق يەر تەۋرەپ، 10 مىڭ ئېغىز ئۆي ئۆرۈلۈپ، 1300 ئادەم قازا قىلغان. تاغلار گۇمۇرۇلۇپ، يەرلەر يېرىلىپ كەتكەن. شۇ قاتتىق يەر تەۋرەشتە ھېيتگاھ جامەسىنىڭ ئىشىكى بۇزۇلغان، ئىككى تەرەپتىكى مۇنارلىرى ئۆرۈلۈپ چۈشكەن، تاملىرىغا چاك كەتكەن. شۇ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى يەنە بىر قېتىم يەر تەۋرىگەن. قالدۇق يەر تەۋرەش ئىككى يىل داۋاملاشقان. 1904 ـ يىلىغا كەلگەندە قەشقەرنىڭ چوڭ بايلىرىدىن بولغان ئۆمەر باي بىلەن ئاكىسى كېرەم باي ھېيتگاھ جامەسىنى رېمونت قىلدۇرغان. بۇ ئىككى باينىڭ بىزنىڭ تەرەققىيات ۋە يېڭىچە مائارىپ ئىشلىرىمىزدا ئوينىغان ئىجابىي رولىغا ئائىت ئىش ئىزلىرى مەلۇم ئەمەس. ئەكسىچە، بۇ جەھەتتە، بولۇپمۇ جەدىدچە مائارىپقا توسالغۇ بولۇش جەھەتتە ئاجايىپ سەلبىي رول ئوينىغانلىقى مەلۇم. داڭلىق تەزكىرىچى شېرىپ خۇشتار ئەپەندى «شىنجاڭنىڭ يېقىنقى زامان تارىخىدىكى مەشھۇر شەخسلەر» دېگەن كىتابىدا ئۆمەر باينىڭ قارا نىيەت نەپسانىيەتچىلىكىنى پاش قىلىدىغان مۇنداق بىر ئىشنى يازغان: «ياڭ زېڭشىن دەۋرىدىكى باج ئىنتايىن ئېغىر، تۈرلىرى ناھايىتى كۆپ ئىدى. جايلارنىڭ بېجى يەرلىك ئەمەلدارلار ياكى فېئودال باي ـ پومېشچىكلارغا كۆتۈرە بېرىلگەن بولۇپ، باج يىغقۇچى زالىملارنىڭ خەلقنىڭ قان ـ تەرىنى شورىشىغا تېخىمۇ قولايلىق يارىتىلغانىدى. مەسىلەن، قەشقەرنىڭ باج ـ سېلىقى ئىبراھىم لوزۇڭغا كۆتۈرىگە بېرىلگەن بولۇپ، ئىبراھىم لوزۇڭ بىرقانچە 10% قوشۇپ تۆۋەنگە چۈشۈرسە، بەگ، مىڭبېشى ھەتتا ئونبېشىغا كەلگۈچە بۇ باج قاتلاممۇقاتلام نەچچە ھەسسە ئېشىپ يىغىۋېلىناتتى... ئەنە شۇنداق پەيتتە قەشقەرلىك ئۆمەر باي ياڭ زېڭشىنغا نۇرغۇن سوۋغا، تارتۇقلارنى بېرىش ئارقىلىق مەزكۇر باجنى ئىبراھىم لوزۇڭدىن بىرقانچە ھەسسە ئارتۇق تاپشۇرۇشقا ۋەدە بېرىپ، ئۆزىگە كۆتۈرە بېرىشنى تەلەپ قىلغان. ياڭ زېڭشىن سوۋغا ـ سالاملارنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن، باج يىغىش ھوقۇقىنى ئۆمەر بايغا كۆتۈرىگە بېرىشكە قو-

www.uyghurkitap.com

شۇلغان. بۇنى ئاڭلىغان روزى ھاجىم دەرھال تۇسقۇنلۇق قىلىپ،
ئۆمەر باينىڭ باجنى ئۆرلىتىپ پايدا ئېلىش سۈيىقەستىنى ئېچىپ
تاشلاپ، قەشقەر خەلقىنى بىر قېتىملىق باج ئۆرلەش ئاپىتىدىن
ساقلاپ قالغان①.»

ئومۇمەن، ئۆمەر باي، كېرەم باي قاتارلىقلار تارىخىمىزدىكى مۇ-
تەئەسسىپ، نەزەر دائىرىسى تار، نادان بايلاردىن ھېسابلىنىدۇ. ئۇلار
20 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدىكى قەشقەرنى مەركەز قىلغان ھالدا قانات
يايغان مىللىي ئويغىنىش ۋە يېڭى مائارىپ ھەرىكىتىدە ناھايىتى
پاسسىپ رول ئوينىغان ھەم قارشى كۈچلەرنى ھىمايە قىلغان. گەر-
چە ئۇلار ئەينى ۋاقىتتا شىنجاڭدىكى ئالدىنقى قاتاردىكى بايلاردىن
ھېسابلانسىمۇ، ئەمما خەلق ئۈچۈن تىلغا ئالغۇدەك بىرەرمۇ تۆھپە-
نىڭ ئىگىسى بولۇش شەرىپىنى ھازىرلىمىغان. شۇڭا تارىخىمىزدى-
كى نادان بايلارنىڭ ئۆلگىسى سۈپىتىدە تىلغا ئېلىنىپ كېلىۋاتىدۇ.
روشەنكى، نادان بايلارنىڭ تۇپ مەقسىتى ئۆزى بىلەن دەۋرداش كى-
شىلەر ئالدىدا ئۆزىنى چوڭ كۆرسىتىش ۋە تاپقان - تەرگىنىنى پەر-
زەنتلىرىگە مىراس قالدۇرۇشتىن ئارتۇق بولمايدۇ. گەرچە بۇ خىل
نادان بايلار ياراتقۇچىدىن ھېيىقىپ، ساۋاب ئىزدەپ، گاھىدا ئەلنىڭ
ھۆرمىتىنى نەزەرگە ئېلىپ، مەلۇم دەرىجىدە ساخاۋەت ئىشلىرىنى
قىلسىمۇ، لېكىن ئۆزىنى بىر پۈتۈن خەلق دۈچ كەلگەن مىللىي كى-
رىزىس ئىچىگە قويۇپ ئويلاش، ياشاش مەقسىتىنى شۇنىڭغا ئاساسەن
تەڭشەش جەھەتتە ئاساسەن نادانلارچە يول تۇتقان بولىدۇ.

1884 - يىلى شىنجاڭ ئۆلكە بولۇپ قۇرۇلغاندىن كېيىن نىس-
بىي تىنچلىق مەزگىلىگە قەدەم قويغان. ئانا دىيارىمىز بىرىتانىيە
ھۆكۈمرانلىقىدىكى ھىندىستان ۋە چار رۇسىيە ھۆكۈمرانلىقىدىكى
ئوتتۇرا ئاسىيا ئۆلكىلىرىگە قوشنا بولۇشتەك ئەۋزەللىككە ئىگە
بولغاچقا، ۋۇجۇدىدا سودا گېنى كۈچلۈك ئۇيغۇرلار بۇ نىسپىي

① شېرىپ خۇشتار: «شىنجاڭنىڭ يېقىنقى زامان تارىخىدىكى مەشھۇر شەخسلەر»،
شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2000 - يىلى 9 - ئاي نەشرى، 228 - ۋە 229 - بەتلەر.

تىنچ پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ سودا ـ تىجارەت ئىشلىرىنى جاش-
لىق قانات يايدۇرغان. نەتىجىدە، ئۇزاق ئۆتمەي ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە
يېڭى بىر ئىجتىمائىي قاتلام ــ «بايلار قاتلىمى» شەكىللەنگەن. تە-
ۋەككۇلچىلىك روھى كۈچلۈك، ھېساباتقا پىششىق، سودىغا ماھىر
بۇ بايلار قاتلىمى خېلى زور ئىقتىسادىي كۈچكە ئىگە بولسىمۇ، لې-
كىن ئۇلارنىڭ ئاڭ ـ سەۋىيەسى تۆۋەن بولغاچقا، مۇتلەق كۆپىنچە-
سى «نادان بايلار» تويىغا مەنسۇپ بولغان. بۇ نادان بايلارنىڭ كۆپىن-
چىسى ئاخىرقى ھېسابتا خەلقنىڭ مەدەنىيەت، مائارىپ ئىشلىرى
ئۈچۈن ئاز ـ تولا ئىش قىلىپ ياخشى نام، ياخشى ئىز قالدۇرالمى-
غاننىڭ ئۈستىگە، توپلىغان مال ـ دۇنياسىنى باللىرىغىمۇ مىراس
قالدۇرالماستىن بارىنى جاللات شېڭ شىسەينىڭ ئولجىسىغا ئايلان-
دۇرۇپ بەرگەن. بۇ نادان بايلار 1937 ـ يىلىدىن 1941 ـ يىلىغىچە
تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدىكى بارلىق يۇرتلاردا تۇركۇم ـ
تۇركۇم ھالدا ئېچىنىشلىق پاجىئەگە دۇچار بولغان. ئۆمەر باي بۇ
جەھەتتىكى ئەڭ تىپىك ئاچچىق مىسالدۇر.

تاشاخۇنۇمنىڭ سان پېتىربۇرگدىكى شۇ قېتىمقى سۆھبەتتە
س. خ. مۇھەممىدوفقا ئۇيغۇر جەمئىيىتىگە «مۇنتىزىم ۋە مۇكەممەل
مەكتەپلەر ھەم ئىقتىدارلىق ئوقۇتقۇچىلارغا ئېھتىياجلىق ئىكەنلى-
كىنى ئۇست ـ ئۇستىلەپ تەكىتلەپ سۆزىنى تۈگەت» كەنلىكى ئۇ-
نىڭ جەدىدلىك ئېڭىغا ئىگە ئىلغار پىكىرلىك زات ئىكەنلىكىنى
كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

تاشاخۇنۇم 20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا كۆزگە كۆرۈنۈشكە باشلى-
غان بايلاردىن بولۇپ، قاراقولدا تۇرۇپ تىجارەت قىلىپ روناق تاپ-
قان. چوڭ ئوغۇللىرى مۆيدىنخان (مۇھىددىن)، نەجمىدىن ۋە ھىلا-
لىدىنلار قاراقولدا تۇغۇلغان. تەخمىنەن 1900 ـ يىللارنىڭ ئوتتۇرى-
لىرى ئائىلىسى بويىچە ئاتۇشقا كۆچۈپ كەلگەن. ئەمما، ئايالى نى-
ساخان قازا قىلىپ كەتكەن. شۇنىڭ بىلەن 1909 ـ يىلى 44 يېشىدا
ئاتۇش مەشھەتلىك 16 ياشلىق ساھىبجامال قىز سارە خېنىمنى ئەم-

ـرىگە ئالغان. سەيپىدىن ئەزىزى تاشاخۇنۇمنىڭ سارە خېنىمدىن بولغان ئۈچىنچى ئوغلى ئىدى. بۇ يىللار تاشاخۇنۇمنىڭ ئىقتىسادىي جەھەتتە تېز كۈچىيىۋاتقان يىللىرى بولغان. بىز 1910 ـ يىللاردىن ئىلگىرى تاشاخۇنۇمنىڭ تىرىشچانلىقى بىلەن روياپقا چىققان بىرەر ئىشنى بىلمەيمىز. ئۇنىڭ ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ تەرەققىياتىغا قوشقان تۆھپىلىرىگە ئائىت ئىش ئىزلىرى 1910 ـ يىللارنىڭ باشلىرىغا توغرا كېلىدۇ.

تاشاخۇنۇم 1910 ـ يىلىنىڭ ئالدى ـ كەينىدە رۇسىيەدىن شاتاۋارغا گۈل باسىدىغان تېخنىكىنى كىرگۈزۈپ، قەشقەرنىڭ رەخت بازىرىدىكى كۈچلۈك شەخس سۈپىتىدە تونۇلغان. ئۇنىڭ ئىقتىسادىي كۈچى كۆرۈنەرلىك دەرىجىدە ئاشقان.

1902 ـ يىلىدىكى قاتتىق يەر تەۋرەشتە ئاتۇش مەشھەتتىكى ياقۇپ بەگ دەۋرىدە ياسالغان سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان مازىرى ھەم مەسچىتى تامامەن دېگۈدەك ۋەيران بولۇپ كەتكەن. ئىلىنىڭ سۈيدۈڭ ناھىيەسىدە ئولتۇراقلىشىپ چارۋا مال سودىسى قىلىپ بېيىغان ئاتۇش ئازاقلىق تىلىۋالدى ھاجىم[1] دېگەن كىشى سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان مەسچىتىنى قايتىدىن ياساشنى نىيەت قىلىپ، 1910 ـ يىللىرىنىڭ بېشىدا زامانىسىغا يارىشا ھەشەمەتلىك قىلىپ ياساپ پۈتكۈزگەن. 1916 ـ يىلى ئاتۇشقا كەلگەن تاتارىستانلىق مەشھۇر مۇخبىر نۇشىرىۋان يائۇشوف «شۇرا» ژۇرنىلىغا يازغان ماقالىسىدە «بۇغراخان قەبرىسىنىڭ يېنىدا تىلىۋالدى باي سالدۇرغان بەك كۆركەم مەسچىت بار، مەسچىتنىڭ يېنىدا ھالى خاراب بىر مەدرىسەمۇ بار، مەدرىسەگە كىرىپ مۇدەررىس ھابىل بىلەن كۆرۈشتۇم» دەپ يازغان. تىلىۋالدى ھاجىم مەسچىتنى سالدۇرغاندىن كېيىن ئىلھاملانغان تاشاخۇنۇم سۇتۇق بۇغراخان قەبرىسىنى ياساشقا تۇتۇش قىلغان. لېكىن يەكەندىكى سەرەڭگە زاۋۇتى بىلەن بولۇپ كېتىپ

① تىلىۋالدى ھاجىم ــ شىنجاڭ بوكس كوماندىسىنىڭ مەشقاۋۇلى، داڭلىق بوكس چولپىنى ئابدۇشۈكۈر مىجىتنىڭ ئانا تەرەپ ئۇلۇغ بوۋىسى.



www.uyghurkitap.com

قەبرە ياساش ئىشى يېرىم يولدا توختاپ قالغان. چۈنكى 1914 - يى-
لى 7 - ئاينىڭ ئاخىرى بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشى پارتلىغاچقا تاشاخۇ-
نۇمنىڭ گېرمانىيەدىن سېتىۋالغان سۇ كۈچى بىلەن قوزغىتىلىدى-
غان چوڭ تېپلىق سەرەڭگە، گۈللۈك رەخت ئىشلەپچىقىرىش ماشى-
نىلىرىنى يۆتكەپ كېلىش يولى ئېتىپ تاشلانغان. نەتىجىدە، سېتى-
ۋېلىشقا بەرگەن پۇلى بىكارغا كەتكەن. بۇ ئىش تاشاخۇنۇمنىڭ ئىق-
تىسادىغا زور زەربە بولغان. ئۇ ئىشنىڭ چاتاق تەرەپكە قاراپ يۈز-
لەنگەنلىكىنى تونۇپ يېتىپ دەرھال يەكەنگە قاراپ يولغا چىققان.
شۇ چاغدا تاشاخۇنۇم بىلەن شېرىكلىشىپ سەرەڭگە زاۋۇتىنى باشقۇ-
رۇۋاتقان چەت ئەللىك ئىنژېنېر ياكوب ئەرمەنمۇ زاۋۇتنىڭ پايدىسى-
غا قارىتا يېڭى تەلەپلەرنى قويۇپ، چاتاق چىقىرىشقا باشلىغان. تا-
شاخۇنۇم مۇشۇنداق سەۋەبلەر بىلەن يەكەنگە يېتىپ كېلىپ زاۋۇت-
نىڭ ئىشلىرىغا كۆڭۈل بۆلۈشكە كىرىشىپ كەتكەن. بۇ ئىش سەۋە-
بىدىن ئاتۇش خەلقى ئارىسىدا مۇنداق قوشاق تارالغان:

تاشاخۇن يەپ ئازارنى،
تاشلاپ قاچتى مازارنى.
شاتاۋارغا گۈل بېسىپ،
ئىگىلىدى بازارنى.

1917 - يىلى 7 - ئاينىڭ 8 - كۈنى يەكەنگە كەلگەن شىمالىي
مىلىتارىستلار ھۆكۈمىتى مالىيە مىنىستىرلىكىنىڭ 30 ياشقا
كىرگەن مالىيە باج خادىمى شيې بىن يەكەندە تاشاخۇنۇمنىڭ سە-
رەڭگە زاۋۇتىنى زىيارەت قىلغاندا كۆرگەنلىرىنى «شىنجاڭدىكى سا-
ياھەت خاتىرىسى» دېگەن كىتابىدا مۇنداق يازغان:
«ئۇيغۇر بازىرىنىڭ غەربىدىكى قوۋۇقتىن چىقىپ خەنزۇ بازىرى-
نىڭ غەربىي شىمالىي تەرىپىگە كېلىپ سەرەڭگە شىركىتىنى زىيا-
رەت قىلدۇق. شىركەتنى پەيزاۋاتلىق ئۇيغۇر تاش تەشكىللىگەن-

www.uyghurkitap.com

كەن. ئومۇمىي پاي سوممىسى 50 مىڭ سەر ئىكەن. گېرمانىيەلىك بىر تېخنىك پۈتۈن ھوقۇقنى ئىگىلىۋېلىپ شىركەت مۈلكىنىڭ كۆپ قىسمىنى خىيانەت قىلغانىكەن. شىركەتتە كىچىك ئىككى باسما ماشىنىسى بار ئىكەن. ماشىنا ئۈلاغ ياكى ئادەم كۈچى بىلەن قوزغىتىلىدىكەن. ھەر بەش كۈندە 10 چوڭ ساندۇق سەرەڭگە ئىشلىنىدىكەن. يىلىغا ناھايىتى كۆپ پايدا ئالىدىكەن. شىركەتنىڭ يەنە رەختكە گۈل باسىدىغان كىچىك بىر ماشىنىسى بار ئىكەن. شىركەت دەسلەپ قۇرۇلغاندا، كىچىك ماشىنا بىلەن تىجارەتنى كېڭەيتكىلى بولمايدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ گېرمانىيەدىن سۇ كۈچى بىلەن قوزغىتىلىدىغان چوڭ تىپتىكى سەرەڭگە، گۈللۈك رەخت ئىشلەپچىقىرىش ماشىنىلىرىنى سېتىۋالغانىكەن. ئەمما، ياۋروپادا توساتتىن ئۇرۇش قالايمىقانچىلىقى يۈز بەرگەنلىكتىن بۇ ماشىنىلارنى يۆتكەپ ئەكېلەلمىگەنىكەن. كەلگۈسىدە ئۇرۇش ئاخىرلاشقاندا، بۇ ماشىنىلار يۆتكەپ كېلىنسە شىركەتنىڭ تىجارىتىدە زور تەرەققىيات بولۇشى مۇمكىن①.»

ھەقىقەتەنمۇ تاشاخۇنوم بۇ مەزگىلدە ئاساسەن يەكەندە تۇرغان. ئۇنىڭ زاۋۇتىدىن ئىشلەپچىقىرىلغان سەرەڭگىلەر يۇرت ـ يۇرتلاردا سېتىلىپ «تاشاخۇنوم سەرەڭگىسى» دەپ داڭ چىقارغان. ئەمما، «تاشاخۇنوم تەڭگىسى» كاساتلاشقاندىن كېيىن ئۇنىڭ بۇ زاۋۇتىمۇ مەبلەغ يېتىشمەي توختاپ قالغان. ئەسلىدە تاشاخۇنوم قەشقەرنىڭ دوتيى جۇ رۈيچى (1917 ـ يىلى 1 ـ ئايدىن 1924 ـ يىلى 7 ـ ئايغىچە دوتەي بولغان) بىلەن توختاملىشىپ، پۇل پاخاللىقىنى تۈگىتىش ئۈچۈن ھۆكۈمەت 25%، تاشاخۇنوم 75% مەبلەغ چىقىرىدىغان، كۈمۈش تەڭگىنىڭ بىر يۈزىگە ‹قەشقەردە قۇيۇلغان بەش مىسقاللىق پۇل› دېگەن ئۇيغۇرچە خەت، بىر يۈزىگە خەنزۇچە خەت ئويۇلغان كۈمۈش تەڭگە قۇيىدىغان بولغان. تەڭگە قۇيىدىغان ئورۇننى قەشقەر

---

① شىي بىن: «شىنجاڭدىكى ساياھەت خاتىرىسى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2001 ـ يىلى 6 ـ ئاي 2 ـ قېتىم بېسىلغان نۇسخىسى، خەنزۇچە، 150 ـ بەت.

دوتەي يامۇلى ئىچىگە بەلگىلىگەن. ئىشلىتىلىدىغان كومۇشنىڭ ساپلىقىنى 97.99% قىلىش بېكىتىلگەن. بۇ تەڭگە بازاردا قىزغىن قارشى ئېلىنىپ «تاشاخۇنۇم تەڭگىسى» دەپ داڭ چىقارغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇزاق ئۆتمەي بازاردا سۈيىقەستچىلەر قويغان ساختا «تاشاخۇنۇم تەڭگىسى» كۆپىيىپ كېتىپ تاشاخۇنۇم زور زىيان تارتقان. ئىشنىڭ ماھىيىتىنى بىلمەيدىغان ئاددىي خەلق بۇ توغرۇلۇق مۇنداق قوشاق توقۇشقان:

تاشاخۇنۇم تاش ئىكەن،
ئامبال بىلەن باش ئىكەن.

تاشاخۇنۇمنىڭ بۇ چاغدا ئىقتىسادىي جەھەتتە قانچىلىك قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغانلىقىنى سەيپىدىن ئەزىزىنىڭ «ئۆمۈر داستانى» نىڭ 1 ـ قىسمىدا يېزىلغان تۆۋەندىكى بايانلارغا ئاساسەن مۆلچەرلىيەلەيمىز:

«مەن مەكتەپتىن قېلىپ ئۆيدە ئوقۇپ يۈرگەن شۇ كۈنلەردە يەكەندە سەرەڭگە زاۋۇتى توختاپ قالغانلىقىنى، دادامنىڭ قەرزگە بوغۇلۇپ قالغانلىقىنى ئاڭلىغانىدىم. بىركۈنى ئانام ماڭا، دادالڭ كېلەلمەيدىكەن، سېنى يەكەنگە ئەكېلىشكىلار دەپتۇ، دېدى ۋە مېنى يەكەنگە يولغا سېلىشقا تەييارلاندى ... مېنى ھەسەن ئاخۇن يەكەنگە ئاپىرىدىغان بولدى. ئۇ ئاتنىڭ ئالدىغا مىندى، ئارقىسىغا بىر كۆرپىنى سېلىپ ئۈستىگە مېنى ئولتۇرغۇزدى، يىقىلىپ كەتمەسلىكىم ئۈچۈن بىر ماتا بەلباغ بىلەن بېلىمدىن ھەسەن ئاخۇننىڭ بېلىگە چېتىپ باغلاپ قويدى. بىز ئاشۇ ھالەتتە يولغا چىقتۇق.»

سەيپىدىن ئەزىزى 1915 ـ يىلى تۇغۇلغان بولۇپ، كىتابىدا ئۆزىنىڭ 6 ــ 7 ياشتا مەكتەپكە كىرگەنلىكىنى يازغان. بىرەر يىلچە ئوقۇپ مەكتەپتىن قالغان. دېمەك، ئۇ 1922 ـ يىلى يەكەنگە بارغان. بۇ چاغدا سەرەڭگە زاۋۇتى ئىشلەپچىقىرىشتىن توختاپ بولغانىدى.

بۇ توغرۇلۇق سەيپىدىن ئەزىزى كىتابىدا يەنە مۇنداق يازغان: «مەن بارغاندا سەرەڭگە زاۋۇتى توختاپ قالغانىكەن. بىز زاۋۇت ئىچىگە كىرىپ ئوينايتتۇق. چوڭ بىر زالنىڭ ئوتتۇرىسىغا بىرى ـ بىرىگە كىرىشكەن يوغان تۆمۈر چاقلار ئورنىتىلغان، چاقلاردىن تېپشىغا قاراپ ئۇزۇن تۆمۈرلەر تارتىلغان، تۆمۈرلەرنىڭ ئۇچىدا تاسمىلار ساڭگىلاپ تۇراتتى. بۇ تۆمۈرلەرگە ئات قوشىدىكەن. بۇ ئات كۈچى بىلەن ئايلىنىدىغان ئاددىي ماشىنا بولۇپ، ئۇنىڭدا سەرەڭگىنىڭ تاللىرىنى توغراپ چىقىرىدىكەن. يەنە بىر ئۆيدە سەرەڭگىگە گوڭ ـ گۇرت (باش) تۇتقۇزۇش، قاپ ياساش، قاچىلاش ئىشلىرى قىلىنىدىكەن. بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسى قول بىلەن ئىشلىنىدىكەن. ئېيتىشىلىرىچە بۇ زاۋۇتتا ئىككى يۈزگە يېقىن ئادەم ئىشلەيدىكەن، ئۇنىڭ تولىسى ئاياللار ۋە ياش باللار ئىكەن. زاۋۇتنىڭ نېمە ئۈچۈن توختاپ قالغانلىقىنى ئۇ ۋاقىتتا مەن بىلەلمىدىم[1].»



ما تىتەي

تاشاخۇنۇمنىڭ سەرەڭگە زاۋۇتىنىڭ ۋەيران بولۇشى ۋە كۈمۈش تەڭگىسىنىڭ كاساتلىشىپ كېتىشى بىلەن كېلىپ چىققان بۇ ئىقتىسادىي كىرىزىستىن قانداق قۇتۇلغانلىقى نامەلۇم. بەلكىم باللىرى ئەسقاتقان بولۇشى مۇمكىن. تاشاخۇنۇمنىڭ باللىرى كۆپ بولۇپ چوڭ ئوغۇللىرى مۆيدىنخان (مۇھىددىن)، نەجمىددىن، ھىلالىددىنلار ياخشى تەربىيە كۆرگەن، زېرەك،

① سەيپىدىن ئەزىزى: «تۆمۈر داستانى»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1990 ـ يىلى نەشرى، 1 ـ قىسىم، 28 ـ، 29 ـ بەتلەر.

يارامىلىق يىگىتلەردىن بولۇپ يېتىشكەن. شۇڭا، بۇ مەزگىلدە مۆيۈ-دىنخان بىلەن ھىلالىدىن ئوتتۇرا ئاسىياغا چىقىپ سودا - تىجارەت بىلەن شۇغۇللانغان. ئومۇمەن ئېيتقاندا، تاشاخۇنۇمنىڭ بۇ چاغدا ئىقتىسادىي جەھەتتە قايسى دەرىجىدە ۋەيران بولغانلىقى ئېنىق ئەمەس.

1924 - يىلى ما شاۋۇۋ ياڭ زېڭشىننىڭ بۇيرۇقى بويىچە ئۈچ-تۇرپاندىن قەشقەرگە تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىپ بېرىپ قەشقەرنىڭ ياساۋۇل بېگى، يەنى ھەربىي ئەمەلدارى ما فۇشىڭ (ما تىتەي) نى تىرىك تۇتۇپ، 4 - ئاينىڭ 30 - كۈنى يېڭىشەھەرنىڭ شىمالىي دەرۋازىسىنىڭ سىرتىغا ئېلىپ چىقىپ ئېتىپ تاشلىغان. قەشقەر دوتيىى جۇ رۇيچىمۇ ئەمەلىدىن قالدۇرۇلغان. ئورنىغا ما شاۋۇۋ قەشقەرگە دوتەي بولغان. ما فۇشىڭنىڭ ئۆلتۈرۈلۈشى قەشقەر خەل-قىنى قالتىس شادلاندۇرغان، چۈنكى ئۇ 10 يىلغا يېقىن ياساۋۇل بې-گى بولۇپ تۇرۇش جەريانىدا خەلقنى قاڭغىر قاقشاتقان. شۇڭا قەش-قەر خەلقى ما تىتەي توغرۇلۇق مۇنداق قوشاقلارنى توقۇغان:

ئوق سېلىپمۇ ئاتقان تاز،
ئوق سالمايمۇ ئاتقان تاز.
قارا لاينى موم قىلىپ،
پۇقرالارغا ساتقان تاز.

ما تىتەي تۇلۇمچاشقان،
ئالۋاننى تولا چاچقان.
ئاق تەڭگىنى جا چىقىرىپ،
دارغا ئېسىلىپ ياتقان.

ما تىتەي بىر بۇزۇقتۇر،
شارابخورلۇق ئادىتى.

توقۇز خوتۇن، قىرىق قىز،
قولغا كەلگەن ئامىتى.

بۇ قوشاقتىكى «ئاق تەڭگىنى جا چىقىرىپ» دېگەن مىسرادا ئىپادىلەنگەن مەزمۇن بىلەن ساختا «تاشاخۇنۇم تەڭگىسى» مۇناسىۋەتلىك ئىشمۇ ياكى ئەمەسمۇ، بۇنىسى ئېنىق ئەمەس. لېكىن، بىر قىسىم ماتېرىياللاردا تاشاخۇنۇم ما شاۋۋۇ قەشقەرگە دوتەي بولغاندىن كېيىن تېخىمۇ يامان كۈندە قالغان، يەنى ما شاۋۋۇ ئۇنى قولغا ئالماقچى بولغان، دېگەن ئۇچۇرلار بار. مېنىڭ ماتېرىياللاردىكى ئومۇمىي ئۇچۇرلاردىن چىقارغان ئەقلىي يەكۈنۈم بويىچە ئېيتقاندا، ما شاۋۋۇ قەشقەرگە دوتەي بولۇپلا تاشاخۇنۇمنى قولغا ئالماقچى بولغان، دېيىشنىڭ تازا ئاساسى يوقتەك تۇرىدۇ. چۈنكى، سەيپىدىن ئەزىزى «ئۆمۈر داستانى» دا «مەن 13 يېشىمدا بىر ھەپتە ئوقۇتقۇچى بولغانمەن»، «بۇ ۋاقىتلاردا دادامنىڭ بايلىقى ئاللىقاچان سورۇلۇپ بولغان، بارنى سېتىپ يەپ كۈن كەچۈرىدىغان ۋاقىتلار باشلانغانىدى. داداممۇ يەكەندىن قايتىپ كەلگەن، ئۆزىنىڭ كەسپىنىڭ ئانچە تايىنى يوق بولسىمۇ، بىز يەنىلا بىرقەدەر ھاللىق تۇرمۇشتا ئىدۇق»، «بۇ يىللاردا دادامنىڭ سانائىتىمۇ يوق، سودىگەرچىلىكىمۇ يوق، ئۆيدە بولۇپ قالغان ۋاقىتلىرى بولسا كېرەك، دىنىي خۇراپاتلارغا قارشى تەشۋىق قىلىش ۋە يېڭىچە مەكتەپ ئېچىشنى تەرغىب قىلىش بىلەن كۆپرەك شۇغۇللىناتتى»، «مۇشۇ كۈنلەردە دادام مەشھەتتىكى بازار ئىچىدە بىر سىنىپلىق يېڭى مەكتەپ ئاچقانىكەن» دەپ يازغان ھەم ئۇلاپلا يەنە «كېيىن دادامنىڭ ئېيتىپ بېرىشىچە، دادام مۇشۇ بىر سىنىپلىق يېڭى مەكتەپنى ئېچىپتىكەن، بۇنىڭغا موللا، قازىلار قاتتىق قارشىلىق قىپتىكەن، ئۇلار ئاۋۋال بىر مۇئەللىمنى ئۇرۇپ ـ تىللاپ يوروپ قوغلىۋېتىپتۇ، كېيىن دادام بىزنىڭ يۇرتتىكى ئىبراھىم ئاخۇن خەلپىتىم دېگەن ئادەمنى ئاپىرىپ ئوقۇتقۇچى قىپتۇ، ئۇ يولدىن ئۆتكەندە باشقىلار تىللايدىكەن.



ما شاۋۋۇ

تام ئارقىلىرى، قوناقلىقلارغا
مۆكۈپ تۇرۇپ تاش، كالتەك
ئېتىپ ئۇرىدىكەن، ئىشقىلىپ
ئۇنى قوغلاشقا تىرىشىدىكەن.
دادام ھەر خىل ئاماللار بىلەن
بۇ ئادەمنى قوغداپتۇ، بىرنەچ-
چە ئاي ئۆتكەندىن كېيىن،
بىرنەچچە ئادەم ئۇ ئادەمنى تۇ-
تۇۋېلىپ، بىر ئۆيگە ئەكىرىپ
قولىنى باغلاپ دۇمبالاپتۇ،
‹كالتە قۇيرۇقلارنىڭ مەكتە-
پىگە مۇئەللىم بولمايمەن› دەپ
مەجبۇرىي قەسەم ئىچۈرۈپ قو-
يۇۋېتىپتۇ. ئۇ مەكتەپ يەنە
توختاپ قاپتۇ. دادام باشقا ئا-
دەملەرنى تاپسا ئۇلار قورقۇپ
ئۇنىمايدىكەن، ئاخىر مېنى ئە-
كېلىپ مۇئەللىم قىپتۇ. دادام
مېنى بالامنى قوغلىۋېتەلمەي-
دۇ، دەپ ئويلىغان بولسا كې-
رەك، بىراق مەنمۇ بۇ مەكتەپتە
بىر ھەپتىدىن ئارتۇق تۇرالمى-
دىم» دەپ يازغان.


1915 - يىلى تۇغۇلغان سەيپىدىن ئەزىزى 13 يېشىدا ئوقۇتقۇچى بولغان بولسا، دېمەك، 1928 - يىلى ئوقۇتقۇچى بولغان بولىدۇ. دادىسى تاشاخۇنۇم 1928 - يىلى مەكتەپ ئاچقان بولسا، بۇ ما شاۋۋۇ قەشقەرگە دوتەي بولۇپ تۆت يىل بولغان چاغلار بولىدۇ. شۇڭا، ما شاۋۋۇ دوتەي بولۇپلا تاشاخۇ-

نۇمنى قولغا ئالماقچى بولغان، دېگەن قاراشنىڭ ئاساسى يوق. ئەمما، تاشاخۇنۇم 1928 ـ يىلىنىڭ ئاخىرلىرى ھەقىقەتەن مۆكۈپ، كىشىلەرگە كۆرۈنمەي يۈرگەن ھەم ئۇزاق ئۆتمەي ئىلىغا قېچىپ چىقىپ كەتكەن. بۇ توغرۇلۇق سەيپىدىن ئەزىزى «ئۆمۈر داستانى»دا مۇنداق يازغان: «دادامنىڭ ئىلىغا قېچىپ كېتىشى مۇنداق سەۋەبتىن بولغان: يەكەندىكى زاۋۇت توختاپ، بايلىقى خاراب بولۇشقا باشلىغاندا، چوڭ ئاكىلىرىم مۇھەممەدىن بىلەن ھىلالىدىنلار رۇسىيەگە چىقىپ سودا قىلماقچى بوپتۇ، ئۇلار بىر ئافغان سودىگەر تەييارلىغان بىر مۇنچە تېرە، ئۈچەيلەرنى (ئۇنىڭ بىلەن شېرىك بولۇپ) ئېلىپ سوۋېتكە چىقىپ كەتكەندى. ئۇ يەردە ئۇلار ئەتكەسچى ھېسابلىنىپ، ماللىرى مۇسادىرە قىلىنىپتۇ، شىنجاڭغىمۇ قايتالماپتۇ. كېيىن نەجمىدىن ئاكام ئۇلارنى ئىزدەپ بېرىپتۇ. ئەمدى ئافغاننىڭ پۇلىنى دادام تۆلىشى كېرەك بولدى. دادام جاي ساتتى، يەر ساتتى، يەنە قەرزنى تۈگىتەلمىگەن بولسا كېرەك، ھېلىقى ئافغان دوتەيگە ئەرز قىلىپ خېلى جىق ئاۋارە قىلدى. كېيىن دوتەي يامۇلىدىن يايى كېلىپ دادامنى تۇتۇپ ئېلىپ كەتمەكچى بولغاندا مۆكۈۋېلىپ، ئۇلارغا كۆرۈنمىگەندى»، «ئۈچ ـ تۆت ئاي ئۆتتىغۇ دېيمەن، دادام يوشۇرۇن ئىلىغا چىقىپ كەتتى، بىر يىلدىن كېيىن (1929 ـ يىلى) ئىلىدا ۋاپات بولدى. ھېلىقى سوۋېتكە كەتكەن ئاكىلىرىمدىن نەجمىدىن بىلەن ھىلالىدىن ئاكاملار ئىلىغا قايتىپ كېلىپ ئۇ يەردە ماكانلاشتى. مۇھەممەدىن دېگەن ئاكام ئۇياقتا ‹شىنجاڭنى قۇتۇلدۇرۇش جەمئىيىتى› گە قاتناشلىقى ئۈچۈن، قاماپ سىبىرىيەگە سۈرگۈن قىلىنىپتۇ.»

دېمەك، تاشاخۇنۇم ئىنتايىن تىرىشچان، كۆپنىڭ مەنپەئىتىنى ئويلايدىغان، ئىچى كۈچلۈك، زېرەك كىشى بولسىمۇ، تەلىيى تەتۈر كېلىۋەرگەچكە قۇرغان زاۋۇتىمۇ ۋەيران بولغان، چىقارغان تەڭگىسىمۇ كاسات بولغان، قىلغان سودىسىمۇ نەسكە ئۇچرىغان، 1927 ـ ـ 1928 ـ يىللاردا ئاچقان بىر سىنىپلىق مەكتىپىمۇ بىر يىلچە

داۋاملىشا ـ داۋاملاشماي تاقىلىپ قالغان. شۇنىڭ بىلەن ئىلاجسىز ئىلىغا چىقىپ كېتىپ غۇلجىدا ھەسرەت ـ نادامەت ئىچىدە ئۆلۈپ كەتكەن. ئەمما، ئۇ بالىلىرىنى ۋە جىيەنلىرىنى ناھايىتى ياخشى تەربىيەگە ئىگە قىلغان. شۇڭا، 1930 ـ يىللاردىن كېيىن ئۇنىڭ غۇلجا، قەشقەر، ئاتۇشلاردىكى بالىچاقىلىرى يېڭى مائارىپ، يېڭى مەدەنىيەت ھەرىكىتىدە باشلامچى زىيالىيلاردىن بولۇپ رول ئوينىغان. 1934 ـ يىلى 11 ـ ئايدا غۇلجىدا «ئىلى ۋىلايەتلىك ئۇيغۇر مەدەنىيەت ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى» قۇرۇلغان. ئۇيۇشمىنىڭ ھەيئەتلىكىگە ھاكىمبەگ خوجا قاتارلىق 20 نەچچە كىشى سايلانغان. ئۇيۇشما قارىمىقىدا مائارىپ، مەدەنىيەت، سانايىنەپىسە قاتارلىق بۆلۈملەر قۇرۇلغان. مائارىپ بۆلۈمىگە تاشاخۇنۇمنىڭ رۇسىيەدە ئوقۇغان ئوغلى نەجمىدىن باشلىق بولغان. ئۇ غۇلجىنىڭ يېڭى مائارىپىنى يولغا قويۇش ئىشلىرىدا ئۇنتۇلغۇسىز خىزمەتلەرنى ئىشلىگەن. ئۆزبېكىستاندا ئوقۇغان يەنە بىر ئوغلى ھىلالىدىن غۇلجىنىڭ دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ئىشلىرىدا زور يېڭىلىقلارنى ۋۇجۇدقا چىقارغان. ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى دەۋرىدە ئۈچ ۋىلايەت ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتىنىڭ يەر ـ سۇ نازارىتىدە مۇئاۋىن نازىر، قىشلاق خوجىلىق (يېزا ئىگىلىك) بانكىسىدا بانكا باشلىقى بولغان. ئۇنىڭ تۇرلۇك تۆھپىلىرى ھاكىم جاپپار قاتارلىق كىشىلەر تەرىپىدىن مەتبۇئاتلاردا ئەتراپلىق تونۇشتۇرۇلغان. تاشاخۇنۇمنىڭ جىيەنى، يەنى ئاچىسى پاتەمخاننىڭ ئوغلى، مەشھۇر مائارىپچى مەمتىلى ئەپەندى 1934 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدىن 1937 ـ يىلى ئەتىيازغىچە بولغان ئۈچ يىلغا يېقىن ۋاقىت ئىچىدە ئاتۇشتا مىسلى كۆرۈلمىگەن يېڭى مائارىپ ھەرىكىتىنى قوزغىغان. مەمتىلى ئەپەندى ئۇيغۇر يېڭى مائارىپ تارىخىدا ئوينىغان رولىنىڭ زورلۇقى بىلەن تالانتلىق تەشكىلاتچى، پىداكار مائارىپچى ۋە ئوت يۈرەك كومپوزىتور سۈپىتىدە تەرىپلىنىپ كەلمەكتە ھەم «يېڭى مائارىپ مەشئىلى» دەپ ئۇلۇغلانماقتا. تاشاخۇنۇمنىڭ ئوغلى لىۋايىدىن بىلەن سەيپىدىن ئەزىزى مەمتىلى ئەپەندى

قوزغىغان بۇ يېڭى مائارىپ ھەرىكىتىدە ئۇنىڭغا يار ـ يۆلەك بولۇپ شانلىق ئۇتۇقلارنى قولغا كەلتۈرگەن. تاشاخۇنۇمنىڭ يەنە بىر ئوغلى ئابدۇلھەق (ئابلەق) 1940 ـ يىللاردا قەشقەر ۋىلايەتلىك ئۇيغۇر مەدەنىيەت ئاقارتىش ئۇيۇشمىسىنىڭ رەئىسى ھەم مائارىپ بۆلۈمىنىڭ مەسئۇلى بولۇپ ئىشلىگەن. 1947 ـ يىلىدىن 1949 ـ يىلىغىچە گومىنداڭنىڭ تۈرمىسىدە ياتقان. تاشاخۇنۇمنىڭ ئالتىنچى ئوغلى سەيپىدىن ئەزىزى 1940 ـ يىللاردا ئۈچ ۋىلايەت ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتىدە مائارىپ نازارىتىنىڭ نازىرى بولغان. 1950 ـ يىللاردىن كېيىن ئىشلىگەن خىزمەتلىرى ۋە ئۆتكەن ۋەزىپىلىرى ھەممىمىزگە مەلۇم. ئۇ دۆلەت رەھبىرى ۋە ئەدىب سۈپىتىدە ھەممىگە تونۇش مەشھۇر شەخستۇر. تاشاخۇنۇمنىڭ نوچىلارغا خاس مىجەز ـ خاراكتېرگە ئىگە كەچۈرمىشى بەكمۇ مول، تۇنجى ئوغلى مۇھەممەدىن (مۆيدىنخان) 1920 ـ يىللىرى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدا قۇرۇلغان بىر قۇتقۇزۇش تەشكىلاتىغا قاتناشقانلىقى ئۈچۈن ئىستالىن ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن قولغا ئېلىنىپ سىبىرىيەگە 15 يىللىق سۈرگۈن قىلىنغان. سۈرگۈن مۇددىتى توشقاندا رۇسىيەنىڭ شىمالىدىكى ئارخانگېلسكى شەھىرىدە نازارەت ئاستىدا ئىشلىگەن. 1949 ـ يىلى 16 ـ دېكابىر ماۋ زېدۇڭ باشچىلىقىدىكى جۇڭگو ۋەكىللەر ئۆمىكى زىيارەت ئۈچۈن موسكۋاغا يېتىپ بارغان. بۇ ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ مەقسىتى «جۇڭگو ـ سوۋېت ئىتتىپاقى دوستلۇق شەرتنامىسى» ئىمزالاش ئىدى. بۇ ۋەكىللەر ئۆمىكى سوۋېت ئىتتىپاقى تەرەپ بىلەن شىنجاڭغا مۇناسىۋەتلىك قۇرۇلۇش تۈرلىرىنى كېڭەشىش جەريانىدا سەيپىدىن ئەزىزىنىڭ دەرھال موسكۋاغا كېلىشىنى ئۇقتۇرغان. شۇنىڭ بىلەن 1950 ـ يىلى 30 ـ يانۋار كۈنى سەيپىدىن ئەزىزى ۋەكىللىك سالاھىيىتى بىلەن موسكۋاغا يېتىپ بارغان، 4 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى ئەخمەتجان قاسىمى قاتارلىق ئىنقىلابىي قۇربانلارنىڭ جەسىتىنى ئېلىپ غۇلجىغا قايتىپ كەلگەن. سەيپىدىن ئەزىزى موسكۋادا ئىككى يېرىم ئاي تۇرۇش جەريانىدا



مۇھىددىن (مۆيدىنخان)


سوۋېت ئىتتىپاقى تەرەپكە شىنجاڭغا بىر تېببىي ئىنستىتۇت ۋە بىر تىراكتور زاۋۇتى قۇرۇپ بېرىش ئارزۇسىنى بىلدۈرگەن ھەم موسكۋا ھۆكۈمىتىنىڭ مۇناسىۋەتلىك ئەمەلدارلىرىغا مۇراجىئەت قىلىپ ئاكىسى مۆيدىنخاننىڭ دېرىكىنى قىلغان. موسكۋا تەرەپ سەيپىدىن ئەزىزىنىڭ تەلىپىگە ئەھمىيەت بېرىپ، مۆيدىنخاننى قىرغىزىستاننىڭ مەركىزى بىشكەككە يۆتكەپ قويغان. مۆيدىنخان 1957 ـ يىلى شىنجاڭغا كېلىپ ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرى بىلەن كۆرۈشۈپ قايتىپ كەتكەن. كېيىنكى ئۆمرى قىرغىزىستاننىڭ بىشكەك شەھىرىدە ئۆتكەن. 1974 ـ يىلى قازا قىلغان. ئۇ بېشىدىن ئۆتكەن ئىشلارنى ئەسلىمە قىلىپ قالدۇرغان.

قىسقىسى، تاشاخۇنۇمنىڭ كېيىنكى ئەۋلادلىرى ئىچىدە ناھايىتى كۆپ مائارىپچى، ئىنقىلابچى، ئىنژېنېر، يازغۇچى، مۇتەخەسسىس، ئارتىس، رەسساملار يېتىشىپ چىققان. شۇڭا، مەن تاشاخۇنۇم جەمەتىنى مۇسابايېفلار جەمەتى ۋە مۇھىتىلار جەمەتى بىلەن بىر قاتاردا تۇرىدىغان مەشھۇر جەمەت، دەپ قارايمەن.

مەن 2008 ـ يىلى ئەتىيازدا سەيپىدىن ئەزىزىنىڭ بېيجىڭ شەھىرىنىڭ ۋەنشۇ يولىدىكى تۇرالغۇسىدا ئايالى ئايىم ئەزىزى بىلەن

سۆھبەتلىشىپ، سۆھبەت ئارىلىقىدا «تاشاخۇنۇم مەكتىپى» مەسىلىسىنى سورىغانىدىم. ئايىم ئەزىزى ماڭا 1939 ــ يىلى 3 ــ ئاينىڭ 27 ــ كۈنى چۆچەكتە سەيپىدىن ئەزىزى بىلەن توي قىلغانلىقىنى، شۇ چاغدا ئۆزىنىڭ 16 ياشلىق قىز ئىكەنلىكىنى، سەيپىدىن ئەزىزىنىڭ 24 ياشلىق يىگىت ئىكەنلىكىنى سۆزلەپ كېلىپ، «ئۇ چاغدا تاشاخۇنۇم جەمەتى شىنجاڭدىكى ئەڭ ئېغىر قىسمەتكە دۇچار بولغان جەمەت ئىدى. مۇھىددىن سوۋېت ئىتتىپاقىدا قولغا ئېلىنىپ سۈرگۈن قىلىنغان، مەمتىلى ئەپەندى، لىۋايىدىن ئەزىزى، ئابلىز ئەزىزى قەشقەردە تۈرمىگە تاشلانغان، نەجمىدىن ئەزىزى بىلەن ھىلالىدىن ئەزىزى غۇلجىدا تۈرمىگە تاشلانغانىدى. ئۇلارنىڭ ئۆلۈك ــ تىرىكىنى ھېچكىم بىلمەيتتى. سەيپىدىن ئەپەندى ‹خائىنىنىڭ پۇشتى› دەپ چۆچەكتە قاتتىق نازارەت ئاستىدا ئىدى. مەن ئەنە شۇنداق قورقۇنچلۇق مۇھىتتا سەيپىدىن بىلەن تۇرمۇش قۇرغان. بىز سىياسىي ۋە ئىقتىسادىي جەھەتتە بەك مۇشكۇل ئەھۋالدا چۆچەكتە بىرنەچچە يىلنى ئۆتكۈزگەنىدۇق. كېيىن غۇلجىدا، ئۈرۈمچىدە، بېيجىڭدا بولدۇق. بىز پاراڭلاشقاندا دائىم دېگۈدەك چۆچەكتە ئۆتكەن ئاشۇ قورقۇنچلۇق يىللارنى ئەسلەيتتۇق. گەرچە تاشاخۇنۇمنىڭ جەمەتىگە مەنسۇپ بولۇش سۆيپىتىمىز بىلەن شىڭ شىسەيى ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن ئېغىر كۈلپەتلەرگە دۇچار قىلىنغان بولساقمۇ، ئەمما يەنە بىر تەرەپتىن شۇ چاغدا چۆچەكتىكى تاشاخۇنۇمنى ھۆرمەت قىلىدىغان قەشقەر، ئاتۇشلۇق چوڭلارنىڭ كۆپ ياردىمىگە ئېرىشكەنىدۇق. سىز تىلغا ئالغان ‹تاشاخۇنۇم مەكتىپى› توغرىسىدا بىلىدىغانلىرىم ‹ئۆمۈر داستانى› دا يېزىلغان ئىشلارچىلىكلا، شۇڭا، كۆپ بىرنەرسە دەپ بېرەلمەيمەن. سەيپىدىن ئاكىڭىز ئۇ ئىشلارنى قانداق بولسا شۇنداق يازغان. شۇڭا، ‹ئۆمۈر داستانى› دا يازغانلىرىنى ئاساس قىلىش كېرەك، دەپ قارايمەن» دېگەنىدى.

مۇشۇ بويىچە بولغاندا، بىز «تاشاخۇنۇم ۋە ئۇنىڭ تۆھپىكار ئەۋلادلىرى» دېگەندەك كىتابلاردا «تاشاخۇنۇم ئەزىزنىڭ ئىجتىما-



ئاپتور بېيجڭدا ئايىم ئەزىزى بىلەن سۆھبەتلەشمەكتە

ئي پائالىيەتلىرى ئېچىدىكى ئەڭ گەۋدىلىكى ۋە تەسىرى زورراقى مائارىپچىلىق پائالىيىتى بولۇپ، ئۇنىڭ ئۆز يۇرتى ۋاقىۋاقتا قۇرغان ‹تاشاخۇنۇم مەكتىپى›، ئۇيغۇر يېڭى مائارىپىنىڭ تۇنجى نامايەندىسى ‹ھۇسەينىيە مەكتىپى› دىن كېيىن شىنجاڭدا بارلىققا كەلگەن يەنە بىر نامايەندە بولۇپ ھېسابلىنىدۇ» دەپ كۆپتۈرۈپ ئاسمانغا چىقىرىۋېتىلگەن «تاشاخۇنۇم مەكتىپى» نىڭ بىر ئاساسسىز ئويدۇرما ھادىسە ئىكەنلىكىنى چۈشىنىۋالالايمىز. شۇبھىسىزكى، «1894 - يىلى قۇرۇلغان» دېيىلگەن ۋاقتىمۇ يالغان بولىدۇ. ئەگەر تاشاخۇنۇم مەكتىپى ھەقىقەتەن بولغان دېيىلسە، «ئۆمۈر داستانى» دا تىلغا ئېلىنغان مۇنۇ ئىشنى كۆزدە تۇتۇشقا بولىدۇ. بىرى، سەيپىدىن ئەزىزى يەكەندىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن 1923 - ياكى 1924 - يىلى ئانىسى سارە خېنىمنىڭ تەشەببۇسى بىلەن تاشاخۇنۇمنىڭ ۋاقىۋاقتىكى ھويلىسىدا ئېچىلغان بىر سىنىپلىق مەكتەپ. بۇ سىنىپقا 20 نەچچە ياشلىق مەتىمىن خەلىپىتىم دېگەن كىشى دەرس بەرگەن. بى-

رەر يىلمۇ داۋام قىلماي تاقىلىپ قالغان. نەتىجىدە، سەيپىدىن ئەزىزى تۇپا خەلپىتىم دېگەن كىشىدە ئوقۇغان. يەنە بىرى، يۇقىرىدا تىلغا ئېلىپ ئۆتۈلگەن، ئوقۇتقۇچى تاپالماي 13 ياشلىق سەيپىدىن ئەزىزىنى مۇئەللىم قىلىپ قويغان، 1928 ـ يىلى مەشھەت بازىرىدا ئاچقان بىر سىنىپلىق مەكتەپ. بۇ سىنىپمۇ ئوقۇتقۇچى تېپىلماي سىناپ بېقىشلار ئىچىدە بىرەر يىلچىمۇ داۋام قىلماي تاقىلىپ قالغان.

«تاشاخۇنۇم ۋە ئۇنىڭ تۆھپىكار ئەۋلادلىرى»، «مەشئەل» قاتارلىق كىتاب ـ ژۇرناللاردا زىيادە مۇبالىغە بىلەن تىلغا ئېلىنغان «تاشاخۇنۇم مەكتىپى» ئەمەلىيەتتە، قىشتا چىققان سۇس ئاپتاپچىلىك بىردەملىك ھادىسىدۇر. ئۇ ھەرگىزمۇ «ئۇيغۇر يېڭى مائارىپى توغرىسىدا سۆز بولغاندا ... ھۆرمەت بىلەن تىلغا ئالماي تۇرالمايدىغان» دەرىجىدىكى زۇلمەتنى يورۇتقان نۇرلۇق مەشئەل ئەمەس. «يۈز مىڭلىغان كەلگۈسى ئەۋلادلارنىڭ بۈيۈك ئىستىقبالىنى يورۇتۇپ بەرگەن ۋە مەڭگۈ يېنىپ تۇرۇۋاتقان ئۆچمەس مەشئەل» مۇ ئەمەس!

كۈنىمىزدىن مىڭ يىللار مۇقەددەم ئۆتكەن مەشھۇر مۇسۇلمان تارىخچى ئابدۇلفەزلى بەيھەقى ئۆزىدىن ۋە باشقا تارىخچىلاردىن پەزىلەت جەھەتتە كۈتكەن ئۈممىدىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ مۇنداق يازغان: «تارىخي ماتېرىياللار مەنبەسى ئەينەن، ئىشەنچلىك بولۇشى ۋە ھەقىقي قىممەتكە ئىگە بولۇشى كېرەك. مۇشۇنداق بولغاندىلا، نۇقتىئىنەزەرلەرنى ئىسپاتلىغىلى بولىدۇ. مۇشۇنداق بىر ئەسەرنى يېزىپ چىققاندىلا، كىتابخانلار ۋە ئاڭلىغۇچىلار باشقىچە پىكىرنى ئوتتۇرىغا قويمايدۇ، بەلكى تەبىئي ھالدا ئۇنىڭ يەكۈنىنى قوبۇل قىلىدۇ. بۇلار ئەڭ ئەقەللىي شەرتتۇر[1].» مۇشۇ تەلەپ بويىچە قارىساق ئاتالمىش «تاشاخۇنۇم مەكتىپى» توغرىسىدىكى ئاساسسىز بايانلار بىلەن ئەمەلىيەتتە ئۇيغۇن بولمىغان يەكۈنلەرنى كىممۇ قوبۇل قىلار؟!

ناۋادا ھەممىمىز ئۆز يۇرتىمىزنىڭ تارىخىغا مۇناسىۋەتلىك مە-

① سەئىد فەيياز مەھمۇد (پاكىستان): «ئىسلام دىنىنىڭ قىسقىچە تارىخى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1996 ـ يىلى نەشرى، 1 ـ قىسىم 543 ـ بەت.

سىلسىلەردە ۋە ئۆز يۇرتىمىزدىن چىققان تارىخىي شەخسلەرگە ئالا-
قىدار بايانلاردا ئەمەلىيەتكە خىلاپ مۇبالىغىلەرنى، پاكىتقا ئۇيغۇن
بولمىغان توقۇلمىلارنى بولۇشىغا توقۇپ تارىخىي ماتېرىيال تەي-
يارلاۋەرسەك، بۇ تارىخ تەتقىقاتىنى كېرەكسىز ھەم ئىشەنچسىز ما-
تېرىياللار دۆۋىسى بىلەن تولدۇرۇش بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇنداق
تارىخشۇناسلىقنىڭ قىلچە ئىلمىي قىممىتى بولمايدۇ. شۇڭا بىز بۇ
نۇقتىغا كەلگەندە مەشھۇر رۇس پەيلاسوپى چائادايېف (1794 —
1856) نىڭ «مەن ۋەتىنىمنى كۆزۈمنى يۇمۇپ سۆيۈشنى ئۆگەنمە-
گەن» دېگەن مەشھۇر سۆزىنى ئېسىمىزدە تۇتۇشىمىز كېرەك. بۇ دې-
گەنلىك ۋەتىنىمىزنى ھەم يۇرتىمىزنى ھەر زامان، ھەر ماكاندا ھە-
قىقەت مەيدانىدا تۇرۇپ، ئىدراك پىرىنسىپىدىن ۋە ئەخلاق ئۆلچى-
مىدىن چەتنىمىگەن ئاساستا سۆيۈشىمىز لازىم دېگەنلىكتۇر. يوقنى
بار قىلىپ، يالغاننى بولۇشىغا توقۇپ ۋەتەنپەرۋەر، يۇرتپەرۋەر بولۇ-
ۋېلىش پەقەت ناداننىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىكى ۋە ساختىپەزنىڭ يۇرتپەر-
ۋەرلىكى ھېسابلىنىدۇ.

2011 - يىلى 3 - ئاينىڭ ئاخىرى يېزىلدى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# مەمتىلى ئەپەندىنىڭ سۈرىتىنى ئىزدەش

«تارىم» ژۇرنىلىنىڭ 2011 ـ يىللىق 6 ـ سانىنى ئوقۇۋېتىپ كۆزۈمگە چېلىقىپ قالغان «تەۋپىق قەبرىسىگە يادنامە» دېگەن بىر كۇپلېت شېئىر قەلبىمدە ئۈچ يىلدىن بېرى ساقلىنىپ كېلىۋاتقان ئىستەك ئۇچقۇنىنى بىراقلا يېلىنجىتىۋەتتى. ھەربىر سۆز، ھەربىر مىسرا، ھەتتا ھەربىر ئۇندەش بەلگىسىدىن چوڭقۇر ھېكمەت، ئاچ-چىق قىسمەت، ئۇنتۇلماس ھەسرەت، ئېغىر تارىخىي كۈلپەت، يۈك-سەك شۆھرەت ۋە ئۆچمەس مۇھەببەت تۇيغۇلىرى چىقىپ تۇرىدىغان بۇ شېئىر خېلىلا قاملاشتۇرۇپ يېزىلغانىدى. شېئىردا شائىرنىڭ ئۇلۇغۋار سۈكۈت، ئۈزۈلمەس ئۈمىد، تەنتەنىلىك سوئال ۋە شەكسىز مۇئەييەنلەشتۈرۈش ھېسسىياتى ئىپادىلەنگەنىدى. قىسقىسى، بۇ بىر كۇپلېت شېئىر مەن توشقان يىلى كىرگەندىن بۇيان ئوقۇغان ئەڭ ياخشى شېئىر ئىدى. شېئىرنى نامى ماڭا ئانچە تونۇش بولمىغان ئا-بابەكرى توختى ئىسىملىك بىر شائىر يازغانىدى:

ئادەمگە ئارتۇقچە بىر ئەسىر ياشاش،
بىر ئەسىرگە تەڭدۇر ئوتتۇز ئالتە ياش.
مۇزلىغان زېمىننى ئىللىتقان نېمە؟
قەبرىگە كۆمۈلۈپ ياتقان شۇ قۇياش!

شائىر بۇ شېئىرىنى ئۇيغۇر يېڭى مائارىپ ھەرىكىتىنىڭ بايراقدارى، تالانتلىق تەشكىلاتچى، ئوت يۈرەك كومپوزىتور ۋە شا-ئىر مەمتىلى ئەپەندىنىڭ ئاتۇشنىڭ ئازاق يېزىسىدىكى خاتىرە سا-رىيىنى زىيارەت قىلغاندا قوزغالغان قايناق ھاياجىنى بىلەن يازغا-

نىدى. بۇ شېئىردىن شائىرنىڭ قورسىقىدا دىتى، قەلبىدە ئوتى، قە-
لبىمدە قۇۋۋىتى بارلىقى چىقىپ تۇراتتى.

بۇ يىل 20 - ئەسىر تارىخىمىزدىكى تەسىرى ئەڭ زور ئوغلانلى-
رىمىزدىن ئابدۇخالىق ئۇيغۇر (1901 — 1933) بىلەن مەمتىلى ئە-
پەندى (1901 — 1937) تۇغۇلغانلىقىغا 110 يىل توشقان خاتىرىلەش
ئەھمىيىتىگە ئىگە يىل بولسىمۇ، يىلنىڭ ئوتتۇرىسىغىچە تېخى
بىرەر مەتبۇئاتتا بۇ تېمىدا گەپ - سۆز بولغىنىنى كۆرمىگەنىدىم.
مۇناسىۋەتلىك بىرەر ئورگان ياكى ئورۇننىڭ ئۇلارغا ئاتاپ بىرەر پا-
ئالىيەت ئۆتكۈزۈشكە تەييارلىنىۋاتقانلىقى توغرىسىدىمۇ بىرەر خە-
ۋەر ئاڭلىمىغانىدىم. قارىغاندا بۇ بىر يىل ئۇلار توغرىسىدا ھېچ ئىش
بولىدىغاندەك ئەمەس ئىدى. شۇڭا ئابابەكرى توختىنىڭ بۇ بىر كۇپ-
لېت شېئىرى ماڭا ناھايىتى ئەھمىيەتلىك تۇيۇلدى. شېئىردىكى
ئىدىيەۋى ھېسسىيات مەمتىلى ئەپەندىگە تالىق بولسىمۇ، بۇ شې-
ئىرنى كۆز ئالدىمغا ئابدۇخالىق ئۇيغۇر بىلەن مەمتىلى ئەپەندىنىڭ
ئەزىمەتلەرگە خاس سىماسىنى تەڭ كەلتۈرۈپ تۇرۇپ قايتا - قايتا
ئوقۇپ يادلىۋالدىم. ئابدۇخالىق ئۇيغۇر بىلەن مەمتىلى ئەپەندىنىڭ
يۈرىكى ۋە تىلىكى، كۈلپىتى ۋە شۆھرىتى، خىسلىتى ۋە قىسمىتى
تولىمۇ ئوخشىشىپ كېتەتتى. ئۇلار ئوخشاش بىر يىلدا تۇغۇلغان،
ئوخشاش يولدا ماڭغان، ئوخشاش ئوتتا كۆيگەن، ئوخشاش بىر مەز-
گىلدە، ئوخشاش بىر دۈشمەنلىك بىلەن ئۆلگەن ئوت يۈرەك ئەزىمەت-
لەر ئىدى. ئۇلار كىم ئۇچۇن، نېمە ئۇچۇن ياشاشنى چىن مەنىسى بى-
لەن بىلگەن ھەم باشقىلارغا ئۆگەتكەن نۇقسانسىز مەشئەلچىلەر ئى-
دى. شۇڭلاشقىمۇ، ئۇلار ئەۋلادلىرىنىڭ قەلب ئاسمىنىدا مەڭگۈ سا-
قىماس بىر جۈپ نۇرانە يۇلتۇز كەبى ھەر دائىم چاراقلاپ، خىرە كۆز-
لەرنى قاماشتۇرۇپ، غەمكىن كۆڭۈللەرنى ئاۋۇندۇرۇپ، كۈچسىز يۈ-
رەكلەرنى كۈچلەندۈرۈپ كەلمەكتە.

بۇ بىر كۇپلېت شېئىر «قەلبىمدە ئۈچ يىلدىن بېرى ساقلىنىپ
كېلىۋاتقان ئىستەك ئۇچقۇنىنى بىراقلا يېلىنجىتىۋەتتى» دېيە-


شىمدىكى سەۋەب شۇكى، مېنىڭ شىمالدىكى مەشھۇر شەھەر چۆچەككە ۋاقتىنى كەينىگە سۈرمەي تېزدىن بېرىشىمغا تۈرتكە بولدى. مەن 2008 ـ يىلى كۈزدىن بۇيان چۆچەككە بېرىشنى ئويلاپ كەلگەن بولساممۇ ۋاقىت چىقىرالماي كەلگەنىدىم. سەۋەبى 2008 ـ يىلى ئىلى پېداگوگىكا ئىنستىتۇتىنىڭ مۇئەللىمى دىلمۇرات ماڭا چۆچەكتە مەتىلى ئەپەندىنىڭ بىر پارچە سۈرىتىنى كۆرگەنلىكىنى ئۇچۇر قىلغانىدى. بۇ مەندەك بىر «مەتىلى ئەپەندى مەستانىسى» ئۈچۈن ئاجايىپ يېڭى خەۋەر ئىدى. سۈرەت ئۇچۇر دېمەكتۇر. ئۇ نۇرغۇن ئىجتىمائىي مەزمۇننى ئۆزىگە مۇجەسسەم قىلغان بولىدۇ. شۇڭا سۈرەت تارىخنىڭ شاھىتى دەپ تەرىپلىنىدۇ. ناۋادا بۇ سۈرەتنى كۆرسەك مەتىلى ئەپەندىنىڭ قەيەردە، نەچچە ياشتا، كىملەر بىلەن، قانداق قىياپەتتە چۈشكەنلىكىگە ئاساسەن نۇرغۇن تارىخىي تۈگۈنلەرنى يەشكىلى بولاتتى. شۇڭا مەن بۇ سۈرەتنىڭ خەۋىرىگە بەك قىزىقتىم.

مەتىلى ئەپەندى 1920 ـ يىللىرىنىڭ بېشىدا چۆچەكتىكى تۇغقىنى توقامبايىنىڭ قېشىغا دادىسى بىلەن بىللە چىقىپ بىر مەزگىل تۇرغانىدى. 1924 ـ يىلى 8 ـ ئايدا ئابدۇقادىر داموللام قەشقەردە قەستكە ئۇچراپ قازا قىلغاندا، مەتىلى ئەپەندى بۇ خەۋەرنى چۆچەكتە ئاڭلاپ «ئوقۇدى، ئاشتى» ناملىق مەشھۇر شېئىرىنى يازغان ھەم ئۆزى ئاھاڭغا سېلىپ ناخشا قىلىپ ئوقۇغانىدى. چوڭقۇر ئىجتىمائىي مەزمۇنغا ئىگە بۇ ھەسرەتلىك ناخشا شۇ يىللاردا خەلق ناخشىسىغا ئايلىنىپ ئەل ئارىسىغا تارقىلىپ كەتكەنىدى. دېمەك، يېشى ئەمدىلا 23 ياشقا كىرگەن مەتىلى ئەپەندى ئاشۇ بىر پارچە شېئىرى بىلەن ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە تۇنجى قېتىم داغدۇغا قوزغىغانىدى. ئەكسىيەتچى ھۆكۈمەتنىڭ دىققەت نەزىرى قادىلىپ قالغان مەتىلى ئەپەندى شۇ يىللاردا سوۋېت ئىتتىپاقى ئارقىلىق تۈركيەگە چىقىپ ھازىرقى زامان مەدەنىيىتى بىلەن كەڭ كۆلەمدە ئۇچرىشىپ، مىللەتپەرۋەرلىك روھىنى تاۋلاپ، ئۆزىنىڭ دۇنيا قارىشىنى

ۋە غايە ــ نىشانلىرىنى ئېنىق تۇرغۇزۇپ 1934 ــ يىلى قەشقەرگە قايتىپ كېلىپ، كۆزدە يېڭى مائارىپ ھەرىكىتىنى قوزغاپ، تىللاردا داستان قىلغۇدەك مۇۋەپپەقىيەتلەرنى قولغا كەلتۈرۈپ، ئۇيغۇر يېڭى مائارىپ تارىخىدىكى بايراقدار سۈپىتىدە تونۇلغانىدى. ئەپسۇس، ئۇ ئىنتايىن قەبىھ دۈشمەنلەر تەرىپىدىن 1937 ــ يىلى 5 ــ ئاينىڭ 29 ــ كۈنى كەچتە قەشقەر يارباغدىكى تۈرمىدە 300 دىن ئارتۇق مۇ-نەۋۋەر ئوغلانلار بىلەن بىللە 36 يېشىدا كۆيدۈرۈپ ئۆلتۈرۈۋېتىلگە-نىدى. ئۇنىڭ دادىسى توختاجى بىلەن ئانىسى پاتىمخان چۆچەكتە قالغان بولۇپ، مەمتىلى ئەپەندى تۈركىيەدىكى چاغدا قازا قىلىپ كەتكەنىدى. قىسقىسى، مەمتىلى ئەپەندىنىڭ ھاياتىدا چۆچەك شە-ھىرى مۇھىم ئورۇن تۇتاتتى. مېنىڭ مەمتىلى ئەپەندىگە ئالاھىدە ئەقىدەم بولغاچقا، ئۇنىڭ ئىش ئىزلىرىغا مۇناسىۋەتلىك ئۇچۇرلارنى قىدىرىشقا ۋە توپلاشقا تىرىشاتتىم. شۇڭا چۆچەككە بېرىپ مەخسۇس تەكشۈرۈش پىلانىم بار ئىدى. دىلمۇرات مۇئەللىم يەتكۈزگەن سۈرەت ھەققىدىكى ئۇچۇر مېنى ھەر دائىم چۆچەكنى چۈشەيدىغان قىلىپ قويغانىدى.

مەمتىلى ئەپەندىنىڭ جامائەتكە تونۇش بولۇپ كەتكەن ئۆلچەم-لىك سۈرىتىنى بىردىنبىر پەرزەنتى بولغان ئەدىبە خانىم ساقلاپ قالغانىدى. ئەدىبە خانىم مەمتىلى ئەپەندى قازا قىلغاندا يېشىغا توشمىغان قۇچاقتىكى قىز ئىدى. ئۇنى ئانىسى مەلىكىزات ۋە ئانى-سى قازا قىلىپ كەتكەندىن كېيىن ئانىسىنىڭ قەشقەر شەھىرىدىكى ئاكىسى ئوبۇل ھەسەن بېقىپ چوڭ قىلغان. ئەدىبە خانىم 1950 ــ يىللاردا بۇ سۈرەتنى نەۋرە ئاكىسى خەيرۇللا نىزامىدىنغا بېرىپ كۆ-پەيتكۈزگەن. شۇنىڭ بىلەن بۇ سۈرەت تۇغقانلار ئارىسىدا ئومۇملاش-قان. 1980 ــ يىللاردىن بۇيان مەمتىلى ئەپەندىنىڭ بۇ سۈرىتى مەت-بۇئاتلاردا كۆپلەپ ئېلان قىلىنىپ، دەرسلىكلەرگە كىرگۈزۈلۈپ، مەمتىلى ئەپەندىنىڭ تەمكىن، ئېسىل سۈپەت، زېرەك، قەيسەر، خى-يالچان، رەتلىك، كېلىشكەن، ناتىيئونالىستلارچە بۇرۇت قويغان

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلىرىنىڭ يىگانە ئادرېسى



مەمتىلى ئەپەندى

ئوبرازىنى نامايان قىلىپ كە- شىلەرنىڭ قەلبىگە سىڭىپ كەتتى. ھازىر بۇ سۈرەت تور بەتلىرىدە مىللىي مائارىپ دېگەن ئۇقۇم بىلەن تەڭداش مەنىدە قوللىنىلىدىغان، سىمۋوللۇق خاراكتېرگە ئىگە سۈرەت بولۇپ قالدى. مەن مەمتىلى ئەپەندىنىڭ قىزى ئەدىبە خانىم بىلەن ھەر قېتىم كۆرۈشكەندە ئاشۇ بىر پارچە سۈرەتنى ساقلاپ قالغاز- لىقى ئۈچۈن مىننەتدارلىقىمنى بىلدۈرۈشنى ئۇنتۇماي كەلدىم. بۈنداق چاغدا، ۋۇجۇدىدا خەلقپەرۋەر، مەرىپەتپەرۋەر ئەزىمەت مەمتە- لى ئەپەندىنىڭ قېنى ئېقىپ تۇرغان بۇ پەزىلەتلىك، يۇمشاق سۆز- لۈك، نومۇسچان موماي ئىنتايىن كەمتەرلىك بىلەن «مەن مەمتىلى ئەپەندىنىڭ قىزى بولغانغا يارىشا ھېچ ئىش قىلالمىدىم. بىر مائا- رىپچىنىڭ قىزى تۇرۇپ، ساۋاتسىز بولۇپ قالغىنىمدىن بەك نومۇس قىلىمەن. دادام كۆيدۈرۈۋېتىلگەندىن كېيىن تاغام ناھايىتى كۆڭلى يېرىم بولۇپ، شۇنچىۋالا ئوقۇغان ئادەم شۇنداق شۇم كۈنگە دۇچار بولسا، بولدىلا ئەدىبەنى ھەرگىز ئوقۇتماسمەن، دەپ مېنى ئوقۇتمە- غانىكەن. شۇڭا مەن ساۋاتسىز. كېيىن چوڭ بولۇپ، ئوقۇشنى ئويە- لىغان چاغلىرىمدا بېشىمىزغا جىق ئىشلار كېلىپ، ئوقۇماق تۈگۈل جېنىمىزنى ساقلىماقمۇ بىر ئىش بولۇپ، تارتمىغان قىيىنچىلىقى- مىز، كۆرمىگەن كۈنىمىز قالمىدى. سەرسان بولۇپ، غۇلجىغا كۆ- چۈپ كەتتۇق. غۇلجىدىكى شەرقىي مەھەللىدە 20 يىلچە تۇرۇپ، كې- يىن قىزىم مەھبۇبەنىڭ خىزمىتى قەشقەر نەزەرباغدا بولۇپ قې- لىپ، ھازىر يەنە قەشقەردە تۇرۇۋاتىمەن. ئىشقىلىپ دادامغا ۋارىس-

لىق قىلالمىدىم، شۇنداقتىمۇ، مەھبۇبە قىزىم ئوقۇتقۇچىلىق قىـ-لىپ دادامنىڭ ئىزىنى باستى. مەن شۇنىڭغا شۈكۈر ئېيتىمەن» دەپ ئۆكۈنۈپ كېتىدۇ.

2004 ـ يىلى قولۇمغا مەمتىلى ئەپەندىنىڭ يەنە بىر پارچە تارى-خىي سۈرىتى چۈشتى. بۇ سۈرەتنى ئەينى يىللاردا ئاتۇشتا مەمتىلى ئەپەندىنىڭ يېڭى مائارىپ ھەرىكىتىنى قىزغىن قوللىغان قۇربان ھاجىم (قۇناجىم) دېگەن كىشىنىڭ نەۋرىسى، سودىگەر مۇختەر ھا-جى تۈركىيەدىن ئالغاچ كەلگەنىدى. بۇ سۈرەتنى تارىخىي قىممىتى ئىنتايىن يۇقىرى سۈرەت، دەپ ئېيتىشقا بولاتتى. ھەتتا 20 ـ ئە-سىر ئۇيغۇر تارىخىدىكى نادىر سۈرەتلەر قاتارىدا نامايان قىلىشقا بولاتتى. مەن بۇ سۈرەتنى كۆرۈپ كۆزلىرىمگە ئىشەنمەيلا قالدىم. سۈرەت 1935 ـ يىلى ئاتۇشتىكى تىجەن مەكتەپتە تارتىلغان بولۇپ، سۈرەتتە مەمتىلى ئەپەندى، قەشقەر قىزىلدۆۋىلىك مەرىپەتپەرۋەر باي، مەمتىلى ئەپەندىنىڭ ئەڭ يېقىن بۇرادىرى توختاجى، تىجەن مەكتەپنىڭ مۇدىرى سەيپىدىن ئەزىزى، مەمتىلى ئەپەندىنىڭ ئاكى-سى نىزامىدىن ئەپەندى، مەمتىلى ئەپەندىنىڭ مەھمۇد مۇھىتى بەل-گىلەپ بەرگەن ئىككى قوغدىغۇچىسى، مەمتىلى ئەپەندى تەربىيەلى-گەن تۇنجى ئەۋلاد ئاستىنئاتۇش مۇئەللىملىرى، مەمتىلى ئەپەندى-نىڭ ئىزچىلىرى، باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ نەچچە يۈز ئوقۇغۇچىسى، ئاتا ـ ئانىلار، يۇرت چوڭلىرى بولۇپ 280 دىن ئارتۇق ئادەم بار ئى-دى. سۈرەتتە مەمتىلى ئەپەندى باشلىق مۇئەللىملەرنىڭ ئۈچىسىدا ئوقۇتقۇچىلىق فورمىسى، ئىزچىلار ۋە ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۈچىسىدا ئوقۇغۇچىلىق فورمىسى بار ئىدى. مەمتىلى ئەپەندى ئۆزىنىڭ ۋەز-مىن، زېرەك، خىيالچان ھالىتى بىلەن تەدبىرگە باي پىشقان قو-ماندانەك ئولتۇراتتى. سۈرەتتىن ئەينى چاغدىكى يېڭى مائارىپ ھە-رىكىتىنىڭ جۇشقۇن ھالىتى نامايان بولۇپ تۇراتتى. مەن بۇ سۈرەت-نى شۇ يىلىلا ئۈرۈمچىدىكى شىنخۇا 2 ـ باسما زاۋۇتىنىڭ ئىلغار ئۇسكۇنىسىدە چوڭايتىپ، رامكىغا ئېلىپ ئائىلە كۇتۇپخانامغا ئې-



بۇ 280 دىن ئارتۇق ئادەم بار چوڭ سۈرەتنىڭ پارچىسى بولۇپ، سۈرەتتىكى ئوڭ قولىنى كۆكسىگە قويۇپ ئولتۇرغان ئادەم قەشقەر قىزىلدۆۋىلىك توختىھاجى (توختىباي تۇردىزادە 1908 - يىلى تۇغۇلۇپ 1965 - يىلى ياپونىيەدە قازا قىلغان) دېگەن كىشىدۇر. يېنىدا ئولتۇرغىنى مەمتىلى ئەپەندىدۇر. ئۇ ئىككىيلەننىڭ ئارقىسىدا ئۆرە تۇرغان يىگىت سەيپىدىن ئەزىزىدۇر. فورما كىيگەنلەر مەمتىلى ئەپەندىنىڭ ئىزچىلىرى ۋە ئوقۇغۇچىلىرىدۇر.

سىپ قويدۇم. بۇ سۈرەت كېيىن يەنە بىر نۇسخا چوڭايتىلىپ ئاتۇشتىكى «مەمتىلى ئەپەندى خاتىرە سارىيى» غا ئېسىپ قويۇلدى. ئۇ يىراق - يېقىندىن زىيارەت قىلغىلى كەلگەن كىشىلەر ئۈچۈن ھەيرانلىق بېغىشلايدىغان، ئەڭ قىممەتلىك تۇيۇلىدىغان، ئۇنتۇلغۇسىز تەسىرات قالدۇرىدىغان بىردىنبىر خاتىرە بۇيۇم سۈپىتىدە بۇ خاتىرە سارايىنىڭ مەزمۇنىغا مەزمۇن، قىممىتىگە قىممەت قوشۇپ كەلمەكتە.

مەن مەمتىلى ئەپەندىگە مۇناسىۋەتلىك «ئۈچىنچى» سۈرەتنىڭ چۆچەكتە بارلىقى ھەققىدىكى ئۇچۇرغا ئېرىشكەندىن كېيىن 2011 -

يىلى 6 - ئاينىڭ 27 - كۈنى ئاشۇ سۈرەتنى تېپىپ كېلىش ۋە مەمتىلى ئەپەندىگە ئالاقىدار يەنە باشقا ماتېرىيال ۋە ئۇچۇرلارنى ئېنىقلاش ئۈچۈن ئابدۇللا ئېرپان بىلەن بىللە چۆچەك سەپىرىگە جابدۇندۇم.

1997 - يىلى مەمتىلى ئەپەندى قەتل قىلىنغانلىقىنىڭ 60 يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن يېزىلغان «مەمتىلى ئەپەندى» ناملىق تارىخىي تەرجىمىھال نەشر قىلىنغاندىن كېيىن جەمئىيەتتە زور تەسىر قوزغاپ، نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ ئالقىشىغا سازاۋەر بولدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە يەنە ئۇقۇمۇشلۇق كىشىلەر تولۇقلاش ۋە تۈزىتىش ھەققىدە ئورۇنلۇق پىكىر، تەكلىپلەرنى بەردى. كېيىنچە تېخىمۇ ئەتراپلىق ئىزدىنىش ۋە ماتېرىيال توپلاش ئارقىلىق ھەقىقەتەنمۇ تولۇقلاشقا ۋە تۈزىتىشكە تېگىشلىك جايلارنىڭ كۆپلۈكىنى ھېس قىلدىم.

ئىلگىرى يۈزە قاراپ، تەسەۋۋۇرغا تايىنىپ، ھېسسىياتقا بېرىلىپ كەتكۈزۈپ قويغان جايلارنى قەتئىي تۈزىتىش زۆرۈرلۈكى بارغانسېرى چوڭقۇر ھېس قىلىندى. ھۆججەتلىك پاكىت ۋە ئىلمىي دەلىل ئاساسىدا يېڭىباشتىن، ھەقىقىي بىر ئىلمىي تەتقىقات ئەسىرى سۈپىتىدە يېزىپ چىقىش زۆرۈرلۈكى تونۇپ يېتىلدى. مانا مۇشۇنداق مەسئۇلىيەت تۇيغۇسىنىڭ ھەيدەكچىلىكىدە مەن يەنە 10 يىللاپ ئۆگىنىش، ئىزدىنىش بىلەن مەشغۇل بولدۇم. بىزنىڭ مىللىي پېسخىكىمىزدا تارىخ ئېڭى كەمچىل، مەسئۇلىيەت روھى ئاجىز بولۇشتەك ئادەت خېلىلا ئومۇملاشقان بولغاچقا، مىللىي ھاياتىمىزدىكى زور تارىخىي ۋەقە ھەم مەشھۇر تارىخىي شەخسلەرنى يېزىشقا كۆڭۈل بۆلۈش يېتەرسىز ئىدى. مەمتىلى ئەپەندىدىن ئىبارەت تېمىمۇ ئۇنتۇلۇپ كەتكىلى تاسلا قالغان تېمىلارنىڭ بىرى ئىدى. گەرچە مەمتىلى ئەپەندى 1930 - يىللاردا قالاق، نادان ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە يېڭى مائارىپ ھەرىكىتىنى قوزغاپ، تىللاردا داستان قىلغۇدەك ئىشلارنى ۋۇجۇدقا چىقارغان، ئۇيغۇرلارنىڭ ئىجتىمائىي ھاياتىدا

ئۇنتۇلغۇسىز ئۇتۇقلارنى بارلىققا كەلتۈرگەن بولسىمۇ، ئەمما
1980 ـ يىللارغا كەلگۈچە بولغان ئارىلىقتا بىرەرسى مەمتىلى ئە-
پەندى توغرۇلۇق بىرەر نەرسە يېزىپ باقمىغان. شۇنچىۋالا كۆپ كى-
شىلەرنىڭ دىلىنى يورۇتقان مەمتىلى ئەپەندىنىڭ ئىش ئىزلىرىنى
قولىغا قەلەم ئېلىپ پۈتۈپ قويۇشقا يارايدىغان بىرەر ئادەم چىقمى-
غان. 1980 ـ يىللارغا كەلگەندە بۇ جەھەتتىكى پاسسىپ ھالەتنى
تۇنجى بولۇپ مىرئەھمەد سېيىت بىلەن سەيپىدىن ئەزىزى ئۆزگەرت-
تى. مىرئەھمەد سېيىت 1981 ـ يىلى «بۇلاق» مەجمۇئەسىنىڭ 3 ـ
سانىدا «شائىر تەۋپىق» دېگەن قىسقىچە تونۇشتۇرۇش ماقالىسى بى-
لەن مەمتىلى ئەپەندىنىڭ 23 پارچە شېئىرىنى ئېلان قىلدى. ئوقۇر-
مەنلەر مەمتىلى ئەپەندىنىڭ تارىخىي تۆھپىسى ۋە چوڭقۇر مەنىلىك
شېئىرلىرى بىلەن تۇنجى قېتىم تونۇشۇشقا مۇيەسسەر بولدى. ئۇ-
نىڭ ئالاھىدە ھايات قىسمىتىگە ھېسداشلىق قىلىشتى ھەم شېئىر-
لىرىنى ياقتۇرۇپ ئوقۇشتى، شۇنىڭدىن كېيىن مەمتىلى ئەپەندى
دەرسلىكلەردە كۆرۈلۈشكە باشلىدى. شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئەدە-
بىيات فاكۇلتېتىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى نۇرمۇھەممەد زامان تۈزگەن
«ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىن لېكسىيەلەر» دېگەن كىتابتا
مەمتىلى ئەپەندى دېموكراتىك ئەدەبىياتنىڭ ۋەكىلى سۈپىتىدە تو-
نۇشتۇرۇلدى. 1984 ـ يىلى ئابدۇسالام توختى، تۇنىياز يۇسۇپ، مۇ-
تەللىپ ھامۇتلار تۈزگەن، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ 1 ـ يىللىق 1 ـ
قىسىم «ئەدەبىيات» دەرسلىكىگە «تەۋپىق رۇبائىيلىرى» دېگەن ماۋ-
زۇدا مەمتىلى ئەپەندىنىڭ ئۈچ پارچە رۇبائىيسى ۋە قىسقىچە تەرجى-
مىھالى ئىزاھات سۈپىتىدە كىرگۈزۈلۈپ، تۇنجى قېتىم ئۇيغۇر با-
لىلىرىغا تونۇشتۇرۇلدى. سەيپىدىن ئەزىزى ئۇيغۇر يېڭى مائارىپى-
نىڭ 100 يىللىقىنى خاتىرىلەش مۇناسىۋىتى بىلەن 1985 ـ يىلى
تەييارلىنىپ بېسىلغان «مەشئەل» ناملىق ژۇرنالدا «ئاتۇشتىكى
ئىككىنچى قېتىملىق مائارىپچىلىق ھەرىكىتى» دېگەن ئەسلىمىسى-
نى ئېلان قىلىپ، مەمتىلى ئەپەندىگە مۇناسىۋەتلىك، كىشىلەرنىڭ

خاتىرىسىدىن كۆتۈرۈلۈپ كەتكەن بىر ئالاھىدە ۋەقەنى ناھايىتى ياخشى يورۇتۇپ بەردى. شۇنىڭ بىلەن مەمتىلى ئەپەندىنىڭ شائىر-لىق جەھەتتىكى ئۇتۇقىدىن مائارىپچىلىق جەھەتتىكى ئۇتۇقى ئالا-ھىدە گەۋدىلىك ئىكەنلىكى كىشىلەرگە تېخىمۇ ئايان بولدى. 1980 ــ يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن كېيىن مەسئۇلىيەت ئېڭى ئويغانغان ئاز ساندىكى كىشىلەر مەمتىلى ئەپەندىنىڭ ئىش ئىزلىرىنى تولۇق ئەكس ئەتتۇرىدىغان ئەسەرلەرنى يېزىشقا تۇتۇش قىلدى. شۇلارنىڭ ئىچىدە يەنىلا مىر ئەھمەد سېيىت ئەپەندىنىڭ تىرىشچانلىقى گەۋدى-لىك دېيىشكە بولىدۇ. ئۇ 1987 ــ يىلى «ئۇيغۇر يېڭى مائارىپىنىڭ بايراقدارى مەمتىلى ئەپەندى» دېگەن نامدا بىر ئەسلىمە يېزىپ، ئەسلىمىنىڭ ئاخىرىغا مەمتىلى ئەپەندىنىڭ 40 قا يېقىن مەكتەپ ناخشىسىنى قوشۇپ تەييارلاپ، شىنجاڭ ياشلار ــ ئۆسمۈرلەر نەشرى-ياتىغا ئەۋەتكەن. مىر ئەھمەد سېيىت ئەپەندى چامىنىڭ يېتىشىچە تىرىشىپ يېشى 60 قا تاقاپ قالغان بولسىمۇ، ئۇستازىغا بولغان چوڭقۇر ھۆرمىتى بىلەن بۇ ئەسلىمىنى تەييارلىغانىدى. ئەمما نەش-رىيات مۇھەررىرى ياسىن ئىمىن بۇ ئەسلىمىنىڭ يېزىقچىلىق سۇ-پىتىگە يۇقىرى تەلەپ قويۇپ، نەشر قىلىش تەلىپىگە يەتمىگەن، دەپ قاراپ ئەسلىمىنى قايتۇرۇۋەتكەن ھەم ئاتۇش ناخشا ــ ئۇسسۇل ئۆ-مىكىدە مىر ئەھمەد سېيىت ئەپەندى بىلەن بىللە ئىشلەيدىغان مېھ-مانجان روزى دېگەن كىشىگە «مىر ئەھمەد ئەپەندىگە ئالغاچ كىتىڭ» دەپ قول يازمىنى بېرىپ قويغان. مېھمانجان روزى شۇ چاغدا ئۇ-رۇمچىدە شىنجاڭ خەلق رادىيو ئىستانسىسىغا يۆتكىلىش ئىشى بى-لەن ئالدىراش بولغاچقا بۇ ئامانەتنى مىر ئەھمەد سېيىت ئەپەندىگە بېرىشنى ئۇنتۇپ قالغان. ئارىدىن تۆت يىل ئۆتۈپ 1991 ــ يىلىغا كەلگەندە مىر ئەھمەد سېيىت ئەپەندى قازا قىلىپ كەتكەن.

1980 ــ يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرى غۇلام ئىسمىلىك ياش يازغۇچى قېتىرقىنىپ مەمتىلى ئەپەندى توغرۇلۇق بىر بىيوگرافىك رومان يېزىپ قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتىغا سۇنغان بولسىمۇ، مەلۇم سەۋەب-

لەر تۇپەيلى نەشر قىلىنماي قالغان. شۇنداق قىلىپ ئۇيغۇر جەمئىيىتى مەتىلى ئەپەندىدىن ئىبارەت تۆھپىكار ئوغلانىنىڭ ئىش ئىزلىرىنى 1997 - يىلىغىچە تەپسىلىي، كەڭ كۆلەمدە بىلىش ئىمكانىيىتىگە ئېرىشەلمەي كەلگەن. مەن ئالىي مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان 1980 - يىللاردىلا مەتىلى ئەپەندىنىڭ مەتبۇئاتلاردا تونۇشتۇرۇلغان قىسقىچە ئىش ئىزلىرى ۋە ئاز ساندىكى مەكتەپ ناخشىلىرىغا قىزىقىپ، ئۇنىڭغا ئىزچىل كۆڭۈل بۆلۈپ كەلگەنىدىم. كېيىنكى يىللاردا ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە مەتىلى ئەپەندى توغرىسىدا ھېچقانداق بىر ئالاھىدە ئىش بولماي، يەنى ياكى مائارىپچىلىق پائالىيىتى ۋەياكى ئىجادىيەتلىرى تەتقىق قىلىنماي، بۇ بۈيۈك مائارىپچى بارا - بارا ئادەتتىكى قەلەمكەشلەردەك مۇئامىلىگە ئۇچراپ، ئۇنتۇلۇپ قېلىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدىم. مىللىي پىسخىكىمىزدىكى بۇ خىل بىخۇدلۇق ھالىتى كىشىنى ئېچىندۇراتتى. مەن مەتىلى ئەپەندىنىڭ مىللىي ھاياتىمىزدىكى تارىخىي تۆھپىسى ۋە ئىجتىمائىي قىممىتى توغرۇلۇق چوڭقۇر تونۇشقا ئىگە بولغاچقا، بۇنداق بىپەرۋالىقتىن قاتتىق ئېچىم پۇشۇپ بىرەر ئەھمىيەتلىك ئىش قىلىشنى ئويلايتتىم. مەن 1997 - يىلى مەتىلى ئەپەندىنىڭ قەتل قىلىنغانلىقىغا 60 يىل توشىدىغان خاتىرە يىل ئىكەنلىكىنى نەزەردە تۇتۇپ، بىر يىل ئاۋۋال ئۆز ئالدىمغا خېلى مۇكەممەل پىلان تۈزۈپ چىقتىم. پىلاننى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتىن ئاۋۋال 1996 - يىلى 12 - ئايدا «مەتىلى ئەپەندىگە مۇناسىۋەتلىك بىرقانچە مەسىلە» دېگەن ماقالەمنى يېزىپ، «شىنجاڭ مائارىپ گېزىتى» دە ئېلان قىلدىم. مەن بۇ ماقالىدە بىر مەسىلە سۈپىتىدە 1997 - يىلى مەتىلى ئەپەندىنى خاتىرىلەش زۆرۈرلۈكىنى قايىل قىلارلىق ئوتتۇرىغا قويغانىدىم. بۇ ماقالەمنى شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتىنىڭ دەرسلىك بۆلۈمىدە ئىشلەيدىغان تۇرسۇن مەخسۇت ئەپەندى كۆرۈپ، تەسىرلەنگەنلىكىنى ئېيتتى ھەم ئۆزى شۇ ۋاقىتتا پېداگوگىكا مەكتەپلىرى ئۈچۈن تۈزۈۋاتقان «ئەدەبىيات» دەرسلىكىنىڭ تەرجىمىھال بۆلىكى-

گە مەمتىلى ئەپەندىنىڭ تەرجىمىھالىنى تەلەپكە ئۇيغۇن قىلىپ دەرھال يېزىپ بېرىشىمنى تاپىلىدى. مەن ئۇ چاغدا مىرئەھمەد سېيىت ئەپەندىنىڭ شىنجاڭ ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى 10 يىل ئىلگىرى قايتۇرۇۋەتكەن ئەسلىمىسىنى سورۇشتۇرۇپ يۈرۈپ مېھمانجان روزىدىن تېپىپ، مۇكەممەل تارىخىي تەرجىمىھالغا ئۆزگەرتىپ يېزىۋاتقان چاغلىرىم بولغاچقا، مەمتىلى ئەپەندىنىڭ ئىش ئىزلىرى ماڭا يادا ئىدى. شۇڭا ئىككى كۈن ئىچىدىلا تۇرسۇن مەخسۇت ئەپەندىنىڭ تەلىپىگە ئۇيغۇن بىرقەدەر تولۇق ھەم توغرا تەرجىمىھالنى يېزىپ تاپشۇرۇپ بەردىم. مېنىڭ بىلىشىمچە، ئاشۇ تەرجىمىھال مەمتىلى ئەپەندى ھەققىدە مەتبۇئاتقا چىققان تۇنجى بىرقەدەر بىجىرىم تەرجىمىھال ھېسابلىنىدۇ.

1997 ـ يىلىنىڭ كىرىشى بىلەن مەن پىلانىم بويىچە مەمتىلى ئەپەندىنى كەڭ كۆلەمدە تونۇشتۇرۇش ئىشىنى رەسمىي باشلىۋەتتىم. بۇ يىل مەن ئۈچۈن «مەمتىلى ئەپەندى يىلى» ئىدى. بارلىق زېھنىم ۋە ۋاقتىم مۇشۇ ئىشقا مەركەزلەشكەنىدى. مەن «مەمتىلى ئەپەندى شېئىرلىرىدىن نەمۇنە» نى تەييارلاپ «ئىشچىلار ۋاقتى گېزىتى» دە، «مەمتىلى ئەپەندىنىڭ ئۇيغۇر يېڭى مائارىپىغا قوشقان تۆھپىسى» دېگەن ماقالىنى يېزىپ «شىنجاڭ مائارىپ گېزىتى» دە، «ئۇيغۇر يېڭى مائارىپىنىڭ سەركەردىسى مەمتىلى ئەپەندى» دېگەن ماقالىنى يېزىپ، «ئاسىيا كىندىكى گېزىتى» دە، «مەمتىلى ئەپەندىنىڭ ئىجادىيەت ئالاھىدىلىكى ھەققىدە» دېگەن ماقالىنى يېزىپ «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» دا، «ئۇنتۇلغان ئەڭگۈشتەر تەۋپىق روھى» دېگەن ماقالىنى يېزىپ «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىدا ئارقا ـ ئارقىدىن ئېلان قىلدىم. رەسسام ئابدۇشۇكۇر كېرەم كۆككە بۇيرۇتۇپ، مەمتىلى ئەپەندىنىڭ ماي بوياق پورترېتىنى سىزدۇرۇپ، بىر قىسىم ژۇرناللارنىڭ مۇقاۋىسىغا باستۇردۇم. شۇنداق قىلىپ شۇ يىلى كۈزگىچە دەسلەپكى قەدەمدە كىشىلەرنىڭ مەمتىلى ئەپەندىگە بولغان دىققىتىنى قوزغىدىم. نەتىجىدە،

تونجى بولۇپ قومۇللۇق ئىستېداتلىق زىيالىي داۋۇت ئوبۇلقاسىم شۇ يىلى «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىدا «بىزگە مەمتىلى ئەپەندىدەك ئوغلانلار كېرەك» دېگەن ماقالىسىنى ئېلان قىلىپ، مېنىڭ تىرىشچانلىقىمغا مۇناسىپ ئىنكاس قايتۇردى. شۇ يىلىنىڭ ئاخىرلىرى شائىر قۇربان باراتنىڭ كۆچ چىقىرىشى بىلەن مىرئەھمەد سېيىت ئەپەندىنىڭ ئەسلىمىسى ئاساسىدا يازغان تارىخىي تەرجىمەھال ئەسىرىم «مەمتىلى ئەپەندى» نەشر قىلىنىپ جەمئىيەتتە زىلزىلە خاراكتېرلىك ئۈنۈم پەيدا قىلدى. ئەسەردە ئالاھىدە قۇرۇلما شەكلى ئارقىلىق مەمتىلى ئەپەندى يېڭى مائارىپ ھەرىكىتىنى قوزغىغان يىللاردىكى كىشىلەرگە ئايدىڭ بولمىغان تارىخىي ۋەقەلەرنى ھەم كۆپلىگەن تارىخىي شەخسلەرنى بايان قىلىپ بىلدۈرۈش بىلەن بىللە، كىشىلەرنى ھەيران قالدۇرىدىغان بەزى سىرلارنى ئاشكارىلىۋەتكەنىدىم. شۇڭا ئەسەر تارىخىي كەڭلىك، ئىجتىمائىي چوڭقۇرلۇق، ئۇچۇرچانلىق، بايان ئۇسلۇبى جەھەتتىكى جەلپكارلىق قاتارلىق ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن زور ئۇتۇق قازاندى. نۇرغۇن كىشىلەر مەمتىلى ئەپەندىنى ھەقىقىي تونۇدى. ئۇنىڭ يۈرەكنى لەرزىگە سالىدىغان قىسقا، ئەمما قىسمەتكە باي نۇرانە ھاياتىغا ئاپىرىن ئوقۇدى. مىرئەھمەد سېيىت ئەپەندىنىڭمۇ روھى سۆيۈنگۈدەك ئىش بولدى. ئۇيغۇر جەمئىيىتىنى مەمتىلى ئەپەندىگە بولغان قىزىقىش، ئۇنى ئۇلۇغلاش، ئۇنىڭدىن پەخىرلىنىش كەيپىياتى قاپلىدى. مائارىپچى توغرۇلۇق سۆز بولغاندا كىشىلەرنىڭ كۆز ئالدىغا ئالدى بىلەن مەمتىلى ئەپەندىنىڭ ئوبرازى كېلىدىغان بولدى.

ئەپسۇسلىنارلىقى، بۇ چاغدا، ئاپتورلۇق دەۋاسى ئاۋارىچىلىكى ئوتتۇرىغا چىقتى. مەن بۇ كىتابنى يېزىش جەريانىدا ئاتۇش شەھەرلىك 1 ـ ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ئەدەبىيات ئوقۇتقۇچىسى ئابلىكىم زوردۇننىڭ مەمتىلى ئەپەندىنىڭ ئاتۇشتىكى مەكتەپ ئېچىش ئىشلىرى توغرۇلۇق يازغان قول يازما ماقالىسىدىن قىسمەن پايدىلانغانىدىم. گەرچە مەن ئۇ كىشىنىڭ ماقالىسىدىن پايدىلانغان جايلارنى

كىتابنىڭ 41 ـ ۋە 62 ـ بەتلىرىدە «بۇ نەقىل ئابلىكىم زوردۇننىڭ «يېڭى مائارىپ ھەرىكىتىنىڭ سەركىسى» دېگەن ماقالىسىدىن ئېلىندى» دەپ ئالاھىدە ئەسكەرتىپ قويغان بولسامۇ، قول يازمىدىن ئاپتورنىڭ ئىجازىتى بولمىغان ئەھۋالدا پايدىلىنىش ئەسەر ھوقۇقىغا دەخلى يەتكۈزگەنلىك ھېسابلىنىدىغانلىقى ئۈچۈن، ئاپتونوم رايونلۇق نەشر ھوقۇقى ئىدارىسى ئابلىكىم زوردۇننى ئۈچىنچى ئاپتور سۈپىتىدە تونۇش توغرۇلۇق «تولۇقلىما پىكىر» چىقاردى. نەشر قىلىنمىغان ماقالە ـ ئەسەرلەردىن ئاپتورنىڭ ئىجازىتىنى ئالماي تۇرۇپ نەقىل ئېلىش ياكى پايدىلىنىش ئاپتورلۇق ھوقۇقىغا چېتىلىدىغان مەسىلە ئىكەنلىكى بىر ئاچچىق ساۋاق بولدى. مەن ئۈچۈن، ئەڭ مۇھىم ئىش كىتابنىڭ جەمئىيەتكە كەڭ كۆلەمدە تارقىلىشى بولغاچقا، بۇ ئاۋارىچىلىكنى نەشر ھوقۇقى ئىدارىسىنىڭ «تولۇقلىما پىكرى» بويىچە بىر تەرەپ قىلىشقا قوشۇلدۇم. شۇنىڭ بىلەن «مەمتىلى ئەپەندى» دېگەن بۇ كىتابنىڭ ئۈستىدىكى «مىر ئەھمەت سېيىت، يالقۇن روزى» دېگەن ئىسىملارنىڭ كەينىگە «ئابلىكىم زوردۇن» دېگەن ئىسىم قىستۇرۇلدى. مەن ئۆزۈمگە ئىشىنەتتىم. «مەمتىلى ئەپەندى» دېگەن كىتاب قانداقتۇر ئۆلۈك ئەسلىمە، تاغدىن ـ باغدىن يېزىپ قويۇلغان ئادەتتىكى خاتىرە ئەمەس ئىدى. ئۇ قەۋەت ـ قەۋەتلىرىگە تارىخىي سىر ـ ھېكمەتلەر يوشۇرۇنغان، ئوقۇرمەنلەرنى ئۇنتۇلغۇسىز تەسىراتقا ئىگە قىلىدىغان بىر ئۆلمەس ئەسەر ئىدى. شۇڭا، ماڭا نىسبەتەن ئاپتورلۇق دەۋاسى ئاۋارىچىلىكىنىڭ كارايىتى چاغلىق ئىدى. مېنى سۆيۈندۈرىدىغىنى، بۇ كىتاب ئارقىلىق مەمتىلى ئەپەندىنىڭ نۇرانە ئوبرازى مىڭلىغان، ئونمىڭلىغان كىشىلەرنىڭ قەلبىدىن ئورۇن ئېلىۋاتاتتى. 1930 ـ يىللاردىكى ئاچچىق تارىخىي قىسمەتلەر، ئۇنتۇلماس مىللىي ھەسرەتلەر كىشىلەرنىڭ روھىغا سىڭىپ كىرىۋاتاتتى. مەن تۇجۇپىلەپ خۇلاسىلىگەن «تەۋپىق روھى» دېگەن يېڭى ئاتالغۇ زىيالىيلارنىڭ مەسئۇلىيەت ئېڭىنى ئويغىتىدىغان، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ مائارىپقا بولغان بېغىشلاش روھىنى قوزغى-



مەمتىلى ئەپەندى خاتىرە سارىيى

تىدىغان ئىلھامبەخش مەنگە باي ئاتالغۇ سۈپىتىدە تىل ئىستېما-
لىمىزغا سىڭىپ كىرىۋاتاتتى. ئوقۇرمەنلەرنىڭ قەلبىگە، پىكرىگە
تەسىر كۆرسىتىدىغان بۇنداق ياخشى ئەسەرنى ۋۇجۇدقا چىقىرىش
يېزىقچىلىقتا ھەۋەسى بار كىشىلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ قولىدىن كەل-
مەيتتى. چۈنكى، «مەمتىلى ئەپەندى» دە كۆپلىگەن شەخسلەرنىڭ
تەرجىمىھالى بايان قىلىنىش ئارقىلىق، تارىخىي ۋەقەلەر، ئەينى
يىللاردىكى ئىجتىمائىي، سىياسىي مۇھىت ۋە تارىخىي شەخسلەرنىڭ
ئوينىغان رولى ھەم ئۇلار كەلتۈرۈپ چىقارغان ئىجابىي ياكى سەل-
بىي ئاقىۋەتى نامايان قىلىنغان. بۇ يازغۇچىدىن مول بىلىم ۋە تا-
رىخىي ماتېرىياللارنى ئورۇنلاشتۇرۇش جەھەتتىكى يۇقىرى يېزىق-
چىلىق ماھارىتىنى تەلەپ قىلىدۇ.

بىر يىلدىن ئارتۇق كۆڭۈل قويۇپ پىلانلاش، پىلاننى ئەستايى-
دىل، پۇختا ئورۇنلاش نەتىجىسىدە ئاخىرقى ھېسابتا «مەمتىلى ئە-
پەندى قىزغىنلىقى» رەسمىي شەكىللەندى. بۇ قىزغىنلىقنىڭ تۈرت-

كىسىدە ئوخشىمىغان ساھەدىكى ھاياجانلانغۇچىلار ھەرىكەتكە كېلىپ مەمتىلى ئەپەندىگە مۇناسىۋەتلىك بىر قاتار ئىشلارنى ئارقا ــ ئارقى-دىن يورۇققا چىقاردى. ئالدى بىلەن پائالىيەتچان ئەدىب نەسرۇللا ئابلەت ئەپەندىنىڭ غەيرىتى قوزغىلىپ، يۇقىرى ــ تۆۋەندىكى فۇنكسىيەلىك تارماقلارغا بىرەر يىلدەك چېپىپ، رەسمىيەت ھازىر-لىشى ۋە مەبلەغ توپلىشى ئارقىسىدا ئاتۇشنىڭ ئازاق يېزىسىدا «مەمتىلى ئەپەندى خاتىرە سارىيى» غا تۇتۇش قىلىنىپ 2001 ــ يىلى 5 ــ ئايدا رەسمىي پۈتكۈزۈلدى. مەدەنىيەت ئوبزورچىلىرى ۋە ئەدە-بىيات تەتقىقاتچىلىرى ماقالە ــ ئەسەرلىرىدە 20 ــ ئەسىرنىڭ ئال-دىنقى يېرىمىدىكى مۇنەۋۋەر ئەدىبلەرنى سانىغاندا ئابدۇقادىر داموللام، ئابدۇخالىق ئۇيغۇر، مەمتىلى ئەپەندى، لوتپۇللا مۇتەللىپ تۆتىنى تەڭ تىلغا ئالىدىغان بولدى. ئۈنىڭدىن ئىلگىرى ئادەتتە مەمتىلى ئەپەندىنىڭ نامى بۇ قاتاردا تىلغا ئېلىنمايتتى. ئارقىدىنلا ئۈرۈمچىدە «تەۋپىق مائارىپ تەربىيەلەش مەركىزى» دېگەن تەربىيە-لەش ئورنى قۇرۇلدى. 2000 ــ يىلى ئىبراھىم ئالىپتېكىن نەشرگە تەييارلىغان «مەمتىلى ئەپەندى شېئىرلىرى» نەشر قىلىندى. يازغۇ-چى غۇلامىنىڭ يېزىلغىنىغا ئون بەش يىللار بولغان «باياۋاندىكى گۈلخان» ناملىق بىيوگرافىك رومانى 2003 ــ يىلى نەشر قىلىندى. شۇنىڭ بىلەن بىللە يەنە نۇرمۇھەممەت ئۆمەر ئۇچقۇن باللار ئۈچۈن يازغان كىتابچە «يېڭى مائارىپ بايراقدارى ـــ مەمتىلى ئەپەندى» قا-تارلىق كىتابلارمۇ ئەنە شۇ «مەمتىلى ئەپەندى قىزغىنلىقى» دىن كېيىن بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى نەشر قىلىندى. ئىلھامى ئۇرغۇغان بەزى شائىرلار مەمتىلى ئەپەندىگە ئاتاپ شېئىر ــ داستانلارنىمۇ ياز-دى. غۇلجا ناھىيەلىك 1 ــ ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ھويلىسىدىكى گۈل-لۈكنىڭ مەركىزىگە مەمتىلى ئەپەندىنىڭ مەشئەل كۆتۈرۈپ تۇرغان ھەيكىلى قاتۇرۇلدى. ئېلى ياقۇپ، مۇرادىل قاتارلىق رەسساملارمۇ مەمتىلى ئەپەندىنىڭ ئوخشاشمىغان قىياپەتتىكى ماي بوياق رەسىم-مىنى سىزىپ ئېلان قىلدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



مەمتىلى ئەپەندىنىڭ ھەيكىلى

مەن مەمتىلى ئەپەندى قىزغىنلىقىنىڭ شەكىللىنىشى بىلەن قانداقتۇر قانائەت ھاسىل قىلىپ، مەسئۇلىيىتىم ئادا قىلىنىپ بولغاندەك توختاپ قالمىدىم، يەنە داۋاملىق مەمتىلى ئەپەندىگە مۇناسىۋەتلىك تەشۋىقات ۋە تەتقىقات ئىشلىرىنى داۋاملاشتۇردۇم. 2001 - يىلى مەمتىلى ئەپەندى تۇغۇلغانلىقىنىڭ 100 يىللىقىنى خاتىرىلەش مۇناسىۋىتى بىلەن «يېڭى ئەسىردە تەۋپىق روھى بىزگە ھەمراھ بولسۇن» دېگەن ماقالىنى يېزىپ «جۇڭگو مىللەتلىرى» ژۇرنىلىنىڭ شۇ يىللىق 5 - سانىدا ئېلان قىلدىم. «تەۋپىق روھى بىزنى نىمىگە چاقىرىدۇ» دېگەن ماقالىنى يېزىپ «كىتاب مۇنبىرى» ژۇرنىلىنىڭ 2008 - يىللىق 4 - سانىدا ئېلان قىلدىم. «دېرىزە سىرتىدىكى ئوقۇغۇچى» دېگەن قىسقا ئەسەرنى يېزىپ يېڭى دەرس ئۆلچىمى بويىچە تۈزۈلگەن، باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ «تىل - ئەدەبىيات» دەرسلىكىگە كىرگۈزدۇم. دەرسلىك تۈزۈش جەريانىدا مۇزىكا دەرسلىكىنى تۈزىدىغان مۇتەخەسسىسلەرنىڭ سەمىگە سېلىپ ۋە ئۇلارنى ماتېرىيال بىلەن تەمىنلەپ مەمتىلى ئەپەندىنىڭ مەكتەپ ناخشىلىرىدىن بىرنەچچىنى باشلانغۇچ مەكتەپتىن ئوتتۇرا مەكتەپكىچە بولغان مۇزىكا دەرسلىكلىرىگە كىرگۈزۈشكە تۈرتكە بولدۇم. سەيپىدىن ئەزىزىنىڭ «ئاتۇشتىكى ئىككىنچى قېتىملىق يېڭى مائا-

رىپچىلىق ھەرىكىتى» دېگەن ئەسەرىنى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ-
لەرنىڭ 7 - يىللىقلىرى ئۈچۈن تۈزۈلگەن 2 - قىسىم «تىل - ئەدە-
بىيات» دەرسلىكىنىڭ مەشھۇر شەخسلەر بۆلىكىگە «مەشھۇر مائا-
رىپچى مەمتىلى ئەپەندى» دېگەن نامدا كىرگۈزۈشكە ھەيدەكچى بول-
دۇم. ئۈرۈمچى شەھەرلىك تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى «چىن يۈرەكتىن
چىن سۆزلەر» پىروگراممىسى ئۇيۇشتۇرغان «تەۋپىق روھى ئىستۇ-
دېنتلار ئارىسىدا» دېگەن سۆھبەتكە ۋە شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستان-
سىسى «مەدەنىيەت بوستانى» پىروگراممىسى ئۇيۇشتۇرغان «تەۋپىق
روھى ئۇنتۇلمايدۇ» دېگەن سۆھبەتكە قاتنىشىپ تەۋپىق روھىنى،
مەمتىلى ئەپەندىنىڭ ئىش ئىزلىرىنى، تارىخىي تۆھپىسى ۋە ئىج-
تىمائىي قىممىتىنى تېخىمۇ جانلىق تەشۋىق قىلدىم. قىسقىسى،
مەن ئۆزۈمنى بىر ئىشتىن سىرتقى «تەۋپىقشۇناس» بولۇپ قالغاندەك
ھېس قىلىمەن. مەمتىلى ئەپەندىگە مۇناسىۋەتلىك كىچىككىنە ئۇ-
چۇرنىڭ دېرىكىنى ئالسام ئىز قوغلاپ بېرىپ ئېنىقلاپ ئارخىپلاش-



ئاپتور مەمتىلى ئەپەندىنىڭ قىزى ئەدىبە خانىم بىلەن بىللە

تۇرىمەن. بورتالا، ئۈرۈمچى ۋە ئاتۇشتىكى تۇغقانلىرى ھەم شاگىرتلىرى بىلەن پىكىرلىشىپ تۇرىمەن. ئەڭ مۇھىمى مۇشۇنداق قىزغىن مۇھەببەت بىلەن مەمتىلى ئەپەندىنىڭ قىزى ئەدىبە خانىمنى قەشقەر نەزەرباغدىكى ئۆيىدە، ئۈرۈمچىدە، غۇلجىدا ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ 10 قېتىمدىن ئارتۇق زىيارەت قىلدىم. ئەدىبە خانىم 2012 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى نەپەس يولى ياللۇغى كېسىلى بىلەن 76 يېشىدا قازا قىلدى. ئۇنىڭ جەستى قەشقەر شەھىرىگە يېقىن نەزەرباغ يېزىسىنىڭ «مەللە خېنىم» مەھەللىسىدىكى قەبرىستانلىققا دەپنە قىلىندى.

«تەۋپىق قەبرىسىگە يادنامە» دېگەن شېئىرنى ئوقۇغاندىن كېيىن ئەمەلگە ئاشۇرۇلغان بۇ قېتىمقى چۆچەك سەپىرىمۇ ماڭا ئادەت بولۇپ كەتكەن ئاشۇ قىزغىنلىقنىڭ ئىپادىسى ئىدى.

بىز بىر كۈن يول يۈرۈپ، كەچكە يېقىن چۆچەك شەھىرىگە يېتىپ كەلدۇق. ئەتىسى ئەتىگەندە تاھىر تاشبايېۋ ئەپەندىنى ئىزدەپ تاپتۇق. ئۇ بىزنى ئادەتتىن تاشقىرى قىزغىنلىق بىلەن قارشى ئالدى. تاھىر تاشبايېۋ ئەپەندى مەن نامىنى بىلىدىغان، ئەمما تېخى دىدارلاشمىغان چۆچەك تارىخى، چۆچەك مەدەنىيىتىگە پىششىق، ئاز ئۇچرايدىغان «چۆچەكشۇناس» زىيالىي ئىدى. ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە، قازاقچە يازمىلىرىمۇ كۆپ ئىدى، ئۇنىڭ ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە ۋە قازاقچە سەۋىيەسى ئوخشاش يۇقىرى بولۇپ، چۆچەككە ئالاقىدار ئىشلاردىن بىلمەيدىغىنى يوق ئىدى. چۆچەكتىكى ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئاز ـ تولا نامى بار ئادەملىرىنىڭ ھەممىسىنى پىششىق بىلەتتى. بىز تاھىر تاشبايېۋ ئەپەندى بىلەن كۆرۈشكەندىن كېيىن بىرلىكتە چۆچەكتىكى كونا مائارىپچى، 84 ياشلىق مەريەم تۇردىبايېۋ خانىمنى ئىزدەپ تاپتۇق. مەريەم ئاپپاي 1940 ـ يىللاردا چۆچەكتىكى «مەھمۇد كاشغەرىي قىزلار مەكتىپى» دە مۇدىر بولۇپ تونۇلغان داڭدار مائارىپچى ئىدى. پۈتۈن ئۆمرى مائارىپ مۇنبىرىدە ئۆتكەن، مائارىپقا ئالاھىدە ئەقىدە ـ ئېتىقادى بار، غەيرەت ـ جاسا-



ئاپتور مەريەم تۇردىبايېۋا ۋە تاھىر تاشبايېۋ بىلەن سۆھبەتتە

رەتلىك، چۆچەك خەلقى ئىچىدە ئالاھىدە ئابرۇيى بار، تېنى ساغلام مەريەم ئاپپاي ھازىرمۇ يەنە چۆچەكتىكى مېھرىبان ئانىلارنى تەشكىللەپ خەير ـ ساخاۋەت ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىپ كېلىۋېتىپتۇ. كونا مائارىپچى بولۇش سۈپىتى بىلەن مەريەم ئاپپايمۇ كۆپ ئىشلاردىن خەۋەردار موماي ئىكەن. بىز مەريەم ئاپپاينىڭ ئۆيىدە يېرىم كۈن پاراڭلاشتۇق. ئاخىر بۇ رەسىمنىڭ چۆچەك شەھىرى قارادۆڭ مەھەللىسىدىكى سالىھجان دېگەن كىشىنىڭ ئۆيىدە بارلىقى مەلۇم بولدى. ئەتىسى بىز قارادۆڭ كەنتىگە بېرىپ سالىھجان دېگەن كىشىنىڭ ئۆيىنى تاپتۇق. سالىھجان دېگەن كىشى چۆچەك شەھەرلىك سودا ئىدارىسىنىڭ پېنسىيونېرى ئىكەن. بىز كېلىش مەقسىتىمىزنى ئېيتقاندىن كېيىن مىجەزى ئېغىر، ئاستا گەپ قىلىدىغان سالىھجان ئەپەندى بۇ قىممەتلىك رەسىمنى ئېلىپ چىقىپ، «مەن ‹مەمتىلى ئەپەندى› دېگەن كىتابنى ئوقۇغان، تېلېۋىزوردىمۇ سىزنىڭ مەمتىلى ئەپەندى توغرىسىدا سۆزلىگەن سۆزلىرىڭىزنى ئاڭلىغان، بۇ رەسىمنى بۇنىڭدىن كېيىن سىز ساقلاڭ، قەدرىگە يېتىدىغانلىقىڭىزغا ئىشىنىمەن» دېدى.

مەن سالىھجان ئەپەندىنىڭ قولىدىن كونىراپ، سارغىيىپ كەت-



www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى

كەن سۈرەتنى تەقەززالىق بىلەن قولۇمغا ئالدىم. سۈرەت كونا بولسىمۇ، ناھايىتى ئېنىق ئىكەن. سۈرەتتە جەمئىي ئالتە كىشى بار ئىدى. مەمتىلى ئەپەندى — قاراشلىرى قەتئىي، پېشانىسى ئوچۇق، چاچلىرى قويۇق، قوشۇما قاش، قاڭشارلىق، كۆتمەك بۇرۇت قويغان، كۆرپە ياقىلىق قىشلىق پەلتو كىيگەن يىگىت ئالدىنقى رەت ئوتتۇرىدا ئولتۇراتتى. ئىككى تەرىپىدە سوقا سەندەلدەك ئىككى كىشى ئولتۇرغان بولۇپ، ئۇلارغا سېلىشتۇرغاندا مەمتىلى ئەپەندى ژىجىك كۆرۈنسىمۇ، ئەمما چىرايىدىن چېچەنلىكى، تۇرقىدىن جۇشقۇنلۇقى چىقىپ تۇراتتى.

ھەممىمىز سۈرەتنى قولدىن - قولغا ئۆتكۈزۈپ ئۇزاق قارىشىپ كەتتۇق. مەن سالىھجان ئەپەندىگە تەشەككۈر ئېيتىش بىلەن بىللە، سۈرەتتىكى كىشىلەرنى چۈشەندۈرۈپ قويۇشىنى ئۆتۈندۈم. سالىھجان ئەپەندى سۈرەتتىكى كىشىلەرنى بىر - بىرلەپ كۆرسىتىپ چۈشەندۈرۈشكە باشلىدى: «مەمتىلى ئەپەندىنى ئارىغا ئېلىپ تۇرغان بە-

شەيلەننىڭ ھەممىسى ئاتۇشلۇق كىشىلەر بولۇپ، چۆچەكنىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى چوڭ بايلىرى. مەمتىلى ئەپەندىنىڭ سول قول تەرىپىدە ئولتۇرغان ئادەم بۇيامەتلىك مۇساباي تۆمۈر خوجا دېگەن كىشى، مەمتىلى ئەپەندىنىڭ ئوڭ قول تەرىپىدە ئولتۇرغان كىشى ھېكىم ئاخۇن دېگەن باي، ئۇنىڭ ئارقىسىدىكى كىشى ئابدۇراجىم دېگەن باي، ئابدۇراجىم بىلەن مۇساباي تۆمۈر خوجا ئاكا ـ ئۇكا بايلار بولۇپ، شىڭ شىسەينىڭ تۈرمىسىدە ئۆلتۈرۈلگەن. بېشىغا گۈللۈك دوپپا كىيگەن كىشى بۇيامەتلىك ھاشىم شاڭزۇڭ دېگەن باي، ئۇنىڭ يېنىدىكى بويى ئېگىز، مەيدە يانچۇقىدىن پاسپورتى كۆرۈنۈپ تۇرغان كىشى مېنىڭ دادام سايىتموللا ئىمىن. مېنىڭ دادامىمۇ سودا ـ تىجارەت بىلەن شۇغۇللىنىدىغان كىشى بولۇپ موسكۋا، پېتېربۇرگلارغىچە بارغان. دادامنىڭ بىزگە قالغان ئايرىم سۈرەتلىرىمۇ بار. قازاقىستاننىڭ سېرىقياغاچ دېگەن يېرىدە ئولتۇرۇشلۇق ئاكام مۇھەممەتجاننىڭ قولىدىمۇ دادامنىڭ سۈرەتلىرى بار. دادام ئاتۇشنىڭ ئوڭئېرىق كەنتىدىن.»

مەن تارتىلغىنىغا 80 يىلچە بولغان بۇ قىممەتلىك سۈرەتنى قايتا قولۇمغا ئېلىپ، ئەتراپىمدىكىلەرگە چۈشەندۈرۈپ: «مەن ئىلگىرى مەمتىلى ئەپەندىنىڭ تۇغقانلىرى بىلەن پاراڭلاشقان چېغىمدا، ئۇلار مەمتىلى ئەپەندىنىڭ دادىسى بىلەن ئانىسى قازا قىلىپ كەتكەندىن كېيىن تۈركىيەدىن چۆچەككە بىر قېتىم كەلگەن دېيىلىدۇ، ئەمما، قانچىلىكى راست ئېنىق ئەمەس، دېگەن سۆزنى قىلىشقانىدى. بۇ سۈرەت مەمتىلى ئەپەندىنىڭ چۆچەككە 1930 ـ ياكى 1931 ـ يىللاردا ھەقىقەتەن بىر قېتىم كەلگەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ. چۈنكى مەمتىلى ئەپەندىنىڭ كۆتمەك بۇرۇتى 1920 ـ يىللاردا تۈركىيەدە مودا بولغان. بۇنداق بۇرۇت قويۇش شۇ يىللاردا مىللەتپەرۋەرلىكنىڭ بەلگىسى ھېسابلىناتتى. سۈرەتتىكى تىزىلىش ۋە ئولتۇرۇش ھالىتىدىن يەنە مەمتىلى ئەپەندىنىڭ مېھمانلارغا كۆرسىتىلىدىغان ھۆرمەتتىن بەھرىمەن بولغانلىقى چىقىپ تۇرىدۇ. مۇشۇنىڭدىن قا-

رىغاندا مەمتىلى ئەپەندىنىڭ 30 ياشلىرىدا تۈركىيەدىن چۆچەككە بىر قېتىم كەلگەنلىكى ئېنىق. چۆچەك بىلەن غۇلجا ئەينى ۋاقىتتا شىنجاڭدىكى باشقا شەھەرلەرگە سېلىشتۇرغاندا ياۋروپا مەدەنىيىتى نىسبەتەن ئومۇملاشقان جايلار بولۇپ، مەدەنىيەت جەھەتتە ئىلغار شەھەرلەر ھېسابلىناتتى. شۇ چاغدا چۆچەك بىلەن غۇلجىدا مۇ-شۇنداق يۇقىرى ئېنىقلىق، يۇقىرى سۈپەتتىكى سۈرەتلەرنى تارتى-دىغان مەخسۇس سۈرەتخانىلار بار ئىدى ھەم كىشىلەردىمۇ سۈرەتكە چۈشۈپ خاتىرە قالدۇرىدىغان ئادەت شەكىللىنىپ بولغان» دېدىم.

بىز سالىھجان ئەپەندىدىن سۈرەتنى ئېلىپ مېھمانخانىغا قايت-تۇق. بۇ قېتىمقى چۆچەك سەپىرى مەن ئۈچۈن ناھايىتى نەتىجىلىك سەپەر بولغانىدى.

مەن ئۈچ يىلدىن بېرى مېنى سەۋدا قىلغان سۈرەتنى قولۇمغا ئېلىپ بولغاندىن كېيىن چۆچەكتىكى تارىخىي ئىزنالارنى ۋە ئۆزۈم قىزىقىدىغان جايلارنى خاتىرجەم كۆرۈشكە ئەمدى ئىمكانىيەت ھا-زىرلاندى دەپ قاراپ، تاھىر تاشبايېف ئەپەندىدىن كۆڭلۈمگە پۈككەن جايلارنى كۆرسىتىپ قويۇشنى ئىلتىماس قىلدىم. بىز تاھىر تاشبا-يېف ئەپەندىنىڭ يېتەكلىشىدە 20 - ئەسىر ئۇيغۇر تارىخىدىكى مەشھۇر جەمەتلەرنىڭ بىرى بولغان مۇھەممەتىلار جەمەتىنىڭ سودا كانتورى بار جاينى، مەمتىلى ئەپەندى تۇرغان كوچىلارنى، «مەھمۇد كاشغەرىي قىزلار مەكتىپى» نىڭ ئورنىنى، مەشھۇر تاتار مائارىپچى گۈلەندەم ئابىستايىنىڭ مەكتىپى جايلاشقان ئورۇننى، مەشھۇر تارى-خىي بىنا قىزىل ئۆيىنى، رۇسىيە كونسۇلخانىسىنىڭ كاتىپى نەجىپ ئەۋزىنىڭ قورۇسىنى، ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئارمىيەسىنىڭ شىخۇ ئاتقۇچى 1 - پولكىدا ئەسكەر بولغان 82 ياشلىق ئابدۇراخمان نىيا-زوف ئاكىنى ۋە ئادىل ئابدۇراخماننىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن چۆ-چەك شەھىرىدىن 10 كىلومېتىرچە مۇساپىدىكى چېگرا ئېغىزى — باقتى ئېغىزىنى زىيارەت قىلدۇق.

بىز چۆچەك شەھىرىدىكى ئۈچ كۈنلۈك، نەتىجىلىك، مەزمۇن-



لۇق، كۆڭۈللۈك زىيارىتىد-
مىزنى ئاخىرلاشتۇرۇپ، ئۇ-
رۇمچىگە قاراپ يولغا چىق-
تۇق. ماشىنىدا كېلىۋاتقاچ
پات - پات مەمتىلى ئەپەندى-
نىڭ سۈرىتىنى قولۇمغا ئې-
لىپ قاراپ، ئۇزاقتىن -
ئۇزاق خىياللارغا غەرق بولات-
تىم. ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن تې-
گىگە يېتىپ بولماس بىر
ئارمان چىقىپ تۇراتتى. مەم-
تىلى ئەپەندىنىڭ سۈرەتتىكى
شۇڭقاردەك تىكىلىپ ئول-
تۇرغان ھالىتى قەلبىمنى
توختىماي زەرەتلەيتتى. ۋۇجۇدۇم تەسىرلىنىپ بولغۇسىز ھاياجان ئى-
چىدە جۇغۇلدايتتى. ئوي - خىياللىرىم تارىخنىڭ تومانلىق ساي -
دۆڭلىرىدە كېزەتتى. مەمتىلى ئەپەندىنىڭ ناخشا - مارشلىرى قۇلاق
تۈۋىمدە جاراڭلايتتى. ئۇ ھەقىقەتەنمۇ بىر شۇڭقار ئىدى. مەن شائىر
ئابابەكرى توختىنىڭ شېئىرىنى مەمتىلى ئەپەندىگە بولغان چوڭقۇر
قايىللىق ۋە ھۆرمەت ھېسسىياتىم بىلەن ئاستا ئوقۇدۇم:

ئادەمگە ئارتۇقچە بىر ئەسىر ياشاش،
بىر ئەسىرگە تەڭدۇر ئوتتۇز ئالتە ياش.
مۇزلىغان زېمىننى ئىللىتقان نېمە؟
قەبرىگە كۆمۈلۈپ ياتقان شۇ قۇياش!

2011 - يىلى 10 - ئايدا يېزىلدى

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# 20 ـ ئەسىردىكى تۇنجى ئىسلاھاتچى

ئىسلاھات ئىنسانىيەت تارىخىدىكى يورۇق تېما. ئىسلاھات ـــ ياخشىلاش، تۈزىتىش، ئۆزگەرتىش دېمەكتۇر. يەنى ۋاقتى ئۆتكەن كونا تۈزۈم، كونا مەدەنىيەت ۋە كونا ئىدىيەلەرنى زامانغا لايىقلاشتۇرۇپ، تۈزىتىپ ۋە ئۆزگەرتىپ، ھاياتىي كۈچكە باي يېڭى تۈزۈم، يېڭى مەدەنىيەت ۋە يېڭى ئىدىيەنى يارىتىش ياكى ئومۇملاشتۇرۇشنى كۆرسىتىدۇ. ئىسلاھاتنىڭ شەكلى كۆپ خىل، ئۇنۇمى پەرقلىق بولسىمۇ، بىراق ئورتاقلىقى شۇكى، بارلىق ئىسلاھات ئىنتايىن مۇشكۈللۈك ئىچىدە يۈرگۈزۈلىدۇ. شۇڭا ئىسلاھاتچىلار ئالدى بىلەن قورقماس جاسارەتكە، يىراقنى كۆرەر پاراسەتكە ئىگە بولۇشى كېرەك. بۇنداق تۈپ ساپانى ھازىرلىمىغان ئادەمنىڭ ئىسلاھاتچى بولالىشى مۇمكىن ئەمەس. ئىنسانىيەت تارىخىدىكى بارلىق داڭلىق ئىسلاھاتچىلار دەل مۇشۇنداق ساپاغا ئىگە مۇنەۋۋەر ئەزىمەتلەردۇر. 20 ـ ئەسىر ئۇيغۇر تارىخىدىكى تۇنجى ئىسلاھاتچى، مەشھۇر ئالىم ئابدۇقادىر داموللام دەل مۇشۇنداق تۈپ ساپاغا ئىگە زات ئىدى.

ئابدۇقادىر داموللامنىڭ ھاياتى، ئىدىيەسىنىڭ شەكىللىنىشى ۋە ئىسلاھاتچىلىق پائالىيەتلىرىنى تەتقىق قىلىش بىزنىڭ 20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدىكى مىللىي ھاياتىمىزغا مۇناسىۋەتلىك بىر قاتار مەسىلىلەرنى يورۇتۇشىمىزدا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. مەسىلەن، ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە جەدىدلىك ھەرىكىتى قاچان، قانداق باشلانغان؟ ئۇيغۇر جەمئىيىتى تاتار مەرىپەتچىلىرى قوزغىغان جەدىدلىك ھەرىكىتىگە ئاۋاز قوشۇپ ئىدىيەۋى ئېقىم پەيدا قىلالىغانمۇ ـ يوق؟ ئۇيغۇرلار ئارىسىدا جەدىدلىك ئىدىيەسىگە ئىگە مەنىۋى يول-

باشچىلار بارلىققا كەلگەنمۇ ـ يوق؟ ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا جەدىدلىك روھىغا ئىگە ئەسەرلەرنى ئىجاد قىلىش قاچان باشلانغان؟ هازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ شەكىللىنىشى قانداق تەسىر ئاستىدا ئەمەلگە ئاشقان؟ ئۇيغۇرلارنىڭ سىياسىي ئېڭى ۋە مىللىي ئېڭى قاچاندىن باشلاپ ئويغانغان؟ بۇ بىر قاتار مەسىلىلەر بىزنىڭ مەدەنىيەت، مائارىپ، ئىدىيە، ئەدەبىيات تارىخىمىزغا مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەردۇر. مەن بۇ ماقالەمدە ئابدۇقادىر داموللامنىڭ هاياتى، ئىدىيەسىنىڭ شەكىللىنىشى ۋە جەدىدلىك پائالىيەتلىرىنى بىرقەدەر مەنتىقلىق رەۋىشتە بايان قىلىش ئارقىلىق بۇ ئېنىقسىز مەسىلىلەرگە جاۋاب بېرىشكە تىرىشتىم. مېنىڭچە، ئابدۇقادىر داموللام دەۋرى بولغان 1910 ـ يىللاردىكى مەرىپەتچىلىك هەرىكەتلىرىنى يورۇتقاندا بۇ مەسىلىلەرگە بىرقەدەر روشەن جاۋاب تاپقىلى بولىدۇ.

هەممىمىزگە مەلۇم، ئىسلامىيەت تارىخىدا 18 ~ 19 ـ ئەسىرلەر مىسلىسىز پاجىئەلىك دەۋر هېسابلىنىدۇ. چۈنكى بۇ ئەسىرلەردە ئىسلامىيەت دۇنياسىدىكى دۇنياۋى ئىككى چوڭ ئىمپېرىيە بولغان تۈرك ئوسمان ئىمپېرىيەسى بىلەن تۈرك موغۇل ئىمپېرىيەسى كۆنسېرى ئاجىزلىشىپ، قەدەممۇقەدەم زاۋاللىققا يۈزلەنگەن هەم ئاخىرقى هېسابتا بىرى يوقىتىلىپ، بىرى لىڭشىپ قالغان. ئوتتۇرا ئاسىيا ئۆلكىلىرىدىكى، ئافغانىستان ۋە ئىران ئېگىزلىكىدىكى ئۇششاق ئىسلام خانلىقلىرىنىڭ هالىمۇ ئوخشاش قىسمەتكە مۇپتىلا بولغان. بۇ ئەسىرلەردە يەنە ئىسلامىيەتنىڭ ئىچكى قىسمىدا ئۇزاقتىن بېرى يامراپ كېلىۋاتقان هەرقايسى مەزهەپلەرنىڭ بىدئەت قاراشلىرى ۋە چاكىنا تەشەببۇسلىرى كەڭ مۇسۇلمانلارنىڭ ئەقىدە ـ ئېتىقادلىرىنى ئىزىدىن چىقىرىۋەتكەن. بولۇپمۇ سوپى ـ ئىشانلار گۇرۇهى ئىسلام هۆكۈمرانلىرىنىڭ سەلتەنىتىگە سالجىدەك چاپلىشىۋېلىپ، ئۇلارنىڭ رېئال دۇنيا هەققىدىكى جەڭگىۋار قاراشلىرىنى چىرىتىۋەتكەن، تەركىدۇنيالىقنى ئەڭ ئالىي ئەخلاق دەپ داۋراڭ سېلىپ، ئۇلارنىڭ ئىجتىمائىي هايات سەھنىسىدىن بەخت ئىزدەش

غايىلىرىنى سىرلىق خىيالىي تۇيغۇلىرىدىن قانائەت ئىزدەيدىغان ئەھمىيەتسىز ئۇرۇنۇشلارغا بۇرىۋەتكەن. سوپى - ئىشانلار گۇرۇھىنىڭ قايمۇقتۇرۇش كۈچى زور تەشەببۇسلىرى مۇسۇلمانلار جامائىتىنى ئىزدىنىش، كۈرەش جاسارىتى كەمچىل، مەرىپەت روھى سۇس، ئەقىل كۈچى زەئىپ، ئىمانى مۇجمەل، ئەخلاق ساپاسى تۆۋەن ئاڭقاۋ جامائەتكە ئايلاندۇرۇۋەتكەن، تەركىدۇنياچىلىق كەيپىياتى ھۆكۈمران ئورۇندا تۇرۇۋاتقان بۇنداق شارائىتتا ياشىغان كىشىلەرنىڭ كۆپىنچىسى بارا - بارا خار - زارلىق كوچىسىدا قېقىلىپ - سوقۇلۇپ ياشاشنى ھار ئالمايدىغان بىپەرۋا جامائەتكە ئايلانغان. قىسقىسى، سوپى - ئىشانلارنىڭ تەركىدۇنياچىلىق تەشەببۇسلىرى مۇسۇلمانلارنىڭ كۆپىنچىسىنى ھورۇنلۇق، چېچىلاڭغۇلۇق، بوشاڭلىق، قاشاڭلىق ئىللەتلىرىنىڭ پاتقىقىغا پاتۇرۇۋەتكەن. «بۇ، سوپىلار دەۋرىدە ئىسلامىيەت دۇنياسى تامامەن ئۇلارنىڭ بوياقلىرى بىلەن بويىلىپ كەتكەن. قەيەردە شەھەر ياكى يېزا بولىدىكەن، ئۇ يەردە سوپىلار بار ئىدى[1].»

دېمەك، ئىسلامىي ھاكىمىيەتلەرنىڭ زەئىپلىشىشى، مۇسۇلمانلارنىڭ چۈشكۈنلىشىشى، ئىسلام ئېتىقادىدىكى مىللەتلەرنىڭ مەھكۇملۇققا يۈزلىنىشى ئېغىر تارىخىي يۈزلىنىش بولۇپ قالغان مۇشۇ دەۋرلەردە دەل بۇنىڭ ئەكسىچە ھاكىم مىللەتلەر ھېسابلىنىدىغان ياۋروپا ئەللىرى كۈنسېرى قۇدرەت تېپىپ، كۈچىيىپ بارماقتا ئىدى. ئۇلارنىڭ مەرىپەت روھى مىسلى كۆرۈلمىگەن دەرىجىدە ئويغىنىپ، رىقابەت ئىقتىدارى ئېشىپ ھەر جەھەتتىن قۇدرەت تېپىۋاتاتتى. ئۇلارنىڭ توپ - زەمبىرەك بېكىتىلگەن كېمە - پاراخوت-

① ما فۇدې: «يېقىنقى زامان ئىسلام گۈللىنىش ھەرىكىتىنىڭ ئاۋانگارتى — ۋاھابىيلار ۋە ئۇلارنىڭ ئىدىيەسى ئۈستىدە تەتقىقات»، جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر نەشرىياتى، 2006 - يىلى 11 - ئاي نەشرى، خەنزۇچە، 119 - بەت. ما فۇدې بۇ نەقىلنى ئەلى نەجىبنىڭ «ھىجرىيە 13 -، 14 - ئەسىردىكى ئېتىقاد، ئىلىم - پەن كىرىزىسى ۋە ئۇنىڭ مۇسۇلمانلارنىڭ ھاياتىغا كۆرسەتكەن تەسىرى» ناملىق ئەرەبچە كىتابىدىن ئالغان. بۇ كىتاب مەككە گۈزەللىك كۈتۈپخانىسى تەرىپىدىن 1998 - يىلى نەشر قىلىنغان.

لىرى دېڭىز ـ ئوكيانلارنى تىنىمسىز كېزىپ، زامانىۋى قوشۇنلىرى سەلدەك يامراپ يېڭىدىن ـ يېڭى مۇستەملىكە زېمىنلارنى ئىزدىمەكتە ئىدى. ئۇلارغا نىسبەتەن تولىمۇ سىرلىق ھەم سېھىرلىك ھېسابلىنىدىغان شەرق ئۇلارنىڭ بويسۇندۇرۇش، تالان ـ تاراج قىلىش نىشانى ئىدى. ئۇلار شەرقنى بويسۇندۇرۇش ۋە تالان ـ تاراج قىلىشتىن ئىبارەت بۇ مەقسەتكە يېتىش يولىدا بىر ـ بىرى بىلەن تىنىمسىز بەسلىشەتتى، بولۇپمۇ قارا نىيەتتى ئۇرغۇپ تۇرغان بىرىتانىيە ئىمپېرىيەسى بىلەن چار رۇسىيە ئىمپېرىيەسىنىڭ بەس ـ بەستە زېمىن كېڭەيتىشى نەتىجىسىدە ئىسلامىيەت دۇنياسى شىمالىي ئافرىقا، ھىندىستان چوڭ قۇرۇقلۇقى ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا زېمىنىدا كەينى ـ كەينىدىن پاجىئەلىك قىسمەتكە دۇچار بولۇپ، قۇللۇق كىشەنلىرى بىلەن چەمبەرچاس باغلىنىپ، ئۈمىد چىرىغى بارغانسېرى خىرەلىشىپ، ئۆزىنىڭ تارىخىي دۈشمەنلىرىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى چەكسىز ھەسرەت ئىلكىدە قوبۇل قىلىشقا مەجبۇر بولماقتا ئىدى.

مانا مۇشۇنداق ئېغىر تارىخىي كۆلپەت ئىسلامىيەت دۇنياسىنىڭ تارىخىي شان ـ شۆھرىتىنى، ئىسلام ئەللىرىنىڭ مىللىي ئەرك ـ ھوقۇقىنى ۋە مەرىپەتچىلىك روھىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئۈچۈن پىداكارلىق كۆرسىتەلەيدىغان شىر يۈرەك مىللىي داھىيلار بىلەن ئوت يۈرەك مۇتەپەككۇرلارنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىپ كۆلپەتتىن قۇتۇلۇشنىڭ يوللىرى ئۈستىدە ئىزدىنىشىنى تەقەززا قىلدى. 19 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرقى يېرىمىدا بارلىققا كەلگەن جامالىدىن ئافغانى (1838 ــ 1897)، شەيخ مۇھەممەد ئابدۇ (1849 ــ 1905) ۋەكىللىكىدىكى ئىسلام ئويغىنىش ھەرىكىتى ۋە قىرىملىق تاتار مۇتەپەككۇر ئىسمائىل غاسپىرالى (1851 ــ 1914) ۋەكىللىكىدىكى مىللىي گۈللىنىش ھەرىكىتى ئىسلامىيەت دۇنياسىنى غەپلەت ئۇيقۇسىدىن ئويغىتىش قوڭغۇرىقىنى چالدى.

شۇبھىسىزكى، ئىسلاھات روھى كۈچلۈك ئىسلامىيەت مۇتەپەككۇرلىرىنىڭ ئىدىيەۋى تەلىماتى يېقىنقى زامان ئىسلام گۈللىنىش ھەر ـ

كىتىدىكى مۇھىم تۈرتكە ھېسابلىنىدۇ. خۇددى زامانىمىزدىكى خەنزۇ تەتقىقاتچى سەي دېگۇي ئېيتقاندەك: «ئىسلام مىللەتلىرى ئاجىزلاشقان ۋە قۇل قىلىشقا ئۇچرىغاندىن كېيىن ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرى بۇ مىللەتلەرنىڭ جاسارىتى ۋە ئىشەنچىنى ئەسلىگە كەلتۈردى.»، «ئۇلارنىڭ ئۇلۇغۋار ئىدىيەسى ۋە تىنماي كۈرەش قىلىش روھى شەرق ئىسلام دۆلەتلىرىنىڭ يېقىنقى زاماندىكى گۈللىنىشىگە يېتەكچى بولدى.» تېخىمۇ توغرىراقى، «ئۇلارنىڭ تەلىمى تالاش ـ تارتىشسىز ھالدا شەرقتىكى ئىدىيە گۈللىنىشىنىڭ بەلگىسى بولۇپ قالدى[①].» 19 ـ ئەسىردە ئىسلام دۇنياسىغا كۆرسەتكەن تەسىرىدىن ئېيتقاندا، ئۇلار ھەقىقەتەنمۇ دۇنياۋى مۇتەپەككۇر ھېسابلىناتتى. چۈنكى ئۇلار «بىرەر ئىسلام دۆلەتىگە بارسا، شۇ دۆلەتنىڭ زېمىنىدىكى چىرىك ھۆكۈمرانلارغا قارشى ۋەتەنپەرۋەرلىكنىڭ كۈچلۈك ئىنقىلاب يالقۇنىنى تۇتاشتۇرۇۋېتەتتى[②].» ئۇلارنىڭ ھاياتىدا كىشىلەرگە قالدۇرغان گەۋدىلىك ۋە چوڭقۇر تەسىرى ئىسلامىيەت دۇنياسىنىڭ ئىتتىپاقلىشىشى ۋە ئويغىنىشىنى ئارزۇ قىلىش ھەم مۇستەملىكىچىلىكنىڭ تاجاۋۇزىغا قارشى تۇرۇش تەشەببۇسى ھەمدە مۇشۇ يولدا باش ئەگمەي باتۇرلۇق بىلەن كۈرەش قىلىش روھىدىن ئىبارەت. «مۇشۇ تەشەببۇس ئاساسىدا، ئۇلار سىياسىي، ئىجتىمائىي ۋە دىنىي ساھەدىكى بىر قاتار چوڭ مەسىلىلەردە پەيلاسوپىنىڭ مەنتىقىي چوڭقۇرلۇقى ۋە باتۇرلۇقىنى، سىياسەتچىنىڭ يىراقنى كۆرەرلىكى ۋە قەتئىيلىكىنى، دىنىي ئىسلاھاتچىنىڭ ئەقىل ـ پاراستى ۋە ئۇچۇق ـ يورۇق خىسلىتىنى ئىپادىلىدى[③].» ئۇلار مەسىلىنى رەت قىلغۇسىز دەرىجىدە ئېنىق، چۈشىنىشلىك ئوتتۇرىغا قوياتتى. ئۇلار

① سەي دېگۇي: «بۈگۈنكى زامان ئىسلام ـ ئەرەب پەلسەپىسى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2003 ـ يىلى نەشرى، ئۇيغۇرچە، 128 ـ، 132 ـ، 129 ـ بەت.

② شوۋۋخ دايېف: «مىسىرنىڭ يېقىنقى زامان ئەدەبىيات تارىخى»، خەلق ئەدەبىياتى نەشرىياتى، خەنزۇچە، 1980 ـ يىلى نەشرى، 128 ـ بەت.

③ جى شيەنلىن باش مۇھەررىرلىكىدە، چېن جياخۇ، ئەن ۋېيخۇا، لو گوجاڭ، گۇ چياۋچياۋ، لىن فىڭمىن قاتارلىقلار تۈزگەن «ھازىرقى زاماندىكى ئىسلامىزم»، ئىقتىساد گېزىتى نەشرىياتى، 1998 ـ يىلى نەشرى، خەنزۇچە 100 ـ بەت.

تەبىئىي پەن روھى تامامەن ئۇنتۇلۇپ كەتكەن ئىسلامىيەت دۇنياسىدا تەبىئىي پەن روھىنى ئويغىتىش ئۈچۈن «خۇدا ئىككى كىتاب ئەۋەتكەن، ئۇنىڭ بىرى ‹قۇرئان›، يەنە بىرى تەبىئەت دۇنياسىدىن ئىبارەت، بىر مۇئەللىپ يازغان بۇ ئىككى كىتاب بىر ـ بىرىگە زىت ئەمەس، شۇنىڭ ئۈچۈن تەبىئەتكە ھۆرمەت قىلىش، ئۇنى ئۆگىنىش لازىم[1].» دېگەن. ئۇلار يەنە مۇنداق قارىغان: «كېيىنكى كۈنلەردە ئىسلام دىنىنىڭ قاتارىغا ھەر خىل تەركىبتىكى كىشىلەر كىرىپ، ھەر خىل ئىدىيە فورماتسىيەلىرىنىمۇ ئېلىپ كىرىپ، ھەر خىل غەيرىي ئەقىدىلەرنى شەكىللەندۈرۈپ، كىشىلەرنىڭ ئىدىيەسىنى قالايمىقانلاشتۇرۇپلا قالماستىن، كۈچلۈك تەسىر ۋە كۈچ ھاسىل قىلىپ، ئىسلام دىنىنى ئەسلىدىكى ئەقىدە ۋە پىرىنسىپلاردىن چەتلىتىۋەتتى. دىندا پائال كۈرەش قىلىدىغان روھ تۈگىدى. كونىلىقىقا يېپىشىۋېلىش، پاسسىپلىق بىلەن كۈتۈش مۇسۇلمانلارنىڭ ‹نېسىۋىسى› بولدى. ۋاقىتنىڭ ئۆزگىرىشى بىلەن دەۋرنىڭ ئالغا بېسىۋاتقان ئېقىمىدىن ئايرىلىپ قالدى». شۇڭا، ئۇلار «ئىسلاھاتنى دىندىن باشلاش، كىشىلەرنىڭ ئىدىيەسى ۋە ئىدېئولوگىيەسىنى ئۆزگەرتىشتىن باشلاش كېرەك، دەپ قاراپ، مۇسۇلمانلارنى دەۋرنىڭ ئالغا بېسىۋاتقانلىقىنى تونۇشقا، بۈگۈنكى دۇنيادا قاتاردا تۇرماقچى بولىدىكەن، جاپالىق ئىشلەشكە، تىرىشىپ ئىجاد قىلىشقا ۋە قۇرۇشقا، ئۆتكەنكى شان ـ شۆھرەتنى مەدھىيەلەش بىلەن مەمنۇن بولۇپ يۈرمەستىن، ھازىرقى زامان پەن ـ مەدەنىيىتىنى قوبۇل قىلىشقا چاقىردى؛ دىن بىلەن پەننىڭ، دىن بىلەن سىياسىينىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا بىر تەرەپ قىلىشنى كۈچەپ تەرغىب قىلدى. ئۇلار پەن بىلەن دىن زىت ئەمەس، دىن پەننى ئىنكار قىلمايدۇ، پەنمۇ دىننى ئىنكار قىلمايدۇ، دەلىللەش پىرىنسىپى ۋە قانۇن چىقىرىش پەرقلىنىدۇ، يەكۈنى ئوخشاش. شۇڭا مۇسۇلمانلار پەن بىلەن دىننى قارىمۇقارشى قىلىپ قويماي، ھازىرقى زامان پەن ـ تېخنىكىسىنى ئۆ-

[1] ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن: «ئۇيغۇر پەلسەپە تارىخى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1997 ـ يىلى نەشرى، 363 ـ بەت.

كېرىكلىكىنى ئىپادىلەپ: «تۈرك خەلقلىرى ئۈچۈن ئىسلاھات بىلەن ... گىنىشى لازىم، دەپ قارىدى[1].»

ئىسلامىيەت دۇنياسىدىكى ئاڭ ئويغىنىشىغا ماس قەدەمدە تۈركىي خەلقلەر ئارىسىدىمۇ ئىسلاھات ئىدىيەسى شەكىللەندى. بۇ خىل ئىدىيە جەدىدلىك دەپ تەرىپلەندى. جەدىدلىك زامانىۋىلىشىش، يېڭىلاش ھەرىكىتى بولۇپ، ئۇ، ئىسلامىيەتنىڭ قىممەت قارىشى ئاساسىدا ياۋروپانىڭ ئىلغار پەن ـ مەدەنىيىتىنى ئۆگىنىپ، ئۇنى مىللىي مەدەنىيەتكە خىزمەت قىلدۇرۇشنىڭ بىر خىل ئىپادىسى ئىدى. جەدىدلىك ھەرىكىتىنىڭ بايراقدارلىرى رۇسىيەنىڭ قىرىم ھەم ئىدىل ـ ئورال بويلىرىدىكى تاتارلار ئارىسىدىن چىققان مەشھۇر مۇتەپەككۇر ئىسلاھاتچىلار ئىدى. ئۇلار تۈركىي خەلقلەر دۇچ كەلگەن تارىخىي كىرىزىسنى ھەل قىلىش ئۈستىدە باش قاتۇرۇپ، قىرىم يېرىم ئارىلى، ئىدىل ـ ئورال بويلىرى ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا ئۆلكىلىرىدە ئاكتىپ ھەرىكەت قىلدى. ئىسمائىل غاسپىرالىنىڭ ئىجتىمائىي پائالىيەتلىرى ئۇنىڭ ئاڭ جەھەتتىكى ھەقىقىي ئويغىنىشىنى ئەمەلگە ئاشۇرماي تۇرۇپ كىمنىڭ دوست، كىمنىڭ دۇشمەنلىكىنى، نېمىنىڭ زالالەت، نېمىنىڭ سائادەت ئىكەنلىكىنى پەرق ئېتەلمەيدىغان نادان خەلققە كېلەچەكنىڭ داغدام يولىنى كۆرسەتكىلى بولمايدىغانلىقىنى چوڭقۇر چۈشىنىپ يەتكەنلىكىدە ئىپادىلەندى. ئۇ رۇسىيە مۇسۇلمانلىرىنىڭ تەقدىرى ئۈستىدە قايغۇرۇپ، رۇس ھاكىمىيىتى تۈركىي خەلقلەرنىڭ ئىدىيە جەھەتتىن تۇرغۇن ھالەتكە چۈشۈپ قېلىشىغا سەۋەب بولدى، دەپ قارىدى. ئەپسۇسلىنارلىقى شۇكى، مەھكۇم خەلقتە زۇلۇمنى ھېس قىلىدىغان ئاڭ بولمىسا، ئۇلار زۇلۇمنى كۈندىلىك تۇرمۇشنىڭ ئادەتتىكى مەزمۇنى سۈپىتىدە ھېس قىلىپ كېتىۋېرەتتى.

زادى قانداق قىلغاندا كىرىزىس ئېڭىنى ئويغىتىپ، زاماننىڭ زۆرۈرىيەتلىرىنى چوڭقۇر چۈشەنگىلى، مىللىي ئاڭنى ئويغىتىپ، ھۆررىيەت روھىنى شەكىللەندۈرگىلى، خۇراپاتلىقتا خاتىمە بېرىپ، ئەقىدە

---

[1] سەي دېگۈي: «بۈگۈنكى زامان ئىسلام ـ ئەرەب پەلسەپىسى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2003 ـ يىلى نەشرى، ئۈيغۇرچە، 126 ـ بەت.

نى ساپلاشتۇرغىلى، نادانلىقنى چۆرۈپ تاشلاپ، مەرىپەت روھىنى تىك-لىگىلى، خارلىق، ئىتتىپاقسىزلىق، بوشاڭلىق، قاشاڭلىق ئىللەتلى-رىنى تۈگىتىپ، گۈللىنىش يولىغا قەدەم قويۇپ، ئاخىرىدا قۇللۇق كىشەنلىرىنى پاچاقلاپ تاشلىغىلى بولىدۇ؟ مانا بۇ ئىسلامىيەت دۇنيا-سىدىكى دىنىي مۇتەپەككۇرلار بىلەن مىللىي داھىيلار پىداكارلىق بى-لەن ئىزدىنىدىغان، ئويلىنىدىغان جىددىي مەسىلە ئىدى.

20 ـ ئەسىرنىڭ 10 ـ يىللىرى قەشقەرنى مەركەز قىلغان ھالدا قانات يايغان مىللىي ئويغىنىش ھەرىكىتىنىڭ بايراقدارى، مەشھۇر جەدىدچى ئالىم ئابدۇقادىر داموللام خەلقىمىز ئارىسىدىن چىققان ئەنە شۇنداق ئوي ـ ئارزۇدىكى تۈنجى ئىسلاھاتچى مۇتەپەككۇر ئى-دى. ئابدۇقادىر داموللام بىلەن زامانداش مەشھۇر شائىر تەجەللىي ھەزرەتلىرى (1856 ــ 1925) نىڭ تىلى بىلەن ئېيتقاندا،ئابدۇقادىر داموللام نازۇكلۇقتا روھقا، ئىرادىسىنىڭ مۇستەھكەملىكىدە تاغقا، ئىلمىنىڭ موللۇقىدا دېڭىزغا ئوخشايتتى.[①] ئەپسۇسلىنارلىقى، مىللىي ھاياتىمىزدا ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينىغان ئىجتىمائىي ئىسلاھاتچى ھېسابلىنىدىغان ئابدۇقادىر داموللام ھەققىدە ھازىرغى-چە ئېلان قىلىنغان بارلىق چوڭ ـ كىچىك ئەسەرلەردە ئابدۇقادىر داموللامنىڭ ھايات پائالىيىتى مۇجمەللەشتۈرۈۋېتىلگەن، دەۋر ئارقا كۆرۈنۈشى تەھلىل قىلىنمىغان، ئىسلاھاتچىلىق ئىدىيەسىنىڭ شە-كىللىنىش باسقۇچلىرى روشەن يورۇتۇلمىغان. شۇڭا سىستېمىلىق باغلىنىش يوق بولۇپ قالغان. بىر ئىدىيەنىڭ شەكىللىنىشى مۇئەي-يەن ئارقا كۆرۈنۈشتىن ۋە مۇئەييەن باسقۇچنى بېسىپ ئۆتۈشتىن خالىي بولۇشى مۇمكىن ئەمەس. مەن ئىزدىنىش، دەلىللەش، مۇھا-كىمە قىلىش ئارقىلىق ئابدۇقادىر داموللامنىڭ پائالىيىتى، ئىدى-يەسىنىڭ شەكىللىنىشىدىكى ئارقا كۆرۈنۈش ۋە باسقۇچلارنى سىس-تېمىلىق بايان قىلىشقا تىرىشتىم.

ئابدۇقادىر داموللام 1870 ـ يىلى ئاتۇشنىڭ مەشھەتكە تۈتاش

① «تەجەللىي شېئىرلىرىدىن»، مىللەتلەر نەشرىياتى 2000 ـ يىلى نەشرى. 104 ـ بەت.

www.uyghurkitap.com

باغئېرىق كەنتىدە دۇنياغا كەلگەن[1]. مەشھەت ــ قاراخانىيلار خانلىقىنىڭ ئۇلۇغ خاقانى سۇلتان ساتۇق بۇغراخان بىلەن ئۇنىڭ ئۇستا-

---

① ئابدۇقادىر بىننى ئابدۇۋارىس يەنى ئابدۇقادىر داموللامنىڭ قەستكە ئۇچرىغان يىلى (1924 ـ يىلى 8 ـ ئاي) ئېنىق بولسىمۇ، لېكىن تۇغۇلغان يىلى توغرۇلۇق ھەر خىل ئۇچۇر بار. شاڭخەي لۇغەت نەشرىياتى 1981 ـ يىلى نەشر قىلغان «دىن لۇغىتى» دا ئېنىق ئەمەس، دېگەن مەنىدە سوئال بەلگىسى قويۇلغان. خېۋىر تۆمۈر ئەپەندى يازغان، 1990 ـ يىلى شىنجاڭ ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى نەشر قىلغان «ئابدۇقادىر داموللام ھەققىدە قىسسە» ناملىق بىيوگرافىك روماندا 1862 ـ يىلى، دەپ كۆرسىتىلگەن. نۇرمۇھەممەت زامان تۈزگەن، شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتى 1995 ـ يىلى نەشر قىلغان «ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخى» (4) دا 1862 ـ يىلى، دەپ يېزىلغان. شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1998 ـ يىلى نەشر قىلغان «غەربىي شىمالدىكى مىللەتلەر لۇغىتى» دە 1862 ـ يىلى، دەپ يېزىلغان. ئابدۇرېھىم سابىت 1999 ـ يىلى قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى نەشر قىلغان «ئىلىم ئۆلمەيدۇ، ئالىم ئۆلمەيدۇ» ناملىق كىتابىدا ھىجرىيە 1271 ـ يىلى (مىلادىيە 1854 ـ، 1855 ـ يىللىرى) تۇغۇلغان، دەپ يازغان، ئابدۇقادىر داموللامنىڭ 1985 ـ يىلى سەئۇدى ئەرەبىستاندا قايتا بېسىلغان «تەجۋىد تۈركىي» ناملىق كىتابىنىڭ ئاخىرىدا مىلادىيە 1881 ـ يىلى تۇغۇلغان، دەپ كۆرسىتىلگەن. شۇ يىلى، شۇ جايدا بېسىپ تارقىتىلغان «ئاقائىد زۆرۈرىيە» دېگەن كىتابىدا ئا. ئەزىزى دېگەن كىشى 1862 ـ يىلى دەپ، مۇھەممەد ئىمىن ئىسلامى ھىجرىيە 1281 ـ يىلى (مىلادىيە 1864 ــ 1865) دەپ، مۇھەممەد قاسىم ئىمىن 1881 ـ يىلى، دەپ ھەر خىل يازغان. ئاپتونوم رايونىمىزدا نەشر قىلىنغان گېزىت ـ ژۇرناللاردا ۋە كىتاب ـ ماتېرىياللاردا 1862 ـ يىلى تۇغۇلغان، دەپ ئومۇملىشىپ قالغان. مېنىڭچە، ئابدۇقادىر داموللام 1870 ـ يىلى تۇغۇلغان. ئابدۇقادىر داموللام 1916 ـ يىلى «شۇرا» ژۇرنىلىدا ئۆزى ھەققىدە «ئەدەبىي بىر مۇساھىبە» ناملىق بىر پارچە ماقالە ئېلان قىلغان. شۇ ماقالىدە «دەسلەپكى ئوقۇشۇم قەشقەر ناھىيەسى ئۆز ۋەتىنىم ئارتۇش قەسەبەسىندە بولدى. كېيىن قوقەندتە ئىككى يىل ئوقۇدۇم، ھىجرىيە 1309 ـ يىللاردا بۇخاراغا باردىم. ئۇ يەردە يەتتە ـ سەككىز يىل ئوقۇدۇم» دەپ يازغان. ھىجرىيە 1309 ـ يىلى مىلادىيە بويىچە 1890 ـ ياكى 1891 ـ يىلى بولىدۇ. بىز ئابدۇقادىر داموللامنى يەتتە ـ سەككىز ياشلاردا ساۋاق ئېلىشقا باشلىغان دەپ قاراپ، ئاتۇش بىلەن قوقەندتە ئوقۇغان ۋاقتىنى قوشۇپ 12 ــ 13 يىل دەپ پەرەز قىلساق بۇخاراغا بارغاندا 20 ـ 21 ياشلاردا بولىدۇ. شۇنداق بولغاندا 1870 ـ يىللىرى تۇغۇلغان بولىدۇ. ئابدۇقادىر داموللامنىڭ ئەسىرىدىكى ئۇچۇر ئاساسىدا چىقىرىلغان بۇ مەنتىقىي يەكۈننى، كېلىنى شەمشىنۇر خانىمنىڭ ئاغزاكى ئۇچۇرى تېخىمۇ كۈچلۈك ئاساسقا ئىگە قىلدى. شەمشىنۇر خانىم 1951 ـ يىلىدىن بېرى غۇلجىدا ئولتۇراقلىشىپ كېلىۋاتقان ئايال بولۇپ، ئۇ، ئابدۇقادىر داموللام قەستكە ئۇچراپ ياندۇرقى يىلى تۇغۇلغان ئوغلى ئابدۇقادىر داموللامغا 1947 ـ يىلى ياتلىق بولغان. شەمشىنۇر خانىم قېيىنئانىسى نائىلە خانىمنىڭ خىزمىتىنى 1977 ـ يىلى نائىلە خانىم 97 يېشىدا قازا قىلغانغا قەدەر قىلغان. نائىلە خانىم ئابدۇقادىر داموللامدىن 42 يېشىدا تۇل قالغانلىقىنى، ئابدۇقادىر داموللامنىڭ قەستكە ئۇچرىغاندا 54 ياشتا ئىكەنلىكىنى، تۇنجى پەرزەنتى ئابدۇلئەزىز مەخسۇمنى ئاتۇشتا يەر تەۋرەپ (1902 ـ يىلى 8 ـ ئاي)، ياندۇرقى يىلى تۇغقانلىقىنى سۆزلەپ بەرگەن. شەمشىنۇر خانىم بۇ ئۇچۇرلارنى ماڭا شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئىشلەيدىغان ئوغلى مۇرات ئابدۇقادىرنىڭ ئۆيىدە 2010 ـ يىلىنىڭ بېشىدا، 78 يېشىدا سۆزلەپ بەردى. شەمشىنۇر خانىم ساغلام، زېرەك، خاتىرىسى كۈچلۈك، تەبىئىتى پاكىز ئايال ئىكەن.

زى ئەبۇ نەسىر سامانىي دەپنە قىلىنغان مەشھۇر جاي. تارىختا ئۆتكەن سەلتەنەت ئىگىلىرى بىلەن ساخاۋەتچى بايلار سۇلتان ساتۇق بۇغراخان بىلەن ئەبۇ نەسىر سامانىينىڭ ھۆرمىتى ئۈچۈن قەبرىگاھ يېنىغا مەسچىت، مەدرىسە، خانىقالارنى بىنا قىلغان. ئابدۇقادىر داموللام دەسلەپكى مەلۇماتنى مانا مۇشۇ يەردىكى «ھەزرىسۇلتان مەدرىسەسى» دە ئالغان[1]. يېشى 20 لەرگە ئۇلاشقاندا قوقەنتكە چىقىپ ئىككى يىل ئوقۇغان.

ئەينى يىللاردا بۇخارادا ئوقۇش ئەللامە بولۇشنىڭ يولى ئىدى. چۈنكى، 15 ـ ئەسىردىن كېيىنكى بۇخارا ئىسلام دىنى ئىلمى بويىچە نوپۇزلۇق ئالىملار ۋە مەشھۇر مەدرىسەلەر توپلانغان جاي ئىدى. شۇڭا، كىشىلەر «سەمەرقەنت سەيقىلى ئالەم، بۇخارا قۇۋۋىتى ئىسلام[2]» دەپ تەرىپلىشەتتى.

ئابدۇقادىر داموللام ئاتۇش ۋە قوقەنتتە ئىگىلىگەن بىلىملىرىگە قانائەت قىلماي، ئىلىمدە كامالەتكە يېتىش ئۈچۈن بۇخاراغا بېرىپ، ئۇ يەردىكى «ئابدۇلئەزىزخان مەدرىسەسى» گە ئوقۇشقا كىرىپ، دىنىي ئىلىمنىڭ ھەرقايسى تۈرلىرى بويىچە چوڭقۇر مەلۇمات ئېلىپ قالماستىن، ئەدەبىيات، تارىخ، مەنتىق، ھېساب ۋە ئەرەب، پارس تىلـ

---


① ئابدۇرېھىم سابىت ئەپەندى «ئابدۇقادىر داموللام ۋە ‹مىفتاھۇل ـ ئەدەب›» ناملىق ماقالىسىدە، ئابدۇقادىر داموللام 15 ياشقا كىرگەندە قەشقەر شەھىرى ئوردا ئىشىكىدىكى ئالىي بىلىم يۇرتى «خانلىق مەدرىسەسى» گە ئوقۇشقا كىرىپ، «موكا» لەقەملىك ياقۇپ ئاخۇن داموللام ۋە موللا ئىسلام داموللامدا ئوقۇغان، دەپ يازغان. لېكىن ئابدۇقادىر داموللام ئۆزى ھەققىدىكى «ئەدەبىي بىر مۇساھىبە» دېگەن ماقالىسىدە ئاتۇشتىكى ئوقۇشىنى تاماملاپ قوقەنتكە چىقىپ ئىككى يىل ئوقۇغانلىقىنى، ئۇ يەردىن بۇخاراغا بېرىپ سەككىز يىل ئوقۇغانلىقىنى ئېنىق بايان قىلغان. شۇڭا قەشقەردە ئوقۇغان ـ ئوقۇمىغانلىقىنى دەلىللەشكە توغرا كېلىدۇ.

② «سەمەرقەنت سەيقىلى ئالەم، بۇخارا قۇۋۋىتى ئىسلام» دېگەن بۇ تەرىپنىڭ تارىخىي سەۋەبى بار بولۇپ، بۇ تۇران تۇپرىقىنىڭ ئۇلۇغ ھۆكۈمرانى ئەمىر تۆمۈر (1335 ~ 1405) نىڭ سەمەرقەنتنى دۇنيا بويىچە ئەڭ كاتتا شەھەر قىلىپ قۇرۇپ چىققانلىقى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. شۇڭا، كىشىلەر «سەمەرقەنت سەيقىلى ئالەم» (سەمەرقەنت ئالەمدىن ئىبارەت ئۇزۈكنىڭ كۆزى) دەپ ماختاشقان. بۇخارامۇ مەدرىسە ـ مۇددەرىسلىرىنىڭ داڭلىقلىقى بىلەن «ئىسلامنىڭ قۇۋۋىتى» دەپ تەرىپلەنگەن.

لىرىنى پىششىق ئىگىلىگەن. ئۇ بۇخارادا مەۋلانە ئابدۇرازاق، بۇخارا مۇپتىسى ئىۋەز خوجەندى، قوقەنتنىڭ شەيخۇلئىسلامى داموللا ئۇ-لۇغخان تۆرەملەردىن دەرس ئالغان[1]. ئابدۇقادىر دامولّلام 1907 ـ 1909 ـ يىللاردا بۇ ئۇستازلىرىنىڭ ۋاپاتىغا ئاتاپ يازغان مەرسىيەلىد-رىدە ئۇلارنى يۈكسەك ھۆرمەت ۋە قايىللىق ھېسسىياتى بىلەن مەد-ھىيەلىگەن. بۇخارا شەھىرى ئەسىرلەردىن بېرى ئىسلام دۇنياسىنىڭ ئەڭ مۇھىم تەلىم ـ تەربىيە ۋە مەدەنىيەت مەركىزى بولۇپ كەلگەنىد-دى. مەشھۇر تەسەۋۋۇپچى باھاۋۇددىن نەقشىبەندى (1388 ـ يىلى قازا قىلغان) بەرپا قىلغان نەقشىبەندىيە ئېقىمىنىڭمۇ مەركىزى ئىدى. شۇڭا ئىسلام دۇنياسىدا «بۇخارائى شەرىف» دەپ ئۇلۇغلىناتتى. بۇ تا-رىخىي ۋە ئىجتىمائىي جەريان، بۇخارادا مەدرىسە مۇددەرىسلىرى بىلەن دىنىي ئۆلىمالار يېتەكچىلىكىدىكى كۈچلۈك بىر قەدىمىيچىلىك ئە-قىدىسىنى شەكىللەندۈرگەنىدى. بولۇپمۇ بۇخارا ئەمىرى ئابدۇللاخان زامانىدا شەيخۇلئىسلامىلىققا تەكلىپ قىلىنغان مىرزاجان شىرازى دۇنياۋى پەنلەرنى ئوقۇتۇشنى چەكلەش جەھەتتە ئۈلگە تىكلىگەن. بۇ ئۈلگە ئۈچ ئەسىر جەريانىدا كەڭ ئومۇملاشقان. شۇڭا قىرىم ۋە ئې-دىل ـ ئورال بويلىرىدىكى تاتارلار ئارىسىدا تېز ئۇلغىيىۋاتقان جە-دىدلىك پىكىر ئېقىمى بۇخارادا كۈچلۈك قارشىلىققا ئۇچرىغان. بۇ مۇتەئەسسىپ قەدىمىيچىلەر جەدىدلىكنى ئىسلامغا قارشى بىر ھەرد-كەت شەكلىدە كۆرەتتى. ئەمەلىيەتتە بۇخارادىكى ئىسلام مائارىپى كې-يىنكى چاغلاردا كۆپىنچە مېڭىنى چىرىتىدىغان بىلىملەرنى ئۆگىتىد-دىغان قالاق مائارىپ بولۇپ قالغان، بۇخارا مەدرىسەلىرى ئىلغارلىق ۋە تەرەققىياتنى جان ـ جەھلى بىلەن چەتكە قاقىدىغان ئىدىيەنى تار-قىتىش بىلەن تونۇلغان. ئابدۇقادىر دامولّلام بۇنداق قالاق مائارىپنىڭ زىيانلىق تەسىرىدىن قانداق قۇتۇلغانلىقىنى 1916 ـ يىلى «شۇرا»

---

① بۇ مەلۇمات ئابدۇرېھىم سابىتنىڭ 1999 ـ يىلى قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى نەشر قىلغان «ئىلىم ئۆلمەيدۇ، ئالىم ئۆلمەيدۇ» ناملىق ماقالىلەر توپلىمىغا كىرگۈزۈلگەن «ئاب-دۇقادىر دامولّلام ۋە ‹مىفتاھۇل ـ ئەدەب›» ناملىق ماقالىسىدىن ئېلىندى.



ژۇرنىلىغا يازغان «ئەدەبىي بىر مۇساھىبە» دېگەن ماقالىسىدە مۇنداق بايان قىلغان: «ساپ ۋىجدانىمىنىڭ ۋە بەزى ھەقىقەتچى زاتلارنىڭ سۆز ـ سۆھبىتى ھەم يول كۆرسىتىشلىرى بۇخارادا ئىلىم تەھسىل قىلىش جەريانىدا ھاسىل بولغان خۇراپاتلىق ۋە گۇمانخورلۇق زۇلۇمـ ـتىدىن، شۇنداقلا مەنتىق، كالام، پەلسەپە كىتابلىرىنىڭ شەرھ ـ ھاـ شىيىلىرى، قاتمۇقات، ئۇزۇندىن ـ ئۇزۇنغا سوزۇلغان سەپسەتىلەـ ـرىدىن ھاسىل بولغان خۇراپات زەنجىر ـ كىشەنلىرىدىن ئەقىل ـ پىكرىمنى ئازاد قىلدى.»

ئابدۇقادىر داموللام بىلەن سۆھبەتلەر قۇرغان ھەم ئۇنىڭغا يول كۆرسەتكەن «ھەقىقەتچى زاتلار» كىملەر ئىدى؟ بۇ ھەقىقەتچى زاتلار ھەققىدە ئابدۇقادىر داموللام ئېنىق قىلىپ مۇنداق يازغان: «بۇخارادا ھاـ شىيىخانلىقتىن زەھەرلەنگەن ئەقىل ۋە پىكرىمنىڭ شىپا تاپماقلىقىغا

يەنە بىر سەۋەب: بۈيۈك ئالىملاردىن ئىبنى تەيمىيە، ئىبنى قەييۇم جەۋزى، جامالىددىن ئافغانىي ۋە شەيخ مۇھەممەد ئابدۇ ھەزرەتلەرنىڭ ئەسەرلىرىنى مۇتالىئە ـ مۇلاھىزە قىلماق ۋە ھازىرقى زاماندىكى ‹تەرجىمان›، ‹ۋاقىت›، ‹شۇرا› كەبى پايدىلىق گېزىت ۋە ژۇرنال مەسىلەكلىرىگە ئەگەشمەك بولدى.» بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ئابدۇقادىر داموللامنىڭ ئىسلاھات ئېڭى ۋە جەدىدلىك ئىدىيەسى بۇخارادىكى ئوقۇشىنى تۈگىتىپ قايتىپ كەلگەندىن كېيىن شەكىللىنىشكە باشلىغان.

ئابدۇقادىر داموللام بۇخارادىكى ئوقۇشىنى تاماملاپ 20 ـ ئەسىرنىڭ ھارپىسىدا قەشقەرگە قايتىپ كەلگەن. تۇنجى نىكاھى كۆڭۈلدىكىدەك بولماي، ئىككىنچى قېتىم نائىلە ئىسىملىك قىز بىلەن توي قىلغان. ئۇنىڭ تۇنجى پەرزەنتى ئابدۇلئەزىز مەخسۇم 1903 ـ يىلى دۇنياغا كەلگەن. ئابدۇقادىر داموللام ئوقۇشنى يېڭىدىن تۈگىتىپ كەلگەن ياش داموللا بولۇش سۈپىتى بىلەن قەشقەردىكى ئومۇمىي ئېقىم ئىچىگە سىڭىپ كەتكەن. ئۇ، بىخ ھالىتىدىكى يېڭى قاراشلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ تەسىر پەيدا قىلىشقا پېتىنالمىغان. چۈنكى «ياۋروپا ئەللىرىدە مائارىپ ـ مەرىپەتچىلىك ئىشلىرى راسا يۈكسىلىۋاتقان شارائىتتا، ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە دەل بۇنىڭ تەتۈرىسىچە جاھالەت، يەنى ئاڭ، بىلىم، پىكىردە قاراڭغۇلۇق ھۆكۈم سۈرۈۋاتاتتى①.» ئابدۇقادىر داموللام قەشقەردە بىر مەزگىل مۇدەررىسلىك قىلغاندىن كېيىن، ھەج پەرزىنى ئادا قىلغاچ چەت ئەللەردىكى ئىسلاھات ئەھۋالىنى بىلىپ كېلىش مەقسىتىدە 1906 ـ يىلى مەككىگە بارغان. ھەجنى ئادا قىلىپ بولغاندىن كېيىن ئىستانبۇلدا ئىككى ئاي تۇرۇپ مىسىرغا بارغان. ئۆزىنىڭ يېزىشىچە، مىسىردا تاتار تالىپلارنىڭ ياردىمىدە داڭلىق يېڭىلىقپەرۋەر مۇتەپەككۇر شەيخ رە-

---

① مىرقاسىم گوسمانوف: «شىنجاڭدىكى ئۇيغۇر مائارىپى ۋە ئىسمائىل غاسپىرالى»، بۇ ماقالە «ئىسمائىل غاسپىرالى» ناملىق تارىخىي ـ دوكۇمېنتال توپلامغا كىرگۈزۈلگەن. بۇ توپلام تاتارىستاندىكى قازان «جىيىن» نەشرىياتى تەرىپىدىن 2006 ـ يىلى نەشر قىلىنغان.

شىد رىزا، «ئەللىقۋا» ژۇرنىلىنىڭ باشلىقى مۇستاپا كامىل ۋە تەھرىد-
رىيە مەدرىسەسىنىڭ مۇدىرى سەييىد مۇھەممەد ئەپەندى قاتارلىق
زاتلار بىلەن پىكىرلەشكەن. ئىسلاھات روھى كۈچلۈك ئەدىب - ئا-
لىملارنىڭ ئەسەرلىرىنى ئوقۇپ، ئىسلاھاتچىلىق ئىدىيەلىرىنى قوبۇل
قىلغان. ئۇ مىسىردا ئىككى ئاي تۇرۇپ، ئاندىن ئانا ۋەتىنىگە قايت-
قان. ئۇ بۇ قېتىم خېلى غەيرەت قىلىپ قەشقەر ئاھالىسىنى تەرەققى-
ياتقا ۋە جەدىدلىك ئىسلاھاتىغا دالالەت قىلىشقا كىرىشكەن. ئۇنىڭ
ياشلارغا خاس قىزغىن ھېسسىيات بىلەن ئېلىپ بارغان بۇ دالالەتلى-
رى خۇراپاتلىق، نادانلىق، قاششاقلىق، ئۇچىغا چىققان مۇتەئەسسىپ-
لىكنىڭ قاتمۇقات چاڭ - توزانلىرىغا كۆمۈلۈپ قالغان قەشقەر دىيا-
رىدا ئەكسىچە ئۇنۇم بەرگەن، مۇتەئەسسىپ ئۆلىمالار ئۇنىڭغا بىردەك
ئۆكتە قوپقان. ئىككى ئوتتۇرىدىكى تۈپ زىددىيەت مەدرىسە - مەك-
تەپلەرنىڭ ئوقۇتۇش مېتودى — ساۋاق ئۇسۇلىنى ۋە ئوقۇتۇش مەز-
مۇنىنى يېڭىلاش - يېڭىلىماسلىق مەسىلىسىگە مەركەزلەشكەن. ئاب-
دۇقادىر داموللام ئوقۇتۇش ئۇسۇلى ۋە مەزمۇنىنى يېڭىلاشنىڭ ئەھ-
مىيىتىنى تونۇپ يەتكەن ئىلغار زات ئىدى. ئۇ، مەشھۇر تاتار جەدىد-
چىلىرىنىڭ ئىدىيە - تەشەببۇسلىرىدىن خەۋەردار ئىدى. كونىچە ئو-
قۇتۇش ئۇسۇلى قاتمال بولغاچقا جەدىدچىلەر قەتئىي ئىسلاھ قىلىش-
نى تەلەپ قىلاتتى. داڭلىق تاتار جەدىدچى ئالىم رىزائىددىن ئىبنى
فەخرىددىن (1858 — 1937) «ساۋاق (دەرس) ئۇسۇلىغا رىئايەت» دې-
گەن ماقالىسىدە كەسكىن قىلىپ «ساۋاق ئۇسۇلى ۋە تەربىيە قائىدى-
سى بۈيۈك ۋە شۇ نىسبەتتە مۇبارەك بىر پەن. ساۋاق ئۇسۇلىغا رىئايە
ئەتمىگەن مۇئەللىم ئۆز ئېتىبارسىزلىقى سەۋەبىدىن بالىلارنىڭ زې-
ھىنلىرىنى ئەزمەكتىن باشقا بىر پايدا كەلتۈرمەس. بالىلارنى بۇنداق
مۇئەللىملەرگە بەرگەندىن كۆرە، ئۆزىنىڭ تەبىئىي ھالىغا قالدۇرغان
ياخشىدۇر. ھازىر تەلىم رەۋىشلىرى (ئۇسۇللىرى، شەكىللىرى) نى
ئۆزگەرتىپ يېڭىلاشقا زامان بىزلەرنى تەقەززا قىلىدۇ» دەپ كۆرسەت-
كەن. ئۇ زات ئوقۇتۇش مەزمۇنىنى يېڭىلاشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى تەكىت-

www.uyghurkitap.com

لەپ مۇنداق دېگەن: «رۇس ۋە پەرەڭلەر (ياۋروپالىقلار) دە بولغان ئاجايىپ ئىختىرالارنىڭ بارچىسى پايدىلىق ئىلىملەر تەلىم ئېتىلمەك سەۋەبىدىن مەيدانغا كەلگەندۇر. ئۇستىمىزدىكى كۆڭلەكلىرىمىز، ئاستىمىزدىكى كۆرپىلىرىمىز، چانايۇ هارۋىلىرىمىز، ھەتتاكى سىدىياھۇ قەغەزلىرىمىز، قىسقىسى، يالىڭاچ تېنىمىزدىن باشقا نېمىمىز بار بولسا، بارچىسى شۇلار قولىدىن ئىشلىنىپ چىققانلىقى ئۇلاردا تەربىيە دۇرۇس بولۇپ، بىزلەردە دۇرۇس بولمىغىنى ئۈچۈندۇر. لېكىن بىزلەر قاچانغىچە ئەل ـ ۋەتەنىنىڭ روناق تېپىشى ئۈچۈن زەررىچە پايدا كەلتۈرمىگەن كىتابلاردىن ساۋاق بەرمەك بىلەن بالىلارنىڭ زېھنلىرىنى زەھەرلەپ، ئىستىقباللىرىنى بەربات ئېتەرمىز①؟!»

ئەمما قەشقەر ئۆلىمالىرى «ئىسلاھات» دېگەن ئاتالغۇغا بۇخارا مۇدەررىسلىرىگە ئوخشاشلا سوغۇق قارىغاچقا ئابدۇقادىر داموللامنى قاتتىق چەتكە قېقىپ يېتىم قالدۇرغان. نەتىجىدە، ئابدۇقادىر داموللام قەشقەردە تۇرالماي 1909 ـ يىلى يەنە قوقەنت، تاشكەنت، بۇخارا تەرەپلەرگە يول ئالغان.

ئابدۇقادىر داموللام ئوتتۇرا ئاسىيا شەھەرلىرىگە بارغاندىن كېيىن بۇ جايلاردىكى يېپيېڭى جانلىنىش مەنزىرىسىنى كۆرگەن. قىرىملىق مۇتەپەككۇر ئىسمائىل غاسپىرالى قوزغىغان جەدىدلىك ھەرىكىتى بۇ يىللاردا ئوتتۇرا ئاسىيا ئۆلكىلىرىدە جۇش ئۇرۇپ راۋاجلىنىۋاتاتتى. جەدىدچە مەكتەپلەرنىڭ سانى تېز سۈرئەتتە كۆپىيىۋاتاتتى. «تەرەققىي»، «خۇرشىد» دېگەن گېزىتلەر نەشر قىلىنىۋاتاتتى. مۇنەۋۋەر قارىي، ئابدۇرەشىدخان، ئابدۇللا ئەۋلانىي، مەھمۇد خوجا بەھبۇدىي قاتارلىق جەدىدچىلەر سېپىنىڭ ئالدىدا رول ئويناۋاتاتتى. ئابدۇرەئوف فىترەت باشچىلىقىدىكى جەدىدچىلەر بۇخارا ئەمىرلىكى تەۋەسىدە بۇخارا ئەمىرىنىڭ توسقۇنلۇقى ۋە بېسىملىرىغا قارىماي، ئوقۇتۇش

---

① رىزائىددىن ئىبنى فەخرىددىن: «ئىلمى ئەخلاق» («ئەدەپ ـ ئەخلاق مىزانلىرى»)، بېيجىڭ مىللەتلەر نەشرىياتى 2005 ـ يىلى نەشرى، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى 2006 ـ يىلى نەشرى.

ساھەسىگە ئوخشاش، سىياسىي ساھەلەردىمۇ ئىسلاھات ۋە ئويغىنىش ۋەزىيىتىنى يارىتىشقا تىرىشماقتا ئىدى. قازان، ئورېنبۇرگ، ئۇفا قاتارلىق شەھەرلەردىكى تاتار مەرىپەتچىلىرى بۇ مەزگىلدە ئاللىبۇرۇن دەۋرنى يېتەكلەيدىغان ئالاھىدە تەسىرگە ئىگە زىيالىيلار قوشۇنى بولۇپ شەكىللىنىپ بولغانىدى. ئۇلار ئالىي مەكتەپلەرنى قۇرۇپ، گېزىت - ژۇرناللارنى چىقىرىپ، كىتابلارنى نەشىر قىلىپ جەدىدلىك ھەرىكىتىنى يۇقىرى دولقۇنغا كۆتۈرۈپ بولغانىدى. ئەھمەد ھادى مەقسۇدىي، رىزائىددىن ئىبنى فەخرىددىن، يۇسۇف ئاقچۇرا، مۇسا جارۇللا قاتارلىقلار داھىي سۈپەت جەدىدچىلەرگە ئايلانغانىدى. بەختىگە يارىشا، ئابدۇقادىر داموللام بۇخاراغا بارغان مەزگىلدە بۇخارا ئۆلىمالىرى ئىدىيەدە مۇئەييەن دەرىجىدە ئۆزگىرىش ياسىغان بولۇپ، ئىلگىرىكى «ئۇسۇلى جەدىد ھارام، ئۇنى ئوقۇغۇچى دەھرىي» دېگەن پەتىۋا ئورنىغا «ئۇسۇلى جەدىد ۋاجىپ، ئۇنى ئوقۇش زۆرۈر» دېگەن پەتىۋانى مەيدانغا چىقارغانىدى. بۇخارا تاجىكلىرى ئارىسىدىن چىققان مەشھۇر جەدىدچى ئەدىب سەدرىددىن ئەينىنىڭ يېزىشىچە، ئىسمائىل غاسپىرالى 1908 - يىلى بۇخارا ئەمىرلىكىگە زىيارەتكە كەلگەندە جەدىدچە مەكتەپ ئېچىش مەسىلىسىنى مۇزاكىرە قىلىش ئۈچۈن ئۆلىمالارنى چاقىرغان. مۇزاكىرىدە موللا نىزامىي دېگەن كىشى بۇخارا ئەمىرى ئابدۇلئەھەدتىن مەكتەپ ئېچىشقا مەخسۇس ئورۇن كۆرسىتىپ بېرىشنى ئىلتىماس قىلغان. مۇزاكىرىگە قاتناشقانلار مەكتەپنىڭ ئىسمىنى «ئىسمائىلىيە» قويۇشنى ئوتتۇرىغا قويغان. ئەمما ئىسمائىل غاسپىرالى بۇنى مۇۋاپىق كۆرمەي، بۇخارا ئەمىرىنىڭ دادىسى مۇزەففەرىددىنىڭ ئىسمى بويىچە «مۇزەففەرىيە» قويۇش تەكلىپىنى بەرگەن. مانا بۇنىڭدىن جەدىدچە مەكتەپ ئېچىش بۇخارا ئەمىرلىكى تەۋەسىدە ئۆلىمالار ۋە ئەمىرنىڭمۇ ئىدىيەسىدىن ئۆتۈپ، ئومۇمىي قىزغىنلىققا ئايلانغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

ئوتتۇرا ئاسىيادىكى چوڭ شەھەرلەردە جەدىدلىك ھەرىكىتىنىڭ بۇنداق تېز جانلىنىشىغا 1905 - يىلىدىن 1908 - يىلىغىچە بولغان

قىسقىغىنە تۆت يىل ئىچىدە چار رۇسىيە، ئىران، ھىندىستان ۋە ئوسمان ئىمپېرىيەسىدە يۈز بەرگەن ئىنقىلابلار سەۋەب بولغانىدى.

1904 ـ يىلى پارتلىغان چار رۇسىيە بىلەن ياپونىيە ئوتتۇرىسىدىكى ئۇرۇشتا رۇسىيە مەغلۇپ بولۇپ، خەلقئارادا ئېغىر ئاھانەتكە قالغان. شۇ سەۋەبتىن چار پادىشاھنىڭ مۇستەبىتلىكىدىن نارازى بولۇپ كېلىۋاتقان پېتېربۇرگ ۋە موسكۋا شەھەرلىرىدىكى زىيالىيلار ۋە ئىشچىلار 1905 ـ يىلى ئىنقىلاب قوزغىغان. بۇ قېتىمقى ئىنقىلاب ئارقىلىق چار پادىشاھ نېكولاي II شۇ يىلى 10 ـ ئايدا «ئۆكتەبىر باياناتى» نى ئېلان قىلىپ دۇما تۈزۈمى، سۆز ئەركىنلىكى، مەتبۇئات ئەركىنلىكى ۋە يىغىلىش ئەركىنلىكىنى يولغا قويۇشقا مەجبۇر بولغان. ئۈچ يىل داۋام قىلغان بۇ خىل دېموكراتىك سىياسىي مۇھىت چار رۇسىيەنىڭ زۇلمىنى چېكىۋاتقان ئوتتۇرا ئاسىيادىكى خەلقلەرنىڭ مىللىي ۋە سىياسىي ئېڭىنىڭ شەكىللىنىشىگە كۈچلۈك تەسىر كۆرسەتكەن. نەتىجىدە، ھەر خىل ئىجتىمائىي تەشكىلاتلار بارلىققا كەلگەن. رۇسىيە ئىنقىلابىنىڭ تەسىرىدە شۇ يىلى پېرسىيە، يەنى بۈگۈنكى ئىراندا بۇرژۇئا ئىنقىلابى يۈز بەرگەن. تېھران خەلقى كەڭ كۆلەملىك يىغىلىش ئۆتكۈزۈپ، پادىشاھتىن باش ۋەزىرنى ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇشنى، ئىسلاھات ئېلىپ بېرىشنى تەلەپ قىلغان. خەلق ئاممىسىنىڭ بېسىمى ئاستىدا، پېرسىيە پادىشاھى 1906 ـ يىلى 7 ـ ئايدا خەلقنىڭ ئىشەنچىدىن قالغان ۋەزىرنى ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلىغان ھەم مىللىي پارلامېنت تەسىس قىلىشقا قوشۇلغان. «1906 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى پېرسىيەنىڭ 1 ـ نۆۋەتلىك مىللىي پارلامېنت يىغىنى تېھراندا ئېچىلغان. يىغىندا پېرسىيە تارىخىدىكى تۇنجى بۇرژۇئاچە ئاساسىي قانۇن ماقۇللانغان. ئۇنىڭدا مۇنداق بەلگىلەنگەن: پېرسىيە پادىشاھلىق ئاساسىي قانۇنلۇق دۆلەت، پارلامېنت ئەڭ ئالىي ھوقۇقلۇق ئورگان، پۇقرالارنىڭ يىغىلىش ئۆتكۈزۈش، مەتبۇئات، سۆز ئەركىنلىكى ۋە مائارىپتىن بەھرىمەن بولۇش ھوقۇقى بار، خۇسۇسىي مۇ-

لۇك دەخلىسىز؛ ئىسلام دىنى دۆلەت دىنى[1]». پېرسىيەدىكى ئۆزگىرىش ئىسلامىيەت دۇنياسىنى زىلزىلىگە سالغان. بۇرژۇئازىيە سىنىپى شەكىللەنگەن مىللەت ۋە رايونلار بۇ ئۆزگىرىشنىڭ تەسىرىگە كۈچلۈك ئۇچرىغان. ئۇزاقتىن بېرى بىرىتانىيە مۇستەملىكىچىلىرىنىڭ دەردىنى تارتىپ كېلىۋاتقان ھىندىستاندا D. G. Tilak نىڭ رەھبەرلىكىدە 1905 ـ يىلى مىللەتچى سىياسىي تەشكىلات «ھىندىستان ئاپتونومىيە ئىتتىپاقى» قۇرۇلغان. 1906 ـ يىلى دىنىي سىياسىي تەشكىلات «ھىندىستان مۇسۇلمانلار ئىتتىپاقى» قۇرۇلغان. ئاغاخان رەئىسلىككە سايلانغان. ھىندىستاندىكى بۇ ئىنقىلابىي تەشكىلاتلار تۈرلۈك يول بىلەن بىرىتانىيە مۇستەملىكىچىلىرىگە قارشى ھەرىكەتلەرنى قانات يايدۇرغان. بۇ تەبىئىي ھالدا ئوتتۇرا ئاسىيا مۇسۇلمانلىرىنىڭ ئىجتىمائىي ھەرىكەتلەرنى قانات يايدۇرۇش قىزغىنلىقىغا ئىلھام بەرگەن. 1908 ـ يىلى لىگشىپ قالغان ئوسمان ئىمپېرىيەسىنىڭ مەركىزى ئىستانبۇلدا «بىرلىك ۋە تەرەققىيات جەمئىيىتى» نىڭ «مۇستەبىت سۇلتان» دەپ نام ئالغان ئابدۇلھەمىد ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى قوزغىغان ئىنقىلابى يۈز بەرگەن. ئىنقىلاب نەتىجىسىدە سۇلتان ئابدۇلھەمىد پارلامېنت تۈزۈمىنى يولغا قويۇشقا مەجبۇر بولغان. بۇ ئىنقىلاب ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تۈركىي خەلقلەر ئىچىدىكى ئىلغار كۈچلەرنىڭ قەلبىنى زەرەتلىگەن. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ سىياسىي، ئىجتىمائىي غايىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش يوللىرى ئۈستىدە ئىزدىنىشكە كىرىشكەن. ئابدۇقادىر داموللام ئوتتۇرا ئاسىيا ئۆلكىلىرىدە 1905 ـ يىلىدىن 1910 ـ يىلىغىچە بولغان ۋاقىتتا يۈز بەرگەن ئىسلاھات ئۆزگىرىشلىرىدىن چوڭقۇر ئىلھام ئالغان.

ئابدۇقادىر داموللام قوقەنت، تاشكەنت ۋە بۇخارادا بىر مەزگىل تۇرۇپ، ئوتتۇرا ئاسىيا جەدىدچىلىرىنىڭ ئىسلاھات تەجرىبىلىرى، جەدىدلىك ھەرىكەتلىرى بىلەن يېقىندىن تونۇشقاچ «جاۋاھىرۇل ـ

[1] چىڭ يۇخەي، ساۋ شىگچياڭ: «20 ـ ئەسىردىكى دۇنيا ئىنقىلابى»، جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر نەشرىياتى، 2000 ـ يىلى 12 ـ ئاي نەشرى، خەنزۇچە، 45 ـ بەت.

ئېيقان»، «مىفتاھۇل ـ ئەدەپ» («ئەدەبىيات ئاچقۇچى») ناملىق كىـ-
تابلىرىنى پۈتكۈزگەن. «مىفتاھۇل ـ ئەدەپ» 1910 ـ يىلى سىرا-
جۇددىن مەخدۇمنىڭ كۆچۈرگەن قول يازمىسىغا ئاساسەن تاشكەنت-
تىكى غۇلامىيە مەتبەسىدە بېسىلغان[1]. شۇ جەرياندا ئابدۇقادىر
داموللام يەنە تاشكەنتلىك مۇرات خوجا دېگەن كىشى پارسچىدىن
تەرجىمە قىلغان «تۈركىي گۈلىستان» ناملىق كىتابقا تەكلىپ بىلەن
شېئىرىي تەقرىز يازغان. ئابدۇقادىر داموللام پىكرى ئۆتكۈر، بىلىمى
مول، مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى ئۈستۈن، ئىسلاھات ئارزۇسى كۈچلۈك
كىشى بولۇش سۈپىتىدە ئوتتۇرا ئاسىيا جەدىدچىلىرى بىلەن چوڭ-
قۇر مۇناسىۋەت شەكىللەندۈرگەن. ئۆزىنىڭ ئىسلاھات نىيىتىنى،
جەدىدچە مەكتەپلەرنى ئېچىش ئارزۇسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن
«بىدايەتۇس ـ سەرپ»، «بىدايەتۇن ـ نەھۋى»، «تەسھىلۇل ـ ھې-
ساب» قاتارلىق دەرسلىكلەرنى تۈزۈپ قەشقەرلىك تەرەققىيپەرۋەر
سودىگەرلەر نورۇززادە ھاجى مۇھەممەدئەلى، ئابدۇرېھىم ئاخۇن،
مەھمۇد ئاخۇنلارنىڭ ئىقتىسادىي ياردىمى بىلەن قازان شەھىرىدىكى
«مىللەت» مەتبەئەسىگە بېسىپ بېرىشكە ھەم قەشقەرگە ئەۋەتىپ بې-
رىشكە تاپشۇرۇپ بەرگەن. ئۇ تاشكەنتتە تۇرغان مەزگىلدە تۈزگەن
«مىفتاھۇل ـ ئەدەپ» ناملىق كىتابىنىڭ مۇقەددىمىسىدە سەمىمىي-
لىك بىلەن پۈتكۈل ئوتتۇرا ئاسىيا ئۆلكىلىرىدىكى تۈركىي خەلق-
لەرنىڭ ئىقتىدارلىق كىشىلىرىگە «ئىلگىرىكى ياخشى ئالىملارنىڭ
يولىدا مېڭىپ، مەنپەئەتلىك ئىلىم ۋە ئالىي مائارىپنى قولغا كەل-
تۈرۈشكە تىرىشقايلا» دەپ مۇراجىئەت قىلغان. بۇ پاكىتلاردىن بىز
ئابدۇقادىر داموللامنىڭ نوپۇزىنىڭ كۈچىيىپ ئوتتۇرا ئاسىيا ئۆل-
كىلىرىدىكى ئابرۇيلۇق ئۆلىمالار ۋە جەدىدچىلەردىن بولۇپ قالغان-
لىقىنى ھېس قىلالايمىز. دېمەك، ئۇ ئانا ۋەتىنىدە تاپالمىغان ئاب-
رۇي ـ ئىناۋەتنى ئوتتۇرا ئاسىيا ئۆلكىلىرىدە تاپقان. ئەمما، ئۇنىڭ
تۈپ غايىسى ئانا ۋەتىنىدىكى جاھالەت تۈتەكلىرى ئىچىدە تىمىس-

① «مىفتاھۇل ـ ئەدەپ»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2002 ـ يىلى نەشرى، 1 ـ بەت.

قىلاپ يۈرگەن مەزلۇم قېرىنداشلىرىنى ئادەمدەك ئاڭ ۋە ئارزۇ بىلەن ئۆز - ئۆزىگە خوجا بولغان ھالدا ياشاش يولىغا باشلاش ئىدى. ئابرويى - ئىناۋىتى ئېشىپ، ئىشەنچىسى كۈچىيىپ، غايىسى پىشىپ يېتىلگەن ئابدۇقادىر دامولللام 1911 - يىلى ئالما - ئاتا ئارقىلىق تەرەققىيات ۋە يېڭىچە مائارىپنى يولغا قويۇش جەھەتتە شىنجاڭ بويىچە ئالدىدا كېتىۋاتقان شەھەر — غۇلجىغا كەلگەن. بۇ يىللاردا غۇلجىدا ئاكا - ئۇكا مۇسابايېفلار ۋە غۇلجا تەۋەسىگە يېڭىدىن كەلگەن تاتار مەرىپەتچىلىرى ئاچقان يېڭىچە مەكتەپلەر دەسلەپكى قەدەمدە شەكىللەنگەنىدى. ئابدۇقادىر دامولللام غۇلجىدا ئىلغارلىقتا مايىل داڭلىق ئۆلىما ئابدۇمۇتائالى خەلپەم بىلەن سۆھبەتلىشىپ، ئۇنىڭغا جەدىدچىلىكنى تەشۋىق قىلغان. «ئابدۇقادىر دامولللامنىڭ دىن بىلەن پەننى بىرلەشتۈرۈش، ئوقۇتۇشتا بىر قىسىم دۇنياۋى پەنلەرنى كىرگۈزۈش، ئۇسۇلى جەدىدنى يولغا قويۇش تەشەببۇسلىرى ئابدۇمۇتائالى خەلپىتىمنىڭ ئىشەنچىنى تېخىمۇ ئاشۇرغان. نادانلىق ۋە جاھالەتكە قارشى تۇرۇپ، خەلقنى ئويغىتىش پائالىيەتلىرىنى تېخىمۇ كۈچەيتكەن[①].»

ئابدۇقادىر دامولللام بۇ قېتىم ئوتتۇرا ئاسىيادىكى مۇھىم شەھەرلەردە زىيارەتتە بولۇپ، ئەينى يىللاردا ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تاتار مەرىپەتچىلىرى يولغا قويغان يېڭىچە ئوقۇتۇش مېتودى — «ئۇسۇلى جەدىد» (ئۇسۇلى سەۋتىيە) نىڭ ئەنئەنىۋى ئوقۇتۇش ئۇسۇلى — «ئۇسۇلى قەدىمي» دىن كۆپ ئىلغار ھەم ئۈنۈملۈك ئىكەنلىكىنى تېخىمۇ چوڭقۇر تونۇپ يەتكەن. بۇ قېتىم ئۇنىڭ جەدىدلىك ئىدىيەسى ھەقىقىي مەنىدە شەكىللىنىپ، بۇ خىل يېڭى ئىسلاھاتنى قەشقەردە ئىككىلەنمەستىن يولغا قويۇش ئىرادىسىگە كەلگەن ھەم 1912 - يىلى قەشقەردە ئۆزى باش بولۇپ يېڭىچە مەكتەپ ئاچقان.


قەشقەر گەرچە تارىختا ئىلىم - مەرىپەت ئوچىقى سۈپىتىدە

① «ئۇمىد يۇلتۇزى» — غۇلجا شەھەرلىك 2 - ئوتتۇرا مەكتەپ قۇرۇلغانلىقىنىڭ 100 يىللىقىغا بېغىشلانغان كىتاب، 2001 - يىلى بېسىلغان نۇسخا، 288 - بەت.

يىراق ـ يېقىنغا داڭ چىقارغان مەشھۇر شەھەر بولسىمۇ، كېيىنكى
كۇنلەرگە كەلگەندە گويا كۆز تەگكەندەك ئەڭ قالاق شەھەرلەر قاتارىدا
سانىلىدىغان بولۇپ قالغان. تاتار ئالىمى نۇشرىۋان يائۇشېفنىڭ سۆزى
بويىچە ئېيتقاندا، «تارىختا ئىلىم ـ مەرىپەت نۇرى بىلەن يەر ـ كۆك
ئارىسىنى نۇرغا چۆمۈلدۈرگەن» بۇ شەھەر شۇ يىللاردا «مەدەنىيەت
قۇياشىدىن پۈتۈنلەي مەھرۇم ھالەتتە جانسىز ۋە ھەرىكەتسىز[1]» ئۆ-
لۈك شەھەرگە ئايلىنىپ قالغانىدى. قەشقەردە مەدرىسە مائارىپى خې-
لىلا ئومۇملاشقان بولسىمۇ، لېكىن تەلىم ـ تەربىيە ئۇنۇمى تۆۋەن
ئىدى. سەۋەبى، ئوقۇتۇش ئۇسۇلى قاتمال، ئوقۇتۇش مەزمۇنى چولتا
ئىدى. بۇنداق مەدرىسە مائارىپىنىڭ كۆنسېرى ئېغىرلىشىۋاتقان رېئال
ئىجتىمائىي كىرىزىسىنى ھەل قىلىشقا، نۆۋەتتىكى مىللىي ئېھتى-
ياجنى قاندۇرۇشقا ماجالى يەتمەيتتى. ئوقۇتۇشقا سەرپ قىلىدىغان
ۋاقىت زىيادە كۆپ ئىدى. ئابدۇراخمان جامىينىڭ ئەرەب تىلى نەھۋى-
گە ئائىت «كافىيە» نىڭ ئىزاھى بولغان «شەرھىي موللا» كىتابىنى
ئوقۇش ئۈچۈنلا بەش يىل ۋاقىت كېتەتتى. مۇقەددىماتى مەنتەقىيە،
مەۋھۇمە يۇنانىيە دەرسلىرى كۈچەپ ئوقۇتۇلاتتى. «سەرپ»، «مۆئ-
زى»، «زەنجانى»، «ئاۋامىل» قاتارلىق گىراماتىكا كىتابلىرىنى
بەش ـ ئالتە يىللاپ ئوقۇتاتتى. دەرسلەرنىڭ ئىچىدە ساپ ئەقىدىگە
ياتىدىغان بىلىملەرگە سەل قارىلىپ تەسەۋۋۇپ نامايەندىلىرىنىڭ كى-
تابلىرى كۈچەپ ئوقۇتۇلاتتى. شۇڭا قەشقەردە «گەپنى ھە دېسىلا ھا-
پىز بىلەن مەۋلىۋى جامىنىڭ ئەسەرلىرىدىن باشلايدىغان، ھەر خىل
لەتىپە ۋە ئەبۇ مۇسلىم قاتارلىقلارنىڭ جەڭ قىسسىلىرىنى بىلىدى-
غانلارنىڭ ھەممىسى مەلۇماتى مول، بىلىملىك ئادەم[2]» سانىلاتتى.
مۇشۇنداق ئەھۋالدا ئابدۇقادىر داموللام ئوتتۇرا ئاسىيا جەدىدچىلىرى-

① نۇشرىۋان يائۇشېف: «ئۇيغۇرلار يۇرتىغا زىيارەت»، «مىراس» ژۇرنىلى، 2005 ـ يىلى 1 ـ سان.

② چوقان ۋەلىخانوف: «ئالتە شەھەر خاتىرىلىرى»، «شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى» ژۇرنىلى 2001 ـ يىلى 2 ـ سان، 48 ـ بەت.



تسهيل الحساب

داملا عبدالقادر بن عبدالوارث
اثريدر.

ناشرى عبدالرحيم آخوند محمود آخوند
اوغليدر

طبع حقوقى ناشريغه مخصوصدر.

قزان‌ده
ملت
ЭЛЕКТРО-ТИПОГРАФІЯ
КАЗАНЬ
1912 г.

بۇ، ئابدۇقادىر داموللامنىڭ «تەسھىلۇل ـ ھېساب» (ھېسابنى ئاسانلاشتۇرۇش) ناملىق دەرسلىك كىتابىنىڭ 1912 ـ يىلى قازاندا بېسىلغان نۇسخىسىنىڭ مۇقاۋىسى. بۇ كىتاب تەتقىقاتچى ئابدۇرېھىم سابىت ئەپەندىنىڭ قولىدا ساقلانغان. سۈرەتنى شۇ كىشى تەمىنلىدى.

گە ئوخشاش ئىشنى ئالدى بىلەن جەدىدچە مەكتەپ ئېچىپ، مەدرىسە مائارىپىنى ئوقۇتۇش ئۇسۇلى ۋە مەزمۇنى جەھەتتىن تەڭ ئىسلاھ قىلىشتىن باشلىغان. كەلگۈسىدە ئۆزىگە قول ـ قانات بولۇشقا ياراپدۇ، دەپ قارىغان زېھنى ئوچۇق ياش تالىپلارنى ۋە بىر قىسىم شاگىرتلىرىنى تۈرلۈك ئاماللار بىلەن چەت ئەللەردىكى ئىسلاھات ئىدىيەسى بويىچە ئوقۇتۇش ئېلىپ بېرىلىۋاتقان جايلارغا ئوقۇشقا چىقارغان. ئوقۇشقا چىقىرىلغان بۇ ئوقۇغۇچىلارنىڭ خىراجىتىنى 1911 ـ يىلى ئىستانبۇلدا ئابدۇرەئوف فىترەت، ئوسمان خوجا، ئابدۇلئەزىز غۇلجائى، مۇقىممىددىن بەگجانى ۋە سادىق ئاشۇر ئوغلى قاتارلىقلاردىن تەشكىل تاپقان ھەيئەت تەرىپىدىن قۇرۇلغان «بۇخارا مەرىپەت جەمئىيىتى» ئۈستىگە ئالغان.

ياپونىيەلىك تەتقىقاتچى ئويىشى شىنىيچىرو «قەشقەردىكى يېڭىلىققا كۆچۈش ھەرىكىتى» ناملىق ماقالىسىدە «دانا ئىسلاھاتچى ئۆلىما ئابدۇقادىر داموللام 1912 ـ يىلى قەشقەر شەھىرىدە يېڭىچە مەكتەپ ئاچقان. ئابدۇقادىر داموللام قەشقەر قاتارلىق تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىدىكى تارىم ۋادىسى ئەتراپىدىكى جايلاردا مۇسۇلمانلارنى يېڭىچە مائارىپتا تەربىيەلەش ئۈچۈن ئوقۇتقۇچى تەكلىپ قىلىش بىلەن بىللە، ھەر يىلى ئىستانبۇل، قازان، ئۇفا، ئورېنبۇرگ قاتارلىق ئىلغار مۇسۇلمان يۇرتلىرىغا 10 — 15 ئوقۇغۇچى چىقىرىپ تۇرغان[1]» دەپ يازغان.

ئابدۇقادىر داموللامنىڭ ئىسلاھاتچىلىق ئىدىيەسىنىڭ روشەن ھالدا كۈچىيىپ، پائالىيەتلىرىنىڭ جانلىنىپ، مۇنەۋۋەر بىر جەدىدچىگە ئايلىنىشىدا قىرىم، قازان، ئۇفا، ئورېنبۇرگدىكى تاتار زىيالىيلىرىنىڭ جەدىدلىك پائالىيەتلىرى، ئوتتۇرا ئاسىيا، بولۇپمۇ تاشكەنت، سەمەرقەنتتىكى مۇنەۋۋەر قارىي ئابدۇرەشىدخانغا ئوخشاش ئاڭ ۋە ئارزۇدىكى ياش ئۆلىمالارنىڭ مەرىپەتچىلىك ھەرىكەتلىرى كۈچ-

① ئويىشى شىنىيچىرو: «قەشقەردىكى يېڭىلىققا كۆچۈش ھەرىكىتى» «شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى» ژۇرنىلى 2000 ـ يىلى 2 ـ سان، 24 ـ بەت.

لۇك تەسىر كۆرسەتكەن. ئىسمائىل غاسپىرالىنىڭ «تىلدا، پىكىردە، ھەرىكەتتە بىرلىك» نى ئەمەلگە ئاشۇرۇش شوئارى ئوتتۇرا ئاسىيا مىللىي ئويغىنىش ھەرىكەتلىرىنىڭ بارلىققا كېلىشىگە، يېڭىچە مەكتەپلەرنىڭ تەسىس قىلىنىشىغا تۈرتكە بولغان. ھەرقايسى تۈركىي تىللىق مىللەتلەرنىڭ ئويغانغان زىيالىيلىرى ئۆزلىرىنىڭ مىللىي غايىلىرىنى تۇرغۇزۇپ، زامانىۋىلىشىش، ئىلغارلىق، تەرەققىيات، گۈللىنىش يوللىرى ئۈستىدە ئىزدىنىشكە كىرىشكەن. مۇتەئەسسىپلىك بىلەن ئىلغارلىق، خۇراپاتلىق بىلەن مەرىپەتچىلىك، تەركىدۇنيالىق بىلەن ئەمەلىيەتچىلىك ئوتتۇرىسىدىكى بۇ كۈرەش ناھايىتى كەسكىن ھەم مۇشكۇل بولغان. بۇ جەرياندا مىللىي غايىلىرى پىشىپ يېتىلگەن تاتار مەرىپەتچىلىرى ناھايىتى مۇھىم رول ئوينىغان.

تارىخىي نۇقتىدىن ئېيتقاندا، تاتار مەرىپەتچىلىرىنىڭ مەدەنىيەت جەھەتتىكى ئويغىنىش ھەرىكىتى چار رۇسىيەنىڭ ئۈچ ئەسىردىن ئارتۇق ۋاقىت ئىچىدە تاتارلارنىڭ زېمىنلىرىنى بىر - بىرلەپ ئىگىلەپ، ئۇلارنىڭ بىر پۈتۈنلۈكىگە ۋە ماددىي مەنپەئەتىگە قوشلاپ زەربە بېرىشى، ئېتىقاد ۋە مەدەنىيىتىگە غالجىرلىق بىلەن زىيانكەشلىك قىلىشى نەتىجىسىدە شەكىللىنىشكە باشلىغان. بۇنداق زور مىللىي خەۋپ ئاستىدا تاتار مەرىپەتچىلىرى ئۆزلىرىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت سىستېمىسىدىكى قالاقلىقلارنى ئىسلاھ قىلىپ، ئىسلامىيەتنىڭ قىممەت قارىشى بىلەن غەربنىڭ پەن - مەدەنىيىتىنى ماسلاشتۇرۇشقا تۇتۇش قىلغان. بۇ تارىخىي ئويغىنىشنى ئۇلارنىڭ تالانتلىق مۇتەپەككۇرلىرى بىلەن پائالىيەتچان مىللىي بۇرژۇئازلىرى بىرلىكتە روياپقا چىقارغان. ئۇلارنىڭ ئويغىنىش ھەرىكىتى ئوتتۇرا ئاسىيادا مىسلى كۆرۈلمىگەن بىر ئىدىيەۋى ئېقىم شەكىللەندۈرگەن. باغچە ساراي، قازان، ئورېنبۇرگ، ئۇفا، ترويىسكى، ئاستراخان قاتارلىق تاتار شەھەرلىرى بۇ خىل ئىدىيەۋى ئېقىمنىڭ مەركەزلىرى بولۇپ، جەدىدچە مەكتەپ ۋە نەشر بۇيۇملىرىنىڭ تەسىرى يىراق - يېقىندىكى

www.uyghurkitap.com

قېرىنداش خەلقلەر ئارىسىدا زىلزىلە قوزغىغان. ئابدۇقادىر داموللام «ئەدەبىي بىر مۇساھىبە» دېگەن ماقالىسىنىڭ ئاخىرىدا تاتار مەرىپەتچىلىرى نەشر قىلغان «تەرجىمان»، «ۋاقىت»، «شۇرا» قاتارلىق گېزىت ـ ژۇرناللارنىڭ ئەھمىيىتىنى ئالاھىدە تىلغا ئېلىپ، «بۇ پايدىلىق ئەسەرلەردىن بەھرىمەن بولغان كىشىنىڭ ۋىجدانى كۈندىلىقتىن يۈز ئۆرۈپ، ئىسلاھات ۋە تەرەققىيات يولىدىن قايتماس!» دەپ يازغان. دېمەك، تاتار مەرىپەتچىلىرىنىڭ جانلىق، ئەمەلىي، ئۈنۈملۈك پائالىيەتلىرى جەدىدلىك ئىدىيەۋى ئېقىمىنى ئۇرغۇتۇپ، مىللىي ئويغىنىش ھەرىكىتىنى كۈچەيتكەن. 1905 ـ 1906 ـ يىللىرى تۆۋەن نوۋگورود ۋە سانكىت پېتېربۇرگدا تاتار مەرىپەتچىلىرى باشلامچىلىقىدا ئېچىلغان ئۈچ قېتىملىق ئىسلام قۇرۇلتىيى بۇ ھەرىكەتنى خەلقئارالىق تەسىرگە ئىگە قىلغان.

دەل شۇ يىللاردا بىرىتانىيە مۇستەملىكىچىلىرى ئۆزلىرىنىڭ ئىسلامىيەت دۇنياسىغا بولغان قارا نىيىتىنى سىستېمىلاشتۇرۇش، مۇستەملىكە رايونلىرىدا ھەربىي غەلىبىدىن تاشقىرى غەلىبىلەرنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن ئالدىراشماقتا ئىدى. 1906 ـ يىلى قاھىرەدە چاقىرىلغان گوسپېل يىغىنى خىرىستىيان دىنىنىڭ ئىسلام دىنىغا قاراتقان ئومۇمىيۈزلۈك خىرىسىدىن دېرەك بەرگەن. ئەنگلىيە ئىشغالىيەتچى دائىرىلىرىنىڭ مىسىرغا قاراتقان سىياسىي، ئىقتىسادىي كونتروللۇقىنىڭ تەدرىجىي كۈچىيىشىگە ئەگىشىپ، غەرب مەدەنىيىتىنىڭ سىڭىپ كىرىشىمۇ تېزلەشكەن. مىسىردا خىرىستىيان دىنىنى تارقىتىش ئۈچۈن غەرب مىسسىيونېرلىرى مىسىرغا تۈركۈملەپ يېتىپ كەلگەن. بۇ قېتىمقى يىغىن ئىسلام مەسىلىسىنى ھەل قىلىش ۋە ئىسلامىيەتكە تاقابىل تۇرۇشنىڭ ئۇسۇللىرىنى، مەسىلەن، دوختۇرخانا ۋە دارىلئېيتاملارنى قۇرۇش، مەكتەپ سېلىش قاتارلىق ئىشلارنى ئۇقتىلىق مۇھاكىمە قىلغان. ئەزھەر ئۇنىۋېرسىتېتىغا تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن خىرىستىيان ئۇنىۋېرسىتېتىنى قۇرغان. ئۇلار «ئەڭ مۇھىم ۋاستە شۇنىڭدىن ئىبارەتكى، ئوقۇغۇ-

چىلارنى تاللاپ غەربكە تەربىيە ئېلىشقا ئەۋەتىش، ئۇلار دۆلەتكە قايتقاندىن كېيىن گوسپېلنى تارقىتىدىغان ئىدىيەۋى رەھبەرلەر بولۇشى كېرەك①» دەپ قارار قىلىشقان.

ئابدۇقادىر داموللام ئىسلامىيەت دۇنياسى مەۋجۇتلۇق، ئىدېئولوگىيە جەھەتلەردە جىددىي خىرىسقا دۇچ كەلگەن مۇشۇ دەۋردە ئىسلامىيەت دۇنياسىدىكى مۇھىم مۇتەپەككۇرلار بىلەن سۆھبەتتە بولغان ھەم «تاتار مەدەنىيەت ئويغىنىشى» ئەۋجىگە چىققان شەھەرلەردە زىيارەتتە بولغان. ئۇ بۇ جەرياندا بۇ خىل خىرىسنى چىن مەنىسى بىلەن تونۇپ يەتكەن ھەم نېمە قىلىش زۆرۈرلۈكىنى چۈشەنگەن تۇنجى ئۇيغۇر زىيالىيسى بولۇپ قالغان. ئۇ ئاشۇ ئىدىيەۋى دولقۇنلاردا كۆرەش غايىسىنى مۇستەھكەملىگەن. ئۇ ئۆزىنىڭ «ئەدەبىي بىر مۇساھىبە» دېگەن ماقالىسىدە «غۇلجىدىن ۋەتىنىمگە قايتىپ، ئاۋۋالقى مەسلەكىنى داۋام ئېتىپ، ئاھالىنى جەدىدچە ئىسلاھاتلارغا ۋە تەرەققىياتلارغا تەشۋىق ۋە تەرغىب ئەتتىم» دەپ يازغان.

ئابدۇقادىر داموللام «ئاقائىد زۆرۈرىيە» ناملىق ئەسىرىدە ئېنىق قىلىپ مۇنداق كۆرسەتكەن:

«ــ ئىنساننىڭ خار ۋە زەبۇن بولمىقىغا بائىس (سەۋەب) نېمىدۇر؟ ــ ئىككى نەرسىدۇر. بىرى، جاھالەت ۋە نادانلىق؛ ئىككىنچىسى، تەپرىق ۋە ئىختىلاپتۇر.

ــ ئىززەت ـ ئابرۇي، قۇۋۋەت نېمە بىلەن بولىدۇ؟

ــ ئىلىم ـ مەرىپەت، ئىتتىپاقلىق بىلەن بولۇر.»

ئابدۇقادىر داموللام ئوتتۇرا ئاسىيا ئۆلكىلىرىنى ئايلىنىش، كۆزىتىش جەريانىدا ئويلىنىش، تەپەككۇر قىلىش ئارقىلىق ئاخىرقى ھېساباتا يۇرتىنىڭ، مىللەتىنىڭ كۆلپەتلىك تەقدىرىنى ئوڭشاش ئۇچۇن چوقۇم ئىشنى مائارىپتا، مەدەنىيەتتە ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش-

① جى شيەنلىن باش مۇھەررىرلىكىدە، چېن جياخۇ، ئەن ۋېيخۇا، لو گوجاڭ، گۇ چياۋچاۋ، لىن فىڭمىن قاتارلىقلار تەرىپىدىن تۈزۈلگەن «ھازىرقى زاماندىكى ئىسلامىزم»، ئىقتىساد گېزىتى نەشرىياتى، بېيجىڭ، 1998 ـ يىلى نەشرى، خەنزۇچە، 242 ـ بەت.

تىن باشلاش قارارىغا كەلگەن. ئۇ بۇ خىل ئىسلاھات غايىسىنى، يەنى جەدىدلىك ئوي - پىلانلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن 1912 - يىلىدىن باشلاپ قەشقەردە ئۇيۇشما قۇرۇپ، مەكتەپ ئېچىپ، كىتاب چىقىرىپ زور تەسىر پەيدا قىلغان. ئابدۇقادىر داموللامنىڭ قەشقەردە باشلىغان جەدىدلىك ھەرىكىتىنىڭ داغدۇغىسى ناھايىتى قىسقا ۋاقىت ئىچىدە قەشقەردىن ھالقىپ كەتكەن. ئۇ بۇ يېڭى ھەرىكەتنىڭ ئۇيغۇر جەمئىيىتىدىكى يېتەكچىسى سۈپىتىدە تونۇلغان. نۇشىرىۋان يائۇشېف 1915 - يىلى كۆچادا تەكشۈرۈشتە بولغان مەزگىلدە يازغان خەۋەر ماقالىسىدە «مەدەنىيەت قۇياشىدىن پۈتۈنلەي مەھرۇم قېلىپ جانسىز ۋە ھەرىكەتسىز ياتقۇچىلار كىملەر، ئۇلار قەيەردە؟ بۇلار چىندا، ئالتە شەھەر مۇسۇلمانلىرىدۇر. دۇنيادا بۇلاردىنمۇ تۆۋەن قالغان يەنە بىر خەلق بولمىسا كېرەك»، «بۇ يەردە مىللىي تارىخ، ئانا تىل ۋە مىللىي ئەدەبىيات ئوقۇتىدىغان مەكتەپ - مەدرىسەلەر يوق. بولسىمۇ بۇخارا ئۇسۇلىدا. مانا شۇ سەۋەبلىك ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ كىم ئىكەنلىكلىرىنى بىلەلمەي يۈرۈشىدۇ. بۇ يەردە ئۆز ئانا تىلىدا توغرا يازالايدىغان ۋە ئوقۇيالايدىغان ۋە مىللىي تارىختىن خەۋەردار بىرمۇ كىشى يوق. پەقەت قەشقەرلىك داموللا ئابدۇقادىر ئەپەندى بۇنىڭ سىرتىدىدۇر» دەپ يازغان. گەرچە ئابدۇقادىر داموللام تەرەققىيات تەرەپدارلىرىنىڭ نەزىرىدە يۈكسەك ئاتالسىمۇ، ئەمما، بۇ ياش ئالىمنىڭ قەشقەردەك جاھالەت تۈتەكلىرى ئىچىدە بۇرۇقتۇرما بولۇپ قالغان قالاق شەھەردە تەرەققىيپەرۋەرلىك غايىلىرىنى رېئاللىققا ئايلاندۇرالىشى ئاسان ئەمەس ئىدى. ئابدۇقادىر داموللامغا ئوق كېلىپ قالغان يېرى شۇكى، ياڭ زېڭشىن 1912 - يىلى 5 - ئايدا شىنجاڭنىڭ ئالىي ئەمەلدارلىقىغا يېڭىدىن تەيىنلەنگەنىدى. بۇ چاغدا شىنجاڭ ۋەزىيىتى تولىمۇ مۇرەككەپ ئىدى. ئۇ ھەربىي ئۆزگىرىش قىلىپ ئىلىنى مۇستەقىل ئىدارە قىلىۋاتقان شىنخەي ئىنقىلابچىلىرىنى، قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ قومۇل تاغلىرىنى سوراۋاتقان تۆمۈر خەلپىنى، تەڭرىتاغنىڭ شىمالى ۋە جەنۇبىدا ئىنتايىن جاز-

لىنىپ كەتكەن گېلاۋخۇيچىلارنى يوقىتىپ ئۆزىنىڭ ئاجىز ھاكىمى-
يىتىنى مۇستەھكەملىمىسە، مالىيەسى قۇرۇقدىلىپ قالغان ھۆكۈ-
مەت خەزىنىسىنى غەملىمىسە بولمايتتى. بۇنداق ئەھۋالدا ياڭ زېڭ-
شىنىڭ قەشقەردىكى يېڭىلىق - كونىلىق تالاش - تارتىشلىرىغا
كۆڭۈل بۆلگۈدەك چولىسى يوق ئىدى. جايلاردىكى ئەمەلدارلارمۇ سى-
ياسىي ۋەزىيەتنىڭ قاياققا بۇرۇلىدىغانلىقىنى كۆزىتىپ، ئۆزلىرى-
نىڭ تەقدىرىنىڭ قانداق بولۇشىدىن قايغۇرۇشۇپ ئۆتۈشۈۋاتاتتى.
شۇڭا، ئابدۇقادىر داموللام ياڭ زېڭشىنىڭ رەزىل سىياسىتىنىڭ
قارشىلىقىغا ئۇچرىماي جەدىدلىك ھەرىكىتىنى قىسقىغىنا بىرنەچ-
چە يىل داۋام ئەتكۈزۈشكە مۇۋەپپەق بولغان. لېكىن، مۇتەئەسسىپ
ئۆلىما - ئىشانلار زامانغا لايىقلىشىشقا جان - جەھلى بىلەن قارشى
تۇرۇپ، ئۆزلىرى بىلىپ - بىلمەي ياڭ زېڭشىنىڭ رەزىل سىياسى-
تىگە ئۇيغۇن يول تۇتقان. ئابدۇقادىر داموللامغا ئوخشاش ئىسلاھات
بايرىقىنى كۆتۈرۈپ چىققان بىر ئادەم ئالدى بىلەن چوقۇم قەشقەردە
يۈكسەك نوپۇز تىكلىشى، كەڭ ئاممىۋى ئاساسقا ئىگە بولۇشى كې-
رەك ئىدى. ئەپسۇسكى، قەشقەر مەشھۇر مەدرىسەلەرمۇ، داڭلىق دى-
نىي ئۆلىمالارمۇ كۆپ قەدىمىي شەھەر ئىدى. سوپى - ئىشانلارنىڭ
تەسىر كۈچىمۇ سەل چاغلىغىلى بولمايدىغان دەرىجىدە زور ئىدى.
بۇنداق مۇھىتتا يېشى ئەمدىلا 40 تىن ھالقىغان، كۆپ يىللار چەت
ئەللەردە يۈرگەن ئابدۇقادىر داموللامدەك بىر ئالىمنىڭ مۇتەئەس-
سىپلەر تەرىپىدىن قارشى ئېلىنمايدىغان ئىجتىمائىي غايىلىرىنى
ئەمەلگە ئاشۇرالىشى ئاسان ئەمەس ئىدى. قەشقەردىكى ئۆلىما - ئى-
شانلارنىڭ مۇتلەق كۆپى تار مەنىدىكى ئىبادەتلەرگىلا دۈم چۈشكەن،
ئۇنىڭدىن باشقا ئىشنى ئارتۇقچە ھەم ئېتىقادقا مۇخالىپ دەپ قاراي-
دىغان نەزەر دائىرىسى تار كىشىلەر ئىدى. ئۇلار دۇنيا مىقياسىدا
ئىسلام دىنى ۋە ئىسلام ئەللىرىنىڭ ئاجىزلاشقانلىقىدىن ۋە ئارقىدا
قالغانلىقىدىن بىخەۋەر ئىدى. خەۋىرى بار دېگەندىمۇ، بۇنىڭ سەۋەبى
ئۈستىدە ئويلانغۇدەك تەپەككۇر قۇۋۋىتىدىن، بۇنداق قاباھەتلىك رې-

ئاللىققا ئىچىنغۇدەك ساپ ۋىجداندىن، خەلقنى قول قىلغۇچى زوراۋان زالىملارغا قارشى تۇرغۇدەك غەيرەت - شىجائەتتىن مۇستەسنا ئىدى. ئۇلار يۇمشاق ئىبادەتلەرنىلا ئادا قىلىشىپ، شۇنىڭ بىلەن ئۆزلىرىنى ئەڭ تەقۋادار ھېسابلىشىپ، نەزىر - چىراغلاردا ئۇزۇندىن - ئۇزۇن دۇئا - تىلەكلەرنى تىلىشىپ، كۆرۈۋاتقان كۈنلىرىگە مىڭ مەرتىۋە شۈكۈر قىلىشىپ يۈرۈۋېرەتتى. كۆلپەتلىك قىسمەتلەرنىڭ سەۋەبى ئۈستىدە ئويلىنىش، ئاپەت كەبى كەلمىشلەرگە چارە - تەدبىر ئىزدەشنىڭ ئورنىغا، ئۇنى تەقدىر - قىسمەت، ئاللانىڭ ئىرادىسى دېيىشىپ پاسسىپ پوزىتسىيە تۇتۇپ ياشاۋېرەتتى. بۇلارنىڭ باشچىسى جەدىدلىككە ئۆچمەنلىك قىلىشتا تونۇلغان ئۆلىما سېلىم داموللا ئىدى. ئۇ «تارىخ ۋە جۇغراپىيە ئوقۇتۇش ھارامدۇر» دەپ پەتىۋا چىقارغانىدى. ئابدۇقادىر داموللامنىڭ ئوقۇتۇش ئۇسۇلى، ئوقۇتۇش مەزمۇنى ۋە بىدئەتلىككە ياتىدىغان ئادەتلەرنى ئىسلاھ قىلىش تەشەببۇسلىرىنى بۇرمىلاپ چۈشەندۈرۈپ «يەھۇدىي - ناسارالار ئاللانىڭ كۆرسەتكەن يولىنى ئۆزگەرتىۋەتكەن، شۇڭا ئۇلار دىنىنى ئىسلاھ قىلىسا بولىدۇ، بىزنىڭ دىنىمىز ئەڭ توغرا، ئەڭ مۇكەممەل دىن، شۇڭا ئىسلاھ قىلىشنىڭ ھاجىتى يوق، بۇنداق قىلىش كۇپۇرلۇقتۇر» دېگەندەك گەپلەرنى تارقاتقان. بۇ كىشىنىڭ قەشقەردىكى ئۇچىغا چىققان مۇتەئەسسىپ ئىكەنلىكىنى 1914 — 1916 - يىللىرى قەشقەر، ئاتۇشلاردا يېڭى مائارىپ ھەرىكىتى بىلەن شۇغۇللانغان تۈركىيەلىك ئەھمەد كامال ئەپەندىمۇ ئۆز كىتابىدا قاقشاپ تۇرۇپ تىلغا ئالغان.

ئابدۇقادىر داموللام قەشقەرگە قايتىپ كەلگەن 1912 - يىلى ئوتتۇرا ئاسىيا ئۆلكىلىرىدىكى جەدىدلىك ھەرىكىتىنىڭ شاماللىرى قەشقەرگە ئەمدىلەتىن يېتىپ كېلىۋاتقان، قەشقەردە ئەنئەنىۋى ئىسلام مائارىپىنىڭ ئوقۇتۇش مەزمۇنى ۋە ئۇسۇلىنى ئىسلاھ قىلىش مەسىلىسى ئۈستىدە گەپ - سۆزلەر بولۇۋاتقان بىر چاغ ئىدى. ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە تۈركىيە قاتارلىق جايلاردىكى يېڭى مائارىپنىڭ ۋەزى-

يىتى بىلەن پىششىق تونۇشۇپ، جەدىدلىك ئىدىيەسى مۇكەممەللەشكەن ئابدۇقادىر داموللام يېڭى مائارىپنىڭ ھامىيلىرى ۋە باشلامچىلىرى بولغان ئاكا ـ ئۇكا مۇساباييفلارنى قىزغىن قوللىغان. ئۇلار بىلەن مۇرىنى مۇرىگە تىرەپ بىر سەپتە تۇرغان. 1914 ـ يىلىنىڭ ئاخىرى ئۇستۇنئاتۇش ئىكساقتا قۇرۇلغان، ئۇيغۇر مائارىپ تارىخىدىكى تۇنجى مۇنتىزىم يېڭىچە مەكتەپ بولغان دارىلمۇئەللىمىن مەكتىپىگە زور ئۈمىد باغلىغان. مەدرىسەلەرنىڭ دوگما تەلىم ـ تەربىيە ئۇسۇلىنى، قارىغۇلارچە يادلاتقۇزۇشنى ئاساس قىلىدىغان ئوقۇتۇش شەكلىنى، دەۋر تەلىپىگە ماس كەلمەيدىغان دەرسلىكلەرنى ئىسلاھ قىلىپ جەدىدچە ئوقۇتۇشنى ئىزچىللاشتۇرۇشنى تەشەببۇس قىلغان. ئوقۇتۇش ئۇسۇلى، ئوقۇتۇش مەزمۇنى، ئوقۇتۇش ماتېرىيالى قاتارلىق جەھەتلەردە بىر يۈرۈش ئىسلاھاتلارنى ئېلىپ بارغان. ئۇنىڭ بۇ قېتىم قەشقەردە ئوينىغان رولى ئىلگىرىكى يىللاردا ئوينىغان رولىدىن كۆپ ئېشىپ كەتكەن. 1912 ـ يىلى جۇڭخۇا مىنگو ھاكىمىيىتى تىكلىنىپ جۇمھۇرىيەت تۈزۈمى ئورنىتىلغاندىن كېيىن، جايلاردىن بېيجىڭدىكى پارلامېنتقا ۋەكىل سايلاش ھەققىدە ئۇقتۇرۇش تارقاتقان. قەشقەردە ئابدۇقادىر داموللامنى پارلامېنتقا ۋەكىل قىلىپ كۆرسىتىش ھەققىدە غۇلغۇلا بولغان①. بۇنىڭدىن ئابدۇقادىر داموللامنىڭ قەشقەر تەۋەسىدە كۈنسايىن ئابرويى ئېشىپ، يېڭىلىق ۋە ئىلغارلىقنىڭ بايراقدارى بولۇپ قالغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

ئابدۇقادىر داموللامنىڭ تەسىرى بىلەن يېڭىلىققا تەلپۈنگەن قەشقەر ياشلىرى ئوتتۇرا ئاسىيا ئۆلكىلىرىدە نەشر قىلىنىۋاتقان گېزىت ـ ژۇرناللارنى ئوقۇيدىغان قىرائەتخانا ئاچقان، دېگەن نامدا

① بۇ غۇلغۇلىنى 1913 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنىدىكى «ۋاقىت» گېزىتىدە ئېلان قىلىنغان خەۋەردىن ھەم نۇشرىۋان يائۇشېفنىڭ 1915 ـ يىلى قەشقەردىن يازغان خەۋەر ـ ماقالىلىرىدىن كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. بېيجىڭنىڭ مۇپەتتىشى خۇيزۇ ۋاڭ ئاخۇن ئابدۇلرەھمان بىلەن بېيجىڭ ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى ئەبۇبەكرى ئاخۇنمۇ بۇ ھەقتە قەشقەرگە نەچچە رەت خەت يېزىپ سۈيلىگەن.

ئۆلىمالار كېڭەشىنى قۇرغان، بۇ كېڭەشكە قەشقەرنىڭ ئاتاقلىق ئۆلىمالىرىدىن موللا ئىسلام دامولللام، ئوبۇلقاسىم ئاخۇنۇم، خانئېرىقلىق ئابدۇغوپۇر ئاخۇن مەخدۇم قاتارلىق زاتلار ئىشتىراك قىلغان. «جەمئىيەتى خەيرىيەت ئىسلامىيە» نامىدا فوند تەسىس قىلغان. «مۇتالىئە ھىدايەت» دېگەن نامدا يېڭىچە مەكتەپ ئاچقان. «تەسھىلۇل ھېساب» (ھېسابلاشنى ئاسانلاشتۇرۇش) قاتارلىق ئونلىغان دەرسلىكلەرنى تۈزۈپ باستۇرغان. ئابدۇقادىر دامولللام ئۆزىنىڭ جەدىدلىك ئىدىيەسى ۋە غايىسى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن پىروگرامما خاراكتېرلىك مۇھىم ئەسىرى «نەسىھەتى ئامما» نى يېزىپ، باستۇرۇپ تارقاتقان. بۇ ئەسەر قاراتمىلىقى كۈچلۈك، چاقىرىق كۈچى زور، جەدىدىزملىق روھقا باي ئەسەر بولۇش سۈپىتى بىلەن، شۇنداقلا ئىدىيەسىنىڭ ئىلغار، تىلىنىڭ ئاممىباپلىقى بىلەن ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ئىدىيئولوگىيەسى ۋە ئەدەبىياتى تارىخىدىكى تۇنجى ۋەكىللىك ئەسەر ھېسابلىنىدۇ. بۇ ئەسەردىن ئابدۇقادىر دامولللامنىڭ ئىسلاھات ئىدىيەسىنى ئېنىق كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. ئەسەردە بۇ مۇتەپەككۇر ئىسلاھاتچىنىڭ ئەنئەنىۋى ئىسلام تۈسىدىكى قالاق ئۇيغۇر جەمئىيىتىنى زامانىنىڭ تەرەققىياتىغا ماسلاشتۇرۇشنى تەلەپ قىلىدىغان كۈچلۈك ئارزۇسى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. ئەسەردىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ئۇ دىنىدىن تاشقىرى زامانىۋىلاشتۇرۇشنىمۇ، كونا ئەندىزىدىكى قاتمال دىنىي ھاياتنىمۇ قەتئىي ھىمايە قىلمىغان. پەقەت غەپلەت ئۇيقۇسىغا غەرق بولغان ئەنئەنىۋى جەمئىيەتنى ھاياتىي كۈچكە ئىگە جۇشقۇن جەمئىيەتكە ئايلاندۇرۇشنى؛ ئىدراكقا بىپەرۋا قارايدىغان نادان جەمئىيەتنى مەرىپەت روھىغا باي يېڭى جەمئىيەتكە ئايلاندۇرۇشنى؛ زەئىپلەشكەن، بىدئەت چىرمىغان، مۇجمەل ئەقىدە — ئېتىقادنى كۈچلۈك ھەم ساپ ھايات پىرىنسىپىغا ئايلاندۇرۇشنى ئارزۇ قىلغان.

ئابدۇقادىر دامولللامنىڭ ئەينى دەۋرنىڭ ئىلغار ئىدىيئولوگىيەسى ۋە مائارىپ ئىسلاھاتىغا يېقىندىن ياندىشىپ ۋۇجۇدقا چىقارغان يو-

قىرىقى پائالىيەتلىرى قەشقەردە ئىلغارلىق تەرەپدارلىرى بولغان «جەدىدچىلەر» بىلەن كونىلىق تەرەپدارلىرى بولغان «قەدىمچىلەر» ئوتتۇرىسىدىكى پەرقنى ھەم زىددىيەتنى روشەن ھالدا كۈچەيتكەن. كونىلىق تەرەپدارلىرى ئەكسىيەتچى ھۆكۈمەتكە يېقىن، شۇنداقلا ئاممىۋى ئاساسقا ئىگە بولغاچقا غالىب كەلگەن. ئىلغارلىق تەرەپدار-لىرىنىڭ باشلامچىسى بولغان ئابدۇقادىر داموللام مۇتەئەسسىپ موللا - ئىشانلارغا تەڭ كېلەلمەي مۇرەسسە قىلىشقا، ھەتتا يول قو-يۇشقا مەجبۇر بولغان. ئۇ «شۇرا» ژۇرنىلىنىڭ 1915 - يىلى 12 - ئاينىڭ 1 - كۈنى نەشر قىلىنغان سانىغا بېسىلغان «بايانى ھەقى-قەت» ناملىق ماقالىسىدە قەشقەرنىڭ مۇتەئەسسىپ ئۆلىما - ئىشان-لىرىنى قاتتىق ئەيىبلىگەن. ئۇ بۇ جاھىل كۈچلەرنى «ئۆلىمالار»، «چوڭلار»، «رەھبەرلەر» دەپ ئاتاپ تۇرۇپ، ئۇلار ئۈستىدىن مۇنداق شىكايەت قىلغان: «قايسى كۈنى دىيارىمىزدا تەرەققىي قىلغان مەدە-نىيەتنىڭ مۇقەددىمىسى باشلاندى. رەھبەرلىرىمىز نامىدىن مەزكۇر مەدەنىيەتنى ئۆگەنگۈچىلەرگە ‹لەنەتگەردى، ئازغۇنلار› دېگەندەك پە-تىۋالارنى يامغۇردەك ياغدۇرۇشقا باشلىدى»، «بىزنىڭ تەشەببۇسلى-رىمىز ئەمەلگە ئاشماي، يەككە - يېگانە ھالىتىدە نەزەردىن چەتتە قالدۇرۇلدى. بىزنىڭ دالالىتىمىز بىلەن ياشلار ئىجتىھات بىلەن قىرائەتخانا ئاچتى. چوڭلار بۇنى ‹مەزھەپ بۇزىدۇ› دەپ ياپتۇردى. ئىسلام جەمئىيىتى قۇردى. بۇنى ‹دەھرىيەت ئۇچىقى› دەپ بۇزدى. ئىسلامنىڭ ياخشىلىق قىلىش جەمئىيىتى (جەمئىيەتى خەيرىيەت ئىسلامىيە) نى قۇرۇۋىدى، ‹پىتنە - پاسات تارقىتىدىغان مەركەز› دەپ تەشۋىق قىلىپ يىمىرىۋەتتى. ‹نەسىھەتى ئامما› ئىسىملىك رى-سالىنى نەشر قىلسا ‹بىدئەت› دەپ پەتىۋا قىلىپ بىكار قىلدى. ‹مۇ-تالىئە ھىدايەت› نامىدا دىنىي، مىللىي، ئەدەبىي مەكتەپ ئاچتى. بۇ-نى ‹ئازغۇنلار ئۇيۇشمىسى› دەپ تاقىتىۋەتتى... ئامالسىزلىقىمىزدىن تەرەققىي مەدەنىيەت ئىشلىرىمىزدىن يۈز ئۆرۈپ، رەھبەرلىرىمىزگە ئەگىشىپ راھەتلەرگە بېرىلىشتۇق». شىكايەتنىڭ ئاخىرىنى «راھەت-

لەرگە ئېرىشتۇق» دەپ ئاچچىق كىنايە بىلەن ئىپادىلىگەن ئابدۇقا-
دىر داموللام تېخىمۇ ئاشۇرۇپ تەنە قىلىپ، شۇنىڭدىن كېيىن «جا-
مالىدىن ئافغانىي، شەيخ مۇھەممەد ئابدۇ، ئىسمائىل بەگ غاسپىرد-
ىنسكىلەرگە مۇيەسسەر بولمىغان تەھسىن ۋە ئاپىرىنلار بىزگە مەن-
سۇپ بولدى» دەپ يازغان. بۇنىڭدىن قەشقەر جەمئىيىتىدە كىشىنى
چۆچۈتىدىغان قاباھەتلىك كۈچنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى، ئابدۇقادىر
داموللامنىڭ نەقەدەر زور جاسارەت بىلەن بۇ جاھىلىيەت ھامىيلىرى-
غا روبىرو تۇرغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. ئۇ مەزكۇر ماقالىسى-
دە ئۆكۈنگەن ھالدا «مەدەنىيەتكە ئاياغ بېسىش — ھەقىقەتنى چۈ-
شەنگەن بۈيۈك رەھبەرلەرنىڭ يول كۆرسىتىشى بىلەن ياكى قوشنى-
لىرىدىن پايدىلىنىش بىلەن بولۇشى مۇمكىندۇر» دەپ ئوتتۇرىغا
قويغان. بۇنىڭدىن ئابدۇقادىر داموللامنىڭ قالاق ھەم بېكىنمە ھا-
لەتتە قالغان مىللەتنىڭ زامانىۋى مەدەنىيەت بىلەن قوراللىنىشىنى
ىىراقنى كۆرەر رەھبەر بىلەن جۇغراپىيەلىك ئامىلغا باغلاپ چۈشەن-
گەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. بۇنداق توغرا بىلىش كىشىنى ھە-
قىقەتەن قايىل قىلىدۇ. جۇغراپىيەلىك مۇھىتنىڭ مىللەتنىڭ تارى-
خىي تەرەققىياتىغا كۆرسىتىدىغان تەسىرى ھەقىقەتەنمۇ سەل قاراش-
قا بولمايدىغان مۇھىم ئامىل. شۇڭا مەشھۇر گېرمان پەيلاسوپى گې-
گېل «دۇنيا تارىخىنىڭ تەرەققىيات يۆنىلىشىنى جۇغراپىيەلىك
سەھنىدىن ئايرىپ قارىغىلى بولمايدۇ» دەپ كۆرسەتكەن. «چۈنكى، زې-
مىن بىلەن ئىنسانلار بىر ــ بىرىدىن ئايرىلالمايدۇ. جۇغراپىيەلىك
شەرتلەر بولسا ئىنسانلارنىڭ تارىخىي يولىنى، ھاياتلىق خۇسۇسىيەت-
لىرىنى گويا تەقدىردەك بەلگىلەيدۇ①.» كېلەچەككە يول كۆرسىتە-
لەيدىغان، ھەقىقەتنى چۈشەنگەن بۈيۈك رەھبەر ئەينى زاماندىكى
ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە بارمىدى، دېگەندە، بىز بۇگۈنكى تارىخىي يۈك-
سەكلىكتىن شۇنداق ئېيتالايمىزكى، پەقەت ئابدۇقادىر داموللاملا

① لۇئىس لىگېتى (ۋېنگىرىيە): «بىلىنمىگەن ئىچكى ئاسىيا»، مىللەتلەر نەشرىياتى،
2009 ــ يىلى نەشرى، 1 ــ بەت.

مۇشۇنداق سۇپەتكە مۇناسىپتۇر. ئابدۇقادىر داموللامىنىڭ «بايانى ھەقىقەت» ناملىق ئەسىرى ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن، ئۇيغۇر جەمئىيىتىنى خېلى ئەتراپلىق كۆزەتكەن تاتار زىيالىي نۇشىرۋان يائۇشېف «شۇرا» ژۇرنىلىنىڭ 1916 - يىلى 4 - ئاينىڭ 15 - كۈنىدىكى سانىدا ئېلان قىلغان تەسىرات ماقالىسىدە «قەشقەرلىك داموللا ئابدۇقادىر جانابلىرىنىڭ ‹بايانى ھەقىقەت› ماۋزۇلۇق ماقالىسى بېسىلدى. قەشقەردەك ئەڭ قاراڭغۇ بىر بۇلۇڭدىن شۇنداق ئاڭلىق ۋە كۈچلۈك بىر ئالىمنىڭ چىقىپ تۇركچە مەتبۇئات ئارقىلىق ھەقىقەت ھاللىرىنى بايان قىلىشى مېنى ئەڭ سۆيۈندۈردى. بۇ ھەقتە بۇنىڭدىن كېيىنمۇ داۋاملىق قەلەم تەۋرىتىپ تۇرۇشىنى تىلەيمەن» دەپ يازغان. «شۇرا» ژۇرنىلىنىڭ مۇھەررىرلىرى ئابدۇقادىر داموللامىنىڭ «بايانى ھەقىقەت» دېگەن ئەسىرىگە تەھرىر ئىلاۋىسى يازغاندا «داموللا ئابدۇقادىر ئەپەندىنىڭ ‹جاۋاھىرۇل - ئىيقان› ناملىق ئەسىرىنى تۇنجى كۆرگەن ۋاقتىمىزدا مۇئەللىپىنى شام ياكى مىسىر ئالىملىرىدىن بولسا كېرەك، دەپ ھۆكۈم قىلغاندۇق، بۇخارادا ئىلىم تەھسىل قىلغان پېتى ئەرەب تىلىدا بۇ دەرىجىدە پەسىھ ۋە تەبىئىي قەسىدە يازالايدىغان مۇقتەدىر ئالىم بولۇشى ئېسىمىزگە كەلمىگەنىكەن» دەپ، قايىل بولغانلىقىنى بىلدۈرۈشكەن.

1912 - يىلىدىن باشلاپ ئىسلاھات ئىشلىرىنى قانات يايدۇرغان ئابدۇقادىر داموللامىنىڭ بۇ يىللاردا قەشقەردە مۇتەئەسسىپ قەدىمىيچىلار بىلەن بولغان كۈرەشتە مۇرەسسە قىلىشقا مەجبۇر بولغانلىقى ئۇنىڭ تامامەن يەككە - يېگانە قالدۇرۇلغانلىقى، سۆز - چاقىرىقلىرى ئېتىبارسىز مۇئامىلىگە ئۇچرىغانلىقى ۋە ئىش - پائالىيەتلىرى زىيادە توسقۇنلۇققا دۇچ كەلگەنلىكىدىن دېرەك بەرمەيتتى، ئەلۋەتتە. ئابدۇقادىر داموللام 1916 - يىلى «شۇرا» ژۇرنىلىدا ئېلان قىلغان «ئەدەبىي بىر مۇساھىبە» ناملىق ماقالىسىدە «ھال ھازىردە چوڭلارغە ئەگەشمەك يۈزىسىدىن، بۇخارا تەرتىپلىرى ئىلە مەنتىق، كالام، پەلسەپە، تەدرىس ۋە مۇكالىمەلەرگە مەشغۇل بولسامىمۇ، لېكىن زىيا-

لىي شاگىرتلەرگە تەپسىر، ھەدىس، ئىلمۇ ئەمايىلەلەردىن تەلىم بەرمەكتىمەن» دەپ يازغان. ئۇ ئۆزى بۇ يىللاردا ھەم مۇدەررىس، ھەم قەشقەرنىڭ مۇپتىسى ئىدى. 1914 ـ يىلىنىڭ ئاخىرى قەشقەرگە كېلىپ، قەشقەردە ئالتە ئاي تۇرۇپ، 1915 ـ يىلى قەشقەردىن ئايرىلىپ تاشقورغان ئارقىلىق ئوتتۇرا ئاسىياغا ماڭغان ئادىل ھېكمەت بەي، ئەمرۇللا بەي قاتارلىق تۈركىيەلىك زىيالىيلار ئۇستۇنئاتۇشتىكى باھاۋۇدۇن باينىڭ ئۆيىدىن خوشلىشىپ ئافغانىستانغا بېرىش ئۈچۈن رۇسىيە تەۋەسىگە قاراپ يولغا چىقىش ئالدىدا بولغان ئىشنى مۇنداق يازغان: «ئارتۇشتىن يولغا چىقىش ئەسناسىدا قەشقەر مۇپتىسى ھاجى ئابدۇلقادىر داموللامنىڭ ئارقىمىزدىن ئەۋەتكەن بىر ئاتلىق كىشىسى بىزنى جىددىي ئارقىمىزغا قايتىشقا دەۋەت قىلدى. مۇپتى ئەپەندىم بىزلەر رۇسلارنىڭ قولىغا ئەسىرگە چۈشۈپ قالغان ھالەتنى چۈش كۆرۈپتۇ. شۇڭا قەشقەرگە قايتىشىمىزنى ئۈمىد قىپتۇ. بىر نەرسىنى چۈشەنگەندەك بولدۇق. بۇ چۈش مەسىلىسى ئەمەس ئىدى. مۇپتى ئەپەندىم بىر نەرسىنى بىلىپ قالغاندەك قىلاتتى[①].» بۇ تۈركىيەلىك زىيالىيلار ھىندىستاندىن قەشقەرگە كەشمىر يولى بىلەن كەلگەن بولۇپ، ئافغانىستان تەرەپكە چىقىدىغان يولنىڭ ئۇي ـ چوڭقۇرىنى بىلمەيتتى ھەم بۇ جايلارنى رۇسلار قامال قىلىۋالغان بولغاچقا خەتەرلىك ئىدى. ھەقىقەتەنمۇ ئۇلار چېگرادىن چىقىپلا رۇسلارنىڭ تۇتقۇنىغا ئايلانغان. بۇ باياندىكى ئۈچۈردىن بىز شۇ يىللاردا، يەنى 1915 ـ يىلى ئابدۇقادىر داموللام قەشقەرنىڭ مۇپتىسى ئىكەنلىكىنى بىلىۋالالايمىز. ئەھمەد كامالمۇ ئۆز كىتابىدا ئابدۇقادىر داموللامنىڭ مۇپتى ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدىغان مۇنداق بايانلارنى يازغان: «شۇ كۈنى ئابدۇقادىر ھاجىم مۇپتى ھەزرەتلىرى مەن بىلەن كۆرۈشۈش ئۈچۈن تۇرمىگە كەلگەنىدى. بۇ زاتى شېرىپ مېنىڭ مەنىۋى پەدەرىم ئىدى. ئۇ ئۇسۇلى جەدىد مەكتەپلىرىدە ئوـ

---

① ئادىل ھېكمەت بەي (تۈركىيە): «ئاسىيادا بەش تۈرك»، ئىستانبۇل، ئۆتۈكەن نەشرىياتى، 1999 ـ يىلى نەشرى، 128 ـ بەت.

قۇشنىڭ دۇرۇس ئىكەنلىكى، بەلكى پەرز ئىكەنلىكى توغرۇلۇق شىنجاڭدا تۇنجى قېتىم پەتىۋا چىقارغان پەزىلەتلىك زات ئىدى[1].» مۇپتىلىق ئىسلام جەمئىيىتىدە خېلىلا يۇقىرى مەرتىۋە، شۇنداقلا ئالىي ئىمتىياز ئىدى. ئابدۇقادىر داموللام جەدىدلىك يولىدا چىڭ تۇرۇش - تۇرماسلىق مەسىلىسىدە ئىجتىمائىي مۇھىتنىڭ قاتتىق بېسىمى سەۋەبىدىن مۇرەسسەچىلىك يولىنى تۇتۇشقا مەجبۇر بولغان بولسىمۇ، لېكىن بۇ ئۇنىڭ مەيدانىنىڭ، نىشانىنىڭ، غايىسىنىڭ ئۆزگەرگەنلىكىدىن دېرەك بەرمەيتتى. ئۇنىڭ جەدىدلىك شان - شۆھرىتى بۇ چاغدا ئالىبۇرۇن شىنجاڭدىن ھالقىپ ئوتتۇرا ئاسىيا مۇسۇلمانلىرى ئارىسىغا تارالغانىدى. شۇنداق بولغاچقا قازان شەھەرىدە نەشر قىلىنغان «شۇرا» ناملىق يېرىم ئايلىق ژۇرنالنىڭ 1916 - يىلىدىكى بىر سانىدا «ئابدۇقادىر داموللا كىمدۇر» دېگەن ئوچېرىك ئېلان قىلىنغان. بۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ نامى پۈتكۈل تۈركىي خەلقلەرگە مەشھۇر بولۇپ كەتكەن. ئۇ مۇشۇ مەزگىللەردە «سەرپ - نەھۋى» (مورفولوگىيە - سىنتاكسىس)، «تەسھىلۇل ھېساب» (ئاسانلاشتۇرۇش)، «جۇغراپىيە ئىلمى»، «ئاقائىد زۆرۈرىيە» (زۆرۈر ئەقىدىلەر)، «بىدايەتۇس سەرپ» (لېكسىكىدىن دەسلەپكى ئاساس)، «بىدايەتۇن نەھۋى» «تەئلىمۇس سىبيان» (گۆدەكلەرگە تەربىيە)، «تەجۋىد تۈركىي» قاتارلىق دەرسلىكلەرنى تۈزۈپ، تۈرلۈك ئامال - چارە بىلەن باستۇرۇپ مەكتەپ - مەدرىسەلەرنى دەرسلىك بىلەن تەمىنلىگەن. 120 كۇپلېتلىق «مۇخەممەس» ناملىق كاتتا ئەسىرىنى يېزىپ ئۆزىنىڭ جەمئىيەت، ئېتىقاد، ئەخلاق، مائارىپ ھەققىدىكى تەشەببۇسلىرىنى ۋە تەنقىدىي قاراشلىرىنى ئىپادىلىگەن. مەزمۇنى چوڭقۇر، تىلى گۈزەل، تەنقىدىي رېئالىزملىق روھقا ئىگە بۇ ئەسەر 1910 - يىللاردىكى ئەدەبىيات تارىخىمىزدا يېگانە ئەسەر ھېسابلىنىدۇ.

---

① ئەھمەد كامال (تۈركىيە): «چىن - تۈركىستان خاتىرىلىرى»، ئىستانبۇل، ئۆتۈكەن نەشرىياتى، 1998 - يىلى نەشرى، 135 - بەت.

ئەينى چاغدا، قەشقەر شەھىرىدە «يىراق ـ يېقىنغا نامى مەشھۇر مەدرىسەلەردىن 15 ى بولۇپ، ئابدۇقادىر داموللامنىڭ لايپەشتاق مەدرىسەسى، قەشقەردىكى خانلىق مەدرىسەسى، ھېيتگاھ مەدرىسەسى، ئاخۇن ھاجى مەدرىسەسى، قازان مەدرىسەسى، ۋاقلىق مەدرىسەسى، باھاۋۇدۇن مۆھتەرەم مەدرىسەسى، دورغا بەگ مەدرىسەسى، ناجى ھاكىمبەگ مەدرىسەسى، كەنجە ھاجى مەدرىسەسى، ئوردائالدى مەدرىسەسى قاتارلىق مەشھۇر مەدرىسەلەر قاتارىدىن ئورۇن ئېلىپ 200 دىن ئارتۇق تالىپى بار[1]» مەشھۇر مەدرىسە بولغان.

20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرى ۋەتەن ۋە مىللەتنىڭ تەقدىرى ئۈستىدە باش قاتۇرغان ئۇيغۇر بالىسى ــ نەزەر خوجا ئابدۇسەمەتوف (1887 ــ 1952) ئۆزىنىڭ «يورۇق ساھىللار» ناملىق ئەسىرىدە 1913 ـ يىلى 26 يېشىدا يۇرتى غالجاتتىن يولغا چىقىپ، غۇلجىغا كېلىپ مۇزئارت داۋىنى ئارقىلىق ئالتە شەھەرگە سەپەر قىلغانلىقىنى يازغان. ئۇ سەپەر جەريانىدا قالدۇرغان خاتىرىسىدە ئاقسۇ ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئىجتىمائىي، مەنىۋى پاجىئەلىرىنى كۆرۈپ: «بۇ يەردىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئىستىقبالى بەك قاراڭغۇ، تۇمانلىق ۋە ۋەھىمە ئىچىدە ئىكەنلىكىنى سەزدىم. ئاقسۇدا ئەھۋال مۇنداق بولسىمۇ، باشقا ياقلاردا ئۇنداق ئەمەستۇ، قەشقەر خەلقى خېلى تەرەققىي قىلغان بولسا كېرەك، ئۇ يەردە تەرەققىيپەرۋەر مۇسابايېفلار، ئابدۇقادىر داموللاملار بارغۇ، دەپ ئۆزلىرىمىزگە تەسەللى بەردۇق[2]» دەپ يازغانلىقىنى كۆرىمىز. بۇنىڭدىن ئابدۇقادىر داموللامنىڭ قەشقەردىكى ئىجتىمائىي تەرەققىيات ئىشلىرىنىڭ ئاۋانگارتى سۈپىتىدە تونۇلغانلىقىنى كۆرۈۋالالايمىز.

1914 ـ يىلى يازدا باھاۋۇدۇن باينىڭ غەيرىتى بىلەن ئۈستۈنئا ـ

---

① ئەھمەد كامال (تۈركىيە): «چىن ـ تۈركىستان خاتىرىلىرى»، ئىستانبۇل، ئۆتۈكەن نەشرىياتى، 1998 ـ يىلى نەشرى، 94 ـ بەت.

② ئەسەت سۇلايمان: «تەكلىماكانغا دۇملەنگەن روھ» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2000 ـ يىلى نەشرى، 96 ـ بەت.

تۇشتا ئېچىلغان ئۇيغۇر مائارىپ تارىخىدىكى تۇنجى پېداگوگىكا مەكتىپى — «قەشقەر دارىلمۇئەللىمىن[1]» نىڭ باش مۇئەللىمى ئەھمەد كامالنى ۋە ئۇنىڭ مائارىپ ھەرىكىتىنى قوللاش ياكى قارشى تۇرۇش مەسىلىسىدە قەشقەردىكى دىنىي ئۆلىمالار ۋە باي — بايۋەچچىلەر دەسلەپتە ئىككى گۇرۇھقا بۆلۈنۈپ كەتكەن. ئابدۇقادىر داموللام، باھاۋۇدۇن باي، شەمسىدىن داموللام، ماھمۇد داموللام، زىرىپ قارى ھاجىم، ئابدۇقادىر ھاجىم، ئابدۇغوپۇر ئاخۇن مەخدۇم، نورۇززادە ھاجى مۇھەممەد ئەلى، ئوبۇلقاسىم داموللام، ئابدۇكېرىمخان مەخسۇم، قازىكالان ھاجى ئىسلام داموللام قاتارلىق كىشىلەر قوللايدىغان گۇرۇھنى، ئۆمەر باي، سىلىم داموللا قاتارلىقلار قارشى تۇرىدىغان گۇرۇھنى تەشكىل قىلغان. قارشى تۇرىدىغان گۇرۇھ رۇس كونسۇلخانىسى ۋە ئەكسىيەتچى يەرلىك ئەمەلدارلار بىلەن بىرلىشىپ، بۇ كۈرەشتە كۈچلۈك ئورۇندا تۇرغان.

ئەھمەد كامال شۇ چاغدىكى ئەھۋاللار توغرىسىدا «بەيساقلىق مەھمۇد ئاخۇن داموللام بىلەن ئابدۇقادىر داموللام ئەپەندىلەر قاراڭغۇ كېچىدە چاقنان چاقماقتەك چىرايلىق ۋە مەنىلىك سۆزلىرى بىلەن ئۇلار ئۆچۈرمەكچى بولۇۋاتقان مائارىپ مەشئىلىنى چاقنىتىش ئۈچۈن كۆپ تىرىشتى[2]» دەپ يازغان. ئەمما، خەلقنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى بۇ زىددىيەت ناھايىتى تېزلا مۇرەسسە ھالىتىگە كەلگەن. چۈنكى قەشقەرنىڭ ئەڭ ئابرۇيلۇق باش قازىسى ھاجى ئىسلام داموللام جەدىدلىكنى قوللاش مەيدانىدا تۇرغان. شۇڭا 1915 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى قەشقەرگە كەلگەن نۇشىرۋان يائۇشېف قەشقەردىكى ئۆزگىرىشلەردىن مەمنۇن بولۇپ: «بۇلتۇر يېڭىچە مائارىپ-

① بۇ دارىلمۇئەللىمىننىڭ نامى ئەھمەد كامالنىڭ ئەسىرىدە «ئىتتىھات ۋە تەرەككى دارىلمۇئەللىمىن» دەپ يېزىلغان. «مەشئەل» دېگەن ژۇرنالدا «ھەبىبزادە دارىلمۇئەللىمىن» دەپ يېزىلغان. 1915 ـ يىلى باھاۋۇدۇن باي بۇ مەكتەپ ئۈچۈن ئورپېنبۇرگدا باستۇرغان «ئېلىپبەيى تۈركىي» ناملىق كىتابتا «قەشقەر دارىلمۇئەللىمىن» دەپ يېزىلغان.

② ئەھمەد كامال (تۈركىيە): «چىن ـ تۈركىستان خاتىرىلىرى». ئىستانبۇل، ئۆتۈكەن نەشرىياتى، 1998 ـ يىلى نەشرى، 108 ـ بەت.

نى چەكلەپ، جەدىدچىلەرنى ‹كاپىر› دەپ ئاتىغان قەشقەرنىڭ دامول-لىلىرى بۇ يىل ھەممىسى ئۆزگىرىپتۇ. يېڭىچە مائارىپقا قارشى تۇرغۇچىلارمۇ بۇنداق قالتىس نەتىجىلەرنى كۆرۈپ ئۆز ياردەملىرىنى ئاتاپتۇ[①]» دەپ يازغان. قەشقەردە يېرىم يىلدەك تۇرۇپ ئاقارتىش پائا-لىيەتلىرى بىلەن شۇغۇللانغان ئادىل ھېكمەت بەي قاتارلىق تۈركى-يەلىك زىيالىيلار 1915 ـ يىلى ئاپرېلدا يازغان خاتىرىسىدە مەدرى-سەلەردىكى ئۆزگىرىش توغرۇلۇق مۇنداق دېگەن: «قەشقەرلىكلەر بىزگە شۇ قەدەر مۇھەببەت باغلىدىكى، بىر دېگىنىمىزنى ئىككى ئېيتقۇزمايتتى. مەدرىسە تالىپلىرى بىزدىن گېئومېتىرىيە دەرسى ئېلىشنى ئارزۇ قىلاتتى[②].» قەشقەردىكى بۇ ئۆزگىرىشنى مۇقەررەر دەپ قاراشقا بولىدۇ. چۈنكى قەشقەر 2000 يىلدىن ئارتۇق تارىختا ئىگە قەدىمىي شەھەر بولۇش سۈپىتى بىلەن ئىلىم ـ مەرىپەت مەش-ئەللىرى نەچچە قېتىم لاۋۇلداپ يېنىپ، نەچچە قېتىم خىرەلەشكە-نىدى. مەرىپەت ئەنئەنىسىگە باي بۇ قەدىمىي شەھەرنىڭ زېرەك، تى-رىشچان خەلقى زامان تەقەززا قىلغان، مىللەت موھتاج بولغان پاي-دىلىق ئىلىملەرگە ئىنتايىن تېز يېپىشاتتى. شۇنداق بولغاچقا ئەينى يىللاردا قەشقەرگە كەلگەن گېرمانىيەلىك ۋون لىكوك «ئەگەر ياخشى مەكتەپ بولغان بولسا، تۇغما تالانتلىق بۇ مىللەت چوقۇم ئۇچقاندەك ئالغا باساتتىكەن[③]» دەپ تەن ئالغان. ئەمما، ھەرقانداق شەكىلدىكى ئىسلاھاتقا دۈشمەنلىك پوزىتسىيەسىنى تۇتىدىغان ياك زېڭشىن ھۆ-كۈمىتى تەرەققىيات يولىغا تاشلانغان ھەرقانداق قەدەمنى كۆرۈشنى خالىمايتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ «سەۋەنلىكلەردىن خاتىرىلەر»، «ئىستىغپار ھۇجرىسىدىكى خاتىرىلەر»، «سەۋەنلىكلەردىن ساۋاق ئېلىش ئۈچۈن

---

① ئويىشى شىنيىچىرو: «نۇشرىۋان يائۇشېفنىڭ ساياھىتى ھەققىدە»، «شىنجاڭ تەز-كىرىچىلىكى» ژۇرنىلى 2004 ـ يىلى 2 ـ سان.

② ئادىل ھېكمەت بەي (تۈركىيە): «ئاسىيادىكى بەش تۈرك»، ئىستانبۇل، ئۆتۈكەن نەشرىياتى، 1999 ـ يىلى نەشرى، 125 ـ بەت.

③ ئالبېرت فون لېكوك: «شىنجاڭنىڭ يەر ئاستى مەدەنىيەت بايلىقلىرى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2003 ـ يىلى نەشرى، 47 ـ بەت.

لاۋزى تەلىماتىنى ئوقۇش» قاتارلىق بىر يۈرۈش قول يازما خاتىرىلىرىدە مۇنداق دەپ يازغانىدى: «خەلقنى ئىدارە قىلىشنىڭ تەس بولۇشى بىلىملىكلەرنىڭ كۆپ بولغانلىقىدىن بولغان. ئەھلى خالايىقنىڭ بىلىم ئۆگىنەمسىلىكىنى ئۈمىد قىلىمەن ... بىلىم ئارقىلىق ئەلنى ئىدارە قىلسا، دۆلەتكە ئاپەت ئېلىپ كېلىدۇ. خەلقنىڭ بىلىمى ئاشقانسېرى ئۇلار يوق يەردىن پۈتاق چىقىرىپ، يامان ئىشلارنى ئويلايدىغان بولۇپ قالىدۇ. ۋەقە پەيدا قىلىپ دۆلەتنى مالىماتاڭ قىلىشتىن باش تارتمايدۇ ... ھۈنەر ـ تېخنىكىسى بار ئادەملەردىن بىرى كۆپ بولسا، دۆلەتكە ئاپەت كەلتۈرىدىغان ئادەمدىن بىرى كۆپىيىدۇ. جاھاندىكى بىغەرەزلىكنى كۆپىنچە ئەقىللىك ئادەملەر قىلىدۇ ... مەكتەپلەر ياخشى ئەمەس. ئوقۇغۇچىلارغا يامان تەلىماتلار ئارقىلىق پايدىسىز ئۇرۇقلارنى تارقىتىدۇ. شۇڭا، بارلىق مەكتەپلەرنى بىكار قىلىپ تاشلىماي بولمايدۇ. مەن ئادەم ئىشلىتىشتە نادان كىشىلەرنى ئىشلەتسەم ئىشلىتىمەنكى، ھەرگىزمۇ ئەقىللىك، بىلىملىك كىشىلەرنى ئىشلەتمەيمەن ...[1].» ياڭ زېڭشىننىڭ خاتىرىسىدىكى بۇ بايانلاردىن بىز جۇڭگو خەلقى تۇشمۇتۇشتىن ئويغىنىپ يۈكسەك زامانىۋىلىشىش دەۋرى ھېسابلانغان 20 ـ ئەسىرگە قەدەم قويۇۋاتقان شارائىتتا ئۇنىڭ نەقەدەر ئەكسىيەتچى فېئودال ئىدىيەنى ئەڭگۈشتەر بىلىپ ھاكىمىيەت تۇتۇۋاتقانلىقىنى كۆرۈۋالايمىز. مانا بۇ 20 ـ ئەسىرنىڭ بېشىدا دىيارىمىزغا 17 يىل ھۆكۈمرانلىق قىلغان بىر سىياسىي سېھىرگەرنىڭ بىخۇدلاشتۇرۇش تاكتىكىسىدۇر!

ياڭ زېڭشىن بىرنەچچە يىل ئىچىدە ئۆزىگە قارشى ھەربىي ۋە ئىنقىلابىي كۈچلەرنى پاك ـ پاكىز يوقىتىپ، ئۆزىنىڭ ئورنىنى مۇستەھكەملىۋالغاندىن كېيىن زەھەرخەندە نەزىرىنى يەرلىك خەلق ئىچىدىكى ئىلغارلىق پائالىيەتلىرىگە ۋە بۇ پائالىيەتنىڭ ئاۋانگارتلىرىغا ئاغدۇردى. شىنجاڭدا ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن 17 يىل جەريا-

① ئەسەت سۇلايمان: «تەكلىماكانغا دۈملەنگەن روھ» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2000 ـ يىلى نەشرى، 130 ـ بەت.

www.uyghurkitap.com

نىدا (1912 — 1928) «خەلقنى نادانلىقتا قالدۇرۇپ باشقۇرۇش سىياسىتى» نى يولغا قويغان ياڭ زېڭشىن:

يىراق شەرقتىن كەلدىم بۇ ياققا،
چىلاڭ ساقلاپ تۇرىمەن غەربنى.
قالدۇرىمەن بىلىمسىز، نادانلىقتا،
پادىشاھقا بويسۇندۇرىمەن خەلقنى①.

دېگەن ئەكسىيەتچى سىياسىي ئەقىدىسىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، كونا مائارىپنى قوللاپ، يېڭى مائارىپنى كۈچىنىڭ بارىچە توسقان. ئەينى يىللاردا «ئىسلام دىنىدىن ساۋاق بېرىدىغان دىنىي مەكتەپلەرنىڭ كۆپىنچىسىنى ئاخۇنلار ئاچقان بولۇپ، بۇ مەكتەپلەر ئىپتىدائىي دەرىجىلىك مەكتەپ، يۇقىرى دەرىجىلىك مەكتەپ دەپ ئىككى خىلغا بۆلۈنەتتى. ئوقۇغۇچىلارغا دىنىي قائىدە، دىنىي ئەقىدىدىن ساۋاق بېرىلەتتى. نامازنىڭ ئايەتلىرى ئۆگىتىلەتتى، پەن - مەدەنىيەت بىلىملىرى ئۆگىتىلمەيتتى، ئۆگىنىش ئۇسۇلى ئۆلۈك هالدا يادلاش بولۇپ، مەنىسىنى بىلىش تەلەپ قىلىنمايتتى. ياڭ زېڭشىن بۇنداق مەكتەپلەرنىڭ ھەممىسىنى رىغبەتلەندۇرگەنىدى.②» ئۇ شىنجاڭنى لاۋزىنىڭ «دانالارنى ئەتىۋارلىماي، نادانلارنى ئەتىۋارلاش» نەزەرىيەسى بىلەن ئىدارە قىلغان. «شىنجاڭنىڭ مىنگو دەۋرىدىكى تارىخى» دېگەن كىتابتا يېزىلىشىچە، ئۇ «لاۋزىنىڭ نادانلارنى ئەتىۋارلاش» نەزەرىيەسىنى يولغا قويغانلىقى ئۈچۈن، شىنجاڭنىڭ مەدەنىيەت، مائارىپىنىڭ ئۇزاق مەزگىل قالاق هالەتتە تۇرۇش ۋەزىيىتىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان. ياڭ زېڭشىن «ئىستىغپار ھۇجرىسىدا ئوقۇلغان

① ۋېن فىرەن: «شىنجاڭدا ياپونغا قارشى مىللىي بىرلىك سەپنىڭ قۇرۇلۇشى ۋە ئۇنىڭ بۇزۇلۇشى»، «شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى» 8 - سان.

② «شىنجاڭنىڭ قىسقىچە تارىخى» (3)، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2000 - يىلى نەشرى، 85 - بەت.

لاۋزى خاتىرىلىرى»، «سەۋەنلىكلەردىن خاتىرىلەر» دېگەن كىتابلىرىدا «لاۋزى تەلىماتى» غا قايتا ـ قايتا چوقۇنۇپ، «نادانلىق ئەۋزەل» دېگەن ئىدىيەنى تەرغىب قىلغان. ئۇنىڭ بۇنداق قىلىشتىكى مەقسىتى شىنجاڭنى «گومۇشلار دۇنياسى» غا، شىنجاڭ خەلقىنى بىلىمسىز «ئىپتىدائىي ئادەملەر» گە ئايلاندۇرۇپ، شۇ ئارقىلىق ئۆزىنىڭ مىلىتارىست ھاكىمىيىتىنى ساقلاپ قېلىش ئىدى. شۇنداقلا خەلقنى «خەت يازالمايدىغان، كىتاب ئوقۇيالمايدىغان»، «نادانلىق ۋە ئويۇن ـ كۈلكە بىلەنلا ياشايدىغان»، «پاراسەتسىز خەلق» كە ئايلاندۇرۇپ، ئۆزىنىڭ «خاتىرجەم باشقۇرۇش» نى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئىدى[1]. شۇڭا ئاخىرقى ھېسابتا ئىكساقتا قۇرۇلغان دارىلمۇئەللىمىن مەكتىپى زورلۇق كۈچ بىلەن تاقىۋېتىلگەن، قوللايدىغان گۇرۇھتىكىلەر ئامالسىز قالغان. بۇنىڭدىن قاتتىق ئېچىنغان نۇشىرۋان يائۇشېف مۇنداق يازغان: «ئالدىنقى يىللىرى مەشھۇر جامائەت ئەربابلىرىدىن مۇسابايېفلارنىڭ تىرىشچانلىقى بىلەن قەشقەردە يېڭىچە تەلىم ـ تەربىيە مەكتىپى ئېچىلغانىدى. بۇ مەكتەپ 5 — 6 يىل داۋاملاشقان بولسا ئالتە شەھەر ئۈچۈن باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرى يېتىشىپ قالغان بولاتتى. لېكىن بۇ بەختسىز خەلق شۇ بىردىنبىر ئىلمىي ئورۇننىمۇ تۇتۇپ تۇرالمىدى». ئەلۋەتتە، بۇ مەكتەپنىڭ تاقىلىشىدا ياڭ زېڭشىننىڭ رەزىل قولى ھەل قىلغۇچ رول ئوينىغان. ئۇ «تۈركلەر ئايەت ئۆگىنىش نامى بىلەن ھەدەپ قۇتراتقۇلۇق قىلسا، ئۇنىڭ يوشۇرۇن ئاپىتىنى تەسەۋۋۇر قىلىش تەس[2]» دېگەن ھەم 1917 ـ يىلى ئەھمەد كامالنى كۇچاغا سۈرگۈن قىلغان. كېيىن كۇچادىمۇ توختاتماي ئۈدۈل ئۈرۈمچىگە يالاپ ئاپارغۇزۇپ ئۈرۈمچى تۈرمىسىگە ئىككى يىل قامىغان. شۇنىڭ بىلەن ئۇيغۇر يېڭى مائارىپ ھەرىكىتى تارىخىدىكى بۇ ئىستراتېگىيەلىك

① چېن خۇيشېڭ، چېن چاۋ: «شىنجاڭنىڭ مىنگو دەۋرىدىكى تارىخى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2004 ـ يىلى نەشرى (ئۇيغۇرچە)، 133 ـ، 134 ـ بەت.

② چېن خۇيشېڭ، چېن چاۋ: «شىنجاڭنىڭ مىنگو دەۋرىدىكى تارىخى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2004 ـ يىلى نەشرى، 146 ـ بەت.

قەدەم مەنزىلگە غەلىبىلىك يېتەلمىگەن. شۇ سەۋەبلىك ئۇيغۇر يېڭى مائارىپ ھەرىكىتىنىڭ تەرەققىياتى 20 يىل كېچىككەن.

ئېكساقتىكى «قەشقەر دارىلمۇئەللىمىن» مەكتىپىنىڭ پاجىئەلىك ئاقىۋىتى قەشقەردىكى جەدىدلىك ھەرىكەتلىرىگە قاتتىق زەربە بولغان. جەمئىيەت ئەنسىزلىك ئىچىدە قالغان. بۇ يىللاردا شەرق ۋە غەربتىكى بارلىق ئەللەردە تەرەققىياتقا، يېڭى مەدەنىيەتكە يۈزلىنىش ھۆكۈمەت ھەرىكىتى ئارقىلىق داغدۇغىلىق ئەمەلگە ئاشۇرۇلۇۋاتقان بولسا، شىنجاڭدا دەل بۇنىڭ تەتۈرىسىچە ياڭ زېڭشىنىڭ «نادانلىقتا قالدۇرۇپ باشقۇرۇش» تەك رەزىل سىياستى سەۋەبىدىن قەشقەر، غۇلجا، تۇرپانلاردا يېڭىدىن كۆز ئاچقان مەرىپەت بۇلاقلىرىنىڭ كۆزى رەھىمسىزلىك بىلەن تىندۇرۇلۇپ، جەدىدلىك ھەرىكەتلىرىگە راۋاجلىنىش ئىمكانىيىتى بېرىلمىگەن.

ئەمما، جاھان مىقياسىدىكى ئالەمشۇمۇل ئۆزگىرىشلەر قەشقەردە ئابدۇقادىر داموللام باشلىغان جەدىدلىك ھەرىكىتىگە تارىخىي خاراكتېرلىك سەكرەش پۇرسىتى ئاتا قىلغان. 1914 ـ يىلى 7 ـ ئايدا مەشھۇر سارايېۋ ۋەقەسى سەۋەبىدىن پارتلىغان بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشى مىسلى كۆرۈلمىگەن دەرىجىدە كەڭ كۆلەملىك ئۇرۇشقا ئايلىنىپ، تۆت يىل ئۈچ ئاي داۋام قىلىپ 1918 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى ئاخىرلاشقان. بۇ قانلىق ئۇرۇشتا ئامېرىكا بىلەن ياپونىيە مۆلچەرلىگۈسىز پايدا ئالغاندىن باشقا، ئۇرۇشقا قاتناشقان بارلىق دۆلەتلەر ئېغىر زىيان تارتقان. چار پادىشاھ مۇستەبىت ھاكىمىيىتى ئەڭ بالدۇر غۇلاپ چۈشكەن. 1917 ـ يىلىنىڭ ئىچىدە رۇسىيەدە ئىككى قېتىم زور ئىنقىلاب بولغان، 2 ـ ئايدىكى «فېۋرال ئىنقىلابى» ئارقىلىق پېتېرگرادتا ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت قۇرۇلغان. «ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت ئۆلۈم جازاسىنى بىكار قىلغان. چار پادىشاھلىق تۈزۈمىگە قارشى بارلىق كىشىلەرنى ئومۇمىيۈزلۈك كەچۈرۈم قىلغان. ئاممىۋى يىغىلىش، نامايىش ئۆتكۈزۈش، گېزىت ـ ژۇرناللارنى نەشر قىلىشقا رۇخسەت قىلغان. بارلىق سىياسىي پارتىيەنى ئېتىراپ

قىلغان. 1917 ـ يىلى باھاردا رۇسىيە ۋاقىتىنچە دۇنيادىكى ئەڭ ئەركىن دۆلەتلەرنىڭ بىرىگە ئايلانغان①.» شۇ يىلىنىڭ ئاخىرى بولشېۋىكلار «ئۆكتەبىر ئىنقىلابى» نى قوزغاپ ھاكىمىيەتنى «فېۋرال ئىنقىلابى» ئارقىلىق قۇرۇلغان ۋاقىتلىق ھۆكۈمەتتىن تارتىۋالغان. 1917 ـ يىلىدىن 1921 ـ يىلىغىچە بولغان ئارىلىقتا رۇسىيەدە لېنىن رەھبەرلىكىدىكى مەركىزىي ھۆكۈمەت ئىنتايىن ئاجىز ئەھۋالدا تۇرغان. رۇسىيەدىكى ئۆزگىرىش ۋە ئىنقىلاب تەبىئىي ھالدا بىر ئەسىردىن بۇيان رۇسىيەنىڭ تۆمۈر چاڭگىلىدا تۇرۇپ كەلگەن ئوتتۇرا ئاسىيا ئۆلكىلىرىدە ئۆزلىرىنىڭ سىياسىي ئىستىقبالىنى نەزەرگە ئالغان مىللىي ھەرىكەتلەرنىڭ جۇش ئۇرۇپ راۋاجلىنىشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان. چار رۇسىيە تەۋەسىدىكى بارلىق مۇسۇلمان تۈركىي خەلقلەر رايونىدا مۇستەقىللىق ھەرىكەتلىرى پەيدا بولۇشقا باشلىغان. كۆپ يىللاردىن بۇيان ئىچكى ئىشلاردا ئەركىن، ئەمما تاشقى ئىشلاردا رۇسىيەگە باغلىنىپ تۇرۇۋاتقان بېقىندى خانلىق خىۋە خانلىقى بىلەن بۇخارا ئەمىرلىكىمۇ ئۆزىنىڭ ئىچكى ـ تاشقى ئىشلىرىغا ئۆزى ئىگە بولۇش يولى ئۈستىدە ئىزدىنىشكە كىرىشكەن. جەدىدچىلەردىن تەشكىل تاپقان «ياش بۇخارالىقلار» ۋە «ياش خىۋەلىكلەر» تەشكىلاتى جۇشقۇن ھاياتىي كۈچىنى نامايان قىلغان. ئۇلار ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ئوتتۇرا ئاسىيالىقلار تەرىپىدىن ئىدارە قىلىنىشى توغرىسىدىكى قاراشنى تەرغىب قىلغان. «ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرىنىڭ ئىلغار مەنىۋى داھىيلىرى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئىجتىمائىي ۋە سىياسىي پائالىيەتلەرگە يېتەكچىلىك قىلىش مەقسىتىدە، 1917 ـ يىلىنىڭ مارت ئايلىرىدا بىر يەرگە يىغىلىپ كۆپ ساندىكى ئەزالار جەدىدچىلەردىن تەشكىل تاپقان ‹ئىسلام شۇراسى› نى قۇرۇپ چىققان. بۇ پارتىيەنىڭ سېكرېتارلىقىنى ئوتتۇرا ئاسىيا جەدىدلىك ھەرىكىتىنىڭ ئاۋانگارتلىرىدىن بىرى بولغان مۇنەۋۋەر

① يې. ۋ. ئانىشموف: «رۇسىيە تارىخىغا دائىر ۋەقەلەر»، شەرق نەشرىياتى، 2009 ـ يىلى 7 ـ ئاي نەشرى، خەنزۇچە، 417 ـ بەت.

قارىي ئۇستىگە ئالغان. ئۇلار دەرھال ھەرىكەتكە كېلىپ ئوتتۇرا ئاسىيا تەۋەسىدە بىر قۇرۇلتاي چاقىرىشنى قارار قىلىشقان. قۇرۇلتاي تەييارلىقلىرى تاماملىنىپ، 1917 ـ يىلى 17 ـ ئاپرېل كۈنى تاشكەنت شەھىرىدە 440 نەپەر ۋەكىل قاتناشقان تۇنجى قېتىملىق ئوتتۇرا ئاسىيا مۇسۇلمانلار قۇرۇلتىيى چاقىرىلغان. بۇ قۇرۇلتايدا «رۇسىيەنىڭ كەلگۈسى ئىجتىمائىي تۈزۈمى ۋە ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ بۇ تۈزۈم ئىچىدىكى ئورنى» ھەمدە «رۇس كۆچمەنلىرىگە تارقىتىپ بېرىلگەن يەرلەرنىڭ ئەھۋالى توغرىسىدا» دېگەندەك بىرمۇنچە تېمىلارنى ئاساس قىلغان ھالدا مۇزاكىرە ئۇيۇشتۇرۇلغان. قۇرۇلتايغا قاتناشقان ۋەكىللەرنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك جەدىدلىكنى ھىمايە قىلىشىدىغان كىشىلەر ئىدى[1].» ئۇزاق ئۆتمەي قازاقلاردىن چىققان مەشھۇر جەدىدچى مۇستاپا چوقاي ئوغلى رەھبەرلىكىدىكى قوقەنت مۇختارىياتى قۇرۇلغان. ئۈچ ئايغا يېقىن ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن بۇ ھۆكۈمەت 1918 ـ يىلى 18 ـ فېۋرال كۈنى قىزىل گىۋاردىيەچىلەرنىڭ قوراللىق باستۇرۇشى بىلەن ئاغدۇرۇلغان. ئورنىغا تۈركىستان ئاپتونوم سوۋېت سوتسىيالىستىك جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغان. ئوتتۇرا ئاسىيادا توختاۋسىز سىياسىي ئۆزگىرىش ۋە تۈرلۈك ئىجتىمائىي ئىنقىلابلار يۈز بېرىپ، داغدۇغىسى جاھاننى بىر ئالغان مۇشۇ يىللاردا قەشقەردىكى بۇرۇقتۇرما ۋەزىيەتتىن ئىچى سىقىلغان، غايە ـ ئارزۇلىرى ئەمەلگە ئاشماي تەقەززا بولغان ئابدۇقادىر داموللام ئوتتۇرا ئاسىياغا يەنە بىر قېتىم سەپەر قىلغان. بۇ قېتىمقى سەپەرنىڭ ۋاقتى 1918 ـ يىلىدىن 1921 ـ يىلىغىچە بولغان. بۇ جەرياندا ئابدۇقادىر داموللام ئوتتۇرا ئاسىيا ئۆلكىلىرىدىكى ئۆزگىرىشلەرگە يېقىندىن دىققەت قىلغان. ھەرقايسى سىياسىي گۇرۇھلارنىڭ مۇددىئا ـ مەقسەتلىرىنى تەھلىل قىلغان. بولشېۋىكلار ھەققىدىكى چۈشەنچىسىنى ئايدىڭلاشتۇرغان. شۇ جەرياندا ئوشتا بىر ئۆز ـ

---

① ئەھەد ئەنجانى (تۈركىيە): «چەت ئەللەردە جەدىدلىكتىن ئىستىقلالىيەتكىچە»، ئىستانبۇل، ئەمرە نەشرىياتى، 2003 ـ يىلى نەشرى، تۈركچە، 39 ـ بەت.

بېك ئايالنى ئەمرىگە ئېلىپ، ئابدۇللا ئىسىملىك بىر ئوغۇل پەرزەنت كۆرگەن. 1921 ـ يىلى رۇسىيە تۇپرىقىدا بولشېۋىكلار ھاكىمىيىتى مۇستەھكەملىنىپ، خەلقئارادىكى چوڭ دۆلەتلەرنىڭ ئېتىبراپ قىلىشىغا ئېرىشكەن. ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئوخشاشمىغان سىياسىي قاراشتىكى پائالىيەتچىلەر، بىر قىسىم داڭلىق دىنىي زاتلار ۋە مال ـ مۈلكى كۆپ بايلار تۈرلۈك ئوي ـ خىياللار بىلەن قوشنا ئەللەرگە قاراپ يول ئالغان. ئابدۇقادىر داموللام بولۇۋاتقان ئۆزگىرىشلەردىن بولشېۋىكلار ھاكىمىيىتى ئاستىدىكى ئوتتۇرا ئاسىيا ئۆلكىلىرىنىڭ نۆۋەتتىكى كېلەچىكىنى كۆرۈپ يەتكەن. ئۇ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئۈچ يىلغا سوزۇلغان كۆزىتىش، كۈتۈش، ئويلىنىش ھاياتىنى ئاخىرلاشتۇرۇپ ئوشتىن قەشقەرگە قايتىپ كەلگەن.

ئابدۇقادىر داموللامنىڭ قەشقەرگە قايتقاندىن كېيىنكى پائالىيەتلىرىدىن ئۇنىڭ ئىلگىرىكى مەرىپەتچىلىك غايىسىگە ئىگە جەدىدچىدىن ئىجتىمائىي كۈرەش ئىرادىسىگە ئىگە كەسكىن ئەمەلىيەتچىگە ئايلانغانلىقىنى ئېنىق كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. ئۇنىڭ قەشقەرگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىنكى پائالىيەتلىرى خەلق ئارىسىدا رىۋايەت تۈسىنى ئالغان. ئۇنىڭ تەسىرى يۇقىرى چەككە يەتكەن. ئۇ خەلقنىڭ قان ـ تەرى بەدىلىگە ياشاۋاتقان تەسلىمچى مەنسەپدارلارغا، جاھالەت ھامىيلىرى بولغان مەككار ئۆلىما ـ ئىشانلارغا، مال ـ دۇنيا توپلاشتىن باشقىنى ئويلىمايدىغان ئاچ كۆز بايلارغا قىلچە يۈز ـ خاتىر قىلماي، مۇرەسسەسىز مۇئامىلە قىلغان. قەشقەردىكى خىرىستىيان دىن تارقاتقۇچىلىرىغا قارشى كەيپىياتنى ئەمەلىي ھەرىكەتكە ئايلاندۇرۇپ، ئۇيغۇرلارنىڭ سىياسىي تارىخىدىكى تۇنجى نامايىشنى تەشكىللەپ ئاممىۋى نارازىلىق ھەرىكىتىنى قوزغىغان.

غەرب خىرىستىيان دىن تارقاتقۇچىلىرى ـــ مىسسىيونېرلىرى (قەشقەرلىكلەر مىسسى دەپ ئاتايتتى) قەشقەرگە 1892 ـ يىلى قەدەم قويغان. شىۋېتسىيە باش دىنىي جەمئىيىتىنىڭ كاۋكاز رايونىدا دىن تارقىتىۋاتقان مىسسىيونېرى ھۆيجېر رۇسىيە بىلەن تۈركىيە ئوت-

تۈرىسىدىكى ئۇرۇشتا ئەسىرگە چۈشكەن تۈركىيەلىك ئەرمەن يۇ-ھاننىس ئاۋېتارانئات دېگەن شاگىرتىنى ئەگەشتۈرۈپ 1892 - يىلى قەشقەرگە كەلگەن. بىللە كەلگەن تۈركىيەلىك ئەرمەن تۈرك تىلىنى بىلەتتى ھەم ئەسلىي ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلاتتى. ئۇ كاۋكازدا ھۆيجېر بىلەن تونۇشۇپ خىرىستىيان دىنىغا ئېتىقاد قىلغانىدى. ئۇنىڭ تۈرك تىلىنى بىلىشى ۋە ئىسلام دىنى بىلەن پىششىق تونۇش-لۇقى ھۆيجېرنى قىزىقتۇرغان. ھۆيجېر قەشقەرگە كېلىپ ۋەزىيەتنى كۆزىتىپ، قايتىپ بارغاندىن كېيىن، قەشقەرنى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بىردىنبىر دىن تارقىتىش نۇقتىسى قىلىپ بېكىتكەن. ئارقىدىنلا بىر ئۆمەك تەشكىللىنىپ ھۆگبېرگ دېگەن پوپنىڭ يېتەكچىلىكىدە 1894 - يىلى فېۋرالدا قەشقەرگە يېتىپ كەلگەن، ئۇلارنىڭ 10 يىل-دىن ئارتۇق ئېلىپ بارغان ئېتىقاد ئۆزگەرتىش تىرىشچانلىقى ئىسلام دىنى ئىنتايىن چوڭقۇر يىلتىز تارتىپ كەتكەن قەشقەردە ھېچقانداق ئۈنۈم بەرمىگەن. ئۇلار قەشقەر خەلقىنى دىنىي ئېتىقادى-نى ئۆزگەرتىپ خىرىستىيان دىنىغا ئېتىقاد قىلدۇرۇش ئۈچۈن بىۋاسىتە تەشۋىقات ئېلىپ بېرىشنىڭ ئاقمايدىغانلىقىنى ھېس قىل-غان. شۇنىڭ بىلەن 1906 - يىلى قاھىرەدە ئېچىلغان گوسپېل يى-غىنىنىڭ روھى بويىچە دوختۇرخانا، مەكتەپ، دارىلئېيتام ئېچىش، شۇ ئارقىلىق داۋالاش ۋە تەربىيەلەش يولى بىلەن ئۈنۈمگە ئېرىشىش-نى ئويلىغان. بۇ نۇقتىنى شىۋېتسىيەلىك گۇننار ياررىڭمۇ ئېنىق كۆرسىتىپ «دوختۇرخانا خىزمىتى بىلەن مائارىپنى يولغا قويۇش دىن تارقاتقۇچىلارنىڭ ۋەزىپىسى ئۈچۈن يول راسلاش، كۆۋرۈك سې-لىشتىن ئىبارەت ئىدى[①]» دەپ يازغان. «تۈپ ماھىيەتتىن ئېيت-قاندا، شىۋېت مىسسىيونېرلىرىنىڭ ئىسلام دىنى ۋە مەدەنىيىتى چوڭقۇر يىلتىز تارتقان بۇ رايوندا خىرىستىيان دىنىنى تارقىتىشقا كىرىشىشى ھەمدە يەرلىك ئۇيغۇرلارنىڭ ئىسلامىيەت ئەقىدىسى بى-

---

① گۇننار ئالفرېد ياررىڭ (شىۋېتسىيە): «قەشقەرگە قايتا سەپەر»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1998 - يىلى نەشرى، 136 - بەت.

لەن زىچ يۇغۇرۇلۇپ كەتكەن ئەنئەنىۋى مەدەنىيەتنى ۋە قىممەت قاراشلىرىنى ئۆزگەرتىشكە ئۇرۇنۇشى ‹مەدەنىيەت تاجاۋۇزچىلىقى› دىن باشقا نەرسە ئەمەس ئىدى①». ئۇلار دىن تارقىتىش خىزمىتىنى سەۋرچانلىق بىلەن ئىشلىگەن. ئىگە - چاقىسىز يېتىم بالىلارنى بېقىپ تەربىيەلەش ئارقىلىق بارا - بارا ئېتىقاد ئۆزگەرتىش خىزمىتىدە ئۇنۇمگە ئېرىشكەن. 1920 - يىللارنىڭ ئالدى - كەينىدە ئۇلارنىڭ مەكتىپىگە بارىدىغان ئوقۇغۇچىلار سانى 100 دىن ئېشىپ كەتكەن. 1923 - يىلى ئەڭ يۇقىرى چەككە يېتىپ 200 دىن ئاشقان.

ئابدۇقادىر داموللام خەلقنىڭ 1000 يىلدىن ئاشقان ئەقىدە - ئېتىقادى خىرىسقا دۇچ كەلگەن مۇشۇنداق جىددىي پەيتتە كۆكرەك كېرىپ ئوتتۇرىغا چىقىپ، خەلقنىڭ ئەقىدە - ئېتىقادىنى چىڭىتىش، دىنىي كىملىكىنى ھېس قىلدۇرۇش، نۆۋەتتىكى كىرىزىسقا قانداق تاقابىل تۇرۇش توغرۇلۇق پۇرسەت يار بەرگەنلىكى سورۇنلاردا تەشۋىقات - تەربىيەنى كۈچەپ قانات يايدۇرغان. ئالدى بىلەن شاگىرتلىرىنىڭ قەلبىگە مىسسىيونېرلارغا قارشى غەزەپ يالقۇنىنى تۇتاشتۇرغان. ھەر كۈنى ناماز دىگەردىن كېيىن، ھېيتگاھ جامەسىدە ئەمرىمەرۇپ، مۇنازىرە سورۇنلىرىنى ئۇيۇشتۇرۇپ، ۋەز - تەبلىغ قىلىپ غاپىل خەلققە ئۆزلۈكسىز تەشۋىقات، تەرغىبات ئېلىپ بارغان. مۇتەئەسسىپ ئۆلىمالار بىلەن مۇنازىرە قىلىپ، ئۆزىنىڭ كامالەتكە يەتكەن مۇنازىرە قابىلىيىتى ۋە ھەققانىي سۆزلىرى بىلەن ئۇلارنى مات قىلغان. تار دائىرىدىكى يۇمشاق ئىبادەتلەرنى ئادا قىلىش بىلەنلا قانائەت تۇيغۇسىغا چۆمۈپ، خاتىرجەم ياشاشقا ئادەتلەنگەن موس - موس موللاملارغا نەپرەتلەنگەن ئابدۇقادىر داموللام ئۇلارنىڭ ئىبادەتنى تولىمۇ يۈزە چۈشىنىپ بىپەرۋا كۈن ئۆتكۈزۈشلىرىگە چىداپ تۇرالماي، يالقۇنلۇق نۇتۇقلىرى بىلەن ئۇلارغا بۇرچىنى تونۇش توغرۇلۇق نەسىھەت قىلغان. ئۇ ئېنىق قىلىپ «ئالىم-

① ئەسەت سۇلايمان: «ئۆزلۈك ۋە كىملىك»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 2006 - يىلى نەشرى، 148 - بەت.

لىرىمىز زىممىسىدىكى ۋەزىپىسىنىڭ ئېغىرلىقىنى تونۇپ، ياخشى
ئەمەللەرنى خالايىققا ئەينەن يەتكۈزسۇن» دەپ كۆرسەتكەن. ئابدۇقا-
دىر داموللام يۇرت كاتتىلىرى بولغان بېخىل بايلارغا قەشقەر كو-
چىلىرىدا سەرسان - سەرگەردان بولۇپ يۈرگەن بالىلارنى،
گۇلاخلاردا كۇلگە كۆمۈلۈپ ياتقان يېتىم - يېسىرلارنى قانات ئاسا-
تىغا ئېلىش، ئۇلارغا ساخاۋەت داستىخىنىنى يېيىپ قېرىنداشلىق
مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلىش ھەققىدە يول كۆرسەتكەن. ئابدۇقادىر
داموللام ئۇلارغا «ئۆزىمىز يۇرتىنىڭ كۆزى، خەلقىنىڭ بېشى بولۇپ
تۇرۇقلۇق، خەلقنى بەخت - سائادەتكە باشلاپ ماڭماستىن، پۈتۈن
ئىشتىياقىمىز بىلەن شەخسىي تاپاۋەت يولىغا ماڭساق، قولغا كىر-
گەن تىللا - تەڭگىلەرنى ئەۋرەزگە كۆمۈپ، خاتىرجەم ياتساق، ئىس-
تىقبالىمىز توغرىسىدا زەررىچە قايغۇرمىساق، كەلگۈسى ئەۋلادلى-
رىمىزغا نېمەدەپ جاۋاب بېرىمىز، ئۇلارنىڭ ئالدىدا ئاسىي گۇناھ-
كار بولۇپ قالماسمىزمۇ! ... ئەپسۇسكى، بىز غەمخورلۇق قىلماي
كوچىغا تاشلىۋەتكەن بالىلىرىمىزنى ياۋروپادىن كەلگەن مۇخالىپەت-
چىلەر ئۆز قوينىغا تارتماقتا. ئىنگلىز - شىۋېتلار قانداقتۇر شىپا-
خانا قۇرۇپ داۋالاش يوللىرى بىلەن ئەقىدە ئوغرىلىماقتا. ئۇلار بىز-
نىڭ بالىلىرىمىزغا بىر مىسقال تەسىر كۆرسىتىشكە كۆزى يەتسە،
ئايانماستىن يۈز سەرلەپ تەڭگە سەرپ قىلماقتا. بىز بولساق، بالى-
لىرىمىزنى كوچىلارغا تاشلاپ، ئۆزىمىزدىن يىراقلاشتۇرماقتىمىز[1]»
دېگەندەك جاراڭلىق خىتابلارنى قىلغان. «نەسىھەتى ئامما» ناملىق
مەشھۇر ئەسىرىنى قايتا باستۇرۇپ كەڭ تۈردە تارقاتقان. ئۇ بۇ ئې-
سىل ئەسىرىدە خەلققە مۇنداق مۇراجىئەت قىلغان:«بۇ زامان غەپلەت
ۋە بېپەرۋالىق زامانى ئەمەس، ئويغىنىش ۋە سەزگۈرلۈك زاماندۇر!
جاھىللىق ۋە نادانلىق دەۋرى ئەمەس، ئىلىم - مەرىپەت دەۋرىدۇر.

---

① خېۋىر تۆمۈر: «ئابدۇقادىر داموللام ھەققىدە قىسسە»، شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى، 1990 - يىلى نەشرى، 272 - بەت. خېۋىر تۆمۈر ئەپەندى (1922 — 1991) ئابدۇ-قادىر داموللام ھەققىدە ئەۋلادلارغا تۈنجى قېتىم ئەتراپلىق مەلۇمات بەرگەن كىشى.

سۇسلۇق ۋە بىكارلىق ۋاقتى ئەمەس، تىرىشىش ۋە غەيرەت ۋاقتىدۇر. باشقا مىللەتلەر ئىلىم ۋە مەرىپەت سايىسىدە ھاۋادا ئۇچۇپ پەرۋاز قىلماقتا، سۇ ئاستىدا بولسا خۇددى قۇرۇقلۇقتا يۈرگەندەك ئەركىن ئۈزۈشمەكتە. بىز تېخى غەپلەت ئۇيقۇسىدا ياتماقتىمىز. ئۇيقۇ ئۆلۈمنىڭ بۇرادىرى ۋە مۇقەددىمىسىدۇر. بۇ ھالەتتە دائىم ئۇخلىماق يوقىلىش ۋە ئۆلۈم يولىدۇر! ھېلىھەم ۋاقىت ۋە پۇرسەت بار[①].» پىروگراما خاراكتېرلىك بۇ ئەسەر ئەينى ۋاقىتتا زىلزىلە خاراكتېرلىك ئۈنۈم پەيدا قىلغان. بۇ ئەسەرنىڭ تەسىرى بىلەن كىشىلەردە مىللىي ئاڭ ئويغىنىشقا باشلىغان. ئىلگىرىكى مەرىپەتچىلىك روھى بۇ مەزگىلگە كەلگەندە سىياسىي ئاڭنىڭ شەكىللىنىشى بىلەن تېخىمۇ بېيىغان. قىسقىسى، ئابدۇقادىر داموللامنىڭ زور تىرىشچانلىق كۆرسىتىشى نەتىجىسىدە قەشقەر تەۋەسىدىلا ئەمەس، بەلكى پۈتكۈل تارىم ۋادىسىدا يېڭىچە كەيپىيات بارلىققا كەلگەن. كىشىلەر يېڭىلىق، مەرىپەت ھەققىدىلا ئەمەس، ۋەتەن ۋە مىللەتنىڭ تەقدىرى ئۈستىدىمۇ ئويلىنىشىدىغان، سۆزلىشىدىغان بولغان. ئۇ ھۈسەيىنخان تەجەللىي، باھاۋۇدۇن مۇسابايېف، شەمسىدىن داموللام، سابىت ئابدۇلباقى كامالى، قۇتلۇق شەۋقى، ھاجى مۇھەممەد ئەلى قاتارلىق مەشھۇر مەرىپەت ئاشنالىرىنىڭ بىر نىيەت ـ بىر مەقسەتتە ھەمدەمدە بولۇشى نەتىجىسىدە يېڭى بىر ئەۋلاد پىداكار شاگىرتلارنى تەربىيەلەپ چىققان. مۇشۇ مەزگىلدە قەشقەردە «ياش قەشقەرلىكلەر» نامىدا بىر تۈركۈم جەدىدچە روھتىكى زىيالىيلار بارلىققا كەلگەن. ئۇلارنىڭ تۈرلۈك ئىجتىمائىي پائالىيەتلىرى قەشقەردە يېڭى جانلىنىش مەنزىرىسىنى پەيدا قىلغان. قاغىلىقتا تۇرۇپ قەشقەردىكى ئۆزگىرىشلەرگە يېقىندىن كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان داڭلىق ئەدىب ھۈسەيىنخان تەجەللىي ئابدۇقادىر داموللامنىڭ قولىدا ئوقۇۋاتقان گۇمىلىق شاگىرتى ئابدۇجېلىلغا يازغان شېئىرىي مەكتۇپىدا «غازد-

① ئابدۇقادىر داموللام: «نەسىھەتى ئاما» «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى، 2000 ـ يىللى 1 ـ سان، 70 ـ بەت.

نىڭ غەيرىتىدىن تۇغۇلغان غوۋغالارنى يېزىپ تۇرغىن[1]» دەپ تاپىلىغان. بۇنىڭدىن ئابدۇقادىر داموللامنىڭ قەشقەردىكى ئىسلاھات پائالىيەتلىرىنىڭ ئەينى چاغدا ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە بىر قىزىق تېما بولۇپ قالغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

ئەينى يىللاردا، يەنى 1920 ـ يىللارنىڭ بېشىدا قەشقەرنىڭ ۋەزىيىتى ئىنتايىن مۇرەككەپلىشىپ كەتكەن. ئەينى ۋاقىتتىكى كۈچلۈك رۇسىيە ئىمپېرىيەسى يوقىلىپ ئۇنىڭ ئورنىغا چىققان بولشېۋىزم ھۆكۈمىتى تېخى قوشنا دۆلەت ۋە رايونلارغا تەھدىت ۋە تەسىر كۆرسەتكۈدەك كۈچنى ھازىرلىمىغانىدى. بۇ پۇرسەتنى چىڭ تۇتقان بىرىتانىيە ھۆكۈمىتى ئۆزىنىڭ جەنۇبىي شىنجاڭدىكى، جۈملىدىن قەشقەردىكى تەسىرىنى ئاشۇرۇش مەقسىتىدە جىددىي ھەرىكەت قىلىۋاتاتتى. دېمەك، بىرىتانىيە كېڭەيمىچىلىرىنىڭ شىنجاڭغا بولغان سىڭىپ كىرىش قارا نىيىتى، شىنجاڭنى ئۆزلىرىنىڭ تەسىر دائىرىسى ئىچىگە ئېلىش ئۇرۇنۇشلىرى قەشقەر ۋەزىيىتىنى ناھايىتى مۇرەككەپلەشتۈرۈۋەتكەن. ئەمما ئابدۇقادىر داموللامنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك، مىللەتپەرۋەرلىك پائالىيەتلىرى ئۇلارنىڭ كۈتمىگەن يېرىدىن چىققان. 1924 ـ يىلى ئابدۇقادىر داموللام ھەرقايسى مەدرىسەلەردىكى تالىپلارنى تەشكىللەپ شۋېت دىن تارقاتقۇچىلىرىنىڭ ھەرىكىتىگە قارشى نامايىش تەشكىللىگەن. 1936 ـ يىلى نەنجىڭدە نەشر قىلىنغان، زېڭ ۋېنۋۇ تەرىپىدىن يېزىلغان «جۇڭگونىڭ غەربىي يۇرتنى ئىدارە قىلىش تارىخى» دېگەن كىتابتا يېزىلىشىچە، «مىنگونىڭ 12 ـ يىلى قەشقەردىكى چوڭ مۇپتى ئابدۇقادىر داموللام خىرىستىيان كۈچلىرىنىڭ شىنجاڭدا يامراپ كېتىۋاتقانلىقىنى نەزەردە تۇتۇپ مۇسۇلمانلارنى ئويغىتىش ئۈچۈن ھۆكۈمەتتىن ژۇرنال چىقىرىشقا ئىجازەت بېرىشنى تەلەپ قىلغان. لېكىن ھۆكۈمەت

---

① ئابدۇقادىر داموللام ئۆزىنىڭ تەخەللۇسىنى 1907 ـ يىلى ئۇستازى بۇخارا مۇپتىسى ئىۋەز خوجەندىنىڭ ئۆلۈمىگە يازغان مەرسىيەسىدە «غازى» دەپ ئاتىغان. كېيىن «ئەزىزى» دېگەن تەخەللۇسنىمۇ قوللانغان. زاماندىشلىرى كۆپرەك «غازى» دەپ تەرىپلەيتتى.

رۇخسەت قىلمىغان. ئابدۇقادىر داموللام تەشۋىقات ماتېرىياللىرىنى يېزىپ، تالىپلىرىغا ھەرقايسى مەسچىتلەرگە چاپلاشقا ئورۇنلاشتۇرغان. بۇنى ئوقۇغانلار ناھايىتى كۆپ بولغان. ئۇنۇمى چوڭ بولغان». مانا مۇشۇنداق ئىدىيەۋى قوزغىتىش نەتىجىسىدە قەشقەردىكى ئوقۇغۇچىلار پىلاكاتلارنى كۆتۈرۈشۈپ، شوئار توۋلاپ كوچىلارنى ئايلانغان. مىسسىيونېرلارنىڭ تەشۋىقات ماتېرىياللىرىنى كۆيدۈرۈپ تاشلىغان. بۇ ئىش قەشقەرنى زىلزىلىگە سېلىۋەتكەن. قەشقەردىكى ئەنگلىيە كونسۇلخانىسى، شۋېت مىسسىيونېرلىرى ۋە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئادەملىرى چۆچۈپ كەتكەن. «نامايىش كۆتۈرۈلگەن كۈنىنىڭ ئەتىسىلا قەشقەر دوتىيى ئابدۇقادىر داموللام، ماۋت ھاجىم، ياقۇپ ھاجىم باشلىق 30 غا يېقىن كىشىنى 40 كۈن ھەپسىگە سولاپ قويغان[①].» ياڭ زېڭشىن ھۆكۈمىتى ئىشنى ئۆزىنىڭ ئادەتلەنگەن ئۇسۇلى بويىچە ھەل قىلىدىغانلىقى توغرۇلۇق چەت ئەل كۈچلىرىگە ۋەدە بەرگەن. جۇڭگونىڭ فېئوداللىق مەدەنىيىتى ھەققىدە چوڭقۇر مۇھاكىمە يۈرگۈزگەن مۇتەپەككۇر ئەدىب لۇ شۈن ئەپەندى جۇڭگونىڭ فېئوداللىق جەمئىيىتىنى «ئادەمخور جەمئىيەت» دەپ ئاتىغان. ئۇ، جۇڭگو فېئوداللىق جەمئىيىتىنىڭ نېگىزلىك ئىللەتلىرى ھەققىدە توختىلىپ «جۇڭگونىڭ كونا ئۇدۇمى شۇنداق، ئۇقۇمۇشلۇق ئادەملەرنىڭ قورسىقىدا ئومۇمەن قانخورلۇق ئامىللىرى بولىدۇ، ئۇلار، تۇتقان يولى ياتلارغا ھەرقاچان ئۆلۈم يولىنى راسلاپ قويىدۇ[②]» دەپ كۆرسەتكەن. جۇڭگونىڭ فېئوداللىق جەمئىيىتىنىڭ مەھسۇلى بولغان مەككار سىياسىيون ياڭ زېڭشىن ئادەمخورلۇقتا ئۇچىغا چىققان فېئودال ئەمەلدار ئىدى. ئۇ «مائارىپى يوق مىللەت دۇم كۆمتۈرۈپ قويۇلغان قازاننىڭ ئاستىدىكى قوڭغۇزغا ئوخشايدۇ. جاھان مۇشۇ دەپ يۈرۈۋېرىدۇ. نادان خەلقنى باشقۇرماق

① باتۇر روزى: «يېڭى مائارىپ بايراقدارى ــ ئابدۇقادىر داموللام»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2003 ـ يىلى نەشرى، 90 ـ بەت.

② «لۇ شۈن ئەسەرلىرى» 3 ـ قىسىم («سايىۋەنىنىڭ داۋامى» دىكى «پاجىئەلىك ۋە كۈلكىلىك») شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2006 ـ يىلى نەشرى، 461 ـ بەت.

www.uyghurkitap.com

ئاسان، ئۇلارنى قويغا ئوخشاش خالىغان تەرەپكە ھەيدەپ كەتكىلى بولىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن مەن ئۇلارغا مائارىپنى بەرمەيمەن، ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن چىققان ھەرقانداق ئىقتىدارلىق ۋە ئەقىللىك كىشىنى دەرھال نەزەربەند قىلىمەن، بىر باھانە تېپىپ يوق قىلىمەن[1]...» دېگەندى. ئۇ ئۆزىنىڭ ئابدۇقادىر داموللامدىن ئىبارەت بۇ دانا ئىسلاھاتچىنى يوقىتىش مەقسىتىنى كالتە پەم، بۇرنىنىڭ ئۇچىنىلا كۆرىدىغان، مۇناپىق مىجەز شەخسىيەتچى بايلار بىلەن ھەسەتخور ئۆلىمالارنىڭ غالچىلىق قىلىپ ماسلىشىشى ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشۇرغان.

قەتئىي ئىرادىلىك ۋەتەنپەرۋەر، پىداكار يول باشچى، مۇتەپەككۇر ئىسلاھاتچى، ئوت يۈرەك جەددىچى ئابدۇقادىر داموللام 1924 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى تاڭ سەھەردە قەشقەر شەھىرىدىكى ئۆيىدە ياللانغان قاتىل تەرىپىدىن قەستلەپ ئۆلتۈرۈلگەن. ئۇيغۇر خەلقى ئۈچۈن زور يوقىتىش ھېسابلانغان بۇ قاتىللىق ۋەقەسى پۈتكۈل ئوتتۇرا ئاسىياغا پۇر كەتكەن. قەشقەردىكى ئىلغارلىقتا مايىل كۈچلەر تۈركۈملەپ قولغا ئېلىنغان. بىر قىسىملىرى تاشكەنت، ئەنجان، قاراقولغا؛ بىر قىسىملىرى غۇلجىغا، يەنە بىر قىسمى شاڭخەي، تيەنجىنگە قېچىپ قۇتۇلغان. ئابدۇقادىر داموللامنىڭ پاجىئەلىك ئۆلۈمى سەۋەبىدىن قەشقەر خەلقى چەكسىز قايغۇ ـ ھەسرەتكە چۆمگەن، تەجەللىي، قۇتلۇق شەۋقى، مەمتىلى ئەپەندى، شەمسىدىن داموللام قاتارلىق شائىرلار ئازابلىق ھېسسىياتى بىلەن مەرسىيەلەرنى يازغان، ئابدۇقادىر داموللامنىڭ ئىخلاسمەن شاگىرتلىرى ھەسرەتلىك قوشاقلارنى توقۇشقان.

ئېتىڭ بەكمۇ چىرايلىق،
ئابدۇقادىر ئەمەسمۇ.
خەلقىمىزگە يول باشلاپ
ئۆمرۈڭ ئۆتكەن ئەمەسمۇ.

---

① ئابدۇراخمان ئەبەي نەشرگە تەييارلىغان، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلغان «ئەخمەتجان قاسىمى ھەققىدە ھېكايىلەر» ناملىق كىتابنىڭ 2 ـ قىسمىغا قاراڭ.

داموللام شېھىت بولدى،
ياتار جايى بېھىش بولدى.
داموللامغا قەشقەرلىك
كۆپ يىغلاپ بىھوش بولدى.

ئۇيغۇر خەلقىنىڭ هازىرقى زامان ئىدېئولوگىيەسىنىڭ شەكىللىنىشىگە ئۇل سالغان، جەدىدلىك ئىدىيەسىنى ئۇيغۇر جەمئىيىتىگە ئۇنۇملۇك يەتكۈزۈپ، تۇنجى ئىسلاهات هەرىكىتىنى قوزغىغان بۇ ئۇلۇغ يول باشچىنىڭ سۇيىقەستكە ئۇچرىشى خەلقىمىزنىڭ مىللىي هاياتىدىكى زىيىنى هەقىقەتەنمۇ زور تارىخىي تىپىرورلۇق ئىدى. بۇ زور يوقىتىشنى گويا ئالىم ئابدۇشۈكۈر مۇهەممەتئىمىن ئېيتقاندەك «كىشىنى ئەسىرلەپ ئويلاندۇرىدىغان ۋە ۋىجدان نەپرىتىنى قوزغايدىغان پاجىئە بولدى①» دەپ خاراكتېرلەشكە بولىدۇ. بۇ پاجىئە بىزنى شۇنىڭ ئۈچۈن ئەسىرلەپ ئويلاندۇرىدۇكى، سەئىدىيە خانلىقىدىن

① ئابدۇشۈكۈر مۇهەممەتئىمىن: «ئۇيغۇر پەلسەپە تارىخى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1997 - يىلى نەشرى، 373 - بەت. ئالىم ئابدۇشۈكۈر مۇهەممەتئىمىننىڭ ئاتا - بوۋىسى ئابدۇقادىر داموللامنىڭ قوشنىسى ئىدى. ئابدۇقادىر داموللامنىڭ شاھ هاجىم، ئىبراهىم هاجىم، ئابباس هاجىم، خەلپەت هاجىم، ئاخۇنباي هاجىم دەپ بەش قوشنىسى بولۇپ، ئۇلارنىڭ پەرزەنتلىرى ۋە نەۋرىلىرى ئۇيغۇرلارنىڭ 20 - ئەسىردىكى سىياسىي، ھەربىي، مەدەنىي، مائارىپ، ئىلىم - پەن ئىشلىرىدا مۇهىم رولىلارنى ئوينىغان. مەسىلەن، شاھ هاجىمنىڭ چوڭ ئوغلى مەتيۈسۈپ هاجىم ئىلىنىڭ 1930 - يىللاردىكى مائارىپ ئىشلىرىدا باشلامچىلىق رول ئوينىغان. شاھ هاجىمنىڭ ئىككىنچى ئوغلى مەمتىلى ئاخۇننىڭ ئوغلى مۇهەممەتئىمىن ئىمىنوف ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىدا پولكوۋنىك، 1955 - يىلىدىن كېيىن گېنېرال مايور هەم شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى بولغان. شاھ هاجىمنىڭ ئىنىسى ئىبراهىم هاجىمنىڭ ئوغلى مەمتىمىن تونۇلغان زىيالىي ئىدى. ئۇنىڭ ئوغلى ئابدۇشۈكۈر مۇهەممەتئىمىن ئۇيغۇرلارنىڭ 20 - ئەسىردىكى ئەڭ مەشھۇر ئالىمىدۇر. ئاباس هاجىمنىڭ ئوغلى هاشىم ئاقساقال قىرغىزىستاننىڭ قاراقول شەھىرىدىن ئۈچتۇرپانغا كېلىپ ئولتۇراقلىشىپ، ئۈچتۇرپاننىڭ 1930 - يىللاردىكى يېڭى مائارىپ هەرىكىتىدە باشلامچى بولغان. بۇ كىشىنىڭ ئوغۇللىرىدىن ئابدۇكېرىم ئابباسوف ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ تەشكىلاتچىلىرىدىن بىرى بولغان هەم مۇهىم رەهبەرلىك ۋەزىپىسىنى ئۆتىگەن. ئابدۇسالام ئابباس زامانىمىزدىكى تونۇلغان تەرجىمىشۇناس ۋە تىلشۇناس ئالىمدۇر. خەلپەت هاجىمنىڭ ئوغلى مەمتىمىن خەلپەت هاجىيوف دەسلەپ ئاقسۇ ۋىلايىتىنىڭ ۋالىيسى، كېيىن شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق دېھقانچىلىق نازارىتىنىڭ نازىرى بولغان. ئاخۇنباي هاجىمنىڭ ئەۋرىسى گۈلناز هازىر نيۇيوركتىكى «دۇنيا بانكىسى» دا بانكىر.

كېيىن 300 يىللاپ داۋام قىلغان جاھالەت تۇتەكلىرى ئىچىدە ئۆلۈم ئۇيقۇسىدا ئۇخلاپ كەلگەن غاپىل خەلققە «بۇ ھالەتتە دائىم ئۇخلىماق ــ يوقىلىش ۋە ئۆلۈم يولىدۇر!» دەپ تەخىرسىز ھېسسىياتتا تۇنجى بولۇپ جاراڭلىق خىتاب قىلغان ئەزىمەت ئابدۇقادىر داموللام ئىدى. كاللىسىدا زامانغا لايىق ھېچقانداق بىر ئاڭ ـ چۈشەنچە يوق نادان خەلققە مەرىپەتچىلىك، مىللىيەتچىلىك ئېڭىنى ئەڭ دەسلەپ سىڭدۇرگەن مۇنەۋۋەر ئالىم ئابدۇقادىر داموللام ئىدى. سىياسىي ۋە ئىقتىسادىي ئىمكانىيەتلىرى بەكمۇ تۆۋەن ھالەتتىكى چۈشكۈن ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە يېڭىلاش ۋە گۈللىنىش ئىدىيەسىنى تاراتقان تۇنجى ئىسلاھاتچى ئابدۇقادىر داموللام ئىدى! ئابدۇقادىر داموللامنىڭ قەستلىنىشىدىن ئىبارەت بۇ پاجىئە شۇنىڭ ئۈچۈن بىزنىڭ ۋىجدان نەپرىتىمىزنى قوزغايدۇكى، ئەسىرلەردىن بېرى نادانلىق، قاششاقلىق، چۈشكۈنلۈك، چېچىلاڭغۇلۇق ئىچىدە تېپىرلاپ كېلىۋاتقان بىر خەلقنى سەگەكلىك بىلەن ياشاشقا ئۈندىگەن، يېڭىلىققا يېتەكلىگەن، ئىنسانىي قەدىر ـ قىممىتى بىلەن ياشاشقا دەۋەت قىلغان، ئادالەت ۋە سائادەت يولى ئۈستىدە ئىزدىنىشكە چاقىرغان بىر دانا يولباشچىنى كاللىسى فېئودال ئاڭ ـ ئىدىيە بىلەن تولۇپ كەتكەن ئەكسىيەتچى مەنسەپدار ياك زىڭشىننىڭ كۆزىنى مىت قىلماستىن يوق قىلىۋەتكەنلىكىدۇر. بۇنداق ھەققانىيەتسىزلىكنى فېئودال پادىشاھلىق شارائىتىدا كۆرۈلگەن بولسا، چۈشىنىشكە بولسىمۇ، «4 ـ ماي» دىن كېيىن جۇڭگونى قاپلىغان يېڭى مەدەنىيەت ھەرىكىتى شارائىتىدا قوبۇل قىلغىلى بولمايدىغان نومۇسسىزلىق، دەپ ئېيتىشقا بولىدۇ. بىزنىڭ ۋىجدان نەپرىتىمىزنى قوزغايدىغان يەنە بىر سەۋەب شۇكى، ئابدۇقادىر داموللامدەك مۇنەۋۋەر يولباشچىنى يوقاتقان رەزىل دۈشمەنلەر ئىچىدە بىزنىڭ ھاماقەت قېرىنداشلىرىمىزنىڭمۇ بار بولغانلىقىدۇر.

ئابدۇقادىر داموللامنىڭ تۆھپىسى ۋە ئىدىيەسىگە زامانىمىزدىكى تەتقىقاتچىلار يۇقىرى باھالارنى بېرىشتى. پروفېسسور ئازاد سۇل-

تان، جاڭ مىڭ، نۇرمۇھەممەت زامانلار تۈزگەن «20 ـ ئەسىر ئۇي-غۇر ئەدەبىياتى تارىخى» ناملىق كىتابتا مۇنداق كۆرسىتىلگەن: «ئابدۇقادىر داموللام مەشھۇر جامائەت ئەربابى ۋە مەرىپەت پائالىيەت-چىسى، شۇنداقلا ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ئەدەبىياتىنىڭ ئاساس سال-غۇچىلىرىدىن بىرى. 20 ـ ئەسىرنىڭ دەسلەپكى قەشقەرنى مەر-كەز قىلغان ھالدا ئېلىپ بېرىلغان ئىجتىمائىي ئىسلاھات ۋە مەرد-پەت ھەرىكىتىدە، ئابدۇقادىر داموللام باشلامچى بولۇپ ئوتتۇرىغا چىققان، شۇنداقلا ئۇ ئۇيغۇر ئىدىيە مەدەنىيىتىنىڭ مەرىپەت ۋە ئە-دەبىيات تارىخىدا يېڭى بىر سەھىپە ئاچقان»، «ئابدۇقادىر داموللام ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ئەدەبىياتى تارىخىدىكى بىر نۇرلۇق چولپان ۋە يول ئاچقۇچى. ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ئەدەبىياتىدىكى جاھانگىر-لىككە، فېئودالىزمغا، نادانلىققا قارشى تۇرۇش، ئازادلىق، ئەركىن-لىك، باراۋەرلىك، تەرەققىيات، دېموكراتىيە تەلەپ قىلىش ئىدىيەسى ئابدۇقادىر داموللامدىن باشلانغان[①].»

2010 ـ يىلى يانۋارنىڭ ئاخىرى يېزىلدى

① ئازاد سۇلتان، جاڭ مىڭ، نۇرمۇھەممەت زامان: «20 ـ ئەسىر ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخى»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 2001 ـ يىلى نەشرى، خەنزۇچە، 11 ـ ۋە 13 ـ بەت.

www.uyghurkitap.com

# «ئۇيغۇر مەدەنىيەت ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى» قاچان، قانداق قۇرۇلغان

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان يەرلىك مەدەنىيەت تەتقىقاتى بارغانسېرى جانلىنىپ، يەرلىك مەدەنىيەتنىڭ تارىخى، خاسلىقى، قىممىتى ۋە ھاياتىي كۈچى قاتارلىق مەسىلىلەر خېلى ئەتراپلىق يورۇتۇلۇۋاتىدۇ ھەم نامايان قىلىنىۋاتىدۇ. يېقىندا نەشر قىلىنغان «ئەزىزانە قەشقەر» ناملىق ئىككى توملۇق كىتابنى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ يەرلىك مەدەنىيەت تەتقىقاتى ساھەسىدە بارلىققا كەلگەن يېڭى نەتىجە دېيىشكە بولىدۇ. بۇ كىتاب «شىنجاڭ قەشقەرنىڭ غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قوغداش تەتقىقاتى» گۇرۇپپىسى تەرىپىدىن تۈزۈلگەن بولۇپ، 2009 ـ يىلى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان. مەن بۇ كىتابنى ئەستايىدىل ئوقۇش جەريانىدا تۈزگۈچىلەرنىڭ قەشقەرنىڭ غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت بايلىقلىرىنى قېزىش، تەشۋىق قىلىش، قوغداش، تەتقىق قىلىش جەھەتتە كۆرسەتكەن تىرىشچانلىقىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈش بىلەن بىللە، قىسمەن جايلاردا خاتالىقلارغا يول قويغانلىقىنى ھېس قىلدىم. تەتقىقات ۋە ئىجادىيەت ساھەسىدە كۆرۈلگەن خاتالىقلارنى تۈزىتىش توغرۇلۇق تەنقىد ۋە تەكلىپ بېرىش نورمال ئىش بولۇپلا قالماستىن، بەلكى زۆرۈر ئىش. «ئەزىزانە قەشقەر» ناملىق كىتابنى تۈزگەن «تەتقىقات گۇرۇپپىسى» كىتابنىڭ كىرىش سۆزىدە ئىلمىي پوزىتسىيەسىنى ئىپادىلەپ «بۇ تەتقىقات نەتىجىسى ۋاقىتنىڭ قىسلىقى ۋە تىل قىيىنچىلىقى تۈپەيلىدىن ئۇيغۇر تىلىدا يېزىلدى. ئالىم ـ مۇتەخەسسىسلەرنىڭ تەكشۈرۈپ بېكىتىشىدىن ئۆتكەندىن كېيىن، خەنزۇ تىلىغا تولۇق تەرجىمە قىلىنىپ، ئىككى خىل تىلدا (خەنزۇ-

چە ۋە ئۇيغۇرچە) نەشرگە تەييارلىنىدۇ. ھۆرمەتلىك ئالىم ـ مۇتە ـ
خەسسىسلەرنىڭ قىممەتلىك تەكلىپ ـ پىكىرلىرىگە موھتاجمىز»
دەپ ئالاھىدە ئەسكەرتكەن. مەن «تەتقىقات گۇرۇپپىسى» دىكىلەرنىڭ
مۇشۇنداق روشەن ئىلمىي پوزىتسىيەسى ۋە ئۆزۈمنىڭ ئوبزورچىغا
خاس ئەقەللىي بۇرچۇمنى نەزەردە تۇتۇپ، بايقىغان خاتالىقلار تـوغ ـ
رىسىدا تەكلىپ ـ پىكىرىمنى بېرىپ ئۆتۈشنى لايىق تاپتىم. مېنىڭ
ئوتتۇرىغا قويماقچى بولغان تەكلىپ ـ پىكىرلىرىم بۇ ئىككى توم ـ
لۇق كىتابنىڭ بارلىق مەزمۇنلىرىغا قارىتىلغان بولماستىن، بەلكى
بىرىنچى كىتابتىكى مائارىپقا ئائىت بىر ماقالىنىڭ ئىچىدىكى خاتا
بايانلارغا قارىتىلغان.

«ئەزىزانە قەشقەر» ناملىق بۇ كىتابنىڭ 7 ـ بابى «قەشقەر ئۇي ـ
غۇر مائارىپى ھەققىدە ئەسلىمىلەر» بولۇپ، بۇ باب بىر مۇقەددىمە،
تۆت پاراگرافتىن تەشكىل تاپقان. مەزكۇر بابنىڭ ئىككىنچى
پاراگرافى «قەشقەرنىڭ يېڭىچە مائارىپ دەۋرى» بولۇپ، بايقىشىمچە
بۇ پاراگرافتا ۋاقىت، ئورۇن، ۋەقە ھەم شەخسلەرگە ئالاقىدار خاتا ـ
لىقلار ۋە گۇمانلىق نۇقتىلار خېلى سالماقنى ئىگىلەيدىكەن. مەز ـ
كۇر كىتابنىڭ 459 ـ بېتىدە «1933 ـ يىلى 3 ـ ئايدا 6 ـ دىۋىزىد ـ
يەنىڭ قوماندانى مەھمۇد مۇھىتىنىڭ يېتىپ كېلىشى بىلەن قەش ـ
قەرنىڭ يېڭى مائارىپ ھەرىكىتى، يېڭى مەدەنىيەت پائالىيەتلىرى
ئالاھىدە تەرەققىياتقا ئېرىشتى. ئالدى بىلەن 1933 ـ يىلى 12 ـ
ئايدا ‹قەشقەر ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسى› قۇرۇلدى. شۇنىڭ بىلەن بۇ ئام ـ
مىۋى تەشكىلات مەخسۇس قەشقەرنىڭ مائارىپ ئىشلىرى ۋە مەكتەپ ـ
مەدرىسەلەرنىڭ تەرەققىياتى، ئىسلاھاتى ئۈچۈن باشلامچى، ئىقتىسا ـ
دىي جەھەتتىن كۈچلۈك قوللىغۇچى بولۇپ، مەدەنىيەت، مائارىپ
ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىدا بەلگىلىك ئىجابىي رول ئوينىدى» دەپ
يېزىلغان. بۇ باياندا تارىخىي ئەمەلىيەتكە خىلاپ خاتالىقتىن ئۈچى
كۆرۈلگەن.

بىرىنچى خاتالىق: مەھمۇد مۇھىتى قەشقەرگە 1933 ـ يىلى 3 ـ

ئايدا ئەمەس، بەلكى 1934 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى خوجىنىياز ھاجى بىلەن بىللە 3000 — 4000 كىشىلىك قوشۇننى باشلاپ يېتىپ بارغان[1].

ئىككىنچى خاتالىق: مەھمۇد مۇھىتى 6 ـ دىۋىزىيەگە 1933 ـ يىلى 6 ـ ئايدا ئەمەس، بەلكى 1934 ـ يىلى 8 ـ ئايدا شىجاڭ بولغان. قەشقەر خەلقى ئۇنى «مامۇت سىجاڭ» دەپ ئاتايتتى. قولىدا 1500 ئەسكەر ـ ئوفىتسېر بار ئىدى. مەھمۇد مۇھىتىنىڭ شىجاڭ بولۇشى خوجىنىياز ھاجى سوۋېت ئىتتىپاقى تەرەپنىڭ ئارىغا چۈشۈشى بىلەن شېڭ شىسەينىڭ تەكلىپىگە قوشۇلۇپ، شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسلىكىنى قوبۇل قىلغان مەزگىلدىكى ئىش. شېڭ شىسەي 1934 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 31 ـ كۈنى نەنجىڭ ھۆكۈمىتىگە «جەنۇبىي شىنجاڭدىكى مالىمانچىلىق بېسىقتى، شىنجاڭدىكى ئۇرۇش ئاياغلاشتى» دەپ تېلېگرامما بەرگەن. 8 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى، شېڭ شىسەي ھۆكۈمىتى ئۇرۇمچىدە داغدۇغىلىق يىغىن ئېچىپ، شىنجاڭدا ئۇرۇش مالىمانچىلىقى ئاخىرلاشتى، تىنچلىق ئەمەلگە ئاشتى، دەپ جاكارلاپ، بۇ كۈننى «شىنجاڭنىڭ تىنچ بىرلىككە كەلگەن خاتىرە كۈنى» قىلىپ بېكىتكەن. شۇنىڭ بىلەن شىنجاڭدا خوتەندىن باشقا جايلار شېڭ شىسەينىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىغا كىرگەن[2].

ئۈچىنچى خاتالىق: «1933 ـ يىلى 12 ـ ئايدا ‹قەشقەر ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسى› قۇرۇلدى» دېگەن باياندا كۆرۈلىدۇ. شىنجاڭدا ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسى (تولۇق ھەم توغرا ئاتىلىشى: ئۇيغۇر مەدەنىيەت ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى) قاچان، قانداق قۇرۇلغانلىق مەسىلىسىگە ئائىت خاتالىق ھەرقايسى جايلارنىڭ «تارىخ ماتېرىياللىرى» دىكى مەدەنىيەت، مائارىپقا ئائىت ئەسلىمە ۋە ماقالىلەردە كۆپ كۆرۈلىدۇ. «ئەزىزانە

① «شىنجاڭنىڭ قىسقىچە تارىخى» (3)، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2000 ـ يىلى نەشرى، 317 ـ بەت.

② ليۇ زىشاۋ: «ئۇيغۇر تارىخى»، ئىككىنچى قىسىم 2 ـ كىتاب، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2003 ـ يىلى، ئۇيغۇرچە نەشرى، 1278 ـ بەت.

قەشقەر» دېگەن كىتابتىمۇ ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىنىڭ قۇرۇلغان ۋاقتى
ھەققىدىكى بۇ خاتالىق تەكرارلانغان. «ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسى» نىڭ
قەشقەردە قۇرۇلغان مەزگىلى 1933 ـ يىلى 12 ـ ئاي ئەمەس. بۇنداق
يېزىش ئەينى ۋاقىتتىكى تارىخىي ئەمەلىيەتكە ھەرگىز ئۇيغۇن كەل-
مەيدۇ. «ئەزىزانە قەشقەر» دېگەن كىتابتا كۆرۈلگەن بۇ خاتالىق ئىل-
گىرى «قەدىمكى تارىم مەدەنىيىتى» دېگەن كىتابتىمۇ كۆرۈلگەن. بۇ
كىتابتا: «1933 ـ يىلى 7 ـ ئايدا كاشغەر شەھىرىدە ‹ئۇيغۇر مەدەنىي
ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى› قۇرۇلغان. بۇ 1934 ـ يىلى ئۈرۈمچىدە ئۆل-
كىلىك ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسىنىڭ قۇرۇلۇشىغا ئا-
ساس بولغان[1]» دەپ يېزىلغان. بۇ باياندا ۋاقىتنىڭ توغرا بولماسلى-
قىدىن تاشقىرى يەنە قەشقەردە 1933 ـ يىلى قۇرۇلغان ئۇيغۇر مەدە-
نىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى 1934 ـ يىلى ئۈرۈمچىدە قۇرۇلغان ئۇي-
غۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسىغا ئاساس بولغان، دېگەن ئاساس-
سىز پىكىر ئالغا سۈرۈلگەن. تارىخ تەتقىقاتىدا ئىزدىنىپ، سېلىش-
تۇرۇپ، دەلىللەپ باقماي قارىسىغا مۇبالىغە قىلىپ يېزىشتەك
بۇنداق خاھىش ھەممىلا ئىشتا قارىغۇلارچە يەرلىك ئۈستۈنلۈك ۋە
مىللىي ئۇلۇغلۇق ئىزدەيدىغان ئىلمىگە يات پوزىتسىيە بىلەن مۇ-
ناسىۋەتلىك. تارىخ تەتقىقاتىدا ھېسسىياتقا بېرىلىپ پاكىتسىز ۋە
مەنتىقسىز ھالدا ئۆزىمىزنى باشلامچىغا، يول ئاچقۇچىغا، ئاساس
سالغۇچىغا، مەشئەلچىگە ئايلاندۇرۇشقا ئۇرۇنۇش، قىسقىسى، ئۈس-
تۈن كۆرسىتىشكە بېرىلىپ كېتىش ساددىلىق ۋە مىللىي پوچىلىق-
تىن باشقا نەرسە ئەمەس. بۇ خىل پوچىلىق يېتەرلىك تەربىيە كۆر-
مىگەن ئادەتتىكى ھەۋەسكارلارنىڭ قەلىمىدە كۆرۈلسە ئەرزىمەس
ئىش قاتارىدا مۇئامىلە قىلىنىدۇ، ئەلۋەتتە. لېكىن مۇتەخەسسىس
ھېسابلىنىدىغان تەتقىقاتچىلارنىڭ مۇنتىزىم ئەسەرلىرىدە كۆرۈلسە
ئەستايىدىل قارىماي بولمايدۇ. چۈنكى ئۇلارنىڭ قەلىمىدە كۆرۈلگەن

① «قەدىمكى تارىم مەدەنىيىتى»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 2007 ـ يىلى نەشرى، 363 ـ بەت.

خاتالىقلار تەبىئىي ھالدا باشقىلارنى قايمۇقتۇرۇپ، بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ تەكرارلىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. «ئەزىزانە قەشقەر» ناملىق كىتابتىكى خاتالىقمۇ دەل مۇشۇنداق نوپۇزلۇقلارنىڭ كىتابلىرىدىكى خاتالىقلارنى تەكرارلاشنىڭ ئىپادىسى. ئىلمىي تەتقىقاتتا تەلەپ قىلىنىدىغىنى توغرىلىق، ئىلمىيلىك ۋە پاكىتتىن ئىبارەت. «ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسى» نىڭ قەشقەردە قۇرۇلغان ۋاقتى ھەققىدە يۇقىرىدا ئېيتىلغاندەكمۇ، دېگەندە تارىخىي پاكىت ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس. شىنجاڭدا ئۇيغۇر مەدەنىيەت ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى 1934 - يىلى 8 - ئاينىڭ 8 - كۈنى قۇرۇلغان. يەنى «شىنجاڭ ئۆلكىلىك ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى» نامى بىلەن تۇنجى قېتىم ئۈرۈمچىدە ئىش بېجىرىش ئورنى تەسىس قىلىنغان، تۇرپانلىق ئابدۇللا داموللا ئۇيۇشمىنىڭ تۇنجى رەئىسى، سوۋېت ئىتتىپاقىدىن ئەۋەتىلگەن مەنسۇر ئەپەندى مۇئاۋىن رەئىس بولغان. «شىنجاڭنىڭ قىسقىچە تارىخى» (3) ناملىق كىتابتا يېزىلىشىچە 1936 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە شىنجاڭدىكى بارلىق ۋىلايەت، ناھىيەلەرنىڭ ھەممىسىدە ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيەت ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى قۇرۇلغان. ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىنىڭ قارىمىقىدا جەمئىي سەككىز ۋىلايەتلىك ئۇيۇشما، 41 ناھىيەلىك ئۇيۇشما، 23 يېزىلىق ياچېيكا تەسىس قىلىنغان. لىيۇ زىشاۋنىڭ «ئۇيغۇر تارىخى» ناملىق كىتابىنىڭ ئىككىنچى قىسىم 2 - كىتاب 1430 - بېتىدە يېزىلىشىچە، قەشقەردە ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسى 1934 - يىلى 12 - ئايدا قۇرۇلغان. ئابدۇكېرىم خالىق تۈزگەن «قەشقەر چوڭ ئىشلار خاتىرىسى» دېگەن كىتابتا «1935 - يىلى 4 - ئاينىڭ 27 - كۈنى كوناشەھەر ناھىيەسىدە ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى قۇرۇلدى. قەشقەر دىنىي ساھەسىنىڭ مۆتىۋەرى ئابدۇغوپۇر شاپتۇل داموللا ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىنىڭ مۇدىر ھەيئىتى بولۇپ سايلاندى[①].» دەپ كۆرسىتىلگەن. مۇ-

① ئابدۇكېرىم خالىق تۈزگەن: «قەشقەر چوڭ ئىشلار خاتىرىسى»، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى، 2010 - يىلى نەشرى، 206 - بەت.

ھەممەت ئىمىن قۇربانىنىڭ «تۇندىكى پاجىئە» دېگەن تارىخىي ئەسلىمىسىدە قەشقەر ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىغا مۇناسىۋەتلىك مۇنداق مەلۇمات بېرىلگەن: «ئابدۇراخمان ھاجى ئەسلىي ئاتۇشلۇق بولۇپ، ئىلى، چۆچەك تەرەپتە تىجارەت بىلەن ئۆتكەن، مەلۇماتلىق، قابىلىيەتلىك كىشى ئىدى. ئۇ 1935 - يىلىنىڭ ئاياغلىرىدا ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسىنى قۇرۇش ئۈچۈن ئۈرۈمچىدىن قەشقەرگە ئەۋەتىلگەن ھەم ئۇيۇشمىغا رەئىس بولۇپ نۇرغۇن خىزمەتلەرنى ئىشلىگەن، مەدەنىيەت - مائارىپنى راۋاجلاندۇرغان، دارىلئېتام، دارىلئاجىزىنلارنى قۇرۇپ، يوقسۇل، يېتىم - يېسىرلارنىڭ بېشىنى سىلىغان.»

ئۇنداقتا، شىنجاڭ مىقياسىدا ئۇيغۇر مەدەنىيەت ئاقارتىش ئۇيۇشمىلىرى قانداق تارىخىي سەۋەب تۈپەيلى قۇرۇلغان؟

1932 - يىلى قومۇل تاغلىرىدا خوجىنىياز ھاجى، سالى دورغىلار باشچىلىقىدا كۆتۈرۈلگەن مىللىي ئىنقىلاب چىرىك، ئىقتىدارسىز جىن شۇرېن ھاكىمىيىتىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى گۇرۇھلار زىددىيىتىنىڭ بارغانسېرى ئۆتكۈرلىشىشىگە سەۋەب بولغان. نەتىجىدە، 1933 - يىلى ئۈرۈمچىدە يۈز بەرگەن «12 - ئاپرېل» ئۆزگىرىشى بىلەن ئالتە يىل داۋام قىلغان جىن شۇرېن ھاكىمىيىتى غۇلاپ چۈشكەن. «ۋاقىتلىق قوغدىنىش كومىتېتى» قۇرۇلۇپ جىن شۇرېن دەۋرىدە مائارىپ نازىرى بولغان لىيۇ ۋېنلۇڭ باشلىق بولغان. لىيۇ ۋېنلۇڭ ۋەزىيەتنى ئۈنۈملۈك كونترول قىلىش ھەم شىنجاڭنىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى نوپۇس قۇرۇلمىسىنى نەزەردە تۇتۇپ، شىنجاڭدىكى مىللەتلەرنىڭ كۆڭلىنى مايىل قىلىش ئۈچۈن بىر تۈركۈم يەرلىك مىللەتتىن بولغان كىشىلەرنى «ۋاقىتلىق قوغدىنىش كومىتېتى» غا ئەزالىققا كىرگۈزگەن. بۇ ئەزالار ئىچىدە ئۇيغۇر، قازاق، موڭغۇل، شىبە، تاتار، مانجۇ، خۇيزۇلاردىن چىققان مەشھۇر زاتلار بار ئىدى. «ۋاقىتلىق قوغدىنىش كومىتېتى» ئۆزىنىڭ ياڭ زېڭشىن ۋە جىن شۇرېن ھاكىمىيىتىدىن ماھىيەتلىك پەرقلىنىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈش ھەم خەلقچىل، دېموكراتچىل، تەرەققىيات-

چىل، مەرىپەتچىل ئوبرازىنى تىكلەش ئۈچۈن ئىككى كۈندىن كېيىن، يەنى 1933 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈندىكى يىغىندا ئون ماددىلىق بىر پىروگراممىنى مۇزاكىرە قىلىپ ماقۇللىغان. بۇ ئون ماددا مۇنۇلار:

① ھەرقايسى مىللەتلەر سىياسىي، ئىقتىسادىي، مائارىپ جەھەتتە بىردەك باراۋەر بولۇش؛

② جايلارنىڭ ئەمەلدارلىرىنى سايلام ۋە ئىمتىھان ئارقىلىق تاللاش، ئۆلكە ۋە مىللەت چېگراسى بولماسلىق؛

③ خەلقنىڭ يىغىلىش، تەشكىلاتلارغا ئۇيۇشۇش، نەشرىيات، پىكىر بايان قىلىش قاتارلىق ئەركىنلىكلىرى بولۇش؛

④ جىن شۇرېننىڭ خەلققە تاڭغان تۈرلۈك قانۇنسىز، شەپقەتسىز سىياسەتلىرىنى بىكار قىلىش؛

⑤ قاتناشنى راۋانلاشتۇرۇش، ھەرقايسى مىللەت، ھەرقايسى جايلارنىڭ تۇرمۇش سەۋىيەسىنى تەڭشەش؛

⑥ كان مەھسۇلاتلىرىنى ئېچىپ، شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىنى مۇستەقىل قىلىش؛

⑦ دېھقانلارغا ياردەم بېرىش، يېزا ئىقتىسادىنى تولۇقلاش ۋە كونكرېتلاشتۇرۇش؛

⑧ دىپلوماتىيە ئىشلىرى مەركەزگە تەئەللۇق بولۇش؛

⑨ پارتىيەلەشتۇرۇش تەربىيەسىنى يولغا قويۇش؛

⑩ مالىيەدە مەركەز بىلەن بىردەك بولۇش[1].

بۇ ئون ماددىلىق پىروگراممىدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان مەزمۇنلار شىنجاڭ خەلقى ئۈچۈن ئېيتقاندا ئەزەلدىن كۆرۈلۈپ باقمىغان دەرىجىدە ئىلغارلىققا ئىگە ئىدى. بولۇپمۇ بىرىنچى ماددىدا دەل مەدەنىيەت، مائارىپ جەھەتتىكى باراۋەرلىك مەسىلىسى تىلغا ئېلىنغانىدى. بۇ ياڭ زېڭشىن زامانىدا تىلغا ئېلىنماق تۇگۇل، قاتتىق

① ليۇ زىشياۋ: «ئۇيغۇر تارىخى»، ئىككىنچى قىسىم (2)، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2003 ـ يىلى، ئۇيغۇرچە نەشرى، 1149 ـ بەت.

چەكلەنگەن مەسىلە ئىدى. ياڭ زېڭشىن دەۋرىنىڭ ئاخىرقى مەزگىل- لىرىدە «يېڭىلىق تەرەپدارى» دەپ ئاتالغان فەن ياۋنەن «شىنجاڭنى قۇتقۇزۇش چارىسى» سۇپىتىدە «مىللەتلەر باراۋەر بولۇش، مالىيەنى تەرتىپكە سېلىش، خىيانەتچىلىكنى يوقىتىش، مائارىپنى راۋاجلاندۇرۇش، ھەربىي قىسىمنى رەتكە سېلىش» دېگەن بەش ماد- دىلىق چارىنى ئوتتۇرىغا قويغان بولسىمۇ، ياڭ زېڭشىن مەۋجۇت ھا- لەتنى ساقلاپ قېلىش كېرەك دەپ، ئۇنىڭغا پىسەنت قىلمىغان. ئۇ- نىڭ «مەۋجۇت ھالەتنى ساقلاپ قېلىش» دېگىنى شىنجاڭدا مەدەنىي- يەت، مائارىپنى راۋاجلاندۇرماسلىق، خەلقنى نادانلىقتا قالدۇرۇپ باشقۇرۇش سىياسىتى ئىدى. «يېڭىلىق تەرەپدارى» بولغان فەن ياۋ- نەن «كونىلىق تەرەپدارى» بولغان ياڭ زېڭشىننى يوقىتىش ئۈچۈن 1928 - يىلى 7 - ئاينىڭ 7 - كۈنى ئىسيان كۆتۈرۈپ ئۇنى ئېتىپ تاشلىغان. لېكىن، فەن ياۋنەن جىن شۇرېن گۇرۇھى تەرىپىدىن مەغلۇپ قىلىنغان. ياڭ زېڭشىندىن كېيىن شىنجاڭنىڭ ھاكىمىي- تىنى قولىغا ئالغان جىن شۇرېن «مائارىپ بىلەن شۇغۇللىنىش، خەلقنىڭ زېھنىنى ئېچىش» نى تەشەببۇس قىلغان بولسىمۇ، مۇقامى ناھايىتى تۆۋەن بولغان. ئۇنىڭ بۇ تەشەببۇسى خىراجەت، ئوقۇتقۇ- چى، ئەسلىھە قاتارلىق مەسىلىلەر كەمچىل بولۇش سەۋەبىدىن ئىش- قا ئاشمىغان. ياڭ زېڭشىن ۋە جىن شۇرېن دەۋرىدىكى مەدەنىيەت، ما- ئارىپ سىياسىتىگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، ليۇ ۋېنلۇڭ رەھبەرلىكىدى- كى «ۋاقىتلىق قوغدىنىش كومىتېتى» 1933 - يىلى 4 - ئاينىڭ 14 - كۈنى ئېلان قىلغان ئون ماددىلىق پىروگراممىدىكى مەدەنىي- يەت، مائارىپ سىياسىتىنىڭ مۇقامىنى ئالاھىدە يۇقىرى دەپ ئېيي- تىشقا بولىدۇ. بۇ پىروگراممىدىكى خەلققە بېرىلگەن ھوقۇقلار شۇ چاغلاردىكى قامال قىلىنغان شىنجاڭ جەمئىيىتى ئۈچۈن زور ئىش ئىدى.

شۇ كۈنىدىكى يىغىننىڭ يەنە بىر نەتىجىسى شۇ بولغانكى، «12 - ئاپرېل» ئۆزگىرىشىدە تۆھپىسى گەۋدىلىك بولغان، قولىدا ھەربىي

هوقۇقى بار قارا نىيەت شىڭ شىسەي شىنجاڭنىڭ ۋاقىتلىق چىگرا
مۇداپىئە دۇبەنلىكىگە سايلانغان. ئۇ يىغىن ئەھلىگە: پىقىر ھەربىي
ئادەم، ھەربىي ئادەم سىياسەتكە ئارىلاشمايدۇ. بۇنىڭدىن كېيىن مە-
مۇرىي ئىشلارنى لىيۇ رەئىس ئۇستىگە ئالسۇن، پىكىر بىرلىكى بول-
ماي قالغان مەسىلىلەردە پىقىر لىيۇ رەئىسنىڭ پىكرىگە ھۆرمەت
قىلىمەن، دەپ ۋەدە بەرگەن. سەككىز كۈندىن كېيىن يەنى 4 - ئاي-
نىڭ 22 - كۈنى «ۋاقىتلىق قوغدىنىش كومىتېتى» خەنزۇچە، ئۇي-
غۇرچە، قازاقچە، موڭغۇلچە تۆت خىل يېزىقتا پۈتكۈل شىنجاڭ خەل-
قىگە بىر مۇراجىئەتنامە يوللاپ، ئون ماددىلىق پىروگراممىنىڭ
مەيدانى ۋە مەزمۇنىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ شەرھىلىگەن. بۇنىڭدىن
مەقسەت لىيۇ ۋېنلۇڭنىڭ ۋاقىتلىق رەئىسلىك، شىڭ شىسەينىڭ
ۋاقىتلىق دۇبەنلىك ئورنىنى شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ
قوللىشىغا ئېرىشتۈرۈش ئىدى. ئۇ چاغدا قومۇل، خوتەن، قەشقەر-
لەردە مىللىي ھەرىكەتلەر جانلىنىپ، شىنجاڭ ۋەزىيىتى بارغانسېرى
مۇرەككەپلىشىپ كەتكەن چاغ ئىدى. غۇلجىدىكى جاڭ پېييۈەن شىڭ
شىسەيدىن ئۆزىنى ئۇستۇن كۆرگەچكە «ۋاقىتلىق قوغدىنىش كو-
مىتېتى» نىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشلىرىغا ئانچە پەرۋا قىلمايۋاتاتتى. مۇ-
شۇنداق ئەھۋالدا شىنجاڭ خەلقىنىڭ كۆڭلىنى مايىل قىلىدىغان
سىياسەت چىقىرىش ئارقىلىق ھاكىمىيەتنى مۇستەھكەملەش تەدبى-
رى ئاقىلانىلىك ھېسابلىناتتى. لىيۇ ۋېنلوڭ بىلەن شىڭ شىسەي
شىنجاڭ خەلقىنىڭ، بولۇپمۇ يەرلىك خەلقلەرنىڭ تەرەققىيات ئېھ-
تىياجىنى چىقىش قىلىپ، ئۇلارنىڭ كۆڭلىنى مايىل قىلىشقا تى-
رىشىش بىلەن بىللە، يەنە ئۆزلىرىنىڭ ئورنىنى قانۇنلاشتۇرۇش،
مەركىزىي ھۆكۈمەتنىڭ قوللىشىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن نەن-
جىڭ مىللىي ھۆكۈمىتىگە 4 - ئاينىڭ 12 - كۈنىدىكى ئۆزگىرىش-
نىڭ سەۋەبى، جەريانى ۋە نەتىجىسىنى چۈشەندۈرۈپ دوكلات يوللى-
غان. لېكىن نەنجىڭ مىللىي ھۆكۈمىتى ئۇلارنىڭ رەھبەرلىك ئورنى
مەسىلىسىگە ئېنىق پوزىتسىيە بىلدۈرمەي، ۋاقىتنى كەينىگە سو-

زوپ تورۇۋالغان ھەم ما جۇڭيىڭ بىلەن جاڭ پېيىۋەن ئارقىلىق
شېڭ شىسەينى ئىسكەنجىگە ئالماقچى بولغان. بۇ ھال شىنجاڭدىكى
ئاساسلىق ھوقۇق تۇتۇۋاتقان سىياسىي ۋە ھەربىي كۈچلەر ئوتتۇرد-
سىدىكى ئېلىشىشنى يېڭىباشتىن قوزغىغان. ئىلىدا ئەسكىرىي
كۈچى بار جاڭ پېيىۋەن ۋاقىتلىق رەئىس بىلەن ۋاقىتلىق دۇبەننى
قوللاش ئۇياقتا تۇرسۇن بارا ــ بارا قارشىلىشىش ھالىتىگە ئۆتكەن.
خوجىنىياز ھاجى، مەھمۇد مۇھىتى، ما جۇڭيىڭ قىسىملىرى تۇرپان
ئويمانلىقىدا جىمسار ئارقىلىق ئۈرۈمچىگە يۈرۈش قىلىشقا تەي-
يارلانغان. ئۇ چاغدا شېڭ شىسەينىڭ قولىدا 4500 كىشىلىكتىن
ئارتۇق ھەربىي كۈچ بولۇپ، ئۈرۈمچى ئەتراپىدىكى رايونلارنىلا تىز-
گىنلەپ تۇرۇۋاتاتتى. ئۇنىڭ بۇنچىلىك ئاجىز ئورۇن ۋە ئاز ئەسكە-
رىي كۈچ بىلەن ئىككى تەرەپتىن قىستاپ كېلىۋاتقان كۈچلۈك رە-
قىبلىرىگە تاقابىل تۇرۇپ ئۈرۈمچىنى قوغداپ قېلىش ھەم ئۆزىنىڭ
ئورنىنى مۇستەھكەملەش مەقسىتىگە يېتەلىشى مۇمكىن ئەمەس ئى-
دى. شېڭ شىسەي ئۆزىنىڭ قىل ئۇستىدە تۇرۇۋاتقان تەقدىرىنى
ئۆزگەرتىش ئۈچۈن، سوۋېت ئىتتىپاقىدىن ياردەم سوراشقا مەجبۇر
بولغان. ئۇ سوۋېت ئىتتىپاقى ئۈچۈن ئېيتقاندا يېقىن قوشنىسى
بولغان شىنجاڭنىڭ ئىنتايىن مۇھىم جاي ئىكەنلىكىنى ئېنىق بى-
لەتتى. مۇشۇنداق ھالقىلىق پەيتتە ئۇ ئۆز دۆلىتىنىڭ مەنپەئىتى ۋە
خەۋپسىزلىكى ئۈچۈن شىنجاڭ ۋەزىيىتىگە يېقىندىن دىققەت قى-
لىۋاتقان ئىستالىن رەھبەرلىكىدىكى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ قول-
لىشىغا ئېرىشكەن. شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈ-
مىتىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن لى شېڭ باشچىلىقىدا تۈزۈلگەن
«جۇڭگو شىنجاڭنىڭ تارىخى ۋە ھازىرقى ئەھۋالى» دېگەن كىتابتا
يېزىلىشىچە، 1933 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى سوۋېت ئىتتى-
پاقى مەركىزىي كومىتېتى بيۇروسى مەخسۇس «سوۋېت ئىتتىپا-
قىنىڭ شىنجاڭ سىياسىتىنى تەتقىق قىلىش» ھەيئىتىنى تەشكىل-
لىگەن. بۇ ھەيئەتكە دۆلەت مۇداپىئە كومىتېتىنىڭ رەئىسى ۋورشى-

لوفنى باشلىق قىلىپ تەيىنلىگەن. ئۇلار شىنجاڭ ۋەزىيىتىنى ئەتراپلىق كۆزىتىپ، ماتېرىيال توپلاپ، چوڭقۇر تەھلىل قىلىپ كىمنى قوللاش، قانداق يول تۇتۇش ھەققىدە پىكىر تەييارلىغان. 8 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى مەركىزىي ھەيئەتنىڭ تەكلىپى بويىچە، سوۋېت ئىتتىپاقى مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسى «شىنجاڭ خىزمىتى توغرىسىدىكى يولىيورۇق» نى چۈشۈرگەن①. سوۋېت ئىتتىپاقى تەرەپ بىلەن ھەمكارلىشىشتا پىكىر بىرلىكى ھاسىل قىلغان شېڭ شىسەي بۇ چاغدا ئورنىنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن نەنجىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ ئاغزىغا قارىمايدىغان ھالەتكە كېلىپ بولغان. قىزىق يېرى 8 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى، يەنى «12 ـ ئاپرېل» ئۆزگىرىشى بولۇپ، تۆت ئايچە ئۆتكەندە، نەنجىڭ مىللىي ھۆكۈمىتى مەمۇرىي ئىشلار پالاتاسىنىڭ 118 ـ قېتىملىق يىغىنى قارار ماقۇللاپ لىيۇ ۋېنلۇڭنى شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ رەئىسلىكىگە، شېڭ شىسەينى شىنجاڭ چېگرا مۇداپىئە دۇبەنلىكىگە، جاڭ پېييۈەننى ئىلى بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش ئەلچىسى، قوشۇمچە قورۇقلۇق ئارمىيە 8 ـ دىۋىزىيەسىنىڭ شىجاڭلىقىغا تەيىنلىگەن. بۇنىڭ بىلەن شېڭ شىسەينىڭ ئورنى قانۇنلاشقان. لېكىن شېڭ شىسەي بۇنداق قارارغا موھتاج بولىدىغان چاغدىن ئۆتۈپ كەتكەن بولغاچقا، ئۆز ئالدىغا ئىش كۆرۈۋەرگەن. 1933 ـ يىلى ياز ۋە كۈزدە، شېڭ شىسەي ما جۇڭيىڭ بىلەن گۇچۇڭ ۋە ئۈرۈمچىدە كەسكىن جەڭ قىلىپ، قوشۇنلىرى ئېغىر تالاپەتكە ئۇچرىغان. نويابىردا، جاڭ پېييۈەن بىلەن ما جۇڭيىڭ ئىتتىپاق تۈزۈپ، ئۈستۈن ئەسكىرىي كۈچ بىلەن ئىككى يولغا بۆلۈنۈپ شېڭ شىسەينى ئىسكەنجىگە ئېلىپ، ئۇنى يوقاتماقچى بولغان. ۋەزىيەت شېڭ شىسەيگە پايدىسىز بولغاچقا، ئۇ چېن دېلى قاتارلىق كىشىلەرنى موسكۋاغا ئەۋەتىپ، ھەربىي ياردەم سورىغان. چېن دېلى رۇس تىلىغا پىششىق كىشى بولۇپ، 1920 ـ يىللىرى يىڭشار ناھىيەسىگە

① «جۇڭگو شىنجاڭنىڭ تارىخى ۋە ھازىرقى ئەھۋالى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2006 ـ يىلى نەشرى، 246 ـ بەت.

ئامبال بولغان. كېيىن ياڭ زېڭشىن تەرىپىدىن ئەنجاندا تۇرۇشلۇق كونسۇل قىلىپ تەيىنلەنگەن. شېڭ شىسەينىڭ يېنىدا رۇسلار بىلەن بولغان دىپلوماتىيە ئىشلىرىغا يارايدىغانراق ئادەم شۇ ئىدى.

1933 - يىلى نويابىرنىڭ ئاخىرىدا، سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتى شەرق ئىشلىرىغا پىششىق، تاشكەنتتە تۇرۇشلۇق دىپلوماتىيە خاس ئەلچىسى ئاپرېسوفنى ئۈرۈمچىگە باش كونسۇل قىلىپ تەيىنلەپ، شىنجاڭغا ياردەم بېرىش خىزمىتىگە مەسئۇل قىلغان. شۇنىڭدىن كېيىن، ئىككى تەرەپ ھەربىي ياردەم بېرىش مەخپىي كېلىشىمى ئىمزالىغان. جېنى تۇمشۇقىغا كېلىپ قالغان شېڭ شىسەي سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ھەربىي ياردىمىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن سوۋېت ئىتتىپاقى تەرەپنىڭ شەرتلىرىگە مۇلايىملىق بىلەن كۆنگەن. شۇنىڭ بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى شېڭ شىسەينى قوللاشنى قارار قىلغان. سوۋېت ئىتتىپاقى مىلىتارىست شېڭ شىسەينى قوللاشنى قارار قىلغاچقا، دۇنيادىكى كوممۇنىزم ئېتىقادىدىكى ئىنقىلابچىلارنىڭ كۈچلۈك قارشىلىقىغا ئۇچرىغان. خەلقئارا ئىنتېرناتسىيونال سوۋېت ئىتتىپاقى مەركىزىي كومىتېتىغا ئالاقە ئەۋەتىپ، شېڭ شىسەينى قوللاشقا بولمايدىغانلىقى ھەققىدە تۈرلۈك سەۋەبلەرنى كۆرسەتكەن بولسىمۇ، سوۋېت ئىتتىپاقى تەدبىر بەلگىلىگۈچىلىرىنىڭ بۇ ۋاقىتتا ئويلايدىغىنى ئىدېئولوگىيەلىك پىرىنسىپ ئەمەس، بەلكى رېئال دۆلەت مەنپەئەتى بولغاچقا، شېڭ شىسەينى قوللاش قارارىنى بىكار قىلمىغان. بۇنىڭدا ئۇلار مۇنداق ئۈچ ئامىلنى نەزەردە تۇتقان. بىرىنچى، شىنجاڭدا سوۋېتپەرەس يەرلىك ھۆكۈمەت بولۇشنى ئۈمىد قىلغان. شىنجاڭدا سوۋېتپەرەس يەرلىك ھۆكۈمەت بولسا، ئەنگلىيە بىلەن ياپونىيەنىڭ شىنجاڭدىكى كۈچىنى تازىلىغىلى بولىدۇ، دەپ ئويلىغان. ئىككىنچى، شېڭ شىسەي بۇ مەسىلىدە مۇۋاپىق نامزات ئىدى. شېڭ شىسەي ياش ۋاقتىدا ياپونىيەدە ئوقۇغان ھەم ياپونىيەگە نەپرىتى كۈچلۈك ئىدى. مېنى ئەتىۋارلاپ ئىشلەتمىدى، دەپ ئويلاپ نەنجىڭ ھۆكۈمىتىدىنمۇ نارازى

ئىدى. ئۈچىنچى، شېڭ شىسەي ھۆكۈمىتى نەنجىڭ ھۆكۈمىتى تە- يىنلىگەن قانۇنلۇق ھۆكۈمەت بولغاچقا، شېڭ شىسەينى قوللىغاندا، جۇڭگو بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ مۇناسىۋىتى يامانلىشىپ كەت- مەيتتى؛ خەلقئارادا ئەنگلىيە، ئامېرىكا قاتارلىق دۆلەتلەر نارازى بولسىمۇ، ئارىلىشىشقا باھانە تاپالماي، دەردىنى ئىچىگە يۇتۇپ تۇ- رۇشقا مەجبۇر بولاتتى.

شۇنداق قىلىپ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ چۆچەك ئارقىلىق كىر- گەن ياردەمچى قوشۇنى ئىلىنىڭ ھەربىي ئەمەلدارى جاڭ پېييۈەننى ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېلىشقا مەجبۇر قىلغان. شېڭ شىسەي بولسا خو- جىنىياز ھاجى بىلەن ما جۇڭيىڭنىڭ زىددىيىتىدىن پايدىلىنىپ ئۇلارنى پارچىلىغان، ئاندىن سوۋېت قىزىل ئارمىيەسىنىڭ ياردىمى بىلەن، ما جۇڭيىڭنى مەغلۇپ قىلىپ جەنۇبىي شىنجاڭغا چېكى- نىشكە مەجبۇرلىغان. سوۋېت ئىتتىپاقىغا يېقىنلىشىشتىن ھەزەر ئەيلەيدىغان لىيۇ ۋېنلۇڭنىڭ ئورنى بارا - بارا ئاجىزلاپ، سوۋېت ئىتتىپاقىپەرەس بولۇۋالغان شېڭ شىسەينىڭ ئورنى بارغانسېرى مۇستەھكەملەنگەن. لىيۇ ۋېنلوڭ شېڭ شىسەينىڭ قولىدىكى قورچاق رەئىسكە ئايلىنىپ قالغان. ھەتتا ئاخىرقى ھېساباتا، يەنى شۇ يىلى- نىڭ ئاخىرىدا شېڭ شىسەي لىيۇ ۋېنلۇڭنى نەزەربەند قىلىپ، ئور- نىغا جۇ رۈيچىنى ئۆلكە رەئىسى قىلغان. 1934 - يىلى 3 - ئاينىڭ 5 - كۈنى جۇ رۈيچى كېسەل بىلەن ئۆلۈپ كېتىپ، شېڭ شىسەي لى رۇڭنى رەئىس قىلغان. تولىمۇ ياۋاش بۇ يېڭى رەئىسنى كىشىلەر «سامان قورساق رەئىس» دېيىشكەن.

شېڭ شىسەي سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ھەربىي ۋە ئىقتىسادىي ياردىمى بىلەن رەقىبلىرىنى يېڭىپ، ئۈرۈمچى ۋە غۇلجىغا ئەسكە- رىي كۈچىنى ئورۇنلاشتۇرۇپ ئورنىنى مۇستەھكەملىۋالغاندىن كې- يىن، ئۇ بىر تەرەپتىن داۋاملىق ھالدا كۈچىنى مۇستەھكەملىسە ۋە كېڭەيتسە، يەنە بىر تەرەپتىن سىياسىي جەھەتتە سوۋېت ئىتتىپا- قىنىڭ تەسىرىنى قوبۇل قىلىشقا مەجبۇر بولۇپ، بىرمۇنچە تەرەق-

قىيپەرۋەر سىياسەتنى يولغا قويغان. شېڭ شىسەي 1934 - يىلى 4 - ئاينىڭ 12 - كۈنى «12 - ئاپرېل» ئۆزگىرىشىنىڭ بىر يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت نامىدىن «سەككىز ماددىلىق خىتابنامە» نى ئېلان قىلغان. بۇ خىتابنامە مۇنداق مەزمۇنلاردىن تەشكىل تاپقان:

① مىللەتلەر باراۋەرلىكىنى ئىشقا ئاشۇرۇش؛ ② دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكىگە كاپالەتلىك قىلىش؛ ③ يېزىلارغا ياردەم بېرىش؛ ④ مالىيەنى تەرتىپكە سېلىش؛ ⑤ ئەمەلدارلارنى پاكلاشتۇرۇش؛ ⑥ مائارىپنى كەڭ يولغا قويۇش؛ ⑦ ئۆز - ئۆزىنى ئىدارە قىلىشنى (مۇختارىيەتنى) يولغا قويۇش؛ ⑧ ئەدلىيە ئىشلىرىنى ياخشىلاش[1].

سوۋېت ئىتتىپاقى ئادەملىرىنىڭ ئارىلىشىشى ۋە مەسلىھەت كۆرسىتىشى بىلەن ئېلان قىلىنغان بۇ «سەككىز ماددىلىق خىتابنامە» نىڭ مەزمۇنىنى بىر يىل ئىلگىرى ئېلان قىلىنغان «ئون ماددىلىق پىروگرامما» غا سېلىشتۇرغاندا بەزى مەزمۇنلاردا روشەن پەرق بولسىمۇ، «مائارىپنى كەڭ يولغا قويۇش» دېگەن ئالتىنچى مەزمۇن ئالاھىدە تەكىتلەنگەن. شېڭ شىسەي بۇ ماددىنى ئىزاھلىغاندا: «(1) مائارىپنىڭ كۆلىمىنى كېڭەيتىش؛ (2) مائارىپ خىراجىتىنى كۆپەيتىش؛ (3) ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنى بەرپا قىلىش؛ (4) ھەربىر مىللەت ئۆز تىلى ۋە يېزىقىدا دەرس ئۆتۈش» دېگەن تۆت تۈرلۈك تەدبىرنى ئوتتۇرىغا قويغان.

شېڭ شىسەي بۇ «سەككىز ماددىلىق خىتابنامە» نى جاكارلاپ ئالتە كۈندىن كېيىن، يەنى 1934 - يىلى 4 - ئاينىڭ 18 - كۈنىدىن 25 - كۈنىگىچە ئۈرۈمچىدە 1 - قېتىملىق شىنجاڭ خەلق ۋەكىللەر قۇرۇلتىيىنى ئۆتكۈزگەن. قۇرۇلتاينىڭ باش مەقسىتى مىللىي مۇناسىۋەتنى ياخشىلاپ، مىللەتلەر باراۋەر بولۇش قاتارلىق سىياسەتلەرنى يولغا قويۇش بولغان. شېڭ شىسەي بۇ ئارقىلىق ئۆزىنىڭ تە-

---

① ليۇ زىشياۋ: «ئۇيغۇر تارىخى»، ئىككىنچى قىسىم 2 - كىتاب، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2003 - يىلى، ئۇيغۇرچە نەشرى، 1271 - بەت.

رەققىيپەرۋەر ئوبرازىنى نامايان قىلىپ خەلقنىڭ كۆڭلىنى مايىل قىلىشقا تىرىشقان. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ۋەدە بېرىشى بىلەن شۇ يىلى 7 - ئايدا ما جۇڭيىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىغا چېقىپ كەتكەن. خوجىنىياز ھاجى سوۋېت ئىتتىپاقى تەرەپنىڭ ئارىغا چۈشۈپ ۋەدە بېرىشى بىلەن شېڭ شىسەينىڭ تەكلىپىنى قوبۇل قىلىپ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتكە مۇئاۋىن رەئىس بولۇشقا قوشۇلغان. 8 - ئاينىڭ 1 - كۈنى ئۈرۈمچىدە داغدۇغىلىق ئاممىۋى يىغىن ئېچىلغان. يىغىندا شىنجاڭدا «ئۈچ يىللىق مالىمانچىلىققا خاتىمە بېرىلىپ» تىنچلىقنىڭ ئەمەلگە ئاشقانلىقى جاكارلانغان. شېڭ شىسەي تىنچلىقنى ھەقىقىي ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن ھۆكۈمەت ئاپپاراتلىرىغا ئۇيغۇر قاتارلىق مىللەتلەرنىڭ مۇھىم كىشىلىرىنى تەيىنلىگەن. قەشقەردىكى مەھمۇد مۇھىتىنى 6 - دىۋىزىيەنىڭ شىجاڭلىقىغا تەيىنلىگەن. يۇنۇس بەگنى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ ئەزالىقىغا ھەم قوشۇمچە دېھقانچىلىق، كانچىلىق نازارىتىنىڭ نازىرلىقىغا تەيىنلىگەن. ئابدۇراخماننى مالىيە نازارىتىنىڭ مۇئاۋىن نازىرلىقىغا، مەخسۇتنى مائارىپ نازارىتىنىڭ مۇئاۋىن نازىرلىقىغا، ئاقنىيازنى ئاقسۇنىڭ ۋالىيلىقىغا، ئاقموللىنى ئۆلكىلىك بانكىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقلىقىغا تەيىنلىگەن. ئارىدىن «ئۇزاق ئۆتمەي، شېڭ شىسەي يەرلىك مىللەتلەرنىڭ ئاقساقاللىرىنى ۋەزىپىگە قويۇشنى بىر خىل سىياسىي تەدبىر قاتارىدا كېڭەيتىپ، ھەرقايسى نازارەتلەردە مۇئاۋىن نازىر، ۋىلايەتلەردە مۇئاۋىن ۋالىي، ناھىيەلەردە مۇئاۋىن ھاكىم، ھەتتا مەكتەپلەردىمۇ مۇئاۋىن مۇدىرلىق ۋەزىپىسى تەسىس قىلغان[①].»

مانا مۇشۇنداق سىياسىي كەيپىيات ۋە ئېھتىياج ئاساسىدا 1934 - يىلى 8 - ئاينىڭ 8 - كۈنى ئۈرۈمچىدە ئۇيغۇر مەدەنىيەت ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى قۇرۇلغان. ئۇيۇشمىغا مۇساباييېفلار جەمەتى ئۈرۈمچى نەنمېندىكى قورۇسىنى ئىشخانا ھەم كۇلۇب قىلىش ئۈچۈن

① ليۇ زىشاۋ: «ئۇيغۇر تارىخى»، ئىككىنچى قىسىم 2 - كىتاب، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2003 - يىلى، ئۇيغۇرچە نەشرى، 1258 - بەت.

تەقدىم قىلغان. شۇ يىلىنىڭ ئاخىرىدىن باشلاپ جاي ـ جايلاردا ئۇيـ ـغۇر ئۇيۇشمىسىنىڭ شۆبىلىرى قۇرۇلغان. «خەنزۇ مەدەنىيەت ئاقار ـ تىش ئۇيۇشمىسى» 1937 ـ يىلى ئاندىن قۇرۇلغان.

ئۇيغۇر مەدەنىيەت ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى شېڭ شىسەينىڭ «ئالتە بۈيۈك سىياسەت» نى مەزمۇن قىلغان مەدەنىيەت سىياسىتىنىڭ باشچىلىقىدا ھەرقايسى ۋىلايەت، ناھىيەلەردىكى ئۇيغۇر ئۇيۇشمىلىرى ئۇيغۇرلارنىڭ يېڭىچە مەكتەپ مائارىپىنى كېڭەيتىشتە، زامانىۋى شەكىل ۋە مەزمۇندىكى ئەدەبىيات ـ سەنئىتىنى بەرپا قىلىشتا، ھا ـ زىرقى زامان تىل ـ يېزىقىنى قېلىپلاشتۇرۇشتا، مەتبۇئات ئىشلى ـ رىنى يولغا قويۇشتا زور ئەمەلىي خىزمەتلەرنى ئىشلىگەن.

شۇنى تەن ئېلىشىمىز كېرەككى، 20 ـ ئەسىرنىڭ ھارپىسىدىكى ئۇيغۇر جەمئىيىتى ئۈچ ئەسىردىن بۇيان تۇرلۇك تارىخىي، ئىجتىما ـ ئىي سەۋەبلەر ۋە ئىچكى ـ تاشقى ئامىللار تۈپەيلىدىن مىسلىسىز زەئىپلىشىپ ۋە چۈشكۈنلىشىپ نادانلىق، قاششاقلىق، خۇراپاتلىق، نامراتلىق ۋە چېچىلاڭغۇلۇق ئىسكەنجىسىدە ھالاكەت گىردابىغا بې ـ رىپ قالغانىدى. مۇنداقچە ئېيتقاندا، ئۇيغۇر خەلقى ھېچقانداق ماد ـ دىي ۋە مەنىۋى تەييارلىقى بولمىغان ھالدا خىرىس ۋە رىقابەتكە تول ـ غان 20 ـ ئەسىرگە قەدەم قويغانىدى. شۇڭا ئۇلار 20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدىكى ئويغىنىش، تەرەققىيات، گۈللىنىش سادالىرى جىمى جاھاننى دېگۈدەك قاپلىغان، دۇنيادىكى كۆپلىگەن خەلقلەر ئۆزىنىڭ كۈلپەتلىك تەقدىر ـ قىسمىتىنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن كۈرەشۋاتقان تېپىلغۇسىز تارىخىي پۇرسەتلەرنى ئېزىلەڭگۈلۈك ھەم خامۇشلۇق بىلەن ئۆتكۈزۈۋەتكەنىدى. گەرچە ئابدۇقادىر داموللام باشچىلىقىد ـ كى جەدىدچىلەر 1910 ـ يىللاردا ھەم 1920 ـ يىللارنىڭ باشلىرىدا خەلقنى ئويغىتىش ۋە تەرەققىيات يولىغا باشلاش مەقسىتىدە ئاز بولمىغان تىرىشچانلىقلارنى كۆرسەتكەن بولسىمۇ، ئەمما بېكىنمىچى ھەم مۇستەبىت ياڭ زېڭشىن ھۆكۈمىتى بىلەن قارا نىيەت رۇسىيە دائىرىلىرى توختىماي زىيانكەشلىك قىلىپ، بارلىق ئۇرۇنۇشلارنى

بوغۇپ، پايدىلىق ئىمكانىيەتلەرنى يوق قىلىپ كەلگەچكە، ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە يۇزلىنىش خاراكتېرلىك ئۆزگىرىش شەكىللەنمىگەن. نەتىجىدە، «تاتارىستان ۋە قىرىم گىرۇەكلىرىدىن باشلىنىپ، ئوتتۇرا ئاسىيا ئارقىلىق دىيارىمىزغا يېتىپ كەلگەن جەدىدىزملىق پىكىر ئېقىمى پۈتكۈل مىللىتىمىزنىڭ يېڭى تارىخىي دەۋردىكى ئىددېئولوگىيە ئاساسىغا ئايلىنالمىغان[①].» شۇڭا، ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە ياكى پىشقان مىللىي ئارزۇ ـ ئىستەكلەر، ياكى سىستېمىلىق مەقسەت ـ مەسلەكلەر شەكىللەنمىگەن. جاھاندىن بىخەۋەر بۇ خەلق ئۆزلىرىنىڭ نۆۋەتتىكى مىللىي ئېھتىياجلىرىنىمۇ چۈشىنىپ يېتەلمىگەن. مۇنداقچە ئېيتقاندا 20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئانا دىيارىمىزدا تېخى ئورتاق مىللىي تەلپۇنۇشكە ئىگە بىر جەمئىيەت ھالىتى بارلىققا كەلمىگەن. چۈنكى، ئەينى ۋاقىتتىكى ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ ئىجتىمائىي قۇرۇلمىسى ۋە ئىجتىمائىي قاتلىمى بەكمۇ ئاددىي بولۇپ، دەۋرنىڭ تەقەززاسىغا ئۇيغۇنلىشالايدىغان ئىجتىمائىي قۇرۇلما ۋە ئىجتىمائىي قاتلاملاردىن سۆز ئېچىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. يەنى مىللىي بۇرژۇئازىيە قاتلىمى يوق، زىيالىيلار قاتلىمى يوق، مىللىي مائارىپ سىستېمىسى يوق، مىللىي مەتبۇئاتلىرى يوق، ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنى يوق، تەشكىللىي ئاپپاراتلىرى يوق، پەقەت كونىچە مەدرىسەلىرى بىلەن نەزەر دائىرىسى تار موللىلىرى، ئېتىزغا باغلىنىپ ئىسسىق جېنىنى ساقلاپ كېلىۋاتقان بىچارە دېھقانلىرى بىلەن تۇرمۇش ھەلەكچىلىكىدە دۇمچىيىپ كەتكەن ھۈنەرۋەن ـ كاسىپلىرى ھەم ئۆزى ئۇچۇنلا بايلىق توپلاش كويىدا ياشايدىغان سامان قورساق بايلار قاتلىمىلا بار ئىدى. شۇنداق بولغاچقا ئەينى ۋاقىتتىكى ئۇيغۇر جەمئىيىتى ھاياتىي كۈچى بەكمۇ ئاجىز، تولىمۇ ئاددىي بىر جەمئىيەت ئىدى. مانا مۇشۇنداق ئاددىي ھەم زەئىپ ئۇيغۇر جەمئىيىتى 1930 ـ يىللاردا كۆتۈرۈلگەن «رۇس ئەندىـ

① ئەسەت سۇلايمان: «تارىم قوۋۇقى چېكىلگەندە — بۈگۈنكى ئۇيغۇر روھىيەت قۇرۇلمىسىغا پسىخىكىلىق دىياگنوز»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2002 ـ يىلى نەشرى، 350 ـ بەت.

زىسى» شەكلىدىكى بۇ يېڭى مەدەنىيەت ھەرىكىتىنىڭ كۈچلۈك دولقۇنىغا دۇچ كەلگەن. بۇ يېڭى مەدەنىيەت ھەرىكىتىگە ئۆزىنى «دۇنيادىكى بارلىق ئېزىلگۈچى خەلقلەرنىڭ باشپاناھى ھەم دوستى» دەپ جاكارلىغان سوۋېت ئىتتىپاقى تەرەپنىڭ ھەيدەكچىلىك قىلىشى ۋە يول كۆرسىتىشى بىلەن، شىڭ شىسەي ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن قۇرۇلغان «ئۇيغۇر مەدەنىيەت ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى» ئىمكانىيەت ھازىرلىغان. تاللاش پۇرسىتى يوق ئۇيغۇر خەلقى تولىمۇ تەستە ھازىرلانغان بۇ ئىمكانىيەتتىن پايدىلىنىپ يېڭى مەدەنىيەت ھەرىكىتىنى ئەۋجىگە چىقىرىشتا خېلىلا ئاكتىپ بولغان. بولۇپمۇ بىر قىسىم تەرەققىيپەرۋەر مولللار، ئاز ساندىكى سەگەك زىيالىيلار ۋە ساخاۋەتچى بايلارنىڭ ئوينىغان رولى گەۋدىلىك بولغان.

قىسقىسى، «ئۇيغۇر مەدەنىيەت ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى» نىڭ قۇرۇلغان ۋاقتى ۋە قۇرۇلۇش سەۋەبى يۇقىرىقىدەك ئارقا كۆرۈنۈش ۋە تارىخىي جەريانلار بىلەن مۇناسىۋەتلىك. تارىخىي ئەمەلىيەت مۇشۇنداق روشەن تۇرغان ئەھۋالدا «ئۇيغۇر مەدەنىيەت ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى» نىڭ دەسلەپ قۇرۇلغان ئورنىنى ئۇرۇمچىدىن باشقا جايغا يۆتكەپ، ۋاقتىنى 1934 ـ يىلى 8 ـ ئايدىن ئىلگىرىگە سۈرۈپ يېزىش پاكىتقا ئۇيغۇن كەلمەيدۇ.

«ئەزىزانە قەشقەر» ناملىق ئىككى توملۇق كىتاب خەنزۇچە، ئۇيغۇرچە تىل ـ يېزىقتا قايتا نەشر قىلىنىدىغان بولغاچقا، بۇ كىتابتا كۆرۈلگەن خاتالىقلارنى ۋە گۇمانلىق نۇقتىلارنى تۈزىتىپ ياكى ئېنىقلاپ روشەنلەشتۈرۈپ نەشرگە يوللىسا، ئىلمىيلىككە ئۇيغۇن، كۆڭۈلدىكىدەك ئىش بولىدۇ، دەپ قارايمەن. تارىخىي ۋەقە ۋە تارىخىي شەخسلەرگە مۇناسىۋەتلىك تەتقىقات ئىشلىرىدا پاكىتنى توغرا بايان قىلىش، كۆزقاراشنى ئىشەنچلىك ئاساسلار ئۈستىگە تۇرغۇزۇش چوقۇم ئەمەل قىلىشقا تېگىشلىك ئەقەللىي تەلەپ.

2010 ـ يىلى 15 ـ مارت

# بىر پارچە خىشنىڭ سىرى

بۇ يىل ئاپرېلدا غۇلجا شەھىرىدىن ئەۋەتىلگەن بىر پارچە ئاق رەڭلىك خىشنى تاپشۇرۇۋالدىم. ئادەتتىكى ئەھۋالدا بىر پارچە خىش تىلغا ئالغۇچىلىكى يوق تولىمۇ ئاددىي نەرسە. ئەمما، ماڭا ئەۋەتىلگەن بۇ بىر پارچە ئاق خىش ئاجايىپ زور تارىخىي كەچۈرمىشلەرنىڭ شاھىتى بولۇپ، مەن ئۈچۈن ئېيتقاندا ئاز ئۇچرايدىغان بىباھا مىراس. چۈنكى بۇ، سۆزلىيەلەيدىغان، كۈلەلەيدىغان ھەم يىغلىيالايدىغان بىر پارچە خىش! ئۇ گويا بېشىدىن تالاي قىسمەت ئۆتكەن، كۆپنى كۆرگەن زېرەك بوۋايدەك سۆزلەيتتى. گاھىدا قاقاھلاپ كۈلەتتى، گاھىدا بۇقۇلداپ يىغلايتتى. ئۈرۈمچىنىڭ كۈندۈزدىكى قۇلاق - مېڭىنى زىڭىلدىتىۋېتىدىغان شاۋقۇن - سۈرەنلىرى جىمىدقىپ، پۈتكۈل شەھەر تۈن جىملىقىغا چۆمگەندە بۇ خىسلەتلىك خىش بىلەن ئىككىمىز كۈسۈرلىشىپ، تۈگىمەس سۆھبەتلەرنى قۇراتتۇق. بۇ چاغدا ۋۇجۇدۇم ھاياجان ئىلكىدە تىترەپ، ئوي - پىكرىم مەغرىبتىن مەشرىققىچە كېزەتتى. ھېلى قەۋەتمۇقەۋەت سىر - ھېكمەتلەرگە تولغان ئۆتمۈش ھەققىدە ئويلانسام، ھېلى ئېزىتقۇدەك ئۆزگىرىشچان بۈگۈن ھەققىدە ئويلىناتتىم. ئۇ ئالاھىدە خىشنى ئۆيگە كەلگەن مېھمانلارغا بىر - ئىككى قېتىم كۆرسىتىپ، ئۇنىڭغا ئائىت ھېكايىلەرنى ئانچە - مۇنچە سۆزلەپ بەرگەنىدىم، ئۇلار ئېرەنشىپ كەتمىدى. مەن بۇ يەردىكى ئاچقۇچلۇق مەسىلە قىممەت ئۆلچىمىدىكى پەرقتە بولسا كېرەك، دەپ ئويلىدىم. ئەلۋەتتە، كىشىلەرنىڭ مەدەنىيەت ساپاسى، ئادەت - ئېھتىياجلىرى، ئارزۇ - ھەۋەسلىرى، غايە - ئەقىدىلىرىگە ئاساسەن قىممەت ئۆلچەملىرىمۇ پەرقلىنىدۇ. بۇنداق پەرقلىق ھالەتنى بىز جىبران خېلىل جىبرا-

نىڭ مۇنۇ نەسىرىدىن روشەن كۆرۈۋالالايمىز:

«كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئېتىزلىقتا ئىشلەۋاتقان دېھقان ناھايىتى ئېسىل بىر مەرمەر ھەيكەلنى قېزىۋاپتۇ - دە، ئۇنى ئاپىرىپ ئەتىۋارلىق سەنئەت بۇيۇملىرىنى يىغىپ ساقلىغۇچىغا سېتىپتۇ. يىغىپ ساقلىغۇچى بۇ ئېسىل ھەيكەلنى يۇقىرى باھادا سېتىۋاپتۇ.

دېھقان قايتىپ كېتىۋېتىپ قولىدىكى پۇلغا قاراپ ئويلانغىنىچە ئۆز - ئۆزىگە پىچىرلاپتۇ: بۇ پۇل ئىنساننىڭ ھاياتىنى ئويلاپ باقمىغان ھۇزۇر - ھالاۋەتكە مۇيەسسەر قىلىدۇ. ھەيكەل ئۆلۈك نەرسە، ئۇ توپا ئاستىدا مىڭ يىللاپ ياتقان ، ئۇنى ھېچكىم خىيالىغا كەلتۈرۈپمۇ باقمىغان. نېمە ئۈچۈن بىراۋلار ئاشۇنداق سوغۇق تاشنى شۇنچە جىق پۇلغا سېتىۋالىدىغاندۇ؟

شۇ چاغدا يىغىپ ساقلىغۇچى ئالدىدىكى مەرمەر ھەيكەلگە زوقلانغىنىچە قاراپ، ئۆز - ئۆزىگە پىچىرلاپتۇ: نېمىدېگەن گۈزەل، نېمىدېگەن جانلىق، نېمىدېگەن ئۇلۇغ ھەم ئېسىل بۇيۇم - ھە! ئەپسۇس ئۇ، ئۇزاق يىللىق شېرىن ئۇيقۇسىدىن ئەمدىلا ئويغاندى! نېمە ئۈچۈن خەق مۇشۇنداق ئېسىل نەرسىدىن ۋاز كېچىپ، ئۆزىنى ئۆلۈك، ھېس - تۇيغۇسىز پۇلغا ئاتىدىغاندۇ؟»

دېمەك، قىممەت قارىشىدىكى ئوخشىماسلىق تۈپەيلى، ھەركىم ھەربىر نەرسىگە ئوخشىمىغان دەرىجىدە مەپتۇن بولىدۇ ھەم ئوخشىمىغان دەرىجىدە ئۆزىنى بېغىشلايدۇ. مەن باشقىلارنىڭ دىققىتىنى قوزغىيالمىغان بۇ بىر پارچە ئاق خىشقا بۆلەكچىلا مەپتۇن ئىدىم. ھاۋا رەڭ دۇخاۋا پارچىسىغا يۆگەپ قويۇلغان ئۇ ئاددىي خىش كۈرەش، تەۋەككۈلچىلىك، باتۇرلۇق، ئەقىل - پاراسەت، ھاياجان، سىقىلىش، خورلۇق، شان - شەرەپ ۋە ھەسرەت - نادامەتنىڭ يۇغۇرۇلمىسى ئىدى. ئېنىقراق ئېيتقاندا ئۇ، قەدىمىي يۇرت - ماكانلىرىمىزنىڭ بىرى بولغان ئىلى ۋادىسىنىڭ 20 - ئەسىردىكى قىسمەتكە باي ئەگرى - توقاي مۇساپىسىنىڭ شاھىتى ئىدى! ئىلى ۋادىسى، ئاممىبابلاشتۇرۇپ ئېيتقاندا، غۇلجا يېقىنقى ئىككى ئەسىر

مابەينىدە ئۇيغۇر خەلقىنىڭ تارىخىدا ئاجايىپ زور ۋەقەلەرگە سەھنە بولغان خىسلەتكە باي زېمىن! بۇ تەڭدىشى يوق گۈزەل تۇپراقتا ئىلى پەرزەنتلىرى يۈرەكنى لەرزىگە سالغۇدەك قىممەت يېغىشلىغان. گەرچە ئىلى ۋادىسىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ نوپۇسى ئۇنچىۋالا كۆپ بولمىسىمۇ، ئەمما ئۇلارنىڭ روياپقا چىقارغان نەتىجە ـ ئۇتۇقلىرى ھەيران قالارلىق دەرىجىدە كۆپ. ھازىرنىڭ ئۆزىدە ئىلى ۋادىسىدا 600 مىڭدىن ئارتۇق ئۇيغۇر بار. سېلىشتۇرۇپ باقساق، بۇنچىلىك نوپۇس جەنۇبىي شىنجاڭدىكى بىر قىسىم ناھىيەلەردىمۇ بار. ئەمما، مەشھۇر شەخسلىرىنىڭ كۆپلۈكى، تۆھپىكار ئەزىمەتلىرىنىڭ جىققلىقى بىلەن ئىلى ھەممىنى بېسىپ چۈشىدۇ. ئىلى ئۇيغۇرلىرى ئارىسىدىن ئوخشىمىغان ساھەلەر بويىچە يېتىشىپ چىققان خاس ئىجتىمائىي توپلار بۇ نۇقتىنى سۆزسىز ئىسپاتلايدۇ. بىز پۈتكۈل ئانا دىيارىمىزنى كۆزدە تۇتۇپ ئېيتىدىغان بولساق، ئىلى باتۇرلىرى، ئىلى ئىنقىلابچىلىرى، ئىلى مائارىپچىلىرى، ئىلى ئۆلىمالىرى، ئىلى بايلىرى، ئىلى ئەدىبلىرى، ئىلى سەنئەتكارلىرى، ئىلى چاقچاقچىلىرى زور تەسىرگە ئىگە ئىجتىمائىي توپ ھېسابلىنىدۇ. بۇ ئىجتىمائىي توپلار ئىلى جەمئىيىتىنى سەرخىللاشقان جەمئىيەتكە ئايلاندۇرغان. ئۇلارنىڭ تۆھپە ـ نەتىجىلىرى ئىلى روھىنى تەشكىل قىلغۇچى ئۆچمەس يالقۇن. قىسقىسى، ئىلى ئۇيغۇرلىرى ياراتقان ئىلى روھى ھەر تەرەپكە يورۇق سېپىپ، يېلىنجاپ تۇرغان بىر گۈلخان!

ئىلى ۋادىسى ئۆز نۆۋىتىدە يەنە ئىككى ئەسىردىن بۇيان جەنۇبىي شىنجاڭدىكى بېشىغا خىلمۇخىل ئېغىر كۈنلەر كېلىپ چىقىش يولى ئىزدىگەن ئۆلىما، زىيالىي، سودىگەر، ھۈنەرۋەن، سەنئەتكار، ئىنقىلابچى، ئىشلەمچىلەرنىڭ پاناھگاھى بولغان. ئاچ ـ زېرىن خەلقىنىڭ ھاياتلىق ئۈمىدى بولغان. بۇنى دەلىل بىلەن ئىسپاتلايدىغان بولساق، 1858 ـ يىلى قەشقەرگە خۇپىيانە تەكشۈرۈشكە كەلگەن رۇسىيەلىك مەشھۇر قازاق ئالىم چوقان ۋەلىخانوف «ئالتە شەھەر

خاتىرىلىرى» دېگەن ئەسىرىدە: «ئالتە شەھەردە سودىگەرلەر ۋە ھۈ-نەرۋەنلەردىن ئېلىنىدىغان باج - سېلىق ۋە ئۆشرە - زاكاتلار ئېغىر بولغاچقا، ئۇلارنىڭ كۆپ قىسمى ئۆز يۇرتىنى تەرك ئېتىپ غۇلجا، ئۈرۈمچىلەرگە چىقىپ كېتىدۇ» دەپ يازغان. چۇقان ۋەلىخانوفتىن يېرىم ئەسىر كېيىن، يەنى 1915 - يىلى ئۇفالىق تاتار زىيالىي، «ۋاقىت» گېزىتىنىڭ مۇخبىرى نوشىرۋان يائۇشېف «ئالتە شەھەرگە ساياھەت» دېگەن ماقالىسىدە ئۈرۈمچى تەرەپتىن كېلىۋېتىپ ئاق-سۇدا ئۇچراتقان بىر ئەھۋالنى مۇنداق يازغان:

«جام يېزىسىغا كېلىپ ئىشلەمچىلەر چۈشىدىغان سارايغا چۈش-تۈم. بۇ ساراي يالاڭ ئاياغ ۋە جۇل - جۇل كىيىملىك ئادەملەر بىلەن تولغانىدى.

ئەمدىگىنە چاي ئىچىشكە باشلىغانىدىم، ھەسەلگە ئولاشقان چى-ۋىنىدەك ئولىشىۋالدى. بۇ بىچارىلەر ئاچ - يالىڭاچ، ئارىسىدا قېرى-لىرىمۇ بار ئىدى.

— نەگە بارىسىزلەر؟

— ئىلىغا چىقىمىز.

— نېمە ئۈچۈن؟

— ئاش ئىزدەپ، پۇل تېپىش ئۈچۈن.

— قەيەرلىكسىزلەر؟

— قەشقەرلىك، ئارىمىزدا ياركەنت، خوتەنلىكلەرمۇ بار.

ئەتىسى سەھەردە قەشقەرگە قاراپ يولغا چىقتىم. يولدا توپ - توپ كىشى ئۇچرىدى. ئۇلار جامغا قاراپ كېتىۋاتاتتى. ئېشەكلەرگە خۇرجۇن، ئوزۇق - تۈلۈك ئارتىشقان بولۇپ، ئۆزلىرى پىيادە يۈرەت-تى. ئارىلىرىدا ئەمچەكتىكى بالىلىرىنى كۆتۈرگەن ياش خوتۇن - قىزلارمۇ بار ئىدى. ئاپپاق ساقاللىق قېرىلارمۇ بار ئىدى. ئاياغلىرى يالاڭ، ئۇچىسىنى ئىللىتقۇدەك كىيىممۇ يوق ئىدى. كۆزلىرى كۆكەرگەن، يۈزلىرى سارغايغان، ئېغىزلىرى ئېچىلغان، پۈتكۈل ۋۇجۇدىنى ئۈمىدسىزلىك باسقانىدى. بۇ بىچارىلەرمۇ ئاچلىقتىن قۇ-

تۇلۇش چارىسىنى ئىزدەپ ئىلىغا سەپەر قىلغانىدى.»

نۇشىرۋان يائۇشېفتىن كېيىن يەنە يېرىم ئەسىر ئۆتكەندە، يەنى 1968 ـ يىلى داڭلىق مىللىي شائىر قۇربان بارات ئۆزىنىڭ «شىمال يۇلتۇزلىرىغا تەلمۈرۈپ...» دېگەن نادىر شېئىرىدا جەنۇبىي شىنجاڭدىن ئۇرۇمچىگە كېلىپ نەنزىگودىكى بېكەتتە غېرىبسىنىپ ياتقان مۇساپىرلار توغرۇلۇق مۇنداق چىن مىسرالارنى يازغان:

«يول بېسىپ ئۇزاق كۈنلەر چارچىغان يولۇچىلار،
بېكەتنىڭ تېمى بويلاپ ياتىدۇ قاتارلىشىپ.
توپ بولۇپ كەلگەن ئۇلار نان ئىزدەپ، بەخت ئىزدەپ،
قەدىمىي كۆچمەنلەردەك سۇ كېچىپ، تاغلار ئېشىپ.
ھېچ كىشى ئۇخلىمايدۇ، سۈكۈتتە ياتار تىنچ،
ناخشىدىن خالىي ياشلار، قېرىلار سالماس پاراڭ.
ئوت يانغان سانسىز كۆزلەر شىمالغا تەلمۈرىدۇ،
ئۇلاردىن سوغۇق ياشلار تۆكۈلەر تارام ـ تارام.»

دېمەك، بىر يېرىم ئەسىر ۋاقىت ئىچىدە بىپايان ئىلى ۋادىسى ۋە كەڭ قورساق ئىلى خەلقى جەنۇبىي شىنجاڭدىن كۆچۈپ چىققان تالاي كىشىلەرنىڭ پاناھگاھى ھەم باشپاناھى بولغان. شۈبھىسىزكى، ئىلى ۋادىسى ئۈمىد ۋادىسى! ئىلى تۇپرىقى سېخىي تۇپراق! ئىلى خەلقى مەردانە خەلقتۇر! ئالىقىنىمىدىكى بۇ بىر پارچە ئاق خىش ئىلى ئاسمىنىدا 100 يىل چاقناپ، كىشىنى سۆيۈندۈرىدىغان ۋە ئۆكۈندۈرىدىغان تالاي ۋەقە ـ ھادىسىنى كۆرگەن ئالاھىدە خىش! ئۇ خىش مىللىي سانائەت تارىخىمىزنىڭ يادىكارى بولغان بىباھا سانائەت مىراسى!

مىللىي سانائەت بىلەن شۇغۇللىنىش مىللەتنى گۈللەندۈرۈش، دۆلەتنى قۇدرەت تاپقۇزۇشتىكى تۈپ يول! ئەينى يىللىرى ئامېرىكا ئەنگلىيەنىڭ مۇستەملىكىسى بولغان. شۇ چاغلاردا ئەنگلىيە ئۆز

مەنپەئەتىنى چىقىش قىلىپ شىمالىي ئامېرىكىنىڭ ھېچقانداق سانائەت بىلەن شۇغۇللىنىشىغا يول قويمىغان. لېكىن ئامېرىكىنىڭ قۇرغۇچىسى ۋاشىنگتون ئامېرىكىنىڭ مىللىي سانائىتىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنى تەكىتلىگەن. ئامېرىكا تارىخىدىكى تۇنجى پىرېزدېنت بولغان ۋاشىنگتون ۋەزىپىگە ئولتۇرغان كۈنى ئامېرىكىدا تىكىلگەن كىيىمنى كىيىپ ئامېرىكىلىقلارغا: ئامېرىكا ئۆزىنىڭ سانائىتىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشى كېرەك، دەپ جاكارلىغان. ئۇ ھەتتا دۆلەت خىراجىتى ئارقىلىق ياساش كەسپىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنى ئوتتۇرىغا قويغان. دېمەك، ۋاشىنگتون مىللىي سانائەتنىڭ دۆلەتنى قۇدرەت تاپقۇزۇشتىكى مۇھىملىقىنى ھەقىقىي چۈشەنگەن داھىي ئىدى.

19 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرى گېرمانىيە مىللىي سانائەتنى بەرپا قىلىشقا سەل قاراپ، دۆلەتنى ئىقتىسادنى ئەركىنلەشتۇرۇش ئارقىلىق تەرەققىي قىلدۇرۇشنى ئويلىغان بولسىمۇ، كۈتكەن مەقسەتكە يېتەلمىگەن. ئاخىر ئەركىن سودا ئەندىزىسىنىڭ ناچار تەرەپلىرىنى تونۇپ يېتىپ، سىرتقا قارىتا يۇقىرى تاموژنا بېجى سىياسىتىنى يولغا قويۇپ، ئىچكى قىسىمدا مىللىي سانائەتنى قوغدىغان. 1900 ـ يىلىغا كەلگەندە گېرمانىيە پولات ـ تۆمۈر، تۆمۈريول قاتارلىق ساھەلەردە دۇنيادىكى سانائەت ئاساسى ئەڭ كۈچلۈك دۆلەت ئەنگلىيەگە يېتىشىۋالغان.

1850 ـ يىلىنىڭ ئالدى ـ كەينىدە غەرب جاھانگىر دۆلەتلىرىدىنىڭ دېڭىز ئارقىلىق كېلىپ قىلغان ھۇجۇمىغا بەرداشلىق بېرەلمەي، ئاھانەتلىك شەرتلىرىگە غىڭ قىلماي كۆنۈشكە مەجبۇر بولغان چىڭ سۇلالىسى بۇ جاھانگىرلارنىڭ قۇدرەتلىكلىكىنىڭ سىرىنى بىلەلمەي، تېڭىرقاپ چوڭقۇر كىرىزىسقا پاتقان. كېيىن ئوقۇمۇشلۇقلار قاتلىمىدىكىلەر دۆلەتنى قۇدرەت تاپقۇزۇشنىڭ ئىككى تۈرلۈك تەرەققىيات پىكىر يولىنى تېپىپ چىققان. ئۇلار «سودا ـ سانائەت ئارقىلىق دۆلەتنى قۇتقۇزۇش» تەرەپدارلىرى بىلەن «مائارىپ ئارقىلىق دۆلەتنى قۇتقۇزۇش» تەرەپدارلىرى ئىدى. ئەپسۇسلىنارلى-


قى، 1900 ـ يىلىغىچە بۇ تەشەببۇس ھۆكۈمەتنىڭ قوللىشىغا ئېرىد-
شەلمىگەن. ئەينى چاغدا گەرچە ياپونىيە جۇڭگوغا ئوخشاشلا قالاق
دۆلەت بولسىمۇ، 1868 ـ يىلى «مېيجى يېڭىلىقىقا كۆچۈش ھەرىكى-
تى» نى قوزغاش ئارقىلىق غەربتىن ئۆگىنىپ ناھايىتى تېز گۈللىنى-
نىش يولىغا ماڭغان. ئارىدىن 26 يىل ئۆتۈپ 1894 ـ يىلىغا كەلگەنى-
دە غەربلەشكەن ياپونىيە بىلەن مۇتەئەسسىپ جۇڭگو ئوتتۇرىسىدا
جياۋۇ ئۇرۇشى پارتلىغان. جياۋۇ ئۇرۇشىدا كىچىككىنە ئارال دۆلە-
تى ياپونىيە غەلىبە قىلىپ چوڭ دۆلەت ھېسابلىنىدىغان جۇڭگونى
تولىمۇ ئوسال ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويغان. شۇنىڭدىن كېيىنكى بىر
نەچچە يىللىق ئاھانەت ئىچىدە جۇڭگولۇقلار دۆلەتنى قۇدرەت تاپقۇ-
زۇش ھەققىدىكى شوئارلارنى ھۆكۈمەت ئىرادىسىگە ۋە ئەمەلىي ھە-
رىكەتكە ئايلاندۇرۇشنى قاتتىق تەلەپ قىلىغان. ئىچكى ـ تاشقى ۋەزى-
يەتنى نەزەردە تۇتقان جاھىل سىشى تەيخۇ 1901 ـ يىلى نائىلاج مۇ-
تەئەسسىپ پوزىتسىيەسىنى ئۆزگەرتىپ «يېڭى سىياسەت» نى يولغا
قويۇشقا مەجبۇر بولغان. بۇ «يېڭى سىياسەت» ئالتە تۈرلۈك مەزمۇنى-
دىن تەركىب تاپقان بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىچىدە «سودا ـ سانائەتنى
رىغبەتلەندۈرۈش» بىلەن «يېڭىچە مەكتەپلەرنى تەسىس قىلىش» بار
ئىدى. بۇ «يېڭى سىياسەت» تە مىللىي سودا ـ سانائەتنىڭ قانۇنىي
ئورنى تۇنجى قېتىم ئېتىراپ قىلىنىغان. تېخىمۇ ئىلگىرىلەپ سودا ـ
سانائەتچىلەرگە ھۆكۈمەتنىڭ مەبلەغ ياردىمى بېرىلىدىغانلىقى تە-
كىتلەنگەن. كۆڭزىچىلىق ئىدىيەسىنىڭ تەسىرى تۈپەيلى سودىگەر-
لەرنى ۋە سودا ـ تىجارەتنى كەمسىتىدىغان جۇڭگو مەدەنىيىتى ئۇ-
چۇن ئېيتقاندا، سودا ـ سانائەتنى ھۆكۈمەت ھەرىكىتى ئارقىلىق
گۈللەندۈرۈش يولىنى تۇتۇش ئىنقىلاب خاراكتېرلىك يېڭىلىق ھې-
سابلىناتتى. لېكىن ھۆكۈمەت ياردىمى ئېغىزغا ئېلىنىغان بىلەن،
ئەمەلىيلەشمىكى تەس ئىدى. چۈنكى، چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى
ھەر جەھەتتىن بەكمۇ زەئىپلىشىپ كەتكەنىدى، شۇڭا دەرمانى ئا-
جىز ئىدى. 1907 ـ يىلى ئالاھىدە مەقسەت بىلەن جۇڭگوغا سەپەر

قىلىپ ئۇرۇمچىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان فىن مىللىتىدىن بولغان رۇسىيەلىك ئوفىتسېر ماننېرھېيم ئۆزىنىڭ تەكشۈرۈش خاتىرىسىدە: «چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى شىنجاڭ ئۆلكىسىدە 30 يېڭىچە مەكتەپ تەسىس قىلىشنى تەلەپ قىلىپ پەرمان چۈشۈرگەن بولسىمۇ، لېكىن مالىيە قىيىنچىلىقى سەۋەبىدىن پىلان تولۇق ئەمەلىيلەشمىگەن[①]» دەپ يازغان. سودا ـ تىجارەت ساھەسىدە ئىلىنىڭ «يېڭى سىياسەت» نى يولغا قويۇش قىزغىنلىقى يۇقىرى گېنېرالى چاڭ گېڭ 1906 ـ يىلى خانغا ئىلتىماس سۇنۇپ، ئىجازەت ئالغاندىن كېيىن غۇلجىدا ھۆكۈمەت بىلەن سودىگەرلەر پاي قوشۇپ يۈڭ ـ تېرە سودىسى قىلىدىغان بىر شىركەت قۇرغان بولسىمۇ، ئەمما روناق تاپقۇزالمىغان.

چىڭ سۇلالىسىنىڭ چىرىك سىياسىتى ۋە رۇسىيە ئىمپېرىيەسىنىڭ سودا ئىشلىرىدىكى زومىگەرلىكى سەۋەبىدىن مەۋجۇتلۇقىنى تەستە ساقلاپ ، ئاران ـ ئاران راۋاجلىنىپ كېلىۋاتقان ئۇيغۇر سودىگەرلىرى ئىچىدە ئىدىيەسى ئىلغار، مەبلىغى كۆپ، تىجارەتكە ماھىر، يىراقنى كۆرەر ئاكا ـ ئۇكا مۇسابايېفلار چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنىڭ «سودا ـ سانائەتنى رىغبەتلەندۈرۈش» سىياسىتى يولغا قويۇلغان تارىخىي پۇرسەتتە سودا كاپىتالىنى سانائەت كاپىتالىغا ئايلاندۇرۇشقا نىيەت قىلىپ، دادىسى مۇساباي ھاجىمدىن قالغان ئىلى كۆرەدىكى كۆن ـ خۇرۇم پىششىقلاپ ئىشلەش كارخانىسىنى زامانىۋى تېرە زاۋۇتىغا ئايلاندۇرۇش يولىدا ئىزدەنگەن.

ئاكا ـ ئۇكا مۇسابايېفلارنىڭ دادىسى مۇساباي ھاجىم مەلۇماتى مول، كۆپنى كۆرگەن، زېھنى ئۆتكۈر، ئىرادىسى مۇستەھكەم، سودا ـ تىجارەتكە پىشقان، ئابرۇي ـ ئىناۋىتى يۇقىرى كىشى ئىدى. ئۇ 1850 ـ يىللاردىلا چېگرا ئاتلاپ سودا قىلىدىغان قابىل سودىگەر سۈپىتىدە تونۇلغان. ئۇ، 1858 ـ يىلى 23 ياشلىق چۇقان ۋەلىخانوف-

① «ماننېرھېيمنىڭ غەربىي يۇرتنى تەكشۈرۈش خاتىرىسى»، جۇڭگو مىللىي فوتوگرافىيە سەنئىتى نەشرىياتى، 2004 ـ يىلى نەشرى، خەنزۇچە، 262 ـ بەت.



مۇساباي ھاجىم

نىڭ قەشقەرگە يوشۇرۇن
كېلىپ يېرىم يىلچە تۇرۇپ،
ئەتراپلىق تەكشۈرۈشتە بو-
لۇشىغا زور ياردەم قىلغان.
شۇ چاغدا يېشى ئۆزىدىن
ئانچە چوڭ بولمىغان مۇساباي
ھاجىمنىڭ پاراستى ۋە جا-
سارىتىگە ھەيران قالغان
چوقان ۋەلىخانوف: «مۇسا
ئاغا، چارچاپ كەتتىم، ئۆ-
زۈمنى ھەمىشە قىلىنىڭ
ئۇستىدە قالغاندەك سېزد-
مەن. مەن سىزنىڭ تەمكىن
مىجەزىڭىزگە، قالتىس تۈز-
لۈكىڭىزگە، قىلنى قىرىق
يارىدىغان چارە – تەدبىرلىكىڭىزگە ھەيران قېلىپ، زەن سالىمەن.
مۇنداقچە ئېيتقاندا، سىز كارامەت دىپلوماتسىز[1]» دېگەن. قەشقەردە
سالاھىيىتىنى يوشۇرۇپ، ھاياتى قىلىنىڭ ئۇستىدە تۇرغاندەك كە-
چۈرمىشنى باشتىن كەچۈرگەن چوقان ۋەلىخانوف شۇ قېتىمدا «ئال-
تە شەھەر خاتىرىلىرى» نى يېزىپ چىقىپ، قەشقەرىيە ھەققىدە مار-
كوپولودىن كېيىن ھېچقانداق مەلۇماتقا ئېرىشەلمەي كېلىۋاتقان
ياۋروپالىقلارنى تۇنجى قېتىم چۈشەنچە ھاسىل قىلىش ئىمكانىيە-
تىگە ئىگە قىلغان. شۇنىڭدىن كېيىن ياۋروپالىق تەكشۈرگۈچى ۋە
ئېكسپېدىتسىيەچىلەر بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى «تارىم قوۋۇقى» نى
چەككەن. مۇساباي ھاجىم 1860 – يىللاردىن باشلاپ غۇلجىنى بازا
قىلىپ تىجارەت بىلەن شۇغۇللانغان. ئۇ، ئۇزاق ئۆتمەي ئىلى تەۋە-

---

① نوغمان باياندىيىن (قازاقىستان)، «ئالتە شەھەرگە ساياھەت»، «مىراس» ژۇرنىلى
2006 – يىلى 1 – سان، 67 – بەت.

سىدە زور مىقداردا چارۋىسى ۋە نۇرغۇن يەر ـ زېمىنى بار چوڭ بايغا ئايلانغان.

1881 ـ يىلى «جۇڭگو ـ رۇسىيە ئىلى شەرتنامىسى» ئىمزالىنىپ، رۇسىيە تەرىپىدىن 11 يىل ئىگىلىۋېلىنغان ئىلى رايونى جۇڭگوغا قايتۇرۇلغان. رۇسىيە «ئىلىنى ۋاكالىتەن ساقلاپ بەرگەن» لىك خىراجىتى ئۈچۈن 9 مىليون رۇبلى تۆلەم تۆلەشنى تەلەپ قىلغان. بۇنى شۇ چاغدىكى جۇڭگو كۈمۈشىگە سۇندۇرغاندا 5 مىليون سەر كۈمۈش بولاتتى. 1894 ـ يىلىدىكى «جۇڭگو ـ ياپونىيە ئۇرۇشىدىن ئىلگىرى چىڭ سۇلالىسىنىڭ ھەر يىللىق مالىيە كىرىمى تەخمىنەن 80 مىليون سەر كۈمۈشتىن كۆپرەك ئىدى①.» زەئىپلىشىپ كەتكەن چىڭ سۇلالىسى شەرتنامە بويىچە رۇسىيەگە تۆلەم بېرىشكە مەجبۇر بولغان. چىڭ سۇلالىسىنىڭ مالىيە قىيىنچىلىقى ئېغىر بولغاچقا، تۆلەم پۇلىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، ئىلىدا ھۆكۈمەت سودىگەرلەرگە يەر ساتقان. شۇ چاغدا چوڭ سودىگەر مۇساباي ھاجىم غۇلجا ۋە كۈرەدىن ئەڭ ياخشى يەرلەرنى سېتىۋالغان. رۇسىيە بىلەن شىنجاڭ ئوتتۇرىسىدىكى سودا ـ تىجارەتتە ئاساسلىق ئورۇننى يۇڭ ـ تېرە سودىسى ئىگىلەيتتى. چالا پىششىقلاپ ئىشلەنگەن تېرە زور پايدا ئالغىلى بولىدىغان تاۋار ھېسابلىناتتى. ئۇيغۇرلاردا كۆن ـ خۇرۇم كەسپى ئومۇملاشقان كەسىپ ئىدى. شۇ سەۋەبتىن مۇساباي ھاجىم 1885 ـ يىلى كۈرە شەھىرىدىن سېتىۋالغان يەرگە 90 چە ئىشچى ئىشلەيدىغان تېرە پىششىقلاپ ئىشلەش كارخانىسى قۇرغان. بۇ، جۇڭگو بويىچە تۇنجى تېرە پىششىقلاپ ئىشلەش كارخانىسى ئىدى. 1887 ـ يىلى تيەنجىنلىك ۋۇ ماۋرېن قۇرغان «بېيياڭ تېرە ئەيلەش شىركىتى» ئىشقا كىرىشىپ بىر ـ ئىككى يىل بولا ـ بولمايلا ۋەيران بولغان. كەسىپ جەھەتتىكى ئەنئەنىۋى ئۈستۈنلۈك ھەم بازار ئېھتىياجى جەھەتتىكى ئەۋزەللىك سەۋەبىدىن مۇساباي ھاجىم

① سەي مېيبياۋ قاتارلىقلار يازغان «جۇڭگو ئومۇمىي تارىخى» (12)، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2009 ـ يىلى نەشرى، ئۇيغۇرچە، 348 ـ بەت.


قۇرغان تېرە پىششىقلاپ ئىشلەش كارخانىسى بارغانسېرى گۈللەن-
گەن. مۇساباي ھاجىمنىڭ ئوغۇللىرى ھۈسەن باي بىلەن باھاۋۇدۇن
باي يەرلىك ئۇسۇلدا قول ھۈنىرى ئارقىلىق ئىشلەپچىقىرىلغان
مەھسۇلاتلارنى رۇسىيە، گېرمانىيە، تۈركىيە قاتارلىق دۆلەتلەرگە
ساتقان. بۇ ئىككى ئوغۇل رۇسلار بىلەن سودا قىلىش جەريانىدا مەبـ-
لىغىنىڭ كۆپلۈكى ھەم تىجارەت ئىشلىرىدىكى چېۋەرلىكى بىلەن
داڭ چىقارغان ھەمدە «مۇسابايېفلار» دەپ مەشھۇر بولغان. 1895 -
يىلى مۇساباي ھاجىم قازا قىلغاندا ئۇنىڭ ئۈچ خوتۇنىدىن بولغان
ھۈسەن باي، باھاۋۇدۇن باي، ئىمام مۇھەممەت، ئوبۇلھەسەن، ھېسا-
مىدىن، ئابدۇللادىن ئىبارەت ئالتە ئوغلى ۋە ئىككى قىزى ئاللىبۇ-
رۇن قاتارغا قوشۇلۇپ بولغانىدى. بۇلارنىڭ ئىچىدە بىر - بىرىدىن
قابىلىيەتلىك چوڭ ئوغۇللىرى ھۈسەن باي بىلەن باھاۋۇدۇن باي
تىجارەتكە پىشقان، ئۆزىنى توختاتقان خەلقئارالىق سودىگەرلەردىن
بولۇپ قالغان. ئۇلار ئەلۋەتتە ئەڭ مۇشكۈل يوللارنى بېسىپ، ئەڭ
زور قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ مۇشۇ ھالەتكە كەلگەنىدى. چۈنكى
ئۇلار شىنجاڭدا باج تۆلىمەي سودا قىلغانلىقىنىڭ ئۈستىگە، زومىگەر-
لىك بىلەن خام ئەشيا مەنبەسىنى مونوپول قىلىۋالغان رۇسىيە سو-
دىگەرلىرى بىلەن تىغمۇتىغ تۇرۇپ سودا جېڭى قىلغان. بۇ توغرۇ-
لۇق «غۇلجىنىڭ سودا تارىخىدىن قىسقىچە بايان» دېگەن ماقالىدە
مۇنداق يېزىلغان:

«1851 - يىلىدىن كېيىن چار رۇسىيە جاھانگىرلىكى بىر قاتار
تەڭ ھوقۇقسىز شەرتنامىلەرنى تۈزۈش ئارقىلىق ئىلى رايونىدا سودا
ئىشلىرى بىلەن خالىغانچە شۇغۇللانغان. رۇسىيە سودىگەرلىرى
جۇڭگونىڭ قانۇنلىرىغا بويسۇنمايتتى. ئۇلار ئىلىنىڭ سودىسىنى
مونوپول قىلىۋېلىپ، رۇسىيە ماللىرىنى تۈركۈملەپ ئېلىپ كىر-
گەن. يەرلىك مەھسۇلاتلار ۋە خام ئەشيالارنى ئەرزان باھادا تالان -
تاراج قىلغان. 1890 - يىلىنىڭ ئالدى - كەينىدە ئىلىنىڭ مىللىي
سودىسى رۇسىيە سودىگەرلىرى ۋە رۇسىيە مەھسۇلاتلىرى بىلەن



www.uyghurkitap.com

بولغان رىقابەتتە تەرەققىي قىلىشقا باشلىغان. ھەر مىللەت خەلقى ئىمپورت ـ ئېكسپورت شىركەتلىرى ۋە ۋاستىچىلەر ئارقىلىق ئۆزىگە خوجا ھالدا چېگرا سودىسى يولىنى ئېچىپ رۇسىيە سودىگەرلىرى بىلەن تىركەشكەن. بۇنىڭدا ھۇسەن باي باشلامچى بولغان. ئۇ، تۇرلۇك تېرە، خۇرۇم، يۇڭ، پاختا قاتارلىق يەرلىك مەھسۇلاتلارنى ئېكسپورت قىلىپ باش كۆتۇرگەن. رۇسىيە ئىمپېرىيەسى بىلەن ئىمپورت ـ ئېكسپورت سودىسىنى يولغا قويغان[①].»


ھۇسەن باي

ئاكا ـ ئۇكا مۇسابايېفلار خەلقئارالىق سودىگەر بولۇش سۈپىتى بىلەن قىرىم تاتارلىرىدىن چىققان مەشھۇر جەدىدىزمچى ئىسمائىل غاسپىرالىي (1851 ـ 1914) نىڭ جەدىدىزملىق تەشەببۇسلىرىغا ۋە بۇ تەشەببۇسلارنىڭ تۇركىيە، قازان، ئۇفا، ئورېنبۇرگلاردا ۋە سەمەرقەنت، تاشكەنت قاتارلىق ئوتتۇرا ئاسىيا شەھەرلىرىدە پەيدا قىلغان يېڭى مائارىپ، يېڭى مەدەنىيەت دولقۇنىغا يېقىندىن دىققەت قىلغان. دادىسىنىڭ «پۇلنىڭ خوجىسى بولماي، بىلىمنىڭ خوجىسى بولۇڭلار» دېگەن ۋەسىيىتى بويىچە ئىش كۆرۈپ، مەدەنىيەت، مائارىپ ئىشلىرىغا ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلگەن. ئۇلار ئىسمائىل غاسپىرالىي 1884 ـ يىلى يۇرتى باغچەساراي

① «غۇلجىنىڭ سودا تارىخىدىن قىسقىچە بايان»، «غۇلجا شەھەر تارىخي ماتېرىياللىرى» نىڭ 2 ـ قىسمى، 1994 ـ يىلى بېسىپ تارقىتىلغان، 60 ـ بەت.

www.uygurkitap.com

شەھىرىدە تۇنجى «ئۇسۇلى جەدىد» (ئۇسۇلى سەۋتە) مەكتىپىنى ئېچىپ 15 يىل ئۆتكەندىن كېيىن ئانا يۇرتى ئۇستۇنئاتۇشنىڭ ئىكساق كەنتىدە جەدىدچە ئوقۇتۇش ئۇسۇلىنى يولغا قويغان تۇنجى مەكتەپنى ئاچقان. بۇ يىگىرمە ئەينى يىلى قىرىمدا چىقىدىغان «تەرجىمان» گېزىتىدە خەۋەر قىلىنغان.

1905 ـ يىلى چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنىڭ سودا ئىشلىرى ۋازارىتى «چەت ئەللەرگە چىقىپ رىقابەتكە قاتنىشىش نىزامنامىسى» نى ئېلان قىلىپ، جۇڭگولۇق سودىگەرلەرنى خەلقئارالىق تاۋار يەرمەنكىلىرىگە قاتنىشىشقا رىغبەتلەندۈرگەن ۋە كۆرسەتمە بەرگەن. بۇ ئارقىلىق تاشقى سودىنى كېڭەيتىپ، ئىلغار دۆلەتلەرنىڭ مەھسۇلاتلىرىنى كۆرۈپ، جۇڭگونىڭ سودا ـ سانائەت ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرمەكچى بولغان[①]» بولسا، ئاكا ـ ئۇكا مۇسابايېفلار ئۇنىڭدىن نەچچە يىل ئىلگىرىلا تاشقى سودىنى يولغا قويۇپ، موسكۋا قاتارلىق شەھەرلەردە ئۆتكۈزۈلگەن يەرمەنكىلەرگە قاتنىشىپ، خەلقئارالىق رىقابەتكە چۈشۈپ، سودا ـ تىجارەت ئىشلىرىدا مول تەجرىبە ۋە خەلقئارالىق نەزەرگە ئىگە بولغان. 1905 ـ يىلى ئاكا ـ ئۇكا ئىككىيلەن بىرلىشىپ «مۇسابايېف بۇرادەرلەر شىركىتى» نى قۇرغان. بۇ شىركەتنىڭ قۇرۇلۇشى شىنجاڭنىڭ سودا ـ تىجارەت تارىخىدىكى نامايەندە خاراكتېرلىك باشلىنىش ھېسابلىنىدۇ. ئاكا ـ ئۇكا مۇسابايېفلار شىركەت قۇرغان چاغدا، ئاللىبۇرۇن رۇسىيەنىڭ ھەرقايسى شەھەرلىرىدىكى سودا ۋاكالەتخانىلىرىنى تولۇق ھېسابات ئىشلىتىش ئارقىلىق سودا قىلىدىغان يولغا كىرگۈزۈپ بولغان. رۇسىيە بانكىسىدا ھېسابات نومۇرى ئاچقان. ۋۇ شاۋلىنىڭ «شىنجاڭغا نەزەر» دېگەن ئەسىرىدە ئاكا ـ ئۇكا مۇسابا-

---

① «جۇڭگو يېقىنقى زامان ئومۇمىي تارىخى» (يېڭى سىياسەت، ئاساسىي قانۇن تۈزۈش ۋە شىنخەي ئىنقىلابى) 5 ـ توم، «سۇمۇرغ» نەشرىياتى ئاخبارات يەتكۈزۈش گۇرۇھى بىلەن جياڭسۇ خەلق نەشرىياتى بىرلىكتە نەشر قىلغان، 2007 ـ يىلى ئۆكتەبىر نەشرى، خەنزۇچە، 95 ـ بەت.



باھاۋۇدۇن باي

يېفلارنىڭ تيەنجىن ۋە شاڭخەي- دىكى بانكىلار بىلەنمۇ ئالاقىسى بارلىقى ئېيتىلغان. ئۇلار ئۇي- غۇر ۋە رۇس تىل - يېزىقىد- كى ئايرىم - ئايرىم ئىش قە- غەزى باستۇرۇپ شىركەتنىڭ خەت - ئالاقىلىرىدە مەخسۇس شۇ قەغەزنى ئىشلەتكەن. بۇ پا- كىتلار ئۇلارنىڭ خەلقئارا سە- ۋىيەدىكى ئۆلچەملەشكەن شىر- كەت باشقۇرۇش يولىغا كىرىپ بولغانلىقىنى ئىسپاتلايدۇ. ھە- قىقەتەنمۇ 20 - ئەسىرنىڭ بې- شىدا شىنجاڭ رايونىدا ئۇلارغا يېتىدىغان چوڭ سودىگەرلەر يوق ئىدى. زومىگەر رۇسىيە ئىمپېرى- يەسىنى ئارقا تىرەك قىلىپ سودا قىلىدىغان تاتار، ئۆزبېك بايلىرى- مۇ ئۇلارغا يەتمەيتتى. شىنجاڭدىكى «خەنزۇ سودىگەرلەر ئىچىدە تيەنجىنلىك سودىگەرلەرنىڭ ئەمەلىي كۈچى ئەڭ كۈچلۈك بولۇپ، ئۇلار ‹تيەنجىن گۇرۇھى› دەپمۇ ئاتىلاتتى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە ياڭ ليۇ- پىڭ ئەڭ ئالدىنقى ئورۇندا تۇراتتى. ئۇنىڭ شىنجاڭدا 100 دىن ئار- تۇق دۇكىنى بار ئىدى. ئاساسلىقى مىلچمال، يىپەك، گەزلىمە رەخت، تاماكا، چاي، ھاراق تىجارىتى قىلاتتى①.» ئەمما، ئۇنىڭ مەب- لىغىنى ئاكا - ئۇكا مۇسابايېفلارنىڭ مەبلىغىگە سېلىشتۇرغىلى بولمايتتى. تىجارىتىنىڭ خاراكتېرىنى تېخىمۇ سېلىشتۇرغىلى بولمايتتى. بىرى دۇكاندار غوجايىن بولسا، بىرى سانائەتچى كاپىتا- لىست ئىدى، بىرى مىلچمال سودىگىرى بولسا، بىرى خەلقئارالىق

① سەي مېيبياۋ قاتارلىقلار يازغان «جۇڭگو ئومۇمىي تارىخى»، شىنجاڭ خەلق نەشرى- ياتى، 2009 - يىلى نەشرى، ئۇيغۇرچە، 11 - توم، 661 - بەت.

www.uyghurkitap.com

سالاھىيەتكە ئىگە كارخانىچى ئىدى. ئاكا ـ ئۇكا مۇسابايىفلارنىڭ سودا ـ تىجارەتتىكى تەسىرىنى ئۇلارنىڭ شېرىكلىشىپ «مۇسابايېف بۇرادەرلەر شىركىتى» نى قۇرغانلىقى مۇناسىۋىتى بىلەن 1905 ـ يىلى چار پادىشاھقا يازغان مۇنۇ مەكتۇپىدىنمۇ چوڭقۇر ھېس قىلىنىۋالغىلى بولىدۇ.

جانابى ئالىيلىرىغا مەلۇم بولغاي

كەمىنىلىرى ھۈسەيىن ھەم باھاۋۇدۇن مۇسابايېفلار بۇ ۋاقىتقىچە ھۈسەيىن مۇسابايېف نامىدا بولۇپ كېلىنگەن سودىمىزنى 1323 ـ يىل ھىجرىيە تومۇز ئېيىدىن باشلاپ ھەر ئىككىمىز شېرىك بولۇشۇپ، ئەھدە ۋە شەرتلەر باغلاپ تىجارەت ۋە سانائەت كارخانا ئىشلىرىنى كامىل ئازادىلىك ئىلە يۈرگۈزمەك بولۇپ، سودىمىزنىڭ نامىنى «تىجارەتخانا ھۈسەيىن مۇسابايېف ۋە بۇرادىرى» قويۇپ، ئەھدە ۋە شارائىت كاغەزلىرىمىزنى پادىشاھلىقنى گۇۋاھلاندۇرۇپ، ئىشىمىزنى بىر داۋام قىلدۇق.

ھەر ئىشنىڭ بېشىدا مۇدىر ھۈسەيىن مۇسابايېف بولۇپ ھەم ئۇنىڭ ئورنىدا بۇرادىرى، ھەم شېرىكى باھاۋۇدۇن مۇسابايېف قول قويغانلىرىغە (ئىمزالىرىنى) ئىلتىپات قىلماقلىرىڭىزنى رەجا قىلىپ، تەۋەججۇھاتىڭىزنىڭ داۋامىنى تەمەننى قىلىمىز.

بۇنداق يۈكسەك پاراسەت ۋە دادىل پوزىتسىيە ئەۋلادلارنى سۆيۈندۈرمەي، ئىپتىخارلاندۇرماي قالمايدۇ. شۈبھىسىزكى، ئەجدادلارنىڭ ئەجرى ــ ئەۋلادلارنىڭ غۇرۇر بايلىقى.


مەيلى سودا ـ سانائەتنى گۈللەندۈرۈش، مەيلى يېڭى مائارىپنى يولغا قويۇش، مەيلى چەت ئەللەرگە ئوقۇغۇچى چىقىرىش جەھەتتە

1900 ـ يىلىدىن ئىلگىرىلا باشلامچىلىق رول ئوينىغان ئاكا ـ ئۇكا مۇسابايېفلار 1901 ـ يىلى چىلىك سۇلالىسى ھۆكۈمىتى «يېڭى سىياسەت» نى ئېلان قىلىش بىلەن تەڭ قەدەمنى تېخىمۇ چوڭ ئېلىپ، سودا كاپىتالىنى سانائەت كاپىتالىغا ئايلاندۇرۇش مەقسىتىدە نەزەرىنى ياۋروپانىڭ ئىلغار سانائىتىگە تىككەن. 1906 ـ يىلى ياپونىيە بىلەن جۇڭگو شېرىكلىشىپ ، ياپونىيە مەبلەغ چىقىرىپ، جۇڭگو تارىخىدىكى تۇنجى زامانىۋى «جياڭنەن كۆن ـ خۇرۇم زاۋۇتى» نى قۇرۇۋاتقاندا، ئاكا ـ ئۇكا مۇسابايېفلار گېرمانىيە ۋە فىرانسىيەدە كۆن ـ خۇرۇم زاۋۇتىنىڭ ئۇسكۇنىلىرىنى سېتىۋېلىش ئۈچۈن توختام تۈزۈشۈپ بولغان.

18 ـ ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىن بۇيان خەلقىمىزگە ھۆكۈمرانلىق قىلىپ كېلىۋاتقان ئەكسىيەتچى چىلىك سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنىڭ ھاكىممۇتلەقلىقى ۋە زوراۋانلىقى خەلقنى قورقۇنچاق، ئېھتىياتچان، چۈشكۈن، نادان، گۇمانخور ۋە قۇلچىلىق خاراكتېرىدە گىرىپتار قىلىۋەتكەن شارائىتتا، ئاكا ـ ئۇكا مۇسابايېفلارنىڭ قەددىنى تىك تۇتۇپ، ئۆز كۈچىگە تايىنىپ، ئەقىل ـ پاراسىتىنى نامايان قىلىپ، مەغرۇر ھەم قاقباش ياۋروپا كاپىتالىستلىرى بىلەن تەڭ ئولتۇرۇپ، سۆھبەتلىشىپ توختام تۈزۈشى ھەرقانداق كىشىنى ھاياجانغا سالماي قالمايدۇ. «ئال ـ سات» شەكلىدە سودا قىلىپ كەلگەن قالاق خەلقنىڭ پەرزەنتى بولغان ئاكا ـ ئۇكا مۇسابايېفلارنىڭ سانائەت مەھسۇلاتلىرىنى ئۆزلىرى ياساپ سېتىش مەقسىتىدە زامانىۋى زاۋۇت قۇرۇش غەيرىتىگە كەلگەنلىكى ھەرقانداق كىشىنى سۆيۈندۇرمەي قالمايدۇ.

ئۇششاق بۇرژۇئازىيەدىن مىللىي بۇرژۇئازىيەگە ئايلىنىش يولىغا قەدەم قويغان ئاكا ـ ئۇكا مۇسابايېفلار 1906 — 1907 ـ يىللىرى گېرمانىيەنىڭ رېين دەرياسى بويىغا جايلاشقان فىرانكفورت شەھىرىدىكى MOENUS توقۇمىچىلىق، كۆن ـ خۇرۇم زاۋۇتى، A·E·G ئېلېكتىر ھەسسىدارلىق شىركىتى ۋە فىرانسىيەنىڭ Tournee

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىكى ئادرېسى




ئىستانوك شىركىتى بىلەن توختاملىشىپ، كېرەكلىك بولغان ماشىنا، ئىستانوك، پار قازان، گېنېراتور، ئېلېكتىر موتور، مېتال قىرىش، رەندىلەش، دەزماللاش، چاقلاش، كەپشەرلەش ئۈسكۈنىلىرىنى سېتىۋالغان. جيا ئىنخې بىلەن جياڭ جىباڭ بىرلىكتە يازغان «مۇسابايېۋ تېرە زاۋۇتى ھەققىدە سۆز» دېگەن ماقالىدە: «1913 ـ يىلى جۇڭگو ئىچكى ئۆلكىلەردە قۇرغان 11 ئورۇندىكى تېرە زاۋۇتىنىڭ ئومۇمىي كاپىتالى 4 مىليون 600 مىڭ يۈەن بولۇپ، مۇسابايېۋلار تېرە زاۋۇتىنىڭ مەبلىغىدىن ئاران 1 مىليون يۈەن ئارتۇق ئىدى[①]» دېيىلگەن.

ئاكا ـ ئۇكا مۇسابايېۋلار 40 تىن ئوشۇق ماشىنا ـ ئۈسكۈنىنى رۇسىيە تەرەپنىڭ قاتتىق شەرتلەرنى قويۇشى ۋە تۈرلۈك توسالغۇ پەيدا قىلىشىغا ئۇنۇملۇك تاقابىل تۇرۇپ، گېرمانىيەدىن موسكۋا، ئومسكى، شەمەي، ياركەنت لىنىيەسى بىلەن پويىز، پاراخوت، ھارۋا، چانا قاتارلىق قاتناش قوراللىرىدا مىڭبىر مۇشەققەتتە غۇلجا شەھىرىگە ئېلىپ كېلىپ، 300 مو كۆلەمدىكى «زاۋۇت قورۇ» غا جايلاشتۇرغان. رۇسىيەدىن ئوتقا چىداملىق خىشلارنى سېتىۋېلىپ،

① «مۇسابايېۋ تېرە زاۋۇتى ھەققىدە سۆز»، «ئىلى تارىخ ماتېرىياللىرى»، 6 ـ قىسىم، 1992 ـ يىلى بېسىپ تارقىتىلغان، 236 ـ بەت.

زور جاسارەت بىلەن زاۋۇت قۇرۇلۇشىنى پۈتكۈزگەن. 25 مېتىر ئېگىزلىكتىكى تۇرخۇننى قوپۇرۇپ، يۇقىرى قىسمىغا «1909» دېگەن ساننى ئاق خىش بىلەن نەقىشلەپ چىقارغان. چىڭگىزخاننىڭ قوشۇنلىرى كەڭساي ئارقىلىق غۇلجىغا يېتىپ بېرىش ئۈچۈن 48 ئورۇنغا كۆۋرۈك سالغان بولسا، ئاكا - ئۇكا مۇسابايېفلار «ياركەنت — قورغاس — غۇلجا ئارىلىقىدا 200 دىن ئارتۇق چوڭ - كىچىك كۆۋرۈك ياساپ[①]» زاۋۇت ئۈسكۈنىلىرىنى غۇلجا شەھىرىگە ئېلىپ كەلگەن. شۇنداق قىلىپ 1909 - يىلى كۈزدە زاۋۇتنىڭ «ۋۇت! ۋۇت!...» قىلىپ ياڭرىغان گۈدۈك ئاۋازى ئىلى ئاسمىنىنى لەرزىگە سېلىپ، شىنجاڭ مىللىي سانائىتىنىڭ پەردىسىنى ئاچقان. بۇ زاۋۇت قالاق، ناتۇرال ئىگىلىكتىكى شىنجاڭنىڭ سانائەتلىشىشكە تاشلىغان تۇنجى زور قەدىمى بولۇش سۈپىتى بىلەن 20 - ئەسىر شىنجاڭ تارىخىدىكى ئەھمىيىتى ئەڭ زور ۋەقەلەرنىڭ بىرى بولۇپ قالغان. ئەينى ۋاقىتتا بۇ زاۋۇتنىڭ قۇرۇلۇشى ئانا دىيارىمىز شىنجاڭ ئۈچۈن ئېيتقاندىلا ئەمەس، بەلكى پۈتكۈل ئوتتۇرا ئاسىياغا نىسبەتەن ئېيتقاندىمۇ ھەيران قالارلىق زور يېڭىلىق ئىدى. بۇ يېڭىلىقنى ئاكا - ئۇكا مۇسابايېفلار ئېيتىپ تۈگەتكۈسىز جاسارەت ۋە مىڭلارچە ئاپىرىن ئوقۇغۇدەك پاراسەت بىلەن تالاي مۇشەققەتنى يېڭىپ، تۈرلۈك دۆلەتلەردىكى نۇرغۇن سودا، دىپلوماتىيە ئورۇنلىرىغا قاتراپ، تۆت يىل ۋاقىت سەرپ قىلىپ قۇرۇپ چىققانىدى. بۇ زاۋۇتنىڭ قۇرۇلۇشى ئانا دىيارىمىزدا تۇنجى ئەۋلاد مىللىي كاپىتالىستلارنىڭ بارلىققا كەلگەنلىكىدىن، مىللىي كاپىتالنىڭ شەكىللىنىشكە باشلىغانلىقىدىن دېرەك بەرگەن. كارل ماركس «تۈگمەننىڭ بېشىدا پومېشچىك ئولتۇرىدۇ، زاۋۇتنىڭ بېشىدا كاپىتالىست ئولتۇرىدۇ[②]» دېگەنىدى. پۇشۇلداپ ئولتۇرۇپ پۇلۇ يېيىشنى چوڭ بىلىدىغان غايىسى نامرات


① ئەزىزوف ئابدۇللا: «مۇسابايېفلار كارخانىسىنىڭ قىسقىچە تارىخى»، «شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى (28)»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشرى، 206 - بەت.

② «ماركس، ئېنگېلس تاللانما ئەسەرلىرى»، خەلق نەشرىياتى، 1975 - يىلى 3 - ئاي نەشرى، خەنزۇچە، 1 - توم، 108 - بەت.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

MASCHINENFABRIK **MOENUS** A.G., FRANKFURT-M.

**No. 334 Ausreck- und Abwelkmaschine „ESSORELLA“**
D. R. P. a.




هۆسەن باينىڭ كېلىنى دىلئارام ئاپپاي تەمىنلىگەن بۇ رەسىم زاۋۇت ئۈسكۈنىلىرىنى ئىشلىتىش قوللانمىسى (گېرمانچە) نىڭ بىر بېتى

يومىشچىك بىلەن بازار، خام ئەشيا، رىقابەت، پۇرسەت، مەۋجۇتلۇق، تەرەققىيات، يېڭىلىق، ئۈچۈر، تېخنىكا، سان، سۈپەت، كاپىتال ھەققىدە تىنىمسىز تەپەككۇر قىلىپ ئىزدىنىدىغان كاپىتالىستىنىڭ ساپاسىدا ئاسمان ـ زېمىن پەرق بولىدىغانلىقى ئۆز ـ ئۆزىدىن ئايان. بىر مىللىي كاپىتالىست ئەڭ ئاز بولغاندا بىر مىللىي كارخانىدىن دېرەك بېرىدۇ. مىللىي كارخانىلار كۆپلەپ قۇرۇلغانسېرى تەبىئىي ھالدا ، ھازىرقى زامان مىللىتى بولۇش ئۈچۈن ئەڭ زۆرۈر بولغان مىللىي بۇرژۇئازىيە قاتلىمىنى شەكىللەندۈرىدۇ. شۈبھىسىزكى، مىللىي بۇرژۇئازىيە قاتلىمى بىر مىللەتنىڭ ئىجتىمائىي قاتلاملىرى ئىچىدە ئىقتىسادنىڭ، جەمئىيەتنىڭ ئايلىنىش قانۇنىيىتىنى چۈشىنىدىغان ھەم ئۇنىڭ تەرەققىياتىغا ئەڭ كۈچلۈك تەسىر كۆرسىتىدىغان قاتلام ھېسابلىنىدۇ. مىللىي بۇرژۇئازىيە قاتلىمى شەكىللەنمىگەن مىللەتنىڭ سىياسىي تەپەككۇرى ھەرگىز يېتىلمەيدۇ، ئىقتىسادىي ئېڭى ھەقىقىي مەنىدە ئويغانمايدۇ. نادان

بايلاردا بالىلىرىغا مىراس قالدۇرۇشتىن ئارتۇق ئەھمىيەتلىك ئارزۇ
بولمايدۇ. ئۇلارنىڭ ئىلكىدىكى بايلىقنىڭ ئىجتىمائىي رولى بەكمۇ
تۆۋەن بولىدۇ. شۇڭا كارخانىنىڭ قىممىتى، كارخانىچىلارنىڭ رولى
ھەققىدە چوڭقۇر تەسىراتقا ئىگە ياپونلار «100 پىروفېسسور تەربى-
يەلىگەندىن بىر كارخانىچى يېتىشتۇرگەن ئەلا» دەپ قارايدۇ. ھەقى-
قەتەنمۇ مىللىي كارخانىچىلار مىللەتنىڭ زور بايلىقى ھېسابلىنىدۇ.
مىللىي كاپىتال كۈچى يوق ياكى مىللىي كاپىتال كۈچى ئاجىز مىل-
لەت زامانىۋى تەرەققىياتتىن تولىمۇ يىراق تۇرىدۇ. بىر جەمئىيەتتە
بىر كارخانا قۇرۇلىدىكەن، تەبىئىي ھالدا مىللىي كاپىتالنىڭ جۇغ-
لىنىشىغا بىر ئىشىك ئېچىلىدۇ، ئۇ كارخانىدا ئىشلەيدىغان مەخ-
سۇسلاشقان مەلىكىلىك ئىشچىلار قوشۇنى بارلىققا كېلىدۇ. ئەۋلاد-
مۇئەۋلاد ناتۇرال ئىگىلىك ۋە ئىپتىدائىي ئىشلەپچىقىرىش شەكلى
ئارقىلىق ئۆزىنى قامداپ كېلىۋاتقان، قالاق، نامرات، چېچىلاڭغۇ
بىر جەمئىيەتكە نىسبەتەن ئېيتقاندا، قائىدە - تۈزۈم ئېڭىغا ئىگە،
ۋاقىت، ئۇنۇم بىلەن ھېسابلىشىدىغان مەلىكىلىك ئىشچىلارنىڭ بار-
لىققا كېلىشى سەل چاغلايدىغان يېڭىلىق ئەمەس، ئەلۋەتتە.

پاراسەتلىك، يىراقنى كۆرەر ئاكا - ئۇكا مۇسابايېفلار زاۋۇتنىڭ
تەرەققىياتىنى، ئىشلەپچىقىرىشنىڭ كاپالەتكە ئىگە قىلىنىشىنى نە-
زەردە تۇتۇپ، زاۋۇتتا گۇدۇك ياڭرىتىشتىن ئاۋۋال گېرمانىيەلىك
تېخنىكلارنى، رۇسىيەلىك تاتار ئوقۇتقۇچىلارنى، بۇخارادا ئوقۇپ
كەلگەن داموللىلارنى تەكلىپ قىلىپ، ھازىرقى ئىلى پېداگوگىكا
ئىنستىتۇتىنىڭ ئورنىدا تېخنىك ئىشچىلارنى تەربىيەلەيدىغان
كەسپىي مەكتەپ قۇرۇپ، زامانىۋى زاۋۇتنىڭ تەلىپىگە لايىق باش-
قۇرغۇچى، تېخنىك ۋە ئىشچىلارنى تەربىيەلەش ئىشىنى باشلىغان.
ئادەتتە «مەكتەپ قورۇ» دەپ ئاتالغان بۇ ئورۇندا ئۈچ قارارردا 500 دەك
ئىشچى تەربىيەلەنگەن. ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى جەنۇبىي شىنجاڭدىن
ئىلىغا ئىش ئىزدەپ چىققان مۇساپىر، يېتىم - يېسىرلار ئىدى.
ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن بوغالتىر، ھېسابچى، ئىستاتىستىكچى، كاس-

سىر، مېخانىك، پار قازان باشقۇرغۇچى، شورنىك، تېخنىك، ماستېر، توكار، سىلسار، كەپشەرچى، پىرىيومچى، تېلېفونىست قاتارلىقلار يېتىشىپ چىققان. ئاكا ـ ئۇكا مۇسابايېفلار يەنە زاۋۇت ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشىپ بىرنەچچە يىلدىن كېيىن رۇسىيەنىڭ قازان شەھىرىدىن خەلىچە ئابىستاي قاتارلىق ئۈچ ـ تۆت تاتار ئايال ئوقۇتقۇچىنى تەكلىپ قىلغان. بۇ ئابىستايلار ئۇچۇن مەخسۇس «ئايالىلار ھۇنەر مەكتىپى» نى ئېچىپ، قىز ـ چوكانلارغا ساۋات چىقىرىش تەربىيەسى بەرگەندىن سىرت، كىيىم تىكىش، يۇڭدىن شارپا، پوپايكا، پەلەي، پايپاق قاتارلىقلارنى توقۇشنى، رىشىلىيە، گىلادىيە، شىتىيە، كانۋا قاتارلىقلارنى ئىشلەشنى ئۆگەتكەن. 1907 — 1909 ـ يىللىرى ئەتراپىدا يېتىم ـ يېسىر بالىلار ئۇچۇن قۇرۇلغان «دارىلشەپقەت» مەكتىپىدە «تۈركىيەدە ئوقۇغان ئوقۇتقۇچىلار ئىستانبۇلدىكى مەكتەپلەرنىڭ پىروگراممىلىرى بويىچە ئوقۇتۇش ئېلىپ بارغان ھەم رۇس تىلى بىلەن خەنزۇ تىلى ئۆگەتكەن. ئۇلار ئوقۇتىدىغان دەرسلەرنىڭ دائىرىسى تار، تىجارەت ۋە زاۋۇتقا كېرەكلىك بىلىملەر كۆپرەك ئىدى. بۇنىڭدىن مۇساباي جەمەتىنىڭ سودا ـ سانائەت ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان مۇنەۋۋەر ئەمگەكچىلەرنى تەربىيەلەشنى مەقسەت قىلغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ[1].» بۇ مەزگىلدە يەنە غۇلجا بايلىرى بىرلىشىپ ئۇيغۇر مائارىپ تارىخىدىكى تۇنجى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ «رۇشتىيە مەكتەپ» نى قۇرغان. ئاكا ـ ئۇكا مۇسابايېفلار تېخىمۇ مەردانىلىك كۆرسىتىپ «چەت ئەللەردە ئوقۇشنى خالايدىغانلار ئۆزىنى مەلۇم قىلسا، ئوقۇش خىراجىتىنى ئۆزلىرى ئۈستىگە ئېلىپ، ئوقۇتۇشقا كاپالەتلىك قىلىدىغانلىقى ھەققىدە ئۇقتۇرۇش تارقاتقان[2].»

① ئۇيشى شىنىيچىرو (ياپونىيە)، «مۇساباي جەمەتى ۋە يېڭىچە مائارىپ»، «شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى» ژۇرنىلى 2008 ـ يىلى 2 ـ سان.

② ياپونىيەلىك ئۇيشى شىنىيچىرو ماقالىسىدە نەقىل كەلتۈرگەن بۇ مەلۇماتنى 1973 ـ يىلى بىرىتانىيە يېڭى نەشرىياتى نەشر قىلغان «جۇڭگولۇقلار ۋە رۇسىيەلىكلەرنىڭ شىنجاڭدىكى پائالىيىتى» دېگەن كىتابتىن ئالغانلىقىنى ئەسكەرتكەن.

«مۇسابايېف تېرە زاۋۇتى» قۇرۇلغاندىن كېيىن تەسىرى ناھايىتى چوڭ بولغان. 1872 ـ يىلىدىن ئېتىبارەن شاڭخەيدە ئىنگلىزلارنىڭ مەبلىغى بىلەن چىقىپ كېلىۋاتقان جۇڭگو تارىخىدىكى تۇنجى ۋە ئەڭ نوپۇزلۇق گېزىت «شېنباۋ» (申报) گېزىتىدە بۇ خەۋەر بې-سىلغان. ئەينى چاغدا ياپونىيەدە پاناھلىنىپ تۇرۇۋاتقان داڭلىق ئىسلاھاتچى مۇتەپەككۇر كاڭ يۇۋېي 1910 ـ يىلى 28 ـ ئاپرېل خانغا سۇنغان شىكايەتنامىسىدە «ئىلىدا قۇرۇلغان كۆن ـ خۇرۇم زاۋۇتى ئەسلىدە رۇسىيە ماللىرىغا تاقابىل تۇرۇشنى نەزەردە تۇتۇپ قۇرۇل-غانىدى. ھالبۇكى، شىنجاڭدىكى سودا ئىشلىرىدا جۇڭگو سودىگەر-لىرى باج تۆلەيدۇ، رۇسىيە سودىگەرلىرى باج تۆلىمەيدۇ، بۇنداق بولسا تاقابىل تۇرۇش دېگەن بىر قۇرۇق گەپ بولۇپ قالمىدىمۇ. بۇ ھال ھۆكۈمەت بىلەن سودىگەرلەرنى مۇشكۈل ئورۇنغا چۈشۈرۈپ قويدى. سودىگەرلىرىمىزنىڭ ئارزۇ ـ تەلەپلىرىنى ئېتىبارغا ئې-لىپ، ئۇلار سېتىۋالغان ۋە ساتقان تېرىلەرگە باج ئېلىپ، ئىشلەپ-چىقارغان پىششىق مەھسۇلاتلىرىدىن باج ئېلىشنى كەچۈرۈم قىلىش ئارقىلىق، ئۇلارنىڭ داۋاملىق تىجارەت قىلىشىغا مەدەت بېرىلسە بولاتتى» دەپ ئوتتۇرىغا قويغان.


بۇنىڭدىن، بۇ ئوتتۇرا تىپتىكى زاۋۇتنىڭ ئەينى چاغدا داغدۇغى-سىنىڭ نەلەرگىچە بېرىپ يەتكەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

زاۋۇت ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلگەندىن كېيىن چارۋى-چىلاردىن كۆپلەپ خام ئەشيا سېتىۋالغان. ئىلى خەلقى خېلى ئوبدانلا مەنپەئەتلەنگەن. جۈملىدىن، ئەينى ۋاقىتتا ئىلى تاغلىرىدا ياشاۋاتقان 50 مىڭ قازاق خەلقىمۇ مەنپەئەتلەنگەن. 1908 ـ يىلىدىن 1913 ـ يىلىغىچە غۇلجىدا ھەربىي ئەمەلدار بولۇپ تۇرغان ياڭ زەڭ-شۇ «ھازىرقى شىنجاڭ» دېگەن ئەسلىمىسىدە «يالغۇز زاۋۇتلا پايدا ئېلىپ قالماي، چارۋىچىلارمۇ خېلى ئوبدان نەپكە ئېرىشتى» دەپ يازغان. ھەقىقەتەنمۇ خام ئەشيا سېتىۋېلىش، مەھسۇلاتلارنى سېتىپ چىقىرىش جەريانىدا ئىلىدا سودا ـ تىجارەت ئاجايىپ جانلانغان. ئا-

كا ـ ئۇكا مۇسابايېفلارنىڭ «كانتور قورۇ» دەپ ئاتىلىدىغان، هازىرقى غۇلجا شەھىرىنىڭ مەركىزىدىكى خەلق مەيدانىغا توغرا كېلىدىغان ھەشەمەتلىك باش تىجارەتخانىسى، يەنى شىركىتى ئەڭ ئالدىراش ئورۇن بولۇپ كەتكەن. زاۋۇتتا تۇركۇملەپ ئىشلەپچىقىرىلغان مەھسۇلاتلارنىڭ 60 پىرسەنتى رۇسىيەگە، 40 پىرسەنتى شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا سېتىلغان. سىلىق، سىپتا ھەم پۇختا بولغان بۇ سۈپەتلىك مەھسۇلاتلار ئەينى ۋاقىتتا ئىلى، چۆچەك، ئالتاي، ئۈرۈمچى، شىخۇ، ماناس قاتارلىق جايلاردا كەڭ كۆلەمدە سېتىلغان. كۆن، خۇرۇم، شاۋرۇن، چەم، رەڭلىك كاژۇل، چىگرىن، بۇلغارى، پالۋال، مەسكاپ، مەسە، ئۆتۈك، كەمەر، باجىنگىر، نوختا، ئېگەر قاتارلىق مەھسۇلاتلار كىشىلەرنىڭ ئېھتىياجىنى زور دەرىجىدە قامدىغان. كىشىلەرنىڭ تۇرمۇش سۈپىتى مەلۇم دەرىجىدە ئۆسكەن.

1912 ـ يىلى يانۋاردا ئىلىدا تۇرۇشلۇق ھەربىي قوشۇن ئىچىدىكى شىنخەي ئىنقىلابىنى ھىمايە قىلىپ، مانجۇلار ھۆكۈمرانلىقىدىكى چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنىڭ مەۋجۇتلۇقىغا خاتىمە بېرىشنى ئارزۇ قىلىدىغان ياڭ زەنشۇ، فېڭ تېمىن قاتارلىق ئىنقىلابچىلار قوزغىلاڭ كۆتۈرگەندە، «مۇسابايېف تېرە زاۋۇتى» نىڭ ماددىي ياردىمىگە ئېرىشكەن. 1914 ـ يىلى پارتىلىغان بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشى «مۇسابايېف تېرە زاۋۇتى» نىڭ سودىسىنى تېخىمۇ جانلاندۇرۇۋەتكەن. ئۇرۇشقا قاتناشقانلىقى سەۋەبىدىن ئېگەر، ئۆتۈك، چىگرىن، نوختا ۋە كۆن ـ خۇرۇمغا بولغان ئېھتىياجى جىددىي ئاشقان چار رۇسىيە ھۆكۈمىتى كەينى ـ كەينىدىن مال زاكاز قىلغان.

ئاكا ـ ئۇكا مۇسابايېفلار «مۇسابايېف تېرە زاۋۇتى» نى قۇرۇش جەريانىدا يەنە غۇلجا شەھىرىدىكى ھازىرقى خەلق مەيدانىنىڭ ئورنىدا سودا تىجارەت ئىشلىرىنى بېجىرىدىغان چوڭ كۆلەملىك زامانىۋى قورۇ سالغان. بۇ قورۇ «مۇسابايېفلار كانتورى» دەپ ئاتالغان. بۇ ئورۇن «مۇسابايېف بۇرادەرلەر شىركىتى» نىڭ ئورنى قىلىنغان. بۇ قورۇ يەنە «كانتور قورۇ» دەپمۇ ئاتالغان. قالاق، ناتۇرال ئىگىلىك



سۈرەتتىكى قۇرۇلۇش 1908 ـ يىلى سېلىنغان مۇسابايېفلار كانتورىنىڭ بىر بۆلىكى. شۇ يىلى تارتىلغان بۇ سۈرەتنى غۇلجا شەھەرلىك 2 ـ ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ پېنسىيەگە چىققان تىل ـ ئەدەبىيات ئوقۇتقۇچىسى مېھرىنىسا مۇئەللىم تەمىنلىگەن.

ۋە پارتىزانچە سودا ـ تىجارەت شەكلى ئومۇملاشقان ئەينى يىللاردا سودا كارخانىسى بولغان «مۇسابايېف بۇرادەرلەر شىركىتى» بىلەن سانائەت كارخانىسى بولغان «مۇسابايېف تېرە زاۋۇتى» ئىلى تەۋەسى-دىكى زامانىۋى ھاياتنىڭ ئەڭ روشەن بەلگىسى بولۇپ قالغان. شۈب-ھىسىزكى، سانائەتلەشتۈرۈش ئىقتىسادىي گۈللىنىش ۋە جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ مۇقەررەر يولى. ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچ-لىرى تەرەققىياتىنىڭ مۇئەييەن باسقۇچقا يەتكەنلىكىنىڭ مۇھىم بەلگىسى. ھەقىقەتەنمۇ «مۇسابايېف بۇرادەرلەر شىركىتى» بىلەن «مۇسابايېف تېرە زاۋۇتى» قۇرۇلۇپ ئۇزاق ئۆتمەي غۇلجا شەھىرى شىنجاڭدىكى ئەڭ ئاۋات، مەدەنىي، جەدىدچە مەكتەپلەر ئەڭ كۆپ ئېچىلغان، سودا ـ تىجارەت جانلانغان جەلپكار شەھەرگە ئايلانغان. نۇشىرۋان يائۇشېف 1915 ـ يىلى جەنۇبىي شىنجاڭنى ساياھەت قى-

www.uygurkitap.com

لىپ كېتىۋېتىپ «ۋاقىت» گېزىتىگە ئەۋەتكەن ماقالىسىدە: «ئالتە شەھەر مۇسۇلمانلىرى تېخى تەرەققىي قىلغىنى يوق. ئىلىم ۋە مائارىپ، زىرائەت، تىجارەت ۋە سانائەت ئىشلىرى بىر ياقتا تۇرسۇن، بۇ يەردە تېخى ئىپتىدائىي مەكتەپلەرمۇ يوق. خەلق بەك نامرات.» بۇلار «غۇلجا مۇسۇلمانلىرىدىنلا ئىبرەت ئالسىمۇ ياخشى بولاتتى» دەپ يازغان. غۇلجىنىڭ مەدەنىيەت مۇھىتى قويۇقلاشقانسېرى رۇسىيەلىك بىر قىسىم تاتار زىيالىيلار، تاشكەنت، ئەنجانلىق بىر قىسىم ئۆزبېك سودىگەرلەر، ئوقۇمۇشلۇق زاتلار كەينى ـ كەينىدىن غۇلجىغا كېلىپ ماكانلاشقان. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئورتاق مىللىي گۈللىنىش غايىسىنى كۆڭلىگە پۈككەن زاتلارمۇ، چار رۇسىيە ھۆكۈمىتىنىڭ زىيانكەشلىك قىلىش ئوبيېكتىغا ئايلىنىپ قالغانلىقى ئۈچۈن پاناھلىق ئىزدەپ كەلگەن ئابدۇللا بوبىدەك مائارىپچىلارمۇ، رۇسىيەدىكى ئۇرۇش مالىمانچىلىقىدىن خەۋپ ھېس قىلىپ قېچىپ كەلگەن باي سودىگەرلەرمۇ بار ئىدى. ئۇلار غۇلجىنىڭ مەدەنىيەت، مائارىپ ھاۋاسىنى تېخىمۇ قويۇقلاشتۇرۇشتا، سودا ـ تىجارەت ئىشلىرىنى تېخىمۇ جانلاندۇرۇشتا كۆرۈنەرلىك تۆھپە قوشقان. ئاشۇ يىللاردا يەنە قەشقەر، ئاتۇش تەۋەسىدىكى بىر قىسىم بايلار ۋە ئۆلىمالار، شۇنداقلا تىرىكچىلىك يوللىرىنى ئىزدىگەن نامرات ئاۋام غۇلجىغا زور قىزغىنلىق بىلەن كۆچۈپ چىقىپ يېڭى ـ يېڭى مەھەللىلەرنى شەكىللەندۇرگەن.

قىسقىسى، غۇلجا شەھىرى مەزكۇر زاۋۇتنىڭ شاراپىتى بىلەن زەنجىرسىمان ھالدا بارلىققا كەلگەن يېڭىچە تەرەققىيات مەنزىرىسىنى نامايان قىلىپ، شىنجاڭدىكى غەپلەت ئۇيقۇسىدا ئۇخلاۋاتقان باشقا شەھەرلەردىن پەرقلىق ھالدا زامانىۋى دۇنياغا دادىللىق بىلەن يۈزلەنگەن مەدەنىي شەھەر بولۇپ قالغان. رۇسىيەلىك مەشھۇر شەرقشۇناس ۋ.ۋ.بارتولد «غۇلجا» ناملىق ئەسىرىدە ئەينى يىللاردىكى غۇلجىنى «شىنجاڭنىڭ مائارىپ ساھەسىدىكى ئورنى يۇقىرى كۆتۈرۈلۈپ، يېڭى بىر ئىدىيەۋى ئېقىم مەركىزىگە ئايلانغانىدى» دەپ

يازغان. كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، «مۇسابايېف تېرە زاۋۇتى» نىڭ قۇ-رۇلۇشى شىنجاڭنىڭ مىللىي سانائىتىنىڭ پەردىسىنى ئېچىپلا قال-ماستىن، بەلكى ئۇيغۇرلارنىڭ 20 ـ ئەسىردىكى مىللىي ئويغىنىش ھەرىكىتىنىڭ پەردىسىنىمۇ ئاچقان. شۇنىڭدىن كېيىن، نەچچە ئە-سىرلەردىن بېرى قالاق، تۇرغۇن، ئاڭقاۋ ھالەتتە داۋام قىلىپ كې-لىۋاتقان مىللىي ھاياتىمىزدا يېڭى بۇرۇلۇش ھاسىل بولغان.

ئاكا ـ ئۇكا مۇسابايېفلارنىڭ چار رۇسىيەنى ئاساسىي ئوبيېكت قىلغان ئېكسپورت ـ ئىمپورت سودىسى 1917 ـ يىلى رۇسىيەدە يۈز بەرگەن «ئۆكتەبىر ئىنقىلابى» نىڭ تەسىرى بىلەن بىرنەچچە يىل پەسكويغا چۈشۈپ قالغان. «مۇسابايېف بۇرادەرلەر شىركىتى» نىڭ رۇسىيەنىڭ ياركەنت، ئالمۇتا، بىشكەك، شەمەي، تاشكەنت، ئورېن-بۇرگ، ئەنجان، ئوش، جالالئاباد، موسكۋا قاتارلىق شەھەرلىرىدىكى تىجارەتخانىلىرى (ۋاكالەتخانىلىرى) پالەچ ھالەتكە چۈشۈپ قالغان. چوڭ ـ چوڭ مۇئامىلىدارلىرى تىرىپىرەن بولۇپ كەتكەن. ھۆكۈمەت ئالماشقاچقا ئاكا ـ ئۇكا مۇسابايېفلارنىڭ ئىلكىدىكى زور مىقداردى-كى چار رۇسىيە پۇلى قۇرۇق قەغەزگە ئايلىنىپ قالغان. سودا ـ تى-جارەت تارىخىدا كۆرۈلۈپ باقمىغان كىرىزىسقا دۇچ كەلگەن ئاكا ـ ئۇكا مۇسابايېفلار بۇ چاغدا سەۋرچانلىق بىلەن كۈتۈپ، پاراسەت بى-لەن ئىش كۆرۈپ، خەلقئارا ۋەزىيەتنى ئىنچىكە كۆزىتىپ، ياش سو-ۋېتلەر ھۆكۈمىتىنىڭ غەرب دۆلەتلىرىنىڭ ئېمبارگوسى تۈپەيلى ئىقتىسادىي جەھەتتە ئىنتايىن مۇشكۈل ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغانلى-قىنى تونۇپ يەتكەن. 1920 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى ئىلى دو-تىيى شۇ گوجىن بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى تەرەپ خادىملىرى «جۇڭگو ـ رۇسىيە ۋاقىتلىق سودا كېلىشىمى» تۈزۈپ، جۇڭگو ئال-مۇتا شەھىرىدە، سوۋېت ئىتتىپاقى غۇلجا شەھىرىدە سودا ۋە تاشقى ئالاقە ئورگىنى قۇرغان. بۇنىڭ بىلەن ئاكا ـ ئۇكا مۇسابايېفلار سودا ئالاقىسىنى ئەسلىگە كەلتۈرگەن.

1923 ـ يىلى 50 ياشلارغا كىرىپ قالغان باھاۋۇدۇن باي

موسكۋاغا بېرىپ، ئەينى ۋاقىتتىكى سوۋېت ئىتتىپاقى مەركىزىي ئىجرائىيە كومىتېتىنىڭ رەئىسى، 48 ياشلىق كالىنىن (1875 — 1946) بىلەن كۆرۈشۈپ، سودا ئالاقىسىنى كۈچەيتىش توغرۇلۇق سۆزلەشكەن. شۇنىڭ بىلەن ئاكا ـ ئۇكا مۇسابايېفلارنىڭ تاشقى سودىسى قايتىدىن گۈللەنگەن. بۇ زاۋۇتنىڭ مەھسۇلاتلىرى 1924 ـ يىلى گېرمانىيەنىڭ لېيپزىگ شەھىرىدىكى خەلقئارا تاۋار يەرمەنكىسىگە قاتناشتۇرۇلغان.

ھۈسەن باي 1926 ـ يىلى، باھاۋۇدۇن باي 1928 ـ يىلى قازا قىلغان بولسىمۇ، ئەمما «مۇسابايېف تېرە زاۋۇتى» ھەر كۈنى نەچچە قېتىم گۈدۈك ياڭرىتىپ، ئىشلەپچىقىرىشنى نورمال داۋام ئەتكەن. يىراق ـ يىراقلاردىن كۆزگە چېلىقىدىغان، غۇلجا شەھىرىدىكى بىردىنبىر بەلگە خاراكتېرلىك قۇرۇلۇش بولغان زاۋۇت تۇرخۇنى ئىلى ئاسمىنىدا مەزمۇت قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان. زاۋۇتنىڭ تارىخى تۆھپىسى ئۆزۈكسىز ئېشىپ بارغان. زاۋۇتقا ھۈسەن باي بىلەن باھاۋۇدۇن باي ۋاپات بولغاندىن كېيىن ئۇلارنىڭ ئىستانبۇل، موسكۋا، بېرلىن ۋە پارىژلاردا تەربىيەلەنگەن ئوغۇللىرى باشلىق بولغان. دەسلەپ 1928 ـ يىلدىن 1933 ـ يىلغىچە ھۈسەن باينىڭ چوڭ ئوغلى سابىت مۇسابايېف، 1933 ـ يىلدىن 1937 ـ يىلغىچە ھۈسەن باينىڭ يەنە بىر ئوغلى مىجىت مۇسابايېف، 1938 ـ يىلدىن 1951 ـ يىلغىچە يەنە بىر ئوغلى تەلئەت مۇسابايېف باشلىق بولغان. 1940 ـ يىللاردا زاۋۇت ئىنژېنېر تەكلىپ قىلىپ، تېخنىكا يېڭىلاپ، بىر قىسىم ماشىنىلارنى تولۇقلاپ، خىمىيەلىك دورىلارنى ئىشلىتىشنى يولغا قويۇپ ئىشلەپچىقىرىش ئۈنۈمىنى ئالاھىدە ئۆستۈرگەن. تيەنجىندە تىجارەت ئورنى تەسىس قىلىپ ياۋروپا ۋە ئەرەب دۆلەتلىرىگە مال سېتىپ زور ئىقتىسادىي ئۈنۈم ياراتقان.

ماتېرىياللاردا يېزىلىشىچە «مۇسابايېف تېرە زاۋۇتى» 1925 ـ يىلدىن 1940 ـ يىلغىچە ئۆزىنىڭ نامىدا پۇل تارقىتىپ، تەڭگە قۇيغۇزغان. بۇ تەڭگە كەڭ دائىرىدە ئىشلىتىلگەن. بۇ مىس پۇللار

هازىرمۇ شىنجاڭ مۇزېيىدا ساقلىنىۋاتىدۇ[1].

شىنجاڭنىڭ مۇستەبىت ھۆكۈمرانى شېڭ شىسەي سوۋېت ئىتتىپاقىدا «چوڭ تازىلاش» نى باشلىغان ئىستالىندىن ئۆلگە ۋە كۆرسەتمە ئېلىپ 1937 ـ يىلى جاللاتلىق قىلىچىنى يالىڭاچلاپ شىنجاڭ مىقياسىدا تۈرلۈك بوھتانلارنى چاپلاپ ئىلغار زىيالىيلارنى قولغا ئېلىش، بىر قىسىم خەلقپەرۋەر ئەمەلدارلارنى يوقىتىش، بايلارنى ئۆلتۈرۈپ، مال ـ مۈلكىنى بۇلاشنى باشلىغان. نەچچە ئون مىڭلىغان يارامىلىق كىشىلەر تۈرلۈك ئۇسۇللار بىلەن يوق قىلىۋېتىلگەن. شۇ قاتاردا مۇساباييېفلار جەمەتىدىن ئوبۇلھاسەن مۇساباييېفمۇ ئىز ـ دېرەكسىز يوق قىلىۋېتىلگەن. شۇ يىلى يەنە جۇڭگو مىقياسىدا ياپونغا قارشى ئۇرۇش پارتلاپ، شىنجاڭدا «ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇپ، ۋەتەننى قۇتقۇزۇش ئارقا سەپ ياردەم جەمئىيىتى» قۇرۇلغان. بۇ جەمئىيەت قۇرۇلغاندا «مۇساباييېف تېرە زاۋۇتى» نىڭ شۇ چاغدىكى باشلىقى تەلئەت مۇساباييېف تۇنجى يىلى 30 مىليون سەر ئۆلكە پۇلى، كېيىنكى يىلى 150 مىليون سەر ئۆلكە پۇلى ئىئانە قىلغان. 1938 ـ يىلى زاۋۇت باشلىقى تەلئەت مۇساباييېف يەنە غۇلجا شەھىرىدە بىر يېرىم كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتا ئاسفالت يول ياسىغان، يولنىڭ ئىككى تەرىپىگە دەل ـ دەرەخ تىككەن. بۇ شىنجاڭ تارىخىدىكى تۇنجى ئاسفالت يول بولۇپ قالغان. تەلئەت مۇساباييېفنىڭ دۆلەت ۋە يەرلىكنىڭ جامائەت پاراۋانلىق ئىشلىرىغا كۆڭۈل بۆلۈش پەزىلىتى شۇ چاغدا ئۇيغۇرچە ۋە خەنزۇچە گېزىتلەردە قىزغىن مەدھىيەلەنگەن.

1944 ـ يىلى ئىلىدا مىللىي ئىنقىلاب پارتلاپ، شۇ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى غۇلجىدا «ئۈچ ۋىلايەت ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى»

[1] «شىنجاڭ يېقىنقى ۋە ھازىرقى زامان ئىقتىسادىغا دائىر ماقالىلەر توپلىمى» غا كىرگۈزۈلگەن، ۋېي چاڭخۇڭ يازغان «يېقىنقى زامان شىنجاڭ مىللىي سانائىتىنىڭ ۋەكىلى — ئىلى ھۇسەن باي تېرە زاۋۇتى» ناملىق ماقالىگە قاراڭ. شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 2002 ـ يىلى، خەنزۇچە نەشرى، 52 ـ بەت.

قۇرۇلغان. ئۇزاق ئۆتمەي، مىللىي ئارمىيە قۇرۇلغان، بۇ چاغدا «مۇساباييېف تېرە زاۋۇتى» مىللىي ئارمىيەگە پۇل ئىئانە قىلغان ھەم مىللىي ئارمىيەنى ئېھتىياجلىق مەھسۇلاتلار بىلەن تەمىنلىگەن. باھاۋۇدۇن باينىڭ ئوغلى ئىسمائىل مۇساباييېف بىلەن ھۇسەن باينىڭ ئوغلى ئەنۋەر مۇساباييېف ۋاقىتلىق ھۆكۈمەتتە مىنىستىر ۋە مۇئاۋىن مىنىستىر دەرىجىلىك مۇھىم ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن.

1949 ـ يىلى 10 ـ ئايدا جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغان. يېڭى جۇڭگو مالىيە جەھەتتە ئېغىر قىيىنچىلىقلارغا دۇچ كەلگەن. چۈنكى، دۆلەت خەزىنىسىنى گومىنداڭ ھۆكۈمىتى تەيۋەنگە ئېلىپ كەتكەن. 1949 ـ يىلى 2 ـ دېكابىر گوۋۇيۈەننىڭ مۇئاۋىن زۇڭلىسى چېن يۈن مەركىزىي خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ 4 ـ سانلىق يىغىنىدا «زايوم تارقىتىپ، مالىيەدىكى قىزىل رەقەمنىڭ ئورنىنى تولدۇرايلى» دېگەن تېمىدا دوكلات بەرگەن. شۇنداق قىلىپ يېڭى ھۆكۈمەت مالىيەدىكى قىيىنچىلىقنى يېڭىش ئۈچۈن 1950 ـ يىلى تۇنجى قېتىم مەملىكەت بويىچە زايوم تارقاتقان. «شۇ چاغدا ئىلى ۋىلايىتىگە 20 مىليون يۈەن زايوم بېلەتى تەقسىم قىلىنغان. ‹مۇساباييېف بۇرادەرلەر شىركىتى› تەشەببۇسكارلىق بىلەن 344 سەر نەق ئالتۇن تاپشۇرۇپ، 27 مىليون يۈەنلىك زايوم بېلەتى سېتىۋالغان. شۇنىڭ بىلەن ئىلى ۋىلايىتى زايوم سېتىۋېلىشتا مەملىكەت بويىچە بىرىنچى بولۇپ تەقدىرلەنگەن[1].» 1951 ـ يىلى 11 ـ ئايدا ھۆكۈمەتنىڭ ئۇقتۇرۇشىغا ئاساسەن «مۇساباييېف بۇرادەرلەر شىركىتى» ۋە «مۇساباييېف تېرە زاۋۇتى» شىنجاڭ لىچۈن سانائەت پاي چەكلىك شىركىتىگە قوشۇۋېتىلگەن. 1954 ـ يىلى بۇ زاۋۇتنىڭ مال ـ مۈلكى باھالىنىپ ھۆكۈمەت بىلەن خۇسۇسىيلار شېرىكچىلىكىدىكى زاۋۇتقا ئۆزگەرتىلگەن. 1958 ـ يىلى 10 ـ سېنتەبىر جۇدې ۋېيىيۈەنجاڭ شىنجاڭنى كۆزدىن كەچۈرگەندە بۇ زاۋۇتنى ئېكسكۇرسىيە قىلىپ،


---

① ئابدۇقەيۇم مۇساباييېف: «مۇساباييېف ئائىلىسى توغرىسىدا»، «شىنجاڭ تارىخ ـ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى، 2008 ـ يىللىق سان 105 ـ بەت.

«مىللىي سانائەتنى زور كۈچ بىلەن تەرەققىي قىلدۇرۇش كېرەك» دەپ كۆرسەتمە بەرگەن. خەلق ھۆكۈمىتى مەبلەغ سېلىپ ئۆزگەرتىپ قۇرۇش، ئىشچىلارنى تەربىيەلەپ تېخنىكا سەۋىيەسىنى ئۆزگەرتىش ئارقىلىق بۇ زاۋۇت 1960 ـ ۋە 1970 ـ يىللاردا ئىلى رايونىدىكى باشلامچى كارخانىغا، يېتەكچى سانائەتكە ئايلانغان.

بىر ئەسىر مابەينىدە خەلق ئۈچۈن توختىماي خىزمەت قىلىپ، يۈز مىڭلىغان كىشىنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى تۇرمۇشى بىلەن زىچ باغلىنىپ كەتكەن بۇ زاۋۇت 1990 ـ يىللارغا كەلگەندە يېڭى ماشىنا ـ ئۈسكۈنىلەر سەپلەنمەسلىك، باشقۇرۇش ئاجىز، بازار رىقابىتى كەسكىن بولۇش سەۋەبىدىن پايدا ئېلىشتىن زىيان تارتىشقا يۈزلەنگەن. 21 ـ ئەسىرنىڭ يېتىپ كېلىشى بىلەن كونىراپ، ئىشلەپچىقىرىشتىن توختىغان. 2004 ـ يىلى 9 ـ ماي كۈنى ۋەيران بولغانلىقىنى رەسمىي جاكارلىغان. ئۇقتۇرۇشنى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسى ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستلىق شۆبىسى شۇ كۈنى زاۋۇت رەھبەرلىكىگە يەتكۈزگەن. ئارقىدىنلا «مۇسابايېف تېرە زاۋۇتى» نىڭ 130 مو كۆلەمدىكى زاۋۇت رايونى «كىمئاشتى» قىلىش ئۇسۇلىدا «يىڭجيەن» ئۆي ـ مۈلۈك شىركىتىگە 30 مىليون يۈەنگە سېتىلغان. زاۋۇت رايونى سېتىلغاندىن كېيىن «ئىلى ئوبلاستى ھۈسەن باي تېرە زاۋۇتىنىڭ ۋەيران بولۇش ئىشلىرىنى بىر تەرەپ قىلىش، ھېساب ئېنىقلاش خىزمەت گۇرۇپپىسى» زاۋۇتنىڭ ئۈسكۈنە ـ ئەسلىھەلىرىنى بىراك مال يىغىۋالغۇچىلارغا سېتىۋەتكەن. بىراك مال سېتىۋالغۇچىلار ماشىنا ـ ئۈسكۈنىلەرنى ئۇرۇپ، چېقىپ، پارچىلاپ ئېلىپ كەتكەن. پەقەت تۆت تۇرلۇك ماشىنا ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستلىق مۇزېيىنىڭ ئارقا ھويلىسىغا ئېلىپ بېرىلىپ مەخسۇس تەييارلانغان ئورۇنغا مۇقىملاشتۇرۇپ قويۇلغان. زاۋۇت رايونىدىكى قۇرۇلۇشلار 2004 ـ يىلى ئىيۇندىن باشلاپ چېقىلغان. شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمى كۈچ تەشكىللەپ تۈزگەن «شىنجاڭ ئېنـ

www.uyghurkitap.com



ئاپتورنىڭ يۆتكەپ مۇقىملاشتۇرۇلغان ئۈسكۈنىنىڭ يېنىدا چۈشكەن سۈرىتى

سىكلوپېدىيەسى» ناملىق نوپۇزلۇق ئەسەردە «شىنجاڭدا ئەڭ بۇرۇن قۇرۇلغان مىللىي سانائەت كارخانىسى[1]» دەپ باھا بېرىلگەن بۇ زور مىراسنى، ھېچبولمىغاندا خاتىرە قىممىتىگە ئىگە مەلۇم قىسمىنى قوغداپ قېلىپ ساياھەت بايلىقى قىلىش ھېچكىمنىڭ خىيالىغا كەلمىگەن.

«مۇسابايېف تېرە زاۋۇتى» ۋەيران قىلىنىشتىن بىر يىل ئىلگىرى، يەنى 2003 ــ يىلى خەلقئارا قەدىمكى يادىكارلىقلار مۇدىرىيىتى سانائەت مىراسلىرىغا بولغان تونۇشنى بىرلىككە كەلتۈرۈش ئۈچۈن رۇسىيەنىڭ سىۋېردلوۋسكىي ئوبلاستىدىكى نىژنىي تاغىل شەھىرىدە دۇنيادىكى ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ ۋەكىللىرى ئىمزا قويغان «نىژنىي تاغىل نىزامنامىسى» نى ماقۇللىغانىدى. بۇ، سانائەت

---

① «شىنجاڭ ئېنسىكلوپېدىيەسى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2002 ــ يىلى نەشرى، خەنزۇچە، 65 ــ بەت. 2005 ــ يىلى نەشرى، ئۇيغۇرچە، 1 ــ توم 171 ــ بەت.

مىراسلىرى توغرىسىدىكى تۇنجى خەلقئارالىق نىزامنامە ئىدى، شۇنداقلا سانائەت مىراسلىرى ئۇقۇمىنىڭ پىشىپ يېتىلگەنلىكىنىڭ بەلگىسى ئىدى. ئۆز نۆۋىتىدە بۇ، سانائەت مىراسلىرىنى قوغداش ئىدىيەسىنىڭ غەلىبىسى ئىدى!

سانائەت مىراسلىرى ئۇقۇمى مەدەنىيەت مىراسلىرى ئۇقۇمى دائىرىسىنىڭ كېڭەيتىلگەنلىكىنىڭ ئىپادىلىرىنىڭ بىرى بولۇپ، بۇ ئۇقۇم 20 - ئەسىرنىڭ 50 - يىللىرىدا ئەنگلىيەدە بارلىققا كەلگەن. بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى مائارىپ، پەن - مەدەنىيەت ئورگىنى (UNESCO) نىڭ تىرىشچانلىقى بىلەن 1973 - يىلى ئەنگلىيەدە «خەلقئارا سانائەت مىراسلىرىنى قوغداش كومىتېتى» (TICCIH) قۇرۇلغان. بۇ كومىتېتنىڭ 2003 - يىلى ئىيۇلدا رۇسىيەدە ئېچىلغان 12 - قېتىملىق چوڭ يىغىنىدا ماقۇللانغان يۇقىرىقى نىزامنامىسىنىڭ 1 - بۆلىكىدە سانائەت مىراسلىرى ئۇقۇمىغا مۇنداق ئېنىقلىما بېرىلگەن: «سانائەت مىراسلىرى تارىخ، تېخنىكا، ئالاقىلىشىش، بىناكارلىق ياكى ئىلىم - پەن جەھەتتىكى قىممىتى بولغان سانائەت مەدەنىيىتى يادىكارلىقلىرى، خارابىلىرىنى كۆرسىتىدۇ. ئۇ، قۇرۇلۇش، ئۈسكۈنە، سېخ، تۈگمەن، زاۋۇت، كان، پېچ، ئامبار، دۇكان، ئېنېرگىيەنى يىغىش ۋە يەتكۈزۈش مۇئەسسەسەلىرى، قاتناش مۇئەسسەسەلىرى ھەم سانائەتكە ئالاقىدار ئىجتىمائىي پائالىيەتلەرگە ئىشلىتىلىدىغان (مەسىلەن، زاۋۇت تەمىنلىگەن ياكى ياخشىلاپ بەرگەن تۇرالغۇ، ئىبادەتخانا، تەلىم - تەربىيە ئورۇنلىرى) سورۇنلاردۇر.»

سانائەت مىراسلىرىنى قوغداش ھەققىدىكى خەلقئارالىق نىزامنامىنىڭ روھىغا خىلاپ ھالدا، شىنجاڭدىكى تىپىك سانائەت مىراسى بولغان «مۇسابايېف تېرە زاۋۇتى» يوق قىلىنغان. «زاۋۇت قورۇ» نىڭ ئىچىدىكى ئۇلتۇراق رايوندا ئولتۇرىدىغان ھەر مىللەتتىن بولغان 2000 چە ئىشچى - خىزمەتچى ئۇزاق يىل ئىشلىگەن، چوڭقۇر مېھرى سىڭگەن زاۋۇتىدىن ھەش - پەش دېگۈچە ئايرىلىپ قالغان.

www.uyghurkitap.com



زاۋۇتىدىن ئايرىلىپ قالغان بۇ ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرگە تەسەللى ئورنىدا پەقەت ئىككىلا قۇرۇلۇش قالغان. ئۇنىڭ بىرى، زاۋۇتنىڭ مەسچىتى، يەنە بىرى، ئېگىز تۇرخۇنى ئىدى. 2005 ـ يىلى 22 ـ يانۋار ــ قۇربان ھېيتنىڭ ئىككىنچى كۈنى «زاۋۇت قورۇ» نىڭ ئولتۇراق رايونىدا ئولتۇرىدىغان مەسچىت جامائىتى پېشىن نامىزدىن قايتىشىدا ژىمىستان قىشىنىڭ كۆكنى قاپلاپ لەپىلدەپ يېغىۋاتقان قار ئۇچقۇنلىرى ئىچىدە ھەيۋەت بىلەن قەد كۆتۈرۈپ تۇر-

غان تۇرخۇننىڭ ئالدىدا «1909» دېگەن سان بار يۆنىلىشتە تۇرۇپ خاتىرە ئۈچۈن سۈرەتكە چۈشكەن.

100 يىللىق تارىخقا ئىگە «مۇسابايېف تېرە زاۋۇتى» چېقىۋېتىلگەندىن كېيىن زاۋۇت خارابىسىگە قاراپ مەدەنىيەت ئېڭىغا ئىگە ئۇقۇمۇشلۇق كىشىلەر ھەسرەتلىك ئۇھ تارتىشقان. ئىلى ئوبلاستلىق مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئىدارىسىنىڭ كاندىدات تەتقىقاتچىسى ئەن يىڭشىن ئەپەندى مۇنداق دېگەن: «ھۈسەن باي تېرە زاۋۇتى ئىسمى - جىسمىغا لايىق سانائەت مىراسى بولۇپ، ئۇنىڭ چېقىۋېتىلىشى ناھايىتى ئەپسۇسلىنارلىق ئىش بولدى.①» ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستلىق ئېلېكتىر ئېنېرگىيەسى ئىدارىسىنىڭ بىر مەسئۇلى مۇنداق دېگەن: «سانائەت مىراسى دېگەن بۇ ئۇقۇمنى قويۇپ تۇرۇپ، ئېلېكتىر ئېنېرگىيەسى تارمىقى بولۇش سۈپىتىدە ھۈسەن باي تېرە زاۋۇتىنىڭ شىنجاڭغا تۇنجى توك ئېقىمى ئېلىپ كېلىشىدەك مۇشۇ نۇقتىنى كۆزدە تۇتقاندىمۇ، بۇ كونا ئورۇننى ساقلاپ قېلىشىمىز كېرەك ئىدى②.»

بىر يىل ئۆتكەندىن كېيىن، يەنى 2005 - يىلى 20 - نويابىر زاۋۇت رايونىغا ئولتۇراق بىنا سېلىش ھوقۇقىنى سېتىۋالغان «يىڭجيەن» ئۆي - مۈلۈك شىركىتى «قۇرۇلۇش پىلانىغا تەسىر يەتكۈزدى»، «خەتەرلىك قۇرۇلۇش» دېگەننى باھانە قىلىپ، مىللىي سانائەت تارىخىمىزنىڭ بىردىنبىر يادىكارى سۈپىتىدە قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان تۇرخۇننى چېقىۋېتىشكە تۇتۇش قىلغان. بۇنى ئۇققان زاۋۇتنىڭ پېشقەدەم ئىشچى - خىزمەتچىلىرى ۋە ئۇلارنىڭ خوتۇن - بالىلىرى پەرىشان ھالدا ئالدىراپ نەق مەيدانغا يېتىپ كېلىپ تۇرخۇننى چاقماسلىقنى ئۆتۈنگەن. چۈنكى، ئۇلار زاۋۇتتىن يادىكار قالغان بۇ يېگانە تۇرخۇنغا ئەتىگەن - ئاخشامدا ئانچە - مۇنچە قاراپ

①② «ئىلى كەچلىك گېزىتى» نىڭ مۇخبىرى لى جىگاڭ يازغان «سانائەت مىراسلىرىنىڭ يوقىلىپ كېتىشىگە سەل قارىمايلى» ناملىق ئاخبارات مۇلاھىزىسىگە قاراڭ. «ئىلى كەچلىك گېزىتى» نىڭ 2007 - يىلى 7 - ئىيۇندىكى ئۇيغۇرچە سانى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



«مۇسابايېف تېرە زاۋۇتى» دىكى زاۋۇت ئورنىغا سېلىنىۋاتقان تاۋار ئۆيلەر
يۈز يىللىق تارىختا ئىگە سانائەت مىراسى بولغان تۇرخۇننى ئوراپ تۇرماقتا.

قەلبىگە تەسەللى تېپىپ كېلىۋاتاتتى. ئازراقمۇ گۇمانىتار روھى
يوق، پۇلدىن باشقا ھېچنېمىنى چوڭ بىلمەيدىغان يېڭى غوجايىن
مىڭلىغان، ئونمىڭلىغان كىشىلەرنىڭ قەلبىدە يۈكسەك ئورۇن ئى-
گىلىگەن بۇ سىمۋوللۇق قۇرۇلۇشنى توختىماي چېقىشقا بۇيرۇغان.
زاۋۇتتا بىر ئۆمۈر ئىشچى بولۇپ، پېنسىيەگە چىققان مۇھەممەت
سەلەي ئىسىملىك كېسەلچان بوۋاي چاقلىق ئورۇندۇقىدا ئولتۇ-
رۇپ، يۇقىرىدىن تۆۋەنگە بىر ـ بىرلەپ قومۇرۇپ تاشلىنىۋاتقان
تۇرخۇن خىشلىرىغا قاراپ مۇزدەك كۆز ياشلىرىنى تۇتالماي يىغلاپ
كەتكەن. گەرچە بۇ بوۋاي سانائەت مىراسلىرىنى قوغداش ئۇقۇمى
توغرۇلۇق ھېچنېمە بىلمىسىمۇ، سانائەت مەدەنىيىتى ھەققىدە ھېچ-
قانداق چۈشەنچىگە ئىگە بولمىسىمۇ، ئەمما كوللېكتىپنىڭ مېھىر
ـ مۇھەببىتىنى قەدىرلەيدىغان ئالىيجاناب ئەخلاق، يۇرتنى سۆيۈش
ھېسسىياتى، تۆھپىكار ئەجدادلارغا بولغان ھۆرمەت يۈزىسىدىن

چوڭقۇر نادامەت چەككەن. شۇ چاغدا ئىلى پېداگوگىكا ئىنستىتۇتىنىڭ پېنسىيەگە چىققان داڭلىق ئوقۇتقۇچىسى ئاسىم مەسۇم (1926 — 2007) ئەپەندى 1984 - يىلىدىن بېرى مەزكۇر زاۋۇتتا تەرجىمان ۋە ئىشخانا مۇدىرى بولۇپ ئىشلەپ كەلگەن ئوغلى ئىمىنجاننى چاقىرىپ: «ئوغلۇم، بۇ بىر چوڭ يوقىتىش! ئەجدادلارغا قىلىنغان قارا يۈزلۈك! مەدەنىيەتكە قىلىنغان بۇزغۇنچىلىق! تارىخقا قىلىنغان ھۆرمەتسىزلىك! 1989 - يىلى بېرلىن تېمى ئۆرۈۋېتىلگەندە، بېرلىن شەھىرىنىڭ پۇقرالىرى 40 يىللىق مىللىي ئازابنى ئەسلىتىدىغان بۇ تامنىڭ خىشلىرىنى خاتىرە ئۈچۈن بىر - ئىككىدىن ئېلىپ كېتىشكەن. سەن چېقىلىۋاتقان تۇرخۇن خىشلىرىدىن بىرنەچچىنى ساقلاپ قويغىن. نادان كىشىلەر ئەينەككە قاراپ كۆرەلمىگەننى، دانا كىشىلەر كېسەككە قاراپ كۆرەلەيدۇ، دېگەن گەپ بار، ئۇ خىشلار مىللىي سانائەت تارىخىمىزنىڭ گۇۋاھچىسى!» دېگەن.

يۈز يىللىق تارىخقا ئىگە مىللىي سانائەتنىڭ تىراگېدىيەسىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈپ تۇرغان ئىمىنجان ئاسىم دادىسىنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ تۇرخۇندىكى «1909» دېگەن سان ئۈچۈن ئىشلىتىلگەن ئاق خىشتىن بىرنەچچىنى ئېلىۋالغان. باشقا كىشىلەرمۇ ئىلھاملىنىپ بىر - ئىككىدىن خىشنى ئېلىپ كېتىشكەن. شۇنداق قىلىپ يول ئېچىش جاسارىتىگە ئىگە مەشھۇر كارخانىچى، مەرىپەتپەرۋەر كاپىتالىست ئاكا - ئۇكا مۇسابايېفلارنىڭ يىڭنىدە قۇدۇق قازغاندەك مۇشەققەت ئىچىدە قۇرۇپ چىققان «مۇسابايېف تېرە زاۋۇتى» غۇلجا خەلقىنىڭ كۆز ئالدىدىن تەلتۆكۈس غايىب بولغان.

بۇ يىل ئاكا - ئۇكا مۇسابايېفلارنىڭ غۇلجىدا زاۋۇت قۇرغىنىغا توپتوغرا 100 يىل بولدى. مىللىي سانائەتنىڭ بايرىقىنى ئانا دىيارىمىزنىڭ ئاسمىنىدا تۇنجى بولۇپ لەپىلدەتكەن بۇ ئىككى ئەزىمەتنىڭ تارىخىي تۆھپىسىنى قانداق ئۇسۇلدا خاتىرىلەش بىز ئەۋلادلارنىڭ ئەقەللىي ئەخلاقىي بۇرچى! 1985 - يىلىدىن ئېتىبارەن ھەر ئون يىلدا بىر قېتىم ئاتۇش ئىكساقتا بۇ ئىككى ئەزىمەتنىڭ يېڭى

مائارىپ مەسىلىسىنى تۈنجى بولۇپ ياندۇرغانلىقىنى خاتىرىلەش پائا-
لىيىتى ئۆتكۈزۈلۈپ كېلىۋاتىدۇ. بىر مۇتەپەككۇر: «خاتىرىلەشكە
ئەرزىيدىغان تارىخىي پائالىيەتلىرى، ئەسلەشكە ئەرزىگۈدەك مەشھۇر
شەخسلىرى يوق خەلق بىچارە خەلق، خاتىرىلەشكە ئەرزىگۈدەك شاندار-
لىق پائالىيەتلىرى، تىللاردا داستان بولغۇدەك مەشھۇر شەخسلىرى
تۇرۇپ، خاتىرىلەشنى، ئەسلەشنى بىلمىگەن خەلق ھاماقەت خەلق-
تۇر!» دېگەنىكەن. مۇشۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، بىر قولىدا مىللىي سا-
نائەتنىڭ بايرىقىنى لەپىلدەتكەن، يەنە بىر قولىدا يېڭى مائارىپنىڭ
مەشئىلىنى يېلىنجاتقان بۇ بۈيۈك ئەزىمەتلەرنى ياد ئېتىپ خاتىرى-
لەش تامامەن زۆرۈر.

مەن بۇ يىل «شىنجاڭ ياشلىرى» ژۇرنىلىنىڭ 1 ـ سانىدا «ئاكا ـ
ئۇكا مۇساباييېفلارنىڭ توققۇز تۆھپىسى» دېگەن ماقالەمنى ئېلان قى-
لىپ، ئۇنىڭدا ئاكا ـ ئۇكا مۇساباييېفلارنىڭ «مۇساباييېف تېرە زاۋۇ-
تى» نى قۇرغانلىقىنىڭ 100 يىللىقىنى خاتىرىلەش زۆرۈرىيىتىنى
تەكىتلىگەنىدىم. شىنجاڭنىڭ سانائەتلىشىش تارىخىدىكى تۇنجى ھا-
دىسە بولۇش سۈپىتى بىلەن تارىخ بېتىدىن مەڭگۈلۈك ئورۇن ئالغان
بۇ ۋەقەنى خاتىرىلەش ھەقىقەتەن زۆرۈر ئىدى. چۈنكى، يېڭى مائارىپ
ھەرىكىتى، يېڭى مەدەنىيەت ھەرىكىتى ۋە سانائەتلىشىش ھەرىكىتى
بىر مىللەتنىڭ زامانىۋىلىشىشقا تاشلىغان تۇنجى قەدىمى ھېسابلى-
نىدۇ. شۇڭا مۇشۇ خىلدىكى تارىخىي ئەھمىيەتكە ئىگە ۋەقە ـ ھادى-
سىلەرنى خاتىرىلەش ئەۋلادلار ئۈچۈن بۇرچ ھەم شەرەپ. مېنىڭ يۇ-
قىرىقى ماقالەم ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن ماقالەمنى ئوقۇپ تە-
سىرلەنگەن ئىمىنجان ئاسىم غۇلجا شەھەرلىك 2 ـ ئوتتۇرا مەكتەپ-
نىڭ تىل ـ ئەدەبىيات ئوقۇتقۇچىسى، دوستۇم غەيرەت ئەركىن ئار-
قىلىق ماڭا يادىكار بولسۇن ئۈچۈن ئۆزى ساقلاپ كېلىۋاتقان، مەخ-
سۇس «1909» دېگەن سانغا ئىشلىتىلگەن ئاق خىشتىن بىرنى ئەۋە-
تىپتۇ. مەن ئاپرېلدا بۇ خىشنى تاپشۇرۇۋېلىپ، بىر ئەسىردىن بۇيان
ئىلى ئاسمىنىدا چاقناپ، غۇلجا خەلقىنىڭ غۇرۇر ۋە ئىپتىخار نە-

زىرىدە قارىشىغا مۇيەسسەر بولۇپ كەلگەن بۇ بىر پارچە خىشقا چوڭقۇر مېھرىم بىلەن ئۇزاق تىكىلدىم. كەچمىشى كۆپ، سۆزلىرى تەسىرلىك، ئېچىلىپ كۈلەيدىغان ھەم بۇقۇلداپ يىغلىيالايدىغان بۇ خىسلەتلىك ئاق خىش بىلەن تەكرار مۇڭدىشىپ، تۈن كېچىلەردە دوستانە سىردىشىپ، ئاخىر بۇ ماقالىنى يېزىپ چىقتىم. مانا بۇ مېنى ھاياجانغا سالغان بىر پارچە خىشنىڭ سىرى!

2009 ـ يىلى ئىيۇندا يېزىلدى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



# پەخىرلەن دۇنياغا، مەھمۇد ۋەتىنى

ئىلاۋە: بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ مائارىپ، پەن ـ مەدەنىيەت ئورگىنى 2008 ـ يىلىنى «مەھمۇد كاشغەري يىلى» قىلىپ بېكىتكەندىن كېيىن، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئاخبارات ۋاستىلىرى تۈرلۈك ئۇسۇللار بىلەن مەھمۇد كاشغەرىينى خاتىرىلەش ۋە ياد ئېتىش پائالىيەتلىرىنى تەشكىللىدى. شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى 2 ـ قانىلى 2008 ـ يىلى 9 ـ ئايدا «سەنئەت گۈلزارى» پىروگراممىسىدا مەھمۇد كاشغەرىيگە بېغىشلانغان مەشھۇر ناخشا «پەخىرلەن دۇنياغا، مەھمۇد ۋەتىنى» توغرىسىدا سۆھبەت ئۆتكۈزگەندى. بىز ژۇرنىلىمىزدا شېئىرىنى نۇرمۇھەممەد ئېركى يازغان، مۇزىكىسىنى تۇرسۇن قادىر ئىشلىگەن بۇ مەشھۇر ناخشا توغرۇ-

لۇق داڭلىق ئەدەبىي ئوبزورچى يالقۇن روزى بىلەن رىياسەتچى ماھىنۇر ئەنۋەرنىڭ ئۆتكۈزگەن تېلېۋىزىيە سۆھبىتىنىڭ خاتىرىسىنى ئوقۇرمەنلەرنىڭ ھوزۇرىغا سۇندۇق.

—— «شىنجاڭ مائارىپى» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى

* * * * *

**ماھىنۇر ئەنۋەر:** ئېسىل ناخشىلار ھېس ـ تۇيغۇنىڭ جەۋھىرى ھەم دىلنىڭ ھوزۇرى. بولۇپمۇ خەلقىمىزنىڭ قەلبىدىن ئورۇن ئالغان «پەخىرلەن دۇنياغا، مەھمۇد ۋەتىنى» دېگەندەك نادىر ناخشىلار بىر دەۋر كىشىلىرىنىڭ ئورتاق مەنىۋى بايلىقى. يالقۇن ئەپەندى، «پەخىرلەن دۇنياغا، مەھمۇد ۋەتىنى» دېگەن ناخشىنىڭ تېكىستى قانداق تارىخىي شارائىتتا بارلىققا كەلگەن؟ سىز مۇشۇ ھەقتە بىلىدىغانلىرىڭىزنى سۆزلەپ باققان بولسىڭىز.

**يالقۇن روزى:** «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» ئاخىرلىشىپ 1980 ـ يىللىرىنىڭ يېتىپ كېلىشى بىلەن، مىللىي مەدەنىيەتنىڭ گۈللىنىشىگە تارىخىي پۇرسەت تۇغۇلدى. 60 ـ ۋە 70 ـ يىللىرى چەكتىن ئاشقان «سول» چىل سىياسەتنىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچراپ، كۆرمىگەن كۈنى قالمىغان بىر قىسىم تەتقىقاتچىلار مىللىي مەدەنىيەتنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ۋە راۋاجلاندۇرۇش ئىمكانىيىتى ھازىرلانغانلىقىنى تونۇپ يەتتى، ئۇلار زىيالىيلارغا خاس سەگەكلىك ۋە مەسئۇلىيەتچانلىق بىلەن ئوتتۇرىغا چىقىپ، ئالدى بىلەن ئازغىنە بىر قىسىم ئالىم ۋە تەتقىقاتچىلاردىن باشقا كىشىلىرىمىز پەقەتلا دېگۈدەك بىلمەيدىغان شاھانە ئەسەر —— «تۈركىي تىللار دىۋانى» نى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىپ نەشرگە تەييارلىدى. شۇنىڭ بىلەن، بۇ شاھانە ئەسەرنىڭ بىرىنچى تومى 1981 ـ يىلى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنىپ تارقىتىلدى. بۇ ئەسەرنىڭ نەشر قىلىنىپ تارقىتىلىشى تارىختىكى

شانلىق مىللىي مىراسلىرىدىن بىخەۋەر قالغان زامانىمىزدىكى ئۇيـ-غۇر قېرىنداشلارنىڭ ۋۇجۇدىنى لەرزىگە سېلىپ، نەچچە ئون يىل بۇرۇقتۇرمىلىق ھالەتتە ئۆتكەن ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە زور داغدۇغا پەيدا قىلدى. تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدىكى مىليونلىغان ئۇيغۇر قېرىنداشلار قاراخانىيلار خانلىقى زامانىدا ئۆتكەن بۈيۈك ئا-لىم مەھمۇد كاشغەرىينىڭ نامى بىلەن تونۇشتى، «تۈركىي تىللار دىۋانى» نى تۇنجى قېتىم ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈپ، ئۆز قوللىرى بىلەن تۇتۇپ، ئەستىن چىقماس مىللىي ئىپتىخارلىققا چۆمدى. شۇ يىلى يەنە داڭلىق رەسسام غازى ئەھمەد مەھمۇد كاشغەرىينىڭ رە-سىمىنى سىزىپ ئېلان قىلىپ، ئۇنىڭ نۇرانە ئوبرازىنى ئامىد-ۋىلاشتۇردى. مىللىي ھاياتىمىزدىكى بۇ نامايەندە خاراكتېرلىك نە-تىجىلەر ئۇيغۇر خەلقىنىڭ پەخىرلىنىش تۇيغۇسىنى زور دەرىجىدە كۈچەيتتى. 1983 ـ يىلى تىلشۇناس مىرسۇلتان ئوسمانوف بىلەن ئىبراھىم مۇتئى ئەپەندى قەشقەر ۋە ئوپالدىكى تەكشۈرۈشلىرى ئاساسىدا ئوپالدىكى «ھەزرىتى موللام مازىرى» نىڭ مەھمۇد كاشغە-رىينىڭ مازىرى ئىكەنلىكىنى پاكىتلىق ئىسپاتلاپ چىقىپ، «مەھ-مۇد كاشغەرىينىڭ يۇرتى، ھاياتى ۋە مازىرى توغرىسىدا» دېگەن تەكشۈرۈش دوكلاتىنى ئىلىم دۇنياسىغا جاكارلىدى. بۇ تەكشۈرۈش دوكلاتى ئىلىم ساھەسىنى زىلزىلىگە سالدى. مانا مۇشۇنداق مىللىي ھاياجانىنىڭ تەسىرىدە بىر تۈركۈم ئەدىبلەر قولىغا قەلەم ئېلىپ، جاھانغا مەشھۇر شۆھرەتلىك ئالىم مەھمۇد كاشغەرىيگە بېغىشلاپ، تۈرلۈك ژانىرلاردا بەس ـ بەستە ئەسەر ئىجاد قىلىشتى. شۇ مەزگىلدە ئىجاد قىلىنغان ئەسەرلەر ئىچىدە كىشىلەرنىڭ قەلبىدىن ئالاھىدە ئورۇن ئالغانلىرى نۇرمۇھەممەد ئېركىننىڭ «پەخىرلەن دۇنياغا، مەھمۇد ۋەتىنى» دېگەن شېئىرى، ئارسلاننىڭ «زېمىن ئەركىسى» ناملىق باللادىسى، مەھمۇد زەئىدىنىڭ «ئۇنتۇلمايدۇ مەھمۇد كاشغە-رىي» ناملىق شېئىرى، مۇھەممەدئېلى زۇنۇن تەشنائىنىڭ «ئۈچ ياش» ناملىق تېلېۋىزىيە تىياتىرى بولدى. بۇلارنىڭ ئىچىدە «پەخىر-

لەن دۇنياغا، مەھمۇد ۋەتىنى» دېگەن بەش كۇپلېتلىق شېئىرنىڭ تەسىرى ئالاھىدە زور بولدى.

**ماھىنۇر ئەنۋەر:** بۇ شېئىر نېمە ئۈچۈن ناخشا قىلىپ ئېيتىلغاندىن كېيىن كىشىلەرنىڭ تېخىمۇ قارشى ئېلىشىغا ئېرىشىپ، خەلقىمىزنىڭ مەھمۇد كاشغەرىيگە بولغان ئۇلۇغلاش ھېسسىياتىنى ۋە بۇ ئۇلۇغ ئالىمدىن پەخىرلىنىش تۇيغۇسىنى ئىپادىلەيدىغان مۇھىم ئەسەر بولۇپ قالدى؟

**يالقۇن روزى:** «پەخىرلەن دۇنياغا، مەھمۇد ۋەتىنى» دېگەن بۇ شېئىرنى 20 ـ ئەسىر ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدىكى نادىر شېئىرلارنىڭ بىرى، دەپ ئېيتىشقا بولىدۇ. نېمە ئۈچۈن شۇنداق دەيمىز دېگەندە، بۇ شېئىردا تۆۋەندىكىدەك يەتتە تۈرلۈك ئالاھىدىلىك ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان:

بىرىنچى، باش تېمىنى ئىپادىلەش نۇقتىسى كۆپ خىل. شېئىردا مەھمۇد كاشغەرىيدىن ئىبارەت تارىخىي شەخسنىڭ ئوبرازى ئوخشاشمىغان نۇقتىلاردىن يورۇتۇلغان ھەم ئۇنىڭغا ھەر خىل نۇقتىلاردىن مەدھىيە ئوقۇلغان. مەسىلەن، «ئالىمكى ئالىملار ئارا سەرۋەرى» دېگەن مىسرادا مەھمۇد كاشغەرىينىڭ تۈركىي خەلقلەرنىڭ مەدەنىيەت تارىخىدىكى ئالىملار ئىچىدە سەركىلىك، يول باشلىغۇچىلىق سالاھىيەتكە ئىگە ئىكەنلىكى ئىپادىلەنگەن. «تىل دېمەك بىر ئەلنىڭ ھايات بەلگىسى، مەھمۇدتۇر شۇنچە زور بەلگە ئىگىسى» دېگەن مىسرادا مەھمۇد كاشغەرىينىڭ تۈركىي خەلقلەر تىلىنىڭ باي ۋە زور ھاياتىي كۈچكە ئىگە تىل ئىكەنلىكىنى جاھانغا تونۇتقان بۈيۈك تارىخىي تۆھپىكار ئىكەنلىكى ئىپادىلەنگەن. «تۈركىي تىل دىۋانى، ئېرپان خەزىنىمىز، مىڭ يىلدىن بۇرۇنقى ئىلىم پەللىمىز» دېگەن مىسرالار ئارقىلىق مەھمۇد كاشغەرىينىڭ ئەۋلادلارغا قامۇس خاراكتېرلىك شاھانە ئەسەرنى مىراس قالدۇرۇپ، مىللىي مەدەنىيەت خەزىنىمىزنى نۇرلاندۇرغان، تۈركىي خەلقلەرنىڭ، جۈملىدىن ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مەدەنىيەت تارىخىدا يۈكسەك پەللە ياراتقان دۇنياۋى

ئالىم ئىكەنلىكى ئىپادىلەنگەن.

ئىككىنچى، چوڭقۇر پەلسەپىۋى ھېكمەتكە ئىگە مىسرالار كۆپ. بۇ شېئىرنىڭ ھەجمى قىسقا بولسىمۇ، ئەمما كىشىنىڭ تەپەككۇرىنى چاقنىتىۋېتىدىغان ھېكمەتلىك مىسرالار خېلى بار. مەسىلەن، «ئالىمدۇر دۇنيانىڭ، ئىنسانىنىڭ جېنى، ئالىملار ئالىمنىڭ بىلەر قەدرىنى» دېگەن مىسرالاردا دانىشمەن ـ ئالىملارنىڭ ئىنسانىيەت ئالەمىنىڭ جەۋھىرى ئىكەنلىكى، نادان كىشىلەرنىڭ دانىشمەن ـ ئالىملارنىڭ قەدرىنى چوڭقۇر چۈشىنىپ كەتمەيدىغانلىقى، چۈشەندى دېگەندىمۇ پەقەت نوقۇل ھالدا ھۆرمەتلەش بىلەنلا كۇپايىلىنىدىغانلىقى، پەقەت دانىشمەن ـ ئالىملارنىڭلا بىر ـ بىرىنىڭ قىممىتىنى، قەدرىنى ھەقىقىي مەنىدە چۈشىنىدىغانلىقىدىن ئىبارەت قائىدە ئىپادىلەنگەن. «ئانا تىل سۆيگۈسى ــ ۋەتەن سۆيگۈسى» دېگەن مىسرادا ئانا تىلنى سۆيگەنلىك، ئۇنى قەدىرلىگەنلىك، بېيىتقانلىق، راۋاجلاندۇرغانلىق ۋە تەتقىق قىلغانلىق ئانا ۋەتەننى سۆيگەنلىك ھېسابلىنىدىغانلىقى، شۇنداقلا كىشىنىڭ زوقىنى كەلتۈرىدىغان بىر تۈرلۈك ۋەتەنپەرۋەرلىك ئىكەنلىكى ئىپادىلەنگەن.

ئۈچىنچى، قويۇق مىللىي ھېسسىياتقا ئىگە. بۇ شېئىر تارىخىمىزدىكى تۆھپىسى پارلاق، نامى ئۆچمەس ئالىملىرىمىزنىڭ بىرى بولغان مەھمۇد كاشغەرىيگە بېغىشلانغان بولغاچقا، تەبىئىي ھالدا مىللىي ئىپتىخارلىق تۇيغۇسىغا ئىگە بولىدۇ، لېكىن بۇ خىل تۇيغۇنى يولىدا، قايىل قىلارلىق، ئۇبرازلىق، ھېسسىياتلىق ئىپادىلەش ھەممىلا شائىرنىڭ قولىدىن كېلىۋەرمەيدۇ. بۇ شېئىردا مىللىي ھېسسىيات ھەم قويۇق، ھەم قايىل قىلارلىق ئىپادىلەنگەن. مەسىلەن، «يۇرتىمىز ئالىمنىڭ، ئەدىبنىڭ كانى، پەخىرلەن دۇنياغا، مەھمۇد ۋەتىنى» دېگەن مىسرالاردا ئانا دىيارىمىزدا ئۇزاق تارىخىي جەرياندا سانسىز ئالىم ۋە ئەدىبلەرنىڭ ئۆتكەنلىكى، ئۇيغۇرلارنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخىدا شانلىق مەدەنىيەت نەمۇنىلىرىنى بارلىققا كەلتۈرگەن مەدەنىيەت ياراتقۇچى ۋە تارقاتقۇچى سۈپىتىدە رول ئوي-

ىنغان خەلق ئىكەنلىكى ئىنچام ئىپادىلىنىپ، پىكىر قاراتمىلىق ھالدا بۇگۈنكى ئەۋلادلارنىڭ روھىغا تاقىلىپ، «پەخىرلەن دۇنياغا، مەھمۇد ۋەتىنى!» دەپ خىتاب قىلىنغان. «شەرق ئىلىم دۇنياسى ئىچرە يېگانە، بىر يۇلتۇز شۇنچە ساپ، شۇنچە نۇرانە. ئەجرىگە قايىلدۇر ئۆز ۋە بىگانە، پەخىرلەن دۇنياغا، مەھمۇد ۋەتىنى» دېگەن كۇپلېتتا مەھمۇد كاشغەرىينىڭ «دۇنيا تۈركولوگىيە ئىلمىنىڭ ئاتىسى» ئىكەنلىكىدەك يېگانە ئورنى يۈكسەكلەشتۈرۈلۈپ يورۇتۇلۇش ئارقىلىق مەھمۇد ئەۋلادلىرىنىڭ پەخىرلىنىشكە، غۇرۇرلىنىشقا ھەقلىق ئىكەنلىكىدەك ھەقىقەت ئىپادىلەنگەن.

تۆتىنچى، قويۇق دەۋر روھىغا ئىگە. بۇ شېئىر بارلىققا كەلگەن يىللار «ئىلىم ـ پەنگە يۈرۈش قىلىش» ئىدىيەسى كۈچەپ تەكىتلىنىۋاتقان، كىشىلەر تەرەققىيات ۋە گۈللىنىش ئۈمىدىنى ئىلىم ـ پەنگە باغلىغان يىللار بولۇپ، ئەينى دەۋرنىڭ بۇ خىل خاس روھى «يارىتار ئىلىم ـ پەن پارلاق ئەتىنى» دېگەن مىسرادا روشەن ئەكس ئەتكەن. ئىلھامبەخش مەنىگە ئىگە بۇ مىسرا مەھمۇد ئەۋلادلىرىنىڭ شانلىق ئۆتمۈشتىن پەخىرلىنىش بىلەنلا توختاپ قېلىپ، پارلاق ئەتىنى يارىتىشقا تىرىشمىسا ھەرگىز بولمايدىغانلىقىدەك چوڭقۇر مەنىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان. ئۇنىڭدا يەنە گۈللىنىشنى، تەرەققىي قىلىشنى ئارزۇ قىلغان ھەرقانداق خەلق جەزمەن ئىلىم ـ پەندىن ئىبارەت قۇدرەتلىك قورالغا تايىنىشى لازىملىقى كۆرسىتىلگەن.

بەشىنچى، مول مەزمۇنغا ئىگە بىر قاتار ئوخشىتىشلار قوللىنىلغان. ھەممىگە مەلۇمكى، جانلىق، ئوبرازلىق ئوخشىتىش شېئىرنى تېخىمۇ يۈكسەك بەدىئىي پەللىگە كۆتۈرىدۇ. بۇ شېئىردا «جان»، «كان»، «يۇلتۇز»، «سەرۋەر»، «ئۆكەر»، «بەلگە»، «خەزىنە» دېگەن سۆزلەر ئوخشاش بولمىغان كونتېكىستلاردا ھەر خىل ئوبرازلىق ئوخشىتىش مەنىسىدە قوللىنىلغان. بۇ بىر قاتار ئوخشىتىشلاردىكى مول مەنە شېئىرنىڭ تۈپ ئىدىيەسىنى ناھايىتى جانلىق ئىپادىلەپ بەرگەن.

ئالتىنچى، بۇ شېئىر ئىپادىلەش ئۇسلۇبى جەھەتتىن ئېستېتىك يۈكسەكلىك كاتېگورىيەسىگە تەۋە. ئادەتتە شېئىردىكى ئىدىيە ياكى ھېسسىيات بەزىدە يوشۇرۇن، بەزىدە ئەگىتىلىپ، بەزىدە نازۇك، بەزىدە تۈز، بەزىدە لەرزان، بەزىدە غۇۋا ئىپادىلىنىدۇ. بۇ شېئىردا بولسا، مەردانە ھالدا، ئوچۇق ـ يورۇق ئىپادىلەنگەن. سۆز ـ جۈملىلەردىن قايناق ھېسسىيات ئۇرغۇپ تۇرىدۇ. ھەربىر كۇپلېتتا خىتاب قىلىش ساداسى ياڭراپ تۇرىدۇ؛ پەخىرلىنىش تۇيغۇسى تاشقىنلاپ تۇرىدۇ. شۈبھىسىزكى، بۇ دەل ئېستېتىك يۈكسەكلىكتۇر. شېئىر ئۇسلۇبىدىكى بۇنداق ئېستېتىك يۈكسەكلىك ئوقۇرمەننىڭ قەلبىنى دولقۇنلىتىۋېتىدىغان بەدئىي ئۈنۈمنى بارلىققا كەلتۈرىدۇ. قارايدىغان بولساق، «پەخىرلەن دۇنياغا، مەھمۇد ۋەتىنى» دېگەن مىسرا ماۋزۇ بىلەن قوشقاندا شېئىردا جەمئىي سەككىز قېتىم تەكرارلىنىدۇ. بۇنداق تەكرارلىق ئادەتتىكى ئەھۋالدا ئوقۇرمەننى زېرىكتۈرۈۋېتىدۇ. لېكىن بۇ شېئىردا زېرىكتۈرۈش ئەمەس، ئەكسىچە ئوقۇرمەننىڭ تومۇر ـ تومۇرلىرىدىكى ئىسسىق قانلىرىنى بارغانسېرى كۆۋەجىتىپ، قەلبىنى ئېپتىخارلىق ھېسسىغا غەرق قىلىپ، ۋۇجۇدىنى جاسارەت تۇيغۇسىغا چۆمدۈرىدۇ.

يەتتىنچى، بۇ شېئىرنىڭ قاپىيە ئىسخېمىسى ئۆزگىچە. ئادەتتە قاپىيە ئىسخېمىسى AAAB بولغان شېئىرلار ئانچە كۆپ بولمايدۇ. بۇ شېئىرنىڭ قاپىيە ئىسخېمىسى دەل مۇشۇنداق بولغاچقا، ئاھاڭدارلىقى ناھايىتى كۈچلۈك، ناخشا قىلىپ ئېيتىشقا بەك باب. مەسىلەن:

«تىل دېمەك بىر ئەلنىڭ ھايات بەلگىسى،
مەھمۇدتۇر شۇنچە زور بەلگە ئىگىسى.
ئانا تىل سۆيگۈسى — ۋەتەن سۆيگۈسى،
پەخىرلەن دۇنياغا، مەھمۇد ۋەتىنى.»



دېگەن بۇ كۇپلېتقا قارايدىغان بولساق، ئالدىنقى ئۈچ مىسراسى ئۆز ئارا قاپىيەداش تۈزۈلگەن. ئاخىرقى مىسراسى ھەربىر كۇپلېتنىڭ ئاخىرىدىكى مىسرانىڭ تەكرارلىنىشى بولۇپ، ئۆز ئالدىغا قاپىيە ھاسىل قىلغان. بۇنداق AAAB قاپىيە ئىسخېمىسى ئوقۇرمەنگە شېئىردىكى ھېسسىيات ۋە پىكىرنى يەڭگىل ھەم يېقىملىق ھېس قىلدۇرىدۇ، شۇنداقلا تەبىئىي ھالدا مۇزىكىلىق رىتىم ھاسىل قىلىدۇ.

دېمەك، «پەخىرلەن دۇنياغا، مەھمۇد ۋەتىنى» دېگەن بۇ بەش كۇپلېتلىق شېئىرنىڭ ناخشا قىلىپ ئېيتىلغاندىن كېيىن خەلقنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا ئېرىشىشى ۋە دەۋرىمىزدىكى نادىر ناخشىلار قاتارىدىن ئورۇن ئېلىشىدىكى مۇھىم سىرلارنىڭ بىرى — ئۇنىڭ يۇقىرىقىدەك يەتتە تۈرلۈك ئالاھىدىلىككە ئىگە بولغانلىقىدا، دەپ قارايمەن.

ماھىنۇر ئەنۋەر: يۇقىرىدا بۇ شېئىرنىڭ ئالاھىدىلىكلىرىنى تەپسىلىي ھەم پاكىتلىق سۆزلەپ ئۆتتىڭىز. ھەممىمىزگە مەلۇم،

«پەخىرلەن دۇنياغا، مەھمۇد ۋەتىنى» دېگەن بۇ شېئىر ئىجاد قىلىنىپ ئارىدىن 10 يىلچە ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن، داڭلىق كومپوزىتور تۇرسۇن قادىر بۇ شېئىرغا مۇزىكا ئىجاد قىلىپ ناخشا قىلدى. ئارىدىن يەنە 10 يىللار ئۆتكەندە بۇ ناخشىنى ياش ناخشىچى شىرئەلى ئەلتېكىن ئورۇنلاپ، كەڭ خەلققە تونۇش ئېسىل ناخشىغا ئايلاندۇردى. ھازىر بۇ ناخشا چوڭ ـ كىچىك ھەممە كىشى سۆيۈنۈپ ئاڭلايدىغان بىر نادىر ئەسەر بولۇپ قالدى. سىز بىر ئەدەبىي ئوبزورچى بولۇش سالاھىيىتىڭىز بىلەن، ھازىر ئىجرا قىلىنىۋاتقان بۇ ناخشىغا قانداق باھا بېرىسىز؟

**يالقۇن روزى:** «پەخىرلەن دۇنياغا، مەھمۇد ۋەتىنى» دېگەن بۇ ناخشا شائىر، كومپوزىتور ۋە ناخشىچىدىن ئىبارەت ئۈچ تەرەپنىڭ تالانتىنىڭ بىر نۇقتىدا مۇۋەپپەقىيەتلىك بىرىكىشىنىڭ نەتىجىسى، دەپ ئېيتىشقا بولىدۇ. مەن ھازىرغىچە شىرئەلى ئەلتېكىننىڭ بۇ مەشھۇر ناخشىنى ئوخشاش بولمىغان سورۇن ۋە سەنئەت كېچىلىكلىرىدە بىرنەچچە قېتىم ئېيتقانلىقىنى ئاڭلىدىم. شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى بىلەن ئاپتونوم رايونلۇق شىنخۇا كىتابخانىسى ئۆتكۈزگەن «كىتابخانا مەشرىپى» دىمۇ ناھايىتى ياخشى ئورۇنلىدى. بىراق، كىمدىن كەتكەن سەۋەنلىككىن بىلمىدىم، شىرئەلى ئەلتېكىننىڭ ناخشىسىدا ھەر قېتىمدا ئوخشاش بىر خاتالىق مەۋجۇت. ئۇ بولسىمۇ، «ئالىمكى ئالىملار ئارا سەرۋەرى، يۇلتۇزكى يۇلتۇزلار ئارا ئۇكەرى» دېگەن ئىككى مىسرانىڭ مەزمۇنىنى تامامەن بۇزۇپ، ئوخشاش سۆزلەرنى ئورۇنسىز تەكتىلەپ، بەدىئىيلىكىنىمۇ زور دەرىجىدە ئاجىزلاشتۇرۇپ، «يۇلتۇزكى يۇلتۇزلار ئارا سەرۋەرى، يۇلتۇزكى يۇلتۇزلار ئارا ئۇكەرى» دەپ خاتا ئېيتتى، بۇ كىشىنى ئەپسۇسلاندۇرىدىغان بىر خاتالىق، ئەلۋەتتە! نېمە ئۈچۈن دېگەندە، «سەرۋەر» دېگەن سۆزنىڭ لۇغەت مەنىسى «يېتەكچى، يولباشچى، باشلىق» دېگەنلىك بولۇپ، ھازىرغىچە بىرەركىم تېخى يۇلتۇزلار ئىچىدە بىرەر يۇلتۇزنىڭ بۇنداق ۋەزىپىسى بارلىقىنى ئاڭلاپ باققان

ئەمەس. شائىر ئەسلىي «ئالىمكى ئالىملار ئارا سەرۋەرى» دەپ يېزىش ئارقىلىق مەھمۇد كاشغەرىينى ئۇلۇغلاش ھېسسىياتىنى ئىپادىلىگەن. ئەسلىي شېئىردا «يۇلتۇزكى يۇلتۇزلار ئارا» دېگەن سۆزلەر ھەرگىز تەكرارلانمىغان. شائىرنىڭ «يۇلتۇزكى يۇلتۇزلار ئارا ئۈكەرى» دەپ يازغان مىسراسىنىڭ ئۆزىلا كۇپايە. ئۈكەر — شىمالىي يېرىم شاردىكى كىشىلەر يىل بويى كۆرەلەيدىغان ئەڭ كۆركەم يۇلتۇز. ئۇ چوڭ ئېيىق يۇلتۇزى تۇركۇمىدىكى يەتتە قاراقچى يۇلتۇزنى كۆرسىتىدۇ. چوڭ ئېيىق يۇلتۇز تۇركۇمى شىمالىي قۇتۇپ رايونىدىكى ئەڭ يورۇق، ئەڭ مۇھىم يۇلتۇز تۇركۇمىدۇر. چوڭ ئېيىق يۇلتۇز تۇركۇمى 1928 ـ يىلى خەلقئارا ئاسترونومىيە بىرلەشمە جەمئىيىتى بەلگىلىگەن، خەلقئارادا ئورتاق بولغان 88 يۇلتۇز تۇركۇمىنىڭ بىرى. ئاشۇ كۆركەم يۇلتۇز تۇركۇمى ئىچىدىكى يەتتە قاراقچى يۇلتۇزنىڭ، يەنى ئۈكەر يۇلتۇزنىڭ ئالاھىدىلىكى — ئىنسانلارغا يۆنىلىشنى كۆرسىتىپ بېرىدىغانلىقىدا. ئۇ كىشىلەرنىڭ يۆنىلىشنى پەرق ئېتىشىگە ياردەم بېرىپلا قالماستىن، بەلكى يەنە ئوخشاش بولمىغان پەسىللەرنىمۇ كۆرسىتىپ بېرەلەيدۇ. شائىر يەتتە قاراقچى يۇلتۇزنىڭ، يەنى ئۈكەر يۇلتۇزنىڭ يۆنىلىشنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان ئالاھىدىلىكىنى تۇتۇۋېلىپ، مەھمۇد كاشغەرىينى ئالىملارغا، ئەۋلادلارغا يۆنىلىشنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان داھىي سۇپەت ئالىم، دانىشمەن مۇتەپەككۇر سۈپىتىدە ئۇلۇغلىغان.

شۇڭا، ناخشىدا «يۇلتۇزكى يۇلتۇزلار ئارا سەرۋەرى، يۇلتۇزكى يۇلتۇزلار ئارا ئۈكەرى» دەپ، ھەم خاتا، ھەم ئورۇنسىز تەكىتلەپ ئېيتىش چوقۇم «ئالىمكى ئالىملار ئارا سەرۋەرى، يۇلتۇزكى يۇلتۇزلار ئارا ئۈكەرى» دەپ تۈزىتىلىشى كېرەك. بولمىسا، بۇ مەشھۇر ناخشىنىڭ شۆھرىتىگە روشەن ھالدا نۇقسان يېتىدۇ.

**ماھىنۇر ئەنۋەر:** سىز كۆرسەتكەن بۇ خاتالىق ھەقىقەتەنمۇ جىددىي تۈزىتىشكە تېگىشلىك مەسىلە ئىكەن. بۇنى ناھايىتى چۈشىنىشلىك ئىپادىلەپ بەردىڭىز. يالقۇن ئەپەندىم، سۆھبىتىمىزنىڭ

ئاخىرىدا سىزدىن يەنە بىر سوئال سورىغۇم كېلىۋاتىدۇ. سىزچە، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى مائارىپ، پەن ـ مەدەنىيەت ئورگىنىنىڭ 2008 ـ يىلىنى «مەھمۇد كاشغەرىي يىلى» قىلىپ بېكىتىشىنىڭ ئەھمىيىتى قەيەردە؟

**يالقۇن روزى:** مەھمۇد كاشغەرىي ــ دۇنيا تۈركولوگىيە ئىلمىنىڭ ئاتىسى، بۈيۈك تىلچى، مىللىي مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى تولىمۇ كۈچلۈك يىراقنى كۆرەر ئالىم. بۇنىڭدا قىلچە ئىختىلاپ ياكى شەك يوق! مېنىڭچە، ئۇ يەنە ئۇلۇغۋار ئىرادىگە ئىگە مىللىي قەھرىمان. جۇڭگو يېڭى مەدەنىيەت ھەرىكىتى دەۋرىدە ئۆتكەن داڭلىق مۇتەپەككۇر لياڭ چىچاۋ ئەپەندىنىڭ «تارىخ قەھرىمانلارنىڭ سەھنىسى، قەھرىمان بولمىغانلارنىڭ تارىخى بولمايدۇ» دېگەن بىر مەشھۇر سۆزى بار. مۇشۇ نۇقتىدىن قارىغاندا، مەھمۇد كاشغەرىي قەھرىمانلارچە ئىش ئىزلىرى بىلەن ئۆزىنىڭ شانلىق تارىخىنى ياراتقان ئۇلۇغ مىللىي قەھرىمان. بۈگۈنكى زامان تىلى بىلەن ئېيتقاندا، ئۇ ھەرگىزمۇ «ئۈستەل ئالىمى» ئەمەس، بەلكى ئۇ 15 يىل ۋاقىت سەرپ قىلىپ تارىم، ئىلى، چۇ ۋە سىر دەريا بويلىرىدىكى تۈركىي قەبىلىلەرنىڭ شەھەر ۋە سەھرالىرىنى ئاتلىق ھالدا ئالا قويماي كېزىپ «ئەبەدىي يادىكارلىق ۋە پۈتمەس ـ تۈگىمەس بىر بايلىق بولۇپ قالسۇن دەپ، ئۇلۇغ تەڭرىگە سېغىنىپ بۇ كىتابنى تۈزۈپ چىقتىم» دەپ ئېيتقىنىدەك، ئۆلمەس شاھانە ئەسەر ــ «دىۋانى لۇغاتىت تۈرك» نى روياپقا چىقارغان مەسئۇلىيەتچان، ئىزدىنىش روھىغا باي، جاپا ـ مۇشەققەتتىن قاچمايدىغان، بارلىقىنى ئىلىم ـ پەنگە بېغىشلىغان پىداكار ئالىم. ئۇنىڭ ئۆچمەس تۆھپىسى ۋە ئۆزىنى بېغىشلاش روھى تىللاردا داستان قىلىشقا ئەرزىيدۇ. شۇڭا، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلغان «بۈيۈك تىلچى مەھمۇد كاشغەرىي» دېگەن كىتابنىڭ ئاپتورى م. شاكىر ئۈلكۈتاشىر ئۇنىڭغا «مەھمۇد كاشغەرىي مىللىي تىلنى، مىللىي مەدەنىيەتنى، مىللىي غۇرۇرنى ھەممىدىن ئۈستۈن ئورۇنغا قويغان. تۈركىي خەلقلەرنىڭ ئەخلاق ـ

پەزىلەتلىرىنى بارلىق كۈچى بىلەن تەسۋىرلىگەن» دەپ باھا بەرگەن.
دېمەك، مەھمۇد كاشغەرىي يۈكسەك مىللىي مۇھەببىتىنى، پولاتتەك ئىرادىسىنى نامايان قىلىپ، ئاز بولمىغان ئەجىر ۋە مېھنەت سىڭدۈرۈپ، ئۆزىنىڭ جاھانغا مەشھۇر قامۇس خاراكتېرلىك ئەسىرى «دىۋانى لۇغاتىت تۈرك» نى ئەۋلادلارغا مىراس قالدۇرغان. بۈگۈنكى كۈندە ئۇنىڭ بۇ ئالەمشۇمۇل تۆھپىسىدىن ئۇيغۇر مىللىتىلا ئەمەس، بارلىق تۈركىي خەلقلەر مەنپەئەتلىنىپ ۋە چەكسىز ئىپتىخارلىنىپ تۇرۇپتۇ. مۇشۇنداق قىل سىغماس ئەمەلىيەتنى نەزەردە تۇتقاندا، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى مائارىپ، ئىلىم - پەن ئورگىنىنىڭ بۇ يىلنى «مەھمۇد كاشغەرىي يىلى» قىلىپ بېكىتكەنلىكى تامامەن ئەقىلگە مۇۋاپىق قارار. بۇ قارارنىڭ ئەھمىيىتى يەنە شۇ يەردىكى، بۇ قارار دۇنيا مىقياسىدا «مەھمۇد كاشغەرىي قىزغىنلىقى» نىڭ كۆتۈرۈلۈشىگە تۈرتكە بولدى. بۇ يىل دۇنيانىڭ جاي - جايلىرىدا مەھمۇد كاشغەرىيگە بېغىشلاپ تۈرلۈك پائالىيەتلەر ئۆتكۈزۈلدى. 11 - ئاينىڭ ئاخىرى بېيجىڭدا مەھمۇد كاشغەرىي ۋە ئۇنىڭ شاھانە ئەسىرى «تۈركىي تىللار دىۋانى» ھەققىدە خەلقئارالىق ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى ئۆتكۈزۈلمەكچى.

**ماھىنۇر ئەنۋەر:** سۆھبىتىمىز ناھايىتى كۆڭۈللۈك ھەم مەزمۇنلۇق بولدى، رەھمەت سىزگە.

www.uyghurkitap.com

# نەغمە ـ ناۋا ۋە مىللەت ساپاسى

**ئىلاۋە:** «نەغمە ـ ناۋا ۋە مىللەت ساپاسى» ناملىق بۇ ئەسەر ئۈرۈمچى تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى 2006 ـ يىلى 8 ـ ئايدا «چىن يۈرەكتىن چىن سۆزلەر» پروگراممىسىدا كۆرسەتكەن سۆھبەتنىڭ خاتىرىسى. بۇ سۆھبەت كۆرسىتىلگەندىن كېيىن جەمئىيەتتە زور تەسىر قوزغىغان. كۆرۈرمەنلەرنىڭ تەلپى بىلەن ئىككىنچى ھەپتە تەكرار ئورۇنلاشتۇرۇپ، جەمئىي 10 قېتىم كۆرسىتىلگەن. بۇ تېلېۋىزىيە سۆھبىتىنىڭ تەكرار ـ تەكرار كۆرسىتىلىشى نەتىجىسىدە، ئۇنىڭدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان يېڭىچە قاراشلار بىر مەزگىل سورۇن ـ سۆھبەتلەردىكى باش تېما بولۇپ قالغان. جەمئىيەتتە قوزغالغان بەس ـ مۇنازىرە دولقۇنى كىشىلەرنىڭ بۇ سۆھبەتتە ئوتتۇرىغا قويۇلغان نازۇك تېمىغا قارىتا يېڭى چۈشەنچە شەكىللەندۈرۈشىگە تۈرتكە بولغان. كىشىلەر نەغمە ـ ناۋا بىلەن مىللەت ساپاسى توغرۇلۇق يېڭى تونۇشقا كەلگەن. سۆھبەتنىڭ ئەڭ ئاخىرىدا ئېيتىلغان بىر جۈملە سۆزى كىشىلەرنىڭ ئاغزىغا گويا ماقال ـ تەمسىلدەك ئۆزلىشىپ كەتكەن. بۇ تېلېۋىزىيە سۆھبىتى كۆرۈرمەنلەر ئارىسىدا قوزغىغان ئىجتىمائىي ئۈنۈمىنىڭ يۇقىرىلىقى سەۋەبىدىن شۇ يىلى مەملىكەتلىك 9 ـ نۆۋەتلىك ئۇيغۇر تىلىدىكى نادىر رادىيو ـ تېلېۋىزىيە ئەسەرلىرىنى باھالاش پائالىيىتىدە 1 ـ دەرىجىلىك مۇكاپاتقا، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى بويىچە 2007 ـ يىللىق نادىر رادىيو ـ تېلېۋىزىيە ئەسەرلىرىنى باھالاش پائالىيىتىدە 1 ـ دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكەن. بۇ تېلېۋىزىيە سۆھبىتىنى

تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ باشلىقى دىلشات خەمىت غاپپار پىلانلىغان. فىلىمنى پەخىرنىسا ئابدۇلئەلا ئىشلىگەن. رىيا-سەتچىلىكنى ئىلنۇر ئىبراھىم قىلغان. بۇ تېلېۋىزىيە سۆھ-بىتىدە بىزنىڭ مىللىي پسىخىكىمىزدىكى نەغمە ـ ناۋاغا زى-يادە بېرىلىشتەك نورمالسىزلىق ئىلمىي نۇقتىدىن چىقىپ تۇ-رۇپ تەنقىدىي مۇلاھىزە قىلىنغان. بۇ سۆھبەت خاتىرىسى نۇتۇق سەنئىتى نۇقتىسىدىنمۇ كىشىگە ئالاھىدە ھوزۇر بېرىدۇ.

— «قومۇل ئەدەبىياتى» تەھرىر بۆلۈمى.

*　　　*　　　*

**ئىلنۇر ئىبراھىم:** ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، بۈگۈنكى سۆھبىتى-مىزگە قەدەم تەشرىپ قىلغان ئەزىز مېھمانلار ۋە پىروگراممىمىز-نىڭ ئەزىز كۆرۈرمەنلىرى، «چىن يۈرەكتىن چىن سۆزلەر» پى-روگراممىمىزنى كۆرۈۋشۇڭلارنى قارشى ئالىمىز.

ھەممىمىزگە مەلۇم، ئانا دىيارىمىز شىنجاڭ ئۇزاقتىن بېرى «ناخشا ـ ئۇسسۇل ماكانى» دەپ ئاتىلىپ كېلىۋاتىدۇ. خەلقىمىزمۇ نەغمە ـ ناۋا، ناخشا ـ ئۇسسۇلغا ھېرىسلىقى بىلەن تەرىپلىنىپ كېلىۋاتىدۇ. مۇشۇ كۈنلەردە كۆپلىگەن كىشىلىرىمىزدە خەلقىمىز نەغمە ـ ناۋا، ناخشا ـ ئۇسسۇلغا ھېرىسمەنلىكى بىلەن دۇنياغا تو-نۇلۇۋاتىدۇ، دېگەن قاراشمۇ ئومۇملاشماقتا. بىز بۇ مۇناسىۋەت بىلەن بۈگۈن مەخسۇس «نەغمە ـ ناۋا ۋە مىللەت ساپاسى» دېگەن تېمىدا توختالماقچىمىز.

بۇ قېتىمقى سۆھبىتىمىزنىڭ ئالاھىدە مېھمىنى شىنجاڭ مائا-رىپ نەشرىياتىنىڭ مۇھەررىرى، ئەدەبىي ئوبزورچى يالقۇن روزى ئەپەندى.

يالقۇن ئەپەندى، نۆۋەتتە مەيلى ئۆزىمىزنىڭ ياكى باشقا مىللەت-

لەرنىڭ نەزىرىدە بولسۇن، خەلقىمىز ناخشا ـ ئۇسسۇل، نەغمە ـ ناۋاغا زىيادە ھېرىسمەن دەپ قارىلىۋاتىدۇ. مىللىتىمىز دۇنياغا ناخشا ـ ئۇسسۇلغا ماھىرلىقى ۋە ھېرىسمەنلىكى بىلەن تونۇلۇۋاتىدۇ، دەپ چۈشىنىلىۋاتىدۇ. سىزنىڭچە، بۇ خىل پەخىرلىنىش ھېسسىياتىدا بىر تەرەپلىمىلىك بارمۇ ـ قانداق؟

**يالقۇن روزى:** سەنئەت بىر مىللەتكىلا نىسبەتەن ئەمەس، پۈتكۈل ئىنسانىيەت جەمئىيىتىگە نىسبەتەن ئېيتقاندىمۇ مۇئەييەنلەشتۈرۈشكە تېگىشلىك بىر تۈرلۈك مەدەنىيەت ئامىلى. بىر مىللەت ئەمەس، پۈتكۈل ئىنسانىيەت ئۆزىنىڭ ھاياتىدا بايلىقنى، بەختكە، بىلىمگە، ھوقۇقتا، ساغلاملىقتا، ئەركىنلىككە، شۇنداقلا سەنئەتكە ئىنتىلىدۇ. بۇ ئىنسانىيەتنىڭ ئومۇمىي ئىنتىلىدىغان نىشانلىرىنىڭ بىرى. ئىنسانىيەتنىڭ ئىنتىلىدىغان نىشانلىرىنىڭ ئىچىدە سەنئەت بىر تەركىبىي قىسىم سۈپىتىدە مەڭگۈلۈك كاتېگورىيە، مەيلى ئىنسانىيەتنىڭ ئىنتىلىدىغان نىشانلىرىنىڭ ئىچىدە بولسۇن ياكى ئىنسانىيەتنىڭ ئىجتىمائىي ھاياتىنى تەشكىل قىلىدىغان ئامىللار ئىچىدە بولسۇن، سەنئەت چوڭ ـ كىچىك ھەممە كىشىگە ھۇزۇر ئاتا قىلىدىغان ئالاھىدە خۇسۇسىيەتكە ئىگە ئىجتىمائىي ھادىسە. سەنئەت، بولۇپمۇ بىز بۈگۈنكى سۆھبىتىمىزدە نەزەردە تۇتۇۋاتقان ناخشا ـ ئۇسسۇل ۋە مۇزىكا سەنئىتى بىر مىللەتنىڭ دۇنيا قارىشى، تەلپۈنۈشى ۋە ئۆزىنى ئىپادىلىشىنىڭ بىر خىل شەكلى. ئۇ ئوخشاشمىغان مىللەتلەرنىڭ سەنئەت پىسخىكىسى، سەنئەت چۈشەنچىسى ۋە بەدىئىي تەپەككۇرىنىڭ كۈچلۈك ياكى ئاجىزلىقىغا ئاساسەن بارلىققا كېلىدىغان مەدەنىيەت ھادىسىسى. شۇڭا ئوخشاشمىغان مىللەتلەرنىڭ سەنئىتىدە ئوخشاشمىغان سەۋىيە پەرقى بولىدۇ. ئۇيغۇرلار مۇزىكا سەنئىتى ۋە ئۇسسۇل سەنئىتىدە دۇنياۋى خاسلىققا ئىگە خەلق سۈپىتىدە ئېتىراپ قىلىنىدۇ. مۇشۇ مەنىدىن ئېيتقاندا بىز سەنئەت، يەنى نەغمە ـ ناۋا خەلقىمىزنى دۇنياغا تونۇتۇۋاتىدۇ ياكى خەلقئارا سەھنىلەردە بىزنى ئالقىشلارغا ئىگە قىلىۋاتىدۇ،

دەپ پەخىرلەنسەك بولىدۇ. پەخىرلىنىشنىڭ ئۆزى يوللۇق. ئەمما بۇ
خىل پەخىرلىنىشنىڭ كەينىدە سەنئەتنى، نەغمە - ناۋانى، ناخشا -
ئۇسسۇلنى خۇراپىيلارچە ئۇلۇغلاش ئەھۋالى بەك كۈچلۈك، مەن بۇ-
نى چۈشىنىش جەھەتتىكى بىر تەرەپلىمىلىك، دەپ ئويلايمەن. چۈن-
كى، بىر مىللەتنىڭ بۈگۈنكى خەلقئارا سەھنىدە مەۋجۇت بولۇپ تۇ-
رۇشى، تەرەققىي قىلىشى ياكى باشقىلارنىڭ ئالدىدا ئىززەت - ھۆر-
مىتى بىلەن ياشىشى نوقۇل سەنئەتكىلا باغلىق ئەمەس. بىر مىللەت-
نى خەلقئارا سەھنىدە تونۇتۇشنىڭ يوللىرى تولا. بىز بۈگۈنكى
خەلقئارا رىقابەت ئىنتايىن كەسكىن بولۇۋاتقان، مىللەتلەر ئوتتۇ-
رىسىدىكى مەدەنىيەت توقۇنۇشى كۈنسايىن كۈچىيىۋاتقان، مىللەت-
لەر ئۆزلىرىنىڭ كېلەچىكىگە قاتتىق كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان ئەھۋالدا،
ئۈمىد - ئىشەنچىمىزنى، قەدىر - قىممەت كۆرسەتكۈچىمىزنى
ناخشا - ئۇسسۇلغىلا باغلاپ چەكلىنىپ قالساق نادانلىق قىلغان بو-
لىمىز. قارايدىغان بولساق، دۇنيادىكى ئامېرىكىدەك جاھانگىر دۆ-
لەتلەر بولسۇن ياكى نوپۇسى ئىنتايىن ئاز مىللەتلەر بولسۇن ھەم-
مىسى ئۆزلىرىنىڭ كېلەچەكتىكى مەنپەئەتى ۋە ئورنىغا قاتتىق
ئەھمىيەت بېرىۋاتىدۇ. ھېچكىم ئۆزلىرىنىڭ كېلەچەكتىكى ئورنى-
دىن ئۈنچىۋالا خاتىرجەم ئەمەس. مەۋجۇتلۇق رىقابىتى زىيادە كەس-
كىن بولۇۋاتقان، تۈرلۈك ئىچكى - تاشقى خىرىسلار مۆرەككەپ ھەم
كۈچلۈك بولۇۋاتقان بۈگۈنكى دۇنيا سەھنىسىدە قانداق قىلىپ بىر
مىللەت سۈپىتىدە ھەم مىللىي رەڭگىنى يوقاتمىغان، ھەم رىقابەت
قۇۋۋىتىنى خوراتمىغان ئەھۋالدا مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇش ئۈستىدە
باش قاتۇرۇۋاتىدۇ. مۇشۇنداق تەخىرسىز مەسىلە ۋە كۆرۈنۈپ تۇرغان
كىرىزىس ئالدىدا قۇدرەتلىك مىللەتلەرمۇ ئويلىنىۋاتىدۇ، ئاجىز مىل-
لەتلەرمۇ ئويلىنىۋاتىدۇ، تەرەققىي قىلغان مىللەتلەرمۇ ئويلىنىۋاتىدۇ،
قالاق مىللەتلەرمۇ ئويلىنىۋاتىدۇ، ئەمما ئويلىنىش دەرىجىسى ھەر-
گىز ئوخشىمايدۇ. ئۇ، شۇ خەلقنىڭ تەپەككۇر ئادىتى بىلەن مۇناسى-
ۋەتلىك، يەنى ئىدراكىي تەپەككۇرغا ئادەتلەنگەن مىللەتلەرنىڭ ئەن-

كىتاب نۇر بېكىتى
www.uyghurkitap.com

دىشىسى كۈچلۈك، ئويلىنىشى ئەتراپلىق، ھېسسىي تەپەككۇرغا ئا-
دەتلەنگەن مىللەتلەرنىڭ ساددا ئۇمىدۋارلىقى كۈچلۈك، ئويلىنىشى
يۈزە. بۇ ئەلۋەتتە يەنە كىرىزىس ئېڭىنىڭ كۈچلۈك ياكى ئاجىزلىقى
بىلەنمۇ مۇناسىۋەتلىك. كىرىزىس ئېڭى كۈچلۈك خەلقلەر يىراققا
نەزەر تاشلىغان ھالدا، كېلەچەكتە دۇچ كېلىشى مۇمكىن بولغان
ئىشلارغا باش قاتۇرۇپ، ئۆزىنىڭ تەرەققىيات مۇساپىسىنى پۇختا
قەدەملەر بىلەن بېسىپ، ئۆز كېلەچىكىگە ناھايىتى داغدام يول سې-
لىۋاتىدۇ. ئەمما كىرىزىس ئېڭى ئاجىزراق مىللەتلەر كۆز ئالدىدىكى
ئۆتكۈنچى ئىشلار بىلەن بەند بولۇپ، كىچىك نەتىجىلەردىن شەرەپ
ھېس قىلىپ، ھېسسىي دۇنياسىنى شادلىققا چۆمدۈرىدىغان تۇرمۇش
شەكلىگە ھەم يەڭگىل تەپەككۇر قىلىدىغان پىكىر ئادىتىگە كۆنۈك-
كەن ھالدا ياشاپ كۈن ئۆتكۈزۈۋاتىدۇ. گويا ئۇلار ھېچقانداق ئەجىر
سىڭدۈرمىسىمۇ، بەدەل تۆلىمىسىمۇ پارلاق كېلەچەك ئۇلارنى قۇچاق
ئېچىپ كۈتۈپ تۇرىدىغاندەك ئويلىشىدۇ. ئومۇمەن، ئۇلار يۈزە خۇ-
شاللىق تۇيغۇسى ئىچىدە ساددىلارچە ياشايدۇ. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ
ئانچىكىم نەتىجە ئۇتۇقلىرى بىلەن خەقلەرنىڭ كۆزىنى قاماشتۇرۇپ
ياشاۋاتقاندەك ئويلاپ قالىدۇ. قىزىق يېرى شۇكى، كىرىزىس ئېڭى
ئاجىز بىزگە ئوخشاش ئارقىدا قالغان مىللەتلەرنىڭ ئۆزىنىڭ مەدە-
نىيەت جەھەتتىكى خاسلىقى، تەنتەربىيە، سەنئەت جەھەتتىكى نەتى-
جە - ئۇتۇقلىرى بىلەن دۇنياۋى سەھنىدە تونۇلۇش ئارزۇسى بەكلا
كۈچلۈك بولىدۇ. ئۇلار بىز ئۈچۈن نۆۋەتتە ئەڭ مۇھىم مەسىلە تو-
نۇلۇش مەسىلىسىمۇ ياكى مىللەتنىڭ رىقابەت مەيدانىدىكى مەۋجۇت-
لۇقىغا، 21 - ئەسىرنىڭ تەرەققىياتىغا كاپالەتلىك قىلىدىغان يوللار
ئۈستىدە ئىزدىنىش مەسىلىسىمۇ، دېگەن تېمىدا چوڭقۇر ئويلانماي-
دۇ. بىلىش كېرەككى، بۇ ناھايىتى مۇھىم تاللاش ھەم تونۇش مەسى-
لىسى. مېنىڭچە، بىر مىللەت ئۈچۈن ئېيتقاندا، ئۆزىنىڭ كېلەچەك-
تە باشقا مىللەتلەر بىلەن تەڭ - باراۋەر مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىغا
كاپالەتلىك قىلىش جەھەتتە ئىزدىنىش ۋە ئاساس سېلىش بىرىنچى

مۇھىم مەسىلە ھېسابلىنىدۇ، تونۇلۇش مەسىلىسى مۇھىملىق جە-ھەتتىن ئۇنىڭدىن خېلىلا كېيىن تۇرىدۇ.

**ئىلنۇر ئىبراھىم:** ھەقىقەتەنمۇ بىز ئۆزىمىزنى كىشىلەرگە تونۇشتۇرغان ۋاقتىمىزدا «بىز ئۇيغۇرلار ئەزەلدىن سەنئەتخۇمار مىللەت، ئايىغىمىز چىقسىلا ئۇسسۇل ئوينىيالايمىز، تىلىمىز چىقسىلا ناخشا ئېيتالايمىز» دەپ تەرىپلەيدىكەنمىز، دېمەك، بىز ئۆ-زىمىز ئۆزىمىزنى ناخشا ـ ئۇسسۇلغا ماھىر، نەغمە ـ ناۋاغا ھېرىس-مەن دەپ تونۇيدىكەنمىز. سىزنىڭچە، مانا مۇشۇنداق پىسخىكىلىق ھادىسە بۈگۈنكى رىقابەت دەۋرىدە پۈت تىرەپ تۇرۇشىمىزدا ياكى دەۋر روھىنىڭ تەقەززاسىغا باغلاپ ئويلانغاندا مىللىي پىسخىكىمىز-دىكى پاسسىپلىقمۇ ياكى ئاكتىپلىقمۇ، بۇنى قانداق چۈشەنسەك بولار؟



**يالقۇن روزى:** بىز ئالدى بىلەن بۈگۈنكى دەۋرنىڭ خاراكتېرىنى ئېنىق تونۇشىمىز لازىم. ئىنسانىيەت قەدەم قويغان بۈگۈنكى دەۋر-نى، يەنى 21 ـ ئەسىرنى جەمئىيەتشۇناسلار، مۇتەپەككۇرلار، سىيا-

سىيونلار قانداق خاراكتېرلەۋاتىدۇ، دېگەندە «دۇنيا بىلىم ئىگىلىكى دەۋرىگە قەدەم قويدى» دەۋاتىدۇ. «21 ـ ئەسىردە خەلقئارا سەھنىدە مەۋجۇتلۇق رىقابىتى ئىنتايىن كەسكىن بولىدۇ» دەۋاتىدۇ. دېمەك، رىقابەت دەۋرى، بىلىم ئىگىلىكى دەۋرى دېگەن مۇشۇ سۈپەت بۈگۈنكى دەۋرنىڭ توپ خاراكتېرى بولۇپ شەكىللەندى. بىز بىلىم ئىگىلىكى دەۋرىدە ياكى رىقابەت دەۋرىدە قايسى دەسمايىمىزگە تايىنىپ، باشقىلار بىلەن رىقابەتلىشەلەيمىز؟ نېمىگە تايىنىپ باشقىلار بىلەن رىقابەت سەھنىسىدە روبىرو تۇرالايمىز؟ ئالدى بىلەن مۇشۇنداق تەخىرسىز چۈشەنچىگە كېلىشنىڭ ئۆزى دۇنيانىڭ ھازىرقى خاراكتېرىنى ياكى دەۋرنىڭ تەرەققىياتىنى ئالدىن مۆلچەرلەپ، ئاگاھلىق ياشاشقا ھازىرلانغانلىقتىن دېرەك بېرىدۇ. ئەمما، ھازىر مىللىتىمىزنىڭ ئومۇمىي پسىخىكىسىدىن ئېيتقاندا، بۇ جەھەتتە تېخى ئويغىنىش شەكىللەندى، دېگىلى بولمايدۇ. كىشىلەر رىقابەت دەۋرى، بىلىم ئىگىلىكى دەۋرى دېگەن سۆزلەرنى مودا سۈپىتىدە ئاغزىدىن چۈشۈرمەي ئېيتىپ يۈرگەن بىلەن، ئۇنى چىن مەنىسى بىلەن چۈشىنىدىغان ھەم ئۇنىڭغا چىن مەنىسى بىلەن يۈزلىنىدىغان كىشىلەر تولىمۇ ئاز. بۈگۈنكى دەۋرنىڭ خاراكتېرىنى بىلىم ئىگىلىكى، رىقابەت دەۋرى، دەپ مۇئەييەنلەشتۈرگەندىن كېيىن، ئەمدى بىز بۇ دەۋرنىڭ خىرىسىغا سەنئەتكە ھېرىسمەن بولۇش، نەغمە ـ ناۋاغا زىيادە كۆڭۈل بۆلۈشتەك خاراكتېرىمىز بىلەن قانداق تاقابىل تۇرىمىز، دېگەن مەسىلە كېلىپ چىقىدۇ. بۈگۈنكى دەۋر نەغمە ـ ناۋادا مۇسابىقىلىشىدىغان، كىم ھاردىم ـ تالدىم دېمەي ئۇزاق ناخشا ئېيتالايدۇ، كىم رېستوران ـ رېستوراندا چاك چىقىرىپ ئويىنيالايدۇ، كىم يەتتە ياشتىن يەتمىش ياشقىچە بەزمە ـ مەشرەپ قۇرۇپ ئۇسسۇلغا چۈشەلەيدۇ، دەيدىغان دەۋر ئەمەس، كىم ئۆزىنىڭ مىللىي مەۋجۇتلۇقىغا ئەقىل ـ پاراسىتى ئارقىلىق، پەن ـ تېخنىكىسى ئارقىلىق، ئىلىم ـ مەرىپىتى ئارقىلىق، يىراقنى كۆرەلەيدىغان ئۆتكۈر تەپەككۇرى ئارقىلىق ئاساس تۇرغۇزالايدۇ، دېگەن دەۋر. شۇ-



ڭا بىز ئالدى بىلەن باللىرىمىزنى تەربىيەلەشتە بولسۇن، مائارىپ-
نى چىڭ تۇتۇشتا بولسۇن ياكى ئۆزىمىزنى ئۆزىمىز كىتاب ئوقۇپ،
بىلىم ئۆگىنىپ قوراللاندۇرۇشتا بولسۇن، ئالدى بىلەن دەۋرنىڭ
تۈپ خاراكتېرىنى، ئىجتىمائىي تەرەققىياتنىڭ تۈپ تەقەززاسىنى
ئىگىلىۋالغان ئەھۋالدا ماڭىدىغان يولىمىزنى بېكىتىشىمىز كېرەك.
دەۋر يۈكسىلىشى تەلەپ قىلغان ۋە بىزنىڭ ئالدىمىزدا تۇرغان ما-
ڭىدىغان يولىمىز ھەرگىزمۇ نەغمە ـ ناۋاغا، ناخشا ـ ئۇسسۇلغا زى-
يادە ھېرىسمەن بولىدىغان يول بولماسلىقى لازىم. بۇ نەرسىلەرنى
ھەممە نەرسىدىن چوڭ بىلىپ، «دۇنياغا بىزنى نەغمە ـ ناۋالىرىمىز
تونۇتۇۋاتىدۇ، ياشىسۇن نەغمە ـ ناۋا» دەپ بىخۇدلارچە جۆيلۈپ يا-
شاشنىڭ ھاجىتى يوق. بىز باشتا ئېيتقاندەك سەنئەتنى كىشىلىك
تۇرمۇشنىڭ مەزمۇنىنى بېيىتىدىغان بىر ساھە، ئىنسانىيەت ئوخ-
شاش ئورتاق ئىنتىلىدىغان نىشانلارنىڭ پەقەت بىرى، دەپ تونۇشى-
مىز كېرەك. ئەمما «ئۇيغۇر دېمەك ــ سەنئەت دېمەك» دەۋەتسەك دەل

بۈگۈنكى بۇ رىقابەتنى ئاساس قىلغان، بىلىم ئىگىلىكىنى بەلگە قىلغان دەۋر بىلەن ھاماقەتلەرچە قارشىلاشقان بولىمىز.

**ئىلنۇر ئىبراھىم:** ھازىر نۇرغۇن كىشىلىرىمىزنىڭ چۈشەنچىسىدە، «بىزنى پەقەت بىزنىڭ سەنئىتىمىز، ناخشا ـ مۇزىكىلىرىمىز، خەلقئاراغا، مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىغا تونۇتالايدۇ» دېگەن قاراش سەل ئېغىر ئىكەن. سىزنىڭچە، مۇشۇنداق قاراشنىڭ شەكىللىنىشىدە بىرەر سەۋەب بارمۇ ـ يوق؟ ئەزەلدىن بۇيان بىزدە مۇشۇنداق تونۇش بارمىدى ياكى بۇنداق قاراش كېيىنكى مەزگىللەردە شەكىللىنىپ قالغانمۇ؟

**يالقۇن روزى:** خەلقىمىزنىڭ سەنئەتنى زىيادە ئۇلۇغلاش، ناخشا ـ ئۇسسۇلغا، نەغمە ـ ناۋاغا زىيادە ئەھمىيەت بېرىش ئەنئەنىسى ئەزەلدىن بارمىدى ـ يوقمىدى؟ دېگەن بۇ مەسىلىگە كەلگەندە، ئەزەلدىن شۇنداق ئىدى، دېگىلى بولمايدۇ. 20 ـ ئەسىرنىڭ 80 ـ يىللىرىدا ئۇيغۇرلار ھەققىدە يېزىلغان كىتاب، ماقالىلەردە تەتقىقاتچىلار قايسى تەرىپلەش سۆزلىرىنى كۆپرەك ئىشلەتتى دېگەندە، «ئۇيغۇرلار باتۇر، ئەمگەكچان، ئەقىل ـ پاراسەتلىك مىللەت» دېگەن تەرىپنى كۆپرەك ئىشلەتتى. ھازىر ناخشا ـ ئۇسسۇلغا ماھىر مىللەت، دېگەن تەرىپنى كۆپ تەكىتلەيدۇ. شۇڭا ھازىر ئومۇمىيۈزلۈك ھالدا شىنجاڭنى «ناخشا ـ ئۇسسۇل ماكانى» دەپ خاراكتېرلەيدىغان بولدى. بۇ قالپاقنى كىيىپ قالغىنىمىزغا 20 يىللارچە بولدى. تارىختا ئۇيغۇر مىللىي سەنئىتىنىڭ قوشنا ئەل ۋە مىللەتلەرگە سېلىشتۇرغاندا تەرەققىي قىلغانلىقى ھەتتا ئۇنىڭ چەتئەللەردە شەرەپ قۇچقانلىقى، بەي جۈيىدەك مەشھۇر شائىرلارنىڭ ئۇنى مەدھىيەلەپ شېئىرلارنى يازغانلىقى راست، مۇشۇنىڭغا قاراپلا «ئۇيغۇرلار ئەزەلدىن ناخشا ـ ئۇسسۇلغا ئەھمىيەت بەرگەن، ناخشا ـ ئۇسسۇل ئەنئەنىسى ئەڭ قويۇق مىللەت» دېگىلى بولمايدۇ. مەسىلەن، بىز ئەسلىمىزنى 2000 يىللار ئىلگىرىگە ئاپىرىپ باقايلى: ئالېكساندىر ماكېدونىسكى، يەنى ئىسكەندەر زۇلقەرنەين شەرققە قوشۇن تارتىپ

كەلگەن چاغدا ئۇ ئۇيغۇرلارنى كۆرۈپ، «بۇلار ئات ئۈستىدە قويۇندەك چاپالايدىغان، شۇنداقلا قويۇندەك چېپىپ كېتىۋېتىپ ئوقيانى ئالدىغا قانداق ئاتسا، كەينىگە شۇنداق ئاتالايدىغان ئوقياچى مىللەتكەن» دېگەنىكەن. «ئوقياچى مىللەت» دېگەن گەپ «ھەربىي ماھارەتكە ماھىر مىللەتكەن، قەھرىمانلارچە جاسارەتكە ئىگە مىللەتكەن» دېگەن گەپ. ئۇنىڭدىن كېيىن چىڭگىزخان ئىستېلاسى دەۋرىدە ئۇيغۇرلارنىڭ ھېساباتچىلىرىدىن تارتىپ خەتتاتلىرى، يېزىقشۇناسلىرى، ئالىملىرى، ھەربىيلىرى ۋە سىياسىيونلىرى شەرقتە يۈەن سۇلالىسىنىڭ پايتەختى خانبالىقتىن، يەنى ھازىرقى بېيجىڭدىن تارتىپ غەربتە ئىران، ئىراق شەھەرلىرىگىچە ھەتتا ئالتۇن ئوردا خانلىقلىرىغىچە ھەممە يەردە يۈەن سۇلالىسىنىڭ ياكى چىڭگىزخاننىڭ ئەۋلادلىرى قۇرغان خانلىقلار ئۈچۈن مەرىپەت ئۇستازى سۈپىتىدە ئىشلىگەن. ئۇ ۋاقىتتا ئۇيغۇرلار «مەرىپەتچى مىللەت» دەپ تونۇلغان. شۇڭا بىزدە ئەزەلدىن ناخشا ـ ئۇسسۇلنى چوڭ بىلىدىغان بۇ خىل ئەنئەنە بولغانمۇ دېگەندە، ئۇنداق ئەمەس. بىزنىڭ ناخشا ـ ئۇسسۇللىرىمىز ئەزەلدىن بار بولغان بىلەن بۇگۇنكىدەك ھەممىنىڭ ئۈستىگە چىقىۋالغان ئەھۋال بولمىغان. مەھمۇد كاشغەرىي ئۆزىنىڭ «تۈركىي تىللار دىۋانى» دېگەن كىتابىدا ئۆزىنى قانداق ئۇلۇغلىغان دېگەندە، «مەن مۇشۇ خەلقنىڭ سۆزگە ئەڭ ماھىرلىرىدىن، ئۆزىنىڭ پىكرىنى ئەڭ روشەن دەرىجىدە ئىپادىلەپ بېرەلەيدىغانلىرىدىن، ئەڭ زېرەكلىرىدىن، جەڭ ئىشلىرىغا ئەڭ ئۇستىلىرىدىن، نەيزىۋازلىرىدىن ...» دەپ تەرىپلىگەن. ھەرگىزمۇ «مەن بۇ خەلقنىڭ ئىككى پەدە چالالايدىغانلىرىدىن، كېچە ـ كۈندۈز ھاردىم ـ ئاچتىم دېمەي نەغمە ـ ناۋا قىلالايدىغانلىرىدىن» دېمىگەن. دېمەك، نېمىنى چوڭ بىلىش، قايسى جەھەتتە ئۆزىنى ئۇلۇغلاش مەسىلىسىنى تارىختىن سېلىشتۇرغاندا مانا مەن دەپ چىقىپ تۇرىدۇ. شۇڭا خەلقىمىز ناخشا ـ ئۇسسۇلغا زىيادە ھېرىسمەنمىدى، نەغمە ـ ناۋانى ئەزەلدىن چوڭ بىلەمتى، دېگەندە، ئۇنداق ئەمەس. ئىجتىمائىي ئەمەلىيەت

نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا، بىر مىللەتنىڭ ناخشا ـ ئۇسسۇلغا زىيادە ئەھمىيەت بېرىشى، سەنئەتنى زىيادە چوڭ بىلىشى شۈبھىسىزكى، ئۇنىڭ چۈشكۈنلەشكەنلىكىنىڭ ئىپادىسى. بۇ مېنىڭ قارىشىم ئەمەس. بۇ ئەنگلىيەنىڭ 19 ـ ئەسىردە ئۆتكەن مۇتەپەككۇرى ھەم ئىجتىمائىي ئىسلاھاتچىسى سامۇيىل سمايلىسنىڭ سۆزى. سامۇيىل سمايلىس «ئەخلاق ـ پەزىلەتنىڭ قۇدرىتى» دېگەن كىتابىدا «بىر مىللەت چۈشكۈنلەشكەن ۋاقىتتا ئۇنىڭ سەنئىتى گۈللىنىپ كېتىدۇ» دېگەن. بۇنىڭغا مىسال تەرىقىسىدە قەدىمكى يۇنانىدىمۇ شۇنداق بولغان، قەدىمكى رىمدىمۇ شۇنداق بولغان، دەپ مىسال ئالغان. شۇنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىشىمىز كېرەككى، سامۇيىل سمايلىسنىڭ «بىر مىللەت چۈشكۈنلەشكەن ۋاقىتتا ئۇنىڭ سەنئىتى گۈللىنىپ كېتىدۇ» دېگەن سۆزىنى ئۇيغۇرلارنىڭ سەنئىتى بۈگۈنكى كۈندە گۈللىنىپ، تەرەققىي قىلىپ كەتتى، دەپ چۈشىنىۋالساق بولمايدۇ. پەقەت ئۇيغۇرلارنىڭ سەنئەتخۇمارلىقى زىيادە ئۇلغىيىپ كەتتى، سەنئەتكە بولغان ھېرىسمەنلىكى زىيادە يامراپ كەتتى، دەپ چۈشەنسەك بولىدۇ.

**ئىلنۇر ئىبراھىم:** سىز بايا بىزنىڭ ئىجتىمائىي پىسخىكىمىزدىكى سەنئەتخۇمارلىقنىڭ دەرىجىسىنى زىيادە ئۇلغىيىپ، زىيادە يامراپ كەتتى، دېدىڭىز. بۇنىڭ بىر سانلىق كۆرسەتكۈچى ياكى ئۆلچەم دەرىجىسى بارمىدۇ؟ دەماللىققا ئۇنى ئۆزىمىزنىڭ سۇبيېكتىپ چۈشەنچىسى بويىچىلا ئېيتساق ھۆكۈمىمىز ئىلمىيلىككە، پاكىتقا ئۇيغۇن كەلمەي قېلىشى مۇمكىن. شۇڭا بۇ ھەقتە جەمئىيەتنى تەكشۈرۈپ، تەتقىق قىلىپ، ھېچبولمىغاندا مەلۇم بىر توپ ئاۋامنىڭ ئارىسىدا تەكشۈرۈپ، ئاندىن يەكۈن چىقىرىشىمىز كېرەك. دېمەكچى بولغىنىم، سەنئەتخۇمارلىقى كۈچلۈك ياكى سەنئەتكە زىيادە ھېرىسمەن كىشىلىرىمىزنىڭ نىسبىتى زادى قانچىلىك؟ ئېنىق ئىستاتىستىكا قىلىپ باققان ياكى بولمىسا سانلىق مەلۇماتلارنى تەكشۈرۈپ باققان ئەھۋال بارمۇ؟ مۇشۇ جەھەتتە بىز ئاساسلانغۇدەك، ئازچە ـ مۇنچە تەتقىقات نەتىجىلىرى ياكى بولمىسا مەتبۇئاتلاردا ئېلان

قىلىنغان ئەسەرلەر بارمۇ؟ مۇشۇ جەھەتتە ئىزدىنىپ كۆردىڭىزمۇ؟

**يالقۇن روزى:** بىز ئومۇمەن سۆھبەت ـ لېكسىيەلەردە ئو-مۇملاشتۇرۇش خاراكتېرىدىكى ھۆكۈملەرنى كۆپ قىلىمىز، بۇ، نۇ-تۇق سەنئىتىنىڭ چەكلىمىلىكى بولسا كېرەك. سىز سورىغان مە-سىلىگە، يەنى زىيادە ھېرىسمەنلىك مەسىلىسىگە مۇناسىۋەتلىك سان ـ سىپىر بارمۇ؟ ئالاقىدار دەرىجە كۆرسەتكۈچى بارمۇ ـ يوق-مۇ؟ يامراپ كەتتى، ئومۇملىشىپ كەتتى، دەپ قارىساق زادى قانچى-لىك ئومۇملىشىپ كەتتى؟ دېگەن سوئال ئىلمىيلىك جەھەتتىن ئىنتايىن يوللۇق. ئەلۋەتتە بۇنىڭغا ئىسپات بولۇشى كېرەك. مەن بۇ ئىجتىمائىي ھۆكۈمنى ئوتتۇرىغا قويۇشتا ئۆزۈمنىڭ كۆزىتىشىم ۋە تەسىراتىمنى ئاساس قىلىش بىلەن بىللە، يەنە ئىلمىي پاكىتنىمۇ ئاساس قىلدىم. يېقىندا شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى شىنجاڭ پېداگو-گىكا ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پىروفېسسورى، دوكتور ياۋ ۋېي خانىم-نىڭ «شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئىجتىمائىي پىسخى-كىلىق ھالىتى ۋە مىللىي رايونلارنىڭ تەرەققىياتى ئۈستىدە تەتقى-قات» دېگەن بىر كىتابىنى نەشر قىلدى. ياۋ ۋېي خانىم بۇ كىتابىدا شىنجاڭدىكى ئۇيغۇرلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان يەرلىك مىللەتلەرنىڭ ئىجتىمائىي پىسخىكىسىنى تەھلىل قىلغان ھەم ئۇلارنىڭ ئۆزگە بولغان قارىشىنى، ئۆزىنى قانداق تونۇيدىغانلىقىنى ئىستاتىستى-كىلاپ تەكشۈرۈپ چىققان. ياۋ ۋېي خانىمنىڭ تەكشۈرۈش ئۇسۇلى قانداق بولغان دېگەندە، ئۇ ئاۋۋال 467 نەپەر ئۇيغۇرغا كارتوچكا تار-قىتىپ بېرىپتۇ. مىللىي كىملىكىنى بېكىتىدىغان 14 كۆرسەت-كۈچنى كۆرسىتىپتۇ. يەنى بىرىنچى، دوستلۇققا ئەھمىيەت بېرىدى-غان مىللەت؛ ئىككىنچى، ناخشا ـ ئۇسسۇلغا ئەھمىيەت بېرىدىغان مىللەت؛ ئۈچىنچى، سەمىمىي مىللەت؛ تۆتىنچى، ئىشچان مىللەت؛ بەشىنچى، ھۇرۇن مىللەت؛ ئالتىنچى، باتۇر مىللەت؛ يەتتىنچى، بې-كىنمە مىللەت دېگەندەك 14 تۈرلۈك سۈپەت ئارقىلىق ئۆزۈڭلارنى مۇشۇ 14 سۈپەتنىڭ ئىچىدە قايسى سۈپەت بىلەن سۈپەتلەيسىلەر،

دىگەن تەلەپنى قويۇپ، بەلگە سىلىشنى تاپىلاپتۇ. سىلەرنىڭچە مۇشۇ سوپەتلەر ئارىسىدا قايسىسى مىللىتىڭىزگە باب كېلىدۇ، دىگەندىن ئىبارەت ئىكەن. نەتىجىدە، تەكشۈرۈشنى قوبۇل قىلغۇچى 467 كىشى ئىچىدىن 369 نەپىرى ناخشا ـ ئۇسسۇلغا ماھىر مىللەت، دىگەنگە بەلگە قويۇپتۇ. دىمەك، 80% ئەتراپىدا ئادەم ئۇيغۇرلار ناخشا ـ ئۇسسۇلغا ماھىر دەپ قارىغان. ئىككىنچى ئورۇندا دوستلۇققا ئەھمىيەت بىرىدىغان مىللەت دەپ قارىغان. بىز مانا مۇشۇنىڭدىن نىمىگە بەكرەك ھىرىسمەنلىكىمىزنى بىلسەك بولىدۇ. ئىلىم ـ پەنگە ئەھمىيەت بىرىدىغان مىللەت، مائارىپقا ئەھمىيەت بىرىدىغان مىللەت، ھەقىقەتكە ئەھمىيەت بىرىدىغان مىللەت، تەرەققىياتقا ئەھمىيەت بىرىدىغان دىگەن گەپنى نىمىشقا قىلالمايمىز؟ ئۇلار راست ئېيتىپتۇ، ھەقىقەتەن بىز ناخشا ـ ئۇسسۇلغا ئەھمىيەت بىرىدىغان، ناخشا ـ ئۇسسۇلغا خۇمارلىقىمىز بىلەن پەخىرلىنىدىغان مىللەت. ياۋ ۋېي خانىمنىڭ مۇشۇ تەكشۈرۈشى بىزنىڭ «بۈگۈنكى كۈندە ناخشا ـ ئۇسسۇلغا ئەھمىيەت بىرىش، نەغمە ـ ناۋانى ھەممىدىن چوڭ بىلىش پىسخىكىمىز ئومۇميۈزلۈك يامراپ كەتتى، خەتەرلىك ھالەتكە بىرىپ قالدى، بۈگۈنكى دەۋرنىڭ روھى بىلەن ماسلاشمايدىغان، ئومۇمي تەرەققىيات بىلەن قارشىلىشىدىغان ئىجتىمائىي پىسخىكىغا ئايلىنىپ قالدى. بۇ بىزدىكى بىر خىل پاسسىپلىق» دىگەن گېپىمىزنى دەلىللەيدىغان تەتقىقات يەكۈنى. شۇڭا ياۋ ۋېي خانىمنىڭ تەكشۈرۈش نەتىجىسى بىزنىڭ مۇشۇنداق ئىجتىمائىي ھۆكۈمنى ئوتتۇرىغا قويۇشىمىزغا ئىلمىي ئاساس ياكى دەلىل بولالايدۇ. شۇڭا بىز ئۇيغۇرلارنىڭ ئىجتىمائىي پىسخىكىسىدىكى بىر تەرەپلىمىلىكنى، يەنى سەنئەتخۇمارلىقنى، ناخشا ـ ئۇسسۇلغا زىيادە ئەھمىيەت بىرىشنى تەكشۈرۈشتۈرۈپ، ئۇلارنى ئىلىم ـ پەنگىمۇ يېتەرلىك ئەھمىيەت بىرىدىغان، تەرەققىياتنىڭ تەقەززاسىغىمۇ كۆڭۈل بۆلىدىغان، ئۆزىنىڭ كەلگۈسىدە دۇچ كېلىشى مۇمكىن بولغان مۇھىم مەسىلىلىرى ئۈستىدە ئويلىنىدىغان تەپەككۇرغا ئادەتلەندۈرۈشىمىز

كېرەك. شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پىروفېسسورى ئابدۇشۈكۈر
مۇھەممەتئىمىنىنىڭ «يىپەك يولىدىكى قايتا ئويلىنىش» دەيدىغان
بىر مەشھۇر ماقالىسى بار. ئاشۇ ماقالىسىدە ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەت-
ئىمىن بۇ مەسىلىنى ناھايىتى چوڭقۇر ئوتتۇرىغا قويغان. ئۇ «15 –
ئەسىردىن بۇيان بىزدە ھېسسىي سەنئەتنى ئىپتىخار پەللىسى بى-
لىش ئومۇمىي ئادەتكە ئايلاندى. بىزنىڭ ئارىمىزدىن تونۇلغان مەرد-
پەت چولپانلىرى، ئىلىم – پەن يۇلتۇزلىرى چىقمىدى. بوياقچىدىن
ئارتۇق خىمىك، تۆمۈرچىدىن ئارتۇق فىزىك چىقمىدى. قولىمىزنىڭ
يەتكىنى ئۇسسۇل، دېمىمىزنىڭ يەتكىنى ناخشا بولدى. بىز نەزىرد-
مىزنى خەلقئاراغا ئاغدۇرۇپ باقايلى، خەلقئارادا سىگانلار ناخشا –
ئۇسسۇلغا ئەھمىيەت بېرىدىغان، سەنئەت بىلەن جان باقىدىغان
مىللەت بولۇش سۈپىتى بىلەن دۇنيانىڭ ھەممە يېرىدە سوكۇلداپ
يۈرۈپ لاماكان بولۇپ كەتتى. ئەمما تارىخنىڭ بورانلىرىدا چېچى-
لىپ، جەڭگى – جېدەللەردە قىرىلىپ كەلگەن يەھۇدىيلار ئىزچىل
مائارىپقا ئەھمىيەت بېرىش، نەزەرىيەۋى تەپەككۇرغا ئەھمىيەت بې-
رىش، تەبىئىي پەنلەرگە ئەھمىيەت بېرىش ئادىتى تۈپەيلى بۈگۈنكى
كۈندە ئالىملار مىللىتى، دېگەن شان – شەرەپنى بېشىغا كىيدى.
ئەڭ قۇدرەتلىك زامانىۋى مىللەت كامالەتكە يەتتى» دەپ كۆرسەت-
كەن. بۇنى ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىننىڭ مۇتەپەككۇرانە بايانى
دېمەي تۇرالمايمىز. بىز ئۆزىمىزنىڭ مۇتەپەككۇرلىرىنىڭ، چەت ئەل
مۇتەپەككۇرلىرىنىڭ، تارىختىكى دانىشمەنلەرنىڭ جەمئىيەت، مەدە-
نىيەت، مىللەت، تەرەققىيات ھەققىدىكى قاراشلىرىنى ئۆگىنىپ
باقساق، بىزنىڭ سەنئەتكە بولغان زىيادە ھېرىسمەنلىكىمىز، سەن-
ئەتنى ھەممىدىن چوڭ بىلىدىغان، سەنئەتنى بارلىقىمىز دەپ بى-
لىۋالىدىغان مۇنداق خاھىشنىڭ بىر تەرەپلىمىلىك ئىكەنلىكىنى،
ئۇنىڭغا خاتىمە بېرىدىغان، تۈزىتىدىغان، تەڭپۇڭلاشتۇرىدىغان
ۋاقىتنىڭ يېتىپ كەلگەنلىكىنى، بۇنى جىددىي بىر تېما سۈپىتىدە
ئويلانمىساق بولمايدىغان بىر خەتەرلىك باسقۇچقا كېلىپ قالغانلى-

قىنى ھېس قىلىمىز. شۇڭا بىز بۇ مەسىلىدە مۇتەپەككۇرلىرىمىزنىڭ، دانىشمەنلىرىمىزنىڭ سۆزىگە ئەھمىيەت بېرىشىمىز كېرەك.

دانىشمەن ئالىمىمىز يۈسۈف خاس ھاجىپنىڭ شۇنداق بىر مەشھۇر سۆزى بار. يۈسۈف خاس ھاجىپ بۇنىڭدىن 1000 يىللار ئىلگىرى ئۆزىنىڭ «قۇتادغۇبىلىك» دېگەن داستانىنىڭ 265 ـ بېيىتىدە «ئادەملەرنىڭ ئەڭ ئېسىلى ئىككى، بىرى بەگ، بىرى دانا. مانا بۇلار ئىنسانىيەتنىڭ باشلامچىلىرىدۇر» دېگەن. بۇ يەردە يۈسۈف خاس ھاجىپنىڭ بەگ دېگىنى ئۆمەر شاڭيۇدەك بەگلەرنى ئەمەس، بىر جەمئىيەتنىڭ يېتەكچىلىرى ۋە داھىيلىرىنى، دانا دېگىنى دانىشمەن ـ مۇتەپەككۇرلىرىنى كۆرسىتىدۇ. بىر جەمئىيەتنىڭ، بىر مىللەتنىڭ ياكى ئىنسانىيەتنىڭ ئەڭ ئېسىل كىشىلىرى، باشلامچى كىشىلىرى مۇشۇلار دېگىنى. تارىختىن قارايدىغان بولساق، يىراقنى كۆرىدىغان يېتەكچى ـ داھىيلار ھەم دانىشمەن ـ مۇتەپەككۇرلار كىشىلەرگە نەغمە ـ ناۋاغا، ناخشا ـ ئۇسسۇلغا زىيادە ھېرىسمەن بولۇش، ئۇنى تۇرمۇشتىكى ئەڭ ئالىي نىشان دەپ بىلىش، ئەڭ ئالىي خۇشاللىق دەپ بىلىش، مۇشۇنىڭ ئۈچۈنلا ياشاش، مۇشۇنىڭدىنلا خۇشاللىق تېپىش كېرەك، دېگەن گەپنى ھەرگىز ئۆگەتمىگەن. بۈگۈنكى كۈندە بىز خاتا ھالدا مانا مۇشۇ نەرسىلەرنى زىيادە چوڭ بىلىۋاتىمىز. شۇڭا بىز بۇ مەسىلىگە كەلگەندە سەل سەگەكسىمەك، ئۇزاققا بارمىغان كەلگۈسىدە تېخىمۇ قاتتىق پۇشايمان قىلىمىز. شۇنداق ئېيتىشقا بولىدۇكى، بۈگۈنكى كۈندە نەغمە ـ ناۋاسى قانچە ياڭراق، تويى ـ تۆكۈنى قانچە دەبدەبىلىك مىللەتنىڭ كۆلگۈسىدە يىغا ـ زارىسى شۇنچە قاتتىق، غەم ـ قايغۇسى شۇنچە كۆپ بولىدۇ.

**ئىلنۇر ئىبراھىم:** هازىر ياش ـ ئۆسمۈرلىرىمىزگە قارىساق، ياش ـ ئۆسمۈرلەردە سەنئەت چولپانلىرىغا قارىغۇلارچە مەستانە بولۇش خاھىشى بىرقەدەر كۈچلۈك، مېنىڭچە، ياش ـ ئۆسمۈرلەردىكى مانا مۇشۇنداق سەنئەت چولپانلىرىغا قارىغۇلارچە مەستانە بولۇش خاھىشى، سەنئەتكە زىيادە ھېرىسمەن بولۇش پىسخىكىسى ئۇلارنىڭ

توغرا قىممەت قارىشى يېتىلدۈرۈشكە ياكى ساغلام دۇنيا قاراش شەكىللەندۈرۈشكە پاسسىپ تەسىر كۆرسىتەمدۇ ـ قانداق؟

**يالقۇن روزى:** بىر مىللەتكە نىسبەتەن، بىر دۆلەتكە نىسبەتەن ئەۋلادلارنى قولدىن بېرىپ قويۇش كېلەچەكنى قولدىن بېرىپ قويۇشتىن دېرەك بېرىدۇ. بۇ جەمئىيەتشۇناسلار، مائارىپشۇناسلار تەرىپىدىن ئومۇملاشقان بىر ھۆكۈم. ئۇنداق بولغاندا ئەۋلادلارغا ئىگە بولۇشنىڭ ئۇسۇلى نېمە؟ بىز ھازىر بالىلىرىمىزنىڭ قورسىقىنى تويغۇزۇپ قويساقلا، كىيىمىنى پۈتۈن قىلىپ قويساقلا ئەۋلادلارغا ئىگە بولغان بولامدۇق؟ بىلىشىمىز كېرەككى، بالا بېقىش تىپىدىكى ئاتا ـ ئانىلار بىلەن بالا تەربىيەلەش تىپىدىكى ئاتا ـ ئانىلارنىڭ سۈپەت ـ ساپاسى تۈپتىن پەرقلىنىدۇ. بالىلارنىڭ كىملەرگە مەستانە بولۇۋاتقانلىقى، كىملەرگە ھەۋەس قىلىۋاتقانلىقى، كىملەرگە ھۆرمەت بىلدۈرۈۋاتقانلىقى، نېمىنى ياخشى كۆرۈپ، نېمىنى ئۆچ كۆرۈۋاتقانلىقى بىلەن ھېسابلاشماسلىق، شۈبھىسىزكى، ئاتا ـ ئانا بولۇش لاياقىتىنى ھازىرلىمىغان كىشىلەرنىڭ ئادىتى! بىز ئاتا ـ ئانا بولۇش، مىللەتكە، جەمئىيەتكە، كېلەچەككە مەسئۇل بولۇش تۈيغۇمىز بىلەن بالىلىرىمىزنىڭ قورسىقىنى چىڭداپ، كىيىمىنى پۈتۈن قىلىش بىلەنلا چەكلىنىپ قالساق بولمايدۇ. ئالدى بىلەن ئۇنىڭ مېڭىسىنى چىڭداشقا بەكرەك ئەھمىيەت بېرىشىمىز كېرەك. بالىلارغا قايسى ھەۋەسلەر، قايسى قىزىقىشلارغا بەدەل تۆلەشنى، قايسى غايە، قايسى نىشانلار ئۈچۈن كۈرەش قىلىشنى، نېمىلەرنى مۇھىم بىلىش، نېمىلەرگە سەل قاراشنى، ئۆتكۈنچى نەرسىلەرنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى، مەڭگۈلۈك نەرسىلەرنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈش ئىنتايىن مۇھىم. مۇشۇ كۈنلەردە ھەممىمىزنىڭ ئۆيىدە دۆۋە ـ دۆۋە پىلاستىنكا بار. بۇلار ناخشا ـ ئۇسسۇل، نەغمە ـ ناۋانىڭ پىلاستىنكىلىرى. ئەمما ھەممىمىزنىڭ ئۆيىدە بىردىن كىتاب ئىشكاپىنىڭ بولۇشى ناتايىن. دۆۋە ـ دۆۋە نەغمە ـ ناۋا، ناخشا ـ ئۇسسۇل پىلاستىنكىلىرى ھەممىمىزنىڭ ئۆيىدە بولىدۇ ـ يۇ، نېمە

ئۇچۇن ھەممىمىزنىڭ ئۆيىدە كىتاب ئۇنچىلىك ئومۇملاشمايدۇ؟ بۇ بىلىم ئىگىلىكى دەۋرىدە كىتاب ئومۇملاشماي، ناخشا ـ ئۇسسۇل، نەغمە ـ ناۋا پىلاستىنكىسىنىڭ ھەممە ئۆيدە دۆۋە ـ دۆۋە ئومۇملىشىپ كېتىشى، يول ـ يولدا تۆكمە قىلىپ سېتىلىشى، ھەممە يەردە شۇ خىل سادا، شۇ خىل چۇقان، شۇ خىل بەزمە ـ مەشرەپنىڭ قايىنىشى نېمىدىن دېرەك بېرىدۇ؟ ئېنىقكى بۇ، باللارنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىش مۇھىتىنىڭ بۇزۇلغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ. ئۆيدىمۇ شۇ، كوچىدىمۇ شۇ، تېلېۋىزوردىمۇ شۇ، ھەممە يەردىلا شۇ بولۇپ كەتكەندىن كېيىن، ئۆسۈپ يېتىلىش باسقۇچىدىكى باللار كۆندە ئاشۇ خىل ئىجتىمائىي مۇھىتنىڭ تەسىرىگە ئۇچرايدۇ. بۇنداق مۇھىتنىڭ تەسىرىگە ئۇچراۋەرسە ئۇلار كىمگە مەستانە بولىدۇ، كىمگە ھەۋەس قىلىدۇ؟ ئەلۋەتتە پاراسەت تېپىدىكى مۇتەپەككۇر ـ ئالىملارغا، ئىلىم ـ پەن ئاسمىنىدىكى ساقماس يۇلتۇزلارغا ھەۋەس قىلمايدۇ، بەلكى ماھارەت تېپىدىكى ناخشا ـ ئۇسسۇلچىلارغا، ئاكتىيور ـ ئېتۇتچىلارغا مەستانە بولىدۇ.

**ئىلنۇر ئىبراھىم:** يۇقىرىدا يالقۇن روزى ئەپەندىم خەلقىمىزنىڭ بۈگۈنكى كۈندە «سەنئەتخۇمار، ناخشا ـ ئۇسسۇلغا ماھىر خەلق» دەپ تەرىپلىنىشىگە نىسبەتەن ئۆزىنىڭ قاراشلىرىنى ناھايىتى جانلىق، بىمالال بايان قىلىپ ئۆتتى. مېنىڭچە، بۈگۈنكى پىروگراممىمىزغا قەدەم تەشرىپ قىلغان مېھمانلارنىڭمۇ ئۆز ئالدىغا قاراشلىرى، چۈشەنچىلىرى بولۇشى مۇمكىن. كۆپچىلىكنىڭ ئوخشىمىغان قاراشلىرى، پىكىرلىرى بولسا، ئاڭلاپ باقساق، قېنى قايسى مېھمىنىمىز ئۆزىنىڭ كۆڭۈل سۆزىنى بايان قىلىپ بېقىشنى خالايدىكىن؟

**مېھمان (1):** مەن شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى مىللەتشۇناسلىق كەسپىنىڭ ئاسپىرانتى. بۈگۈنكى بۇ سۆھبەتتە ئوتتۇرىغا قويۇلغان قاراشلار ھەم ئىدىيەلەر ناھايىتى يېڭىچە، ھەم ئۆزگىچە بولغاچقا، بۈگۈنكى بۇ سۆھبەت ماڭا باشقىچىلا يېڭى تۇ-

يۇلدى. سۆھبەت جەريانىدا مۇھاكىمە قىلىنىۋاتقان مەسىلە مىللىتىمىزنىڭ ھەربىر ئەزاسىنىڭ دۇنيا قارىشى بىلەن تۇرمۇش پوزىتسىيەسىگە چېتىلىدىغان بولغاچقا، بۇ تېمىنى تېخىمۇ چوڭقۇر مۇھاكىمە قىلىش ھەممىمىزنىڭ ئويلىنىشقا تېگىشلىك مۇھىم مەسىلىسى ھەم بۇرچى، دەپ قارايمەن. سۆھبەت جەريانىدا ئىلگىرى مەلۇم بىر ئېتۇتتا ئوتتۇرىغا قويۇلغان مۇنداق بىر مەسىلە ئېسىمگە كېلىپ قالدى. ئۇنىڭدا «خەلق ھەممىدىن ئۇلۇغ، خەلقىمىز سەنئەتنى ھەممىدىن ياخشى كۆرىدۇ، سەنئەتنى ھەممىدىن بەك سۆيىدۇ. خەلقىمىزنىڭ تاللىشىنى چوقۇم قەدىرلىشىمىزگە ئەرزىيدۇ. شۇڭا خەلق ياخشى كۆرگەن مەسىلىدە باشقىچە قاراشتا بولساق بولمايدۇ» دېيىلگەن. يالقۇن ئەپەندىم بۇ مەسىلىگە قانداق قارايدىكىن، مېنىڭ بەكمۇ بىلگۈم كېلىۋاتىدۇ.

**يالقۇن روزى:** بۇ خىل قاراش مېنىڭچە كۆپىنچە كىشىلەردە بار. ئەمما بۇ قاراشنىڭ ئۆزىدە ئىلمىيلىك بارمۇ ـ يوق؟ دېگەندە، مېنىڭچە ئىلمىيلىك يوق، خەلقنىڭ ئۇلۇغلۇقىغا قىل سىغمايدۇ. خەلقنىڭ ئۇلۇغلۇقى مەڭگۈلۈك مەسىلە. ئاما خەلقنىڭ ئۇلۇغلۇقى ئۇنىڭ تاللىغان يولىنىڭ ئۇلۇغلۇقىغا تەڭ ئەمەس، خەلق بەزىدە يولنى خاتا تاللايدۇ، بەزىدە توغرا تاللايدۇ. 20 ـ ئەسىردىكى داڭلىق ئالىم ئېينىشتېيىنىنىڭ «ئاۋام ئىدىيە جەھەتتىن ئومۇمەن قاشاڭ كېلىدۇ» دېگەن بىر مەشھۇر سۆزى بار. ئۇنىڭ «ئاۋام ئىدىيە جەھەتتە ئومۇمەن قاشاڭ كېلىدۇ» دېگىنى ئىلمىي بىلىش، پەرق ئېتىش ۋە تەپەككۇر جەھەتتە گال كېلىدۇ، دېگىنى. شۇڭا خەلق بۇنداق ئەقلىي مەسىلىلەردە ئۆلچەم بولمايدۇ. ئەگەر بىزنىڭ خەلقىمىز بۇگۈندىكى كۈندە نەغمە ـ ناۋا، ناخشا ـ ئۇسسۇلنى ياخشى كۆرگەنلىكى، شۇنىڭغا ھېرىسمەن بولغانلىقى ئۇچۇن مۇشۇ يولنى توغرا دەيدىغان بولساق، بۇ دەۋرنىڭ ئومۇمىي روھى بىلەنمۇ ماس كەلمەيدىغان، بىزنىڭ مىللىي مەنپەئەتىمىز بىلەنمۇ ماس كەلمەيدىغان بىر مەسىلە بولۇپ چىقىدۇ. تارىختىكى ئومۇمىي ئەنئەنىمىز بىلەنمۇ ماس

www.uyghurkitap.com

كەلمەيدىغان بىر مەسىلە بولۇپ چىقىدۇ. مۆلچەرلەشكە بولىدۇكى، بۇنىڭدىن كېيىنكى ئىنسانىيەتنىڭ تەرەققىياتى رەھىمسىز رىقابەتنى دەۋر قىلغان بولىدۇ. ئىنسانلارنىڭ ياشاش مۇھىتى تارىيىۋاتقان، ياشاش يوللىرى، راۋاجلىنىش يوللىرى، تەرەققىيات يوللىرى مۇشكۈللىشىۋاتقان مۇشۇنداق ئەھۋال ئاستىدا رىقابەتنىڭ ئىنتايىن كەسكىن بولىدىغانلىقى ئېنىق. مانا مۇشۇنداق رىقابەتتە قايسى خەلقنىڭ يېتەكچىلىرى ياكى دانىشمەن، مۇتەپەككۇرلىرى ئەڭ ئەقىللىك بولسا، ئەڭ توغرا يولنى تاللىسا ئاشۇ خەلق ياخشى كۈنلەرگە ئېرىشىدۇ. ئەگەر ئۆزىنىڭ يېتەكچىلىرى، مۇتەپەككۇرلىرى خەلقنى، ئىنسانىيەتنىڭ ئومۇمىي تەرەققىياتىغا پايدىسىز بولغان، مىللەتنىڭ تەرەققىياتىغا زىت بولغان يوللارغا باشلاپ قويسا ياكى ئىلھاملاندۇرۇپ قويسا، بۇ خەلق كەلگۈسىدە پۇشايمانلىق ئاقىۋەتكە قالىدۇ.

**مېھمان (2):** بۈگۈنكى سۆھبەتتە بولۇنغان سۆزلەر ناھايىتى يېڭى بولدى. بىز گاھىدا ھەر خىل سەۋەبلەر بىلەن بۇنداق سۆھبەت سورۇنلىرىغا قاتنىشىپ قالىمىز. سۆزلەنگەن تېمىلار ئاساسىي جەھەتتىن بىر - بىرىگە ئوخشاپ كېتىدىغان ئەھۋال كۆپ. بۈگۈنكى بۇ تېما ئۆزگىچە بولدى. ناھايىتى يېڭى بولدى. مەن يالقۇن روزىنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن بەزى ئىشلار ئېسىمگە كېلىپ قالدى. بولۇپمۇ 20 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئۆتكەن ئالىم ئابدۇقادىر داموللامنىڭ «ئاقائىد زۆرۈرىيە» دېگەن كىتابىدا بىر ئەلنىڭ، بىر خەلقنىڭ ئىززەت - ھۆرمىتى، كۈچ - قۇۋۋىتى نېمىدىن ھاسىل بولىدۇ، دەپ سوئال قويۇلۇپ، جاۋاب تەرىقىسىدە بىر ئەلنىڭ ئىززەت - ھۆرمىتى، كۈچ - قۇۋۋىتى ئىلىم - مەرىپەت ۋە ئىتتىپاقلىقتىن ھاسىل بولىدۇ، دېيىلگەنىكەن. ئېنىقكى، ئۇ ئالىم سەنئەتتىن دېمىگەن. دېمىسىمۇ بىز تارىختىن مىسالغا ئالىدىغان بولساق، بىزنىڭ ئەجدادلىرىمىز بۇرۇندىن تارتىپلا سەنئەتخۇمار مىللەت ياكى ئۇسسۇل مىللىتى، شېئىر مىللىتى دەپ ئاتىلىپ كەلگەن ئەمەس.

ئەجدادلىرىمىز ھەقىقەتەن ئۆز ۋاقتىدا بىزگە ئۆلگە بولغۇدەك ياشى-
غانىكەن، ئالايلى، بۇ قېتىم مەن بېيجىڭغا باردىم. ئاشۇ يەردە بەزى
تارىخىي ماتېرىياللارنى، نۇرغۇن نەرسىلەرنى كۆردۈم، بەزى مۇ-
زېيلارغا كىردىم. مىللەتلەر نەشرىياتىدىكى بالىلار مېنى ئەكىردى،
ئاشۇ يەردە نۇرغۇن ماتېرىياللارنى كۆردۇق. بەزىبىر ماتېرىياللارنى
كۆرۈپ مەن ھەقىقەتەن ئەجدادلىرىمىزنىڭ قانداق ئۆتكەنلىكىنى
چۈشەندىم. مەسىلەن ئالايلى، بېيجىڭ شەھىرىدىكى شۇنچە نۇرغۇن
راۋاقلار دەيمىز، بېيجىڭ شەھىرى دەيمىز، يىخېيۈەن دەيمىز، ئومۇ-
مىي گەۋدىسىنى لايىھەلەپ چىققىنى ئەختەردىن، ئۇنىڭدىن كېيىن
ئاسترونومىيە جەھەتتە يەتتە تۈرلۈك ئاسمان جىسىملىرىنى تەكشۈ-
رىدىغان چوڭ مېخانىكىلىق ئەسۋابنى ياساپ چىققىنى جامالىددىن،
شۇ چاغدا يۈەن سۇلالىسى، بولۇپمۇ قۇبلايخان ئىدىقۇتتىن ئاجايىپ
نۇرغۇن ئالىملارنى يۆتكىگەن، ئۇلار دوختۇرلار، تىلماچلار، ئارخى-
تېكتورلار، تېبابەت ئالىملىرى، سانغۇن، ھەربىي ئالىملارنى ئۆز
ئىچىگە ئالغان. ھەتتا ئۇلارغا گۇلياڭخۇ دېگەن يەرگە ئايرىم بىر
يۇرت بىنا قىلىپ بەرگەن. ئەمدى ھازىرىمىزغا قارايدىغان بولساق،
كۆپىنچە كۈنلىرىمىز ئويۇن ـ تاماشا بىلەن كېتىۋاتىدۇ. ناخشا بى-
لەن، ئۇسسۇل بىلەن، يۇمۇر بىلەن ئۆتۈۋاتىدۇ. بەزى سورۇنلاردىكى
ئىشلار ئاجايىپ، سىرتىدىن قارايدىغان بولساق ئادەمنىڭ كۈلگۈسى
كېلىدۇ، لېكىن ئىچكى جەھەتتىن ئېيتقاندا ئېچىنىدىغان ئىشلار
بار. ئۆزىمىزنى بىر بالداق كۆتۈرۈش ئۈچۈن نېمە قىلىش كېرەك؟
بىز ئىلمىي تەپەككۇر بىلەن، ئۆتكۈر پەنلەر بىلەن شۇغۇللىنىشى-
مىز كېرەك، ئۆيدە ئاززاقلا ناخشا غىڭشىپ قويغان كىچىككىنە با-
لىلىرىمىزنى ئۇدۇللا نەغمە ـ ناۋا يولىغا سېلىپ، 4 ــ 5 ياشلىق
بالىلارنىڭ بىرىنى داپقا، بىرىنى ئۇسسۇلغا بېرىۋاتىمىز. بۇنداق
قىلماي باشقىچە ئويلاپ باقايلى، ھەر خىل كەسپلەر قۇرۇلۇۋاتىدۇ.
تېخنىكا، تىل، پەننىي كەسپلەر قۇرۇلۇۋاتىدۇ. ئاشۇلارغا بالىلارنى
ئاپىرىپ بېرىش، ئەڭ بولمىغاندا ئالىملارنىڭ كىتابىنى ئوقۇپ بې-

رىش، ئۇلارنىڭ تەلىماتلىرىدىن، ئىلمىي نەزەرىيەلىرىدىن ئۇلارنى داۋاملىق بەھرىمەن قىلىش، بالىلارغا ئېزىپ ئىچۇرۇش، بىر قېتىمدا بىلمىسە، ئىككى، ئۈچ، تۆت قېتىمدا بىلدۇرۇش كېرەك. داۋاملىق ئاشۇنداق قىلساق ئۇلارمۇ ئۇنى ئۆگىنىدۇ.



سۆھبەت پىروگراممىسىنى ئىشلەشكە قاتناشقان بىر قىسىم خادىملار بىلەن چۈشكەن خاتىرە سۈرەت

**ئىلنۇر ئىبراھىم:** ۋاقىت توشۇپ قىلىشۋاتىدۇ. يالقۇن ئەپەندىم، سىزدىن سوراپ باقسام، ناۋادا بۈگۈنكى سۆھبىتىمىزنىڭ مەزمۇنىنى بىر ئېغىز سۆزگە يىغىنچاقلاشقا توغرا كەلسە، نىمە دېيىش كېرەك؟

**يالقۇن روزى:** بۈگۈنكى سۆھبەتتىن سەنئەتنى، ناخشا ـ ئۇسسۇلنى، نەغمە ـ ناۋانى ئىنكار قىلايلى، چۆرۈپ تاشلايلى، دېگەن مەنە چىقمايدۇ. ھۆجەيرىلىرىمىزدىكى، خاراكتېرىمىزدىكى، مەدەنىيەت پىسخىكىمىزدىكى چەكتىن ئاشقان سەنئەتخۇمارلىقنى، سەنئەتكە زىيادە ھېرىسمەنلىكنى، سەنئەتكە بولغان بىر تەرەپلىمە ئامراقلىقنى

سەل بېسىۋالايلى، زامانغا ماسلىشايلى، دەۋرنىڭ خاراكتېرىنى چۈ-
شىنەيلى، تەرەققىياتنىڭ تەقەززاسىنى ھېس قىلايلى، مىللىي مەۋ-
جۇتلۇقىمىزغا كاپالەتلىك قىلغىلى بولىدىغان جىددىي مەسىلىلەر-
گە يېتەرلىك كۆڭۈل بۆلەيلى، دېگەن مەنە چىقىدۇ. بۇگۈنكى سۆھ-
بەتنىڭ مەزمۇنىنى ئەگەر بىر جۈملە سۆزگە يىغىنچاقلاشقا توغرا
كەلسە: سەنئەت بىزنىڭ بايلىقىمىز، ئەمما بارلىقىمىز ئەمەس!

**ئىلنۇر ئىبراھىم:** مېنىڭچە، يۇقىرىدا يالقۇن ئەپەندى ئېيتىپ ئۆتكەندەك، سەنئەت بىزنىڭ مىللىي مەدەنىيىتىمىزنىڭ بىر تەركىبىي قىسمى، ئۇ بىزنىڭ بايلىقىمىز، لېكىن بىزنىڭ بارلىقىمىز ئەمەس. بىز ئىقتىساد ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلىۋاتقان، بىلىم ئۇ-زۇكسىز يېڭىلىنىۋاتقان، دەۋرنىڭ تەرەققىيات قەدىمى مىسلىسىز تېز بولۇۋاتقان بۈگۈنكى دەۋردە ياش - ئۆسمۈرلىرىمىزنى ئامال بار توغرا قىممەت قارىشى تۇرغۇزۇشقا، بىلىمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش-كە يېتەكلىسەك تولىمۇ ياخشى بولاتتى، دەپ ئويلايمىز. چۈنكى خىد-رىس ۋە رىقابەتكە تولغان بۈگۈنكى كۈندە ساغلام مىللىي پىسخىكا، توغرا دۇنيا قاراش تۇرغۇزساق، بىلىمىمىزنى مۇكەممەللەشتۈر-سەكلا ئۆزىمىزنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ساقلاپ قالالايمىز. پىروگراممى-مىز شۇنىڭ بىلەن ئاخىرلاشتى. كېلەر ساندىكى پىروگراممىمىزدا كۆرۈشەيلى، خەير!

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# نەنجىڭدە نورۇز

جاھاندا زادى قانچىلىك بايرامنىڭ بارلىقىنى بىلمەك تەس. ئەمما مەشھۇر دىنىي بايراملار، سىياسىي بايراملار، ئۆرپ ـ ئادەت بايراملىرى، مىللىي بايراملار ئۇنچىۋالا كۆپ ئەمەس. ئاشۇ مەشھۇر بايراملار ئارىسىدا نورۇز بايرىمى ئالاھىدە ئورۇن تۇتىدۇ. چۈنكى بۇ بايرام تۈركىيە، ئىران، قازاقىستان، ئۆزبېكىستان، ئەزەربەيجان، تاجىكىستان، تۈركمەنىستان، قىرغىزىستان قاتارلىق دۆلەتلەردە مۇستەقىللىق بايرىمىدەك داغدۇغىلىق ئۆتكۈزۈلىدۇ. بۇ بايرام يەنە 50 كە يېقىن مىللىي رايوندا چوڭقۇر مىللىي ئىپتىخار بىلەن تەنتەنىلىك ئۆتكۈزۈلىدۇ. ھازىر دۇنيادا بۇ كاتتا مىللىي بايرامنى ئۆتكۈزىدىغانلارنىڭ سانى 300 مىليوندىن ئاشىدۇ.

ئۇيغۇر خەلقىمۇ 2000 يىلدىن ئارتۇق ۋاقىتتىن بۇيان بۇ ئەنئەنىۋى تەبىئەت بايرىمىنى ئۆزىنىڭ كاتتا مىللىي بايرىمى سۈپىتىدە ئالاھىدە مۇھەببەت بىلەن ئۆتكۈزۈپ كەلگەن. شۇ جەرياندا قويۇق مىللىي ۋە يەرلىك ئالاھىدىلىككە ئىگە «نورۇز مەدەنىيىتى» نى شەكىللەندۈرگەن. كىيىنىش ـ تارىنىش، يېمەك ـ ئىچمەك، نەغمە ـ ناۋا، قوشاق ـ بېيىت، تەنھەرىكەت قاتارلىق ساھەلەر بويىچە خاسلاشقان بۇ «نورۇز مەدەنىيىتى» خەلقىمىزنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى تۇرمۇشىنىڭ بىر قىسمى بولۇپ ئىپادىلىنىپ مىللىي ھاياتىمىزدىكى ئەڭ يارقىن ھادىسە سۈپىتىدە داۋام قىلىپ كەلگەن.

1933 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى ئۈرۈمچىدە يۈز بەرگەن سىياسىي ئۆزگىرىشنىڭ ئوق ئاۋازلىرى ئىچىدە جىن شۇرېننىڭ بەش يېرىم يىل داۋام قىلغان ھۆكۈمرانلىقىغا خاتىمە بېرىلىپ، شېڭ شىسەينىڭ 11 يېرىم يىل داۋام قىلغان مىلىتارىستلىق ھۆ-

كومىرانلىقى تىكلەنگەن. ھوقۇقپەرەسلىكتە ئۇچىغا چىققان شېڭ شىسەي ئۆزى ھۆكۈمرانلىق ئورنىغا چىققان 12 ـ ئاپرېل كۈنىنى تەڭرىتاغنىڭ شىمالى ۋە جەنۇبىدىكى ھەرقايسى مىللەتلەر تەرىپىدىن بىردەك خاتىرىلىنىدىغان سىياسىي بايرام قىلىپ بېكىتكەن. ئۇ ئەينى ۋاقىتتىكى شىنجاڭنىڭ نوپۇس قۇرۇلمىسىدا نورۇز بايرىمىنى ئۆتكۈزىدىغان ئۇيغۇر، قازاق، قىرغىز قاتارلىق تۈركىي مىللەتلەرنىڭ 90 پىرسەنتتىن يۇقىرى نىسبەتنى ئىگىلەيدىغانلىقىنى نەزەردە تۇتۇپ، 3 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى ئۆتكۈزۈلىدىغان نورۇز بايرىمىنى چەكلىگەن، چۈنكى شىنجاڭ خەلقى 3 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى نورۇز بايرىمىنى تەنتەنىلىك ئۆتكۈزۈپ، يەنە 20 كۈندىن كېيىن بولىدىغان «12 ـ ئاپرېل» بايرىمىنى داغدۇغىلىق ئۆتكۈزۈشكە يېتەرلىك قىزغىنلىق كۆرسىتەلمەيدىغانلىقى تەبىئىي ئىدى. شۇڭا، شېڭ شىسەي ئىككىلەنمەستىن نورۇز بايرىمىنى ئۆتكۈزۈشنى چەكلىگەن. يەركەن خانلىقىدىن كېيىنكى نەچچە ئەسىر مابەينىدە جەڭگىۋارلىقى زەئىپلىشىپ، روھى چۈشكۈنلىشىپ، ئۆزىنىڭ ھەققانىي ھوقۇقلىرىغا دەخلى ـ تەرۇز يەتسىمۇ ئانچە پەرۋايىغا ئالماس بولۇپ كەتكەن، ئەڭگۈشتەر كەبى قىممەتلىك مىللىي مىراسلىرى بىلەن بىر ـ بىرلەپ خوشلىشىپ، ئەزگۈچى ھۆكۈمرانلارغا قۇللارچە بويسۇنۇشقا كۆنۈپ كەتكەن شىنجاڭ خەلقى، شېڭ شىسەينىڭ بۇ يولسىز بۇيرۇقىنى ئىجرا قىلىپ، شۇنىڭدىن ئېتىبارەن بۇ ئاتا مىراس مىللىي بايرىمىنى بارا ـ بارا ئۇنتۇپ قالغان.

1980 ـ يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن باشلاپ دەۋرنىڭ ئۆزگىرىشى، مىللىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قېزىش، ئەسلىگە كەلتۈرۈش پىكىر ئېقىمىنىڭ ئۇلغىيىشى ۋە شۇنىڭغا ماس ھالدىكى تىرىشچانلىقلار نەتىجىسىدە نورۇز بايرىمىنى ئۆتكۈزۈش قىزغىنلىقى ئاستا ـ ئاستا شەكىللەندى. ھازىر ئاپتونوم رايونىمىزدىكى رادىيو دولقۇنلىرىدا، تېلېۋىزىيە قاناللىرىدا، گېزىت ـ ژۇرنال سەھىپىلىرىدە نورۇزغا بېغىشلانغان مەزمۇنلار بەس ـ بەستە بېرىلىدىغان بولدى.

كىشىلەر تۇرلۇك شەكىللەر ئارقىلىق نورۇز بايرىمىنى داغدۇغىلىق، مەنىلىك، مەزمۇنلۇق ئۆتكۈزۈشكە ئەھمىيەت بېرىدىغان، «نورۇز مۇبارەك» دەپ ئۆزئارا تەبرىكلىشىدىغان بولدى. شۇنداق قىلىپ، نورۇز بايرىمىنى يىلدىن ـ يىلغا قىزغىن مىللىي كەيپىيات ئىچىدە ئۆتكۈزۈش ئادەتكە ئايلاندى. بۇنداق ياخشى ئادەتنىڭ ئومۇملىشىشى مىللىي كىملىكىمىزنى تونۇش ۋە تونۇتۇش مەسىلىسى مۇھىم كۈنتەرتىپ ھالىتىدە تۇرۇۋاتقان بۈگۈنكى رېئاللىقىمىزدا كىشىنى سۆيۈندۈرمەي قالمايدۇ، ئەلۋەتتە. ئەنئەنىۋى ئادەت ۋە ئەنئەنىلىرىمىزگە تامامەن يات بولغان مىلاد (روژدېستۋا) بايرىمى، ئاشىق ـ مەشۇقلار بايرىمى دېگەنگە ئوخشاش ئاللىكىملەرنىڭ بايراملىرىنى قىلچە يەكلىمەي ئاتا مىراس بايراملاردەك بىمالال ئۆتكۈزۈشكە كۆنۈكۈپ كېتىۋاتقان بۈگۈنكى ياش ـ ئۆسمۈرلىرىمىزنى پەرق ئېتىش تۇيغۇسىغا ئىگە قىلىش ۋە مەسىلىلەرگە پرىنسىپال پوزىتسىيە تۇتىدىغان قىلىش سەل قارايدىغان مەسىلە ئەمەس! ئۆزىگە مەنسۇپ ئادەت ۋە ئەقىدىلەر بىلەن ئۆزگىلەرگە تەۋە ئادەت ۋە ئەقىدىلەرگە پرىنسىپسىز مۇئامىلە قىلىش، ئاقىۋەتتە، يىنىك بولغاندا مىللىي كىملىكىمىزنى ئېغىر دەرىجىدە بۇلغايدۇ، خالاس!

ئۆزىنىڭ مىللىي مەدەنىيىتىگە مۇھەببەت ۋە مەسئۇلىيەت بىلەن مۇئامىلە قىلىش، ئەنئەنىۋى ئادەت ۋە ئەقىدىلىرىنى ساقلاش، ساپلاشتۇرۇشقا تىرىشىش جەھەتتە ئاۋانگارتلىق رول ئويناۋاتقان كىشىلەرنىڭ كۇنسىرى كۆپىيىۋاتقانلىقى، بىزنى پاسسىپ كۈچ بىلەن ئاكتىپ كۈچ، ئەندىشە بىلەن ئۈمىد، ئۆتمۈش بىلەن كېلەچەك، ئارزۇ بىلەن رېئاللىق، ئەنئەنە بىلەن زامانىۋىلىق قاتارلىق ئامىللار ئۈستىدە چوڭقۇر ئويلارغا غەرق قىلىدۇ. كۆزىتىش، سېلىشتۇرۇش نەتىجىسىدە ئەنسىزچ ۋە ئۈمىدۋارلىق ئاخىرقى تاللىشىمىز بولۇپ قالىدۇ. گەرچە بىر ئادەمنىڭ ۋۇجۇدىدا ئەنسىزچ ۋە ئۈمىدۋارلىق روھىنىڭ بولۇش ـ بولماسلىقى ئەخلاق ۋە قانۇن نۇقتىسىدىن مەسىلە ھېسابلانمىسىمۇ، ئەمما، ئۇ كىشىلىك ھاياتنىڭ قىممىتى نۇقتىد-

سىدىن ئەڭ مۇھىم ئامىل ھېسابلىنىدۇ. ئىشەنچ ۋە ئۈمىدتىن ئايرىلغان ئادەمنىڭ ھاياتى ھالاكەت غارىغا مەنسۇپ ھايات ھېسابلىنىدۇ. روشەنكى، رېئال تۇرمۇشتا ئىشەنچ ۋە ئۈمىدۋارلىق گاھىدا ئىچكى ئامىل تەرىپىدىن بەلگىلەنسە، گاھىدا تاشقى ئامىل تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ. شۇڭا، بىز ھايات مۇساپىسىدىكى مۇشكۈل داۋانلاردىن گاھىدا قەلبىمىزنىڭ قات - قېتىدىن ئۇرغۇپ چىقىۋاتقان مەنىۋى كۈچكە تايىنىپ ئاشساق، گاھىدا ھەمراھلىرىمىزنىڭ جاسارەت بېغىشلايدىغان قىرىنداشلارچە مېھىر - مۇھەببىتىگە تايىنىپ ئاشىمىز. دېمەك، بىر - بىرىمىزگە ئىشەنچ بېغىشلاپ، ئۈمىدۋارلىق روھىمىزنى ئۇرغۇتۇش، رەھىمسىز رىقابەت قايناملىرىدا مەۋجۇتلۇق ۋە تەرەققىيات مەسىلىسىنى ھەل قىلىش تەخىرسىز بولۇۋاتقان بۈگۈنكى شارائىتتا ئىنتايىن مۇھىم ئىش بولماقتا.

2009 - يىللىق نورۇز بايرىمى مەن ئۈچۈن ئۆزگىچە ئىشەنچ ۋە ئۈمىدۋارلىق بېغىشلاش ئەھمىيىتىگە ئىگە ئۇنتۇلغۇسىز بايرام بولدى. مەن بۇ يىللىق نورۇز بايرىمىنى ئويلىمىغان يەردىن نەنجىڭدە ئوقۇۋاتقان ئۇيغۇر ئىستۇدېنتلار بىلەن ئۆتكۈزۈش پۇرسىتىگە مۇيەسسەر بولدۇم. نەنجىڭدىكى شەرقىي جەنۇب ئۇنىۋېرسىتېتى ۋە جۇڭگو دېڭىز - ئوكيان ئۇنىۋېرسىتېتى قاتارلىق داڭلىق ئۇنىۋېرسىتېتلاردا ئوقۇۋاتقان 300 گە يېقىن ئۇيغۇر ئوقۇغۇچى بۇ يىللىق نورۇز بايرىمىنى بىرلىكتە ئۆتكۈزۈش مەقسىتىدە شىنجاڭدىن بەش كىشىنى تەكلىپ قىلىشنى ئويلىشىپتۇ. ئۇلار ئارزۇسىنى ئۆزلىرى بىلەن قويۇق مۇناسىۋىتى بار خوتەن چىرىلىق قاشتاش سودىگىرى ئەكبەر ھاجىمغا ئېيتىپتۇ. ئۇقۇمۇشلۇق سودىگەر ئەكبەر ھاجىم ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئارزۇسىنى ئاڭلاپ قىزغىن ئىپادە بىلدۈرۈپ، مېھمانلارنىڭ بېرىش - كېلىش ئايروپىلان بېلىتىنى ۋە ياتاق خىراجىتىنى ھەل قىلىپ بېرىدىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ. ھاياجانلانغان ئىستۇدېنتلار مۇناسىۋەتلىك رەسمىيەتلەرنى بېجىرىپ بولۇپ، كۆڭلىگە پۈككەن بەشەيلەنگە پوچتا ئارقىلىق تېز يوللانما قىلىپ دەر-

هال باغاق ئەۋەتىپتۇ. باغاق ئەۋەتىلگەن بەشەيلەن ــ بىر ـ بىرىدىن بازارلىق رومانلىرى بىلەن تۇرلۇك قاتلامدىكى ئوقۇرمەنلەرنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا نائىل بولۇپ كېلىۋاتقان داڭلىق يازغۇچى جالا ـ لىدىن بەھرام، مول ھوسۇللۇق مىللىي مەدەنىيەت تەتقىقاتچىسى يارمۇھەممەت تاھىر تۇغلۇق، پەلسەپۋى پىكىرگە باي ماقالە ـ ئەـ سەرلەرنىڭ ئاپتورى ئابدۇقادىر جالالىدىن، داڭلىق ئاۋاز ئارتىسى ۋە دېكلاماتسىيەچى ئابدۇقەييۇم ئىمىن، ئوقۇرمەنلەرنىڭ ئارىسىدا قىزغىن مۇنازىرە دولقۇنى قوزغايدىغان ماقالە ـ ئوبزورلارنى كۆپ ـ رەك يازىدىغان ئەدەبىيات ئوبزورچىسى ــ مەن ئىكەنمەن.

بۇ بەشەيلەندىن ئابدۇقادىر جالالىدىننىڭ خىزمەت شارائىتى يار بەرمىگەچكە، بىرىشقا ئامالسىز قالدى. قالغان تۆتەيلەن بىرىشنى مۇۋاپىق كۆرۈپ 19 ـ مارت چۈشتىن كېيىن ئايروپىلان بىلەن نەن ـ جىڭگە قاراپ ئۇچتۇق. ئايروپىلان ئۇرۇمچى ئاسمىنىنى يېرىم ئاي ـ لىنىپ بوغدا تاغلىرىنى بويلاپ كېتىۋاتقاندا مەن يېنىمدا ئايروپىلان كۆزنىكىدىن بوغدا تاغلىرىنىڭ ھەيۋەتلىك مەنزىرىسىگە تىكىلىپ ئولتۇرغان جالالىدىن بەھرام ئەپەندىگە كۆڭلۈمگە پۈكۈپ كەلگەن بىر پىلاننى ئېيتتىم. ئىككىمىز ئۇيغۇرلارنىڭ 20 ـ ئەسىر تارىخى ـ دىكى ئالاھىدە ۋەقەلەردىن بىرى ھېسابلىنىدىغان بىر تېمىنى قانداق يورۇتۇش ھەققىدە بىرەر سائەتچە پاراڭلىشىش ئارقىلىق ئاخىر بىر پىكىرگە كەلدۇق. بىز بۇ پىلاننى ۋاقتىنچە سىر تۇتۇشقا پۈتۈش ـ تۇق. بۇ مېنىڭ 2009 ـ يىلىدا ئەمەلگە ئاشۇرۇشنى ئويلىغان پىلان ـ لىرىم ئۇچۇن ئېيتقاندا، ناھايىتى ئەھمىيەتلىك بىر ئىش بولدى، دەپ ھېسابلىدىم. ماڭا، بۇ سەپەرنىڭ باشلىنىشىلا خەيرلىك بولغا ـ نىدى. بىز تۆت سائەتچە ئۇچۇپ، ئەلياتقۇ بولغاندا نەنجىڭگە يېتىپ باردۇق. قوللىرىدا گۈل تۇتقان بەھرام باشلىق بىرنەچچە ئوقۇغۇ ـ چىلار ۋەكىلى بىزنى ئايرودرومدا كۈتۈۋالدى.

بىز 20 ـ ۋە 21 ـ مارت كۈنلىرى ئوقۇغۇچىلار بىلەن بىللە نو ـ روز ئۆتكۈزدۇق. ھۆرمەت ئۇچقۇنلىرى چېقىپ تۇرغان كۆزلەر، شاد ـ

لىققا تولغان چىرايلار، مەنىلىك سوئاللار، يارقىن جاۋابلار، ئوتلۇق تىلەكلەر، قىزغىن پىكىرلەر نەنجىڭدىكى بۇ نورۇز بايرىمىنى ئۇنتۇلماس مەنىگە ئىگە قىلدى. بىز تۆتەيلەن روھى ئۇرغۇپ تۇرغان بۇ ئوقۇغۇچىلارغا تۇرلۇك تېمىدا ئىككى مەيدان نۇتۇق سۆزلىدۇق. سورىغان سوئاللىرىغا جاۋاب بەردۇق. مىجەزى ئوچۇق ـ يورۇق، ھېكايە سۆزلەش جەھەتتە ئالاھىدە ماھارەتكە ئىگە جالالىدىن بەھرام ئەپەندى قىزىقارلىق بايانلىرى بىلەن ئىستۇدېنتلارنى تولا كۈلدۈرۈپ تېلىقتۇرۇۋەتتى. قىزغىن ھېسسىياتقا باي يارمۇھەممەت تاھىر تۇغلۇق ئەپەندى بولسا ئىستۇدېنتلارغا دانىشمەن بوۋىلىرىمىز يۈسۈپ خاس ھاجىپ بىلەن مەھمۇد كاشغەرىينىڭ كىشىنى تاڭ قالدۇرىدىغان ھېكمەتلىرىنى ئۆزىنىڭ ئىجتىمائىي ھايات ھەققىدىكى چۈشەنچىلىرى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ سۆزلەپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ مىللىي ئىپتىخارلىق تۇيغۇسىنى ئۇرغۇتۇۋەتتى. ئاۋازى ئادەمنى ئەسىر قىلىۋالىدىغان سېھرىي كۈچكە ئىگە دېكلاماتسىيەچى ھەم شائىر ئابدۇقەييۇم ئىمىن ئالىي مەكتەپ ھاياتىدا بىلىپ ـ بىلمەي سەل



2009 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى جۇڭگو دېڭىز ـ ئوكيان ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى بىلەن چۈشكەن خاتىرە سۈرەت.

قاراپ، ئاسان سادىر قىلىپ قويىدىغان سەۋەنلىكلەردىن قانداق ساق- لىنىش، قايسى ئىشلاردىن بەكرەك ھەزەر ئەيلەش كېرەكلىكى توغ- رۇلۇق ئوقۇغۇچىلارغا ئاكىلىق تەلەپپۇزىدا سەمىمىي سۆزلەرنى قىل- لىپ، ئۇلارنى خېلىلا سەگەكلەشتۈردى. ئۇ يەنە ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر بىلەن روزى سايىتنىڭ ئىسىل شېئىرلىرىنى يۇقىرى ماھارەت بىلە- لەن دېكلاماتسىيە قىلىپ بېرىپ، ئوقۇغۇچىلاردا چوڭقۇر تەسىرات قالدۇردى. مەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئالىي مەكتەپ باسقۇچىدا چوقۇم ھەل قىلىۋېلىشقا تېگىشلىك قىممەت قارىشى — كىم ئۈچۈن ۋە نېمە ئۈچۈن ياشاش مەسىلىسىنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىش ئىكەنلىكىنى چۈشىنىشلىك سۆز - جۈملىلەر ۋە تېگى بار، ئويلاندۇرۇش كۈچىگە ئىگە مىساللار بىلەن سۆزلەپ بەردىم. ئوقۇغۇچىلار سۆھبەت جەريا- نىدا ئۆزلىرى قىزىقىدىغان ۋە كۆڭلىدە تۈگۈن بولۇپ تۇرۇۋاتقان مەسىلىلەرگە ئالاقىدار سوئاللارنى بەس - بەستە سوراشتى. جۇڭگو دېڭىز - ئوكيان ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوقۇيدىغان بىر قىز جالالىدىن بەھرام ئەپەندىدىن «كۆپىنچە ئەسەرلىرىڭىز تراگېدىيە بىلەن ئاخىر- لىشىدىكەن. نېمە ئۈچۈن شۇنداقلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بەرسىڭىز بولامدۇ؟» دەپ سورىغاندا، جالالىدىن بەھرام ئەپەندىنىڭ «بۇنىڭغا ئۆزۈممۇ ھەيران» دەپ بەرگەن ئۆزگىچە جاۋابى ھەممىمىزنى كۈل- دۈرۈۋەتتى. بۇ تەبىئىي جاۋاب مەندە ئالاھىدە تەسىرات قالدۇردى. رېئالىستىك روھقا ئىگە يازغۇچى پىروتوتىپ ئاساسى بار پېرسوناژ- لىرىنىڭ كۈلپەتلىك تەقدىرىنى پەردازلاپ، ئۆزگەرتىپ يېزىشقا ئا- مالسىز ئىدى. مېنىڭچە، جالالىدىن بەھرام ئەپەندىنىڭ رومانلىرى- دىكى پېرسوناژلارنىڭ پاجىئەلىرىدىن ئۆزلىرىنىڭ ھايات قىسمەت- لىرىنى كۆرۈپ يەتكەن بىر قىسىم ئوقۇرمەن بۇ سوئالغا قانداق جاۋاب بېرىشنى ئوبدان بىلەتتى. كىشىلىك جەمئىيەتنىڭ مۇرەككەپ سەھنىسىگە تېخى قەدەم قويمىغان بۇ ساددا ئوقۇغۇچىلار كۆپىنى كۆرگەن ۋىجدانلىق يازغۇچىنىڭ ئەسەرلىرىدىكى ئاچچىق تراگېدى- يەدىن ھەيران بولماي قالمايتتى. چۈنكى ئالىي مەكتەپ قوينىدىكى

دەرسخانا، ياتاق، كۇتۇپخانا، ئاشخانىدىن ئىبارەت تۆت بۇلۇڭلۇق تار دۇنيادا ياشاپ، رومانتىك ھېس ـ تۇيغۇلارغا غەرق بولغان ھالدا خاتىرجەم ئوقۇۋاتقان قىز ـ يىگىتلەرنىڭ نەزىرىدە كىشىلىك ھايات تولىمۇ گۈزەل ئىدى. كېلەچەك بەكمۇ نۇرانە ئىدى. ئۇلار رېئاللىقنىڭ تۇز سۈيىدىن بەتتەر ئاچچىق تەمىنى تېخى تولۇقى بىلەن تېتىشقا ئۈلگۈرمىگەنىدى. ئالىي مەكتەپلەردە خىلمۇخىل غايە ـ ئارزۇنى كۆڭلىگە پۈكۈپ ئوقۇۋاتقان بۇ ئوت يۈرەك يىگىتلەر بىلەن بەرنا قىزلىرىمىز ئۆزلىرىنى ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ قانداق رەڭگارەڭ قىسمەتلىرى كۈتۈپ تۇرغانلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلىپ يېتەلمەيتتى.

ئوقۇغۇچىلاردىن بىرى مەندىن «سىز بايا ئالىي مەكتەپ باسقۇچىدا ھەل قىلىنىشقا تېگىشلىك ئەڭ مۇھىم مەسىلە — كىم ئۈچۈن ياشاش، نېمە ئۈچۈن ياشاشتىن ئىبارەت تۈپ قىممەت قارىشى ئىكەنلىكىنى بەكرەك تەكىتلىدىڭىز. ئادەتتە بىز ھازىرغىچە ئۇستازلىرىمىزدىن ھەم ئاتا ـ ئانىلىرىمىزدىن ئەڭ كۆپ ئاڭلىغان گەپ بىلىملىك بولۇش ھەققىدىكى تەربىيە ئىدى. سىز ئىدىيە بىلەن بىلىمنىڭ پەرقى ۋە مۇناسىۋىتى ھەققىدە سۆزلەپ باقسىڭىز قانداق؟» دەپ سورىدى. مەن ئابستراكت ئۇقۇملارنى ئىنچىكىلەشتەك تەپەككۇر ئادىتىنى شەكىللەندۈرۈۋاتقان ئوقۇغۇچىلاردىن سۆيۈنگەن ھالدا مۇنداق جاۋاب بەردىم: «ئىدىيە جەھەتتىكى نامراتلىق بىلىم جەھەتتىكى نامراتلىقتىن قورقۇنچلۇق بولىدۇ. ھاياتتا ئىدىيە بىلىمدىن مۇھىم. بىلىم قورال، ئىدىيە يېتەكچى. ئىدىيە بىلىمدىن ئىبارەت قورالنى قايسى مەقسەت ـ مۇددىئا ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇشنى بەلگىلەيدۇ. مەسىلەن، تاپانچىدىن ئىبارەت قورال مەسئۇلىيەتچان ئامانلىق ساقلىغۇچىنىڭ قولىغا چىقسا باشقىلارغا خاتىرجەملىك ئاتا قىلىدىغان مەنبەگە ئايلىنىدۇ. بەتنىيەت قاراقچىنىڭ قولىغا چىقسا باشقىلارغا ۋەھىمە سالىدىغان نەرسە بولۇپ قالىدۇ. شۇڭا، بىلىمدىن ئىبارەت قورالنى كىم ئۈچۈن، نېمە ئۈچۈن ئىش-

لىتىش مەسىلىسى ئىشلەتكۈچىنىڭ قىممەت قارىشى، ئىدىيەسى، ئەقىدىسى تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ. بىر ئادەمنىڭ بىلىملىك بولۇشى ھەرگىزمۇ ئەخلاق ـ پەزىلەتلىك، دۇرۇس ئادەم بولغانلىقىدىن دېرەك بەرمەيدۇ. پەقەت يارامىلىق ئادەم بولغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ. ئەمما، ئۇنىڭ كىم ئۈچۈن يارامىلىق بولۇشى نېگىزلىك مەسىلە. مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا، ئەقىدىسىز ئالىم بىلەن ئىپپىتىنى سېتىپ ھايات كەچۈرىدىغان ناپاك ئاياللىنىڭ پەرقى بولمايدۇ. مەسىلەن، سوۋېت ئىتتىپاقى پارچىلىنىپ رۇسىيە فېدېراتسىيەسى مۇستەقىل بولغاندا، رۇسىيەدە ئىقتىسادىي قىيىنچىلىق كۆرۈلۈپ، خەلق بولكىغا ئۆچرەت تۇرىدىغان كۈنگە قالغان. دۆلەت ئېغىر قىيىنچىلىققا دۇچ كەلگەن، دۆلەت كۈچى ئاجىزلاپ، كۈچلۈك دۆلەتلەر بوزەك قىلىدىغان ۋەزىيەت شەكىللەنگەن. رۇس مىللىتى خەۋپ ئىچىدە قالغان. شۇ چاغدا بىر قىسىم داڭلىق ھەربىي ئالىملار دۆلىتىنىڭ بېشىغا ئېغىر كۈن چۈشكەنلىكىنى، ئۆزلىرىگە موھتاج بولۇۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ تۇرۇپ، ئامېرىكا ۋە ياۋروپادىكى چوڭ ھەربىي سانائەت شىركەتلىرىنىڭ يۇقىرى ئىش ھەققىگە قىزىقتۇرۇپ قىلغان تەكلىپىنى قوبۇل قىلىپ، مىللىي مەنپەئەتتىن ئۆز مەنپەئەتىنى ئەلا بىلىپ، نەپنى كۆزلەپ ئالدى ـ كەينىگە قارىماي چەت ئەللەرگە چىقىپ كەتكەن. دېمەك، ئۇلارنى ئىپپىتىنى سېتىپ جېنىنى باقىدىغان ناپاك ئاياللاردىن پەرقلەندۈرمەك تەس. ئەگەر ئۇ ئالىملاردا كىم ئۈچۈن، نېمە ئۈچۈن ياشايدىغان توپ ھايات ئەقىدىسى شەكىللىنىپ بولغان بولسا، دۆلىتى ئۆزىگە موھتاج بولغان ئېغىر كۈنلەردە ئانا تۇپرىقىدىن بىر قەدەممۇ نېرى بولمىغان، خەلقىنىڭ دەردىگە دەرمان بولغان بولاتتى. شۇڭا، ئىدىيە ۋە قىممەت قاراش بىز مەڭگۇ ئالدى بىلەن تەكىتلەيدىغان مەسىلە.»

ئوقۇغۇچىلارنىڭ سوئاللىرى تۈگەيدىغاندەك ئەمەس ئىدى. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى سوئال سورىماقچى بولۇپ، سورىماقچى بولغان سوئالىغا ئۆزى جاۋاب بېرىپ كېتەتتى. گاھىلارنىڭ سوئالى جاۋاب بولۇپ

ئىپادىلىنەتتى. سوئاللار جەمئىيەت، ھايات، مائارىپ، ئەدەبىيات ـ سەنئەت، مىللىي مەدەنىيەت، خىزمەت قاتارلىق ساھەلەرگە مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، بىر ـ بىرىدىن چوڭقۇر، بىر ـ بىرىدىن ئەھمىيەتلىك ئىدى. بىز تۆتەيلەن بۇ قىزىقىش ۋە ئويلىنىش دائىرىسى كەڭ ئوقۇغۇچىلارنى جاۋابلىرىمىز بىلەن قانائەتلەندۈرۈشكە تىرىشاتتۇق. ھېچكىمنىڭ ئانا تىلىدا ئېلىپ بېرىلىۋاتقان بۇ كۆڭۈللۈك سۆھبەتنى ئۈزۈپ قويغۇسى كەلمەيتتى. ۋاقىت ئۆزىراپ كەتكەچكە، ئاخىر ئۇلارنىڭ ئوقۇتقۇچىلىرى سۆز قىلىپ سۆھبەتنى ئاخىرلاشتۇردى.

بىز ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئېھتىياجىنى نەزەردە تۇتۇپ ئۈرۈمچىدىن ئۈچ يەشىك كىتاب ئېلىۋالغانىدۇق. ئۇلار بىزنىڭ بۇ سوۋغىمىزدىن تولىمۇ خۇشال بولۇشۇپ كەتتى. ئۇلارمۇ بىزگە مەنىلىك قىلىپ «پىكاسسو» ماركىلىق داڭلىق قەلەمدىن بىردىن سوۋغا قىلدى. جالالىدىن بەھرام ئەپەندى بىزگە ۋاكالىتەن رەھمەت ئېيتىپ: «بىز سىلەرنىڭ ئەتەي قەلەم سوۋغا قىلغانلىقىڭلاردىن ھەم مەمنۇن بولدۇق، ھەم بىسىم ھېس قىلدۇق. بىز سىلەر سوۋغا قىلغان مۇشۇ قەلەم بىلەن خەلقىمىزنى رازى قىلىدىغان ئەسەرلەرنى يېزىشقا تىرىشىمىز. سىلەر بەرگەن بۇ قەلەمنىڭ سىياھىغا ھەرگىزمۇ سۇ قوشۇپ قويماسلىققا ۋەدە بېرىمىز» دېدى. ئوقۇغۇچىلار بۇ كاتتا يازغۇچىنىڭ سۆزىگە ئۇزاق چاۋاك چېلىشتى. شۇ چاغدا ئېسىمگە شائىر ئابدۇرېھىم ئۆتكۈرنىڭ مۇنۇ رۇبائىيسى كەلدى:

ئەل ئۈچۈن يۈگۈرتسەڭ قەغەزدە قەلەم،
تاغلارنىڭ بېشىغا تىكەرسەن ئەلەم.
ۋە لېكىن سۇ قوشۇپ قويساڭ سىياھقا،
ئىزلىرىڭ تېز ئۆچۈپ، چېكەرسەن ئەلەم.

جۇڭگو دېڭىز ـ ئوكيان ئۇنىۋېرسىتېتىدىكى ئوقۇغۇچىلار



جۇڭگو شەرقىي جەنۇب ئۇنىۋېرسىتېتىدىكى زىيارەت خاتىرىسى

بىزگە «شىنجاڭلىق ئوقۇغۇچىلار ئاشخانىسى» دىكى كىتاب ئىشكاپىنى ۋە ئىشكاپتىكى كىتابلارنىڭ تىزىملىكىنى بىر - بىرلەپ كۆرسەتتى. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئانا تىل، مەدەنىيىتى بىلەن بولغان چوڭقۇر رىشتىسىنى مۇستەھكەملەش مەقسىتىدە بىر ئاماللار بىلەن بۇ ئەپچىل «تارىم كۇتۇپخانىسى» نى بەرپا قىلىپ چىقىپتۇ. ئۇلارنىڭ بۇ كۇتۇپخانىسى بىزنىڭ زوقىمىزنى خېلىلا قوزغىدى. ئۇلارنىڭ ئانا دىياردىن يىراق جايدا ئوقۇش ۋە ياشاش جەريانىدا ئۆزلىرىنىڭ مىللىي مەدەنىيەت يىلتىزىغا بولغان ئوتتەك قىزغىن ھېسسىياتىنى ساقلاپ ۋە كۈچەيتىپ ئۆتۈۋاتقانلىقى بىزگە ئالاھىدە تەسىر قىلدى. ئۇلارنىڭ بۇ بىر ئىشكاپلىق «تارىم كۇتۇپخانىسى» نى زورايتىش ھەققىدە ئوقۇغۇچىلارغا چىقارغان مۇراجىئەتنامىسىنى ئوقۇساق مۇنداق قۇرلار چاقناپ تۇراتتى: «ھەممىمىز كۆڭۈل بۆلۈپ تەڭ كۈچەيدىغان بولساقلا، كۇتۇپخانىمىزدىن ئىبارەت بۇ كىچىك ئېقىن چوقۇم تارىم دەرياسىدەك زور ئېقىنغا ئايلىنىپ، چاڭقىغان دىللارنى قاندۇرغۇسى!»

جۇڭگو شەرقىي جەنۇب ئۇنىۋېرسىتېتىدىكى ئوقۇغۇچىلار بىز -

گە يېڭىدىن تولىمۇ ئازادە ھەم رەتلىك سېلىنغان ئانا مەكتىپىنى
تولۇق دېگۈدەك كۆرسىتىپ چىقتى. خاتىرە ئۇچۇن بەس ـ بەستە
سۈرەتكە چۈشتى. ئۇلار ئالاھىدە تەييارلىغان سەرخىل ناخشا ـ
ئۇسسۇللىرى بىلەن نورۇز شادلىقىنى ئەۋجىگە چىقاردى.

بىز نەنجىڭدىكى ئوقۇغۇچىلار بىلەن نورۇز بايرىمىنى بىللە
ئۆتكۈزۈش جەريانىدا ئۇلارنىڭ قىزىقىش دائىرىسىنىڭ كەڭلىكىنى،
مىللىي ئاڭ ـ چۈشەنچىلىرىنىڭ يېتىلىۋاتقانلىقىنى، مىللىي مەدە-
نىيىتىدىن شەرەپ ھېس قىلىدىغانلىقىنى، مىللىي كەمسىنىش تۇي-
غۇسىنىڭ يوق دېيەرلىك ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدۇق. بولۇپمۇ
ئۇلارنىڭ ئىجتىمائىي پائالىيەت ۋە ئىجتىمائىي ئالاقە ئىقتىدارىنى
سەل چاغلىغىلى بولمايدىغانلىقىنى تونۇپ يەتتۇق. نەنجىڭدىكى نو-
رۇز پائالىيىتى جەريانىدا توساتتىن شاڭخەيدىن كەلگەن نۇرسىماڭ-
گۈل ئىسىملىك بىر ئىستۇدېنت پەيدا بولۇپ قالدى. ئۇ قىز بىزگە
ئۆزىنىڭ شاڭخەي مالىيە ـ ئىقتىساد ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئوقۇغۇ-
چىسى ئىكەنلىكىنى، بىزنىڭ نەنجىڭگە نورۇز پائالىيىتىگە قاتنى-
شىش ئۈچۈن كەلگەنلىكىمىزنى ئۇقۇپ، شاڭخەيدىكى ئۇيغۇر ئوقۇ-
غۇچىلارغا ۋاكالىتەن شاڭخەيگە تەكلىپ قىلىپ كەلگەنلىكىنى
ئېيتتى. بىز بۇ قىزنىڭ 300 كىلومېتىردىن ئارتۇق مۇساپىنى بې-
سىپ ئاتايىتەن كەلگەنلىكىگە قاراپ تەسىرلەندۇق. ئاخىر مەسلى-
ھەتلىشىپ «بارايلى» دېدۇق. دانىيەنىڭ بىر خەلقئارالىق چوڭ شىر-
كىتىنىڭ ياڭجۇۋ شەھىرىدىكى تارمىقىدا ئىنژېنېرلىق قىلىدىغان
ئاسىمجان ئىسىملىك قورغاسلىق ياش مۇتەخەسسىس بىزنى شاڭ-
خەيگە بىللە ئېلىپ بارىدىغان بولدى. ئاسىمجان نەنجىڭدىن شاڭخەي-
گىچە بولغان سەپەردە بىزگە ئىچكى ئۆلكىلەردىكى جۇڭگو ۋە چەت
ئەللەرنىڭ خەلقئارالىق چوڭ شىركەتلىرىدە ئىشلەۋاتقان ئۆزىگە
ئوخشاش ياشلار ھەققىدە ناھايىتى كۆپ ئۇچۇر سۆزلەپ بەردى. بىز
ئۇلارنىڭ رىقابەت كەسكىن بولۇۋاتقان بۈگۈنكى دۇنيادا بىلىم، قابى-
لىيەت ۋە ساپا جەھەتتە باشقىلارنى قايىل قىلىپ، يۇقىرى ئىش

www.uyghurkitap.com



2009 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى جۇڭگو شەرقىي جەنۇب ئۇنىۋېرسىتېتىدىكى ئوغۇل ئوقۇغۇچىلار بىلەن چۈشكەن خاتىرە سۈرەت.

ھەققى ئېلىپ، تېگىشلىك ھۆرمەت تېپىپ ئىشلەۋاتقانلىقىغا ئاپىرىن ئوقۇدۇق.

نەنجىڭدىن شاڭخەيگىچە بولغان سەپەردە جالالىدىن بەھرام ئەپەندى نەنجىڭدىكى ئىستۇدېنتلاردىن ئايرىلىپ كۆڭلى يېرىم بولۇۋاتقانلىقىنى، ئىككى كۈن جەريانىدا ئۇلارغا ئىچەركىشىپ ئامراق بولۇپ قالغانلىقىنى، ئۇلارنىڭ سوئاللىرىنىڭ قۇلاق تۈۋىدە جاراڭلاپ تۇرۇۋاتقانلىقىنى، قارشى ئالغان، ئۇزاتقان چاغدىكى ھاياجانلىق چىرايلىرىنىڭ كۆز ئالدىدىن كەتمەيۋاتقانلىقىنى سۆزلەپ، بۇ قېتىمقى نەنجىڭدىكى نورۇز پائالىيىتىنىڭ ھەقىقەتەن ئۇنتۇلغۇسىز بولغانلىقىنى ئېيتتى. ئاندىن ھەممىمىزگە ۋاكالىتەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۈمىدىنى يەردە قويمىغان مەرىپەتپەرۋەر سودىگەر ئەكبەر ھاجىمغا رەھمەت ئېيتتى.

ئەكبەر ھاجىم كۆپ كىتاب ئوقۇيدىغان ئۇقۇمۇشلۇق سودىگەر بولغاچقا، نورۇز پائالىيىتى جەريانىدا باشتىن ـ ئاخىر سوئال ـ

سۆھبەتلەردە بىللە بولۇپ بىز توغرۇلۇقمۇ چوڭقۇر تەسىراتقا ئىگە بولغانىدى. ئۇ بىزگە بۇ قېتىمقى پائالىيەتنىڭ ئەھمىيىتىنىڭ ئويلىغىنىدىن ئارتۇق بولغانلىقىنى، مۇشۇنداق ئۇچراشتۇرۇش پائالىيەتلىرىنى بۇنىڭدىن كېيىن داۋاملىق تەشكىللەشكە كۈچ چىقىرىپ، ئىستۇدېنتلار بىلەن زىيالىيلار ئوتتۇرىسىدا كۆۋرۈك بولۇش ئىرادىسىگە كەلگەنلىكىنى سەممىيلىك بىلەن بىلدۈردى. ئۇ يەنە ئۇيغۇر تىل - يېزىقىدا نەشر قىلىنغان كىتاب - ژۇرناللارنى سېتىۋېلىپ، نەنجىڭ، شاڭخەيدىكى بىر قىسىم ئالىي مەكتەپلەردىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ دەسلەپكى قەدەمدە بىردىن «تارىم كۇتۇپخانىسى» قۇرۇۋېلىشىغا كۈچ چىقىرىدىغانلىقىنى ئېيتتى.


بىز شاڭخەيدە شاڭخەي مالىيە - ئىقتىساد ئۇنىۋېرسىتېتىدىكى ئوقۇغۇچىلار ھەم ئۇلارنىڭ بىر قىسىم ئوقۇتقۇچىلىرى بىلەن يېرىم كۈن سۆھبەتتە بولدۇق. خاتىرە سۈرەتكە چۈشتۇق. ئوقۇغۇچىلار سۆھبەت جەريانىدا ئۆزلىرى قىزىقىدىغان، كۆڭۈل بۆلىدىغان، چۈشىنىشنى خالايدىغان مەسىلىلەرنى بەس - بەستە سوراشتى. كەيپىيات ئازادە، سۆھبەت ناھايىتى ئەھمىيەتلىك بولدى. ئوقۇغۇچىلار بىز بىلەن قىيمىغان ھالدا خوشلاشتى.

2009 - يىلى 5 - ئاپرېل، ئۈرۈمچى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# يۇلتۇزلار يالتىرىغاندا ...

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان بىزنىڭ بوكسچىلىرىمىز ھەممە كىشى كۆز تىكىدىغان چېمپىيونلۇق سۇپىسىغا پات ـ پات چىقىپ تۇرىدىغان بولدى. ھەر قېتىم ئۇلار غالىبلارلا قەدەم قويالايدىغان سۇپىدا تۇرۇپ بويىنىغا مېدال ئېسىپ، قوللىرىدا گۈللەرنى پۇلاڭلىتىپ تاماشىبىنلارغا ئېھتىرام بىلدۈرگەندە، ئۆيلىرىدە تېلېۋىزورغا تەقەززالىق بىلەن قادىلىپ ئولتۇرغان مىليونلىغان كىشى ئۇلارنىڭ غالىبلارغا خاس تۇرقىغا قاراپ ئىچ ـ ئىچىدىن سۆيۈنۈپ، پەخىرلىنىش تۇيغۇسىغا چۆمىدۇ. غەلىبە مېۋىسى ھەرقاچان شۇنچە تاتلىق. بۇنداق غالىبىيەت شادلىقىغا تولغان مىنۇتلاردا كىممۇ ھاياجانلانمىسۇن؟ كىممۇ بۇ غالىب ئەزىمەتلەرگە تەبەسسۇم بىلەن قارىمىسۇن؟ مىڭلىغان، مىليونلىغان خىرە يۇلتۇز ئارىسىدا تۇساتتىن



ۋاللىدە يالتىرىغان نۇرانە يۇلتۇزنى كۆرگەندە كىمنىڭمۇ كۆز چاناق-
لىرىدا ياش ئۇنچىلىرى لىغىرلىمىسۇن؟ دائىم باشقىلارنىڭ نەتىجە-
لىرىنى كۆرۈپ مۇرەككەپ ھېسسىيات ئىچىدە تېلپۈنۈر تىزگىنىد-
كىنىڭ كۇنۇپكىسىنى بېسىۋېتىدىغان بىر ئادەم، كەسكىن ھەم رە-
ھىمسىزلىك بىلەن ئېلىشىدىغان بوكس سەھنىسىدە ئۆز قېرىنىد-
شىنىڭ قولىنىڭ رېپىرى تەرىپىدىن «يەڭدى» دەپ ئېگىز كۆتۈرۈل-
گەنلىكىنى كۆرگەندە، ئولتۇرغان ئورنىدىن سەكرەپ تۇرۇپ كەتمەي
تۇرالامدۇ؟! غەلىبە شادلىقىنىڭ تەمىنى تېتىشقا تولىمۇ تەشنا بولۇپ
كەتكەن بىر يۈرەك بۇنداق چاغدا يېرىلىپ كەتكۈدەك ھاياجان بىلەن
دۈپۈلدىمەي نورمال سوقالامدۇ؟!

1997 - يىلى ئابدۇشۈكۈر مىجىت «جۇڭگو بوكس پادىشاھى» دې-
گەن ئالتۇن كەمەرنى بېلىگە باغلىغاندا، بۇ ئۇنتۇلماس شان - شە-
رەپتىن يەتتە ياشتىن يەتمىش ياشقىچە جىمى ئادەمنىڭ قەلبى ئېيت-
تىپ تۈگەتكۈسىز ھاياجانغا تولغانىدى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن چوڭ -
چوڭ تەنتەربىيە مۇسابىقىلىرىدە پەقەت باشقىلارنىڭ غەلىبە خەۋ-
رىنى ئاڭلاشقىلا ئادەتلىنىپ كەتكەن قۇلىقىمىزغا ئۆزىمىزنىڭ
بوكس چولپانلىرىنىڭ غەلىبە خەۋىرى ئۇزۇلمەي ئاڭلىنىپ تۇرىد-
غان بولدى. 1999 - يىلى 10 - ئاينىڭ ئاخىرى ئۆزبېكىستان جۇم-
ھۇرىيىتىنىڭ پايتەختى تاشكەنتتە ئۆتكۈزۈلگەن ئاسىيا بوكس لەۋ-
ھە تالىشىش مۇسابىقىسىدە ئابدۇراخمان ئابلىكىمنىڭ چېمپىيون
بولۇشى، ئارقىدىنلا قانات ئىسلامنىڭ سىدنېي ئولىمپىك تەنھەرىكەت
يىغىنىدا مىس مېدالغا ئېرىشىشى، ھەر نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك تەن-
ھەرىكەت يىغىنىدا ئالتۇن مېدال ئالىدىغان ئەزىمەتلىرىمىزنىڭ
ئارقا - ئارقىدىن مەيدانغا چىقىشى، بۇ يىل كۈزدە شەندۇڭنىڭ جى-
نەن شەھىرىدە ئۆتكۈزۈلگەن مەملىكەت بويىچە 11 - نۆۋەتلىك تەن-
ھەرىكەت يىغىنىدا قانات بىلەن مۇھەممەتتۇرسۇن چوڭنىڭ بىراقلا
چېمپىيون بولۇشى شىنجاڭ بوكس كوماندىسىدىكى ئەزىمەتلەرنىڭ
ھەممىسىنى كۆزىمىزگە قەھرىمانلاردەك كۆرۈنىدىغان قىلىۋەتتى.

ھەقىقەتەنمۇ، شىنجاڭ بوكس كوماندىسى قۇرۇلغان 1994 ـ يىلىدىن بۇگۈنگىچە بولغان 15 يىل مابەينىدە جۇڭگو ۋە چەت ئەللەردىكى چوڭ ـ كىچىك مۇسابىقىلەردە قولغا كەلتۈرگەن ئالتۇن مېدال سانى 55 كە يېتىپ، شىنجاڭنىڭ تەنتەربىيە ساھەسىدىكى كوزىر كوماندا بولۇپ قالدى. بىر ئەمەس بىرنەچچە چولپان بارلىققا كەلگەن مۇنەۋۋەر كوماندا بولۇپ قالدى. خەلق ھەۋەس قىلىدىغان، سۆيۈنىدىغان، پەخىرلىنىدىغان غالىب كوماندا بولۇپ قالدى. قىسقىسى، شىنجاڭ بوكس كوماندىسى 15 يىل ئىچىدە ئاپتونوم رايونىمىزدىن ھالقىپ، جۇڭگوغا يۈزلەنگەن كۈچلۈك كوماندا بولۇپلا قالماستىن، بەلكى خەلقئاراغا يۈزلەنگەن داڭلىق كوماندا بولۇپ قالدى. مەملىكەت بويىچە 11 ـ نۆۋەتلىك تەنھەرىكەت يىغىنى ئاخىرلاشقاندا ئۆتكۈزۈلگەن مۇخبىرلارنى كۈتۈۋېلىش يىغىنىدا، خەلقئارا بوكسچىلار بىرلەشمىسىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، جۇڭگو بوكس باشقۇرۇش مەركىزىنىڭ مۇدىرى چاڭ جياپىڭ شىنجاڭ بوكس كوماندىسىنى «شىنجاڭ بوكس كوماندىسى بۇ قېتىمقى تەنھەرىكەت يىغىنىدا سەۋىيەسىنى قالتىس نامايان قىلدى. ئۇلارنىڭ ماھىرلىرى باتۇر ھەم چىداملىق، ھازىر شىنجاڭ بوكس ماھىرلىرى جۇڭگو بوكسچىلىقىدىكى تايانچ كۈچ بولۇپ قالدى. شىنجاڭ بوكسچىلىقى جۇڭگو بوكسچىلىقىنىڭ تەرەققىياتىغا زور تۆھپە قوشتى» دەپ تەرىپلىدى.

ئومۇمەن ئېيتقاندا، ماھارەت تەنتەربىيەسى ھىيلە ـ نەيرەڭدىن خالىي ساھە. ماھارەت تەنتەربىيەسى تۈرىگە كىرىدىغان بوكس مۇسابىقىسى تېخىمۇ ئوچۇق ـ ئاشكارا سەھنە. بۇ سەھنىدە قەيسەر، چىدامچانلىقى يۇقىرى، تېخنىكىسى ئۇستۇن، ئىنكاسى تېز، پسىخىكىسى تۇراقلىق، تاكتىكىغا ماھىر، رەقىبىنى تەھلىل قىلىش ئىقتىدارىغا ئىگە، ۋەزىيەتكە قاراپ ئىش كۆرەلەيدىغان، جانلىق، تېتىك، چەبدەس مۇنەۋۋەر بوكسچى بولماي تۇرۇپ چولپانلىق تاجىنى كىيىش مۇمكىن ئەمەس، بىر كوماندا بىر ئەمەس، بىر توپ مۇنەۋۋەر بوكسچىغا ئىگە كۈچلۈك قوشۇن بولماي تۇرۇپ، بوكس ساھە-

سىدىكىلەرنىڭ قايىللىق بىلەن تەرىپلىشىگە مۇيەسسەر بولۇشى تېخىمۇ مۇمكىن ئەمەس. كەسپىي ساھەدىكىلەرنىڭ تىلى بىلەن ئېيتقاندا، بوكس مۇسابىقىسى كۆز يېشىغا ئىشەنمەيدۇ، ئۇ ئەمەلىي نەتىجىگىلا قارايدۇ، يەڭگۈچىنىلا قەھرىمان دەپ تونۇيدۇ.

«جۇڭگونىڭ ئولىمپىكى» دەپ تەرىپلىنىدىغان، تۆت يىلدا بىر ئۆتكۈزۈلىدىغان مەملىكەتلىك تەنھەرىكەت يىغىنىدا 1997 ـ يىلدىن 2009 ـ يىلغىچە ئۇدا تۆت قېتىم ئىزچىل ئالتۇن مېدال ئېلىپ كېلىۋاتقان شىنجاڭ بوكس كوماندىسى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مائارىپ تەنتەربىيەسى ساھەسىدە خەلقىمىزنىڭ ئىشەنچىسىنى ئاشۇرغان، شان ـ شەرەپ ئېكىنى ئويغاتقان، ئۈمىدى باغلانغان بىردىنبىر كۈچلۈك كوماندا بولۇپ قالدى.

ئاۋام چېمپىيونىنىلا ئېسىدە ساقلايدۇ. يەڭگۈچىگىلا مەدھىيە ئوقۇيدۇ. چۈنكى ھەرقانداق خەلق كۈچلۈكلەردىن بولۇشنى ئارزۇ قىلىدۇ. قەھرىماننى چوڭ بىلىدۇ. «قەھرىمان ۋە قەھرىمانغا چوقۇنۇش» ناملىق ئەسەرنىڭ ئاپتورى كارلىكنىڭ سۆزى بويىچە ئېيتقاندا، قەھرىمانغا ئېتىبار بەرمەيدىغان مىللەت ياكى دەۋر ئەرزىمەس بولۇپ قالىدۇ. كىشىلەر تارىختىكى ياكى ھازىرقى مەشھۇر شەخسلەرگە ھەۋەس قىلىدۇ ۋە چوقۇنىدۇ، ھەتتا ئۇلارنىڭ كەمچىلىك، خاتالىقلىرىغىمۇ مەستلىكى كېلىدۇ. چۈنكى، تارىخنى ھەقىقىي مەنىسى بىلەن ئېيتقاندا قەھرىمان يارىتىدۇ. مىللىي قەھرىمانلىرى كۆپ مىللەتنىڭ شان ـ شەرەپ تۇيغۇسى كۈچلۈك بولىدۇ. مىللىي قەھرىمانلىرى كەمچىل مىللەتنىڭ ئەۋلادلىرى قەھرىماننى سىرتتىن «ئىمپورت» قىلىدۇ. سىرتتىن «ئىمپورت» قىلىنغان قەھرىمانلارنىڭ نىسبىتى ئاشقانسېرى مىللىي ئىشەنچ يوقىلىپ بارىدۇ. مىللىي قەھرىمانلار بىر خەلقنىڭ ئۆزىگە بولغان ئىشەنچىنى ئاشۇرىدىغان كۈچ ـ قۇۋۋەت مەنبەسى. قەھرىمانلىق بىر مىللەت تارىخىنىڭ ئەڭ نۇرلۇق سەھىپىسى. مىللەتنىڭ شان ـ شەرىپى ئۇچۇن پايدىلىق ھەرىكەتلەر ئىچىدە قەھرىمانلىقتىن ئېشىپ چۈشىدىغان ھەرىكەت

www.uyghurkitap.com

بولمىسا كېرەك. ئەجدادلىرى قەھرىمان خەلقنىڭ ئەۋلادلىرى غۇ- رۇرلۇق كېلىدۇ. شۇنداق بولغاچقا، 1812 - يىلى 7 - سېنتەبىردە 33 ياشلىق ناپولېئون رۇسىيە ئارمىيەسى بىلەن ھايات - ماماتلىق چوڭ جەڭ باشلىنىش ئالدىدا ئەسكەرلىرىگە: «ئەۋلادلىرىڭلار مەغرۇر تەلەپپۇزدا سىلەرنىڭ بۈگۈنكى باتۇرلۇقۇڭلار توغرۇلۇق سۆزلەيدىغان بولسۇن!» دەپ ئۇلارنىڭ جاسارىتىنى ئاشۇرغان.

قىزىق يېرى شۇكى، كۆپ ھالدا قەھرىمان، بولۇپمۇ سالاپەتلىك قەھرىمان رەقىبلىرىنىڭ نەزىرىدىمۇ ھەۋەس قوزغايدۇ. پەزىلەتتى پۈچەك، گەپ - سۆزى ئالىجوقا، خاراكتېرى ئاجىز، مىجەزى تۇتۇ- رۇقسىز ئەرزىمەس رەقىبلەرنى كىشىلەر قىلچە مەنسىتمەيدۇ. ئاسى- يا ۋە ياۋروپا تارىخىدا مىسلىسىز شانلىق سەھىپىلەرنى ياراتقان قە- دىمكى زاماندىكى ئەڭ باتۇر خەلق ھۇنلار ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى نەچچە ئەۋلاد سۇلالە - خانلىقلارنىڭ ئەشەددىي رەقىبى بولسىمۇ، لېكىن بۇ سۇلالە - خانلىقلارنىڭ نەزىرىدە ھۇنلار يەنىلا ھەۋەس قى- لىدىغان ئوبيېكت ھېسابلانغان. مىسال ئۈچۈن ئالساق، ئۈچ پادى- شاھلىق دەۋرىدە ئۆتكەن مەشھۇر سىياسىيون ساۋ ساۋ (155 — 220) نىڭ ھۇنلار بىلەن بولغان مۇئامىلىسىدە بىر قىزىق ئىش بول- غان: تارىخىي كىتابلاردا تەسۋىرلىنىشىچە، ساۋ ساۋ كىچىككىدىنلا زېرەك، پۈرسەتكە قاراپ ئۆزگىرىشكە ماھىر ئىكەن. قائىدە - تۈ- زۈملەر بىلەنمۇ ئانچە كارى يوق، تۇرمۇشتا ئەركىن ئىكەن. كىتاب ئوقۇشقا ھېرىسمەن، شېئىر - نەزم يېزىشقا ماھىر، ھوقۇقدارلارنى پىسەنتكە ئالمايدىغان ئادەم ئىكەن. ئۇ كېيىنكى كۈنلەردە رەقىب- لىرىنى بىر - بىرلەپ يېڭىپ، ۋېي خانلىقىنى قۇرۇپ ئۆز ئالدىغا جاھان سورىغان. ئۇ مۇشۇ جەرياندا ئۆزىنىڭ كامالەتكە يەتكەن سى- ياسىي، ھەربىي ئىقتىدارىنى نامايان قىلغان. شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە ۋېي خانلىقىغا قوشنا ئولتۇرىدىغان جەنۇبىي ھۇنلارنىڭ بىر سەركەردىسى ساۋ ساۋنىڭ ھوزۇرىغا ئەلچىلىككە كەپتۇ. ئۆزىنى جا- ھاندا بىر سانايدىغان ساۋ ساۋ بۇ چاغدا ئۆزىنىڭ تازا قامەتلىك ئە-

مەسىلىكىنى ئېسىگە ئېلىپ ناھايىتى جىددىيلىشىپ كېتىپتۇ. ئۇ يايلاق باتۇرلىرى ھېسابلىنىدىغان ھۇنلارنىڭ ھەيۋىسى زور، قاۋۇل، كۈچتۈڭگۈر كېلىدىغانلىقىنى بىلگەچكە، ئادەتتىكىچە تۇرقى بىلەن ئۇلارنىڭ ئالدىدا چۈكۈنەم كۆرۈنۈپ قالماسلىق ئۈچۈن، ئېگىز ۋەھ سالاپەتلىك دىۋانبېگى سۇي يەننى ئۆزىنىڭ ئورنىدا تەختتە ئولتۇ-رۇپ ھۇن سەركەردىسىنى قوبۇل قىلىشقا ئورۇنلاشتۇرۇپتۇ. ئۆزى بولسا، تەختنىڭ يېنىدا دىۋانبېگى سۈپىتىدە تۇرۇپتۇ. ھۇن سەر-كەردىسى كېلىپ، كۆرۈشۈش تامام بولغاندىن كېيىن، ساۋ ساۋنىڭ ھۇن سەركەردىسىنى ئۇزاتقىلى چىققان ۋەزىرى ئۇنىڭدىن: «جانابلى-رىدىن سوراپ باقسام، بىزنىڭ پادىشاھ ئالىيلىرىمىز ھەققىدە قانداق تەسىراتتا بولدىلىكىن؟» دەپ سوراپتۇ. ھۇن سەركەردىسى ناھايىتى تەبىئىيلا: «پادىشاھىڭلار قارىماققا جەسۇر كۆرۈنىمۇ، كۆزلىرىدىن ئىرادىسىزلىكى، پاراسەتسىزلىكى چىقىپ تۇرىدىكەن. قولىدىن چوڭ ئىش كەلمەيدىغاندەك قىلىدۇ. ئەمما، يېنىدىكى دىۋانبېگى ئادەمگە باشقىچە تەسىرات بېرىدىكەن. ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن قەيسەرلىكى، قابىللىقى چىقىپ تۇرىدىكەن. ئاشۇنىڭ قولىدىن چوڭ ئىشلار كېلىدۇ» دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. ۋەزىر بۇ گەپنى ساۋ ساۋغا ئېيتىپ بەرگەندە ساۋ ساۋ قىلمىشىنىڭ ئەكسىچە ئۈنۈم بەرگەنلى-كىدىن، ھۇنلارغا كۈچلۈك پادىشاھ سۈپىتىدە تەسىر بېرەلمىگەنلى-كىدىن پۇشايمان قىلىپ، قاتتىق ئۆكۈنۈپتۇ. كۈچلۈكلەردىن بو-لۇشنى ئارزۇ قىلىش، بولۇپمۇ رەقىبىگە، رىقابەتچىسىگە كۈچلۈك تەسىرات بېرىشكە تىرىشىش ئەلمىساقتىن بېرى بارلىق ئىنسانلارغا ئورتاق خاھىش. چۈنكى كۈچلۈكلەرنىڭ ھەممىسى قەھرىمان بولال-مىسىمۇ، ئەمما كۆپ ھاللاردا قەھرىمان كۈچلۈكلەردىن چىقىدۇ.

قەھرىمانلىق ھەقىقەتەنمۇ يۈرەكنى لەرزىگە سالىدىغان ھەرد-كەت. بۇلبۇل چاڭىلداپ سايراشلىرى بىلەن سۆيۈملۈك بولسىمۇ، ئەمما كىشىلەرنىڭ نەزىرىدە ئالاھىدە ئورنى يوق. بۈركۈت يىرتقۇچ قۇش بولسىمۇ، باتۇر بولغاچقا كىشىلەر ئۇنىڭدىن ھېيىقىپ، ئۇنى

ھۆرمەتلەپ، ئۇنىڭغا ھەۋەس بىلەن مۇئامىلە قىلىدۇ. بايراق ۋە گېربلىرىغا ئۇنىڭ شەكلىنى چۈشۈرىدۇ. شۇڭا، مىللىي قەھرىمان بىر خەلقنىڭ قەلبىدە ئالاھىدە ئورۇنغا ئىگە بولىدۇ. مىللىي قەھرىمان مىللەتنىڭ پەخرى.

ئىنسانىيەت جەمئىيىتىنىڭ تەرەققىياتى قەھرىمانلار بارلىققا كېلىدىغان سەھنە ـ سورۇنلارنى تېخىمۇ كېڭەيتتى ۋە دەۋر تۈسىگە ئىگە قىلدى. ھازىرقى زامان جەمئىيىتىدە قەھرىمانلىق قارىشىمۇ كۆچلۈك ئىنسانىيلىق تۈسىگە ئىگە بولدى. بىر خەلقنىڭ قەلبىدە قەھرىمان ئاتىلىش ئۈچۈن، جەزمەن جەڭ مەيدانلىرىدا جان پىدالىق بىلەن جەڭ قىلىش بىردىنبىر شەرت بولماي قالدى. ئەلۋەتتە، قەھرىمان پەقەت ئۇرۇش ئوتلىرى ئىچىدىلا بارلىققا كېلىدۇ، دېگىلى بولمايدۇ. سادام ئامېرىكىلىقلارغا باشقۇرۇلىدىغان بومبا ئېتىپمۇ ئىراقلىقلارنىڭ قەلبىدە قەھرىمان ھېسابلىنالمىدى، ئادەتتىكى بىر مۇخبىر بولغان زەئىد بولسا ئامېرىكا پىرېزىدېنتى بۇشقا ئايغىنى ئېتىش بىلەن ئىراقلىقلارنىڭ قەلبىدە مىللىي قەھرىمانغا ئايلىنىپ كەتتى. بىز نوزۇگۇمنىڭ تارىخىمىزدىكى نامى ئۆچمەس قەھرىمان ئىكەنلىكىنى بىلىمىز. ئويلاپ باقساق نوزۇگۇمنىڭ قەھرىمانلىقى ھەرگىزمۇ قىر ـ چاپ مەيدانلىرىدا ئىپادىلەنگەن ئەمەس. بەلكى بېشىغا ھەرقانچە ئېغىر كۈن كەلسىمۇ خەلقىنى قۇل قىلغان دۈشمەنىنىڭ خوتۇنى بولۇشنى خالىمىغانلىقى بىلەن ئىپادىلەنگەن. مۇنداقچە ئېيتقاندا، نوزۇگۇم قولىدا قىلىچ تۇتۇپ «ئۇرۇش قەھرىمانى» بولغان قىز ئەمەس، بەلكى ئىشتانبېغىنى چىڭ تۇتۇپ «ئىپپەت قەھرىمانى» بولغان قىز. نوزۇگۇمنىڭ قەھرىمانلىقى قەلبىمىزنى قانچىلىك دەرىجىدە لەرزىگە سالىدىغانلىقى ھەممىمىزگە ئايان. دېمەك، قەھرىمان ئوخشاش بولمىغان سورۇن ۋە ئالاھىدە شارائىتتا ئىپادىلىگەن باتۇرانە ھەرىكەتتە ئىپادىلىنىدۇ. ئەنە شۇنداق ئالاھىدە مىنۇتلاردا ئىپادىلىگەن باتۇرلۇقى بىلەن ئۇلار ئەۋلادلار قەلبىدە نامى مەڭگۈ يادلىنىپ تۇرىدىغان ئەزىمەتكە ئايلى-

نىدۇ. قەھرىمانلىق ــ بىر خىل كىشىلىك ئەخلاق ـ پەزىلەتكى، ھەرگىزمۇ بىر خىل قىلمىش ئەمەس. قەھرىمانلىق ئىدىيە، خۇشاللىق ۋە بەختنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. قەھرىمانلىقنىڭ ئۆلچەملىرى ھەر خىل بولىدۇ. بۇرچ چەكلىك، تۆھپە چەكسىزدۇر؛ ھەققانىيلىق ئۈچۈن ئىزتىراپ چېكىش، ھەقىقەتتە چىڭ تۇرۇش؛ ئۆز ـ ئۆزىگە جەڭ ئېلان قىلىش، ئۆزىدىن ھالقىش؛ گۈزەل غايە ئۈچۈن كۈرەش قىلىشتا باشقىلاردىن ئارقىدا قالماسلىق قاتارلىقلار. مۇشۇنداق ئادەملەر قەھرىمان بولمىسا، كىم قەھرىمان سانىلىشى كېرەك؟

19 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرى ياۋروپادا ئولىمپىك تەنھەرىكەت يىغىنىنىڭ بارلىققا كېلىشى مىللىي قەھرىمانلارنى دوستانە سورۇنلاردىمۇ بارلىققا كېلىدىغان ئىمكانىيەتكە ئىگە قىلدى. رىقابەت كەسكىن بولىدىغان تەنتەربىيە مۇسابىقە مەيدانلىرى كىشىلەر خۇشاللىق ۋە تەقەززالىق بىلەن تاماشا كۆرىدىغان، شۇنداقلا يېڭى ـ يېڭى قەھرىمانلار بارلىققا كېلىدىغان سەھنە بولۇپ قالدى.

بىزنىڭ بوكس چولپانلىرىمىز يېڭى تارىخىي شارائىتتىكى يېڭىچە مىللىي قەھرىمانلاردۇر. بىز ئۇلاردىن ئوخشاشلا پەخىرلىنىمىز، ئۇلارنى قەدىرلەيمىز. بىز ئۇلارغا مەدھىيەگە تولغان سۆزىمىز بىلەن، ھۆرمەتكە تولغان كۆزىمىز بىلەن، تەبەسسۇم يېغىپ تۇرغان يۈزىمىز بىلەن ئالقىش ياغدۇرىمىز. شۈبھىسىزكى، قەھرىماننى قەدىرلەش بىر تۈرلۈك ئەخلاق!

ئەلۋەتتە، بوكس سەھنىسىدىكى ھەرقانداق بىر قەھرىماننىڭ مۇۋەپپەقىيىتى ۋە شان ـ شەرىپىنىڭ كەينىدە جاپا ـ مۇشەققەتلىك بىر جەريان بولىدۇ. بوكس سەھنىسىدە چولپان بولۇپ چاقنىغان ھەرقانداق ئەزىمەتنىڭ كەينىدە يۇقىرى سەۋىيەلىك، تەلەپچان، پىشقان بىر مەشقاۋۇل بولىدۇ. شىنجاڭ بوكس كوماندىسىنىڭ خەلقئارا سەۋىيەلىك كۈچلۈك كوماندىغا ئايلىنىشىدا، ھەر قېتىملىق مۇسابىقىلەردە غەلىبە ـ ئۇتۇقلارغا ئۇزۇلمەي ئېرىشىشىدە، شىنجاڭ

بوكسچىلىقنىڭ بەرپاچىسى، جان كۆيەر پاسىبانى، خەلقئارا دەرد-
جىلىك داڭلىق مەشقاۋۇل ئابلىكىم ئابدۇرېشىت ئەپەندىنىڭ سىڭ-
دۇرگەن ئەجرىگە ئاپىرىن ئوقۇشقا ئەرزىيدۇ. ئۇ 15 يىلدىن بۇيان
بىر ـ بىردىن باتۇر بوكسچىلارنى تەربىيەلەپ، قەھرىمانسىراپ
كەتكەن قەلبىمىزگە كەيني ـ كەينىدىن ئىپتىخار تۇيغۇسى ئاتا قى-
لىپ كېلىۋاتقان تۆھپىسى زور مىللىي قەھرىمان. مەن كۆرگەن
ئابلىكىم ئەپەندى بوكس ئۇچۇنلا ياشايدىغان ئادەم. ئۇ كەسپىي قابى-
لىيىتى يۇقىرى، مۇستەقىل ئىدىيەسى بار، دۇنيا قارىشى پىشقان،
پىكىر قىلىشقا ماھىر، تەھلىل كۈچى كۈچلۈك، كىتاب ئوقۇشقا
ئامراق، خاسلىقى روشەن، گەپ ـ سۆزى تۈز، خاراكتېرى كەسكىن،
مىجەزى قوپال، چىراي ـ شەكلى ئارىيانلارغا خاس ئەزىمەت سۈپەت
مەشقاۋۇل. ئۇنىڭ ئەڭ كۆپ تەكىتلەيدىغان گېپى «باھانەڭنى قوي!»
دېگەن مەشھۇر سۆزدۇر. مەن ئۇنىڭ بىلەن تونۇشقان تۇنجى سائەت-
تىلا، ئۇنىڭ بۇ مەشھۇر سۆزنى تىلغا ئالغانلىقىغا دىققەت قىلغانى-
دىم. بۇ مەشھۇر سۆز ئامېرىكا قورۇقلۇق ئارمىيە ئوفىتسېرلار
مەكتىپى (باشقىچە ئاتىلىشى غەربىي پوينت ھەربىي مەكتىپى) نىڭ
ئەقىدىسى ھەم مىزانى ئىدى. ئۇ گەپ ئارىلىقىدا «مەن ئامېرىكىلىق
فىرور كېيىپ يازغان ‹باھانەڭنى قوي!› دېگەن كىتابنى ئوقۇشتىن
ئىلگىرىلا كوماندىدىكى باللارغا مۇشۇنداق تەلەپ قوياتتىم.
2004 ـ يىلىنىڭ بېشىدا ئاشۇ كىتابنى ئوقۇپ، بۇ خىل قارىشىم
تېخىمۇ كۈچىيىپ كەتتى. مەن ئۇ كىتابنى يادلىۋالغۇدەك دەرىجىدە
ئوقۇغان» دېدى. ئۇ ماڭا يەنە مۇنداق دېدى: «مەن كوماندىدىكى با-
لىلارنى سىستېمىلىق مەشىق قىلىشقا يېتەكلەيمەن. ئۇلاردىن يۇرى-
كىنى بېرىپ مەشىق قىلىشنى تەلەپ قىلىمەن. مەشىق ئۈچۈن مە-
شىق قىلىشقا قارشى تۇرىمەن. ئادەتتە بىر بوكسچى بىركۈن تەلەپ
بويىچە ئۆلچەملىك مەشىق قىلسا، بەدىنىدىن ئوتتۇرا ھېساب بىلەن
ئىككى كىلوگىرامغا يېقىن تەر چىقىدۇ. ئەلۋەتتە، ھەرقانداق تۇردى-
كى مەشىقتە تەر چىقىدۇ. ئەمما، يۇرىكىنى بېرىپ قىلغان مەشىق



بىلەن يۈرىكىنى بەرمەي قىلغان مەشىقنىڭ ئۈنۈمى ئوخشىمايدۇ. شۇڭا، مەن تەر بىلەن تەر ئوخشىمايدۇ، قان بىلەن قان ئوخشىمايدۇ، دەپ قارايمەن. مۇسابىقە مەشىقنىڭ داۋامى. يۈرەكنى بېرىپ ياخشى مەشىق قىلمىغاندا مۇقەررەر ھالدا مۇسابىقىدە كەتكۈزۈپ قويۇش كېلىپ چىقىدۇ. نەتىجە كۆڭۈلدىكىدەك بولمىغاندا، ھەرقاندىقى ئۇنى ـ بۇنى دەپ باھانە كۆرسىتىشكە ئۇرۇنسا، باھانەڭنى قوي! دەپ ئۇلارنىڭ باھانە كۆرسىتىشىگە يول قويمايمەن. سەن مەشىقنى ئىچ ـ ئىچىڭدىن قايناپ قىلغانمۇ ـ يوق؟ مەشىق جەريانىدا كىچىك ئىشلارغا سەل قارىغانمۇ ـ يوق؟ كىم ئۈچۈن، نېمە ئۈچۈن مەشىق قىلىۋاتقانلىقىڭنى چىن مەنىدىن چۈشەنگەنمۇ ـ يوق؟ دەپ ۋارقىراپ كېتىمەن. ماڭا چولپان كېرەك، نەتىجە كېرەك. كىمكى بىر پاتمان باھانە ـ سەۋەبلەرنى سۆزلەپ ئۆزىنى ئاقلاشقا ئۇرۇنسا، بىزنىڭ بوكس كوماندىمىزدا بۇنداقلارغا ئورۇن يوق! قەتئىي نىيەت بىلەن يېڭىباشتىن پىلان تۈزۈپ، سىستېمىلىق مەشىق قىلىپ، ئۆزىدىن ھالقىش كېرەك» دېدى.

ئابلىكىم ئەپەندى كوماندىدىكى باللارغا يەنە «شان ــ شەرەپ تۇيغۇسى بىزنىڭ كوماندىمىزنىڭ جېنى» دېگەن قاراشنى سىڭدۈرۈۋېتىپتۇ. ئەلۋەتتە، شان ــ شەرەپ تۇيغۇسى بولمىغان كوللېكتىپتىن پارلاق ئىستىقبال كۈتكىلى بولمايدۇ. بوكس كوماندىسىنىڭ مەشىق زالىغا كىرگەن كىشىنىڭ كۆزىگە ئالدى بىلەن تامغا چوڭ قىلىپ يېزىلغان «ۋەتەننىڭ شان ــ شەرىپى ھەممىدىن ئەلا» دېگەن شوئار چېلىقىدۇ. ۋەتەننىڭ، مىللەتنىڭ شان ــ شەرىپىنى باشقا كىشىلەر ئەمەس، دەل شان ــ شەرەپ تۇيغۇسى كۈچلۈك كىشىلەر روياپقا چىقىرىدۇ. شان ــ شەرەپ ئېڭى تۆۋەن كىشىلەرنىڭ غايىسى نامرات، ئىرادىسى ئاجىز، قۇربان بېرىش روھى سۇس كېلىدۇ. ئابلىكىم ئەپەندى: «شەرەپ تۇيغۇسى كۈچلۈك ئادەمنىڭ خىزمەت قىزغىنلىقىغا گەپ كەتمەيدۇ. كوماندىمىزدىكى ئەزىمەتلەرنىڭ ھەرقاندىقى شان ــ شەرەپنىڭ نېمىدىن دېرەك بېرىدىغانلىقىنى ناھايىتى ئېنىق بىلىدۇ. شۇڭا، خىزمەت، تۇرمۇش، ئالاقە قاتارلىق ھەرقانداق ئىشتا نەتىجە قازىنىشقا، ئۆزىنى قەدىرلەشكە ھەرگىز سەل قارىمايدۇ» دېدى.

كەسىپ ئەھلى بولمىغان كىشىلەر ئادەتتە «بوكس چولپىنى بولۇش ئۈچۈن زاڭاقلىرى يانجىلىپ، بۇرۇنلىرى ماكچىيىپ، يۈز ــ كۆزلىرى يېرىلىپ كەتسىمۇ ئەرزىيدۇ» دەپ قارايدۇ. مەنمۇ شۇنداق قارايتتىم. ئابلىكىم ئەپەندى گەپ ئارىلىقىدا «بوكس سەھنىسىدە چولپان بولۇش بىر بوكسچى ئۈچۈن ھەممىدىن مۇھىم، ئەمما، بوكس چولپىنى بولۇش تولىمۇ مۇشكۇل ئىش. ئۇزاق مۇددەتلىك، يۇقىرى سۈپەتلىك مەشىق جەريانى بولماي تۇرۇپ يارامىلىق بوكسچى بولغىلى بولمايدۇ. بوكسچى بولغان ئادەمدە قاۋۇل بەدەن، كۈچلۈك مۇسكۇل، ئېغىر مۇشت بولسىلا بولمايدۇ. سەۋرچانلىق بىلەن زېرىكمەي مەشىق قىلىدىغان ياخشى ئادەت، مۇسابىقە جەريانىدا پۇرسەتنى ئىگىلەيدىغان دىت، رەقىبىنىڭ ئارتۇقچىلىقى بىلەن ئاجىزلىقىنى بايقىيالايدىغان سەزگۈر كاللا، تاكتىكا جەھەتتىكى جانلىق-

لىق، مۇداپىئە جەھەتتىكى ماھىرلىق بولۇشى، مۇنداقچە ئېيتقاندا، مۇسابىقە جەريانىدا ھەم بوۋە، ھەم تۈلكە مىجەز بولۇشى كېرەك» دېدى. ئۇنىڭ گەپ ـ سۆزلىرىدىن قوماندانلارغا خاس پاراسەت چىقىپ تۇراتتى. ئۇ ھەقىقەتەنمۇ بارلىقىنى ئۆز كەسپىگە بېغىشلىغان، يېتىلگەن مەشقاۋۇل ئىدى. بۇ قېتىم جىنەندە ئۆتكۈزۈلگەن مەملىكەت بويىچە 11 ـ نۆۋەتلىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىگە بارغان «شىنجاڭ گېزىتى» نىڭ مۇخبىرى تۇرسۇنجان ھامۇت شىنجاڭ بوكس كوماندىسىدىن مۇسابىقىگە قاتناشقىلى بارغان 10 ماھىردىن ئىككىسىنىڭ ئالتۇن، بىرىنىڭ كۈمۈش، بىرىنىڭ مىس مېدال ئېلىشتەك، تۆتەيلەننىڭ 5 ـ لىككە ئېرىششتەك ئالاھىدە نەتىجىسىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈش جەريانىدا ئابلىكىم ئەپەندىگە ئىچ ـ ئىچىدىن قايىل بولۇپ مۇنداق يازغان: «ئابلىكىم ئەپەندى كىشىنى ئېپتىخارلاندۇرىدىغان بۇ نەتىجىنى قولغا كەلتۈرۈش ‹فىلىم› نىڭ ناھايىتى جايىدا ‹رېژىسسور› لۇق قىلدىكى، مۇسابىقە خۇددى ئالدىن ئورۇنلاشتۇرۇپ قويغاندەك، باشتىن ـ ئاخىر ئۇنىڭ پەرەز قىلغىنىدەك بولۇپ چىقتى. ئۇنىڭ جۇڭگو بوكسچىلىقىنىڭ ھازىرقى ئەھۋالىنى تولۇق چۈشىنىدىغان، شاگىرتلىرىنىڭ ئەمەلىي سەۋىيەسىنى بەش قولدەك بىلىدىغان تەجرىبىلىك، قابىل مەشقاۋۇللا ئەمەس، ئەمەلىيەت جەريانىدا پىشقان، تەجرىبىلىك، مۇسابىقىنىڭ باش ـ ئاخىرىغا ئالاقىدار ئىشلارنى ئالدىن پەرەز قىلالايدىغان ۋە ئۇنىڭغا توغرا ھۆكۈم چىقىرالايدىغان ماھىر ماسلاشتۇرغۇچى ئىكەنلىكىمۇ ھەرقانداق كىشىنى قايىل قىلاتتى.»

بىركۈنى ئابلىكىم ئاكا ماڭا مۇنداق دېدى: «يالقۇن ئۇكام، مەن خەنزۇچە مەكتەپتە ئوقۇغان، شۇڭا ئانا تىل ـ يېزىق ئاساسىم ئاجىزراق. يېقىندىن بۇيان ئانا تىلىمغا بولغان ئامراقلىقىم بارغانسېرى كۈچىيىپ سۆزلەشنى، ئوقۇشنى تىرىشىپ ئۆگىنىۋاتىمەن. بىز بوكس كوماندىسىغا يېڭى بىنا سالدۇق. شۇ يېڭى بىنادىن راۋۇرۇس بىر ئۆينى ئاجرىتىپ مەخسۇس كىتاب ئوقۇيدىغان جاي قىلماقچى.

سەن ئوبزورچى بولغاندىكىن بىزگە ئانا تىلىمىزدا نەشر قىلىنغان ياخشى كىتابلاردىن بەش ـ ئونىمىڭنى تاللاپ بەرگىن. كوماندىمىزدا 40 تەك ئادەم بار. ئۇلارنى كىتاب ئوقۇشقا ئادەتلەندۇرمىسەم بولمايدۇ. مەن تەربىيەلىگەن بوكسچىلارنىڭ بەدەن ساپاسى يۇقىرى بولۇپ، مەدەنىيەت ساپاسى تۆۋەن بولۇپ قالسا، قەتئىي بولمايدۇ. بۇلار ھازىرمۇ كىتاب ـ ژۇرنال ئوقۇشنى ياخشى كۆرىدۇ. لېكىن يېتەرلىك ئەمەس. مەنمۇ قەيەرگە ماڭساق، بىرەر يەشىك كىتاب ئېلىۋالىمەن. لېكىن، بۇ باللاردىكى كىتاب ـ ژۇرنال ئوقۇيدىغان ئادەتنى مۇستەھكەملىمىسەك بولمايدۇ. كىتاب ئوقۇيدىغان ئادەم بىلەن كىتاب ئوقۇمايدىغان ئادەم تامامەن پەرقلىنىدۇ. سەن مۇشۇ باللارنىڭ ئەقلىگە ئەقىل، روھىغا روھ قوشىدىغان كىتابلارنى تاللاپ بەرگىن. بۇ باللارنى يارامىلىق چولپان قىلىشقا كۈچەپ، روھىي دۇنياسى باي، مۇھەببەت ـ نەپرىتى روشەن، ئىدىيەسى كۈچلۈك ئادەملەردىن قىلىپ تەربىيەلەشكە سەل قارىساق ھەرگىز بولمايدۇ، بۇلار ھەرقانداق ئەھۋالدا خەلققە جاۋاب قايتۇرۇشنى ئېسىدە مەھكەم تۇتىدىغان ئەقىدىلىك ئادەملەردىن بولۇشى كېرەك» دېدى.

بىر بوكسچى بوكس سەھنىسىدە چولپان بولۇپ پارلىغاندا، مىليونلىغان كىشىنىڭ قەلبىدە قەھرىمانغا ئايلىنىدۇ. ئەمما، جامائەتچىلىك قەھرىماننى ئارتۇقچە ھۆرمەتلىگەندە قەھرىمان مەغرۇرلىنىشقا باشلايدۇ. ئۇلارغا كىشىلەرنىڭ ھۆرمىتى ئاۋارىچىلىكتەك، مەدھىيەلىرى ۋاڭ ـ چۇڭدەك بىلىنىدۇ. شۇڭا، قەھرىمان غەلىبە قۇچقاندىن كېيىن ئۆزىنى بىلەلمەيدىغان ئەھۋاللار دائىم كۆرۈلۈپ تۇرىدۇ. غەلىبە قىلىشنى بىلگەنلىك غەلىبىگە قانداق مۇئامىلە قىلىشنى بىلگەنگە تەڭ ئەمەس، ئەلۋەتتە. بۈگۈنكى دۇنيادا بىر قىسىم بوكس چولپانلىرى پۇلغا قىزىقىپ قارا گۇرۇھلارنىڭ قورالىغا ئايلىنىپ كەتكەن، بىر قىسىم بوكس چولپانلىرى ساھىبجامالارنىڭ قاش ـ كۆزىگە مەپتۇن بولۇپ ئەخلاقتا چۈشكۈنلىشىپ كەتكەن، يەنە بىر قىسىم بوكس چولپانلىرى غەلىبىدىن كېيىن خۇدىنى يوقى-

تىپ، بارغانسېرى تاپتىن چىقىپ، ئۆزىنىڭ ئالىبۇرۇن جىنايەت يولىغا كىرىپ كەتكەنلىكىنى بىلەلمەي، ئاخىرقى ھېسابتا قانۇنىنىڭ جازاسىغا ئۇچراپ ھوشىغا كەلگەن مىساللار ئاز ئەمەس. شۇڭا بوكس چولپانلىرىنىڭ ئەخلاق ساپاسىغا، روھىي دۇنياسىنىڭ ساغلام بولۇشىغا كۆڭۈل بۆلۈش تولىمۇ زۆرۈر ئىش ھېسابلىنىدۇ. مۇشۇ نۇقتىدىن ئېيتقاندا، ئىنساننىڭ مەنىۋى جەھەتتە كامالەت تېپىشىدا ئەڭ ياخشى دوست ھېسابلىنىدىغان كىتاب ـ ژۇرنال سەل قاراشقا بولمايدىغان بىباھا بايلىق ئىكەنلىكىدە شەك يوق.

يىراقنى كۆرەر نەزەرگە ئىگە بىر سەركەردە كۆز ئالدىدىكى غەلىبىنىلا كۆرمەستىن، بەلكى غەلىبىدىن كېيىن كۆرۈلۈشى مۇمكىن بولغان ياخشى ـ يامان ئېھتىماللىقلارنى تولۇق نەزەرگە ئېلىپ، ئالدىن، پۇختا تەييارلىق كۆرىدۇ. ئابلىكىم ئەپەندىنىڭ بوكس ئەزىمەتلىرىمىزنىڭ روھىيەت جەھەتتىكى تەرەققىياتىغا بۇ قەدەر كۆڭۈل بۆلۈشى مېنى قاتتىق تەسىرلەندۇردى. مۇتەپەككۇر ئالىم ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن «كىتاب ۋە كىتاب مەدەنىيىتى» دېگەن ماقالىسىدە مۇنداق دېگەنىدى: «پۇل تاپقاندا ئۆيىنى كۆزنى چاقنىتىدىغان گىلەم ۋە زىنىنەت بۇيۇملىرى بىلەن بېزىگەن ئائىلە بىلەن ئۆيىنى كىتاب ئىشكاپلىرى بىلەن بېزىگەن ئائىلىنىڭ قىممىتى پەرقلىقتۇر. تەرەققىي قىلغان ئەللەردىكى ئائىلىلەر ئۆز قىرائەتخانىسىغا ئىگە بولۇپ، ئۇلار روناق تاپقانسېرى كىتاب سېتىۋالىدۇ. ئۇلار ۋە ئۇلارنىڭ پەرزەنتلىرى كىتاب مۇھىتىدا ئۆسىدۇ، ئۆرلەيدۇ. قالاق ئەللەردىكى ئائىلىلەر بۇنىڭ ئەكسىچە بولىدۇ. ئۆيىنى ئەينەك تام، رەڭدار گىلەم ۋە ئىشرەت جاھازلىرى بىلەن بېزىگەن ئائىلە كىشىلىرىنىڭ مەنىۋى دۇنياسى خۇنۇك بولىدۇ. ئۇلار مەغرۇر، تەنتەك، پۇلپەز، سۆلەتۋاز بولۇپ، ئۆزلىرى ۋە پەرزەنتلىرى تېزدىن چۈشكۈنلىشىدۇ. بۇ جەھەتتىكى مىساللار كۆز ئالدىمىزدا تولۇپ يېتىپتۇ!»

ئابلىكىم ئەپەندىنىڭ بوكس كوماندىسىدىكى ئەزىمەتلەرنىڭ

www.uyghurkitap.com



چولپان بولۇشقىلا ئەمەس، بەلكى ئېزىقتۇرۇش كوچىگە باي بو-
گۈنكى بۇ مۇرەككەپ دۇنيادا ئۆزىنى كونترول قىلالايدىغان، مەنىۋى-
يىتى مۇكەممەل ئادەملەردىن بولۇشقىمۇ كۆڭۈل بۆلۈپ، ماڭا تاپ-
شۇرغان ئىشنى جان - دىلىم بىلەن ئورۇنلاپ تۈرلۈك مەزمۇندىكى
ياخشى كىتابلارنى تاللاپ بەردىم.

ئابلىكىم ئەپەندى مەسئۇلىيەتچان، ئۇزاقنى كۆزلەيدىغان قابىل
يېتەكچى بولۇش سۈپىتى بىلەن مۇنداق دېدى: «ياخشى كوماندا بو-
لۇش ئۈچۈن يارامىلىق مەشقاۋۇل كەم بولسا بولمايدۇ. بىر ياخشى
مەشقاۋۇل چولپان تەربىيەلەشكىلا كۆڭۈل بۆلۈپ، ئىزباسار تەربىيە-
لەشكە سەل قارىسا مەسئۇلىيەتسىزلىك، شەخسىيەتچىلىك قىلغان
بولىدۇ. يەھۇدىيلارنىڭ بىر شام بىلەن بىرنەچچە شامنى ياندۇرغاندا
دەسلەپتە ياندۇرغان شامنىڭ يورۇشىغا ئازراقمۇ تەسىرى بولمايدۇ،
دېگەن ھېكمەتلىك گېپى بار، مەن ھازىر مەشقاۋۇللۇقتا ئابدۇشۇ-
كۇر مىجىت، ئابدۇراخمان ئابلىكىملارنىڭ ئىزىمنى بېسىشىغا ئا-
ساس سېلىپ بولدۇم. ئۇلار ئۆز خىزمىتىدىكى ئەھمىيەت ۋە مەسئۇ-
لىيەتنى بىلىدىغان ئۈمىدلىك مەشقاۋۇللارغا ئايلاندى. ياخشى مەش-
قاۋۇل بولۇش ئۈچۈن ماھىرلارنى مەشقلەندۈرۈشتىكى تېخنىكىلىق
ماھارەتلەرنى پۇختا ئىگىلىسىلا كۇپايە بولمايدۇ، تېخىمۇ مۇھىمى

ئۆزىنىڭ ھەم بوكسچىلارنىڭ قەلبىدىكى ئارزۇ ـ ئىستەك ئوتلىرىدىنى كىم ئۇچۇن ياندۇرۇشنى ئېنىق بىلىشى كېرەك.»

مەن ئابلىكىم ئەپەندى بىلەن ھەر قېتىم پاراڭلاشقاندا ئۇنى تېخىمۇ چوڭقۇر چۈشىنىمەن. ھەر قېتىم بوكس كوماندىسىدىكى ئەزىمەتلىرىمىز بىپايان تەنتەربىيە ئاسمىنىدا يۇلتۇز بولۇپ يالتىرىغاندا، ئۇلارنىڭ كۆزنى قاماشتۇرىدىغان نۇرانىلىكىنىڭ سەۋەبىنىڭ تېگىگە يەتكەندەك بولىمەن.

2009 ـ يىل 11 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى

www.uyghurkitap.com

# ئامېرىكا مۇسۇلمانلىرى توغرىسىدا

يەر كۆلىمى جەھەتتە دۇنيادا تۆتىنچى ئورۇندا تۇرىدىغان ئامېرىكا تىپىك كۆچمەنلەر دۆلىتى ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭ مىللەت قۇرۇلمىسى دۇنيادا كەمدىن - كەم كۆرۈلىدىغان خاسلىققا ئىگە بولۇپ، ياۋروپا، ئاسىيا، ئافرىقا ۋە ئوتتۇرا، جەنۇبىي ئامېرىكىدىكى ھەرقايسى دۆلەت ۋە رايونلاردىن كەلگەن كۆچمەنلەرنىڭ كېيىنكى ئەۋلادلىرىدىن شەكىللەنگەن. ھازىر ئامېرىكىنىڭ نوپۇسى 300 مىليونغا يەتتى. ئاق تەنلىكلەر ئومۇمىي ئاھالىنىڭ 80% ىنى ئىگىلەيدۇ، قارا تەنلىكلەر 12% ىنى ئىگىلەيدۇ. ئامېرىكىدا يەنە ئىسپان تىلىدا سۆزلەيدىغانلارنىڭ سانىمۇ ناھايىتى كۆپ بولۇپ، ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى مېكسىكىلىق. بۇنىڭدىن باشقا يەنە 5 مىليون ئەتراپىدا يەھۇدىي، 4 مىليون ئەتراپىدا ئەرەب بار. ئامېرىكىنىڭ ئەسلىي ئاھالىسى بولغان ئىندىيانلارنىڭ نوپۇسى 1.5 مىليون ئەتراپىدا. 1980 - يىللاردىن كېيىن جۇڭگولۇق، فىلىپپىنلىق، كۇبالىق، ھىندىستانلىق، بېنگاللىق، كورېيەلىك ۋە ۋيېتناملىقلارنىڭ سانىمۇ كۆرۈنەرلىك كۆپەيگەن.

ئامېرىكا بۈگۈنكى دۇنيادا تەسىرى ئەڭ چوڭ دۆلەت ھېسابلىنىدۇ. بۇ خىل تەسىرنى، ھەربىي ئىشلار، ئىقتىسادىي كۈچ، سىياسىي تەدبىر، پەن - تېخنىكا نەتىجىلىرى ۋە مودا مەدەنىيەت دولقۇنى قاتارلىق ئامىللارنى نەزەردە تۇتۇپ قارىساقلا ئېنىق ھېس قىلالايمىز. تەسىرى يەر شارى مىقياسىنى قاپلىغان مۇشۇنداق بىر چوڭ دۆلەتنىڭ ئەھۋالىنى بىلىش ۋە چۈشىنىش ئۆزىنى گۈللەندۈرۈش ئىستىكىدىكى ئەل ۋە خەلقلەرگە ئورتاق ھېسسىيات، دەپ قاراشقا بولىدۇ. مەن بىر «ئامېرىكا مەستانىسى» بولمىسامىمۇ، ئەمما ئامېرىكى-

نىڭ تارىخى، جۇغراپىيەسى، مەدەنىيىتى ۋە دۆلەت ئەھۋالىغا ئائىت بىلىملەرنى ئۆگىنىش ھەۋەسكارى. مېنىڭ ئامېرىكا ھەققىدىكى دەسلەپكى چۈشەنچەم 1986 ـ يىلى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلغان «ئامېرىكا» دېگەن كىتاب ئاساسىدا شەكىللەنگەن، دەپ ئېيتالايمەن. ۋېي تيەن دېگەن ئاپتور تەرىپىدىن يېزىلىپ، غوپۇر نۇرىددىن تەرىپىدىن ئانا تىلىمىزغا تەرجىمە قىلىنغان ھەم ئابدۇراخمان ئەبەينىڭ مەسئۇل مۇھەررىرلىكىدە ئوقۇرمەنلەر بىلەن يۈز كۆرۈشكەن بۇ كىتاب شۇ چاغدا ماڭا ئوخشاش نۇرغۇن ياشنىڭ ئامېرىكا ھەققىدىكى ئومۇمىي بىلىمىنىڭ ئاساسىنى سالغانىدى. 200 بەتلىك بۇ كىتابنىڭ مەزمۇنى خېلىلا مول، چېتىلىدىغان بىلىم دائىرىسى خېلىلا كەڭ ئىدى. كىتابتا ساۋات خاراكتېرلىك بىلىملەردىن تاشقىرى مېنى ئويغا سالغان قاراشلارمۇ بار ئىدى. مەسىلەن، كىتاب ئاپتورى ۋېي تيەن ئەپەندى 51 ـ بەتتە ئامېرىكىلىقلارنى ماختاپ «مانا مۇشۇنداق جاپالىق مۇساپىلەرنىڭ تاۋلىشى ئامېرىكا خەلقىدە ئالغا ئىنتىلىدىغان، دادىللىق بىلەن يېڭىلىق يارىتىدىغان، ئەستايىدىللىق بىلەن ئەمەلىيەتكە يۈزلىنىدىغان، ئۈنۈمگە دىققەت قىلىدىغان بىر قاتار ياخشى پەزىلەت ۋە خاراكتېرنى شەكىللەندۈردى» دەپ يازغانىدى. ئاپتور ئۆزىنىڭ بۇ قاراشلىرىنى تېخىمۇ كۈچەيتىش ئۈچۈن ئىستالىننىڭ ئامېرىكىلىقلارنىڭ روھىنى ماختاپ «ئۇ بىر خىل توسۇۋالغىلى بولمايدىغان كۈچ، ئۇ ھېچقانداق توسالغۇنى بىلمەيدۇ، بەلكى ئېتىراپمۇ قىلمايدۇ، ئۇلار ئۆزىنىڭ ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەيدىغان چىدامىلىق روھى بىلەن بارلىق پۇتلىكاشاڭلارنى رەت قىلىدۇ. ئۇلار ئۆزى باشلاپ قويغان ئىشنى چوقۇم ئاخىرىغا يەتكۈزىدۇ، مەيلى ئۇ كىچىككىنە بىر ئىش بولسىمۇ شۇنداق» دېگەن سۆزىنى نەقىل كەلتۈرگەن. ۋېي تيەن ئەپەندى بىلەن ئىستالىننىڭ ئامېرىكىلىقلار توغرىسىدىكى تەرىپى مېنىڭ بالىلىق چاغلىرىمدا ئامېرىكىلىقلار توغرۇلۇق گېزىت، رادىيولاردىن شەكىللەندۈرگەن سىياسىي تۇستىكى چۈشەنچىلىرىمگە ئاززاقمۇ ماس

كەلمەيتتى. مېنىڭ بالىلىق قەلبىمدە ئامېرىكىنىڭ ئوبرازى «قەغەز يولۋاس» سىياقىدا ئىدى. روشەنكى، دەۋر ئۆزگەرگەنىدى. شۇنىڭغا بېقىپ قاراشمۇ ئۆزگەرگەنىدى. مەن ياشلىق مەزگىلىمدىن باشلاپ ئامېرىكىنى ئۆگىنىش، چۈشىنىش مەۋقەسىدە تۇرۇپ مۇئامىلە قىلىپ كەلدىم. ئامېرىكىنىڭ تارىخىغا، جۇغراپىيەسىگە، ئەدەبىياتىغا، سىياسىي تۈزۈمىگە، مائارىپ ئەندىزىسىگە، مەشھۇر شەخسلىرىگە، ئىجتىمائىي ئىدېئولوگىيەسىگە مۇناسىۋەتلىك كىتابلارنى ئۈزۈلدۈرمەي ئوقۇپ كەلدىم. شۇنىڭغا يارىشا مۇئەييەن بىلىم ۋە چۈشەنچە شەكىللەندۈردۈم. 2001 ـ يىلى يۈز بەرگەن «11 ـ سېنتەبىر ۋەقەسى» دىن كېيىن ئامېرىكا ئىسلامىيەت دۇنياسى بىلەن روشەن ھالدا قارشىلىشىش ھالىتىنى پەيدا قىلدى. بۇ خەلقئارا مۇناسىۋەت ۋە ئېقىم مەسىلىلىرى ساھەسىدىكى ئەڭ قىزىق نۇقتىلارنىڭ بىرى بولۇپ كەلدى. بۇ توغرۇلۇق تۈرلۈك كىتابلار يېزىلدى. تۈرلۈك ماقالە ـ ئەسەرلەر ئوتتۇرىغا چىقتى. «مېنىڭ ئىسمىم خان» دېگەندەك كىنو ـ تېلېۋىزىيە فىلىملىرى ئىشلەندى. بۇ جەرياندا بىر قىسىم سورۇنلاردا ئامېرىكىدىكى مۇسۇلمانلارنىڭ ئەھۋالى توغرىسىدا تۈرلۈك ساۋات ۋە چۈشەنچىلەرمۇ سۆزلەندى. مەن ئامېرىكىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالىغا مۇناسىۋەتلىك بىلىملەرگە ھېرىسمەن بىر قەلەمكەش بولغاچقا، ئامېرىكا مۇسۇلمانلىرى توغرىسىدا بىلىدىغانلىرىمنى بىر ماقالە قىلىپ يېزىپ قويغۇم كەلدى. بۇ ماقالە ئەنە شۇ تۈرتكىنىڭ ئىلھامى بىلەن يېزىلدى.

ئۇنداقتا، ئامېرىكا مۇسۇلمانلىرى قانداق شەكىللەنگەن؟

خۇددى «يىلتىز» ناملىق كۆپ قىسىملىق تېلېۋىزىيە تىياتىرىدا تەسۋىرلەنگەندەك ئوخشاش 18 ــ 19 ـ ئەسىردىكى قارا تەنلىك قۇللارنى ئېلىپ ـ سېتىش ھەرىكىتى داۋامىدا، خىرىستىيان دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان ياۋروپالىق ئاق تەنلىكلەر زور تۈركۈمدىكى قارا تەنلىكلەرنى غەربىي ئافرىقىدىن بۇلاپ شىمالىي ئامېرىكا قۇرۇقلۇقىغا ئاپىرىپ قۇل ئورنىدا ساتقان. بۇلارنىڭ ئىچىدىكى

ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان قارا تەنلىك مۇسۇلمانلار قۇللۇق ئورنى ۋە كۈچلۈك شەخسىي بېقىندىلىقى مۇناسىۋىتى سەۋەبىدىن، بۇ يېڭى قۇرۇقلۇقتا ئۆز ئېتىقادىنى ساقلىيالمىغان. مۇنداقچە ئېيتقاندا، قۇللۇق تۈزۈمىنىڭ نابۇت قىلىشى نەتىجىسىدە ئۇلار ناھايىتى تېزلا مۇسۇلمانلىق سالاھىيىتىنى يوقاتقان. ئامېرىكىدىكى مۇسۇلمانلار جامائىتىنىڭ ھەقىقىي پەيدا بولغان ۋاقتى 19 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرى ۋە 20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىغا توغرا كېلىدۇ. شۇ چاغدا ئەرەب دۆلەتلىرىدىن بىر قىسىم مۇسۇلمانلار ئامېرىكىغا كۆچۈپ بېرىپ ئولتۇراقلاشقان. ئامېرىكا سانائەت ئىنقىلابىنىڭ بارلىققا كېلىشى ۋە گۈللىنىشى، شۇنداقلا ئامېرىكا ئىقتىسادىنىڭ جۇش ئۇرۇپ راۋاجلىنىشىغا ئەگىشىپ، نۇرغۇن مۇسۇلمانلار ئوتتۇرا شەرق، شىمالىي ئافرىقا، جەنۇبىي ئاسىيا ۋە شەرقىي ياۋروپادىن تىرىكچىلىك يوللىرىنى ئىزدەپ، ئوقۇشنى ئارزۇ قىلىپ، خىزمەت تېپىش ئۈچۈن ئامېرىكىغا كۆچۈپ بارغان. ئۇلار بارا ـ بارا بىر چوڭ ئىجتىمائىي توپ بولۇپ شەكىللەنگەن. گەرچە ئامېرىكىدا خىرىستىيان دىنىنىڭ پروتېستانت مەزھىپىگە، يەھۇدىي دىنىغا، بۇددا دىنىغا، باھىيە دىنىغا، ھىندى دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان كىشىلەر بولسىمۇ، لېكىن تۈرلۈك قاراشلار سەۋەبىدىن ئەينى چاغدا مۇسۇلمانلارنىڭ ئامېرىكا جەمئىيىتىدىكى ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي ۋە سىياسىي ئورنى ناھايىتى تۆۋەن ئىدى. مەسىلەن، 1893 ـ يىلى تۇنجى نۆۋەتلىك دۇنيا دىن يىغىنى ئامېرىكىدا ئېچىلغاندا، يىغىنغا ئامېرىكىدىن پەقەت بىرلا مۇسۇلمان قاتناشقان. كىشىلىك ھوقۇق تەشكىلاتلىرى، خەلق ھوقۇقى تەشكىلاتلىرى، نېگىرلار ھوقۇقى رەھبەرلىرىنىڭ بوشاشماي كۈرەش قىلىشى نەتىجىسىدە 1970 ـ يىللارغا كەلگەندە كىشىلەرنىڭ ئىرقىي، دىنىي، جىنسىي پەرق تۈۋەيلى كەمسىتىلىشى قانۇن تەرىپىدىن چەكلىنىدىغان ئىجتىمائىي كەيپىيات ئومۇملاشقان. يېقىنقى يىللاردا ئىسلام دىنى ئامېرىكىدىكى تەرەققىياتى ئەڭ تېز دىن بولۇپ قالغان. 2500 دىن ئارتۇق دىنىي

جەمئىيەت (تەشكىلات) ئىچىدە ئىسلام دىنىغا مۇناسىۋەتلىك جەمئى-
يەت (تەشكىلات) تىن نەچچە يۈزى بار. ھازىر ئامېرىكىدا چوڭ ـ
كىچىك بولۇپ 3000 دەك مەسچىت بار. بۇ مەسچىتلەر پەقەت ئىبا-
دەت قىلىدىغان جاي بولۇپلا قالماستىن، مۇسۇلمانلارنىڭ تۇرمۇشى-
غا يېتەكچىلىك قىلىدىغان ۋە تەسىر كۆرسىتىدىغان جاي ھېسابلى-
نىدۇ. مۇسۇلمانلارنىڭ تىرىشچانلىقى بىلەن ئامېرىكىدا يەنە ئىككى
ئىسلام ئىنىستىتۇتى قۇرۇلغان. مۇسۇلمانلار توپلىشىپ ئول-
تۇراقلاشقان رايونلاردا كۈندىلىك تۈزۈمدىكى ئوتتۇرا، باشلانغۇچ
مەكتەپلەر قۇرۇلغان. مۇسۇلمانلار شالاڭراق ئولتۇراقلاشقان
رايونلاردا «ئازنا مەكتەپ» لەر قۇرۇلغان. ئامېرىكىدا يەنە مۇسۇل-
مانلارنىڭ تۈرلۈك كەسپىي ۋە ئاممىۋى تەشكىلاتلىرى قۇرۇلغان.
1980 ـ يىللارغا كەلگەندە ئىسلام دىنى يەھۇدىي دىنىنىڭ ئورنىنى
ئىگىلەپ بىر سەكرەپلا ئامېرىكىدىكى ئىككىنچى چوڭ دىنغا ئايلان-
غان. 1993 ـ يىلى چىكاگودا يېڭى بىر نۆۋەتلىك دۇنيا دىن يىغىنى
ئېچىلغاندا، يىغىندىكى 24 نەپەر رەئىس ئورنىدىن ئىككىسىدە ئا-
مېرىكىلىق مۇسۇلمان ئولتۇرغان. بۇ قېتىمقى يىغىندا ئىسلام دى-
نىنى خىرىستىيان دىنى ۋە يەھۇدىي دىنى بىلەن بىر قاتاردا ئامې-
رىكىدىكى ئۈچ چوڭ دىنىنىڭ بىرى دەپ ئاتاش ماقۇللانغان.

ئامېرىكا نوپۇس تەكشۈرۈش قانۇنىنىڭ چەكلىمىسى سەۋەبىدىن
پۇقرالارنىڭ دىنىي ئارقا كۆرۈنۈشىنى تەكشۈرمىگەنلىكتىن، ئامې-
رىكىدا زادى قانچىلىك مۇسۇلمان بارلىقى ئىزچىل تالاش ـ تارتىش
قوزغاپ كەلدى. بەزىلەر 12 مىليون دېسە، بەزىلەر 7 مىليون دەپ
مۆلچەرلىدى. 2006 ـ يىلى «ئامېرىكا مۇسۇلمانلار جەمئىيىتى» 2
مىليوندىن 3 مىليونغىچە دەپ مۆلچەرلىدى. بۇ جەمئىيەت يەنە ئا-
مېرىكىدىكى مۇسۇلمانلارنىڭ 42% ى قارا تەنلىك، 24% ى جەنۇبىي
ئاسىيالىق، 12% ى ئەرەب دۆلەتلىرىدىن كەلگەن كۆچمەنلەر دەپ
مۆلچەرلىگەن. ئامېرىكىدىكى مۇسۇلمانلارنىڭ نوپۇسى ھەققىدىكى
ئەڭ ئومۇملاشقان مۆلچەر «7 مىليوندىن ئارتۇق» دەپ قاراشتىن ئى-

بارەت.

ئامېرىكىدىكى خرىستىيان دىنىدىكىلەر بىلەن يەھۇدىي دىنىدىكىلەرنىڭ ئىسلام دىنىغا بولغان ئۆچمەنلىكى ھەم مۇسۇلمانلارنى چەتكە قېقىشى ئىلگىرى ناھايىتى كۈچلۈك بولغان. مەسىلەن، 1965 ـ يىلى 5 ـ ئايدا ئامېرىكا ئېغىر دەرىجىلىكلەر بوكس پادىشاھلىقىنى تالىشىش مۇسابىقىسىدە لىستوننى يىقىتىپ يېڭىپ، بوكس ساھەسىنى زىلزىلىگە سېلىۋەتكەن 23 ياشلىق نېگىر بوكسچى كىلاي ئۆزىنىڭ ئېتىقادىنى ئۆزگەرتىپ ئىسلام دىنىغا كىرگەنلىكىنى ئاشكارا جاكارلىغان. ئامېرىكىدىكى قارا تەنلىك مۇسۇلمانلارنىڭ داھىيسى ئىلىيا مۇھەممەد ئۇنىڭغا «مۇھەممەد ئەلى» دەپ يېڭى ئىسىم قويغان. بۇ ئىش تۈپەيلى زور قالايمىقانچىلىق كېلىپ چىققان. كىشىلەر مۇھەممەد ئەلىگە قاتتىق غەزەپلەنگەن. ئۇنىڭ ئامېرىكىدىن كېتىشىنى تەلەپ قىلغان. ئاخبارات ۋاستىلىرى (تاراتقۇلار) مۇھەممەد ئەلىگە زەھەرخەندىلىك بىلەن ئۇزۇكسىز ھۇجۇم قىلغان. ھەتتا «بوكس مۇنبىرىگە قارا قوللار پارتىيەسى ھۆكۈمرانلىق قىلىشقا بولىدۇكى، قارا تەنلىك ئىسلام مۇرىتىنىڭ قولىغا ئۆتۈپ كېتىشىگە يول قويغىلى بولمايدۇ» دېگەندەك رادىكال قاراشلارمۇ ئوتتۇرىغا چىققان. ئامېرىكىنىڭ تەنتەربىيە ساھەسى ۋە بوكس مۇسابىقىسىنى تەشكىللىگۈچىلەر مۇھەممەد ئەلىنى بىرنەچچە يىل نەزەردىن چەتتە قالدۇرغان. مۇھەممەد ئەلى قاتتىق بېسىم ھېس قىلغان.

ئامېرىكا جەمئىيىتىدە 1950 ـ يىللاردىن باشلاپ شەكىللەنگەن ئىرقچىلىققا، دىنىي كەمسىتىشكە قارشى كۈرەش 1960 ـ يىللاردا يۇقىرى چەككە چىققان. نېگىرلار ھوقۇقى ھەرىكىتىنىڭ داھىيلىرى دۇبئۇن بىلەن مارتىن لۇتىر كىڭ ۋە قارا تەنلىك مۇسۇلمانلارنىڭ رەھبەرلىرى ئىلىيا مۇھەممەد بىلەن مالكوم ئېكس قاتارلىقلار بۇ كۈرەشكە يېتەكچىلىك قىلىپ داڭ چىقارغان.

ئىلىيا مۇھەممەد (Elijah Muhammad) 1897 ـ يىلى 7 ـ ئۆك-

تەبىر كۇنى جورجىيە ئىشتاتىنىڭ سەندىرۋىل دېگەن يېرىدە قارا تەنلىك ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. ئاتا ـ ئانىسى ئۇنىڭغا ئىلىيا پولى دەپ ئىسىم قويغان. ئۇلارنىڭ ئائىلىسى نامرات بولۇپ، 12 پەرزەنتى بار ئىدى. ئىلىيا 3 ـ سىنىپنى پۇتكۇزە ـ پۇتكۇزمەيلا مەكتەپتىن چېكىنىشكە مەجبۇر بولغان. ئىلىيا بالاغەتكە يەتكەندە، يەنى 1920 ـ يىلى كىلارا ئىۋان بىلەن توي قىلغان. 1923 ـ يىلى ئاپرېلدا ئىلىيا پولى ئائىلىسىدىكىلەر بىلەن بىللە مىچىگان ئىشتاتىنىڭ دېترويىت شەھىرىگە كۆچۈپ كەلگەن. ئۇ چاغلاردا قارا تەنلىكلەر جەنۇبتىن ئايرىلىپ ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي شارائىتى ياخشى جايلارغا كۆچۈپ باراتتى. 1929 ـ يىلى پاي چېكى بازىرى كىرىزىسقا ئۇچراپ، 1930 ـ يىللاردىكى ئىقتىسادنىڭ چېكىنىشىنى كەلتۇرۇپ چىقارغان. مۇشۇنداق ئېغىر شارائىتتا ئامېرىكىدىكى ئىرقىي مەسىلە داۋاملىق ناچارلاشقان. قارا تەنلىكلەرگە قارشى تو-پىلاڭلار ۋە باشقا شەكىلدىكى تېررورلۇق ھەرىكەتلىرى ئۈزۈكسىز يۈز بېرىپ تۇرغان. لېكىن 1.5 مىليون نوپۇسقا ئىگە دېترويىت شەھىرىنىڭ ئىجتىمائىي ئەھۋالىدا كۆتمىگەن ئۆزگىرىش بولۇشقا باشلىغان. بۇ شەھەردە 250 مىڭ قارا تەنلىك بار ئىدى. 1930 ـ يىلى 4 ـ ئىيۇن كۇنى ئاق تەنلىكلەردىن بولغان ۋاللاتسى فارىد مۇھەممەد دېگەن بىر جۇشقۇن ئادەم بۇ شەھەردە پەيدا بولغان. ئۇ «ئىسلام دۆلىتى» (Nation of islam) تەشكىلاتىنى قۇرۇپ، قارا تەنلىكلەرنىڭ «نىجاتكارى» دەپ تونۇلغان. بۇ ئادەم قارا تەنلىكلەرگە ئەجدادلىرىنىڭ دىنى بولغان ئىسلام دىنىغا قايتىش توغرىسىدا دەۋەت قىلغان. ئۇ «ئىسلام دىنى ئىرق، مىللەت باراۋەرلىكىنى تەكىتلەيدۇ. مۆمىنلەر ئاللانىڭ نەزىرىدە تارغاقنىڭ چىشىدەك باراۋەر. كىشىلەر تېرىسىنىڭ رەڭگىگە ئاساسەن ئەمەس، پەزىلىتىگە ئاساسەن پەرقلىق مۇئامىلىدىن بەھرىمەن بولىدۇ» دېگەندەك تەلىماتلارنى سۆزلىگەن. بۇ تەلىماتلار ئەسىرلەردىن بېرى ئىرقىي كەمسىتىشنىڭ دەردىنى يەتكۈچە تارتقان قارا تەنلىكلەرنىڭ كۆڭلىگە بەك ياققان. بۇ كىشى-

نىڭ دەۋىتى دىترويىت شەھىرىگە كەڭ تارالغان. ئېلىيا پولنىڭ ئايالى بۇ خەۋەرنى ئۇقۇپ، بۇ تەلىماتلارنى ئۆز قۇلىقى بىلەن ئاڭلاپ باقماقچى بولۇپ، تەرغىبات سورۇنىغا بېرىشنى نىيەت قىلغان. ئۇ-نىڭ ئېرى ئېلىيا پولىمۇ بىللە بارماقچى بولغان. ئېلىيا پولى فارىد مۇھەممەدنىڭ لېكسىيەسىنى ئاڭلاپ بەكمۇ تەسىرلەنگەن ۋە دەرھاللا ئىسلامنى قوبۇل قىلغان. ئىسمىنى ئېلىيا مۇھەممەدكە ئۆزگەرت-كەن. ئارقىدىنلا ئۇ ئايالى ۋە سەككىز بالىسىنى ئىسلام دىنىنى قو-بۇل قىلىشقا دەۋەت قىلغان. ئېلىيا مۇھەممەد ئۇزاق ئۆتمەي فارد مۇھەممەد قۇرغان «ئىسلام دۆلىتى» تەشكىلاتىنىڭ ئاساسلىق ئادىمى بولۇپ قالغان. كېيىنكى 3 — 4 يىل جەريانىدا ئۇ ئۇستازىدىن ئۇ-زۇكسىز دەرس ئالغان. نەتىجىدە، «ئالىي ئىمام» بولغان. 1934 — يىلى «ئىسلامغا دەۋەت» ناملىق گېزىتنى نەشر قىلغان. پائالىيەت-چان، تەشكىللەش ئىقتىدارى يۇقىرى، نۇتقى كۈچلۈك، دىنىي قىز-غىنلىقى ئۇستۇن ئېلىيا مۇھەممەد مىچىگان ئىشتاتىنىڭ مائارىپى مۇسۇلمان پەرزەنتلەرنى تەربىيەلەشكە ماس كەلمەيدۇ، دەپ قاراپ، مۇسۇلمان پەرزەنتلەر ئۈچۈن مەكتەپ سېلىشقا كۈچ چىقىرىپ، ئۆز ئالدىغا مەكتەپلەرنى تەسىس قىلغان. مىچىگان ئىشتاتلىق مائارىپ مىنىستىرلىقى مۇسۇلمانلارنىڭ ئۆز ئالدىغا مائارىپ بولۇش ھوقۇ-قى يوق، دەپ ھېسابلاپ، مۇسۇلمان ئوقۇتقۇچىلارنى ۋە مەسچىت خا-دىملىرىنى قولغا ئالغان. ئېلىيا مۇھەممەد «تۈرمىگە كىرىشكە رازى-مەنكى، ئىرادەمدىن قايتمايمەن» دەپ چىڭ تۇرۇۋالغان. شۇ سەۋەب-تىن ئۇ زور بېسىمغا ۋە ئاق تەنلىك ئىرقچىلارنىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچرىغان. 1934 - يىلى 9 - ئايدا ئۇ، ئائىلىسىدىكىلەرنى ئېلىپ چىكاگوغا كۆچۈپ كەتكەن. بۇ چاغدا ئۇنىڭ ئۇستازى فارىد مۇھەم-مەد ئۇنى ۋاشىنگتون شەھىرىگە بېرىپ دۆلەتلىك كۇتۇپخانىدىكى ئىسلام دىنى ۋە مەدەنىيىتىگە ئائىت كىتابلارنى تەتقىق قىلىشنى تەۋسىيە قىلغان. شۇ يىلنىڭ ئاخىرى فارىد مۇھەممەد ئىز - دې-رەكسىز غايىب بولۇپ كەتكەن. ئېلىيا مۇھەممەد ئۇستازىنىڭ ئار-

زۇسى بويىچە ۋاشىنگتون شەھىرىگە بېرىپ بىرنەچچە يىل ئۆگىنىش، تەتقىق قىلىش ۋە مەسچىت سېلىش ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللانغان. بۇ جەرياندا ئۇ يېتىلگەن بىر دىنىي ئۇستازغا ئايلانغان. قارا تەنلىكلەر ئىچىدىكى تەسىرىمۇ، جەلپ قىلىش كۈچىمۇ ئاشقان.

1942 - يىلى 8 - ماي كۈنى ئۇ قولغا ئېلىنغان. ئىلىيا مۇھەممەدنىڭ قولغا ئېلىنىشىدىكى سەۋەب، ئۇنىڭ ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىغا قاتنىشىشقا قارشى تۇرغانلىقى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ «قارا تەنلىكلەرگە خەت» ناملىق ئەسىرىدە بۇ ئەھۋالنى چۈشەندۈرۈپ مۇنداق دېگەن: «18 ياشتىن 44 ياشقىچە بولغان ئەرلەرنىڭ ئۇرۇشقا قاتنىشىشى تەلەپ قىلىنغاندا مەن رەت قىلدىم. چۈنكى بىرىنچىدىن، مەن بىر مۇسۇلمان، مەن ئۇنداق رەزىل ئۇرۇشقا قاتناشمايمەن. ئىككىنچىدىن، مەن 45 ياشقا كىرگەن. قانۇن بويىچە ئۇرۇشقا قاتنىشىش مەجبۇرىيىتىم يوق.» شۇ چاغدا ئىلىيا مۇھەممەدنىڭ چاقىرىقىغا ئاۋاز قوشۇپ، ئۇنىڭغا ئەگەشكەنلەرنىڭ ھەممىسى قولغا ئېلىنغان. ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشى ئاياغلاشقاندىن كېيىن ئاندىن قويۇپ بېرىلگەن. ئىلىيا مۇھەممەد تۈرمىدىن قويۇۋېتىلگەندىن كېيىن چىكاگوغا قايتىپ كەلگەن. بۇ چاغدا ئۇ يېتەكچىلىك قىلىۋاتقان «ئىسلام دۆلىتى» تەشكىلاتىنىڭ تەسىرى زورىيىپ، ئەزالىرى بىر ھەسسە كۆپەيگەن.

ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن ئامېرىكا نېگىرلىرى تۇرمۇشىدىكى ئەڭ دىراماتىك خاراكتېرلىك ئۆزگىرىش ئۇلارنىڭ ئۈزۈكسىز تۈردە شەھەرلەرگە كۆچۈشى بولغان. ئىستاتىستىكىغا ئاساسلانغاندا 1950 - يىلى ئامېرىكىدىكى نېگىرلارنىڭ سانى 15 مىليون بولۇپ، ئۇلارنىڭ 52% ى شەھەرلەردە ئولتۇراقلاشقان. ھالبۇكى، شەھەرلەردىكى ئاق تەنلىكلەرنىڭ سانى ئازراقلا ئاشقان. بەزى شەھەرلەردە ھەتتا كېمىيىش ھادىسىسىمۇ كۆرۈلگەن. شەھەرلەردىكى نېگىرلار ۋە ئاق تەنلىكلەر سانىنىڭ مۇشۇنداق «ئېشىشى» ۋە «كېمىيىشى» نەتىجىسىدە ئامېرىكىدىكى بەزى چوڭ شەھەرلەر مەسى-

لەن، ئاتلانتا، دېترويت، يېڭى ئورلېيان ۋە باردوم قاتارلىق چوڭ شەھەرلەردە نېگىرلار ئاق تەنلىكلەردىن كۆپ بولۇشتەك ۋەزىيەت شەكىللەنگەن. ئامېرىكا شەھەر ئاھالىسى قۇرۇلمىسىدىكى بۇنداق زور ئۆزگىرىش مۇقەررەر ھالدا نېگىرلارغا كۆپ تەرەپتىن زور تەسىر كۆرسەتكەن:

بىرىنچى، نۇرغۇن نېگىرلار خىزمەت تاپالمىغان.

ئىككىنچى، ئولتۇراق ئۆي شارائىتى ناچار بولغان.

ئۈچىنچى، نېگىر ئاھالىلىرىنىڭ ئەھۋالى كۈنسايىن ناچارلىشىپ، ھەرۋاقىت پارچىلىنىش خەۋپىگە دۇچ كەلگەن.

تۆتىنچى، نېگىرلارنىڭ دىنىي تەشكىلاتلىرى تەسىرگە ئۇچرىغان.

بەشىنچى، نېگىرلارنىڭ مەھەللە ئىقتىسادى تەرەققىي قىلغان.

ئامېرىكا شەھەرلىرىدە نېگىرلار نوپۇسىنىڭ كۆپىيىشىگە ئەگىشىپ كۆرۈلگەن ئىجتىمائىي مەسىلىلەر ئىلىيا مۇھەممەدنىڭ ئەگەشكۈچىلىرىنى بارغانسېرى كۆپەيتكەن. مۇشۇ مەزگىلدە ئۇنىڭ «ئىسلام دۆلىتى» تەشكىلاتىغا يېڭىدىن ئەزا بولغانلارنىڭ ئىچىدە يېڭىدىن مۇسۇلمان بولغان زېرەك ھەم جەڭگىۋار يىگىت مالكوم ئېكس ۋە ئۇنىڭ خوتۇن ـ بالىلىرىمۇ بار ئىدى. 1950 ـ يىلىنىڭ ئوتتۇرىلىرىغا كەلگەندە ئىلىيا مۇھەممەد نۇتۇق قابىلىيىتى يۇقىرى، زېھنى ئۆتكۈر مالكوم ئېكسنى باياناتچىلىققا تەيىنلىگەن. شۇنىڭ بىلەن بىللە «ئىسلامغا دەۋەت» گېزىتىدە مالكوم ئېكس ئۈچۈن مەخسۇس ئىستون ئاجراتقان. بۇ چاغدا ئىلىيا مۇھەممەد يېتەكچىلىك قىلىۋاتقان تەشكىلاتقا يەنە بىر تالانتلىق ياش ئەزا بولغان. بۇ كېيىنكى كۈنلەردە ئىلىيا مۇھەممەدنىڭ ئورنىغا ۋارىسلىق قىلغان لۇئىس فاراخان ئىدى. ئىلىيا مۇھەممەد يېتەكچىلىكىدىكى «ئىسلام دۆلىتى» تەشكىلاتىنىڭ تەسىرى زورىيىپ، ئەزالىرى كۆپەيگەنسېرى ئەسەبىي خىرىستىيان مۇرىتلىرى، بولۇپمۇ يەھۇدىي دىنى مۇرىتلىرى ئۇلارغا ئۈزۈكسىز زىيانكەشلىك قىلغان. جاي ـ جايلاردا ئەزالار ۋە مەسچىتلەر ھۇجۇمغا ئۇچرىغان. ئاق تەنلىكلەر باشقۇرۇشىدىكى

www.uyghurkitap.com



ئىلىيا مۇھەممەد

تاراتقۇلار ئىسلامغا قارشى تەشۋىقاتلارنىڭ سالمىقىنى زور دەرىجىدە كۆپەيتكەن. 1960 ـ يىللارنىڭ بېشىدا «تەرمىلەر» ژۇرنىلى ئىلىيا مۇھەممەدنى ئامېرىكىدىكى تەسىرى ئەڭ زور شەخس، دەپ جاكارلىغان. دۇنيادىكى «ئەركىن ئىمپېرىيە» دەپ سۈپەتلىنىدىغان ئامېرىكىدا تۇغۇلۇپ ئۆسكەن ئىلىيا مۇھەممەد ئامېرىكىدىن ئىبارەت ئىرقچىلىق مەسىلىسى ئېغىر دۆلەتتە قارا تەنلىكلەرنى بىخەتەرلىك كاپالىتىگە ۋە كەمسىتىشكە ئۇچراشتىن خالىي بولۇشقا ئىگە قىلىدىغان بىردىنبىر يول ئايرىم «ئىسلام دۆلىتى» قۇرۇش، دەپ جاكارلىغان. ئۇنىڭ قۇرماقچى بولغان «ئىسلام دۆلىتى» دە پەقەت قارا تەنلىك مۇسۇلمانلارغىلا ئورۇن بار ئىدى. بۇ قارىشىنى ئۇ، ۋاشىنگتون شەھىرىدىكى بىر قېتىملىق كاتتا يىغىلىشتا سۆزلىگەن تارىخىي ئەھمىيەتكە ئىگە نۇتقىدا ئوتتۇرىغا قويغان. ئۇنىڭ ئامېرىكا تۇپرىقىدا ئايرىم «ئىسلام دۆلىتى» قۇرۇش تەشەببۇسى زور غۇۋغا قوزغىغان. نيۇيورك شەھەرلىك تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى دەرھال «ئۆچمەنلىك كەلتۈرۈپ چىقارغان ئۆچمەنلىك» ناملىق ھۆججەتلىك فىلىم ئىشلەپ، ئىلىيا مۇھەممەدكە ھەم ئۇ يېتەكچىلىك قىلىۋاتقان


«ئىسلام دۆلىتى» تەشكىلاتىغا ھۇجۇم قىلغان. ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسىدىكى بىر قىسىم ئەزالارمۇ ئۇنى ئەيىبلەشكە باشلىغان. لۇئىس فاراخان قاتارلىقلار ئىلىيا مۇھەممەدكە قارىتىلغان ئوبزور ۋە ماقالىلەرگە قارشى رەددىيە ماقالىلىرىنى يېزىپ ئۇنى قوغدىغان. ئىلىيا مۇھەممەدنىڭ يۇقىرىقى تەشەببۇسى ئۇنىڭ تەشكىلاتى ئىچىدىمۇ بۆلۈنۈش كېلىپ چىقىشقا سەۋەب بولغان. مالكوم ئېكس ئۇنىڭ قاراشىغا قوشۇلمايدىغان كىشىلەرنىڭ باشلامچىسى بولۇپ قالغان. 1964 ـ يىلىغا كەلگەندە، مالكوم ئېكس «ئىسلام دۆلىتى» تەشكىلاتىدىن ئايرىلىشنى قارار قىلغان ھەمدە ئۆز ئالدىغا دىنىي ھەم سىياسىي تەشكىلات قۇرغان.

مالكوم ئېكسنىڭ ئەسلىي ئىسمى مالكوم لىتېر بولۇپ، 1925 ـ يىلى ئوماخادا تۇغۇلغان. دادىسى باستىر ئىدى. ئۇنىڭ دادىسى يەنە قارا تەنلىكلەرنىڭ ئەھۋالىنى ياخشىلاشنى مەقسەت قىلىدىغان بىر تەشكىلاتنىڭ تەشكىللىگۈچىسى ئىدى. مالكوم ئالتە ياشقا كىرگەن يىلى مەخسۇس قارا تەنلىكلەرگە زىيانكەشلىك قىلىش بىلەن نامى چىققان «ئۈچ k پارتىيەسى» ئەزالىرى تەرىپىدىن ئېچىنىشلىق ھالدا ئۆلتۈرۈلگەن. مالكوم دادىسىدىن ئايرىلغان يىلى ئامېرىكىنى ئىقتىسادىي بوھران قاپلىغان. مالكومنىڭ ئائىلىسى تولىمۇ ئېغىر كۈنلەرنى باشتىن كەچۈرگەن. ئۇزاق ئۆتمەيلا ئۇنىڭ ئانىسى مېڭىدىن ئادىشىپ قالغان. شۇنىڭ بىلەن مالكوم ئاچا ـ سىڭىللىرى بىلەن يۆلەنچۈكسىز قالغان. مالكوم 8 ـ يىللىقتا ئوقۇۋاتقان چاغدا تۇرمۇشىدا ئۆزگىرىش بولغان. ئۇنىڭ ئاتا بىر، ئانا باشقا ئاچىسى ئەيلا ئۇنى بوستونغا بېرىپ بىللە ياشاشقا تەكلىپ قىلغان. ئۆسمۈر مالكوم بۇ چوڭ شەھەرنىڭ تۇرمۇش رىتىمىغا بەكلا مەپتۇن بولغان ھەم شۇ يەردىكى كۇلۇبلاردا قارشى ئېلىنىدىغان سەرگەردان ئادەمگە ئايلانغان. ئۇ بىر مەزگىل بوستوندىن نيۇيوركقا بارىدىغان پويىزدا ئاشپەز ياردەمچىسى بولغان. 1946 ـ يىلى مالكوم بۇلاڭچىلىق قىلىپ قولغا ئېلىنىپ تۇرمىگە قامالغان. بۇ ئۇنىڭ ھاياتىنى تۈپتىن

ئۆزگەرتىۋەتكەن ۋەقە بولغان. تۇرمە ھاياتى ئۇنىڭغا ۋاقىت ۋە ئىلھام ئاتا قىلىپ ئۇنىڭ تۇرمۇش يولىنى پۈتۈنلەي ئۆزگەرتىۋەتكەن. مالكومنىڭ ئاچا - سىڭىل، ئاكا - ئىنىلىرى ئاللىبۇرۇن «ئىسلام دۆلىتى» تەشكىلاتىغا ئەزا بولغانىدى. ئۇلار مالكومنى ئوچۇق - يورۇقلۇق بىلەن ئۆزىنى ئىسلام دىنىغا ئاتاشقا دەۋەت قىلغان. دىنىي جەھەتتە ئويغانغان مالكوم مۇسۇلمانلارنىڭ لىدىرى ئىلىيا مۇھەمەدكە ئۆزىنىڭ ئىخلاسمەن ئىسلام مۇرىتى بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ بىر پارچە خەت يازغان. مالكوم تۇرمىدە دۇنيا تارىخى، دىن ۋە پەلسەپە توغرىسىدىكى كىتابلارنى بېرىلىپ ئوقۇغان. 1952 - يىلى ئۇ كېپىللىككە قويۇپ بېرىلگەن ۋە دىترويىتتىكى «ئىسلام دۆلىتى» تەشكىلاتىدا پىراكتىكانت ئەزا بولغان. مالكوم كۈندۈزى ئۆي جاھازلىرىنى تونۇشتۇرۇپ سېتىش خىزمىتىنى قىلىش بىلەن بىللە، قارا تەنلىك مۇسۇلمانلار ھەرىكىتىگە بارغانسېرى كىرىشىپ كەتكەن. ئۇ تۈنجى قېتىم نەق مەيداندا تۇرۇپ ئاڭلىغان ئىلىيا مۇھەممەدنىڭ نۇتقى ئۇنىڭ ھاياتىغا مۇھىم تەسىر كۆرسەتكەن. ئۇزاق ئۆتمەي مالكوم ئۆزىنىڭ ئىسمىنىڭ كەينىگە ئېكس دېگەن ئىسمنى قوللىنىپ مالكوم ئېكس (Malcolm X) دەپ ئاتىغان①.

لىدىرلىق قابىلىيىتىگە ئىگە مالكوم ئېكس بۇ تەشكىلاتقا قاتناشقاندىن كېيىن، «ئىسلام دۆلىتى» تەشكىلاتى بىر ئاكتىپ ھەرىكەت قوزغاپ، ياش قارا تەنلىكلەرنى ئەزا بولۇشقا جەلپ قىلىش، پاسسىپلىق بىلەن بىرەر ئۆزگىرىشنى كۈتۈپ تۇرماسلىق توغرۇلۇق تەكلىپ بەرگەن. مالكوم ئېكس 1953 - يىلى دىترويىت شەھىرىدىكى 1 - مەسچىتنىڭ ياردەمچى ئىمامى بولغان. 1954 - يىلى ئۇ، نيۇيورك شەھەرلىك مەسچىتنىڭ ئىمامى بولغان. شۇنداق قىلىپ مالكوم ئېكس كوچىدىكى بىر سەرگەردان ياشتىن مۇسۇلمانلارنىڭ

① ئۆز ئىسمىنىڭ كەينىگە X دەپ قوشۇپ قويۇش شۇ چاغدا ئومۇملاشقان بىر ئادەت بولۇپ، بۇ مىللىي ئۆزلۈك ۋە مىللىي مەدەنىيەتنىڭ قۇللۇق تۈزۈم مەزگىلىدە يوقاپ كەتكەنلىكىدىن دېرەك بېرەتتى.



مالكوم ئېكس

ئىمامىغا ئايلانغان. 1958 ـ يىلى 1 ـ ئايدا ئۇ كۈتۈش كەسپىدە ئوقۇۋېدىغان بېتتى ئىسىملىك بىر قىز بىلەن توي قىلغان.

1964 ـ يىلى مالكوم ئېكس دۇنيا مۇسۇلمانلىرىنىڭ مۇقەددەس شەھىرى مەككىگە ھەج پەرزىنى ئادا قىلغىلى بارغان. تۈرلۈك ئىرقتىكى مىڭلىغان، ئون مىڭلىغان ئىخلاسمەن مۇسۇلمانلارنىڭ بىر نىيەت، بىر مەقسەتتە بىر يەرگە يىغىلغانلىقىدەك ھەيۋەتلىك كۆرۈنۈش ئۇنىڭ ئىدىيەسىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئۆزگەرتكەن. شۇڭا، مالكوم ئېكسنىڭ ئىدىيەسى 1964 ـ يىلى 3 ـ ئايدا نېگىر مۇسۇلمانلار تەشكىلاتى «ئىسلام دۆلىتى» دىن ئايرىلىشنى چېگرا قىلىپ ئىككى باسقۇچقا بۆلۈنىدۇ. ئۇنىڭ دەسلەپكى باسقۇچتىكى ئىدىيەسى رادىكال، ئىرقچىلىق تۈسى ئىنتايىن قويۇق نېگىر مىللەتچىلىك ئىدىيەسى ئىدى. بۇ چاغدا ئۇ ئامېرىكىنى ئېتىراپ قىلمايتتى، ئۆزىنى ئامېرىكىلىق دەپ قارىمايتتى. 1963 ـ يىلى 5 ـ ئايدا ئۇنىڭ مەلۇم بىر ئالىي مەكتەپتە سۆزلىگەن نۇتقىنىڭ ماۋزۇسى «مەن ئامېرىكىلىق ئەمەس، مەن ئامېرىكىزم تەرىپىدىن زىيانلانغۇچى» ئىدى. ئۇ ئاق تەنلىكلەرگە ھەم خىرىستىيان دىنىغا ئۆچمەنلىك بىلەن قارايتتى. كېيىن ئۇنىڭ ئىدىيەسىدە زور بۇرۇلۇش بولغان. مالكوم ئېكس 1964 ـ يىلى 5 ـ ئايدا مەككىگە بېرىپ ھەج قىلىپ كەلگەندىن كېيىن ئاچقان ئاخبارات ئېلان قىلىش يىغىنىدا ئېنىق قىلىپ، ئۆزىنىڭ ئاق تەنلىكلەرنى ئالۋاستى، دەپ قارىمايدىغانلىقىنى ئېيتقان. ئۇزاق ئۆتمەي، ھەرقانداق زوراۋانلىق ۋاستىسىنى قوللىنىشنى

ياقىلمايدىغانلىقىنى ئېلان قىلغان، ئۇ پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن ئامې-
رىكىدىكى قارا تەنلىكلەر ئۈچۈن باراۋەرلىك ۋە ھۆرمەتنى قولغا
كەلتۈرۈش ئىشلىرىغا كىرىشىپ كەتكەن. ئۇ «سەمىمىي» ئاق تەن-
لىكلەرنىڭ رادىكال ئاق تەنلىكلەرنى «ئۆزگەرتىش» نى كۈچەپ
تەرغىب قىلغان. قارا تەنلىكلەرنىڭ سايلام بېلەتى تاشلاشقا قاتنى-
شىشىنىڭ مۇھىملىقىنى مۇئەييەنلەشتۈرگەن. بۇ جەرياندا ئۇ كې-
يىنكى كۈنلەردە «يىلتىز» ناملىق رومانى بىلەن داڭ چىقارغان
مەشھۇر ئېگىر يازغۇچى ئالېكس خالېي بىلەن سۆھبەتلىشىپ ھەم
ھەمكارلىشىپ ئۆزىنىڭ تەرجىمىھالىنى يېزىپ نەشر قىلدۇرغان. ئۇ
شۇ يىلى «ئىسلام دۆلىتى» تەشكىلاتىدىن ئايرىلىپ ئۆزى «ئافرىقى-
لىق ئەۋلادىدىن بولغان ئامېرىكىلىقلارنىڭ بىرلىكى تەشكىلاتى»
(Organization of Afro- American Unity) نى قۇرغان.

1960 - يىللاردىكى قارا تەنلىكلەرنىڭ مىللىي ھوقۇق ھەرىكى-
تى مالكوم ئېكسنى پۈتكۈل ئامېرىكىلىقلار كۆز تىكىدىغان شەخس-
كە ئايلاندۇرغان. چۈنكى، ئۇ، دائىم ئاشكارا ھالدا ئىرقىي ئايرىمچى-
لىقنى يوقىتىش مەيدانىدا تۇرۇپ سۆزلەيتتى. ئۇنىڭ بۇ قارشى ئى-
لىيا مۇھەممەدنىڭ قارا تەنلىك مۇسۇلمانلار ئۈچۈنلا قۇرماقچى بول-
غان «ئىسلام دۆلىتى» تەشەببۇسىدىن پەرقلىنەتتى. مالكوم ئېكس-
نىڭ كۈچلۈك ناتىقلىق تالانتى ۋە ئىدىيە جەھەتتە تىغمۇتىغ كۆرەش
قىلىش پوزىتسىيەسى ئۇنى قارشى ئېلىنىغان ناتىققا ئايلاندۇرغان-
دى. ئۇ، بۇ مەزگىلدە نۇرغۇن ئۇنىۋېرسىتېتلاردا نۇتۇق سۆزلىگەن.
ئۇ نۇتۇقتىن كېيىنكى ئۆتكۈر ھۇجۇم تۇسىنى ئالغان بەس - مۇنا-
زىرىگە ئالاھىدە ئامراق ئىدى. مالكوم ئېكس كېيىنىدىنىڭ ئۆلۈمگە
بولغان پوزىتسىيەدە غەلىتىرەك بىر گەپنى قىلغانلىقى ئۈچۈن
«ئىسلام دۆلىتى» تەشكىلاتى ئۇنىڭ نۇتۇق سۆزلەش سالاھىيىتىنى
90 كۈن ئېلىپ تاشلىغان. بۇ مەزگىلدە مالكوم ئېكس ئامېرىكا ئې-
غىر دەرىجىلىكلەر بوكس پادىشاھى كىلاي بىلەن بىللە دەم ئېلىشقا
كەتكەن. ئۇزاق ئۆتمەي كىلاي ئىسلام دىنىغا كىرگەنلىكىنى جاكار-

لىغان ھەم ئۆزىگە «مۇھەممەد ئەلى» دەپ يېڭى ئىسىم قوللانغان. مالكوم ئېكسنىڭ ئامېرىكا خەلقىنىڭ قەلبىدە قەھرىمان ھېسابلىنىدىغان كىلايىنى ئىسلام دىنىغا كىرگۈزگەنلىك تۆھپىسى ئۇنىڭغا زور شان ـ شەرەپ ئاتا قىلغان. گەرچە «ئىسلام دۆلىتى» تەشكىلاتى مالكوم ئېكسنى قوغلىۋېتىشنى پىلانلاۋاتقان بولسىمۇ، ئۇ ئاللىبۇرۇن كەڭ قارا تەنلىكلەرنىڭ ئىشەنچى ۋە قوللىشىغا ئېرىشىپ بولغانىدى. ئۆزىنىڭ نۆۋەتتىكى ئەھۋالىنى چوڭقۇر تەھلىل قىلغان مالكوم ئېكس ئۆز ئالدىغا بىر تەشكىلات قۇرۇپ قانداق دىنغا ئېتىقاد قىلغان بولۇشىدىن قەتئىينەزەر نېگىرلار ئۇچۇن ئىقتىسادىي ۋە سىياسىي ھوقۇقنى قولغا كەلتۈرمەكچى بولغان.

تەسىرىنىڭ زورىيىشى، ئابرۇي ـ ئىناۋىتىنىڭ ئېشىشى، چاقىرىق كۈچىنىڭ كۈچىيىپ بېرىشى مالكوم ئېكسنى ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن دۈشمەنلىكلەرنىڭ ئوبيېكتىغا ئايلاندۇرۇپ قويغان. 1965 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى مالكوم ئېكسنىڭ ئۆيى كۆيدۈرگۈچ بومبىنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچرىغان. لېكىن ئۇ ۋە ئائىلىسىدىكىلەر يارىلانمىغان. ئارىدىن بىر ھەپتە ئۆتۈپ، يەكشەنبە كۈنى چۈشتە ئۇ بىر سەنئەت سارىيىدا ئۆزى يېڭى قۇرغان «ئامېرىكىلىق قارا تەنلىكلەرنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇش تەشكىلاتى» غا ۋاكالىتەن سۆز قىلىۋاتقاندا قەستلەشكە ئۇچراپ قازا قىلغان. ئۇنىڭ ئۆلۈمىگە ئامېرىكىدىكى قارا تەنلىكلەر قۇرغان جەمئىيەتنىڭ لىدىرلىرى چوڭقۇر قايغۇرغان ھەم مالكوم ئېكسنى مەدھىيەلەيدىغان نۇتۇقلارنى سۆزلىگەن. بۇلارنىڭ ئىچىدە مەشھۇر ئىجتىمائىي پائالىيەتچى مارتىن لۇتېر كىڭمۇ بار ئىدى.

مالكوم ئېكسنىڭ ھاياتى ۋە ئۆلۈمىنىڭ ئامېرىكا دىنىي ۋە سىياسىي ساھەسىنىڭ ئىلگىرىلىشىگە كۆرسەتكەن ئەھمىيىتى كىشىلەر تەرىپىدىن ھازىرغىچە تەتقىق ۋە مۇلاھىزە قىلىنىپ كەلمەكتە. ئۇنىڭ تەسىرى 1992 ـ يىلى ئىشلەنگەن «مالكوم ئېكس» (ئۇيغۇرچىغا «قارا دولقۇن» دەپ تەرجىمە قىلىنغان) دېگەن كىنونىڭ قويۇ-

لۇشى بىلەن كىشىلەرنىڭ ئېڭىدا يەنە بىر قېتىم نامايان بولغان.

مالكوم ئېكس قەستكە ئۇچرىغاندا 40 ياشقا تولغانىدى. ئۇنىڭ ئۆلۈمى «ئىسلام دۆلىتى» تەشكىلاتىغىمۇ زور زىيان ئېلىپ كەلگەن. چۈنكى، مالكوم ئېكس قەستكە ئۇچرىغاندىن كېيىن، نيۇيورك مەسچىتى پارتلىتىۋېتىلگەن. بۇ بىر قاتار تېررورلۇق ۋەقەلىرى مۇسۇلمانلارنىڭ روھىنى چۈشۈرۈۋەتكەن. بۇ ۋەقەلەرنى پەيدا قىلغۇچى قارا قول زادى كىملەرنىڭ؟ ئۇلارنىڭ نىشانى ۋە مەقستى نېمە؟ بۇ سوئاللار جاۋابسىز ۋە ئېنىقسىز ھالەتتە قالغان. شۇنداقتىمۇ، ئامېرىكا تۇپرىقىدا مۇسۇلمانلارنىڭ بىر ئىجتىمائىي ۋە سىياسىي كۈچ سۈپىتىدە شەكىللىنىشىنى كۆرۈشنى خالىمايدىغان گۇرۇھلارنىڭ پەردە ئارقىسىدا تۇرۇپ پىلانلىشى بىلەن باغلاپ چۈشىنىش ئەقىلگە ۋە ئەمەلىيەتكە ئەڭ مۇۋاپىق، دەپ قاراش ئومۇملاشقان.

تەتقىقاتچى ۋاڭ ئېنمىڭ ئېيتقاندەك «مالكوم ئېكس ئامېرىكا نېگىرلار تارىخىدىكى ئەڭ مۇرەككەپ، كىشىنى ئەڭ گاڭگىرىتىدىغان داھىيلارنىڭ بىرى، ئۇ خىرىستىيان باستىرىنىڭ ئوغلىدىن نېگىر مۇسۇلمانلىرىنىڭ ئىمامىغا ئۆزگەرگەن، كوچىدا ئوغرىلىق قىلىدىغان، زەھەر ساتىدىغان ياشتىن، نېگىرلار خەلق ھوقۇقى ھەرىكىتىنىڭ داھىيسىغا ئايلانغان.» تەتقىقاتچىلار مالكوم ئېكسقا مۇنداق باھا بەرگەن:

بىرىنچى، مالكوم ئېكس ئىرقچىلىققا قارشى كۈرەش بىلەن تولغان قىسقىغىنا ھاياتىدا، ئۇ نېگىر داھىيلىرى ئىچىدىكى ئاق تەنلىك ئىرقچىلىق تەرەپدارلىرىنى ئەڭ ئاچچىق، ئەڭ ئۆتكۈر، ئەڭ چوڭقۇر، ئەڭ رەھىمسىز شىكايەت قىلغان، ئەيىبلىگەن، پاش قىلغان ۋە تەنقىد قىلغان ئادەم.

ئىككىنچى، مالكوم ئېكسنىڭ نېگىرلار خەلق ھوقۇقى ھەرىكىتىگە قوشقان ئاساسلىق تۆھپىسى ئۇنىڭ ئىرقچىلىق كۈچلىرى بىلەن كۈرەش قىلىش داۋامىدا نامايان قىلغان قەيسەر ئىرادىسى ۋە

تەۋرەنمەس ئىشەنچىسىدىكى مەنىۋى ھەيۋىسىدە كۆرۈلىدۇ.

ئۈچىنچى، تۈپتىن ئېيتقاندا، مالكوم ئېكس نىگىرلارنىڭ «ئەر-كىنلىكى» ۋە «ئازادلىقى» ئۈچۈن كۈرەش قىلغان باتۇر ئەزىمەت.

تۆتىنچى، ماھىيەتتىن ئېيتقاندا، مالكوم ئېكس قەيسەر، تىز پۈكمەس، كەم - كوتىسىز نىگىر مىللىيەتچىسىدۇر.

«ئىسلام دۆلىتى» تەشكىلاتىنىڭ داھىيسى (لىدىرى) ئىلىيا مۇ-ھەممەد ۋەزىيەتنى يېڭىباشتىن تەھلىل قىلىپ، لۇئىس فاراخاننى نيۇيوركقا بېرىپ مەسچىتنى قولغا ئېلىش ۋە قايتا قۇرۇش ئىشىنى باشلاشنى تاپشۇرغان. 1965 - يىلى ئىلىيا مۇھەممەد لۇئىس فارا-خاننى «ئىسلام دۆلىتى» تەشكىلاتىنىڭ تولۇق ھوقۇقلۇق ۋەكىللى-كىگە تەيىنلىگەن. ئىلىيا مۇھەممەد تەشكىلاتىنىڭ پائالىيىتىنى كېڭەيتىش، تەسىرىنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن، ئەزا تەرەققىي قىلدۇرۇش ئىشىنى ئامېرىكىدىن ھالقىتىپ، گانا، مېكسىكا، كارىب دېڭىزى بويلىرى ۋە ئوتتۇرا ئامېرىكا قاتارلىق جايلارغا يەتكۈزگەن. ئامېرى-كىدا بولسا 60 تىن ئارتۇق شەھەردە شۆبىسىنى قۇرغان. ئافرىقىدى-كى بىر قىسىم دۆلەتلەرگە بېرىپ ئىئانە توپلىغان. ئىلىيا مۇھەم-مەد ھەر يىلى 26 - فېۋرال كۈنى ئۇستازى فارىد مۇھەممەدنىڭ تۇ-غۇلغان كۈنىنى خاتىرىلەش مۇناسىۋىتى بىلەن جاي - جايلاردىن نۇرغۇن ئەزالارنى چىكاگوغا يىغىپ، كېيىنكى يىللىق پىلانلىرىنى ئوتتۇرىغا قويغان. كىشىلەرنىڭ روھىيىتىنىڭ يېڭىلىنىشىغا ئە-گىشىپ دېھقانچىلىق مەيدانى، باقمىچىلىق، كۆكتاتچىلىق، ئۆي ئىجارە بېرىش، تۇرالغۇ سېلىش، مۇلۇك سېتىۋېلىش، يېمەكلىك پىششىقلاپ ئىشلەش، رېستورانچىلىق، تىكىمچىلىك، زاۋۇت قۇ-رۇش، بانكا ئىشلىرى، ئىمپورت - ئېكسپورت ئىشلىرى، قاتناش، ساغلاملىق ئىشلىرى قاتارلىق ساھە ۋە كەسىپلەر بىلەن شۇغۇللى-نىش ئومۇملاشقان. شۇنداق قىلىپ «ئىسلام دۆلىتى» تەشكىلاتىنىڭ ئىقتىسادىي كۈچى زورايغان، پائالىيەت ئىقتىدارى ئاشقان، جەلپ قىلىش كۈچىمۇ كۈچەيگەن. ئىلىيا مۇھەممەد 1972 - يىلى چىكا-

گودا كاتتا مەسچىت ۋە مەدرىسە سالغان. ئىلىيا مۇھەممەد بىلەن لۇئىس فاراخاننىڭ ئەگەشكۈچىلىرى ۋە قوللىغۇچىلىرى كۈنسايىن كۆپەيگەن. بولۇپمۇ قارا تەنلىكلەر ئىسلام دىنىغا زور قىزغىنلىق بىلەن كىرگەن. تەتقىقاتچىلار قارا تەنلىكلەر نېمە ئۈچۈن ئىسلام دىنىغا شۇنچە قىزغىنلىق بىلەن ئېتىقاد قىلىدىغان بولۇۋالدى؟ دېگەن مەسىلىنى مۇلاھىزە قىلىپ مۇنداق يەكۈن چىقارغان:

1. ئىسلام دىنى ئىرق ـ مىللەت باراۋەرلىكىنى تەكىتلەيدۇ. مۆمىنلەر ئاللانىڭ نەزىرىدە تارغاقنىڭ چىشىدەك باراۋەردۇر، دېگەننى تەشەببۇس قىلىدۇ. بۇ قاراشلار ئامېرىكىدىكى قارا تەنلىكلەرنىڭ كۆڭلىگە بەك ياقىدۇ.

2. دىن ۋە ئافرىقا مەسىلىسىنى تەتقىق قىلىدىغان پىروفېسسور لاۋرېنس مامىيانىڭ چۈشەندۈرۈشىچە، هازىرقى زامان جەمئىيىتىدە ئىسلام دىنى قارا تەنلىك ئەرلەرنى ئالاھىدە جەلپ قىلىدىكەن. ئۇ مۇنداق دېگەن: «ئىسلام دىنى ئۆلارنى باراۋەرلىك تۇيغۇسىغا ئىگە قىلدى. ئىسلام دىنى يەنە ئەرلەرنىڭ مەرتىۋىسىنى تەكىتلەپ ئۆلارنى يېتەكچى ئورۇنغا چىقاردى. ئىسلام دىنى ئەرلەرنىڭ مەرتىۋىسىنى ھەقىقەتەن كۈچەپ تەكىتلەيدۇ.» ئۇ، يەنە مۇنداق دېگەن: «ئاياللارنىڭ ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىشىدىكى سەۋەب، ئىسلام دىنىدا ئائىلىنىڭ مۇقىم بولۇشى مەلۇم دەرىجىدە تەكىتلىنىدۇ. بۇ ئاياللارنىڭ كۆڭلىگە بەك ياقىدۇ.»

1960 ـ ۋە 1970 ـ يىللاردا ئامېرىكا شەھەرلىرىدىكى قارا تەنلىكلەر مەھەللىلىرىدە ئىسلام دىنىغا ئائىت نەرسىلەر بارغانسېرى كۆپەيگەن. 1975 ـ يىلى ئىلىيا مۇھەممەد 78 يېشىدا قازا قىلغان. ئۇنىڭ ئۆلۈمى قارا تەنلىك مۇسۇلمانلارنى چەكسىز قايغۇغا چۆمدۈرگەن.

ئىلىيا مۇھەممەد قازا قىلغاندىن كېيىن بىرنەچچە يىل ئۆتۈپ، 1978 ـ يىلىغا كەلگەندە لۇئىس فاراخان «ئىسلام دۆلىتى» تەشكىلاتىغا رەئىس بولغان. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ئۇ، ئامېرىكا جەمئىيە-

ـتىدىكى تەسىرى كۈچلۈك داڭلىق شەخس بولۇپ قالغان. ئۇ كۈچ-لۈك ناتىقلىق قابىلىيىتى ۋە مول رەھبەرلىك تەجرىبىسىگە ئاسا-سەن قارا تەنلىكلەر ئولتۇراقلاشقان رايون ياكى مەھەللىلەردىكى «ئىسلام دۆلىتى» نىڭ تەسىر كۈچىنى ئاشۇرغان. ئۇ يەنە قارا تەن-لىكلەرنىڭ مۇستەقىل بولۇشىنى، ئۆزىگە تايىنىشىنى تەرغىب قىل-غان. ئۇ يەنە قارا تەنلىكلەرنى ئېكسپلاتاتسىيە قىلغان ئاق تەنلىك-لەر، يەھۇدىيلار ۋە بەزى ئاسىيالىقلار توغرىسىدا قۇتراتقۇلۇق تۈسى-نى ئالغان ماقالىلەرنى يېزىپ ئېلان قىلغان.

لۇئىس فاراخان (Louis Farrakhan) ئەسلىي نيۇيورك ئىشتا-تىنىڭ بىروڭكىس رايونىدىكى بىر قارا تەنلىك ئائىلىسىدە 1933 ـ يىلى تۇغۇلغان بولۇپ، بوستون شەھىرىدە چوڭ بولغان. ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان مەزگىلىدە ئۇ ئەلاچى ئوقۇغۇچى، ياخشى تەن-ھەرىكەتچى ۋە ئەپىسكوپىلىيون چېركاۋىنىڭ ئاكتىپ ئەزاسى ئىدى. ئالىي مەكتەپكە كىرىپ ئىككى يىلدىن كېيىن، ئۇ، ئىسكىرىپكىچى ۋە ناخشىچى بولۇش كەسپىنى تاللىغان. 1955 ـ يىلى 21 ياشقا كىرگەندە، بىر دوستىنىڭ تەۋسىيەسى بىلەن ئىلىيا مۇھەممەدنىڭ نۇتقىنى ئاڭلىغىلى بارغان. ئىلىيا مۇھەممەد نۇتقىدا «ئاق ئالۋاس-تى» لارنى قاتتىق سۆككەن. ئۇزاقتا قالماي ئاللانىڭ ئىنسانلارنىڭ ئەسلىي خىلى بولغان ئافرىقىلىقلار ئەۋلادىدىن بولغان ئامېرىكانلار-نى ئەسلىگە كەلتۈرىدىغانلىقى توغرىسىدا ۋەدە بەرگەن. ئىلىيا مۇ-ھەممەد قوللىغۇچىلىرىغا تاماكا چەكمەسلىك، هاراق ئىچمەسلىك، سوقۇشماسلىق، چوشقا گۆشى يېمەسلىك، دىنىي پائالىيەتلەرگە قە-رەللىك هالدا قاتنىشىش، تەلىم ـ تەربىيە شارائىتىنى ياخشىلاش، ئىسلام ھەرىكىتىگە ھەسسە قوشۇشنى تەۋسىيە قىلغان. لۇئىس فاراخان ئىلىيا مۇھەممەدنىڭ نۇتقىنى ئاڭلاپ بۇ ھەرىكەتكە ئاۋاز قوشقان. لۇئىس فاراخاننىڭ ئىقتىدارى ۋە تۆھپىسى ئۇزاق ئۆتمەي ئىلىيا مۇھەممەدنىڭ دىققىتىنى تارتقان. نەتىجىدە، لۇئىس فاراخان بوستون مەسچىتىنىڭ ئىماملىقىغا تەيىنلەنگەن. 1965 ـ يىلى مال-

كوم ئېكس قەستكە ئۇچراپ قازا قىلغاندىن كېيىن ۋاشىنگتوندىكى مەسچىتكە ئىماملىققا بەلگىلەنگەن ھەم ئىلىيا مۇھەممەدنىڭ تولۇق ھوقۇقلۇق باياناتچىسى بولغان. لۇئىس فاراخانغا يەنە «ئىسلام دۆلە-تى» تەشكىلاتىنىڭ ئاساسلىق بايرىمى (فارىد مۇھەممەدنىڭ تۇغۇل-غان كۈنىنى تەبرىكلەش بايرىمى) بولغان «نىجاتكار كۈنى» بايرىمى يىغىلىشىدا ئىلىيا مۇھەممەدنى تونۇشتۇرۇش ۋەزىپىسى تاپشۇرۇل-غان. فاراخاننىڭ تەسىرى ۋە ئابرۇيى بارا - بارا يۇقىرى چەككە يەت-كەن. 1975 - يىلى ئىلىيا مۇھەممەد قازا قىلغاندا، ئۇنىڭ ئورنىغا ئوغلى ۋولىس مۇھەممەد ۋارىسلىق قىلغان. ۋولىس مۇھەممەد دادى-سىغا قارىغاندا خېلىلا تەمكىن ۋە مۆتىدىل ئىدى. ۋولىس مۇھەممەد «ئىسلام دۆلىتى» تەشكىلاتىغا باش لىدىر بولغاندىن كېيىن لۇئىس فاراخاننى چىكاگودىكى باش ئىشتابىتا بىللە ئىشلەشكە يۆتكىگەن. ۋولىس مۇھەممەد باش لىدىر بولغاندىن كېيىن ئىسلام ھەرىكىتىگە مۆتىدىل پوزىتسىيە تۇتۇشقا باشلىغان ھەمدە تەشكىلاتتىكىلەرنىڭ ئاق تەنلىكلەرگە قارشى خاھىشتىكى نۇتۇقلارنى سۆزلىشىنى چەك-لىگەن. تېخىمۇ ئىلگىرىلەپ ئاق تەنلىكلەرنىمۇ ئەزالىققا قوبۇل قىلغان. لۇئىس فاراخان مۆتىدىللىكنى رەت قىلىدىغان مەيداندا چىڭ تۇرغان. نەتىجىدە، ئىككىيلەننىڭ ئوتتۇرىسىدا ئېغىر ئىخ-تىلاپ كېلىپ چىققان. ئىختىلاپ ۋولىس مۇھەممەدنىڭ 50 يىللىق تارىخقا ئىگە «ئىسلام دۆلىتى» تەشكىلاتىنىڭ نامىنى «ئامېرىكا مۇ-سۇلمانلىرىنىڭ دىن تەبلىغ جەمئىيىتى» گە ئۆزگەرتىشى بىلەن كېلىشتۈرگىلى بولمايدىغان دەرىجىگە بېرىپ يەتكەن. ئاق تەنلىك-لەرگە قارشى مەۋقەسى ئىنتايىن كۈچلۈك ھەم ئاشكارا بولغان لۇ-ئىس فاراخان 1978 - يىلى ۋەزىپىسىدىن ئىستىپا بېرىپ، ئىلىيا مۇھەممەدنىڭ ئىسلام ھەرىكىتىگە تولۇق ۋارىسلىق قىلغان يېڭى بىر «ئىسلام دۆلىتى» تەشكىلاتىنى قۇرغان. ئۇ كىيىنىش، ھەرىكەت ئۆلچىمى جەھەتلەردىن تارتىپ ئەسلىدىكى ھالەتنى ساقلاپ قالغان. قىسقىسى، لۇئىس فاراخان ئۇستازى ئىلىيا مۇھەممەدنىڭ ئاق تەن-




www.uyghurkitap.com

لىكلەرگە قارشى مەۋقەدىكى ئىرقىي ئىلاھىيەتشۇناسلىق ئىدىيە-
سىگە تولۇق دېگۈدەك ۋارىسلىق قىلغان. لۇئىس فاراخان ماھىر نا-
تىق ھەم تالانتلىق تەشكىلاتچى بولۇش سۈپىتى بىلەن ئامېرىكا شە-
ھەرلىرىدە مەسچىتلەرنى قۇرۇپ، ئىسلام ھەرىكىتىنى تېز كېڭەيت-
كەن. نەشر بۇيۇملىرى ۋە رادىيو دولقۇنلىرى ئارقىلىق ئۆز ئاۋازىنى
ئافرىقىلىقلار ئەۋلادىدىن بولغان ئامېرىكانلارغا ئۈزۈكسىز يەتكۈزۈپ
تۇرغان.

1970 - يىللارنىڭ ئاخىرىدا ئىراندا ئىسلام ئىنقىلابى يۈز بەر-
گەندىن كېيىن، ئىران بىلەن ئامېرىكا ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت
دۈشمەنلىشىش دەرىجىسىگە بېرىپ يەتكەن. ئامېرىكىدىكى تاراتقۇلار
ئىسلام دىنى بىلەن مۇسۇلمانلارغا ئائىت خەۋەر ۋە مۇلاھىزىلەردە
ھەمىشە ئۇلارنى ئىنكار قىلىش پوزىتسىيەسىنى ئىپادىلىگەن. جاما-
ئەت پىكرىدىكى بىر تەرەپلىمىلىك ئامېرىكا جەمئىيىتىدىكى ئىر-
قىي كەمسىتىشكە قوشۇلۇپ، ئامېرىكىدىكى مۇسۇلمانلارغا ئېغىر
بېسىم ئېلىپ كەلگەن. ئامېرىكىدىكى قارا تەنلىك مۇسۇلمانلارغا
نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئامېرىكا جەمئىيىتىدىكى باراۋەرسىزلىك بىلەن
ئادالەتسىزلىك تېخىمۇ چوڭقۇر بولغان. دەل مۇشۇنداق ئىجتىمائىي
مۇھىتتا ئامېرىكىدىكى مۇسۇلمانلارنىڭ مىللىي كىملىكى ۋە دىنىي
كىملىكىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈش تۈيغۇسى كۈچىيىپ، مەدەنىيەت
ئەنئەنىلىرىنى ساقلاپ قېلىشقا ھەم كىملىك جەھەتتىكى پەرقىنى
تېخىمۇ روشەنلەشتۈرۈشكە تىرىشقان.

لۇئىس فاراخان ئەزەلدىن ئاق تەنلىكلەرنى ئەزالىققا قوبۇل قىل-
ماي، تەشكىلاتنىڭ «ساپ ھەم پاك» لىقىنى قاتتىق تەكىتلەش بىلەن
بىللە، ئەگەشكۈچىلىرىدىن ئامېرىكىنىڭ سىياسىي تۇرمۇشىغا ئا-
رىلىشىپ قېلىشتىن ساقلىنىشنىمۇ قاتتىق تەلەپ قىلاتتى. ئەمما،
1984 - يىلى ئۇنىڭ پرېزىدېنت نامزاتى جەسى جېكسىن بىلەن
بولغان مۇناسىۋىتى ئۇنى تەنقىدكە دۇچار قىلغان. بۇ ئىش زور
تالاش - تارتىش پەيدا قىلغان. لۇئىس فاراخان ئۆز ئېتىقادىنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى بىكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى
www.uyghurkitap.com



لۇئىس فاراخان

پاكلىقىنى قوغداشتىن، ئامېرىكىنىڭ سىياسىي تۇرمۇشىغا تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئارىلىشىشقا ئۆتكەنلىكىنى ئوچۇق - ئاشكارا سۆزلىگەن ھەمدە تۇنجى قېتىم سايلامغا بېلەت تاشلاشقا تىزىملاتقان. ئۇ، ئەگەشكۈچىلىرىنىمۇ شۇنداق قىلىشقا دەۋەت قىلغان. لۇئىس فاراخان ئامېرىكىدىكى قارا تەنلىك مۇسۇلمانلارنىڭ ئاق تەنلىكلەرنى ئاساس قىلغان مەدەنىيەت بىلەن ئۆزئارا ئارىلىشىش، سىڭىشىش ۋە سۈركىلىش داۋامىدا مۇھىم بىر سىياسىي كۈچكە ئايلىنىدىغانلىقىغا ئىشىنىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن. ئامېرىكا جەمئىيىتى بىلەن مەدەنىيىتىگە كۈچلۈك تەنقىدىي پوزىتسىيە تۇتۇش بىلەن تونۇلغان لۇئىس فاراخاننىڭ مەيداندىكى بۇ روشەن ئۆزگىرىش كىشىلەرنى گاڭگىرىتىپ قويغان. چۈنكى، ئۇ ئامېرىكا ھۆكۈمىتىنىڭ بارلىق ئىچكى - تاشقى سىياسىتىگە قارشى تۇراتتى. ئامېرىكىدىكى باشقا مۇسۇلمانلار تەشكىلاتلىرى مۇسۇلمانلارنى ئامېرىكا جەمئىيىتىنىڭ بىر ئەزاسى دەپ تونۇپ، ئامېرىكىنىڭ سىياسىي تۇرمۇشىغا قاتنىشىشنى، شۇ ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ زۆرۈر بولغان سىياسىي تەسىرىنى جارى قىلدۇرۇشنى تەكىتلەيتتى. ئۇلار بىلەن لۇئىس

فاراخاننىڭ تەشكىلاتى ئوتتۇرىسىدا ئىختىلاپ مەۋجۇت ئىدى. بىر قىسىم ئىسلام سىياسىي تەشكىلاتلىرى بىلەن دىنىي تەشكىلاتلار بۇ جەھەتتە تېخىمۇ ئاكتىپ پوزىتسىيە تۇتۇپ: «ھەممىدىن مۇھىمى قاتنىشىش، مەيلى دېموكراتلار پارتىيەسى بولسۇن ياكى جۇمھۇرىيەتچىلەر پارتىيەسى بولسۇن، مۇھىمى مۇشۇ خىل تۇزۇمنىڭ ئىچىدىگە كىرىش» كېرەك، دەپ قارايتتى. لۇئىس فاراخاننىڭ يېڭى تاللىشى ئۇنى تېخىمۇ جەلپكار شەخسكە ئايلاندۇرغان. ئۇنىڭ ئامېرىكىنىڭ سىياسىي ساھەسىدىكى تەسىرى يىلسېرى كۈچەيگەن. ئۇنىڭ بۇ خىل تەسىرى 1995 ـ يىلى 16 ـ ئۆكتەبىر كۈنى تېخىمۇ روشەن ئىسپاتلانغان. ئۇ كۈنى لۇئىس فاراخان مىليون كىشىنى پايتەخت ۋاشىنگتونغا يىغىپ كاتتا يىغىلىش تەشكىللىگەن. بۇ، 1963 ـ يىلى مەشھۇر ئىجتىمائىي پائالىيەتچى، نېگىرلار خەلق ھوقۇقى ھەرىكىتىنىڭ لىدىرى مارتىن لۇتىر كىڭ تەشكىللىگەن تارىخىي ئەھمىيەتكە ئىگە «ۋاشىنگتونغا يۈرۈش قىلىش» يىغىلىشىدىن بۇيان تەشكىللەنگەن كاتتا يىغىلىش ئىدى. يىغىلىشتا لۇئىس فاراخان نۇتۇق سۆزلەپ نېگىرلارنىڭ ئىپتىخارلىق ھېسسىياتى ۋە ئائىلە قارىشىنى كۈچەيتىش ھەم ئۆز كۈچىگە تايىنىشنى مۇراجىئەت قىلغان. ئۇ يەنە نېگىرلارنىڭ ئۆز ئىززەت ـ ئابرۇيىنى ساقلىشىنى، غۇرۇرىنى قوغدىشىنى، ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي ۋە سىياسىي ئەھۋالىنى ياخشىلاش ئۈچۈن قانۇنلۇق كۈرەش قىلىشنى مۇراجىئەت قىلغان. بۇ قېتىمقى يىغىلىش مۇۋەپپەقىيەتلىك ئۆتكۈزۈلۈپ، نۇرغۇن كىشىلەرنى ھەيران قالدۇرغان. چۈنكى، يىغىلىشقا قاتناشقۇچىلارنىڭ سانى كۆپ بولسىمۇ، چاتاق چىقمىغان. كىشىلەر نارازىلىقىنى تىنچ يول ئارقىلىق ئىپادىلىگەن. ئۇلارنىڭ روھىي ھالىتى ئىنتايىن جۇشقۇن بولغان. كىشىنىڭ دىققىتىنى تارتىدىغان يەنە بىر ئىش، ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى ئېغىر ـ بېسىق كۆرۈنۈش ئۈچۈن، كاستۇم ـ بۇرۇلكا كىيىپ، بانتىك تاقىۋالغانىدى.

بۇ قېتىمقى كاتتا يىغىلىشنىڭ ئۇتۇقلۇق بولۇشى لۇئىس فارا-

خاننىڭ دۈشمەنلىرىنىمۇ ئۇنىڭغا ئەستايىدىل قاراشقا مەجبۇر قىلـ-
غان. لۇئىس فاراخان ئىلگىرى يازغان ماقالە ـ ئوبزورلىرىدا ۋە
سۆزلىگەن نۇتۇقلىرىدا كاتولىك دىنى مۇرىتلىرىنىڭ نارازىلىقىنى
قوزغايدىغان مەزمۇنلارنى ئىپادىلەپ كۆپ تالاش ـ تارتىش پەيدا
قىلغانىدى. بولۇپمۇ يەھۇدىي دىنىنى «تۆۋەن دەرىجىلىك دىن» دەپ
چۆكۈرگەنلىكى سەۋەبىدىن يەھۇدىيلارنىڭ غەزىپىنى قوزغاپ، قار-
شىلىششىنى كەلتۈرۈپ چىقارغانىدى. ئامېرىكا ھۆكۈمىتىمۇ لۇئىس
فاراخاننىڭ تەسىرىنىڭ زورىيىشىغا، ئىنقىراق ئىيتقاندا ئامېرى-
كىدا ئىسلام دىنىنىڭ تەسىرىنىڭ كېڭىيىشىگە ئەگىشىپ، مۇسۇل-
مانلارغا تۇتقان پوزىتسىيەسىنى ئۆزگەرتىشكە باشلىغان. ئەينى
ۋاقىتتىكى ئامېرىكا پرېزىدېنتى كېلىنتون شۇ يىلىدىن باشلاپ
قۇربان ھېيت ۋە روزا ھېيتتا پۇتكۇل ئامېرىكىدىكى مۇسۇلمانلارغا
تەبرىك خېتى تارقاتقان. كېلىنتون يەنە ئامېرىكا مۇسۇلمانلىرىنىڭ
مەشھۇر زاتلىرىنى ئاقسارايغا زىياپەتكە تەكلىپ قىلغان. بۇنىڭ بى-
لەن ئامېرىكا جەمئىيىتىنىڭ ئىسلام دىنىغا تۇتقان پوزىتسىيەسى-
دىمۇ روشەن ئۆزگىرىشلەر كۆرۈلگەن. مەسىلەن، ئىلگىرى ئامېرى-
كىدىكى ئىسلام ئىنستىتۇتلىرى بىلەن ئىسلام دىنى مەركەزلىرى
ھەمىشە تاش ـ كېسەكلەرنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچراپ تۇراتتى. بەزى
كىشىلەرنىڭ تەھدىت سېلىپ ۋە بىھۆرمەتلىك قىلىپ تېلېفون ئۇ-
رۇشلىرى دائىملىق ئىش ئىدى. ئامېرىكا ھۆكۈمىتىنىڭ پوزىتسى-
يەسىدىكى روشەن ئۆزگىرىش ئامېرىكا جەمئىيىتىدىكى بۇ خىل
قىلمىشلارنىڭ كۆرۈنەرلىك ئازىيىشىغا سەۋەب بولغاننىڭ ئۈستى-
گە، نۇرغۇن ئادەتتىكى ئامېرىكىلىقلارنىڭ ئىسلام دىنىغا قارىتا
كۈچلۈك قىزىقىشىنى قوزغىغان. ئىسلام دىنىنىڭ ئەقىدىلىرى بى-
لەن ئۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك بىلىملەرنى چۈشىنىشكە ئىنتىلىدىغان
كىشىلەر كۆپەيگەن. ئامېرىكا جەمئىيىتىنىڭ تەدرىجىي قوبۇل قى-
لىشى جەريانىدا ئامېرىكا مۇسۇلمانلىرى بىر سىياسىي كۈچ سۈپىـ-
تىدە رول ئوينىشقا باشلىغان. ئامېرىكا مۇسۇلمانلىرى تەجرىبە ـ

ساۋاقلارنى يەكۈنلەش ئارقىلىق، بارا ـ بارا پىششىق يېتىلىپ، ئامې-رىكا قانۇنى يول قويغان ئۇسۇللار ئارقىلىق ئارزۇ ـ ئىستەكلىرىنى ئىپادىلەشكە ئادەتلەنگەن. مەسىلەن، بوسنىيە ـ گېرتسېگوۋىنا ئىچكى ئۇرۇشى مەزگىلىدە، ئامېرىكىنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى مۇسۇلمانلار بىرلىكتە كەڭ كۆلەملىك نامايىش قىلىپ، ئەخلاق ۋە ھەققانىيەت جەھەتتە بوسنىيە ـ گېرتسېگوۋىنا مۇسۇلمانلىرىنى قوللىغان. ئوتتۇرا شەرق مەسىلىسىدە ئامېرىكىنىڭ بىر تەرەپلىمە ھالدا ئىسرائىلىيەنىڭ سىياسىتىگە يان باسقانلىقىغا قارشى تۇرۇش ئۈچۈن، ئۇلار يىغىلىش، تېلېۋىزىيە مۇنازىرىسى قاتارلىق شەكىللەر ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ قاراشلىرىنى بايان قىلغان. ئۇلار يەنە ئۆزلىـ-رى گېزىت ـ ژۇرنال نەشر قىلىپ، تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىلىرىنى قۇرۇپ، زامانىۋى تاراتقۇلار ئارقىلىق ئىسلام دىنىنىڭ دىنىي ئەقىـ-دىسى، ئىقتىسادىي ئىدىيەسى ۋە سىياسىي تەشەببۇسلىرىنى كەڭ كۆلەمدە تەشۋىق قىلغان. بۇ ئارقىلىق ئۇلار ئامېرىكىدا مۇئەييەن ساندىكى مۇسۇلمانلارغا كۆڭۈل بۆلىدىغانلار بىلەن قوللىغۇچىلارنى قولغا كەلتۈرۈپ، سىياسىيغا ئارىلىشىشنىڭ ئاساسىنى تۇرغۇزغان.

ئامېرىكىدىكى مۇسۇلمانلار ئىچىدە قارا تەنلىك مۇسۇلمانلاردىن باشقا يەنە ھەرقايسى دۆلەت ۋە رايونلاردىن كەلگەن كۆچمەن مۇسۇل-مانلارنىڭ سانى ۋە تەسىرىمۇ كۆرۈنەرلىك ئاشقان. بۇلار ئاساسلىقى ئەرەب دۆلەتلىرىدىن ھەم جەنۇبىي ئاسىيادىكى ئەللەردىن ئامېرىكى-غا كېلىپ ئولتۇراقلىشىپ قالغان مۇسۇلمانلاردۇر. بۇلارنىڭ ئىچىـ-دە ئەرەب مۇسۇلمانلىرىنىڭ سانى ۋە تەسىرى خېلىلا زور، كونـ-سېرۋاتىپلىقىمۇ خېلىلا كۈچلۈك. كونسېرۋاتىپ ئەرەب مۇسۇل-مانلار گويا دۆلەت ئىچىدىكى دۆلەتتە ياشاۋاتقاندەك، ئۆزلىرىنىڭ ئەنئەنىسىنىڭ چىرىكلىشىپ كەتمەسلىكىنى كۈچەپ قوغدايدۇ. ئۇلار ھەتتا ئۆزلىرىنىڭ مەكتىپىنى ئاچقان. باشقا دىن ۋە مەدەنىيەت ئارقا كۆرۈنۈشىگە ئىگە قوشنىلىرىدىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ، ئىسلام ئۆرپ ـ ئادەتلىرىگە قاتتىق رىئايە قىلىپ كەلمەكتە. بۇ، ھاراق ئىـ-

چىشنى چەكلەش، يېمەكلىكلەرنى ئىسلام ئۇسۇلى بويىچە تەييارلاش، ئاياللار روپاش بولۇش قاتارلىقلاردا ئىپادىلىنىدۇ. تېخىمۇ ئالاھىدە يېرى شۇكى، ئۇلار مەكتەپلىرىدە دارۋىنىنىڭ تەدرىجىي تەرەققىيات نەزەرىيەسىنى قاتتىق تەنقىدلەپ سۆزلەيدۇ. جۇغراپىيە دەرسىدە ئوتتۇرا شەرق خەرىتىسىنى كۆرسەتكەندە ئىسرائىلىيە دېيىلگەن جاينى پەلەستىن دۆلىتى دەپ چۈشەندۈرىدۇ. ئەرەب مۇسۇلمانلار ئۆز دۆلىتى، دىنى ۋە مەدەنىيەت ئارقا كۆرۈنۈشىنى قوغداشنى شەرەپ دەپ بىلىدۇ. ئۆز مىللىتى توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان رايوندا تۇرۇشنى، ئۆز مەدەنىيەت مۇھىتىنىڭ بولۇشىنى ياخشى كۆرىدۇ. ئامېرىكا كىنولىرىدا ئەرەبلەر ئوبرازىنىڭ بۇرمىلىنىشىغا قارشى تۇرىدۇ. بۇ مەسىلىدە ئۇلار خىرىستىيان دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئەرەبلەر بىلەن ئورتاق مەيداندا تۇرۇپ ھەرىكەت قىلىدۇ. چۈنكى، ئامېرىكا تەۋەلىكىدىكى خىرىستىيان دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئەرەبلەر بىلەن ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئەرەبلەرنىڭ ئومۇمىي سانى 4 مىليونغا يېتىدۇ. ئۇلار بىرلەشسە سەل چاغلىغىلى بولمايدىغان ئىجتىمائىي تەسىر ۋە ئىقتىسادىي كۈچ پەيدا قىلالايدۇ. ئەڭ مۇھىمى بۇ 4 مىليونغا يېقىن ئەرەبنىڭ 800 مىڭى سايلامدا بېلەت تاشلاش سالاھىيىتىگە ئىگە. شۇڭا ئۇلارنىڭ ئاۋام پالاتاسىدا ھەم كېڭەش پالاتاسىدا مەلۇم ساندا ئورنى بار. 1995 ـ يىلى ئامېرىكىدا ئىشلەنگەن كىنولاردا 168 ئەرەب پېرسوناژ بار بولۇپ، بۇنىڭ 148 ى سەلبىي پېرسوناژ ئىكەن. بۇ ئىش ئەرەبلەرنىڭ نارازىلىقىنى قوزغىغان. نەتىجىدە، بىر مەيدان نارازىلىق ھەرىكىتى كېلىپ چىققان. ئامېرىكا تەۋەلىكىدىكى ئەرەبلەر بۇ توغرۇلۇق مۇنداق دېگەن: «كىنو ئىشلىگۈچىلەر يەھۇدىيلار، نېگىرلار، يەرلىكلەر ۋە باشقا ئاز سانلىقلار توپىنىڭ كۆڭلىگە ئازار بېرىشتىن كۈچىنىڭ بارىچە ئېھتىيات قىلىدۇ. پەقەت ئەرەبلەرنىلا تېررورچى، شەھۋانىي، ياۋۇز، توخۇ يۈرەك ياكى رەزىل، مۇتتەھەم، ھەتتا گاھىدا ئىنسان قىلىپىدىن چىققان قىلىپ تەسۋىرلەيدۇ. كەمسىتىلىشنى تۈگىتىپ، ھۆر-

مەتكە ئېرىشىشنىڭ يولى ئازدۇر ـ كۆپتۇر ھوقۇققا ئېرىشىش. شۇ ـ ڭا ئاۋام پالاتاسى ۋە كېڭەش پالاتالىرىدا كۆپ ئورۇنغا ئېرىشىشىمىز كېرەك. يەنە بىر جەھەتتىن يۇقىرى قاتلامدا تەسىرىمىزنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن سەرخىللىشىشقا كۈچىشىمىز لازىم.»

ئامېرىكىدىكى ئەرەبلەرنىڭ ئىچىدە تەسىرى ئەڭ زور شەخس ئېدۋارد سەئىد (Edward said) ھېسابلىنىدۇ. ئۇ ئامېرىكىدىلا ئە ـ مەس، بۈگۈنكى دۇنيادىكى زور تەسىر كۈچكە ئىگە ئەدەبىيات ۋە مە ـ دەنىيەت ئوبزورچىسى. ئېدۋارد سەئىد 1935 ـ يىلى پەلەستىنىدىكى مەشھۇر شەھەر يېرۇسالېمدا تۇغۇلغان. ئېدۋارد سەئىد مەكتەپ يې ـ شىغا يەتكەن زامانلاردا پەلەستىن ئەنگلىيەنىڭ باشقۇرۇشىدا، مى ـ سىر ئەنگلىيەنىڭ ھامىيلىقىدا ئىدى. شۇ سەۋەبتىن ئۇ مىسىرنىڭ قاھىرە شەھىرىدىكى غەربچە مەكتەپتە ئوقۇغان. 1950 ـ يىلى ئامې ـ رىكىغا ئوقۇشقا چىقىپ، ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇغان. كېيىن پې ـ رىستون ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوقۇپ باكالاۋۇر بولغان. ئۇنىڭدىن كې ـ يىن خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوقۇپ ماگىستىر ھەم دوكتور بول ـ غان. 1963 ـ يىلى ئامېرىكا كولومبىيە ئۇنىۋېرسىتېتىدا پىرو ـ فېسسور بولغان. ئېدۋارد سەئىدنىڭ زىيالىيلارغا خاس روشەن خاس ـ لىقى قاراشلىرىنى باتۇرانە پوزىتسىيە بىلەن ئوتتۇرىغا قويۇپ، مۇستەقىل مەنىۋى دۇنياسىنى نامايان قىلالىغانلىقىدا كۆرۈلىدۇ. ئامېرىكىدا ياشاش جەريانىدا ئۇ ئىزچىل ھالدا ئۆزىنى «غايەمنى ئۆزگەرتىش ئارقىلىق، ئۆزۈمنى ئۇلارغا ياراملىق ئادەم قىلىپ قويۇ ـ ماسلىقىم لازىم» دەپ ئاگاھلاندۇرۇپ تۇرغان ھەم ئۆزىنىڭ پەلەس ـ تىنلىك ئەرەب، ئامېرىكىلىق پۇقرا، ئىنستىتۇت ئەربابى ئىكەنلى ـ كىدىن ئىبارەت ئۈچ خىل سالاھىيىتىنى زىددىيەتلەشتۈرۈپ قويۇ ـ ماي، ماسلاشتۇرۇپ ياشاشقا تىرىشقان. بۇ توغرۇلۇق ئۇ مۇنداق ياز ـ غان: «مەن ئەزەلدىن ئۇدۇق ـ بۇدۇق دەپ خالىخۇتتا ياشاشقا ئۇنىماي كەلدىم ياكى ئۆزۈمدە بەك كۆپ ئەخمىقانە قىلىقلارنىڭ ساقلىنىشى ـ غا يول قويماي كەلدىم. ئېنىقىنى ئېيتقاندا، ئېتىقاد ئۆزگەرتىشكە

ۋە ھەرقانداق شەكىلدىكى سىياسىي ئىلاھلارغا ئىشىنىشكە قارشى تۇرۇپ كەلدىم.


زىيالىيلارغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، قىزغىن ئارىلىشىش، خەۋپكە تەۋەككۇل قىلىش، ئوچۇق - ئاشكارا ئوتتۇرىغا چىقىش، پىرىنسىپ، بەس - مۇنازىرىلەرگە ئۆزىنى ئاتاش ۋە ئۆزىگە زىيان يېتىش ئېھتىمالى بولغان ئىشلارغا قاتنىشىش قاتارلىقلار بەك مۇھىمدۇر. كەسىپ ئىگىلىرى بىلەن ئىشتىن سىرت زىيالىيلارنىڭ پەرقى شۇ يەردىكى، كەسىپ ئىگىلىرى مەخسۇس كەسىپنىڭ ئۆلچىمى بويىچە ئۆزلىرىنى بىتەرەپ دەپ ئېلان قىلىشىدۇ ھەمدە ئوبيېكتىپ قىياپەتكە كىرىۋالىدۇ؛ ئىشتىن سىرت زىيالىيلار بولسا، مۇكاپاتلارغىمۇ، نۆۋەتتىكى كەسپىي پىلانلارنىڭ ئەمەلگە ئېشىشىغىمۇ بېرىلىپ كەتمەي، جامائەت بوشلۇقىدىكى قاراش ۋە قىممەتلەرگە ئۆزىنى بېغىشلايدۇ.»

ئېدۋارد سەئىد ئۆزىنىڭ مىللىي كىملىكى ۋە ئىجتىمائىي بۇرچى مەسىلىسىدە «زىيالىيلار توغرىسىدا» دېگەن ئەسىرىدە تېخىمۇ روشەن ھالدا مۇنداق يازغان: «ۋەكىللىك ھوقۇقىڭىزغا ئېرىشىشىڭىز، مىللىيلىكىڭىزنى ساقلىشىڭىز؛ يەنە بىر تەرەپتىن، بۇ نەرسىلەر رېئاللىق (مەن تەكىتلەۋاتقان ئازادلىق) بىلەن باغلانمىسا، ئۇنىڭغا قارشى تۇرۇش كېرەك» دېگەن. ئۇ پەلەستىن مەسىلىسى توغرىسىدا مەخسۇس ئەسەر يېزىپ ئەرەبلەر ئۇچۇن سۆزلىگەن. ئۇ بۇ مەسىلىدە باشقىلاردىن پەرقلىق يول تۇتقان. ئۇ پەلەستىنلىكلەر ئىسرائىلىيەنى ئېتىراپ قىلىشنى قەتئىي رەت قىلىپ تۇرغان شارائىتتا، باتۇرلۇق بىلەن ئوتتۇرىغا چىقىپ، ئىسرائىلىيەنى ئېتىراپ قىلىشنى ھەمدە تىنچلىق سۆھبىتى ئېلىپ بېرىشنى تەشەببۇس قىلغان. ئەمما پاتاخىنىڭ داھىيسى ئەرافات ئامېرىكا پىرېزىدېنتى كىلىنتون ۋە ئىيوردانىيە پادىشاھى ھۇسەيىننىڭ ياراشتۇرۇشى بىلەن 1993 - يىلى 9 - ئاينىڭ 13 - كۈنى ئىسرائىلىيە بىلەن «ئوسلو كېلىشىمى» نى ئىمزالاپ ئىسرائىلىيەنى ئېتىراپ قىلغاندا،

ئېدۋارد سەئىد كېلىشىمدە تەسلىمچىلىك مەزمۇنى بار، پەلەستىن- لىكلەرنىڭ تارىخى ۋە ھازىرقى ئەھۋالى نەزەرگە ئېلىنمىغان، پە- لەستىن خەلقىنىڭ ھوقۇق ـ مەنپەئىتىگە ساتقۇنلۇق قىلىنغان، دەپ قاراپ، بۇ كېلىشىمنى قاتتىق سۆككەن، ياسىر ئەرافات بىلەنمۇ مۇ- ناسىۋىتىنى ئۈزگەن. ئېدۋارد سەئىدنىڭ «زىيالىيلار توغرىسىدا» دېگەن ئەسىرىدە ئىپادىلىگەن قارىشى شۇكى: «ھەقىقىي زىيالىي مىللەتچى ئەمەس، ئۇ مەلۇم گۇرۇھ ياكى مەلۇم مىللەتكە مەنسۇپ ئەمەس، بەلكى پۈتكۈل ئىنسانىيەتكە مەنسۇپ بولۇشى كېرەك. زىيا- لىيلار دۇنياۋىزمچى بولۇپ، ئۇ تار گۇرۇھ مەنپەئىتىدىن ھالقىپ، ھەممە تەڭسىزلىككە ۋە دەرىجە تۈزۈمىگە قارشى تۇرىدۇ. زىيالىيلار ‹ھوقۇققا نىسبەتەن راست گەپ قىلىشى› لازىم.» ئېدۋارد سەئىد تې- خىمۇ ئېنىق قىلىپ، زىيالىيلار زادى كىمگە، نېمىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ؟ دەپ سوئال قويۇپ، بۇ سوئالغا «مېنىڭچە، زىيالىيلار شۇب- ھىسىز ھالدا، ئاجىزلارغا، ۋەكىللىسىزلەرگە مەنسۇپ بولۇشى كې- رەك» دەپ جاۋاب بەرگەن.

ئېدۋارد سەئىدنىڭ دۇنياۋى ھەققانىيەت ۋە پەلەستىن ئىشلىرى ئۈچۈن سۆزلەش جەھەتتىكى سالاھىيىتى ئۇنىڭ ئىلمىي ئۇتۇقلىرى ئارقىلىق قولغا كەلتۈرگەن شۆھرىتى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. ئۇنىڭ 1969 ـ يىلىدىن 1981 ـ يىلىغىچە ئالىي مەكتەپلەردە سۆزلىگەن 12 لېكسىيەسىدىن تەركىب تاپقان «دۇنيا . ئەسەر . ئوبزورچى» دېگەن كىتابى ۋە «زىيالىيلار توغرىسىدا»، «پەلەستىن مەسىلىسى»، «مەدە- نىيەت ۋە جاھانگىرلىك»، «ئىسلامىيەت توغرىسىدىكى خەۋەرلەر» قا- تارلىق كىتابلىرى زور بەس ـ مۇنازىرە قوزغىغان ۋە قىزغىن قار- شى ئېلىنغان كىتابلاردۇر. بولۇپمۇ 1978 ـ يىلى نەشر قىلىنغان «شەرقشۇناسلىق» ناملىق كىتابى دۇنيا ئىلىم ساھەسىدە مىسلىسىز شۆھرەت قازىنىپ، ئېدۋارد سەئىدنى 20 ـ ئەسىردىكى تەسىر كۈچى زور مۇتەپەككۇرلار قاتارىغا قوشقان. شۇنىڭدىن كېيىن ھەرقايسى ئەللەرنىڭ ئىلىم ساھەلىرى بۇ كىتابنى ئارقا ـ ئارقىدىن تەرجىمە

www.uyghurkitap.com



ئېدۋارد سەئىد

قىلغان. چۈنكى بۇ كىتاب مەدەنىيەت تەتقىقاتى ۋە كېيىنكى مۇستەملىكە ئوبزورچىلىقىغا مۇھىم تەسىر كۆرسىتىپ، كې- يىنكى مۇستەملىكە ئوب- زورچىلىقىنىڭ كىلاس- سىك ئەسىرى بولۇپ قالغان. ئېدۋارد سەئىد، شەرقچىلىق، مەدەنىيەت مۇستەملىكىسى، مەدەن- يەتنىڭ شالغۇتلاشتۇرۇ- لۇشى قاتارلىق تېمىلار بىرمەھەل ئىلمىي قىزىق تېما بولۇپ قالغان. ئېدۋارد سەئىدنىڭ بۇ كىتابىدا ئىپادىلەنگەن روشەن بىر خاسلىق غەرب جاھانگىرلىكىنىڭ ھازىرقى زامان خاراكتېرىدىكى تارىخىنى پاش قىلىشقا تىرىشقانلىقىدۇر. ئەلۋەتتە، غەربنىڭ مەدەنىيەت مۇستەملىكىچىلىكى ھەققىدىكى قاراشلار ۋە تەنقىدلەر ئېدۋارد سەئىدتىن باشلانغان دېگىلى بولمايدۇ. ئەمما، ئۇ «شەرقشۇناسلىق» دېگەن بۇ كىتابى ئارقىلىق بۇ تېمىنى خەلقئارالىق قىزىق تېمىغا ئايلاندۇرۇۋەتكەن. ئۇنىڭ بۇ كىتابىنىڭ بۇنداق خەلقئارالىق مۇلاھىزىلەرنىڭ قوزغىلىشىغا ئىلھام بولۇشى- دىكى سەۋەبىنى تەتقىقاتچىلار ئاساسلىقى مۇنداق ئۈچ تۈرلۈك ئالاھى- دىلىكىدە، دەپ يەكۈنلەيدۇ:

بىرىنچى، ئېدۋارد سەئىد ئۆلچەملىك ئىلمىي ۋە تارىخىي ئانا- لىزغا ئەدەبىي ئوبزورچىلىقتىن ئىبارەت يېڭى بىر ئۆلچەمنى ياكى ئامىلنى قوشقان.

ئىككىنچى، ئېدۋارد سەئىد ھەر خىل تۈردىكى ئوبزورلارنى، يەنى تارىخىي، سىياسىي، مىللىي تۈردىكى ئوبزورلارنى يەككىلىككە ئىگە كۆپ خىل پەنلەر رامكىسى ئىچىگە ئالغان. بۇ رامكا شەرقچىلىككە قارىتا ھەرقايسى پەنلەرنىڭ ئوبزورىنى كۆپ خىل پەنلەرنىڭ كۇلتۇرال ئانالىزىغا ئايلاندۇرغان.

ئۈچىنچى، مىچېل فۇكاۋنىڭ (Michel foucault) ئېپىستىم نەزەرىيەسى ۋە مەدەنىيەت ئوبزورچىلىقى نەزەرىيەسىنى قوللانغان.

قىسقىسى، ئېدۋارد سەئىدنىڭ «شەرقشۇناسلىق» ناملىق ئەسىرى ئۇنىڭغا ئېلىپ كەلگەن ئابرۇي ــ ئىناۋەت ئۇنى بىلىمى مول، پىكرى ئۆتكۈر، ئەخلاقىي جاسارىتى ۋە ھەققانىيەت تۇيغۇسى كۈچلۈك زىيالىي سۈپىتىدە خەلقئالەمگە تونۇتقان. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ ئىسلامىيەت دۇنياسى ۋە پەلەستىن مەسىلىسىدىكى ساداسىمۇ يىراق ــ يىراقلارغا ئاڭلانغان. ئۇ كۈچلۈك غەرب دۆلەتلىرى، بولۇپمۇ ئامېرىكا بىلەن ئىسلام دۆلەتلىرى ئوتتۇرىسىدىكى مۇرەككەپ مۇناسىۋەت توغرىسىدا دادىللىق بىلەن ئوتتۇرىغا چىقىپ مۇنداق ئىككى تۈرلۈك پىرىنسىپنى ئوتتۇرىغا قويغان: بىرى، كۈچلۈك غەرب دۆلەتلىرى ئىسلامىيەتكە قارىتا مۇستەملىكىچىلىك دەۋرىگە خاس تونۇشىدىن ۋاز كېچىپ، باراۋەر، زورلاشتىن، ئۈستۈنلۈك تۇيغۇسىدىن مۇستەسنا مۇئامىلە قىلىشى؛ يەنە بىرى، ھەرقانچە يىراق ۋە يات دۆلەت بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئىنسان ياشايدىغان بۇ ئەللەر ھەققىدىكى چۈشىنىشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، شۇ ئاساستا ئۆزىنىمۇ، ئۆزگىلەرنىمۇ بىلىشنى ئىشقا ئاشۇرۇش لازىم.

ئېدۋارد سەئىد گەرچە ئۆزىنى ئەدەبىيات ۋە مەدەنىيەت (كۇلتۇر) جەھەتتە كونسېرۋاتىپ بىر تەرەپلىمە دەپ ئاتىغان بولسىمۇ، ئەمما، بارغانسېرى ئەدەبىيات، سىياسىي، مەدەنىيەت ئارىسىدىكى ئىنتايىن مۇرەككەپ مۇناسىۋەتنى ئانالىز قىلغان. ئۇنىڭ ئەسەرلىرىدە بۇ خىل ئانالىز ئاساسلىقى ئۈچ خىل شەكىلدە قوللىنىلغان. بىرىنچى، ئۇنىڭ ئىككى پارچە مۇھىم ئەسىرى بولغان «شەرقشۇناسلىق» بىلەن

«مەدەنىيەت ۋە جاھانگىرلىك» تا شەرق بىلەن غەربنىڭ مۇناسىۋىتى مۇستەملىكە ۋە كېيىنكى مۇستەملىكىچىلىك كونتېكىستى ئاستىدا تەكشۈرۈلگەن. ئىككىنچى، ئۇ ئوتتۇرا شەرقتىكى پەلەستىن رايونى ۋە پەلەستىنلىكلەرنىڭ ئالاھىدە ئەھۋالىغا بىۋاسىتە كۆڭۈل بۆلگەن ھەم ئەرەب، ئىسلام دۇنياسى بىلەن غەربنىڭ مۇناسىۋىتىگە كۆڭۈل بۆلگەن. ئۈچىنچى، ئۇ نۇرغۇن ۋاقىت ۋە زېھىن سەرپ قىلىپ بۈگۈنكى دۇنيادىكى زىيالىيلارنىڭ رولى ۋە مەسئۇلىيىتىنى بايان قىلغان.

ئېدۋارد سەئىد 1990 ـ يىللاردا ئوتتۇرىغا چىققان مەدەنىيەتلەر توقۇنۇشى نەزەرىيەسىنىڭ قۇتراتقۇلۇقى ۋە ئامېرىكا سىياسىيسىنىڭ كونسايىن بىر تەرەپلىمىلىشىپ خەلقئارا جامائەت پىكرىنى خاتا يۆنىلىشكە بۇراپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ زىيالىيلارغا خاس سەگەكلىك بىلەن ئوتتۇرىغا چىقىپ، ئىسلامىيەتنى سۈنئىي ھالدا، زورمۇزور دىنىي رادىكالىزم بىلەن، دىنىي ئەسلىيەتچىلىك بىلەن چېتىپ، ئىسلامىيەتنى ئالۋاستىلاشتۇرۇشقا قەتئىي قارشى تۇرىدىغان پىكىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويغان. ئۇ ئېنىق قىلىپ: «قارشى تەرەپنى ئالۋاستىلاشتۇرۇش ھەرگىزمۇ ياخشى سىياسىي ئاساس ئەمەس، ھازىر تېخىمۇ شۇنداق. چۈنكى، كۆرۈلۈۋاتقان تېررورلۇق ھەرىكەتلىرىنىڭ مەنبەسى ئادالەتسىزلىك، بىز ھەرىكەتنىڭ ماھىيىتىنى سۈرۈشتۈرۈپ، تېررورچىلارنى تايانچىسىز قالدۇرۇشىمىز، ئەدېپىنى بېرىشىمىز، دەستەكلىرىدىن مەھرۇم قىلىشىمىز كېرەك. بۇنىڭ ئۈچۈن، سەۋر ـ تاقەت ۋە تەربىيە زۆرۈر. بۇ خىل تاللاش ھەرقانداق شەكىلدىكى زوراۋانلىق ۋە زۇلۇمدىن مۇتلەق ئەۋزەل» دەپ ئوتتۇرىغا قويغان. «11 ـ سېنتەبىر ۋەقەسى» يۈز بەرگەندە ئۇ ئۆزىنىڭ يۈز بەرگەن ھادىسىنىڭ كەينىدىكى ماھىيەتنى سۈرۈشتۈرىدىغان مۇتەپەككۇرانە پوزىتسىيەسى بىلەن ئوتتۇرىغا چىقىپ: «بۇ قېتىمقى ۋەقەنىڭ مۇھىم سەۋەبلىرىنىڭ بىرى، ئىسلام دۇنياسىنىڭ ئامېرىكىنىڭ ئىسرائىلىيە بىلەن پەلەستىن مۇناسىۋىتىدە ئەزەلدىن


ئىسرائىلىيەگە يان بېسىپ كەلگەنلىكىگە بولغان نارازىلىقى» دەپ كۆرسەتكەن.

دۇنياۋى شۆھرەتكە ئىگە بۇ مۇتەپەككۇر 2003 ـ يىلى 68 يېشىدا قازا قىلغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ تەسىرى كۈنسېرى ئېشىپ بارماقتا. ئۇنىڭ ئەسەرلىرى خەنزۇ تىل ـ يېزىقىغا تولۇق تەرجىمە قىلىنىپ نەشر قىلىندى. «ئامېرىكا زىيالىيلىرى» دېگەن كىتابنىڭ ئاپتورى چېن ئەن ئېدۋارد سەئىدنى «دۇنيا زىيالىيلىرىنىڭ ۋىجدانى» دەپ تەرىپلىگەن. ئۇ ھەقىقەتەنمۇ ھەقىقانىيەت روھى كۈچلۈك زىيالىي ھېسابلىنىدۇ. ئېدۋارد سەئىد گەرچە خىرىستىيان دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئەرەب بولسىمۇ، لېكىن ئىسلام دىنى مەدەنىيىتىنى ھىمايە قىلىش جەھەتتە ئۇنتۇلغۇسىز خىزمەتلەرنى ئىشلىگەن مۇتەپەككۇر. شۇڭا ئۇنى ئامېرىكىلىق ئەرەب مۇسۇلمانلار ئۆزىنىڭ شەرىپى ھېسابلايدۇ.

2001 ـ يىلى يۈز بەرگەن «11 ـ سېنتەبىر» ۋەقەسى سەۋەبىدىن غەرب بىلەن ئىسلام دۇنياسى ئارىسىدا قارشىلىشىش بىر مەزگىل يۇقىرى دولقۇنغا چىققان. بۇ چاغدا ئامېرىكىدىكى مۇسۇلمانلار مىسلىسىز بېسىمغا دۇچ كەلگەن. ئادەتتىكى ئامېرىكىلىقلارنىڭ نەزىرىدە مۇسۇلمانلار گويا دۈشمەندەك كۆرۈنىدىغان بولۇپ قالغان.

ئامېرىكىدىكى مۇسۇلمانلار ئىرقىي ئامىل، مىللىي كىملىك ۋە مەدەنىيەت پەرقى سەۋەبىدىن نۇرغۇن ئوخشاشمىغان توپلارغا ئايرىلغان. شۇنىڭ بىلەن بىللە دىنغا بولغان ئېتىقادى جەھەتتىمۇ رادىكاللىق، كونسېرۋاتىپلىق ۋە لىبېراللىق پەرقىگە ئاساسەن ئوخشاش بولمىغان توپلارغا ئايرىلغان. بۇنى 2010 ـ يىلى ئۆتكۈزۈلگەن «ئامېرىكا گۈزىلى» نى تاللاش كۆرىكىدە ئىپادىلەنگەن پوزىتسىيەدىن مەلۇم دەرىجىدە ھېس قىلىشقا بولىدۇ. بۇ قېتىمقى كۆرەكتە لىۋاندا شىئە ئائىلىسىدە تۇغۇلۇپ، ئامېرىكىدا چوڭ بولغان مۇسۇلمان قىز رىما فەقىھ (Rima fakih) رىقابەتچىلىرىنى يېڭىپ «ئامېرىكا گۈزىلى» بولۇپ تاللانغان. مىچىگان ئىشتاتىنىڭ ئەرەبلەر ئەڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



رىما فەقىھ

كۆپ ئۇلتۇراقلاشقان شە-
ھىرى زىبورىندا ياشايدىغان
رىما فەقىھنىڭ بۇ غەلىبە-
سى ئامېرىكىنى ۋەتەن دەپ
بىلىدىغان مىليونلىغان
مۇسۇلمانلارنى روھلاندۇر-
غان. شۇنىڭ بىلەن بىللە
گۈزەل تاللاش مۇسابىقىسى-
نى شەرم - ھاياسىز تەد-
بىر، دەپ قارايدىغان بىر
قىسىم مۇسۇلمانلار رىما
فەقىھنىڭ يالىڭاچ دېگۈدەك
چۈشكەن سۈرەتلىرىنى تەن-
قىد قىلىپ، ئۇنىڭ غەلى-
بىسىنى ئىسلامنى ئاياغ
ئاستى قىلغانلىق، دەپ ئە-
يىبلىگەن. ئۇنىڭ غەلىبىسىگە ھەۋەس قىلغۇچىلارنىڭ نەزىرىدە رى-
ما فەقىھ نازاكەتلىكى بىلەن باشقا گۈزەللەردىن پەرقلىنىپ تۇرىدى-
كەن. «ئامېرىكا ئاۋازى» رىما فەقىھنى زىيارەت قىلغاندا، ئۇ: «مەن
ئامېرىكا بويىچە ئەرەبلەر ئەڭ كۆپ ياشايدىغان زىبورىن شەھىرىدە
ئۆزۈمنى گويا لىۋاندا تۇرغاندەك ھېس قىلىمەن» دېگەن. ئۇ يەنە ئۆ-
زىنى «مەن بىر لىبىرال مۇسۇلمان» دەپ سۈپەتلىگەن. بىراق، كون-
سېرۋاتىپ مۇسۇلمانلار رىما فەقىھنى مۇسۇلمان دەپ ئاتاشقا قارشى
تۇرغان. ئۇلار، ئۇ، كۆرەك جەريانىدا كۈپپە (ئىچ كىيىم) كىيىپ
چىققاچقا، ئۇنى ھەقىقىي مۇسۇلماننىڭ ئوبرازىنى ئۆزىدە مۇجەس-
سەملەشتۈرگەن دېگىلى بولمايدۇ، بەزىلەر ئۇنى مۇسۇلمانلارغا نەمۇ-
نە قىلىپ كۆرسىتىشكە ھەرىكەت قىلىۋاتىدۇ، بۇنى چۈشەنگىلى
بولمايدۇ، چۈشىنىشكە بولىدىغان يېرى شۇكى، ئۇ ھەرگىزمۇ نەمۇنە

ئەمەس» دېگەن. مۆتىدىل مۇسۇلمانلار بولسا، رىما فەقىھىنىڭ غەلىبىسىنى زىبۇرىنىلىقلار ئۇچۇن كاتتا ۋەقە دەپ ھېسابلىغان. ھەتتا بەزىلەر بۇ ئىش ئەرەبلەرنىڭ «11 ـ سېنتەبىر» ۋەقەسىدىن كېيىنكى زىيانغا ئۇچرىغان ئوبرازىنى تىكلەشكە پايدىلىق، دەپ قارىغان. رادىكال مۇسۇلمانلارنىڭ رىما فەقىھتەك قىز ـ ئاياللارغا قانداق مۇئامىلە قىلىدىغانلىقى دېمىسىمۇ چۈشىنىشلىك.

«11 ـ سېنتەبىر» ۋەقەسىنى دىنىي دۈشمەنلىكنى كۈچەيتىشنىڭ تارىخىي پۇرسىتى، دەپ بىلگەن بەزى سىياسىيونلارنىڭ ئىغۋاگەرچىلىك تۈسىدىكى نۇتۇقلىرى، بىر قىسىم قارا نىيەت مۇتەپەككۇرلارنىڭ قۇتراتقۇلۇق تۈسىدىكى ماقالە ـ ئوبزورلىرى ئوخشاش بولمىغان دىنلار ۋە مەدەنىيەتلەرگە مەنسۇپ كىشىلەرنى بىر ـ بىرىگە دۈشمەنلىك، گۇمانسىراش نەزىرىدە قارايدىغان يۆنىلىشكە باشلىغان. مەدەنىيەتلەر توقۇنۇشى قارىشى بىر مەزگىل تازا كۈچەيگەن. لېكىن، ھاياجان، ئەسەبىيلىك مەزگىللى ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىن، كىشىلەر مەسىلىلەرگە يېڭىباشتىن نەزەر سېلىشقا باشلىغان. كۆپلىگەن كىشىلەر ئوخشاشمىغان دىن ۋە مەدەنىيەتلەر ئۆزئارا ھۆرمەتلەش، چۈشىنىش ئاساسىدا بىللە مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشنىڭ ئەڭ توغرا تاللاش ئىكەنلىكىنى تونۇپ يېتىشكەن. ئامېرىكا جەمئىيىتىدىكى ئىسلام دىنىغا قارشى كەيپىيات بارا ـ بارا پەسەيگەن. ئامېرىكىلىقلار ئىسلام دىنىنىڭ ئائىلە قارىشىنىڭ كۈچلۈكلۈكىنى، نىكاھقا جىددىي مۇئامىلە قىلىدىغانلىقىنى، زەھەرلىك چېكىملىككە قارشى تۇرىدىغانلىقىنى، كىشىنىڭ ھەققىگە زىيادە ھۆرمەت قىلىدىغانلىقىنى، باراۋەرلىك ۋە ئادىللىقنى تەكىتلەيدىغانلىقىنى، ئوخشاش جىنسلىقلار مۇھەببىتىگە يول قويمايدىغانلىقىنى، ئىتتىپاقلىقنى تەشەببۇس قىلىدىغانلىقىنى چۈشىنىپ يەتكەن. بۇ، نۆۋەتتە ئامېرىكا جەمئىيىتىدە كۆرۈنەرلىك كۆپىيىپ كېتىۋاتقان، نىكاھسىز بىللە ئۆتۈش، ھارامدىن بالا تېپىش، ئوخشاش جىنسلىقلار توي قىلىشنى دەۋا قىلىش، زەھەرلىك چېكىملىك چېكىش، زوراۋانلىق

www.uyghurkitap.com

قىلمىشلىرى كۆچىيىپ كېتىش قاتارلىق كىشىلەرنى ئەندىشىگە سېلىۋاتقان مەسىلىلەرگە سېلىشتۇرغاندا ئاكتىپ ئەھۋال بولۇپ تۇيۇلغان. بۇنىڭ بىلەن كۆپلىگەن ئامېرىكىلىقلار ئىسلام دىنىنىڭ ئىدىيەسىگە ئەستايىدىل مۇئامىلە قىلىشقا، يات، ناتونۇش ھېس قىلىدىغان بۇ دىننى چۈشىنىشكە يۈزلەنگەن. مەسىلىلەرگە ئوبيېكتىپ مەۋقەدە تۇرۇپ قارايدىغان ئىلغار ئىدىيەگە ئىگە مۇتەپەككۇرلار ھەم سىياسىيونلار ئامېرىكىنىڭ كەلگۈسى بىلەن ئىسلام دىنىنىڭ كېلەچىكىنىڭ زىچ باغلىنىشلىق ئىكەنلىكىنى تەكىتلەشكەن.

ھازىرقى ئەھۋال شۇكى، ئامېرىكىدىكى مۇسۇلمانلارنىڭ ئۆز ـ ئۆزىگە بولغان ئىشەنچى بارغانسېرى ئېشىپ، دىنىي ئەنئەنىسى زور دەرىجىدە كۈچەيگەن. ئۇلار ئامېرىكا نوپۇسى ئىچىدە ئىگىلىگەن نىسبىتىنىڭ زورىيىپ، خىرىستىيان دىنىدىنلا كېيىن تۇرىدىغان ئىككىنچى چوڭ دىن بولۇپ قالغاندىن كېيىنكى ئىجتىمائىي مەسئۇلىيىتى ئۈستىدە ئەستايىدىل ئويلىنىشقا كىرىشكەن. ئۇلار چوقۇم ئامېرىكىنىڭ سىياسىي تۇرمۇشىغا تېخىمۇ ئاكتىپ كۆڭۈل بۆلۈپ ۋە قاتنىشىپ، ئوخشاش بولمىغان ئېتىقاد ۋە ئىرقتىكى كىشىلەر بىلەن چۈشىنىش ھاسىل قىلىش ۋە ئالاقە باغلاش جەھەتتە تېگىشلىك رول ئويناش ئىرادىسىگە كەلگەن. لېكىن، ئىسلام دىنىغا دۈشمەنلىك ۋە ئىشەنمەسلىك مەيدانىدا تۇرۇپ قارايدىغان بىر قىسىم كىشىلەر «ئىسلام تەھدىتى نەزەرىيەسى» نى كۆتۈرۈپ چىقىپ، دۇنيا جامائەتچىلىكىگە، بولۇپمۇ خىرىستىيان دۇنياسىغا مۇسۇلمانلارنى خەۋپ ھېس قىلدۇرۇش ھەرىكىتى بىلەن شۇغۇللىنىپ، ئامېرىكىدىكى مۇسۇلمانلارنىڭ ئاكتىپ پوزىتسىيە بىلەن ئامېرىكا جەمئىيىتىنىڭ تەرەققىيات مۇساپىسىگە قاتنىشىش يولىغا توسالغۇ پەيدا قىلىشقا ئۇرۇنغان. ئۇلارنىڭ «ئىسلام تەھدىتى نەزەرىيەسى» نىڭ ئاساسلانغان مۇھىم ئاساسلىرىدىن بىرى، ئىسلامىيەت دۇنياسىدىكى ئىسلام ئويغىنىش ھەرىكىتى داۋامىدا كۆرۈلۈۋاتقان بىر قىسىم ئېكستىرېمىزمچى ئۇنسۇرلارنىڭ چەكتىن ئاشقان ھەرىكەت

ۋە تەشەببۇسلىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولسا، يەنە بىرى مۇسۇلمانلار نوپۇسىنىڭ دۇنيا مىقياسىدا، بولۇپمۇ خىرىستىيان دۆلەتلىرىدە تېز كۆپىيىۋاتقانلىقى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. ئۇلار: «ھازىر دۇنيادا 1 مىليارد 300 مىليون مۇسۇلمان بار. بۇ دۇنيا نوپۇسىنىڭ بەشتىن بىرىنى ئىگىلەيدۇ. رۇسىيەدە ھازىر يىلىغا 600 مىڭدىن 900 مىڭغىچە نوپۇس ئازىيىۋاتىدۇ. نوپۇسنىڭ ئازىيىشى رۇسىيەنىڭ مىللەت تەركىبىگىمۇ تەسىر كۆرسەتمەكتە. ھازىر رۇسىيەدە مۇسۇلمانلار ئومۇمىي نوپۇسنىڭ 12% — 18% ىگىچە بولغان نىسبەتنى ئىگىلەيدۇ. مۇسۇلمانلار كۆپىيىش ھالىتىدە تۇرۇۋاتىدۇ. مۇشۇنداق كېتىۋەرسە مۇشۇ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغا بارغاندا رۇسىيەدىكى مۇسۇلمانلار پۈتكۈل مەملىكەت نوپۇسىنىڭ تۆتتىن بىر قىسمىنى ئىگىلەيدۇ. ياۋروپادا ھازىر 23 مىليون مۇسۇلمان بار. كۆچمەنلەرنىڭ كۆپىيىشىگە ئەگىشىپ ئۇلار بارغانسېرى كۆپەيمەكتە. فىرانسىيەدە 6 مىليون، گېرمانىيەدە 3.5 مىليون، ئەنگلىيەدە 2 مىليون، ئىتالىيەدە 1 مىليون مۇسۇلمان بار. بۇلار ئۇ دۆلەتلەردە خىرىستىيان دىنىغا يات مەدەنىيەتنى ئومۇملاشتۇرماقتا» دەپ قارىغان. مۇشۇنداق ۋەھىمە پەيدا قىلىدىغان نەزەرىيەلەرنىڭ پاسسىپ تەسىرى ئادەتتىكى كىشىلەرنى ئىسلام دىنىغا ۋە مۇسۇلمانلارغا دۈشمەنلىك بىلەن قارايدىغان قىلىۋەتكەن. مەدەنىيەتلەر توقۇنۇشى نەزەرىيەسىنىڭ قارا كۆلەڭگىسى جەمئىيەتتە يەنىلا ئۆزىنىڭ پاسسىپ تەسىرىنى يوقاتماي كەلگەن. شۇ سەۋەبتىن غەرب مۇسۇلمانلىرى ئارىسىدا «مېنىڭ ئىسمىم خان» دېگەن كىنونىڭ ئاخىرىدىكى «مېنىڭ ئىسمىم خان، مەن تېررورچى ئەمەس» دېگەن سۆز مودا بولغان. بۇ سۆز ئۆز نۆۋىتىدە يەنە غەرب دۇنياسىدىكى مۇسۇلمانلارنىڭ ئورتاق ساداسى بولۇپ قالغان. ئىسلام دۇنياسىغا ئۆچمەنلىك ھېسسىياتى بىلەن مۇئامىلە قىلىشتا داڭ چىقارغان بۇش ھۆكۈمىتىگە سېلىشتۇرغاندا ھازىر ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈۋاتقان ئوباما ھۆكۈمىتى غەرب دۇنياسى بىلەن ئىسلامىيەت دۇنياسى ئوتتۇرىسىدىكى

مەدەنىيەتلەر توقۇنۇشىنى پەسەيتىش جەھەتتە بىر قەدەر ئاكتىپ سىياسەت يۈرگۈزمەكتە.

قىسقىسى، ھەر نۆۋەتلىك ئامېرىكا ھۆكۈمىتىنىڭ قانداق سىياسەت يۈرگۈزۈشى ۋە ئوخشاشمىغان گۇرۇھتىكى سىياسىيون ھەم مۇتەپەككۇرلارنىڭ قانداق قاراشلارنى تەشەببۇس قىلىشىدىن قەتئىينەزەر ئامېرىكا مۇسۇلمانلىرى ئامېرىكا جەمئىيىتىنىڭ مۇھەم ئەزالىرى، ئىقتىساد، سىياسىي، مەدەنىيەت ساھەسىدىكى ئاكتىپ كۈچ سۈپىتىدە ئىزچىل ئالغا ئىلگىرىلىمەكتە.

2011 ـ يىلى 8 ـ ئايدا يېزىلدى

## پايدىلانغان ماتېرىياللار:


① مەملىكەتلىك دىن ئىشلىرى ئىدارىسى دىن تەتقىقات مەركىزى تۈزگەن «زامانىمىزدىكى دۇنيانىڭ دىن مەسىلىلىرى» دېگەن كىتاب. دىن مەدەنىيىتى نەشرىياتى، 2007 ـ يىلى، بېيجىڭ نەشرى.

② ليۇ پېڭ: «بۈگۈنكى ئامېرىكىدا دىن»، ئىجتىمائىي پەن ئەسەرلىرى نەشرىياتى، 2001 ـ يىلى، بېيجىڭ نەشرى.

③ جون ئىسپوستو، دالىيا موگاھېد (ئامېرىكا): «كىم ئىسلام ئۈچۈن سۆزلەيدۇ؟»، جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر نەشرىياتى، 2010 ـ يىلى، بېيجىڭ نەشرى.

④ چېن چياۋخۇي: «ئامېرىكا»، جېڭخۇا نەشرىياتى، 2001 ـ يىلى، بېيجىڭ نەشرى.

⑤ چېن جىڭيۈەن: «كۆپ خىل مەدەنىيەتلىك ھازىرقى ئامېرىكا»، سىچۈەن خەلق نەشرىياتى، 2003 ـ يىلى، چېڭدۇ نەشرى.

⑥ «دىن ۋە ئامېرىكا جەمئىيىتى» ناملىق مەجمۇئەنىڭ 1 ـ ساندىن 6 ـ سانىغىچە، ئېقىم مەسىلىلىرى نەشرىياتى، 2004 ـ يىلىدىن 2009 ـ يىلىغىچە بېيجىڭ نەشرى.

⑦ ۋېي تيەن: «ئامېرىكا»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1986 ـ يىلى، ئۈرۈمچى نەشرى.

⑧ دوك فاڭشياۋ قاتارلىقلار: «ئىسلام ۋە سوغۇق ئۇرۇشتىن كېيىنكى دۇنيا»، ئىجتىمائىي پەن ئەسەرلىرى نەشرىياتى، 1999 - يىلى، بېيجىڭ نەشرى.

⑨ جون ئېسپوستو: «ئىسلام تەھدىتى — ئەپسانىمۇ، رېئاللىقمۇ؟»، ئىجتىمائىي پەن ئەسەرلىرى نەشرىياتى، 1999 - يىلى، بېيجىڭ نەشرى.

⑩ سەيىد ھۈسەيىن ناسىر: «ئىسلام دىنى»، شاڭخەي قەدىمكى ئەسەرلەر نەشرىياتى، 2008 - يىلى نەشرى.

⑪ جون پوۋېل باش مۇھەررىرلىكىدە تۈزۈلگەن «20 - ئەسىردىكى دۇنيادىكى لىدىرلارنىڭ تەرجىمىھالى قامۇسى»، ئىككى توم، ئاممىۋى ئەدەبىيات - سەنئەت نەشرىياتى، بېيجىڭ، 2001 - يىلى، نەشرى.

⑫ ئېدۋارد سەئىد: «دۇنيا . ئەسەر . ئوبزورچى»، ئۈچ بىرلەشمە نەشرىياتى، بېيجىڭ، 2009 - يىلى نەشرى، خەنزۇچە.

⑬ ۋالېرى كېننېدىي (ئەنگلىيە): «ئېدۋارد سەئىد»، سۇمۇرغ نەشرىياتى تاراتقۇ گۇرۇھى بىلەن جياڭسۇ خەلق نەشرىياتى بىرلىكتە نەشر قىلغان. 2006 - يىلى نەشرى.

⑭ ۋاڭ گۇيليەن: «نېگىرلار خەلق ھوقۇقى ھەرىكىتىنىڭ داھىيسى ھېسابلانمايدىغان نېگىر داھىي — مالكوم ئېكس بىلەن ئامېرىكا نېگىرلار خەلق ھوقۇقى ھەرىكىتىنىڭ مۇناسىۋىتى ھەققىدە»، «دۇنيا مىللەتلىرى» ژۇرنىلىنىڭ 2010 - يىللىق 6 - سانى.

⑮ ۋاڭ ئېنمىڭ: «مالكوم ئېكس ۋە ‹نېگىرلار كۈچى›»، «دۇنيا مىللەتلىرى» ژۇرنىلىنىڭ 2011 - يىللىق 5 - سانى.

⑯ چېن ئەن: «ئامېرىكا زىيالىيلىرى — ئامېرىكا جەمئىيىتىنىڭ تەرەققىياتىغا تەسىر كۆرسەتكەن مۇتەپەككۇرلار»، بوگونكى جۇڭگو نەشرىياتى، بېيجىڭ، 2010 - يىلى 10 - ئاي نەشرى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# قەشقەر ئادەتلىرى ھەققىدە


«قەشقەر ئادەتلىرى ھەققىدە» دېگەن بۇ پارچە تۈركىيەلىك ئەھمەد كامال ئىلكۈلنىڭ «چىن — تۈركىستان خاتىرىلىرى» دېگەن كىتابىدىن ئېلىنغان بولۇپ، مەن بۇ كىتابنىڭ 1998 - يىلى نەشر قىلىنغان تۈركچە نەشر نۇسخىسىنى كۆرۈپ ئاپتورنىڭ كۈنىمىزدىن بىر ئەسىر ئىلگىرىكى قەشقەر ئادەتلىرى ھەققىدىكى بۇ بايانلىرىنىڭ ماتېرىياللىق قىممىتىنىڭ يۇقىرىلىقىنى ھېس قىلدىم. مەن «قەشقەر ئادەتلىرى ھەققىدە» دېگەن بۇ پارچىنى ئوقۇرمەنلەرگە سۇنۇشتىن ئاۋۋال بۇ خاتىرىنىڭ ئاپتورى ئەھمەد كامال ئىلكۈلنى تونۇشتۇرۇپ قويۇشنى زۆرۈر تاپتىم. چۈنكى، ئۇيغۇر يېڭى مائارىپ تارىخىغا مۇناسىۋەتلىك كۆپلىگەن ماقالە - ئەسەرلەردە ئۇنىڭ نامى تىلغا ئېلىنىدۇ. ئەمما، قاچان، قانداق سەۋەب بىلەن قەشقەرگە كەلگەنلىكىنى، قاچان، قانداق سەۋەب بىلەن يۇرتىغا قايتىپ كەتكەنلىكىنى كۆپىنچە كىشىلەر خاتا بايان قىلىدۇ. ئەڭ ئومۇملاشقان خاتالىق، ئۇنى قەشقەرگە 1907 - يىلى كەلگەن، دېگەن خاتالىق بىلەن ياڭ زېڭشىن ئۇرۇمچىگە قەپەسكە سولاپ ئېلىپ كەتكەن، دېگەن خاتالىقتۇر.

ئەھمەد كامال ئىلكۈل 1889 - يىلى ئوسمان ئىمپېرىيەسى تەۋەسىدىكى رودۇس ئارىلىدا تۇغۇلغان. رودۇس ئارىلى ئوسمان ئىمپېرىيەسى ھۆكۈمىتى ئىمپېرىيە ھۆكۈمىتى بىلەن ئوخشاش پىكىردە بولمىغان زاتلارنى سۈرگۈن قىلىدىغان ئارال بولغاچقا ئەھمەد كامال بالىلىق ۋە ئۆسمۈرلۈك چاغلىرىدىن باشلاپلا رودۇس ئارىلىغا سۈرگۈن قىلىنغان ئىلغار پىكىرلىك كىشىلەرنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان. ئۇ ئوتتۇرا مەكتەپنى 16 يېشىدا تاماملاپ ئىككى يىل يەرلىك ئەدلىيە ئورگىنىدا پۈتۈكچى بولغان. كېيىن ئوقۇتقۇچىلىقتا ئىم-

تىهان بېرىپ قوبۇل قىلىنغان. ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ سۆمبە -
كى، مەئىس ئاراللىرىدا مۇئەللىم، باش مۇئەللىم بولغان. ئۇ يېزىق -
چىلىق هاياتىنى مەئىس ئارىلىدا باش مۇئەللىملىك قىلىۋاتقان چې -
غىدا باشلىغان هەمدە «مەئىس ئارىلى تارىخى» ناملىق بىر ئەسەر
ئېلان قىلدۇرغان.

ئەهمەد كامال 1911 - يىلى ئىستانبۇلغا كەلگەن. ئىستانبۇلدا
«ئىتتىهات ۋە تەرەككى» (بىرلىك ۋە تەرەققىيات) مەكتىپىدە ئوقۇت -
قۇچى بولغان. «خەلق» گېزىتىدە بىر مەزگىل ئىشلىگەن. باهاۋۇدۇن
باينىڭ تەلىپىگە مۇناسىپ هالدا تۈركىيەلىك تەلئەت بەي دېگەن
كىشى ئۇنى قەشقەرگە بېرىپ ئوقۇتقۇچى بولۇشقا بۇيرۇغان. شۇنىڭ
بىلەن ئۇ 1914 - يىلى هەج سەپىرىگە بېرىپ قايتقان ئوبۇلهەسەن
مۇسابايېۋ (هۈسەن باي بىلەن باهاۋۇدۇن باينىڭ ئانا باشقا ئىنىسى،
ئادەتتە ئوبۇلهەسەن هاجى دەپ ئاتىلىدۇ) قاتارلىق هاجىلار بىلەن
بىللە قەشقەر سەپىرىگە ئاتلانغان. ئۇلار 1914 - يىلى 16 - فېۋرال
ئىستانبۇلدىن يولغا چىقىپ پاراخوت بىلەن قارا دېڭىز ئارقىلىق
ئودىساغا بارغان. ئودىسادىن پويىز بىلەن خاركوف، سامارا ئارقىلىق
ئورېنبۇرگقا يېتىپ كەلگەن. ئۇ يەردىن ماشىنا بىلەن تاشكەنتكە
كەلگەن. تاشكەنتتىن ماشىنا بىلەن قوقەنت، مەرغۇلان، ئەنجان ئار -
قىلىق ئوشقا يېتىپ كەلگەن. ئوشتىن ئاتلىق يولغا چىقىپ 1914 -
يىلى 14 - مارت ئۇستۇنئاتۇشقا يېتىپ كەلگەن.

ئەينى چاغدا ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە يېڭى مائارىپنى يولغا قويۇشتا
ئەڭ تەس بولۇۋاتقان مەسىلە ئوقۇتقۇچى يوق بولۇش مەسىلىسى ئى -
دى. مۇشۇنى نەزەردە تۇتۇپ، ئەهمەد كامال باهاۋۇدۇن باي بىلەن
مەسلىهەتلىشىپ قەشقەر شەهىرىدە ئوقۇتقۇچى تەربىيەلەش مەكتى -
پى — «دارىلمۇئەللىمىن ئىتتىهات ۋە تەرەككى»نى تەسىس قىلد -
ماقچى بولىدۇ. بۇنىڭغا قەشقەردىكى تەسىرى زور زەردار ئۆمەرباي
باشچىلىقىدىكى مۇتەئەسسىپ مولللىلار قەتئىي قارشى چىقىدۇ. ئاب -
دۇقادىر دامولللام قاتارلىقلارمۇ ئارىغا چۈشۈپ ئۆمەربايىنى كۆندۈرەل -



مەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن
نائىلاج ئۇيغۇر يېڭى
مائارىپ تارىخىدىكى
تۇنجى پېداگوگىكا
مەكتىپى ئۇستۇئىا-
تۇشنىڭ ئىكساق كەن-
تىدە قۇرۇلىدۇ. شۇ
يىلىنىڭ ئاخىرى
مەكتەپ بىناسى پۈتۈپ
ئوقۇش باشلىنىدۇ.
1914 - يىلى كەچ
كۈزدىن 1916 - يىلد-
غىچە بۇ مەكتەپتە
ئىپتىدائىي (باشلان-
غۇچ) مەكتەپلەر ئۈچۈن
مۇئەللىم يېتىشتۈرۈ-

سۈرەتتىكى ئاق كىيىملىك كىشى ئەھمەد كامال

لىدۇ. مۇشۇ ئىككى يىل جەريانىدا نۇرغۇن زىددىيەت ۋە كۈرەشلەر يۈز بېرىدۇ. ئەھمەد كامال ئىككى قېتىم ھەپسىگە ئېلىنىدۇ. 25 ياشلاردىكى ئەھمەد كامال تەجرىبىسىزلىكى ۋە مىجەزىدىكى ئال-دىراڭغۇلۇق سەۋەبىدىن دىنىي ئېتىقاد ۋە سىياسىي سەزگۈرلۈككە چېتىلىدىغان مەسىلىلەردە سەل ئاشۇرۇۋېتىپ مۇتەئەسسىپ ئۆلىد-مالار ۋە ئەكسىيەتچى ھۆكۈمەتنىڭ دىققىتىنى قوزغايدىغان بەزى ئىشلارنى قىلىپ قويىدۇ. بولۇپمۇ قەشقەردىكى تەسىر كۈچى زور شەخسلەرنىڭ زىددىيىتىگە ئارىلىشىپ قېلىپ، ئۇلارنىڭ ئارىسىدى-كى يېڭىلىققا، ئىلغارلىققا قارشى مۇتەئەسسىپ گۇرۇھتىكىلەرنىڭ كۆزىگە سىغماي قالىدۇ. شۇ سەۋەبتىن ئۇلار ئەھمەد كامالنى ھۆكۈ-مەتكە خەۋپلىك كۆرسىتىپ چۈشەندۈرۈشىدۇ. قەشقەر، ئاتۇشلاردىكى يېڭى مائارىپ ھەرىكىتىنىڭ كۈندىن - كۈنگە ئەۋج ئېلىپ جانلىد-

نىپ كېتىۋاتقانلىقىغا نارازى بولۇپ، باھانە تاپالماي ئاران تۇرغان ياش زېھنىڭ ھۆكۈمىتى ئاخىر ئەھمەد كامالغا كەسكىن ھەرىكەت قوللىنىدۇ. نەتىجىدە، 1917 - يىلى ياش زېھنىڭ ھۆكۈمىتى ئەھمەد كامالنى كۇچاغا سۈرگۈن قىلىدۇ. كېيىن كۇچادىمۇ توختىتالماي ئۇدۇل ئۈرۈمچىگە ئاپىرىپ، ئۈرۈمچىدە ئىككى يىل تۈرمىگە قامايدۇ. ئېنىقراق ئېيتقاندا، ئەھمەد كامال ئۈرۈمچىدە تەقىب ئاستىدا ياشايدۇ. ئۇ رېجىمدىكى مەزگىلىدە ئۆزىنىڭ ئابرۇيى ۋە پاراسىتىگە تايىنىپ ھەم بۇرھان شەھىدى قاتارلىق ئىلغار ياشلارنىڭ يوشۇرۇن ياردىمى ئارقىلىق «مۇھەررىرى قەلەم، ئىگىسى ۋىجدان، مەتبەئەسى بەش بارماق، تەھرىرلەش ئورنى زىندان» بولغان «يېڭى ھايات» گېزىتىدىن ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ جەمئىي 30 سان بېسىپ تارقىتىدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، بۇ گېزىتنىڭ ئالدى چۆچەككىچە يېتىپ بارغان.

ئەھمەد كامال ئۈرۈمچىدە تەقىبتە تۇرغان مەزگىلىدە بىر چەت ئەللىك بولۇش سۈپىتى بىلەن ھۆكۈمەت دائىرىلىرىگە ئۆزىگە قىلىنغان مۇئامىلىنىڭ مۇۋاپىق بولمىغانلىقى توغرۇلۇق تەكرار ئەرز سۇنغان. 1919 - يىلى ھۆكۈمەت دائىرىلىرى ئۇنى تەقىبتىن بوشىتىپ ئىككى ئەسكەرنىڭ يالاپ مېڭىشى بىلەن شاڭخەيگە يولغا سېلىپ قويغان. ئۇ شاڭخەيدىن پاراخوت ئارقىلىق يولغا چىقىپ ئۇزۇن مۇساپىلەرنى بېسىپ 1920 - يىلى 18 - ئىيۇن كۈنى تۈركىيەگە يېتىپ بارغان.

ئەھمەد كامال ئىلكۈلنىڭ تۈركىيەگە قايتىپ بارغاندىن كېيىنكى ئىشلىرى، ھاياتى توغرۇلۇق ئېنىق مەلۇمات يوق. پەقەت 1924 - يىلى ئىزمىردا «چىن — تۈركىستان خاتىرىلىرى»، 1955 - يىلى ئىستانبۇلدا «تۈركىستان — چىن سەپىرىدىكى ئۇنتۇلماس خاتىرىلەر» ناملىق ساياھەت ئەدەبىياتىغا تەۋە ئىككى پارچە كىتابى، 1962 - يىلى «بىر يېتىمنىڭ ھاياتى» ناملىق بىر تەرجىمىھال خاراكتېرلىك ئەسلىمىسى نەشر قىلىنغانلىقى مەلۇم. ئۇ 1966 - يىلى 22 - ماي كۈنى ئالەمدىن ئۆتكەن.

ئەھمەد كامالنىڭ يۇقىرىدا نامى ئاتالغان ساياھەت ئەدەبىياتىغا تەۋە ئىككى پارچە كىتابى بىرلەشتۇرۇلۇپ، 1998 ـ يىلى ئىستانبۇلدىكى ئۆتۈكەن نەشرىياتى تەرىپىدىن يۇسۇف گەدىكلى ئەپەندىنىڭ نەشرگە تەييارلىشىدا «چىن ــ تۇركىستان خاتىرىلىرى» دېگەن ماۋزۇدا نەشر قىلىنغان. بۇ كىتابتا قەشقەر رايونىدا يېڭى مائارىپنىڭ يولغا قويۇلۇشىغا مۇناسىۋەتلىك قىممەتلىك بايانلار بولۇش بىلەن بىللە، يەنە 1910 ـ يىللاردىكى قەشقەرنىڭ ئىجتىمائىي ئەھۋالى، كىشىلەرنىڭ يېڭىلىققا تەلپۈنۈشلىرى، ئىدىيەۋى كۈرەشلەر ناھايىتى ياخشى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. تارىخىي ئۈچۈرلار مول، ماتېرىياللىق قىممىتى ئىنتايىن يۇقىرى. مەن مانا مۇشۇ كىتابتىكى «قەشقەر ئادەتلىرى ھەققىدە» دېگەن قىسمىنى كىتابخانلارنىڭ كۆرۈپ بېقىشى ئۈچۈن تەييارلىدىم.



ئەھمەد كامال

بۇ پارچىدا 1910 ـ يىللاردىكى قەشقەر جەمئىيىتى خېلى روشەن سۈرەتلەنگەن. ئوقۇغان كىشىنى ئەينى چاغدىكى جەمئىيەت ئەھۋالى ھەم كىشىلەرنىڭ روھىي قىياپىتى ھەققىدە چۈشەنچىگە ئىگە قىلىش بىلەن بىللە، يەنە ئەپسۇسلۇق ئويلارغا غەرق قىلىدۇ. ئەسەرنىڭ مەزمۇنىغا ماسلاشتۇرۇپ، ئەينى يىللاردىكى قەشقەرنىڭ ئىجتىمائىي ھاياتىنى ۋە قەشقەرلىكلەرنىڭ قىياپىتىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان بىر قىسىم كونا سۈرەتلەرنى قوشۇپ قويدۇم. بۇ سۈرەتلەرمۇ بىزنىڭ شۇ يىللاردىكى ئىجتىمائىي ئەھۋاللارنى بىلىشىمىزگە ياردەم بېرىدۇ.

تۆۋەندە ئەھمەد كامال ئىلكۆلنىڭ «قەشقەر ئادەتلىرى ھەققىدە» دېگەن خاتىرىسىنى كۆرۈپ باقايلى:

## قەشقەردە ئايەم كېچىسى

قەشقەرلىكلەر شابانۇلمۇئاززەمنىڭ ئون بەشىنچى كۈننى ئايەم
كېچىسى دېيىشىدۇ. «ئايەم» دېگەن سۆز شەرەپلىك ۋە ئاز ئۇچرايدى-
غان دېگەن مەنىنى بىلدۈرسە كېرەك. بۇ كۈندە قەشقەر ئاھالىسى ۋە
يېزا خەلقى ئافاق خوجا دېيىلىدىغان تۆت يۈز يىل ئىلگىرى قەش-
قەردە ھۆكۈم سۈرگەن بىر زاتنىڭ مازارلىقىغا يىغىلىدۇ، تۈنەك دې-
يىشىپ، ئىبادەت قىلىش نىقابى ئاستىدا پۈتۈن كېچىنى ئويۇن -
تاماشا بىلەن ئۆتكۈزىدۇ. قەشقەرلىكلەرنىڭ ئافاق خوجىغا بولغان
ئىخلاسى بەك چوڭ. ئۇ زاتقا بولغان مۇھەببەت ۋە ئېتىقادى شۇ دە-
رىجىگە يەتكەنكى، كىشىلەرنىڭ خۇداغا ئىلتىجا قىلىپ تۇرۇپ،
قەبرىنىڭ ھاكلانغان ۋە سىرلانغان تاشلىرىغا يۈزىنى يېقىپ، قەبرى-
نىڭ قىرلىرىنى چىشلىشىپ، ئاشقازان ئاغرىقىغا داۋا بولىدۇ، دې-
يىشىپ گۈمبەزدىكى ياغاچلارنىڭ قوۋزاقلىرىنى غاجىلىغانلىرىنى،
يېزىلىق ھامىلىدار ئايالالار تۇغۇتىمىز ئاسان بولىدۇ، دەپ مازارنىڭ
ئۈستىگە ئېسىپ قويۇلغان قويلارنىڭ مۈڭگۈزلىرىنى قورساقلىرىغا
باغلاپ يۈرۈشكەنلىكىنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆردۈم. ئۇلار خۇراپات-
لىقنىڭ قۇرالى ۋە قۇربانى بولۇش قانچىلىك چوڭ گۇناھ ئىكەنلى-
كىنى ئەقىل بىلەن ئويلاپ كۆرۈشنىمۇ خالىمايدۇ.

ئايەم كېچىسى قەشقەردە ھېچكىم ئۇخلىمايدۇ. خىرىستىيانلار-
نىڭ يىل بېشى كېچىسى ھەممە ئۆيدە، ھەممە جايدا قىمار ئوينايدى-
غان ئادىتى، قائىدىسى بار. قەشقەردىمۇ شۇنداق. ئافاق خوجىدا، ئا-
لىخاندا، قۇتبۇلالى دېگەن مازارلىقلاردا كىشىلەر تاڭ ئاتقىچە قىمار
ئوينىشىدۇ. خىرىستىيانلار تەلەيلىرىنى سىناپ كۆرۈش ۋە بىر يىل-
لىق ئۆمرىنى تەبرىكلەش مەقسىتىدە، گۈلخان يېقىشىپ ئۇنىڭ
ئۈستىدىن ئاتلىشىدۇ. قەشقەردىمۇ بۇ ئادەت ئايەم كېچىسى ئورۇن-
لىنىدۇ. ئايەم ئاخشىمى ھەممە كوچىدا جەھەننەم يېرىقىدەك كۆرۈن-

www.uyghurkitap.com

ـدىغان، تۇتۇپ تۇرۇشقان ئوتنىڭ ئۈستىدىن ئەر ـ ئاياللار «ۋەششەمس ۋە دۇھاھا» سۇرىسىنى ئوقۇپ تۇرۇپ ئاتلىشىدۇ.

كىچىك بالىلارنىڭ كۆپ قىسمى ئايەم كېچىسى ئوتنىڭ، بۇ توغرا بولمىغان ئادەتنىڭ قۇربانى بولۇشىدۇ. بۇ كېچە ئوغۇللار، قىزلار كوچىلاردا يۈرۈشىدۇ. ياشانغانلار بولسا، مەسچىتتە تاڭ ئاتـقىچە ئولتۇرۇپ، تەسۋىنى 10 مىڭ قېتىم سىيرىپ، خۇدادىن گۇ ـ ناھلىرىنى مەغپىرەت قىلىشنى تىلەيدۇ. ئاتا ـ ئانىسى ياكى تۇغقاندـ لىرىنىڭ تۇپراق بېشىدا ھۇۋقۇشتەك ئولتۇرۇپ تۇنەيدىغانلارمۇ بار. قىسقىسى، بۇ مەھشەر كۈنىگە ئوخشاش كېچىدە ئىنساننىڭ كۆزىگە ئاجايىپ كۆرۈنۈشلەر كۆرۈنىدۇ. ئۇنى كۆرۈپ يا كۇلۇشىڭىز، يا يىغلىشىڭىز لازىم.

ئايەم كېچىسىگە سەھرا خەلقى بەكمۇ ئىخلاس قىلىدۇ. بەزى يۇرتلاردا تويلاشماقچى بولغاندا، ئەر ئالماقچى بولغان ئايالىنى ئايەمـ دە ئافاق خوجىنىڭ مازارلىقىغا ئېلىپ بېرىشى شەرت قىلىنىدۇ. ئەگەر ئەرنىڭ پۇلى بولمىسا، قازان، كوزا، چىنە، چەينەكلىرىنى سېتىپ بولسىمۇ بۇ شەرتنى ئادا قىلىدۇ. جاھالەتنىڭ قۇربانى بولـ غان بۇ بىچارىلەرنىڭ يارىماس ئادەتلىرى ئايەم كېچىسىدە تولۇق ئاشكارىلىنىدۇ. بايلار قوزا گۆشلىرىنى يەپ، قورساقلىرىنى تومپايـ تىپ ئولتۇرغاندا، بىچارە ئۇيغۇر خوتۇنلىرى چىنلىقلارغا ئەتلەس تامباللىرىنى بەش تەڭگىگە گۆرۈگە قويۇشۇپ، ئايەمنىڭ قائىدە ـ يوسۇنلىرىنى ئادا قىلىش ئۈچۈن بېرىشىدۇ. بۇنداق ئەھۋالنى قەشـ قەرنىڭ بايلىرى، ئۆلىمالىرى، پەزىلەت ئىگىلىرى تاماشا قىلىشىدـ دۇ. ئافاق خوجىنىڭ ئۇزۇملۇك بېغى دېيىلىدىغان باغ ئايەم كېچەـ سى ئويۇن ـ تاماشا مەيدانىغا ئايلىنىدۇ. باغنىڭ ئوتتۇرىسىدا توپ ـ توپ بولۇپ ئولتۇرۇشقان، مەيدىسى ئوچۇق كىشىلەر قىمار ئويندـ شىدۇ. باغنىڭ تۆت بۇلۇڭىدا يېقىلغان ئوت ئەتراپىدا نەشىكەشلەر تاڭ ئاتقىچە نەشە چېكىشىپ كاللىسىنى قاپاق قىلىشىدۇ.

كىشىلەرنىڭ ئاغزىدىن ئاجايىپ ـ غارايىپ ھېكايىلىرىنى ئاڭـ



ئافاق خوجا مازىرىدىكى مەدداھلىق سورۇنى

لىغان بۇ ئايەم كېچىسىنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرۈشكە ھەۋەس قىلاتتىم. ئۇ كۈنى كېچىسى نورۇزدا ھاجى ئەلى بىلەن قەشقەرنىڭ خەلق ۋەكىلى سىدىق ئاخۇن شەنزەۋدەنىڭ بۇرادىرى سابىت ھاجىنىڭ بېغىغا مېھمانغا چاقىرىلغانىدىم. بۇ باغ ئافاق خوجا مازارلىقىغا يېقىن بولغاچقا خۇپتەن نامىزىدىن كېيىن دوستلىرىمىزدىن بانكىر ئابدۇرېھىم مۇھەممەدزادە، قادىر تەييار، نورۇززادە، روزى ئاخۇن كېرىمزادە، ئەخمەتخان مۆمىن چوقزادىلەر بىللە ئاتلارغا مىنىپ بۇ كېچىنىڭ تاماشىسىنى كۆرگىلى باردۇق. مىللىيەتچىلىككە ۋە مۇسۇلمانچىلىققا نىسبەتەن قارا داغ ھېسابلىنىدىغان بۇنداق مەكرۇھ قائىدە ـ يوسۇنلارنى كېلەچەك ئەۋلادلىرى ياخشىراق ئويلىشىپ كۆرۈشى لازىم ئىكەن، دېگەن قاراشقا كەلدىم. بۇنداق خۇراپاتلىقتىن قۇتۇلۇش، مۇسۇلمانچىلىق ۋە مىللىيەتچىلىكنى ساپلاشتۇرۇش ئۈچۈن ياشلاردا غەيرەت ۋە ۋەتەنپەرۋەرلىك روھى بولۇشى كېرەك.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

## قەشقەردە رامىزان تۇرمۇشى

قەشقەرلىكلەر رامىزاننى بەك سەممىيەت بىلەن كۈتۈۋېلىشىدۇ. رامىزاندىن بىر ئاي بۇرۇن پۈتۈن ئۆيلىرىنى تازىلاپ، يېڭى كىيىملەرنى تەييارلاپ، تەسۋىلەرنى ئېلىپ، قولتۇقىغا قىستۇرۇپ مەسچىتكە ئېلىپ بارىدىغان جايناما زلارنى تەق قىلىپ قويۇشىدۇ. قىسقىسى، رامىزاننى چوڭ خۇشاللىق ۋە سۆيۈنۈش بىلەن قارشى ئالىدۇ.

بۇ مۇبارەك ئاينىڭ تۆتىنچى، بەشىنچى كۈنلىرىگىچە خۇشاللىق ۋە سۆيۈنۈش داۋام قىلىدۇ. ئالتىنچى كۈنى ھاۋانىڭ ئىسسىپ كەتكەنلىكى توغرىسىدا شىكايەت قىلىنىشىدۇ. يەتتىنچى كۈنى بەڭگىلەر (ئەپيۇنكەشلەر)، بوزىكەشلەر بازاردا، كوچىلاردا ئەقىلسىز تۇغۇلغانلىقى ئۈچۈن ئەسەبىيلىشىپ سوقۇشىدۇ. سەككىزىنچى كۈنى بۇ ئۇزۇن كۈنلەرنى تېزرەك ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن ئۇيقۇغا غەرق بولۇشىدۇ. توققۇزىنچى كۈنى مىجەزلىرىمۇ ئۆزگىشىپ، ئۆزلىرىنىمۇ يەڭگىلەپ قالغاندەك ھېس قىلىشىپ، چاپانلىرىنى سېلىپ، سەللىلىرىنى ئېلىپ تاشلىشىدۇ. ئونىنچى كۈنى تاقىتى تاق بولىدۇ. ھەر كۈنى جازالاش ئۈچۈن بازارغا ئېلىپ چىقىدىغان بىر توپ ئادەم ئۇزۇلمەيدۇ. مەھكىمە شەرئىنى باشقۇرىدىغان رەئىس روزا تۇتمىغان مۇسۇلماننىڭ جازاسى شۇنداق، دەپ قولىدىكى قىيىش قامچا بىلەن يالىڭاچلاپ قويغان بىچارىنى توختىماي ئۇرىدۇ. لېكىن بۇنداق جازاغا بايلار، يېڭى كىيىم كىيگەنلەر، يېپەك سەللە ئورىغانلار ئەمەس، كۆن كەچۈرەلمەيۋاتقان ئاجىز بىچارىلەر ئۇچرايدۇ.

رامىزان كۈنلىرى ھېيتگاھ دېگەن جايدا ئادەم ناھايىتى كۆپ بولىدۇ. ھېيتگاھ مەسچىتىنىڭ ئون بەش ــ يىگىرمە ئارشىن ئېگىزلىكتىكى پەشتىقىغا سۇنايچى بىلەن ناغرىچى چىقىدۇ. خەلق تاراۋىنى ئوقۇپ چىقىپ بىر سائەتتىن كېيىن ئۇلار مىللىي ئاھاڭغا چېلىشقا باشلايدۇ. شەھەرنىڭ ئىچىدىن چىققان ۋە تېشىدىن كىرگەن



1910 ـ يىللاردىكى ھېيتگاھ

خەلق ئۈچ ـ تۆتتىن بولۇپ ھېيتگاھقا كېلىپ يىغىلىشىدۇ، بەزى خانىقانىڭ ئىشان ـ سوپىلىرى مىللىي مۇزىكا ئاھاڭىغا ساماغا چۈشىدۇ، يەنى ئوتتۇرىغا چۈشۈپ، قوللىرىنى كېرىپ تۇرۇپ ئايلىنىشىدۇ. يالاڭ ئاياغ لۈكچەكلەر، تۇمىقىنى ئۆرۈپ كىيگەنلەر، پەشمەتلىرىنى مۈرىسىگە ئېلىۋالغان نوچىلار، راۋابچى روزەكلەر ئالدىدا مېڭىپ ئېگىز ـ پەس توۋلاپ ناخشا ئېيتىشىپ ھېيتگاھقا قاراپ كېلىشىدۇ. بۇ مەيداندىكى ياغ ساتىدىغان دۇكانلارنىڭ چىراغلىرىدىن چىقىپ تۇرغان سېسىق ئىس ناغرا ياڭراپ تۇرغان بۇ كېچىدە مەيداندىكىلەرگە ئەتىر پۇرىقىدەك بىلىنىدۇ. ئۇ دۇكانلارنىڭ ئالدىدا بىر توپ ئۇششاق ئېلىپساتارلار يىغىلىۋالىدۇ. ئۇلار ئۇ يەردە ياۋروپانىڭ سىياسىي سەھنىلىرىدە ھەل قىلىنمىغان چۈشىنىكسىز مەسىلىلەرنىمۇ ھەل قىلىشقا ئۇرۇنۇشىدۇ، ھىندەنبۇرگ، ماكانزىيەلەرنىڭ ئەڭ ئۇلۇغ ھەربىي باشلىقلىرى ئورۇنلاشتۇرۇشقا، سىزىشقا ئاجىزلىق قىلىۋاتقان ئۇرۇش پىلانلىرىنىمۇ ئۇلار تۈزۈپ چىقىدۇ، تەنقىد قىلىشىدۇ. ناغرا چېلىنىپ توختىغاندىن كېيىن قەشقەر ئاسمىنىدا نەشە پۇرىقى بىلەن تۈرلۈك ئىچىملىكلەرنىڭ ھىدى ھۆكۈم سۈرىدۇ. كىشىلەر كېچىنى غەنىيمەت بىلىشكىنى ئۈچۈن ھەم-

مە ئىشلىرىنى قىلىپ تۈگىتىشكە تىرىشىدۇ. تېخى ئەتراپ قاپ-
قاراڭغۇ تۇرسىمۇ بەزى كاللىسى چۆرگىلەپ قالغان مەزىنلەر پەش-
تاقتا چىقىپ ئەزان ئېيتىشقا باشلايدۇ: «جامائەت بىلەن بىللە نامازا
ئوقۇڭلار، بامدات، يەنى سەھەر نامىزىغا چىقىڭلار! چوڭ ساۋاب بار،
ئاللا ھەر تۈرلۈك گۇناھلىرىڭىزنى كەچۈرىدۇ» دېگەن ۋەز بىلەن
كىشىلەر خۇددى شەپەرەڭدەك تەرەپ - تەرەپكە كېتىشىدۇ.
بامدات نامىزىدا كاللىسى قاپاقمۇ، ئەقلى ساقمۇ سەللە يۆگى-
شىپ، ئالدى سەپتە ئولتۇرماسلىقتا، ئىمام ۋە مەھەللە ئاقساقاللى-
رىنىڭ كۆزىگە كۆرۈنمەسلىككە ئۇرۇنۇشىدۇ. نامازنى ئادا قىلىپ
بولۇشقاندىن كېيىن كىشىلەر: «تۇۋا قىلدىم خۇدايىم، گۇناھلىرىم-
نى كەچۈر» دېگەن مۇناجاتنى تەكرار - تەكرار ئېيتىشىپ ئۆيلىرى-
گە قايتىشىدۇ - دە، بۇ قالايمىقان كېچىنى ئاخىرلاشتۇرىدۇ.
روزا ھېيت كېچىسىگىچە تۇرمۇش ئەنە شۇ تەرزدە داۋاملىشىدۇ.
ھېيت كېچىسى بەزى قەلبى پاك، ئىمانى ساپ كىشىلەر ئۆيلىرىنىڭ
تاملىرىغا چىقىپ «خوش ئەمسە رامىزان غوجام، بىزدىن رازى بول-
سىلا، ئامانلىق بولسا يەنە كېلەرلا» دېيىشىپ، رامىزان بىلەن خوش-
لىشىدۇ.

## رامىزاندىكى ساماۋارخانا، چايخانا تۇرمۇشى

قەشقەردە رامىزان ئاخشاملىرى بەزى كىشىلەر ئۆيىدە، بەزىلەر
ساماۋارخانىلاردا مەشرەپ ئويناپ، بەزمە ئۆتكۈزۈشىدۇ. ئۆيلەردىكى
بەزمىگە قارىغاندا، ساماۋارخانىلاردىكى بەزمە ئەدەپ - قائىدىلىك بو-
لىدۇ. رامىزان كىرىپ، روزا ھېيت بولغۇچە ھەر كۈنى كەچتە ئىپ-
تاردىن باشلاپ بىر سائەت، يېرىم سائەت ۋاقىت بۇ مىللىي بەزمىنى
تاماشا قىلىش ۋە تەتقىق قىلىش ئۈچۈن دورغا بەگ سارىيىنىڭ ئو-
دۇلىدىكى قۇربان ئاخۇن دېگەن كىشىنىڭ ساماۋارخانىسىدا ئولتۇر-
دۇم. ئۇلارنىڭ بىر يىگىتبېشى بولۇپ، ئىسمى تۇردى بەگ ھاجىم-

دۇر. بۇ هاجىم سۆھبەتتە مۇلايىم، خەلقپەرۋەر، مىللەتپەرۋەر، ئەـ
دەپ ـ ئەخلاق، مەردلىك ۋە توغرىلىقتا يېگانە، روھى ساغلام بىر
يىگىت بولۇپ، ئەتراپىدا ئۇنىڭ ئەمرىنى بەجا كەلتۈرىدىغان قىرىق ـ
ئەللىكچە يىگىت بار. ئۇلار ھۇنەرۋەن ـ كاسىپلار بولۇپ، غەيۋەت ـ
شىكايەتتىن خالىي، كۈندۈزلىرى ھۈنەر ـ كەسىپلىرى بىلەن مەشـ
غۇل بولسا، ئاخشاملىرى ئويۇن ـ تاماشا قىلىپ ۋاقىت ئۆتكۈزۈشىـ
دۇ. قىسقىسى، بۇ يىگىتلەر پېشانە تەرى بىلەن پىلىكىنىڭ كۈچ ـ
قۇۋۋىتىگە تايىنىپ ياشايدۇ. ئۇلارنىڭ باباش ئاخۇن دېيىلىدىغان دۇـ
تار چالىدىغان بىر سازەندىسى بار. ئۇلار بۇ مەيدىسى ئوچۇق سازەنـ
دىنىڭ شوخ ۋە يېقىملىق نەغمىلىرىنى ئاڭلاپ، غەمگە چۆكۈپ،
ھاڭۋېقىپ ئولتۇرۇشىدۇ. ئەزەم ھاجىم دېگەن قىزىقچى يىگىتلەرگە
پو ئېتىپ، قىزىقچىلىق قىلىپ بېرىدۇ. ئۇلار كېچىنى ئەنە شۇنداق
كۆڭۈللۈك خۇش قىلىپ ئۆتكۈزۈشىدۇ. ئۇلار شۇ ساماۋارخانىدا زوـ
لۇق يېگەندىن كېيىن باشلىرىغا سەللىلىرىنى ئورىشىپ، ئۇدۇل
مەسچىتكە بېرىپ، بامدات نامىزىغا تۇرغانلارنىڭ سېپىگە قوشۇلىـ
دۇ. قەشقەردە بىر ئادەت بار: كېچىسى تاڭ ئاتقانغا قەدەر تۇرلۇك گۇـ
ناھلىق ئىشلارنى قىلىسىمۇ گەپ قىلىشمايدۇ، ئەپۇ قىلىشىدۇ، لېـ
كىن بامدات نامىزىغا چىقمىسا ئەپۇ قىلىشمايدۇ. بىرەر ئىشتا خاتاـ
لىق ئۆتكۈزۈپ قويسا، مەھەللىدىكىلەرنىڭ غەزىپىگە ئۇچرايدۇ ۋە
ئازار يەيدۇ.

قەشقەردىكى ساماۋارخانا تۇرمۇشى ئەنە شۇنداق ئاددىي ھەم ئەـ
دەپ ـ قائىدىلىك بولىدۇ. ئۆيلەردىكى بەزمىلەرگە كەلسەك، بىر
تالاي بايلار دۇتار، تەمبۇر چالدۇرۇپ، ھاياسىز ناخشىلارنى ئېيتىپ،
ئۇسسۇل ئوينىشىدۇ، بەزىلىرى بولسا، مەجۇن يەپ بولۇشۇپ، بۇ
كېچىنىڭ شان ـ شەرىپىگە ياراشمايدىغان بىر قاتار كۆڭۈلنى يېرىم
قىلىدىغان ئىشلارنى قىلىشىدۇ.

## قەشقەردە ھېيت كۈنلىرى

(1334 - يىلى 1 - شەۋۋال، 1916 - يىلى 1 - ئاۋغۇست)

ھېيت كۈنى ئەتىگەندە شەھەر ۋە يېزىدىن بولۇپ 10 مىڭغا يېقىن ئادەم يېپەك كىيىملەرنى كىيىپ، لاھۇر سەللىلىرىنى ئورىشىپ (ھېيت كۈنى قەشقەر خەلقى سەللە ئوراشقا مەجبۇرلىناتتى) ياقۇپخان بىنا قىلدۇرغان جەننەتتەك ماكان ھېيتگاھ جامەسىگە يىغىلىشىدۇ. مەسچىتنىڭ ئىچى - تېشى ئادەمگە تولۇپ كېتىدۇ. ئادەتتە كۆل بويلىرىدا، دەرەخ تۈۋلىرىدە، تېرەكلەرنىڭ تۈۋىدە ياتىدىغان غېرىب - غۇرۋالار ناماز ھەققى ئېلىش ئۈچۈن جامائەتنىڭ ئارىسىدا ئايلىنىپ يۈرۈپ، «سەپلەر تۈز بولسۇن، چاپانلىرىڭىز ئوچۇق بولمىسۇن!» دېگەندەك بىر قاتار سەپسەتىلەر (ئاساسسىز سۆزلەر)نى قىلغۇچى موللا ئەپەندىلەر بىلەن ئاخىرقى سەپلەرنىڭ ئارىسىدا تەڭ ئايلىنىپ يۈرۈپ، جامائەت ئىبادەت قىلىدىغان مەسچىتتە خەقنى ئۈيالدۇرۇپ تىلەمچىلىك قىلىپ بۇ مۇبارەك كۈندە كىشىنىڭ كۆڭلىنى يېرىم قىلىدۇ!



1910 - يىللاردىكى قەشقەرنىڭ يۇقىرى قاتلام كىشىلىرى

بۇ مەملىكەتتە غېرىبلەرنى ئاسرايدىغان دارىلئاجىز، خەيرىيە جەمئىيەتلىرى، شەپقەت قىلىش ۋە ھىمايە قىلىش ئۆيلىرى بولمىغاچقا، مەسچىت ئىچىدە، كوچىنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ئۆلمەسلىك ئۈچۈن تىلەمچىلىك قىلىپ يۈرگەن بۇ مىيىپ - مەجرۇھ، ئاقساق - چولاق بىچارىلەرنى ئەيىبلىگىلى بولمايدۇ! موللا ئەپەندىلەرنىڭ ناماز ھەققى ئېلىشىدەك يولسىزلىقىغا كەلسەك، غېرىب - بىچارىلەرنىڭ ھەققى بولغان زاكات ۋە سەدىقە - پىترىنى ئىككى يۈزلىمىلىك قىلىپ، جامائەتكە نەسىھەت قىلىپ، زورلۇق بىلەن مەسچىتكە يىغىۋېلىشى بىر ئاز كۈلكىلىك ئىش بولسا كېرەك. ناماز ۋاقتى بولغاندا قازىنلاردىن بىرى ئورنىدىن تۇرۇپ، جامائەتنىڭ ئارىسىدا ئايلىنىپ يۈرۈپ، سەپلەرنى تەكشۈرىدۇ، رەتسىز تۇرغانلارنى كۆرسە، سەت سۆزلەرنى قىلىپ سەپنى رەتلەيدۇ. مەن بۇنداق ئىشلارنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆردۈم. ھەتتا شۇ كۈنى يېنىمدا ئولتۇرغان مەدىنىلىك سېيىت كامىل ئەپەندىگىمۇ «بىزنىڭ موللا ئەپەندىلىرىمىز قانچىلىك تەربىيە كۆرگەن ئادەملەر ئىكەنلىكىنى كۆردىڭىزمۇ» دەپ، ئۆكۈنگەنلىكىمنى بىلدۈردۈم.

بىر مەزگىلدىن كېيىن تەكبىر ئوقۇلۇپ، مۇبارەك ھېيت نامىزىغا تۇرۇشىدۇ. بەزى بىچارىلەر تېخىچە ناماز ئوقۇش قائىدىلىرىدىن ۋاقىپ بولمىغاچقا تەكبىردىن كېيىن قوللىرىنى ساڭگىلىتىپ تۇرۇشىدۇ. بەزىلەر بولسا باشلىرىنى لىڭشىتىپ ئولتۇرغان پېتى ئۇدلۇك سۆزلىشىدۇ! قىسقىسى، ئەنە شۇنداق تەرتىپسىز، قالايمىقان ھالەتتە ناماز ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن خاتىپ مۇنبەرگە چىقىپ، قۇتبە ئوقۇشنى باشلايدۇ، ئۇ يېرىم سائەتچە بىرنېمىلەرنى ئوقۇيدۇ. لېكىن، ئۇنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاۋاتقانلار مۈگدەشكە باشلاپ، قورقۇنچلۇق چۈش كۆرۈشىدۇ. چۈنكى، قۇتبىنى ئاڭلاۋاتقانلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك ئەرەبچە ئوقۇلغان قۇتبىدىن ھېچ نەرسىنى چۈشەنمەيدۇ. قۇتبە ئوقۇش «شەرھى ۋەقايى»دىن بىرنەچچە بەت ئوقۇش بىلەن ئاخىرلىشىدۇ. بۇ ئۇلۇغ، شەرەپلىك كۈننىڭ قۇتبىسىدا ئۇيغۇر

جەمئىيىتىنىڭ نىجاتلىقى ۋە سائادىتى توغرىسىدا ھېچ نەرسە دېيىلمەيدۇ.

ھېيت نامىزى ئوقۇلۇپ بولغاندىن كېيىن ناماز ئوقۇغانلار مەسچىت ئىچىدىلا بىر ـ بىرى بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشۈپ، «ھېيت مۇبارەك» دېيىشىدۇ. ياشانغانلار، ياشلار، بالىلار كوچىمۇكوچا، ئۆيمۇئۆي ھېيتلىشىدۇ. ھەر ئۆيگە بىر داستىخان سېلىنىدۇ، داستىخانغا تۈرلۈك تاتلىق ـ تۈرۈم، مېۋە ـ چېۋىلەر تىزىلىدۇ. لېكىن ساھىبخانا داستىخان بار ئۆيدە تۇرمايدۇ. بۇ ھېيت كۈنىدە كىشىلەر ئادەملەرنى ئەمەس، بەلكى ئۆيلەرنى يوقلىشىدۇ.

پەيغەمبەرلەرنىڭ ۋارىسى ۋە شەرىئەتنىڭ قوغدىغۇچىلىرى بولغان قازىلار، ئۆلىمالار، ھېيت نامىزىنى ئۆتەپ بولغاندىن كېيىن كىشىلەرنىڭ ئىشىكلىرىدە ئايلىنىپ يۈرۈشىدۇ، ئىككىنچى قازىنى سايلاشقا كېرەكلىك جامائەت پىكىرلىرىگە ئېرىشىش ئۈچۈن بۇ كۈنلەردە كۆڭۈلگە پۈككەن مەقسەتلىرى ئۈچۈن كىرىشكە تېگىشلىك ئۆيلەرنىڭ ھېچقايسىسىنى تاشلاپ قويمايدۇ، بۇ كۈندە خەلق قازىلارغا ئەمەس، بەلكى قازىلار خەلققە مىننەتدارلىقىنى بىلدۈرۈپ كۆرۈشىدۇ.

ھېيت كۈنى كىشىنىڭ دىققەت ـ نەزىرىنى بەك تارتىدىغىنى قىزلار بىلەن چوكانلاردۇر. ھېيتگاھنىڭ پەشتىقىدا شادىيانە چېلىنىۋاتقان ناغرا، يەنى مىللىي مۇزىكا ساداسىنى ئاڭلاپ ئۇلار ئۆيلىرىنىڭ تاملىرىغا چىقىشىۋالىدۇ، تاملارنىڭ ئۈستىدە قىزىل، سېرىق، سۆسۈن ... ھەر خىل رەڭلىك يىپەك كىيىملەرنى كىيىپ باھار گۈللىرىگە ئوخشاش ياسانغان قىز ـ چوكانلار توپى دولقۇنلىنىپ تۇرۇشىدۇ. باشلىرىغا كىيىۋالغان زەر يىپلىق دوپپىلىرى قۇياش نۇرىدا پارىلداپ تۇرىدۇ. بۇ كۈندە گويا يەر يۈزىدىكى گۈزەللىك تاملارغا ماكانلاشقاندەك بىر مەنزىرە مەيدانغا كېلىدۇ.

ھېيت كۈنى نامازنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن سارايدىكى ئۆيۈمگە قايتىپ كەتتىم. يېنىمدا ۋاپادار دوستلىرىمدىن تۇردى بەگ ھا-

جىم بار ئىدى. سارايىنىڭ ئالدىغا بارغىنىمدا ئۆيۈمنىڭ ئالدىدا بىر توپ كىشىنىڭ توپلىشىپ تۇرغانلىقىنى كۆردۈم. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا سەمىمىي ۋە يېقىن كىشىلىرىمىزدىن بولغان نورۇززادە ھاجى ئەلى، نەزەر ئاخۇن باي، ئابدۇرېھىم ئاخۇن بانكىر، نورۇزبايزادە قادىر تەييار، ۋاپادار دوستلىرىم كېرىم، يۇسۇپ، روزى، مەخسۇت ئاخۇن ۋە بەزى يارەنلەرمۇ بار ئىدى. ئۇلارنى كۆرگىنىمدە قەلبىمدە ئۆركەشلەپ تېشىۋاتقان ھېسسىياتىمنى تۇتالمىدىم. ۋۇجۇدۇمنى چوڭقۇر ئۈمىدسىزلىك، مەيۈسلۈك قاپلىدى. ۋەتىنىمدىن ئۈچ يىل ئايرىلىش تۈپەيلى پەيدا بولغان بۇ مەيۈسلۈك تۇيغۇسىنى ئۇلارغا بىلدۈرمەسلىك ئۈچۈن ئۆزۈمنى خۇشال - خۇرام كۆرسىتىشكە تىرىشتىم. ئۆيۈمگە خالايىق ئۈزۈلمەي كېلىپ، ھېيتىمنى قۇتلۇقلاشتى.

بىر چاغدا قېرىندىشىمىز ھاجى ئەلى يۇرتتىكى بەزى ئابرۇيلۇق، ئىناۋەتلىك كىشىلەرنى يوقلاپ كېلىش لازىملىقىنى ئەسكەرتتى. ئون بەش - يىگىرمىدەك ئىشچان ياش، سادىق دوستلار بىلەن بىللە ئىشىكتىن چىقتۇق. دەسلەپ قىلىپ مەرھۇم قازى كالان ھاجى ئابدۇقادىر ئەپەندىنىڭ ھۆرمىتى ئۈچۈن ئۇنىڭ بالىلىرىنىڭ ئۆيىگە كىردۇق. ئۇ يەردىن چىقىپ، غەيرەتلىك ياشلىرىمىزدىن بولغان يۇسۇپ ئاخۇن باينىڭ ئۆيىگە (يۇسۇپ ئاخۇن نەسىرىدىن ئەپەندىگە ئوخشاش قەشقەردىكى ئاجايىپ شەخستۇر. خالايىق ياش ۋە غەيرەتلىك يۇسۇپ ئاخۇننىڭ ئالدىدىن ئۆتكەندە ئۇنىڭ تولىمۇ ھۆرمىتىنى قىلىدۇ. چۈنكى بۇ كىشىنىڭ تىلى بەك ئۆتكۈر بولغاچقا كەلگەن سۆزنى يۇتۇۋەتمەي دەۋىرىدە) كىردۇق. ئۇ يەردىن چىقىپ ئابرۇيلۇق بايلاردىن ۋە جامائەت خادىملىرىدىن بولغان باھاۋۇدۇن باي ھەزرەتلىرىنىڭ ئۆيىگە، ئۇنىڭدىن كېيىن قەشقەرنىڭ مۆپتىسى داموللا ھاجى ئابدۇقادىر ئەپەندى، شەيخلەردىن ۋەتەنپەرۋەر ھاجى مەنسۇر ئەپەندىلەرنىڭ ئۆيلىرىگە كىرىپ، ئۇلارنىڭ ھېيتىنى تەبرىكلىدۇق. ئۇنىڭدىن كېيىن بەك ياخشى كۆرۈشىدىغان بىر - ئىككى دوستلارنى يوقلاپ ئۆيۈمگە قايتتىم. بۇ كۈننى بەكمۇ

www.uyghurkitap.com

خۇشال ـ خۇرام ئۆتكۈزدۈم.

ھېيتنىڭ ئۈچىنچى كۈنى مېنى زىيادە خۇشال قىلغان، مىللىي ھېيسسىياتىمنى ئۆركەشلەتكەن ئىش ئۇششاق بالىلارنىڭ، كىچىك قىزلارنىڭ ئۆيۈمگە كېلىپ، مەن بىلەن كۆرۈشۈشى بولدى. قەشقەردە قىزلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك قىزىل كىيىم كىيىدۇ. قەشقەر قىزلىرىغا بەك يارىشىدىغان بۇ قىزىل رەڭلىك كىيىملەر ئۇلارنى مالائىكە سۈرىتىدە كۆرسىتىدۇ. ئۇلارنىڭ ئۇششاق ئۆرۈلگەن تال ـ تال چاچلىرى، باشلىرىدىكى زەرلىك دوپپىلىرىنىڭ چىرايلىقلىقىنى تىل بىلەن ئىپادە قىلىپ بېرىش تەس. بۇ بالىلار ھېيت نامىزىدىن كېيىن بىر ـ بىرلىرىنىڭكىگە بېرىپ ھېيتلىشىدۇ. چوڭلاردىن ھېيتلىق ئېلىشىدۇ. لېكىن، ئۇ پۇللارنى خەجلىگۈدەك تۈزۈك يەر يوق، چاڭ ـ توپىلىق يول ـ كوچىلاردىكى لەخپۇڭ، زىماتاڭ دېگەندەك ساختا، زىيانلىق نەرسىلەرگە خەجلەيدۇ. قەشقەر شەھىرى شۇنچە چوڭ ۋە ئاھالىسى شۇنچە كۆپ يۇرت بولسىمۇ بالىلار سۆيۈنۈپ ئوينىغۇدەك بىر بايراملىق مەيداننىڭ بولماسلىقى كىشىنى ھەيران قالدۇرىدۇ ھەم ئەپسۇسلاندۇرىدۇ. ھېيتگاھ مەيدانى بار دېگەن بىلەن ئۇ يەرنى لۈكچەكلەر، قەلەندەرلەر قاپلاپ كەتكەچكە بالىلار ئۇنداق يەردە ئوينىسا ئەخلاقىي جەھەتتە بۇزۇلىدۇ.

بايرام كۈنلىرى دوست ـ يارەنلەر، تونۇش ـ بىلىشلەر ئۆزئارا ھېيتلىشىپ بولغاندىن كېيىن يىگىتلەر ھاۋالىق باغلارغا يىغىلىپ، كىتاب ۋە گېزىت ئوقۇپ، ئەدەبىيات ۋە سىياسەت ھەققىدە سۆزلىشىپ، مۇھاكىمە قىلىشىپ ۋاقىت ئۆتكۈزۈشىدۇ. تېخىچە ئوقۇشقا قىزىقماي يۈرگەن ياشلار بولسا كوچىدا تاماشا قىلىپ يۈرۈشىدۇ. بەزى بايلار ۋە موللا ئەپەندىلەر يىغىلىپ قالغان يەرلەردە تەرەققىيپەرۋەرلەرنىڭ ھەرىكەتلىرىنى توختىتىش ۋە ئۇلارنىڭ يۇرتتىكى ھۆرمەت ئىناۋىتىنى تۆكۈشنىڭ پىلانلىرىنى تۈزۈش بىلەن ۋاقىت ئۆتكۈزۈشىدۇ. ئاقماس، تۇتامسىز مۇھاكىمىلەرنى قىلىشىدۇ. قەشقەردە ھېيت كۈنلىرى ئەنە شۇنداق ئۆتىدۇ.

# قەشقەردىكى مازارغا ئېتىقاد قىلىش ئەھۋالى ۋە خانىقالار

قەشقەرلىكلەرنىڭ ئىچىدە مازارلارغا ئېتىقاد ۋە ئىخلاس قىلىدىغان نۇرغۇن كىشىلەر بار. خەلقنى شۇنداق ھېسسىيات، قاراشقا كەلتۈرگەنلەر ئۆلىمالاردۇر. ئۇلار شۇ ئۇسۇلدا ئۆزلىرى شەخسىي مەنپەئەتكە ئېرىشىشنى كۆزلىگەنلىكتىن ئۇنداق قاراش كۈندىن - كۈنگە خەلق ئىچىدە كۈچەيمەكتە ۋە ئۇمۇمىي خەلق بۇنداق خۇراپاتلىقتا بارغانسېرى مايىل بولماقتا.

جۇمە ۋە بازار كۈنلىرى مۇرات تەھسىن ئاكام، ئافاق خوجام، سېيىت ئەلى ئارسلانخان تۆرەم، قۇتبىلالى خوجام مازىرىدىكى داخانلار گويا بۇۋى مەريەم چېركاۋىدىكى كېچە بايقۇشلىرىغا ۋە پىتىنچى پوپلارغا ئوخشاش بويۇنلىرىغا زۇننار شەكلىدە تەسۋىلەر ئېسىپ، خەتمىقۇرئان ئوقۇپ بەكمۇ كۈلكىلىك مەنزىرە ھاسىل قىلىدۇ. بۇ داخانلار بارومېتىرغا ئوخشاش ھاۋانىڭ ئىسسىقلىق ۋە سوغۇقلۇق دەرىجىسىدىن خەۋەر بېرىدىغان، يەنى ئەر بىلەن ئايالنى بىر - بىرىگە ئامراق قىلىش ياكى ئايالنى ئېرىدىن سوۋۇتۇشتەك بىر قاتار بىمەنە ئىشلارنى قىلىدىغان ئادەملەر بولۇپ، ئۇلار مازارلىقتا تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ، قەبرىدىن ھەربىر كىشىنىڭ ئارزۇسىنى تىلەيدۇ، ئەپسۇسكى، ئۇلار ئىنساننى ياراتقان، پۈتكۈل مەخلۇقات ۋە مەۋجۇداتنىڭ بىردىنبىر مۇراجىئەت قىلغۇچىسى بولغان ئاللادىن تىلەش لازىم بولغان تىلەكلىرىنى تۇپراقتا ئايلىنىپ كەتكەن ئۆلۈكلەردىن تىلەش بەك كۈلكىلىك ۋە ئىسلام قائىدىلىرىگە خىلاپ ئىش ئىكەنلىكىنى بىلمەيدۇ.

گەرچە يۇقىرىدا ئىسمى تىلغا ئېلىنغان قەبرىلەرگە قويۇلغان زاتلارنىڭ بەزىلىرى دىن ۋە ۋەتەنگە جان پىدالىق بىلەن خىزمەت قىلغان ئۇلۇغ روھلار ئىگىسى بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ تۇپراق-

لىرىغا ئادەمنىڭ يۈز ـ كۆزلىرىنى يېقىپ تۇرۇپ يىغلاش، ئۇ جانـ
سىز جىسىملارغا يالۋۇرۇش ئىسلام دىنىنىڭ ئەھكاملىرىغا خىلاپ
ئىشتۇر. ئاللا ھېچقاچان بەندە بىلەن ئۆزى ئوتتۇرىسىدا مازارلارنىڭ
تىلەك تىلەش ۋاستىسى بولۇشىنى راۋا كۆرمەيدۇ، ئىنسانلارنىڭ بۇ
دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە باياشات، بەختىيار تۇرمۇشقا ئېرىشىش ۋە بەختـ
لىك تۇرمۇش كەچۈرۈش يوللىرى «قۇرئان»دا ئوچۇق كۆرسىتىلگەن
ۋە «قۇرئان»دا ئىنسان غەيرەت قىلىپ تىرىشىشىلا مەقسەتلىرى ئەـ
مەلگە ئاشىدىغانلىقى ئېيتىلغان. مازارلارنىڭ گۈمبەزلىرىگە ئېـ
سىلغان قوچقار مۈڭگۈزلىرى، كالىلارنىڭ قۇيرۇقلىرىغا يۈزلىرىنى
يېقىپ تۇرۇپ «مازار غوجام، مېنى باي قىل» ياكى «مېنى شۇ مەقـ
سەتكە يەتكۈز» دېيىشتەك ئىسلامىيەتنى پەس كۆرىدىغان، تۈركىيـ
لەرنىڭ ئۇلۇغلۇقى ۋە ئۈستۈنلۈكىنى تۆۋەن كۆرىدىغان ئۇنداق بىر
قاتار خۇراپىي ۋە بىدئەت ھەرىكەتلەر ئىسلامنىڭ ھۆكمى ۋە قائىدىـ
لىرىدىن ئەمەس!

بۈگۈنكى كۈنلۈكتە خەلقنىڭ ئافاق خوجىنىڭ مازىرىغا نېمە
ئۈچۈن شۇنچە ئىخلاس بىلەن چوقۇنىدىغانلىقىنى ھېچ چۈشىنىپ
بولمايدۇ. كىشىلەر بۇ مازارلىقتا ھەر كۈنى يۈز مىڭلاپ توخۇ، تۇخۇم
ئېلىپ كېلىشىدۇ، ئېلىپ كېلىشكەن قوي، كالىلارمۇ توپ ـ توپ
بولۇپ كېتىدۇ، قەشقەرلىكلەر باشقا مازارلىقتا نىسبەتەن ئافاق خوـ
جا مازىرىغا بەك چوقۇنىدۇ. ھەتتا ناخشىلىرىدىمۇ «ئافاق خوجام،
ئارزۇيۇمنى ئەمەلگە ئاشۇر» دېگەندەك ئىلاھقىلا دېيىلىدىغان، بىمەنە
سۆزلەرنى ئىشلىتىشتىنمۇ يانمايدۇ.

بەزى ساددا كىشىلەر بېشى ئاغرىسا دوختۇرغا بېرىشنىڭ ئورنىـ
غا ئافاق خوجا مازىرىغا يۈگۈرىدۇ. تۇغمىغان خوتۇنلار ئافاق خوجىـ
نىڭ گۈمبىزىگە ئېسىپ قويۇلغان رەخت پارچىلىرىنى بەللىرىگە
باغلىشىۋالىدۇ. پۈتۈنلەي نادانلىق سەۋەبىدىن قىلىۋاتقان بۇنداق
بىدئەت ۋە مۇسۇلمانچىلىقتا داغ چۈشۈرىدىغان ئادەتلەرنى تۈگىتىش
ئۈچۈن قەشقەردە مەكتەپلەرنى كۆپەيتىشتىن، مائارىپقا جان پىدالىق

كۆرسىتىشتىن باشقا ئامال يوق. خەلق بىلەن بايلار مازارلارغا، داخانلارغا، بىر توپ ھۆرۈن قەلەندەرلەرگە بەرگەن نەزىر - سەدىقىلەرنى، بەزمە نامىدا ئىسراپ قىلىنىۋاتقان پۇللىرىنى ئوقۇ - ئوقۇتۇش يولىدا سەرپ قىلسا، ۋەتەن ئۈچۈنمۇ، خەلق ئۈچۈنمۇ، مۇقەددەس دىنىمىز ئۈچۈنمۇ چوڭ ۋە شەرەپلىك خىزمەت قىلغان بولار ئىدى.

ھەزرىتى پەيغەمبىرىمىز بىرەر مەقسەت ۋە تىلەك ئۈچۈن قىلىنىدىغان نەزىرنى چەكلەشنى بۇيرۇيدۇ. شۇڭا، پەيغەمبىرىمىزنىڭ بۇ ئەمرىگە ئەمەل قىلىپ، مازارلارغا نەزىر - سەدىقە بېرىشتىن ۋاز كېچىش، ئۇ روھسىز جەسەتلەردىن مەدەت تىلىمەسلىك لازىم. قەشقەردە خانىقالارمۇ مازارلارغا ئوخشاش بىر توپ ھۆرۈن قەلەندەرلەر،



ئەينى چاغدىكى قەلەندەرلەر

ئىش قىلىشنى خالىمايدىغان ئابداللارنىڭ ماكانى بولۇپتۇ. ئۇلار ئا-
دەم بالىلىرىنى توغرا يولدىن ئازدۇرىدىغان يالغانچى شەيخلەرنىڭ
قولتۇقىغا كىرىۋېلىپ، بەرهەق، هەق راست دېيىشىپ ۋاقىت ئۆت-
كۈزۈشىدۇ. ئاچلىقتىن زارلىنىپ ئىڭرىشىدۇ. بۇ بىچارە، ئەقلى
قىسقا ئادەملەر هايات ۋە ئىش ـ ئوقەتنى تەرك ئېتىپ، شەيخلەرنىڭ
ئارقىسىدا ئۇلارنىڭ قۇيرۇقىدەك ئەگىشىپ يۈرۈشىدۇ. ئاخىر پۈتۈن
ۋەسلىنى بۇ ئەهمىيەتسىز هەرىكەت ئۈچۈن تۈگىتىپ، بىر بۇردا
نانغا زار بولۇشىدۇ. ئالىدىغان بولساق، هۇسەن باينىڭ قېيىنئاتىسى
ماخمۇت بەگ دېگەن دوستۇم بىركۈنى مېنى بۇلاقبېشى دېگەن جاي-
دىكى بىر دەرۋىشنىڭ ئۆيىگە باشلاپ باردى. ئۇ بىچارە دەرۋىش بەك
غۇربەتچىلىك ۋە موهتاجلىقتا چۈشۈپ قالغانىكەن. ماخمۇت بەگ
كېيىن ماڭا ئۇنىڭ سەرگۈزەشتىسىنى سۆزلەپ بەردى. ئۇ كىشىنىڭ
ئۆز ۋاقتىدا قول ـ ئىلكىدە بار، هال ـ كۈنى ياخشى ئىكەن. كېيىن
دەرۋىشلەرنىڭ ئارقىسىغا كىرىپ، هۇم ـ هۇم دەپ يۈرۈپ، بۈگۈنگە
كەلگەندە ئاشۇ هالغا چۈشۈپ قالغانىكەن.

قەشقەردە مىللەتكە پايدىسى بار بىر شەيخ بار، ئۇ بولسىمۇ ئا-
تۇشتىكى سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان مازىرىغا قارايدىغان ئائىلىگە
مەنسۇپ، تەرەققىيات يولىنىڭ قەدرىنى بىلىدىغان، ئاۋامنىڭ هۆرمى-
تىگە ئېرىشكەن شەيخ هاجى مەنسۇر هەزرەت دېگەن كىشى. شەخسىي
مەنپەئەتنى ئويلىمايدىغان، مۇرىتلىرىغا توغرا يول كۆرسىتىدىغان،
ئەركىن پىكىرلىك، گۇناهلىق ئىشلاردىن پۈتۈنلەي خالىي بۇ زات
قەشقەردە تۇنجى قېتىم ئېچىلغان ئۇسۇلى جەدىد مەكتىپىگە مۇ-
هىددىن تەلئەت دېگەن ئوغلىنى بىرىنچى بولۇپ تىزىملاتقانىدى. بۇ
زاتنىڭ تۈركىي خەلقلەرگە بولغان مۇهەببىتى ۋە ئىنشەنچىسىنى
ئالاهىدە ئەسلەپ ئۆتۈشكە ئەرزىيدۇ. ئۇ هەر قېتىملىق سۆزىنىڭ
ئاخىرىدا مۇسۇلمانلارنىڭ جاهالەت، ئاسارەتتىن قۇتۇلۇشى ئۈچۈن
تۈركىي خەلقلەرنىڭ غالىب كېلىشى ۋە زەپەر قۇچۇشىنى تىلەپ دۇ-
ئا قىلىدۇ هەم مۇرىتلىرىنى دائىم مىللىي تۇيغۇ بىلەن تەربىيەلەي-

دۇ. قەشقەردە ئوقۇشقا ھەۋەس قىلىدىغان كىشى مىڭدە بىرگىمۇ يەتمەيۋاتقان چاغدا، بۇ مۆھتەرەم زات ئابدۇقادىر بەگ ئىسىملىك ئوغلىنى باشتا ئىستانبۇلغا مەخسۇس ئىلىم تەھسىل قىلىشقا، كېيىن بېيرۇتتىكى ئامېرىكا مەكتەپلىرىدە ئوقۇشقا ئەۋەتكەنىدى.

قەشقەرنىڭ ئىجتىمائىي، مەدەنىي تۇرمۇشىنى خورىتىۋاتقان مازارلارغا چوقۇنۇش ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش خۇراپاتلىقلار بۇ ئانا يۇرتنىڭ تەقدىرىنى پاتقاققا پاتۇرماقتا. بۇ ئانا يۇرتنىڭ تەقدىرى ئاشۇنداق ئەجەبلىنەرلىك ئىشلارنىڭ قۇربانى بولغاچقا، يۇرتنىڭ ھاياتى ۋە ئىستىقبالى گۇمانلىق بۇلۇتلار ئارىسىدا قېلىپ، قارا بورانلار ئىچىدە بوغۇلماقتا. بۈگۈنكى كۈنلۈكتە خىرىستىيان پوپلىرى خىرىستىيان يۇرتلىرىنىڭ خىلۋەت كوچىلىرىغا، ئۇنتۇلغان سەھرالىرىغىچە كېزىپ بېرىپ، خەلقلىرىنى غەپلەتتىن قۇتۇلدۇرۇپ، مەدەنىي تۇرمۇشقا قىزىقتۇرماقتا. لېكىن، بىزنىڭ دىنىي ئۆلىمالىرىمىز ۋە يوغان سەللىلىك موللىلىرىمىز ئىشكمۇئىشىك دوقۇرۇپ يۈرۈپ قورساق تويغۇزۇشتىن، خەلقنى ئالداپ پۇل توپلاشتىن باش تارتمايۋاتىدۇ. بۇنداق ئەھۋالدا ئەلۋەتتە دىنىمىز بىلەن خەلقىمىز خاتىرجەم بولالمايدۇ (ياشيالمايدۇ) ۋە خەلقىمىزنىڭ ساغلام بىناسى (خۇدا ساقلىسۇن) سىلكىنىپ كېتىدۇ. دىنىي مۇئەسسەسەلەردە ھۇۋقۇشلار ھۇۋۇلايدۇ، مۇقەددەس تېنىمىزمۇ ياتلارنىڭ ھۆرمەتسىز مۇشتلىرى تەرىپىدىن يوق قىلىنىدۇ. كۆزلىرىمىزنى ئاچايلى! ئىلىم ــ ئېرپان ئۆگىنىپ، مەدەنىيەتلىك كىشى بولۇش ئۈچۈن تىرىشايلى، چۈنكى ئۆزىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى بىلمەيدىغان خەلق ئۈچۈن مازارلارنىڭ پايدىسى بولمايدۇ. ھەرقانداق كارامەتنىڭ يۈز بېرىشىنى ئۆزىمىزنىڭ تىرىشچانلىقى ئارقىلىق كۈتەيلى ۋە بۇنىڭ ئۈچۈن قۇ-سۇرسىز تەدبىر قوللىنىپ، ئاللاغا تەۋەككۇل قىلايلى ...

www.uyghurkitap.com

策　　划：阿迪力·穆罕默德
责任编辑：阿迪力·穆罕默德
特约编辑：拜格买提·玉苏甫
责任校对：阿布都热依木·阿不力米提
封面设计：努尔买买提·艾买尔
版式设计：迪丽努尔·吾买尔

新疆名家名著丛书

**古堡之谜**（维吾尔文）

牙里坤·肉孜　著

新 疆 科 学 技 术 出 版 社 出 版 发 行
（乌鲁木齐市延安路 255 号　邮政编码：830049）
新疆新华书店经销　新疆新华印刷厂印刷
880mm×1230mm　32 开本　15.375 印张
2012 年 4 月第 1 版　2014 年 8 月第 2 次印刷

ISBN 978 - 7 - 5466 - 1229 - 4（民文）定价:54.00 元